مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

# شيرن دوعا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

# شىرىن دورغا

( تارىخىي رومان )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر قادىر ئارسلان
مەسئۇل كوررېكتورى: زەرىپە ئوسمان
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# شېرىن دورغا

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

*


شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى دالۇ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 21.375
2014 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5515 – 3114 – 6
سانى: 3000 – 1
باھاسى: 59.00 يۈەن



بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇھەررىردىن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان ئىجتىھاتلىق ياش يازغۇچى مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم 1970 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېڭىباغ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1989 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىنى پۈتكۈزۈپ ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1997 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيەلىك كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. ھازىر كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1988 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، نەسرلىرى، 14 پارچە ئەدەبىي ئاخباراتى، بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى، «خالتا كوچا»، «زېمىن گۇۋاھ»، «دەريا بويىدىكى سۆيگۈ»، «بەختلىك بول، لالە»، «ئەركەكلىك قىسمىتى»، «مۇز داۋانىدىكى ئاتەش» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئېلان قىلىنغان. «بۇ شۇنداق جاھان»، «ئوتلۇق

نەپەسلەر»، «قىزارغان ئۈپۈق»، «تەشنا لەۋلەر»، «سۆيگۈ قىسمىتى» قاتارلىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان.

مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى.

قولىڭىزدىكى «شېرىن دورغا» ناملىق تارىخىي رومان مۇئەللىپىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن سۇنغان يېڭى سوۋغىسى. ئۇشبۇ كىتابنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىڭىزغا تىلەكداشمىز!

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  نامەلۇم كەلگۈندى ........................ 1
ئىككىنچى باب  پەتنۋا ................................ 22
ئۈچىنچى باب  ئوۋ .................................. 79
تۆتىنچى باب  سەپەر قويچى ئېيتقان ھېكايە ..... 108
بەشىنچى باب  خەيرلىك ئىشلار .................. 156
ئالتىنچى باب  تويدىكى لەتىپە ...................... 185
يەتتىنچى باب دەردمەن «قاراقاش» ................. 229
سەككىزىنچى باب  باھار تىنىقى .................. 318
توققۇزىنچى باب  كەچمىشلەر سۆزلەنگەن كېچە ... 357
ئونىنچى باب  مەسلىھەت ........................... 442
ئون بىرىنچى باب  داۋان ........................... 509
ئون ئىككىنچى باب  ھۇما قۇش ..................... 580
خاتىمە ............................................ 675

# بىرىنچى باب

## نامەلۇم كەلگۈندى

يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغ، ئۆكەر يۇلتۇزى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۆز نۇرىنى ئەتراپقا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى. كۆك ئەركىسى چاقناق يۇلتۇزلارمۇ زېمىنغا شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشاتتى. ناگان ـ ناگاندا ئاڭلانغان پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن بولۇپ، پۈتۈن يۇرت ئەھلى شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا بىرەيلەن مەھەللىنىڭ بېشىدىكى توپىلىق يولدىن خالتا كوچىغا قايرىلدى ـ دە، ئەتراپقا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ، ھارغىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكىدى. شۇ تاپتا بۇ ئادەمنىڭ ھېرىپ ماغدۇرى قالمىغان، قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇق ئۇنى قىيىنماقتا ئىدى. شۇڭا، قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن نەمدەپ يولىنى داۋام قىلدى. ئۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان پاكار ـ پاكار ئۆيلەرگە قارىغاچ، خېلى ئۇزاق ماڭدى، نەچچە دوقمۇشتىن قايرىلدى، لېكىن كوچىنىڭ ھېچ ئايىغى

كۆرۈنەي دېمەيتتى. «چىداي، يەنە بىردەم چىداي...— ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى تولىمۇ تەستە يۆتكىگەچ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى،— مەھەللىدىن چىقىپ، بىرەر ئەپلىكرەك جاي بولسا، پۇتۇمنى سۇنۇپ بىردەم ئۇخلىۋالسام، تاڭ ئېتىپ، يېڭى بىر كۈن باشلانسا يەيدىغانغا ئوزۇق، ئىچىدىغانغا سوغۇق سۇ بولسىمۇ تېپىلىدۇ...» ئۇنىڭ خىيالى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىككى - ئۈچ چامدام نېرىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر ئىت پەيدا بولدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ قاۋاشقا باشلىدى. ئۇ ئىتقا قاراپ سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى - يۇ، ئەمما ئىتنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتەي دېگەندەك ناھايىتى تېزلا قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. بىراق، ئىت كەينىگە يېنىش تۈگۈل بايىقىدىنمۇ بەكرەك قاۋاشقا باشلىدى. شۇئان كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا نەلەردىندۇر يەنە بىرنەچچە لالما ئىت پەيدا بولدى - دە، بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشىۋاتقاندەك بەس - بەستە قاۋاپ، مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. ھېلىقى ئادەم ئىتلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن خېلى ھەرىكەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەتراپتا يا بىرەر تال تاياق، يا قولغا چىققۇدەك بىرەر تال چالما - كېسەك بولمىغاچقا، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. دەل شۇ چاغدا ئىتلارنىڭ ئارىسىدىكى جۇغى باشقىلاردىن پاكارراق، ئاۋازى ئىنچىكىرەك چىقىدىغان بىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇ ئىتقا ئاتىدىغان بىرنەرسە ئىزدىگەندەك تېزلىك بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەرنى سىلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما قولىغا ھېچنېمە ئۇرۇنمىدى. ئۇ ئەمدى راستىنلا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئىتلار بىلەن

ئىلمىشقان تەقدىردىمۇ بەش ـ ئالتە ئىنتقا تەك كىلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى ـ دە، خىيالىدىن «لىپ» قىلىپ كەچكەن بىر ئوي بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بايا كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قاراپ يۈگۈردى. ئىتلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بەزىدە ئىتلار ئۇنىڭ ئۆزۈن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى، ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىنى چىشلەپ تارتىپمۇ قويۇاتتى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ماغدۇرسىزلىقى ۋە ئۇسسۇزلۇقىنى ئۇنتۇغان ھالدا بار كۈچى بىلەن يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بەزىدە ئۆچ ئاچا دوقمۇشقا كېلىپ قالغاندا ھېچ ئويلانمايلا ئۇدۇل كەلگەن بىرىگە بۇرۇلاتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ ئەمدى ھاسىراپ، دېمى سىقىلىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقاندەك بولۇپ، كۆكسىنى بوشلا بېسىپ قويدى. بىراق، بار ئاۋازى بىلەن قاۋىغىنىچە تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىتلار ھېچ توختاپ قالاي دېمەيتتى. ئەگەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدا بىرەر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى تاياق بولغان بولسىدى، كەينىگە يېنىپلا ئالدىدىكى ئىتنى ئۇرغان، باشقا ئىتلارنى قورقۇتۇپ بولسىمۇ يىراقتا ھەيدىۋەتكەن بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭغا ئەمدى مۇشۇنداق يۈگۈرمەكتىن، ئىلاج بار ئىتلارنى ئېزىقتۇرۇپ ياكى ھاردۇرۇپ بولسىمۇ قۇتۇلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بىراق، ئۇ ئەمدى يەنە يۈگۈرۈۋەرسە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇ تاپتا پۇتلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، قەدەم ئېلىشلىرى قولاشمايۋاتقاندەك سېزەتتى. ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن قارىغاندا سانى ئاۋۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ

قەدەملىرى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ يولىنى پاكارلا بىر تام توسۇۋالغانىدى. ئۇ بايا ئىتلاردىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلاپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا يۈگۈرۈۋېرىپ خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانىدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە كەينىگە يېنىشقا بولمايتتى. ياتقان تەقدىردىمۇ ئىتلاردىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى. دەل شۇ چاغدا ئىتلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ پۇچقىقىنى تارتقۇچلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇندىلا ئۇ ئەقلىنى تاپقاندەك بولدى - دە، قولىنى سوزسىلا يېتىدىغان سوقما تامغا كۈچ بىلەن ئېتىلىپ، تام ئۈستىگە «لىككىدە» چىقتى. ئىتلار ھېلىھەم قاۋاۋاتاتتى. ئۇ تام ئۈستىدە سەلگىنە ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئىتلار كەتسە يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئىتلار كېتىش تۈگۈل ھە دەپ يۇقىرىغا ئېسىلغىنىچە قاۋىماقتا ئىدى. ئۇ سوقما تامنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان بىر تال چالمىنى ئاسانلا قومۇرۇۋالدى - دە، ئالدى ئىككى پۇتىنى تىك كۆتۈرۈپ، تامغا ياماشماقچى بولغاندەك ھە دەپ قاۋاۋاتقان ئىتنىڭ بېشىنى نىشانلاپ ئاتتى. چالما دەل جايىغا تەگكەن بولسا كېرەك، ئىت غىڭشىغىنىچە سەل جىم بولدى. قالغانلىرى «ۋارتتىدە» كەينىگە يېنىپ بىرەر ئارغامچا بويى يىراقلىقتا باردى - دە، ئۆزلىرىگە خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، سوقما تامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ يەنە قاۋاشقا باشلىدى. ئۇ يەنە تامدىن چالما قومۇرماقچى بولۇپ قولى ئاران ئىلىپ تۇرغان يەرنى كۈچ بىلەن كۆتۈردى - يۇ، بىردىنلا تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى - دە، سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇ يۇمشاقلا بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەچكە،

ھەيران بولۇپ قولىرى بىلەن ئەتراپىنى سىلىدى. «سامان ئوخشايدۇ، قارىغاندا بىر نىڭ سامانلىقىغا چۈشۈپتىمەن. بىر دەم يېتىۋالاي، ‹پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئالغان›دەك ئىتلار كەتكىچە بىر دەم يېتىۋالاي...» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن پۇتلىرىنى سوزۇپ ئۇزىدىسىغا ياتتى ـ دە، كۆزلىرىنى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكتى. تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىتلارمۇ بىر خىل تەرزدە بىر دەم قاۋىغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ئۆچتى. بىراق، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىقتىن كۆرە شېرىن ئۇيقۇ باسماقتا ئىدى. «بىر دەم كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي، تاڭ يورۇغاندا ماڭسامىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!...» ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ يېنىك خۇرسىنىپ قويغاندىن كېيىن، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن نەمدىگەچ بارغانسېرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

ئەتراپ يەنە بايىقىدەك سۈكۈناتقا چۆمدى. ناگان ـ ناگاندا پەيدا بولغان سەلكىن شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ قوياتتى. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن خورازنىڭ سوزۇپ چىللىشى ئاڭلاندى ـ دە، ھايال شىمايلا تەرەپ ـ تەرەپتىن خورازلارنىڭ چىللاشلىرى پەيدا بولدى. دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا يىراقتىن زىل، سوزۇك ئاۋازدا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بايىقى يوچۇن ئادەم بەكلا ھېرىپ ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتكەچكە بۇنى ئاڭلىمىدى. ئەمما، ئەزان توگىشى بىلەن تەڭلا ئۇ ياتقان سامانخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىرى كالتە يۆتەلگىنىچە بىر چۆگۈننى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇ

ئەسنادا ھويلىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئۆيدىنمۇ بىرى يۈگۈرگەندەك چىقتى ـ دە، ئۆزىدىن بۇرۇن چىققان، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ساپ ھاۋانى سۈمۈرگەچ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراۋاتقان كىشىگە تەئەززۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاكىمبېگىم، ئوبدان تۇرۇپىلىمۇ؟

— ئوبدان...— ئاسمانغا قاراۋاتقان كىشى بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىپ كۆز قىسىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان چاقناق يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەچ سورىدى،— باياتىن ئىتلار بەك قاۋاپ كەتتى. بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، نىياز؟

— بۇنى سىلىمۇ ئاڭلاپلا ـ ھە! مەنمۇ بىر توپ ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىقسام بىردەمدىلا پەسىيىپ قالدىغۇتاڭ،— دېدى نىياز ئالدىرىماي سۆزلەپ.

— ھە...— ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ ئۆينىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، بىرەر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە يەنە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭغىچىلىك نىياز ئۇنى ساقلاپ ھويلىدا تۇراتتى. ئۇ ھاكىمبەگنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئېغىز ئاچتى.

— نامازنى ئۆيدە ئوقۇملا ياكى ھېيتگاھ جامەسىدىمۇ، بېگىم؟

— ھېيتگاھدا.

— ئەمىسە مەن دەرۋازىنى ئېچىۋېتەي...— نىياز سۆزلىگەچ كەينىگە ياندى. شۇنىڭغىچىلىك ھاكىمبەگمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ھايالشمايلا پەيدا بولۇپ،

ئاللىقاچان ئۇلۇغ ئىچمۆيتىلگەن قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ئاۋۋال ئوڭ پۇتىنى «بىسمىللا...» دەپ ئالغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا دۇرۇت ئوقۇغاچ كوچىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. نىياز دەرۋازا ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇردى ـ دە، شەرق تەرەپنىڭ ئاستا ـ ئاستا بىلىنەر بىلىنمەس ئاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ كەينىگە يېنىپ، دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە ئېچىلغان قايرىلىپ سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نىياز تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىنى تۈگەتكەن ۋاقىتتا، ئەتراپ ئوبدانلا يورۇپ قالغانىدى. ئۇ يەنە ھويلىغا چىقتى ـ دە، ئادىتى بويىچە ئاۋۋال ھويلا ـ ئاراننى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، ھەشەمەتلىك سېلىنغان، باشقا ئاۋامنىڭ ئۆيلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئامبار، قازناق ۋە باشقا ئىشلەمچىلەرنىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان كىچىك قورۇنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتى. ئۇ ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن بۇيان بۇ ئىشنى كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى كەچتە بۇ قورۇنى بىر قۇر ئايلىنىپ، قايسى نەرسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە نەزەر سالاتتى. مۇھىم راقلىرى، كېيىن يەنە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرى بولسا، ئۇنى ئامبارغا، قازناققا جايلاشتۇراتتى. ئۆزى مۇھىم ئەمەس دەپ قارىغانلىرى ئۆز جايىدا تۇراتتى. ئەمما، ئەتىسى شۇ نەرسىنىڭ ئورنىدا بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. نىيازنىڭ بۇ قورۇغا كەلگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇ بۇ ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ قارانچۇقىدەكلا ئىدى، يۇگۇر ـ

يېتىم ئىشلىرىنى قىلغىنى بىلەن بۇ ئۆيدىكى ئىشلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتەتتى. شۇڭا، بەزىدە مۇشۇ قورۇنىڭ ئىگىسى مۇسا ھاكىمبەگمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. بىراق، باشقىلار چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپمۇ، مازاق قىلىپمۇ ئۇنى بۇ قورۇنىڭ تەيىنلەنمىگەن غوجىدارى دەپ چاقچاق قىلىپ قوياتتى. نىياز دەسلىپىدە بۇنىڭدىن رەنجىگەن، خۇيلىنىپ باشقىلار بىلەن زاكونلاشقان بولسىمۇ، كېيىن كۆنۈكۈپ قالغانىدى. ھازىرقى كۈنلەرگە كەلگەندە بىرەر كىم بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچسا كۈلۈپلا قوياتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلار «قاراقاش» دېگەن لەقىمىنى چىشلەپ تارتىپ چاقچاق قىلىۋېرەتتى.

— نىياز قاراقاش، ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش؟

— بېگىم قايسى ئىشنى بۇيرۇسا شۇ ئىش بىلەن.

— بېگىم ئىشقا بۇيرۇمىغاندىچۇ؟

— ھويلىدىكى يۇگۇر - يېتىم ئىشلار بىلەن.

— يەنە شۇ بېگىم جاراستاندا ئاشكارا ئېلان قىلمىغان غوجىدارلىقنىڭ تاماسى بىلەنمۇ؟

— ھەئە، بىزدە «ھۆپۈپ كاماردا، موللام تامادا» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟! ھەرقايسىلىرىمۇ خەقنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتىپ، باشقىلارنىڭ رىزقىنى «يېسەم، ئىچسەم، بەرمىسەم، ئالسام، سالسام، كۆرمىسەم» دەپ يۇرۇۋاتقان يەردە مەنمۇ ھەرقايسىلىرىدەك ئىنسان بولغاندىكىن ھېچ بولمىسا «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا بولسىمۇ نان چىلاپ» يېگەندىمەن!

— «چۈجىنى كۈزدە ساناڭ، چۈچۈرىنى پىشقاندا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟!

— ئاڭلىمامتىكى، ئەمما زە «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن گەپنى كۆپرەك ئاڭلىغانمەن.

— ئەمىسە «موللام ھەممىنى بىلەر، بىلىپ تۇرۇپ كۆلگە سىيەر...» دەپ يۈرۈۋېرىڭلا.

— ھەرقايسىلىرىدەك كۆپنى كۆرگەن ئادەملەر شۇنداق قىلىڭلا دېسە، ياق دېيىشكە ھەددىم ئەمەس!

چاقچاق شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋېرەتتى. نىياز قاراقاشمۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە كۆنۈپ قالغاچقا خاپا بولمايتتى. ئەمما، مۇسا ھاكىمبەگ تاپشۇرغان مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ئىش بولسۇن، قىلچىلىك قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. شۇڭا، ھاكىمبەگ قورۇسىدىكى نەچچە ئون خىزمەتكار ئۇنىڭ تەنبىھلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشاتتى. نىياز قاراقاش ئۇلارنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشىگە يول قويمايتتى. شۇڭا، خىزمەتكارلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا نىياز قاراقاشنىڭ چېپىلغىنىنى كۆرسە، ئالدىدا گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئۇ كېتىشى بىلەنلا باشقىلارغا دادلاشقا باشلايتتى.

— «بېگىدىن دورغىسى يامان» دېگەن شۇ. ئۆزىنىڭ سىڭگەن نېنىنى يەپ، بېگىم بۇيرۇغان ئىشلارنىلا قىلسا بولمامدىغاندۇ بۇ نىياز ئاخۇن!

— راست، توغرا دېدىلە، بۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭىمۇ خەقلەر «بەگنى بەگ قىلغان دورغىسى» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

— گەپلىرىچە كېيىنكى كۈنلۈكتە بىگىم ئۇنى راستىنلا غوجىدارلىققا تەيىنلەرمۇ؟!

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، ھېلىغۇ بىگىمنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن نىياز قاراقاشكەن، يولدىن كېتىپ بارغان بىرەرنى چاقىرىپ كېلىپ، «بۈگۈندىن باشلاپ سېنى غوجىدارلىققا تەيىنلىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشلارنى قىلىسەن» دەپ جېكىلەپ قويىسىمۇ، بويسۇنماسلىققا ھەددىمىز ھەلەپ، ئېشىكىمىز سامان يېمەيدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، ۋاقتى كەلسە پىيازلىقتا قارانچۇق بولسىمۇ، بىگىمنىڭ بىر ئېغىز گېپى بويىچە دىگىنىنى قىلمىساق بولمايدۇ.

— مانا ئەمدى توغرا گەپ قىلدىڭ، شۇڭا بىكار گەپنى قويۇپ، ئۆز ئىشىڭنى قىل. بولمىسا ھېلىغۇ نىياز قاراقاشنىڭ گەپلىرىكەن، بىگىمنىڭ: «بۇ ئۆيدىن يوقال، سېنى بۇ يەردە قايتا كۆرۈپ قالمىسۇن» دىگەن گېپىنى ئاڭلايسەن.

— «ياخشى غىزا ئۇستىگە كەپتۇ، ئەسكى گەپ ئۇستىگە» دىگەندەك كىمنىڭ گېپىنى قىلساق شۇ كېلىۋاتىدۇ. قارىغاندا زامانى ئاخىر بولۇۋاتامدۇ، نېمە؟!...

— ئوھوش، بولدى قىل ئەمدى!... يەنە بىر - ئىككى ئېغىز گەپتىن قالساڭ، سېنى ھەرگىز گاچا بولۇپ قاپتۇ، دېمەيمەن...

نىياز قاراقاش بەزىدە مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالاتتى. لېكىن، بۇ يەردىكىلەر ئۇ دەسلەپ مانا مۇشۇ ھەشەمەتلىك قورۇغا كەلگەندە بېشىنى سىلاپ، ئىچ ئاغرىتقان، ئىشلارنىڭ ئېپى - جېپىنى ئۆگەتكەن

بولغاچقا، بەزى گەپلەرنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇلارغا چېپىلغىنى، قىلمىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ تەنبىھ بەرگىنى بىلەن ھاكىمبەگكە بۇ ھەقتە پەقەت ئېغىز ئاچمايتتى.

نىياز قاراقاش ئارقا قورۇنى ئايلىنىپ چىقىپ، يان تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن ھاكىمبەگ قەسرىنىڭ ئاتخانا، ئېغىل، سامانلىق جايلاشقان تەرىپىگە ئۆتتى ـ دە، ئالدىراقچان ئەتىگەنلىك بوغۇزىغا ئېغىز تېگىپ، كوروسلىتىپ قوناق چايناۋاتقان ئاتلارنى، دومبىسىگە توخۇم قويسا تورغۇدەك دەرىجىدە سەمرىگەن قويلارنى، ئوقۇردىكى ھەلەپنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يەۋاتقان كالىلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىرى قارا دېگەندەك بولۇپ، كۆزلىرى تام تۈۋىدىكى سامانخانىغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ ھەيران بولغاندەك بىردەم تېڭىرقاپ قالغاندىن كېيىن تېزلىكتە ئۈستى ئوچۇق سامانخانىغا يېقىنلاشتى ـ دە، سامان ئۈستىدە ئىككى قات كۆرپىدە ياتقاندەك بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان بۇ يوچۇن ئادەمگە قاراپ، كۆڭلىدىن تېزلىكتە نۇرغۇن خىياللارنى ئۆتكۈزۈپ ئۆلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىدى. ئۇ يوچۇن ئادەمگە يېقىنلاشقاچ، باشقىلارنى چاقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نىيىتىدىن تېزلىكتە ياندى ـ دە، قەستەن قۇرۇق يۆتەلدى. لېكىن، سامانلىقتا بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغىنىش تۈگۈل مىدىرلاپمۇ قويمىدى. نىياز قاراقاش ئەمدى تاقەت قىلالماي تورالمىغاندەك سەل ئېگىلىپ، ئۇنى قاتتىق نوقۇدى.

— تۇرە ئورنۇڭدىن، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ئوخلاۋاتقان ئادەم شۇنىڭدىلا مىدىرلىدى - دە، كۆزىنى «لىپپىدە» ئېچىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نىياز قاراقاشنىڭ چىرايىغا، ئاندا - ساندا ئاق سانجىغان، خۇددى تۇجۇپىلەپ ياسالغاندەك كۆرۈنىدىغان قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئۆسكىلەڭ ئۇلىما قېشىغا، سەل ئىلمەكرەك، بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇرنىغا، دورداي كالپۇكلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان تولغىما بۇرۇتلىرىغا قاراپ قويغاچ، خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويغاندىن كېيىن تازا كېرىلىپ ئەسنىگەچ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرگەن نىياز قاراقاش تەئەججۇپلەنگەندەك ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قارىغاچ، دىمىقىنى قىرىپ قويدى.

— سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، كىمسەن، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

يوچۇن ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىدىكى سامان يۇقۇندىلىرىنى ئالدىرىماي قېقىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋاتقان نىياز قاراقاشقا قاراپ، بېشىنى تەئەززۇ بىلەن ئېگىپ قويغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى.

— پېقىر بۇ يۇرتقا مۇساپىرمەن، ئاخشام يولدىن ئېزىپ قېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم.

— يالغان سۆزلىمە، يولدىن ئېزىپ قالغان بولساڭ بۇ يەردە ئۆز ئۆيۈڭدە ياتقاندەك بەخۇدۇك ياتالامسەن؟

— راست دەۋاتىمەن... — يوچۇن ئادەم كىچىچە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— سەن بۇ يەرنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك.
— ياق، بىلمەيمەن.
— راسمۇ؟
— راست.
— ئەمىسە مەن بىلەن ماڭ، ھېلى بېگىم بىلەن كۆرۈشكەندە ھەممىنى بىلىپ قالىسەن. ھوشۇڭنى يىغ، ئەگەر قاچماقچى بولساڭ، مېنىڭ مۇشت - پەشۋالىرىم ئادەم تونۇمايدۇ.
يوچۇن ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل تەئەججۇپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نىياز قاراقاشنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ناھايىتى تېزلا بايقىدى - دە، گەپ قىلماي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاۋۋال ئارقا ھويلىغا، ئاندىن ئالدى ھويلىغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا قوش قاناتلىق دەرۋازا ئېچىلىپ، بامدات نامىزىنى ھېيتگاھ جامەسىدە ئۆتەپ قايتقان مۇسا ھاكىمبەگ ھويلىغا كىردى - دە، نىيازنىڭ يوچۇن بىر كىشىنى باشلاپ ئارقا ھويلا تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى. ئۇنىڭچە نىياز قاراقاش ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئېگىلىپ سالام بەردى.
— نامازدىن ھازىرلا كەلدىڭىزمۇ، بېگىم؟
— ھەئە... — مۇسا ھاكىمبەگ جاۋاب بەرگەچ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان يوچۇن كىشىگە نەزىرىنى ئاغدۇرغاچ سورىدى، — بۇ نەدىن كەلگەن كىشىكەن؟
— ئەتىگەن تاڭ ئاتارغا يېقىن ئىتلارنىڭ قاۋاپ كېتىشى بىكار ئەمەسكەن، بېگىم، ئەسلىي بۇ ئادەم كوچىدا كېتىۋاتسا، بىرمۇنچە ئىت سامانلىقنىڭ

يىڭنىدىكى خالتا كوچىغىچە قوغلاپ كەپتۇ. بۇ ئادەم تامغا چىقىۋالغاندىن كېيىنلا ئىتلار كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئادەم سامانلىقا چۈشۈپ، بايا مەن بارغۇچە شۇ يەردە ئۇخلاپتۇ.

ھاكىمبەگ نىيازقاراقاشنىڭ ئىت قوغلىغاندەك تېزلىكتە دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان يۇزلىرى كەڭ، ناھايىتى تەمبەل، كۆتمەك ساقال قويۇۋالغان ئادەمدىن سورىدى:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟

ــ شېرىن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ـ دە، چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

ــ نېمە دېدىڭ، يەنە بىر دېگىنە؟

ــ مېنىڭ ئىسمىم شېرىن، تەقسىر!

ــ ھە... شېرىن دە، ئاجايىپلا بىر ئىسىمكەنغۇ بۇ! مەن تېخى پەرھاتنىڭ ئاشىقىنىڭ ئىسمى شېرىن ئىدى، بۇ ئەر كىشى تۇرۇپ، يوچۇنلا بىر ئىسىم قويۇۋاپتۇ دەپ ھەيران قالدىم. ھا... ھا... ھا...ــ ھاكىمبەگ بىردىنلا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك قاقاھلاپ كۈلدى ـ دە، يەنە سورىدى،ــ خوش، سېنى قەيەردىن سورايمىز، شېرىن؟

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە ھېلىھەم تىكىلىپ تۇرغان مۇسا ھاكىمبەگكە قاراپ، سەل دىلىغۇل بولغاندەك سەلگىنە تۇرۇپ قالدى ـ يۇ، لېكىن يەنە تېزلا ئېغىز ئاچتى.

ــ قومۇل دىيارىدىن.

ــ قومۇل دىيارىدىن دېدىڭما؟ مەن ئاڭلىغان،

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەن گېپىنى قىلىۋاتقان قومۇل دىيارى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى بەك ئۇزۇن ئىكەن. ئاتلىق كارۋان بولۇپ يولغا چىقسا ئاالاھازەل قىرىق ـ ئەللىك كۈندە ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ بۇ يەرگە بىرەر سەۋەب بىلەن كەلگەنمۇ؟

ــ جاھان كۆرەي دەپ...ــ شېرىن ئەمدى تېخىمۇ قاپ تۇرمايلا جاۋاب بەردى،ــ ئادەم دېگەندە ھەر خىل ھەۋەس بولىدىكەن، بېگىم، بەزىلەر توخۇ سوقۇشتۇرۇپ ئويناشقا خۇمار بولسا، بەزىلەر ئىتۋازلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن، بەزىلەرنىڭ ئات بېقىش ھەۋىسى بولىدىكەن. بىراق، پېقىرنىڭ ھەۋىسى ئۆزگىچىرەك. يۇرت كۆرۈپ، جاھاننىڭ يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ ئۆزگە يۇرتلارنى كېزىش، شۇ مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن بۈگۈن بۇ ئەزىز دىيارلىرىغا كېلىپ قالدىم، تەقسىر.

ــ ئوبدان، تولىمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ. ئىنسان دېگەندە خاكى چوڭ، خاكى كىچىك بولسۇن، ئاز ـ تولا ھەۋەس، قىزىقىش بولغىنى ياخشى. ئادەم ئاشۇ قىزىقىشنى دەپ بولسىمۇ، ھاياتتىن ئۆزگە تۇشلۇق خۇشاللىق ئىزدەيدۇ. ئەمما، جاھاندا بۇنداق ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئارمىنى يوق ئادەملەر بولسا كۇرمىڭ، ئۇنداقلار ئۆزىنىڭ پانىي دۇنياغا نېمە سەۋەبتىن تۆرىلىپ، ياشىغانلىقىنى ئۇقالماي باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ

چىرايىغا تېزلا قارىدى ـ دە، «بۇ جاھان ئىشلىرىدىن خېلىلا خەۋەردار ئادەم ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى تېزلىكتە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئېغىز ئاچتى.

— دېگەنلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق، بېگىم.

— قېنى، ئۆيگە كىرەيلى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ شېرىنىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، ھېلىھەم ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىغا قاراپ، ئاللىنېمىلەرنى تېزلىكتە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ،— «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن. ناشتا قىلغاچ پاراڭلىشايلى.

— ئۆزلەدىن كەلسۇن،— دېدى شېرىنمۇ تۇزۇت قىلىپ،— ئۆزلە باشلاپ ماڭسىلا.

— ماقۇل ئەمىسە، تۇزۇت قىلمىدىم،— مۇسا ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ، يەردىن بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ سېلىنغان، قوش قاناتلىق ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭغىچە شېرىن ئۇستىبېشىغا قاراپ، تامبىلىنىڭ[1] پۇچقىقىدىكى بىرنەچچە تال سامان يۇقۇندىسىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، يېنىدا تۇرغان نىياز قاراقاشنىمۇ تەكلىپ قىلدى،— قېنى ئۆزلەمۇ...

— سىلى دېگەن مېھمان، ئۆزلىرى ئاۋۋال ماڭسىلا...

شېرىن گەپ قىلمايلا ئاللىقاچان بوسۇغا تۇۋىگە كېلىپ قالغان مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئارقىسىدىن سوگدىشىپ دېگۈدەك ئۆچ تەرىپىگە يوغان سۆكە چىقىرىلىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئۇستىگە تەتىللا كۆرپە سېلىنغان ئايۋانغا كىردى.

---

① تامبال ــ ئىشتان.

— يۇقىرى چىقىڭ، مېھمان، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قولى بىلەن گىلەم ئۈستىدىكى كۆرپىلەرنى ئىشارە قىلىپ.

— ياق، ياق، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدى شېرىن تۇزۇت بىلەن.

— سەن دېگەن مېھمان، بىزدە «مېھمان ئۇلۇغ» دېگەن گەپ بار.

— مەن مېھمان بولغان بىلەن ئۆزلە ھۆرمەتتە چوڭ، بېگىم، بەلكىم ئۆزلە «چاقىرغان مېھمان خۇدايى مېھمان، چاقىرىلمىغان مېھمان جازايى مېھمان» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلا. شۇنىڭ سىڭرى مەن ھازىر جازايى مېھمان بولغاندىكىن ئاۋۋال ئۆزلە يۇقىرى چىقسىلا...

— ھا... ھا... ھا... «گەپكە كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ يانما» دېگەن گەپنى ئوبدان ئۆگەنگەن ئوخشايسەن، شېرىن، تازا بىر كەلتۈرۈۋالدىڭ - ھە. شۇنداقتىمۇ «ھۆرمەت قىلماقتىن ئىتائەت قىلماق ئەلا» دېگەننى ئۇنتۇپ قالما. نېمىلا دېگەنبىلەن سەن بۇ يۇرتقا مېھمان. مەيلى خۇدايى مېھمان بول، مەيلى جازايى مېھمان بول، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. شۇڭا، ئاۋۋال سەن ئۈستىگە چىققىن.

— تۇزۇت قىلمىدىم ئەمىسە، بېگىم، — شېرىن سۆزلىگەچ، كۆرپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇنى كۆرۈپ ئەمدىلا سۆكە ئۈستىگە چىققان مۇسا ھاكىمبەگمۇ ئەگەشتى. قىسقىلا دۇئادىن كېيىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، بىر - بىرىدىن تىنچلىق سوراشتى. ئۇنىڭچە نىياز قاراقاش داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى - دە، ناھايىتى تېزلىك بىلەن داستىخاننى سالدى. ئارقىدىن ئۆي خىزمەتكارى مىس پەتنۇستا دۇم

كۆمتۈرۈلگەن پىيالە ۋە بىر چەينەكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇنىڭغىچە بىرنەچچەيلەن ئايۋانغا يېنىك چامداشقىنىچە كىرىپ كېلىشتى ـ دە، قوللىرىدىكى نازۇنېمەتلەرنى داستىخانغا تىزدى. داستىخان بىردەمدىلا نان، مۇراببا، گۇلقەنت، ياڭاق مېغىزى قاتارلىق تاتلىق ـ تۈرۈملار بىلەن تولدى. نىياز قاراقاش پىيالىلەرنى ئوڭشاپ، ھەربىر پىيالىگە ئازراقتىن چاي قۇيۇپ، چايقىغاندىن كېيىن ھەممە پىيالىلەردىكى چاينى بىر پىيالىگە يىغدى ـ دە، ئاندىن باشقا پىيالىلەرگە قايتىدىن چاي قۇيۇپ، ئاۋۋال شېرىنگە، ئاندىن مۇسا ھاكىمبەگكە تەڭلىدى.

ــ قېنى، مەزەگە باقىڭ، شېرىن، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ نىياز قاراقاشنىڭ كاكچا ئۇستىدىكى سىڭىپ پىشقان، ئۇستىگە سىيادان، كۇنجۇت سېپىلگەن مايلىق ناننى ئەپچىللىك بىلەن سۇندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ــ بولسىغۇ مۇشۇ تاپتا يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە سۇيۇق ـ سەلەڭ ھاردۇق ئېشى ئېتىلگەن بولسا ئوبدان بولاتتى. ئەپسۇس، سېنىڭ كېلىشىڭدىن بىخەۋەر قالغاچقا، داستىخان مانا مۇشۇنداق غورىگىل بولۇپ قالدى، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسەن!

ــ يوقسۇ، مەن بايا دېگەندەك جازايى مېھمان، ھېلىمۇ بەك كايىپ كېتىپلا، بېگىم!

ــ زىنھار ئۇنداق دېمە، قېنى مەزەگە باق.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇشتۇلۇپ يەنە ئورنىغا قويۇلغان ماي ناننىڭ بىر پارچىسىنى ئالدى ـ دە، چىنىدىكى چايغا تۇكۇرۈپ ئېغىزىغا ئاپاردى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بايا داستىخان سېلىنىپ، نېمەتلەر

تمزىلىشقا باشلىغاندىلا قو،
سېرىقسۇ يىغىلىغانىـ ... يازغا دە، ئۇ
ئۆتىڭدە ناشتا قىلـ
سىلىپ باقمىغانـ
بىلەن ناشتا قىلـ ... . مۇسا
ھەرىكەتلىرىگە نەزەر ... لغان
قورساقلىرىنى تويغۇر
تەڭشەلگەن، قىينىق دەملەنـ
ئىچىشكەندىن كېيىن دۇئا قىلىشىـ

— بۇ دىياردا قاچانغىچە تور
قىلىۋاتىسەن؟— دەپ سورىدى ھاكىمبەـ
يىغىلغاندىن كېيىن ناشتا قىلىپ ئاز - تولا روھ
قالغان شېرىنگە قىيا بېقىپ.

شېرىن ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالنى ئاڭلاپ سەل مەڭدەپ قالدى - دە، كۆزلىرىنى مۇسا ھاكىمبەگدىن ئەپقېچىپ باياتىن بېرى داستىخانغىمۇ قول سوزماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان نىياز قاراقاشقا قارىغاچ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— بۇنى تازا ئېنىق بىلمەيمەن، بېگىم، ئىشقىلىپ بۇ يۇرتتا كۆرىدىغىنىمنى كۆرۈپ بولسام، يەنە سەپىرىمنى باشلايمەن.

— ھە...— مۇسا ھاكىمبەگ «چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاچ ئېغىز ئاچتى،— دېسەم، دېمىسەم، بۇ يەردە سېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىڭ يوق، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بېگىم.

— يۇرتىمىزدىغۇ دەڭ - ساراي خېلى كۆپ. قەيەرگىلا

چۈشكۈن قىلساڭ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قولايلىق تەرىپىمۇ، قولايسىز تەرىپىمۇ بار. شۇڭا، بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغىن. نىياز ھۇجرا راسلاپ بەرسۇن.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى ھاكىمبەگكە تىكتى - يۇ، ئۈندىمىدى.

— سىڭىلچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

— شەپقەتلىرىگە ھەشقاللا، بېگىم، ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن يەردە ياق دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، نىياز، سەن ماۋۇ بۇرادىرىڭگە ئارقا ھويلىدىكى ھۇجرىلاردىن بىرنى تەييارلاپ بەر. بۈگۈن - ئەتە ئوبدان ئارام ئېلىۋالسۇن. ئەگەر ئۆزى خالىسا ھەمراھ بولۇپ بازارلارنى ئايلاندۇرۇپ كىرسەڭمۇ بولىدۇ.

— ماقۇل، دېگەنلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇراي، — دېدى نىياز قاراقاش تېزلىكتە ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، شىكارنىڭ ئىشلىرى قانداق بولدى؟ — ھاكىمبەگ بىردىنلا نىياز قاراقاش تەرەپكە يۈزلەندى، — تەييارلىقلار پۈتۈپ قالغاندۇ؟

— ئاساسەن پۈتتى، بېگىم، تۈنۈگۈن بىرنەچچەيلەن بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆگۈنلۈككە سەپەرگە ئاتلانساق دېيىشىۋاتىدۇ.

— تولىمۇ ئوبدان بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ شىكار تەييارلىقلىرىنى ئۆزۈڭ يەنە بىر مەرتەم تەكشۈرۈپ باق. كەم نەرسىلەر بولسا تولۇقلا.

— دېگەنلىرى بويىچە قىلاي، بېگىم، — نىياز قاراقاش پەگاغا چۈشتى - دە، شېرىنگە قارىدى. شېرىنمۇ ئۇنىڭ «ئەمدى ئېزىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئورنۇڭدىن تۇر، مەن بېگىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھۇجرا تەييارلاپ بېرەي» دېگىنىنى قىياس قىلىپ پەسكە چۈشتى.

— ئەمىسە مەنمۇ چىقايمىكىن، بېگىم!
— ماقۇل، مەيلى قانداقلا گەپ بولسا نىيازغا دە، ئۇ ھەممە ھاجەتلىرىڭنى راۋا قىلىدۇ.
— ئوبدان...
نىياز قاراقاش شېرىنىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزدى.

# ئىككىنچى باب

## پەتىۋا

شىرىنگە تەييارلاپ بىرىلىدىغان ھۆجرا خىزمەتكارلار يىتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيگە ياندىش ئىدى. نىياز قاراقاش شىرىننى مۇسا ھاكىمبەگ ھۇزۇرىدىن باشلاپ چىقىپ ئارقا ھويلىغا ئۆتتى ـ دە، ئەڭ چەتتىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، قۇلۇپ سېلىنماي زەنجىرلەپ قويۇلغان تاق قاناتلىق ئىشىكنى ئاچتى.
— مۇشۇ ئۆيدە تۇرسىلا بولارمۇ؟
— بولماي... ئۆزلە قانداق ئورۇنلاشتۇرسىلا شۇ بويىچە بولىدۇ. مىنىڭ ئارتۇق تەلەپ قويۇشقا نېمە ھەددىم؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىياز قاراقاش كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، گەپ قىلمايلا ئۆيگە كىردى. شىرىنمۇ ئۇنىڭغا سوغداشتى. ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىكى پەنجىرىدىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيئىچىگە تېزلا نەزەر سېلىپ چىقتى. ئۆينىڭ تەڭ يېرىمىغا سۆكە چىقىرىلغان بولۇپ، بورا ئۈستىگىلا كىگىز سېلىپ قويۇلغانىدى. تامنىڭ بىر تەرىپىگە ئوتتۇرىسى قوش قانات، بىر تەرىپى تاق قانات، يەنە بىر تەرىپىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تارتما

چىقىرىلغان ئىشكاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۈستىدە باشقا بىسات يوق ئىدى. پەگادا ئارغامچا ـ توقۇناق، بىر دانە ياغاچ ئارا تۇراتتى.

ــ باشقىلارغا دەي، ئۆينى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، يوتقان ـ كۆرپە ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بەرسۇن،ــ دېدى نىياز قاراقاش،ــ ئۇلار بىردەمدىلا سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولىدۇ.

ــ بولدى، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماي، مەن ئۆزۈملا...ــ شېرىن ئارقا ـ ئارقىدىن بولۇۋاتقان ئىلتىپاتلاردىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى،ــ سۈپۈرگە بولسىلا...

ــ بۇ نېمە دېگەنلىرى، ھەر نېمە بولسا ھاكىمبېگىم بۇ يەردە بولۇپ قالماپتۇ. بولمىسا مۇشۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا سىلىگە بىر ئالەم كايىغان بولاتتى.

ــ شۇنداقتىمۇ...

ــ ھەممە ئىش، گەپ ـ سۆز جايىدا بولغىنى ياخشى، بۇگۈنچە بۇنداق گەپنى قويۇپ مېھمانلىسىلا، كېيىنچە خىمانلايدىغان كۈنلەرمۇ بولۇپ قالار.

ــ دېگەنلىرىچە بولسۇن ئەمىسە، مەن بۇ گەپنى دېمىگەن بولاي...

ــ مانا ماۋۇ گەپلىرى بولدى، سىلىچە بۇ ئۆي بولىدىغاندەكمۇ، يا باشقا بىكار ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقامىلا؟

ــ مۇشۇ بولۇۋەرسۇن.

نىياز قاراقاش بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، بىردىنلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ توۋلىدى.

ــ توختىخان، ھوي توختىخان!...

ھايالشىمايلا ئىشىك تۈۋىدە ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر

ئايال پەيدا بولدى ـ دە، «نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟» دېگەندەك نىيازغا تىكىلدى.
ـــ ماۋۇ ئۆينى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييار قىلسىلا، بۇ ئۆيدە بۈنىڭدىن كېيىن ماۋۇ مېھمان ئارام ئالىدۇ.
ـــ ماقۇل.
ـــ يەنە بىر گەپ، ئاۋۇ ئۆيدىن پاكىز يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاچىقسىلا، يەنە سۇ ئالغىلى يوغانراق چۆگۈن، تاھارەت ئالغاندا ئىشلىتىدىغان دومبا دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بەرسىلە.
توختىخان «چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭغىچە نىياز قاراقاش يەنە ئېغىز ئاچتى.
ـــ گېپىمنى ئاڭلىغان بولسىلا بۇ يەردە ھەزرىتەمنىڭ موزىيىدەك گۈشىيىپ تۇرماي شاپ بولسىلا، شاپ، مېھمان ئارام ئالمىسا بولمايدۇ.
توختىخان ئورۇنسىز ئاڭلىغان بۇ گەپتىن خورلۇق ھېس قىلغاندەك كۆزلىرىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ نىياز قاراقاشقا ئالايدى ـ يۇ، لېكىن شېرىننىڭ ئۆزىگە قاراپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ماڭدى.
شېرىننىڭ ھۇجرىسى بىردەمدىلا تەييارلاندى. نىياز قاراقاش ئەمدى توختىخاننىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ چاقىرىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەييارلاتقۇزۇپ، ھەممىسىنى تەخ قىلدى.
ـــ سىلىچە يەنە كەم نەرسە بارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ ئۆيىئىچىگە نەزەر سېلىۋاتقان شېرىندىن.
ـــ يوق، پەمىچە ھەممە نەرسە بار بولدى، ـــ دېدى شېرىن بىر قاراشتىلا ئادەمگە پاكىز، ئىللىق

كۆرۈنىدىغان ئۆيئىچىگە قاراپ، — ئۇنىڭسىزمۇ بىرەر نەرسە كېرەك بولۇپ قالسا ئۆزلىرى بار ئەمەسمۇ؟

— مانا ئەمدى ئوبدان گەپ قىلدىلا، ئەمىسە بىردەم ئارام ئالسىلا، ئىش بولسا نىياز قاراقاش دەپ چاقىرىپ بولغۇچە بىردەمدىلا ھازىر بولىمەن.

— ئوبدان...

نىياز قاراقاش باشقىلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. شېرىن ئۆيئىچىگە يەنە بىر مەرتەم نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، سۆكىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى. ئۇ بۇ ئىلتىپاتتىن خېلى رازى بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان غەم ـ غۇسسە، ئەندىشە، قەلبىنى ئۇز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئاللىقانداق تەشۋىشلىك خىياللار بىلەن ئوبدانىراق غىزالانماي، گاھى كۈندۈزى، گاھى كېچىسى يول يۈرۈپ، نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەچكە، بۇنداق ئىللىق مۇئامىلە ئۇنى ئوبدانلا ھاياجانلاندۇرغانىدى. «بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى ئوخشايدۇ. جاھاندا يەنىلا ياخشىلار كۆپ ئىكەن...» شېرىن شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېنىك خۇرسىنىپ قويدى ـ دە، بىردىنلا كۆزلىرىگە «لۆممىدە» ياش ئالدى، ئەمما بىرەر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قېلىپ، ئۆز ھالىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك مەڭزىگە چۈشۈپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۇستىرا تەگمەي خوخا تىكىنىدەك دىردىيىپ كەتكەن، ئاندا ـ ساندا ئاق سانجىغان ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتەي دەپ قالغان ياش تامچىلىرىنى ئالمان ـ تالمان ئالىقانلىرى بىلەن ئېيتىۋەتتى. ئاندىن سۆكە ئۇستىگە چىقىپ، تېخى بايىلا توختىغان ئەكىرىپ تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر چىرايلىق تىزىپ قويغان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆلەندى ـ دە، پۇتلىرىنى سۇندى. شۇ تاپتا

ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئوبدانلا تەسكىن تېپىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبىدە ئۆزىمۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان تەشۋىش ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇ خىل تۇيغۇدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما، بۇنداق مۇدھىش خىياللاردىن بىردەم بولسىمۇ نېرى تۇرۇشنى، يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۆزگە يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مۇپتىلا قىلغان، ئۆزى ئويلاشنى، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى خالىمايدىغان مەنزىرىلەرنى تېزرەك ئۇنتۇپ كېتىشنى تولىمۇ خالايتتى، ئەپسۇس... شېرىن ئاللىنېمىدىندۇر ھەسرەتلەنگەندەك ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە، قەلبىنى بىئارام قىلىۋاتقان خىياللاردىن بىردەم بولسىمۇ نېرى تۇرۇشنى خىيال قىلىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ تۈنۈگۈن بىر كۈن پىيادە يول يۈرگەن، كېچىدىن سامانلىقتا يېقىلىپ چۈشكەن ۋاقىتمۇ كېچە بىر مەھەل بولۇپ ئۇيقۇسىغىمۇ تازا دېگەندەك قانمىغاچقا، قورسىقى تويۇپ، ھاردۇقى ئاز ـ تولا كۆتۈرۈلگەندەك قىلغىنى بىلەن مۈگدەك بېسىپلا تۇراتتى.

شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئاللىقاچان چۈش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ گەۋدىسىنى ئالدىرىماي كۆتۈرۈپ، پەگادا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نىياز قاراقاشنى كۆرۈپ خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى.

— تازا سەت ئىش قىپتىمەن. كېچىچە كۆپ ئۇخلىمىغاچقا، سوزۇلۇپ يېتىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قاپتۇ دېسە، ئۆزلەنگىمۇ كىرگىنىنى تۇيماي قاپتىمەن.

— ياق، مەنمۇ تېخى ھازىرنىڭ ئۆزىدە كىردىم. ئۆزلىرىنى ئويغىتايمۇ، ئويغاتمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ

«يول ئـازابى ــ گۆر ئـازابـى» دېگەن گـەپ بـار، تاتلـىـق ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئەڭ ياخشىسى ئويغاتماي، ئۇيقۇسىغا قانغاندا ئـۆزى ئـويغىـنـار دەپ تۇرسام ئـورۇنـلىرىـدىـن تۇردىلا مانا، قانداق، هاردۇقلىرى چىقىپ قالغاندەكمۇ؟!

ــ چىقىپ قاپـتۇ،ــ شېرىـن سۆزلـىگـەچ ئورنىدىـن تۇردى،ــ قېنى، يۇقىرىغا چىقىسىلا.

ــ رەھمەت، چۈشلۈك غىزا ۋاقتى بولدى. غىزالىرىنى مۇشۇ يەرگىلا ئەكىرسۇنمۇ يا ئاۋۇ ياندىكى ئـۆيدە بىرگـە غىزالىنىمىزمۇ؟

ــ بۇ يـەرگـە داسـتـىـخـان سـالـمـىـەن دەپ ئـاۋارە بولۇشمىسىلا، ئۆزلە بىلەن شۇ يەرگە چىقاي.

ــ مـاقۇل، ئۇنداق بـولسا ئاۋۋال غـىـزالـىـنـىـۋالسـىـلا، ئاندىن مەن سىلىنى بازارغا ئاچىقاي.

ــ بەلـەن گـەپ قىلـدىـلا، مەنمـۇ شـۇنداقـراق ئـويـدا ئىدىم. قېنى ئەمىسە غىزالىنايلى.

ئۇلار چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپ، باشقا ئۆيلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چىققاندا كـۈن رەسمىي تىكلەنگەندى. گـەرچە يازنىڭ پـىژغىـرىـم ئاپتاپلىق كۈنلىرى ئاخـىرلىشىـپ قالغـان بولسىمۇ، قۇياشنىڭ هارارىتى خېلىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هاۋا تولىمۇ دىمىق بـولغاچقـا، ئۇلار بىرەر يۈز مېتىر ماڭا ـ ماڭمايلا تەرلەپ كېتىشكەندى.

ــ بۇ يەرنىڭ هاۋاسى تولـىمـۇ ئىسسىـقكەن،ــ دېـدى شېرىن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلـىنـىـپ كەتمەيدىغان سـوقـما تامـلارغـا بىر خـىـل قىزىقىش نەزىرى بىلەن قارىغاچ،ــ هازىرغۇ هاۋا خېلىلا سالقىنلايدىغان چاغ، شۇنداقتىمۇ بۇ يەر باشقا يۇرتلاردىن ئىسسىقكەن.

ــ مەنغۇ ئۇ تەرىپى ئىلچى، بۇ تەرىپى چەرچەننىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىدىم. بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاۋاسى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، لېكىن بېگىم ياش، نەۋقىران چاغلىرىدا خېلى كۆپ يۇرتلارنى كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە تورپان دېگەن يۇرتنىڭ ئىسسىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىكەن. ئىلى دېگەن يۇرتتا قىشلىقى يەرگە توكۇرسە، ئېغىزىدىن چىققان تۈكۈرۈك يەرگە چۈشۈپ بولغىچە مۇز بولۇپ ئۇيۇپ قالىدىكەن.

شېرىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدى. ئۇ بۇ يۇرتلارنى كەزگەنىدى، ئۇ يەرنىڭ سوغۇقىمۇ، ئىسسىقىمۇ ئۆمرىدە بىرلا قېتىم سەپەر قىلغان ئىچكىرىكى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. ئەمما، بۇ گەپلەرنى نىياز قاراقاشقا دېگەندىن دېمىگەن تۈزۈك ئىدى.

ئۇلار بىردەمدىلا غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆك بىلەن بوي تالاشقاندەك ئۆسكەن قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەكلەر، شاخلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ تۇرغان سۆگەتلەر بىر خىل رىتىمدا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇلارغا تەڭگىچىلىكمۇ قۇياش نۇرى چۈشۈرمەيتتى. دەرەخ سايىدا ئۇچ ـ تۆتتىن بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلەر، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۇدەك ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان دوغچى، لەڭپۇڭچىلارنىڭ كالتەكلىرى يېنىدا دوغ، لەڭپۇڭ يېگەچ ئېزىلەڭگولۇك بىلەن ئەتراپقا قاراپ ئولتۇرغانلار ماڭدامدا بىر كۆزگە چېلىقاتتى.

— بۇ يەرنى تاختا كۆۋرۈك دەپ ئاتايمىز، — دېدى نىياز قاراقاش ئۆستەڭ بويىدا سالقىنداپ ئولتۇرغاچ، مۇزدەك دوغقا ئەمدىلا تونۇردىن قومۇرۇۋېلىنغان ئىسسىق گىردىنى چۆكۈرۈپ يەۋاتقانلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلگەن شېرىنگە قارىمايلا، — يۇرتىمىزدا تاختا كۆۋرۈك دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. بۇ يەردە مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن سودا - سېتىق قايناپلا تۇرىدۇ. راستىنى دېسەم بۇ يەردىن تۇخۇ سۈتىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

شۇ ئەسنادا سەللا نېرىدىن باققاللارنىڭ ئۆز مېۋىلىرىنى داڭلاپ توۋلاۋاتقان، ناۋايلارنىڭ خۇددى مۇقام ئورۇنلاۋاتقاندەك سوزۇپ ۋارقىرىغان، قاسساپلارنىڭ: «ئەركەك قوينىڭ گۆشى، ياغ يەپ مۇزدا يات...» دەپ كانىيى ھېلىلا يىرتىلىپ كېتىدىغاندەك توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— راستىنلا ئاۋاتچىلىق، مەمۇرچىلىق يەر ئىكەن بۇ! — دېدى شېرىن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىزدە «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دېگەن گەپ بار. ھەربىر يۇرتتا مانا مۇشۇ تاختا كۆۋرۈكتەك جىمى ئۇلۇغ - ئۇششاق بىلىدىغان يەر بار ئىكەن. قەشقەردە «ھېيتگاھ»، قاراقاشتا «كالا بازىرى»، ئىلچىدا «ئات بازىرى»... بۇنداق يەرلەر ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدىكەن. سودا - تىجارەت قايناپ، ئالغۇچىمۇ، ساتقۇچىمۇ ئوخشاشلا نەپ ئالىدىكەن. ھەممىدىن ئوبدىنى ھەركىم ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھاجىتىنى راۋا قىلىدىكەن.

— تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭلا. مەنمۇ سىلى گېپىنى قىلغان قاراقاشتىكى كالا بازىرىنى كۆرۈپ

باقمىغان، لېكىن ئىلچىدىكى ئات بازىرىغا بارغانمەن. ئۇ يەرنىڭمۇ مانا ماۋۇ تاختا كۆۋرۈكتىن قېلىشقۇچىلىكى يوق. لېكىننزە، مېنىڭ نەزىرىمدە تاختا كۆۋرۈك ئات بازىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

— يۇرت مېھرى دېگەن مانا مۇشۇ، ئۆزلە ئىلچىغا بارسىلىمۇ ئۇزاق تۇرمايلا، ئۇ يەرگە بىرەر زۆرۈرىيەت بىلەن بارىدىلا ـ دە، ئىشلىرى تۈگىگەن ھامان قايتىپ كېلىدىلا. ئەمما، تاختا كۆۋرۈككە مەيلى زۆرۈرىيەتلىرى بولسۇن، بولمىسۇن كۈندە دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى. شۇڭا، تاختا كۆۋرۈك ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

— دۇرۇس، بۇ تەرىپىمۇ بار...— دېدى نىياز قاراقاش ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك،— مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا دادام رەھمەتتى بازارغا سودىلىقا ماڭسا ئەگىشىپ بۇ يەرگە بىللە كېلەتتىم. ئۇ قىلىدىغان سودىلىقنى قىلىپ بولۇپ بىرەر چاڭگال گازىر چاغلىق بىرەر نەرسە ئېلىپ بەرمىسىمۇ، سودا قىلىۋاتقانلارنىڭ قىزىقارلىق گەپلىرىگە، ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ باھا تالىشىشلىرىغا قاراپ بولسىمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. بۇ ئاجايىپ يەر قارىسىلا، شىرىن، تاختا كۆۋرۈك بېشىغا پۇلى بار زەردارلارمۇ، ئاقچىلىرىنى قەيەرگە خەجلەشنى بىلەلمەي قالغان باي ـ غوجاملارمۇ، كۈندىلىك غورىگىل تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقانلارمۇ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە پۈچىلىنىپ ئاچ بىلەن توقلۇقنىڭ ئارىلىقىدا يۈرۈۋاتقانلارمۇ، يېگىلى نەرسە يوق شامال يەپ، بوران كېكىرىپ، باشقىلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ كېلىدۇ. ئەمما، ھەممە ئادەم ئۆز ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يارىشا

كۆڭۈللىرىنى خۇش ئېتىپ قايتىشىدۇ. سىلىگە دېسەم بەزىدە تاختىتا كۆۋرۈكنى يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك يېرىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— ئويلىغانلىرى بەرھەق، قارىغاندا بۇ يەر ئەلنىڭ نېسىۋىسى چېچىلغان جايكەن...

ئۇلار پاراڭلاشقاچ سودا دۇكانلىرى، سەكسەنخالتىتا تېۋىپلارنىڭ دورا ـ دەرمەك تىزىلغان يايمىلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئالدىدىكى كاۋاپدانىدىن ئوتتا كۆيگەن مايىنىڭ ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ، ئېغىزىغا سېرىقسۇ كەلتۈرىدىغان پۇراق گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان كاۋاپخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە نىياز قاراقاش يەنە ئېغىز ئاچتى:

— كاۋاپقا ئىشتىھالىرى قانداقراق، شىرىن، ئىككى ـ ئۈچ زىختىن كاۋاپ يەمدۇق؟

— رەھمەت، كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىل بولدى، تېخى ھېلىلا قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇۋالدۇق، توق قورساققا زۇلۇم سالمايلى، «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دەپ كاۋاپنى قەيەرگە يەرمىز؟

— دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق. ئۆزلىرى شۇنداق دېسىلە دېگەنلىرىچە بولسۇن. قورساققا، پوقاققا، سوغۇققا ئاۋۇي يوق، ئىشقىلىپ بۇ دىياردا غېرىبسىنىپ قالىدىغان، كۆڭۈللىرى چىگىلىپ قالىدىغان ئىشلار بولمىسىلا مەن شۇنىڭغا خۇش.

— مۇسا بېگىممۇ، ئۆزلەمۇ مېنى خۇددى بىر قورساق تۇغقانلىرىدەك كۆرۈۋاتقان يەردە ئۇنداق بولامدىغان...

— تەكەللۇپ قىلمىسىلا...

ئۇلار بىردەمدىلا خېلى يەرلەرنى كۆرۈپ ئۇلگۈردى ـ دە، بىر ئاچىماق يولنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قالدى.

— مۇسا بېگىمنىڭ ھاكىمبەگلىك ئوردىسى ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە،— نىياز قاراقاش قويۇق ئورمانلار قورشاپ تۇرغاچقا، باشقا نەرسىنى ئاسانلىقچە ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان تەرەپنى كۆرسەتتى،— بولسىغۇ ئۆزلىرىنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ بېرىپ ئايلاندۇرۇپ كەلسەم بولاتتى، ئەمما سىلى بۇ يۇرتتا تۇرغان مەزگىلدە مۇسا بېگىم ئۆزلىرىنى ئۇ يەرگە ئاپىرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، شۇڭا باشقا جايلارنى ئايلىنايلى.

— ئىختىيارلىرىچە بولسۇن،— شېرىن سۆزلىگەچ يول بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەنگە قارىغاچ سورىدى،— يېقىن ئەتراپتا ساتىراشخانا بارمىدۇ؟

— بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ساتىراشلار خېلى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس دۇكان ئېچىپ ھۈنەر قىلىدۇ. بەزىلىرى ئۇستىرا، كاپىلىرىنى بىلىگە ئېسىۋېلىپ مەھەللىمۇمەھەللە، كوچىمۇكوچا توۋلاپ يۈرۈپ ھۈنەر قىلىدۇ. ئەنە ئاۋۇ دوقمۇشتا ئىمىن ساتىراشنىڭ دۇكىنى بار، ئۇ قولى يېنىك، پاراڭخۇمار ئادەم.

— ئەمىسە مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارسىلا.

— قېنى، يۈرسىلە ئەمىسە...— نىياز قاراقاش سۆزلىگەچ شېرىننى باشلاپ ماڭدى ـ دە، ھايالشىمايلا يول بويىدىكى دوڭغاق سۆگەت تۈۋىگە يانداپ سېلىنغان پاكارغىنا بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى ـ دە، ھالىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى.

— ئىمىن ساتىراشنىڭ دۇكىنى مۇشۇ، قېنى، ئەمىسە كىرەيلى.

— ئۆزلىرىدىن كەلسۇن،— دېدى شېرىن تۈزۈت

قىلىپ، — «بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا» دېگەندەك، بۇ يەر ماڭا ناتونۇش، شۇڭا ئۆزلىرى...

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ئاۋۋال ماڭدىم...— نىياز قاراقاش پاكار ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەل ئېڭىشتى - دە، ئۆيگە كىردى. شېرىنمۇ ئۇنىڭغا سوڭداشتى. ئۇلار ساتىراشخانىغا سالام بېرىپ كىرگەندە، تام بويلىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن تۆت پۇتلۇق پەلتەڭدە ئولتۇرغان ئۈچ ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— قېنى، كېلىڭسىلە، — دېدى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كوسا چىراي، كۆزلىرى يوغان، بېلىگە پەرتۇق تارتىۋالغان ئوتتۇرا بوي ئادەم قەددىنى سەل ئېگىپ، ئۇلار بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشكەچ، — بۇگۇن بۇياققا پايى قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ، نىيازئاخۇن؟

— ماۋۇ بۇرادىرىمىزنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى ياسىتىدىغان ئىش بىلەن ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدۇق، ئىمىنئاخۇن.

بۇ گەپ بىلەن دۇكاننىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆزى شېرىنگە تىكىلدى. شېرىن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، بېشىنى تەئەززۇ بىلەن ئېگىپ قويدى. ئۇلار ناتونۇش كىشىگە ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، قىزىقىش ئىچىدە باشتىن - ئاياغ نەزەر سېلىپ بولغۇچە ئىمىن ساتىراش ئېغىز ئاچتى.

— خوش، تولىمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ، قېنى، ماۋۇ كۇرسىدا ئولتۇرسىلا.

— بىردەم نۆۋەت ساقلايدىغان ئوخشىمامدۇق؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش باشقىلارغا قارىغاچ.

— يوقسۇ، بۇ بۇرادەرلەر بىكارچىلىقتا پاراڭ

سوقۇۋاتىدۇ. قېنى مېھمان، بۇ كۆرسىغا كەلسىلە!— ئىمىن ساتىراش ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى، — چاچ - ساقاللىرىنى شۇنداق بىر ئېلىۋېتەيكى، ئۆيدىكى قوشناچىملىرى «كۆچ - قوۋۇتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ بەرنا يىگىت كىمكىن؟» دەپ قالسۇن.

ئىمىن ساتىراشنىڭ بۇ گېپى بىلەن شېرىنىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى سەلكىن شامالغا دۇچ كەلگەن ياپراقتەك تىترەپ، كۆزلىرىگە ياش يۇگۇرگەندەك بولدى. لېكىن، بۇ يەردە، ياق، ناتونۇش كىشىلەر ئالدىدا بىردىنلا يىغلاپ تاشلىسا ئوبدان بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— تولىمۇ ئوبدان گەپ قىلدىلا، گۈلدەك ھۇنەرلىرىنى چىقىرىپ مېنى ياش يىگىتكە ئايلاندۇرۇۋەتسىلە، ئۇستام، ئۇنىڭسىزمۇ «ساتىراش ئۆلمىسە، يىگىت قېرىمايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ بىزدە!

— ھا... ھا... ھا... تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا، قېنى ئەمىسە، ماۋۇ يەردە ئولتۇرسىلا...— ئىمىن ساتىراش كۈلگەچ تامدىكى قوزۇقتا ئېسىپ قويۇلغان بوز خالاتنى ئېلىپ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ بوشلا قېقىۋەتكەندىن كېيىن، ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا غىچىرلاپ كەتكەن كۆرسىدا ئولتۇرغان شېرىنىنىڭ بوينىغا خالاتنى سالدى - دە، قارىيىپ كەتكەن كىچىكرەك مىس چۆگۈندىكى سۇ بىلەن قوللىرىنى نەمدىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىنى ئۇۋۇتىشقا باشلىدى.

— قېنى، ئىمىن ئاكا، بايىقى پاراڭنى داۋاملاشتۇرايلى،— دېدى نىياز قاراقاشنىڭ يېنىدا

ئولتۇرغان ۋىجىكرەك كەلگەن سىرىق چىراي، كۆزلىرى مولۇنىنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئادەم بايىقى ئۈزۈلۈپ قالغان پاراڭنى ئۇلىماقچى بولغاندەك، — شۇنداق قىلىپ ئاخىرى نېمە بوپتۇ؟

— ئەمدى بولدى قىل، — دېدى ھېلىلا سۆزلىگەن كىشىنىڭ ھەمراھى مادارا قىلغاندەك، — ئۇنىڭ ھۆنەر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— ساقال تارغىقى بولمىغاندىكىن مېنىڭ گېپىمگە قوشۇق سالماي بىر دەم جىم ئولتۇرە، ئاكا، — دېدى ھېلىلا سۆزلىگەن مولۇن كۆز ئادەم، — ئىنىمنىكامنى بىلمەيدىغاندەك، چۈشەنمەيدىغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن؟ بۇ ئادەمنىڭ قولى ھۆنەردە بولغىنى بىلەن ئېغىزى گەپ قىلىۋېرىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ...

— تالاشماڭلار بولدى، ئەمىسە قۇلىقىڭلار مەندە بولسۇن، — ئىمىن ساتىراش قولىنى يەنە بىر قېتىم ھۆللەپ، شېرىنىنىڭ بېشىنى يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇۋۇلىغاچ گەپ باشلىدى، — ئەلقىسسە، بۇ گەپ بىلەن ئانىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرى ياشلىنىپتۇ — دە، ئىككى قولىنى جۈپلەپ دۇئا قىلىشقا باشلاپتۇ: «كۆل ئالسىڭىز كۈمۈش، تۇپراق ئالسىڭىز ئالتۇن بولسۇن، قىزىم، مەيلى قەيەرگىلا بارماڭ، مەندەك كۆڭلى سۇنۇق، دىلخەستە ئانىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ...»

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىدىن چۈشۈۋاتقان يامغۇردەك ياش تامچىلىرىنى ئېيتماستىن ھۆكرەپ يىغلاپتۇ. ھەمراھىنىڭ سىڭلىسى گۈلجەمىلە ئانىسىنىڭ خەزىنىسىدىن بىر گۆھەر چىراغ ئەكېلىپ ھەمراھىغا بېرىپتۇ.

ــ ئەي ئاكا، بىرەر يەردە بېشىڭىزغا مۈشكۈل ئىش كەلسە، سەدىقە قىلۇرسىز. قازايى ئەملاق كەلسە، دەفئى بولۇر، قازايى مۇتلەق كەلسە ئاڭا ھېچ چارە يوقتۇر، ــ دەپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ئاكاملار قاسىم بىلەن يولغا كىردى،
ھەمراھ قېرىنىدىشىم ئاكام كەتتى.
چىن شەھىرى دەپ چۆلگە كىردى،
ھەمراھ قېرىنىدىشىم ئاكام كەتتى.
...

دەپ زار ــ زار يىغلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسمان ــ زېمىن نالىگە كەپتۇ. ھەمراھ ئاتا ــ ئانىسى ۋە سىڭلىسىغا قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى، ئاڭلاڭ:

يىراق كەتتى دەبان كۆڭۈلنى بۇزماڭ،
يىغلىماڭ جانلارىم بارساق كېلۇرمىز.
ئەمدى كەلمەسمىكىن دەپ ئۈمىدنى ئۈزمەڭ،
يىغلىماڭ جانلارىم بارساق كېلۇرمىز.
...

ئىمىن ساتىراش شېرىنىنىڭ بېشىنى ئىمۇتىپ بولۇپ، ئۈيۈقتىكى رەخت ئۈستىگە چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان ئۈستىرىلاردىن بىرنى ئېلىپ، ئىشتان بېغىغا ئېسىۋالغان، باياتىن بېرى يوتىسىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان كىر دەستىدىن رەڭگىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان كاپقا بىرنەچچىنى سۈرۈپ كاپلاپ، تىرنىقىغا ئاستا تەگكۈزدى ــ دە، ئۈستىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئىتتىك

ئىكەنلىكىگە كۆڭۈل توختىتىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاچ، شېرىنىنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇشكە باشلىدى.

— قېنى ئۇستام، قوللىرى ھەرىكەتتە، ئېغىزلىرى گەپتە بولسۇن، ئاخىرى نېمە بوپتۇ؟ — دېدى مولۇن كۆز تاقەت قىلالمىغاندەك ئېغىز ئېچىپ.

— ئەلقىسسە، پادىشاھ ئوغلانلىرىنى ۋەزىر قاسىمغا تاپشۇردى. قاسىم ۋەزىر «چىن ماچىنغا نېمە ئالىپ بارغىنىمىز ياخشى بولار ئىكەن» دەپ، مىسىرنىڭ گۇزەرگاھىغا چىقىپ، «چىن ماچىندىن كەلگەن كىشى بارمۇ؟» دەپ مۇنادى قىلدى. شۇ ئارىدا بىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. قاسىم ۋەزىر ئۇنىڭدىن:

— چىن ماچىندا ئەھۋال قانداق؟ — دەپ سورىدى.

سودىگەر دېدى:

— شەھىرى چىن ماچىن بۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى قەھەتچىلىكتۇر. شەھەرگە ھەممىدىن ئاشلىق ئالىپ بارغان خوپتۇر، — دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن تۆگىلەرگە ئاشلىق يۈكلەپ، ئۈچ ئوغۇلنى ئالدىغا سېلىپ، شەھىرى چىن ماچىنغا قاراپ يولغا راۋان بولدىلەر...

ئىمىن ساتىراش سۆزلىگەچ يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن شېرىنىنىڭ بېشىنى چۈشۈرمەكتە ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ قولى ھەرىكەتتىن توختاپ قالاتتى ـ دە، ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ بىر ـ ئىككى بېيىتنى ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئىمىن ساتىراش شېرىنىنىڭ بېشىنى قايتا ـ قايتا ئېڭىزلاپ پاكىز چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ساقاللىرىنى ئىۋىتىشقا باشلىدى.

— ئەلقىسسە، شۇ پەيتتە ئەزرائىل جان ئېلىشنى قەست قىلدى. ۋەزىر قاسىم كۆردىكى، بۇ ئوغۇللار ئاتتىن يىقىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ جانلىرى تىرناققا كېلىپ قاپتۇ. ۋەزىر قاسىم دەرھال قەلەندەرلىك لىباسىنى كىيدى، زار ـ زار يىغلاپ:

— ئەي خالايىقلار، ياراتقان ئىگەم ئېيتىپتۇلەركى، ئامىن مىڭغا يەتسە ئىجابەت بولۇر، ھەممىڭلار ئامىن دەڭلار، مەن ياراتقان ئىگەمدىن تىلەيمەن. ئەگەر دۇئا ئىجابەت بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزارسا ئەجەب ئەمەس، — ئاندىن بېشىغا كۇلاھ، ئەڭلىگە جەندە كىيىپ، خالايىقلار بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى...

ئىمىن ساتىراش بۇ چاغدا شېرىنىنىڭ ساقاللىرىنى ئېۋىتىپ بولۇپ ئۇستىرىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بېيىتنى ئوقۇماقچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى. دەل شۇ چاغدا تالادا بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مولۇن كۆز بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تېزلىكتە تۇرۇپ، بوسۇغىدىن ئاتلىماي تۇرۇپلا يول تەرەپكە بويۇنداپ قارىغاچ ئېغىز ئاچتى.

— موللامەت جاكارچىكەن.

— ئوبدان ئاڭلا، ئۇ بۈگۈن نېمىىنى جاكار قىلىدىكىن!

شۇ ئەسنادا تالادىكى ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئىمىن ساتىراشنىڭ دۇكىنىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، تۈنۈگۈن چۈشتىن

كېيىن چاقا[1] دىكى بەرداخۇن باينىڭ ئەتىۋارلىق قىزى نۇسرەت خېنىم تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. بەرداخۇن باي يىراق ـ يېقىننى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچبىر دېرىكى بولمىدى. شۇڭا، باي ئاكام شۇنداق ۋەدە قىلىدۇلەركى، كىمدەكىم نۇسرەت خېنىمنى ئۇچرىتىپ قىلىپ، باي ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ بەرسە، يۈز تەڭگە سۆيۈنچە بېرىلىدۇ. دېرىكىنى ئەكەلگۈچىلەرگە ئەللىك تەڭگە ئىنئام بېرىلىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن دۇكان ئىچىدىكىلەر ھەيران بولۇشقاندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بوسۇغا تۇۋىدىكى مولۇن كۆزمۇ شاقلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، شېرىن بىلەن نىياز قاراقاش كىرگەندىن بېرى ئىمىن ساتىراشنىڭ ئېيتقان قىسسىسىنى ئاڭلاپلا جىم ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ «لەقەم دېگەن ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېسە ئىشەنمىگەن ئىكەنمەن. كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرماي گەپ قىلىڭلا ئەمدى، موللامەت جاكارچىنىڭ جاكىرىنى ئاڭلىغانسىلە؟

ــ ئاڭلىدىم.

ــ خۇشال بولدۇڭلارمۇ؟

ــ نېمىشقا خۇشال بولاي، بەندە دېگەن بەندىگە ئامەت كەلسە خۇشال بولغۇلۇق، بېشىغا ئاپەت كەلسە قولىمىزدىن ياردەم بېرىش كەلمىسىمۇ، كۆڭلىمىزدە خەيرخاھلىق قىلىشىمىز جايىزدۇر.

ــ مانا... مانا... تېخى ئۆتكەندە ئۇنى تىللاپ يۈرەتتىڭلا. بۇگۈن ئەجەب...

---

① چاقا ــ يۇرت نامى.

— ئەمدى بەندىچىلىك دېگەن مۇشۇ، ئازمايدىغان ئادەم يوق، ھوشۇرئاخۇن!

— بۇ ئېزىش ئەمەس، كۆپكۆندۈزدە بىراۋنى ئانىسى تېپىپ بوزەك قىلىش، سالى كىرپە، ئاشۇ چاغدا سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا مەن بولغان بولسام، ھەرگىز بولدى قىلمايتتىم.

— راست دېدىڭلا، سالى كىرپە دەشنەم يېسە، بەش نان يېگەندەك خۇشال بولۇپ، ئادەم يوق يەردە مەن - مەن دەپ كېرىلىپ يۈرگىنى بىلەن بىرەر شەپىنى سەزسە تىكىنىنى دىردايتىپ تۈگۈلۈۋالىدۇ ئەمەسما؟ بۇنى سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، ئەسلى بىلسىغۇ موللامەت جاكارچىنىڭ جاكىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولسا بولاتتى بۇ كىرپە،— دېدى مولۇن كۆز.

— ئاھاي قويۇڭلار، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، كەتتى. كونا خامانىنى سورىسا كۆزگە توپا كىرىپ كەتسە كېتىدۇكى، ھەرگىز دان چىقمايدۇ. ئاشۇ چاغدا قارا باسقاندەكلا بىر ئىش بولۇپ قاپتىكەن زادى. دەسلىپىدە ئەس - ھوشۇمنى بىلەلمەي قازى چىقارغان ھۆكۈمگە ئەلھۆكىمىلىللا دەپتىمەن. كېيىن ئويلاپ باقسام بەردى باي بىلەن قازى ئاخۇنۇم بىرلىشىپ مېنى ئانىمى تېپىپتۇ.

— قېنى دېسىلە، ئۇ قانداق ئىش زادى؟— دەپ سورىدى نىياز قاراقاش قىزىقىپ،— ئۇلار بىرلىشىپ سىلىنى قانداق بوزەك قىلدى؟

سالى كىرپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردە يىپىنىدىكى ھەمراھىغا، بىردە ئاللىقاچان شىرىنىنىڭ ساقىلىنى ئېلىشقا باشلىغان ئىمىن ساتىراشقا قاراپ قويدى - دە، «دەيمۇ، دېمەيمۇ...» دېگەندەك ئىككىلىنىپ قالدى.

— دەۋەرسىلە،— دېدى ھوشۇر ئىسمىلىك ئادەم،—

نىياز قاراقاش يات ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپ ئاللىقاچان جاراستانغا چىقىپ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئاشكارا مەخپىيەتلىككە ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما، بۇ گەپلەرنى نىياز ئاخۇننىڭ ئاڭلىمىغىنى قىزىق.

ــ ئىللا ـ بىللا، بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا مۇسا ھاكىمبېگىمنىڭ ھويلىسىدىكى تۈگمەس ئىشلار بىلەن ئالدىراشلا يۈرگەچكە، تالا ـ تۈزدىكى ئىشلاردىن كۆپىنچە ھاللاردا بىخەۋەر قالىدىكەنمەن. قېنى، قۇلىقىم سىلىدە، سالى ئاخۇن!

سالى كىرپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، «راست دەۋاتامدا؟!» دېگەندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ سىلىمۇ بىلىدىلا، مېنىڭ تېگى ـ تەكتىم چاقادىن، بىر ھېسابتا بەردى باي بىلەن بىر مەھەللىلىك، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان دېسەممۇ بولىدۇ. ئەمما، ياراتقان ئىگەم ئۇنىڭ رىۋۇلىسىنى چوڭ، مېنىڭ رىۋۇلامنى كىچىك ئۈزگەنمۇ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىدىن باشلاپ باي ـ باياشاتلىقتا ئۆتتى، بىراق مەن كۈنۈم ئۆتكەنگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتىدىغان بەندە. سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇ ئادەم كىچىك ۋاقىتلىرىدا خېلى ئوڭلۇقتەك قىلاتتى. كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزگەردى ـ دە، مەھەللىدە ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتىپلا يۈرىدىغان، بىرەر كىم قىلچىلىك مەنپەئەتلىنىپ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ قالسا ئىچى ئۆرتىنىپ، بىر ئاماللار بىلەن شۇ كىشىنى بابلاشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. «سۇ سايغا

ئـاقىدۇ، پـۇل بـايغا» دېگـەن گەپ تـولـىمـۇ ئـورۇنـلـۇق ئېـيتىلـغانىكـەن. ئائىلـىسىنـىڭ بارلـىق ۋەجى ئۇنـىـڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىنساب، دىيانەت، ھالال ـ ھارام دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلاپ قويمايدىغان، ھەتتا «پايـدا بېرىمەن» دېسە، ئۆزىنىڭ نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنـىنىمـۇ بىرەر كىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئىشىك تۇۋىـدە كۆزەتچىلىك قىلىشتىن يانمايدىغان ھالغا يېتىپ قالدى. مەھەللىدە ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى. مەھەللىدىـلا ئـەمەس، مۇشۇ بـازاردىكى خېـلى ـ خېـلى بايلارنـى ئـۇ ئېلىشۇەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ قىلمايتتى. قـولـۇم ـ قـوشنـىلارمـۇ ئۇنى ئـالـدىدا: «ۋاي بـەرداخـۇن بـاي» دەپ قويغىنى بىلەن ئىككى قەدەم نېرىغا بارسىلا تىللايتتى.

— بەردى باينىڭ غەيۋىتىنى قىلىشۇەرمەي ئۆتكەندە يۈز بەرگەن ئىشنىڭ نەق ئۆزىنى دېگىنە، — دېدى مولۇن كۆز ئادەم ئورنىدىـن سەل قوزغىـلىپ قويـۇپ، — ماۋۇ نىيـاز قاراقاش بەك تەقەززا بولۇۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ؟

— گەپنىڭ نەق يېرىنىـلا دېسىلـە، — دېدى نـيـاز قاراقاشمۇ، — بەردى باينىڭ بۇ تەرەپلىرىنى سىلى بىلەن مەنلا ئەمەس، ئـۇنى تونۇيـدىغان ئادەمـلەرنىڭ ھـەممىسـى بىلىدۇ.

— گـەپ مـۇشـۇ يـەردىـن بـاشلـىنـىـدۇ، سـەل ئـالـدىـرىمـىسـىلا، — دېـدى سـالـى كـىـرپـە بـېشـىـنـى كـارتـىلـدىـتىـپ قاشـلاپ قويۇپ، — بەردى بـاينىڭ خـۇي ـ پەيلى ئاشۇنداق بولغاچقا، ھەممىـىز «يۈندىسـىنى ئىـت، مورىسـىـدىن چـىـقـقـان تۈتـۈنـنى بۇلـۇت كـۆرمەيدىـغـان پېخسىق» دەپ تىللايتتۇق. مېنىڭـمۇ ئۇنـىـڭ بىلەن تـازا دېگەندەك خۇشۇم يوق ئىدى. ئىككىمـىزنىڭ ھـېچقانـداق ئۆچ ـ ئاداۋىتى بولمىسىمۇ، كوچىدا كېتىۋاتسام ئۇنـىـڭ

قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈپ قالىسىمۇ، باشقا ياقىقا قايرىلىپ ئىلاج بار ئۇچرىشىپ يۈزتۈرا دوقۇرۇشۇپ قالماسلىققا تىرىشاتتىم. ئەزھال شۇ كۈنلەردە ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. بىر كۈنى ئەتىگىنى هويلىغا قارىسام، هويلىدىكى تونۇرنىڭ يېرىمى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تېخى ئاخشاملا تونۇرنىڭ ساپساق تۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى ـ دە، باللارنىڭ ئانىسىدىن سورىدىم.

— بۇنى سەن بۇزۇۋەتتىڭمۇ؟

ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىم كەلگەنلىكىنى بىلىپ، كۆزلىرىنى تېزلىكتە ئەپقاچتى ـ دە، يەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— يا... ياق، تېخى ئاخشاملا ساپساق تۇراتتى، بۇنى كىم قىلدىكىن!...

ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ راست ئىدى. ئۇنىڭ بېشىنى هەرە چېقىۋالمىغاندىكىن ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ تونۇرىنى ئۆزى بۇزمايتتى. مەن خېلى كۆپ ئويلانغان بولسامۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم ـ دە، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئاقشور دېگەن يەردىن شور ئاچقىپ، باللارنىڭ هە ـ هۇسى بىلەن يەنە بىر تونۇر سالدىم. ئەمما، كىم ئويلىغان دەيسىلەر، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۇ تونۇرمۇ بۇزۇۋېتىلدى. مەن ئەمدى تاقەت قىلالمىدىم ـ دە، ئالىلىكىملەرنى غايىبانە تىللاشقا باشلىدىم.

— بولدى، پەسرەك توۋلىسىلا، دادىسى، — دېدى باللارنىڭ ئانىسى، — بۇ ئىشنى مەهەللە ـ كويغا يايماي دەملا، «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» بولسۇن!

— ئاچچىقىم كەلگەندە بىردەم كۆزۈمدىن يوقال،

بولمىسا...— مەن ئۇنى راستىنلا ئۇرىدىغاندەك قولۇمنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتىم،— تېخى ئۇلۇشكۇن سالغان تونۇرنى بىرەر قېتىم نان ياقماي بىرى بۇزۇۋېتىسە، ئاچچىقىم كەلمەمدا؟ ھۆ يەر يۇتقۇر جوھۇتلار، بۇ ئىشنى قايسىڭ قىلغان بولساڭ قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم!

— مېنى ئۇرسىلىمۇ، تىللىسىلىمۇ كۆڭۈللىرى خالىغاننى قىلسىلا، ئەمما سىلىدىن خۇش بولۇپ قالاي. تاختا كۆۋرۈكتە تۇۋلىسا، لاي سۇدا بىمالال ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازلىرىنى پەسەيتسىلە، سىلى غايىبانىسىگە باشقىلارنى قارغاپ، تىللىغانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئەمما، بۇ ئىش يەنە قايتا يۈز بەرمىسۇن دېسىلە، ئاۋۋال...— ئۇ خۇددى بىرەر تەڭقىسلىقى باردەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. مەن بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— نېمە گەپ بولسا ئوچۇق دە! قارىغاندا بۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنى بىلىدىغان ئوخشايسەن. «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دەپ، كېيىن مەن بىلىپ قالسام ساڭا ياخشى كۈن يوق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ سەل قورۇنغاندەك بولدى ـ دە، ماڭا قارىمايلا جاۋاب بەردى:

— بۇ ئىشنى بىزنىڭ چوڭ ئوغۇل ئوبۇل قىلدىمىكىن دەپ قالدىم.

— نېمە؟... نېمە دېدىڭ؟ ساپساق تونۇرنى بۇزۇۋېتىكىلى ئوبۇلنىڭ بېشىنى ھەرە چېقىۋالمىغاندۇ؟

— بۇ گەپنى سىلىگە نەچچە قېتىم دەي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن نېمىشقىكىن ئېغىز ئاچالمىدىم، قارىسىلا. ئىككى ئايدەك بولدى. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپلا «كىگىز پايپىقىمغا پىت چۈشۈپتۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ

سەل ھەيران بولدۇم ـ دە، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئارىلىشىدىغان بىر ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشتۇم. ئەسلىدە ئوبۇل مەھەللىدىكى ئەمەت مەزىنىنىڭ قىزى بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدى، ئىككىسىگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قاپتۇ. ئەزھال شۇ كۈنلەردە ئەمەت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئوبۇل بۇ گەپنى بىزگە دېيەلمەي، ماڭا «كىگىز پايپىغىمغا پىت چۈشتى» دەپ بۇ ئىشنى پۇراتقانىكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاغىنىسىگە يا ئاق، يا قارا دېمەي، شۇ كۈنلا ئوبۇلدىن بۇ گەپنى سورىدىم. ئۇمۇ تارتىنىپ ئولتۇرۇپ ئىتتى ـ مىتى دېمەي راست گەپنى قىلدى.

— بالام، بۇ نىيىتىڭدىن يان،— دېدىم مەن تېزلا،— ئەمەت مەزىنىنىڭ قىزى ئوڭلۇق، ھايالىق قىز بالا، ئەمما ئۇلار بەردى باي بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان كېلىدۇ. ئەمەت مەزىن ماقۇل دېگەن تەقدىردىمۇ بەردى باي بۇ ئىشتىن قۇسۇر چىقىرىپ، بۇ خەيرلىك ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمايدۇ. ئالىمادىس ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ جەمەتىگە بىز خىل كەلمەيمىز.

— ئۇنداق دېمە، ئانا،— دېدى ئوبۇل بىردىنلا كۆزلىرىگە «لۆممىدە» ياش ئېلىپ،— زۇمرەت بىلەن دېيىشىپ قويدۇم. ئاۋۋال سىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىڭلار. ئەمەت مەزىن چىرايلىقچە رازىلىق بەرسە بەردى، بەرمىسە...

— رازىلىق بەرمىسە قانداق قىلىسىلەر؟

— ...

ئوبۇلنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر دەمدىلا كۆڭلۇمدىن كەچمىگەن ئىشلار قالمىدى ـ دە، ئالدىراپ سورىدىم:

ــ ئىككىڭلار يىراقلارغا قېچىپ كەتمەيدىغانسىلەر؟

ــ ...

مەن خېلى كوچىلاپ سوراپ تۇرۇۋالساممۇ، ئوبۇل پەقەت ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىدى. مېنىڭ كۆڭلۇمگىمۇ گۇمان چۈشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ قىزىقچانلىق قىلىپ بىرەر چاتاق تېپىپ بېرىپ، ئەھلىمەھەللە ئالدىدا يۈزىمىزنى تۆكۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ نەسىھەت قىلدىم.

ــ بۇ ئىككىڭلارنىڭ گېپى، بالام، سېنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭگىلا ئەمەت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ مەسلىھەتنى ئاۋۋال داداڭغا دەپ باقاي، داداڭ قوشۇلۇپ، «ئوبۇلنىڭ خىيالى شۇ بولسا مەيلى» دەپ قالسا، ئاندىن قالغان ئىشلارنى بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز.

ــ ئەمىسە تېزرەك بولسىلا، ئانا، زۇمرەتنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باشقا يەردىن ئەلچى كەلگۈدەك.

ــ ماقۇل، مەن مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ بۇ ئىشنى ئاۋۋال داداڭنىڭ سىمىگە سالاي.

مەن ئوبۇلغا شۇنداق دەپ ۋەدە بەرگەن بولساممۇ، سىلىنىڭ قوشۇلۇشلىرىدىن قوشۇلماسلىقلىرىغا بەكرەك ئىشەنگەچكە، سىلىگە ئېغىز ئاچالمىدىم. ئارىدا ئۇمۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مېنى سۈيلەپ باقتى. ئەمما، مەن: «داداڭنىڭ مىجەزىنى بىلىسەن، بالام، ئاۋۋال پۇرسىتى كەلسۇن، پۇرسىتى كەلسىلا مەن داداڭغا دەي، خاتىرجەم

بول...» دەپ جاۋاب بەردىم. بىراق، ئۇ تونۇرنى چۇۋۇۋەتتى مانا.

— خوتۇن ئېلىش بىلەن تونۇرنى چۇۋۇشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ — مەن چۇشىنەلمىگەندەك سورىدىم. بۇنى ئاڭلاپ بالىلارنىڭ ئانىسى پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— ياش ۋاقىتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ياش بالىلارنىڭ ئۆيلەنگۈسى كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرەلمىسە، «كىگىز پايپىقىمغا پىت چۈشۈپتۇ» دەيدىغان، ئاتا ـ ئانىسىدىن تېززەك رازىلىق ئالالمىسا، «تېززەك بولمىساڭلار بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى مۇشۇ تونۇردەك بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ تونۇرنى يىقىتىۋېتىدىغان ئادەت بارغۇ؟ مەن تېخى سىلىنى بۇنى بىلىدۇ دەپ ئالدىنقى مەرتەم تونۇر بۇزۇلۇپ كەتسە سەۋەبىنى سورايدۇ دەپ ئويلىسام جاپا تارتىپ قايتا سالدىلا، مانا ئەمدى...

مەن ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ پىشانەمگە «پاققىدە» سالدىم. بۇنداق ئىشنى ياش ۋاقىتلىرىمدا قىلىپ باقمىغان بولسامۇ، باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم. ھالا بۈگۈنگىچە كەلگەندە بۇ ئىشلار بىزنىڭ ئۆيدە يۈز بېرىۋاتاتتى.

— سىڭىلچە بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سىلى بالىلارنىڭ دادىسى، ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، بۇ ئىشتا سىلى نېمە دېسىلە مەن ئېغىزلىرىغا قارايمەن. لېكىن، ئوبۇلنىڭ مىجەزىنى سىلى ئوبدان بىلىلا، ئۇ بالا قىلمەن دىگەن ئىشنى قىلماي قويمايدۇ. ئەگەر سىلى «ياق، ئەمەت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتمەيمەن» دېسىلە، ئۇ بەڭباشلىق قىلىپ بىرەر چاتاق تېپىپ

بەرسە، كېيىنچە پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالارمىزمىكىن دەپ قورقىمەن.

— ئۇ راستتىنلا شۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلارما؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، كۆڭۈل دېگەن يۇگۇرۇك نەرسە، ئالىمادىس شەيتىنى تۇتۇپ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. ياشلىق دېگەندە ئادەم قىزىققان، بىر ئىشلارنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىمايدىغان، قارام كېلىدۇ. ئەگەر مەن ياق دېسەم، ئوبۇلنى بىز ئويلىمىغان، ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ دەپ ھۆددە قىلالمايتتىم.

— ئۇنداقتا ئەمەت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باقمىزمۇ؟

— راست گەپنى قىلسام، دادىسى، مەن بۇ ئىشقا تازا ئىشەنچ قىلالمايمەن، لېكىن سىلى نېمە دېسىلە ئېغىزلىرىغا قارايمەن.

بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ئوغلۇمغا نەسىھەت قىلىشنى، يىراق يەرلەرگە بىر مەزگىل ئەۋەتىۋېتىشنى ئويلىدىم. بۇنداق قىلسام، «كۆزدىن يىراق — كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك ئىش بولسىغۇ مەيلى، بىراق، باشقىچە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم ـ دە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئويلىغانلىرىنى دېيىشتى. ئاخىرى بىرى:

— تەگمىگەن تاياققا ھېلىتىن ۋايجان دېگەندەك ئىش قىلمايلى. ئېقىن سۇدىن ئۆتمىگىچە ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقىنى بىلگىلى بولمىغىنىدەك، ئەمەت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتمەي تۇرۇپ نىكاھ ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق

بولۇش ـ بولماسلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال بىرنەچچىمىز بىرىپ باقايلى. بۇ ئىش مەزىنىنىڭ كۆڭلىگە يىقىپ ماقۇل دەپ قالسا، پىشانىمىز، ئەگەر ياق دىسە «يىپىق قازان يىپىق پىتى قالار». ئۇ چاغدا ئوبۇلئاخۇنغمۇ خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ. «پالتا بولسا ئوتۇن كەممۇ، ئوغۇل بولسا خوتۇن» دىگەندەك ئۇنىڭمۇ رىزقى بىرەر دوقا ماڭلاينىڭ قىيشىدىدۇ...ـ دىدى.

بۇ گەپ بىلەن مەسلىھەتىمىز پىشقان بولدى ـ دە، ئۆز ھالىمىزغا يارىشا خىلى ئوبدان تەييارلىق قىلىپ، بىرنەچچەيلەننى ئەمەت مەزىنىنىڭ ئۆيىگە سالامغا ئەۋەتتىم. لىكىن، ئۇلار ھايالشمايلا مەزىنىنىڭ «سالى كىرپە ئۆزىنى كىم چاغلاپ قاپتۇ؟ ئۇنتۇپ قالغان بولسا سەمىگە سىلىپ قويۇشسىلا، مىنىڭ ئۇنداق يالاڭتۆش قەلەندەرگە بىرىدىغان قىزىم يوق، بۇنىڭدىن كىيىن بىرەر كىمنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلايدىغان ئىشى بولسا ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرسۇن» دىگەن گىپىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارا قىشتا كاچكۇلگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. بۇ ئۇنىڭ بىزنى نامرات دەپ كۆزگە ئىلمىغىنى ئىدى. مەزىن بۇنداق قاتتىق گەپلەر بىلەن بىزنى ھاقارەتلىمەي، «بەرمەيدىغان قىزنىڭ تويلۇقى ئىغىر» دىگەندەك ئۇسۇللار بىلەن مىنى سەگىتىپ قويغان بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ خىلى ئەمەسلىكىمنى، «قىز ئۆيى ئالتۇن كۆۋرۈك» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالار ئىدىم. ئەپسۇس... يۈرىكىمگە بىرى بىگىز سانجىۋاتقاندەك ئاغرىپ تۇرسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەندە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مىنى ئەمدى نىمە دەيدىكىن دىگەندەك قارىشىپ تۇرغانلىقىنى، باللارنىڭ ئانىسىنىڭ

بىر چەتتە مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئوسال كەيپىياتنى چاقچاق بىلەن ئوڭشىماقچى بولدۇم.

— ئەمەت مەزىن تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىپتۇ. مەنمۇ شۇ «ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ بەش كۈن يېتىپتىمەن» دېگەندەك ئىش قىپتىمەن. قارىغاندا ئۇ بىزنى ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامرات كۆرۈپ، مۇشۇ گەپلەرنى دەپتۇ، — دېدىم مەن زورىغا چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، — «ئۇ دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مەينەتچىلىك مەندە» دېگەندەك مېنىڭمۇ باي بولىدىغان، قازىنىممۇ، چۆمۈچۈممۇ ماي بولىدىغان ۋاقىتلارغا ئازلا كۈن قالدى. ئاشۇ كۈنلەر يېتىپ كەلسىلا، ئەمەت مەزىن بىزنى نامرات دېمەي قىزىنى ئۆزى باشلاپ كېلىپ، ئوغلۇمغا نىكاھلاپ قويۇپ كېتىدۇ.

— بۇ دېگەنلىرى؟ — دەپ سورىدى ئەلچىلىككە بارغانلارنىڭ بىرى تەئەججۈپلۈك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، — ئەجەب بىر گەپ قىلىۋاتىدىلىيا، قارىغاندا گەپلىرىنىڭ تېگىدە گەپ بارمۇ نېمە؟

— راست شۇنداقتەك، بىز سىلى بىلەن يات ئادەملەردىن ئەمەس، سالىئاخۇن، قېنى، كۆڭۈللىرىدىكىنى يوشۇرماي ئېنىق دېسىلە.

— بىزدىن گەپ يوشۇرسىلا قاملاشماس؟

ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چاقچىقىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— سىلەردىن نېمىنى يوشۇراي، تۇغقانلىرىم، تاڭ ئاتارغا يېقىن چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە بەردى باينىڭ قازنىقىغا ئوغرىلىققا كىرىپ، بىر چارەكتىن ئارتۇقراق

ئالتۇننى ئاچىقىپتىمەن. بىزدە «سەھەردە كۆرگەن چۈش ئوڭغا ماڭىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئالمادىس ئۇزاقتا قالمايلا بۇ چۈشۈم ئوڭغا تارتىپ قالسا، بىردىنلا زەردار بايغا ئايلىنىمەن. ئۇ چاغدا ئەمەت مەزىن مېنىڭ مۇشۇ بايلىقىمنى كۆزلەپ بولسىمۇ قىزىغا ئۆزى ئەلچى بولۇپ ئالدىمغا كېلىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەن»دەك گەپلەرنى قىلىدىكەنلا.

— سانىماي سەككىز دېمىسىلە، سالىئاخۇن، سىلىگە ھارام ياراشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى خەقنىڭ قىلچىلىك نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتمايدىغان بەندە، كۆڭۈللىرىگە ئىنساب بېرەر.

— سالىئاخۇن چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، چاقچاق، ئېغىزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن ۋاقتى كەلسە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ھاجەتخانىغىمۇ چىقالمايدىغان ئادەمدە بەردى باينىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشكۈدەك يۈرەك نېمە قىلسۇن؟ بۇنىڭ گېپىگە ھە دەپلا قويۇڭلار.

ئۇ بۇنى، بۇ ئۇنى دەپ بىردەم چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن، ئەمەت مەزىننىڭ گېپىنى ھار ئالماسلىقنى، ئەمدى بۇ ئىشنى بولدى قىلىپ، يىراق - يېقىنغا كۆز سېلىپ مۇۋاپىقراق، ئۆزىمىزگە باب كېلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بولسا شۇ ئۆيلەرگە بېرىپ بېقىشىمىزنى ئېيتىپ، بىردەم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى.

— ئوبۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر ئەمدى؟ — دېدى بالىلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئۇزىتىپ

قويۇپ كىرگەندىن كېيىن يەنە مەشىلداپ يىغلاپ، — بۇ بالا ئەمەت مەزىننىڭ گېپىنى بەكلا ھار ئېلىپ بالىلىق قىلىپ قويماس؟

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، سەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى ئالدىرىماي چۈشەندۈر، بەلكىم ئۇمۇ بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالار، بولىسىغۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشسەم ئوبدان بولاتتى. بىراق، دادا بولغان ئادەم ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان بالىغا بەزى گەپلەرنى دېمەك تەس كېلىدىكەن. ئارىمىزدا ئاز ـ تولا پەردىشەپ قالسۇن. سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىسا مەيلى، ئالمادىس بويۇن تولغاپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىدىغان ئىش بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزۈم پاراڭلىشىپ باقارمەن بولمىسا...

— ماقۇل...

شۇ مەسلىھەت بىلەن مەنمۇ تالاغا چىقىپ كەتتىم. ئۇ كۈنى ئوبۇل بۇ گەپلەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئوخشايدۇ، ئاخشىمى خېلى بىرچاغقىچە پەيدا بولمىدى. مەن خىيال بىلەن قانداق ۋاقىتتا كۆزۈمنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قاپتىمەن. ئەتىسى سەھەردە ئەزان ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ تاھارەت ئالاي دەپ سىرتقا چىقتىم ـ دە، ئوبۇل ياتىدىغان ئۆيگە كىرسەم ئۇ يەنىلا يوق. بۇنى كۆرۈپ پۈت ـ قولۇمدا ماغدۇر قالماي كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن خىياللار قالمىدى. تاھارەتنى قانداق ئالدىم، مەسچىتكە مېڭىپ باردىممۇ، ئۇچۇپمۇ، نامازنى قانداق ئوقۇدۇم، بۇمۇ تازا ئېسىمدە يوق، نامازدىن يېنىپلا ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن يېقىن ئۆتىدىغان بىرنەچچە بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەكلا: «ئوبۇلنى تۈنۈگۈن ئەتىگەن كۆرگەن،

شۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بېشىمدىن تۇتۇن چىققاندەك بولۇپ، بىرھازا قانداق قىلىشىنى ئويلاندىم ـ دە، تاناپىپىشىمدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي، بەزى چاغلاردا ئۇ شۇ يەردە قونۇپ قالىدىغان دېگەن خىيال بىلەن بازارغا مېڭىپ، تاختا كۆۋرۈككە يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىزلا ئاتلىق بىر پاششاپ يېنىمدا پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدىم.

— سەن چاقادىكى سالى كىرپىما؟ — دەپ سورىدى پاششاپ كۆزۈمگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ھەئە، — مەن ئۇنىڭ مەھكىمە شەرئىنىڭ يوگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە تېزلا جاۋاب بەردىم.

— مەن بىلەن يۈر، — دېدى پاششاپ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

— نەگە بارىمەن؟

— ھېلى بارغاندا بىلىسەن.

— ھازىرلا ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنى دەپ بەرسىلە، پاششاپ بېگىم؟ — دېدىم مەن.

— مەن بىلەن گەپ تالاشماي چىرايلىقچە ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، بولمىسا ھېلى مەن بىلەن جاۋابلاشقىنىڭغا بۇرۇن ـ قولىقىڭغىچە تويىسەن، — پاششاپ دەستىگە سۆگەتتىن نەقىش قويۇپ ئاستىدىكى ھالقىچىلاپ چىگىلگەن يىپنى ئوك قولىنىڭ بىغىشىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان چىرايلىق ئۆرۈلگەن زەي قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈردى، — تېز بول...

مەن ئۇنىڭ بىلەن يولدا زاكونلىشىپ ئولتۇرسام

قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ماڭدىم. ئۇ خۇددى مەن «ۋارت» قىلىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندەك ئارقامدىن سوڭداشتى. مېنى ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتقان پاششاپ كۆپىنچە ھاللاردا ئوغرىلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاچقا، يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا گۇمان بىلەن قارىشىپ قوياتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ گۇمان ئارىلاش نەزەر بىلەن تىكىلىشكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ يالاڭ ئاياغ پۇتۇمغا جىگدە شوخىسى كىرىپ كەتكەندەك بىئارام بولۇپ، يا يەردە ماڭغىنىمنى، يا ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەي، يەردىن بېشىمنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي ماڭدىم. پاششاپ مېنى مەھكىمە شەرئىگە باشلاپ كىلىپ، ئۇدۇللا سوراقخانىغا ئەكىردى. مەن ئالدىدىكى رېھىلغا يوغان بىر كىتابنى ئېچىپ قويۇپ تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قازى ئاخۇنۇمنى، ئۇنىڭ يېنىدىكى بەردى باينى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم ـ يۇ، ئۇلارغا سالام بەردىم. بىراق، ئۇلار مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپمۇ قويۇشمىدى.

ــ سالى كىرپە دېگەن سەنمۇ؟ ــ دېدى قازى ئاخۇنۇم مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا ئالدىرىماي قاراپ چىققاندىن كېيىن.

ــ خوش تەقسىر، سالى كىرپە دېگەن مەن بولىمەن.

ــ بۇ كىشىنى تونۇمسەن؟ ــ دېدى ئۇ يەنە بېشى بىلەن يېنىدىكى بەردى باينى كۆرسىتىپ.

ــ تونۇيمەن، بۇ مەھەللىمىزدىكى بەردى باي دېگەن كىشى بولىدۇ.

ــ ھە، خېلى ئوبدان تونۇيدىكەنسەن، قېنى ئەمسە راستىنى ئېيتە، بەردى باينىڭ ئۆيىگە قاچان ئوغرىلىققا چۈشتۈڭ؟

بۇ گەپ بىلەن تۇنۇگۈن قىزىقچىلىقتا دېگەن گەپلىرىم يادىمغا يەتتى ـ دە، ھەممە گەپنى بىرمۇبىر بايان قىلدىم.

— سەن گۇناھىمدىن تېنىۋالىمەن دېمە، بولمىسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن، — دېدى قازى ئاخۇنۇم مېنى قورقۇتماقچى بولغاندەك ئاۋازىنى بىردىنلا قويۇۋېتىپ، — راست گەپ قىلساڭ قۇتۇلىسەن، يالغان ئېيتىدىغان بولساڭ تۇتۇلىسەن.

— ئىللا ـ بىللا يالغان ئېيتمىدىم، قازى ئاخۇن، مۇشۇ تاپتا پېقىرلىرى تاھارىتىم بىلەن تۇرۇپتىمەن.

— قەسەم قىلالامسەن؟

— قىلالايمەن.

— بەردى باينىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىردىم، دېگىنىڭ راستمۇ؟

— راست.

— ئاشۇ گەپنى راستتىنلا بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئالدىدا دېگەنلىكىڭنى تەن ئالامسەن؟

— تەن ئالىمەن، ئەمما ئۇ چۈشۈم ئىدى، تەقسىر.

— چۈشتىكى ساۋابلىقمۇ ساۋاب، گۇناھمۇ گۇناھ، شۇڭا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتمىساڭ بولمايدۇ. ئاۋۋال ساڭا دەپ قوياي، ئالدىڭدا ئىككى يول بار، بىرى، سەن چۈشۈڭدە ئوغرىلىغان مىقداردىكى ئالتۇننى بەردى بايغا بېرىسەن. يەنە بىرى، دەررە يەيسەن.

— ماڭا ئۇۋال بولدى، بېگىم، مەندە نەدىمۇ ئۇنچىلىك ۋەج بولسۇن.

— ئەمىسە دەررە يە، قايسىڭ بار؟

شۇ ئان ئىككى پاششاپ قازىخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىشىپ «لەببەي تەقسىر، قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى باركىن!؟...» دېيىشكىنىچە قول باغلاپ تۇرۇشتى.

ــ ماۋۇ سالى كىرپىنى ئاچىقىپ ئەللىك دەررە ئۇرۇڭلار.

ــ ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا، بېگىم، كۆرگەن چۇشنى دېگەن گۇناھمۇ؟

ــ مەن ھېلى ساڭا دېدىم، گەپلىرىم ئوڭ قۇلىقىڭدىن كىرىپ سول قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟ بۇنى ئاچىقىپ كېتىڭلار.

شۇ ئان بايىقى ئىككىيلەن مېنىڭ قازى ئاخۇنۇمدىن گۇناھىمنى تىلەپ يالۋۇرۇشۇمغىمۇ پەرۋا قىلماي، دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئاچىقتى ــ دە، كالتەكلەشكە باشلىدى. دەسلىپىدە بىرنەچچە دەررە تېگىپ ئاغرىق ئازابىدىن ئوتقا چۇشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم، كېيىن بارا ــ بارا ھېچنېمىنى سەزمەي ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئاخىرىدا نېمە ئىشلار يۈز بەردى، قانداق بولۇپ ئۆيگە چىقىپ قالدىم، يادىمدا يوق. ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام يېنىمدا باللىرىنىڭ ئانىسى قار ــ يامغۇر يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇرۇق ــ تۇغقانلارمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش تەرزدە بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ خېلى جىق ئىشلارنى سورىدى. بىراق، ئۇستىخانلىرىم ئۇگە ــ ئۇگىلىرىدىن ئاغرىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. مەن ئۇلارغا: «بولدى، گەپ قىلماي، مېنى بىردەم ئارامىمدا قويۇڭلار...» دېمەكچى بولۇپ، ئاستا قولۇمنى كۆتۈرمەكچى بولدۇم ــ يۇ، تاپىنىمدىن كىرگەن ئاغرىق چوققامدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم. قازىخانىدا ئۇرۇلغان دەررە ئۇستىخانلىرىمنى سۇندۇرۇپ ئەيىبناق قىلىپ قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەت گۆشلىرىمگە

خىلىلا بەھەم يەتكۈزگەن بولغاچقا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇبدان كۈتۈشى، تاختا كۆۋرۈكتىكى سىدىقۇللا تىۋىپنىڭ مەلھەم دورا ياساپ، بەدەنلىرىمگە كۈندە بىر نۆۋەت سۈرۈپ بېرىشى، ئۇرۇق ــ تۇغقانلارنىڭ قارا قوي ئۆلتۈرۈپ ئارقا ــ ئارقىدىن تېرىگە ئېلىشى بىلەن ئىككى ئاي بولغاندا يېشىغا يەتكەن باللاردەك ئاران تەمتىلەپ ماڭالايدىغان بولدۇم...

سالى كىرپە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. نىياز قاراقاش باياتىن بېرى ئۆزىنى ئاران ــ ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ قازى ئاخۇنۇمنىڭ قانداق پەتىۋا چىقارغىنى بۇ، ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ ئانىي تاپقان بارمۇ؟ خەپ ئىگەكىم، بۇ ئىشنى مۇسا ھاكىمبېگىمگە مەلۇم قىلمايدىغان بولسام!...

ــ ھاكىمبېگىمنىڭ ئىشلىرى جىق. بۇنداق ئىشلارغا يېتىشەلمەيدۇ،ــ دېدى ئىمىن ساتىراش شېرىنىنىڭ ساقاللىرىنى ياساپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا چۈشۈپ كەتكەن چاچ ــ ساقاللارنى ئاستا قاققاچ،ــ ئەسلىدىغۇ قازى ئاخۇنۇم دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولغاندىكىن ھەق ــ ناھەقنى، ياخشى ــ يامانىنى ئېنىق ئايرىپ، ئاندىن سالىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بەرگەن بولسا ئوبدان بولاتتى. بىراقزە ھەممىلا ئادەمنىڭ نەپسى بار. ئىنسان بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغۇچە ئىككى نەرسىگە تويمايلا كېتىدىكەن. بىرى، ئىناۋەت، ئابرۇي؛ يەنە بىرى، مال ــ دۇنيا. قارىغاندا بەردى باي بىلەن قازى ئاخۇنۇم تازا ئوبدان تېپىشقان بىر جۈپلەردىن ئوخشايدۇ.

— سىلى نېمە دېمەكچى؟ — دەپ سورىدى مولۇن كۆز ئادەم ئىمىن ساتىراشنىڭ سۆزىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— بايا سالىئاخۇن دېدىغۇ، بەردى باي دەپىنە ـ دۇنيا دېسە جېنىدىنمۇ كېچىشتىن يانمايدىكەن. قازى ئاخۇنۇممۇ بايدىن ئۇندۇرۇۋالىدىغان نەپنى دېمىسە، ھەرگىز سالىئاخۇن كۆرگەن چۈشكە ھېلىقىدەك پەتىۋا چىقىرىپ ئۇنى بىكاردىن دەررىگە ھۆكۈم قىلمايتتى.

— دۇرۇس، ئېيتقانلىرى تامامەن توغرا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەردى باينىڭ ماۋۇ سالى كىرىپىنىڭ مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە ئاچچىقى كەلگەن. ئۇ كۆڭلىدە: «مەزىن پوشكالچى بولسىمۇ، تېگىنى سۈرۈشتۈرسەڭلار، مەن بەردى باينىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنى، سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان دەڭسەپ كۆر، ئاندىن مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلا» دېمەكچى ئوخشايدۇ.

— بۇ تەرىپىمۇ يوق ئەمەس.

— ھەي، «مۇللام تامادا، ھۆپۈپ كامادا» دەپ، پىتىر ناندىن قىل سۇغۇرىدىغان ئاشۇ بەردى باي قازى ئاخۇنۇمنىڭ يامان نەپسىگە دالدا بولغۇچىلىك بىرنەرسە بەرگەنمىدۇ؟

— ۋاي تاڭەي، قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن ماخما!

— پۇل ـ مال دېگەن ئەزەلدىن ھەرقانداق ئادەمنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن، — دېدى شېرىن ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتماقچى، دەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاتماقچى بولغاندەك گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — باشقىلاردىن ئاڭلىسام،

ئەلمىساقتىن بىرى نۇرغۇن داڭلىق سەركەردىلەر، ئالىملار، زالىملار، ھەتتاكى شاھلارمۇ پايدا ـ مەنپەئەت، قىز ـ چوكانلار ئالدىدا تەۋرىنىپ قالىدىكەن. بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلەيدىغانلار كۆپ ئەمەسكەن، ئەدناسى مۇشۇ تاپتا بىز قازى ئاخۇنۇمنى ئەيىبلەۋاتىمىز، ئەگەر بىزمۇ ئۇنىڭ ئورنىدا بولساق قانداق قىلاتتۇق؟

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن جىمىپ قالدى. شېرىن ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق، تەئەججۇپلۈك تىكىلىشكىنىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بەلكىم قازى ئاخۇنۇمنىڭ بەردى باينىڭ ئالدىدا تىلى قىسىلىدىغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن، ھالبۇكى ئۇ مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چۈشكە ئۇنداق تەبىر بەرمىسە بولاتتى.

— غولى شۇ، مانا ئەمدى ئوبدان گەپ قىلدىڭلا.

— شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۈتىقى بولغان تەقدىردىمۇ قازى ئاخۇنۇم سالىغا ئۇنداق ھۆكۈم چىقارمىسا بولاتتى.

— بىچارە قىزنىڭ چىلىقتا دېگەن ئاشۇ گېپى ئۈچۈن ئاز ھەرەج تارتماپتۇ.

— «ئۆزۈم قىلغان گۇناھقا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك بىر ئىش بوپتۇ بۇ!

— سىلى ئۇنداق دېگەنبىلەن قازى ئاخۇنۇم بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى نىياز قاراقاش شېرىنىنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىغاندەك تەرزدە، — نەدىمۇ چۈشىدە كۆرگەن ئىشقا جازا ھۆكۈم قىلغان بار؟ قارىغاندا قازى ئاخۇنۇم بايدىن نەپ ئالغان گەپ.

— نەق گەپنى ئەمدى دېدىلە، مەن بايا دېدىمغۇ، نەپ

ئالدىدا ئېگىلمەيدىغان بويۇن يوق، بەلكىم ھەرقايسىلىرى مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىغان بولسىلا كېرەك،ــ دېدى شېرىن تېخى ھېلىلا ياساتقان كۆتمەك ساقىلىنى قولىنىڭ ئاراچىلىرى بىلەن تاراپ قويغاچ،ــ «بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ كىشى بالىلىرىنى ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، ھەرقانداق ئىش قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغاچ، بوينىدىكى پەرزنى ئادا قىپتۇ. بالىلارمۇ دادىسىنىڭ ئۈمىدىگە يارىشا دۇرۇس ئادەم بولۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىپتۇ. ھالبۇكى پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمىغىنىدەك ھېلىقى كىشىنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزىق ـ نېسىۋىسى تۈگەپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئىككى ئوغلىغا ئوخشاش بۆلۈشۈۋېلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن. بوۋاي قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئوغۇللارنىڭ ھېچقايسىسى مىراس دەۋاسى قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىنى مال ـ مۈلۈكلەرنى تېزدىن بۆلۈشۈش ھەققىدە قىستاشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللار دەسلىپىدە بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ھېچقايسىسى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، كېيىن ئاياللىرىنىڭ تەڭلىكىگە چىداشلىق بېرەلمەي، دادىسىدىن قالغان مىراسنى بۆلۈشمەك بوپتۇ. ئۇلار بۇ نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن بارلىق مال ـ مۈلۈكنى تىزىملاپ ئايرىشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ‹سىز بالىلارنىڭ چوڭى، شۇڭا مىراسنىڭ تەڭدىن كۆپرەكىنى سىز ئېلىشىڭىز كېرەك›، دەيدىكەن چوڭ ئوغۇلنىڭ ئايالى. كىچىك ئوغۇلنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن قېلىشماي: ‹سىز بالىلارنىڭ كىچىكى، ئاكىڭىز بىز توي قىلغۇچە ئاتىڭىزنىڭ

خەيرخاھلىقىنى كۆپ كۆرگەن، شۇڭا بۇ مەرتەم سىزگە يول قويۇپ، مىراس بۆلگەندە بىزگە كۆپرەك بېرىشنى كېرەك، دەيدىكەن. ئۇلار ئەنە شۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، پەقەت پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەپتۇ ـ دە، ئاخىرى بۇ شەھەردە ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان، دەۋانى ئادىل سوراش بىلەن يىراق ـ يېقىنغا نامى مەشھۇر بولغان قازىغا مۇراجىئەت قىلىشماقچى بولۇشۇپتۇ.

— بۇ دەۋادا چوقۇم ئىنىلىرىنى يېڭىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇلنىڭ ئايالى، — شۇڭا ئەتە دەۋاغا بېرىشتىن ئىلگىرى قازى ئاخۇنۇمنىڭ گېلىغا ئەللىك تەڭگىنى ئۇرۇۋەتسىلە.

— ئۇ ئالمايدۇ، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل كېسىپلا.

— ئۇنىڭغا يول بەرمەي تۇرۇپ ئالمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىلا، ئاۋۋال ئاپىرىپ باقسىلا، ئالسا ئالدى، ئالمىسا باشقا ئامال قىلىمىز.

چوڭ ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇدۇل قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە، ئەتە ئىنىسى بىلەن مىراس بۆلۈشكىلى دەۋاغا كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىلاج بار ئۆزى تەرەپتە تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەللىك تەڭگىنى قويۇپتۇ. قازى دەسلەپتە ئالغىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، چوڭ ئوغۇل ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئەللىك تەڭگىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قايتىپتۇ. كىچىك ئوغۇلنىڭمۇ ئايالى ئۇنى جىم تۇرغىلى قويماپتۇ ـ دە، قازىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى، قايتار چاغدا يۈز تەڭگە بېرىشنى دەپ تۇرۇۋاپتۇ... ئەتىسى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن راستتىنلا قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەۋا قىپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى، ئاندىن

ئۇلارنىڭ كىلىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرنى بىر قۇر ئاڭلاپ، يەنە ئۇنى - بۇنى سورىغىلى تۇرۇپتۇ. چوڭ ئوغۇل دەۋانىڭ ئىنىسى تەرەپكە پايدىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاخشام بەرگەن پۇلنى ئەسلىتىپ قويۇش ئۈچۈن قازىغا تىكىلىپ قاراپ، ئوڭ قولىنىڭ بەش بارمىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— قازى ئاخۇنۇم، ئەد... ئەد... ئەدلى بىلەن سورالا، — دەپ مەنالىق كۈلۈپ قويۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن قازى ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— قارىسىلا، ئىنىلىرىنىڭ يۈز... يۈز... يۈزى بار ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. چوڭ ئوغۇل بۇ گەپ بىلەن ھەممە ئىشنىڭ تىگىگە يېتىپتۇ - دە، قازىغا:

— يۈز ھامان ئەدلىنى يەپ كېتىدىكەن، — دېگىنىچە قازىخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.»

شېرىنىنىڭ سۆزى تۈگەپ ساتراشخانا ئىچىدىكىلەر بىردەم جىم ئولتۇرۇشتى. نىياز قاراقاش نېمىگىدۇر تاقەتسىزلەنگەندەك تامىقىنى چېكىلدىتىپ قويدى.

— ئۇنداقتا قازىنىڭ قىلغىنى سىلىنىڭچە توغرىكەن - دە؟

— يوقسۇ، مەن قازىنىڭكىنى توغرا دەپ ھۆكۈم چىقارمىدىم، پەقەت بايلىق ئالدىدا ھەممە ئادەم ئەقلىدىن ئازىدۇ. خەقنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتىدۇ دېمەكچى.

— مۇنداق دېسىلە، مەن تېخى... ھەي، بۇ ئىش پەقەتلا كاللامدىن ئۆتمىدى دېسە، قاراپ تۇرۇپ... ئىشقىلىپ قازى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، بۇنى بېگىمگە مەلۇم قىلىپ قويىدىغان يېرىگە كېلىپ قاپتۇ.

— سىلى ئۇنداق دېگەنىبىلەن مۇسا ھاكىمبېگىم بۇ ئىشلاردىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان بولسىچۇ؟! — دېدى شېرىن.

— ياق، پەمىچە بېگىمنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق، ئەگەر ئاڭلاپلا قالغان بولسا، قازى ئاخۇنۇمغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللانغان بولاتتى.

— ئەجەب كېسىپلا دەۋەتتىلىغۇ، سىلى خۇددى مۇسا هاكىمبېگىمنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەرداردەك...

— بېگىمنىڭ ئىشلىرىدىن يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە خەۋەردار بولمىسامۇ، مىجەزىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىمەن. بېگىمنىڭ بىرەر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ قالسا چىرايى بىرنەچچە كۈنگىچە بۇلۇت باسقان ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا يېقىن كىشىلىرىگە كۆڭلىدىكى بەزى گەپلەرنى دەپ سالىدۇ.

— مەن تېخى هاكىمبېگىم قازىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغان بولسا، بۇنداق ئىشلارنى نېمىشقا سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەيدىغاندۇ دەپ ئويلاپتىمەن، تېخى!...— دېدى شېرىن.

— سىلى بۇ يۇرتقا تېخى يېڭىياچې، ھەممە ئىشلارنى تازا بىلىپ كەتمەيلا، هاكىمبېگىمنىڭ باشقۇرىدىغان زېمىنى كۈنپېتىشتا يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سەل بۇ تەرىپىدىكى لوپ دېگەن يۇرتنىڭ چاهارباغ دېگەن يېرىدىكى قاراسۇ ياردىن، كۈنچىقىشتا چاقىلىق دېگەن يۇرتقىچە. ئادەتتە بۇ يۇرتلارنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتىدىغان تۇرسا، مۇشۇنداق چوڭ زېمىنىنىڭ هاكىمبېگى بىر قازىنىڭ ئىشلىرىدىن قانداقمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرالىسۇن؟!

شېرىن بۇ گەپ بىلەن ئۈندىمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ سەپەر جەريانىدا بارغانلا ئۆتەڭدىكى دەڭچىلەردىن «بۇ يەر كىمگە تەئەللۇق؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «مۇسا هاكىمبېگىمگە» دەپ جاۋاب بېرىشكەندى، مانا ئەمدى...

— ھەي، مۇشۇنداق نەپسانىيەتچىلەرنىڭ كاساپىتىدىن ئەدلى - ئادالەت بۇزۇلۇپ، «ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم يەپ» تۇرۇۋېرەرمىزمۇ؟ — دېدى مولۇن كۆز ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ، — بۇنداق ئىشلاردىن ھاكىمبېگىم خەۋەر تاپمىسا بىر قېتىم بولغان ئىش يەنە قايتا تەكرارلانمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

— ئەسلىي سالى كىرپە ھاكىمبېگىمگە دادلانسا بولاتتى، ئۇ چاغدا قازىمۇ ئىككىنچى قېتىم دەۋا - دەستۇرلارنى بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— مەن ئاز - تولا ئەسلىمگە كەلگەندە قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ ماڭا شۇنداق ئەقىلنى كۆرسەتكەن. لېكىن، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن باشلاپ شۈكۈر - قانائەتچان ئادەملەردىن بولغاچقا، «بۇ دۇنيادا سورىقى بولمايدىغان ئىش يوق، قازى ئاخۇنۇم ئېتىۋالدىم، يەۋالدىم دېگىنى بىلەن بۇ دۇنيادا بولمىسا، مەھشەر كۈنى بولسىمۇ بۇ خاتا ھۆكمى ئۈچۈن ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ، شۇڭا ھاكىمبېگىمنىڭ ئالدىغا بارمايلى» دەپ ئۇنىمىغانىدىم.

— كۆر ما ئىشنى. سىلى ئۇنداق دېگەنبىلەن قازى «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسە قىيامەتتە سورىقى بار» دەپ، يەنە سىلىدەك بىگۇناھلارغا دەررە بۇيرۇسا، ئالمادىس ئەيىبناق بولۇپ قالسىغۇ مەيلى، تاياققا بولالماي جان تەسەددۇق قىلسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىشلار قانداق بولار؟!

سالى كىرپە مولۇن كۆزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. نىياز قاراقاش تەگسىز خىياللارغا چۆمگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا ئولتۇراتتى. شىبىرىن ئۆيئىچىدىكىلەرگە قارىغاچ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى.

— قارىغاندا قازى بىلەن بەردى باينىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئوبدانراق سەگىتىپ قويساق بولغۇدەك.
ھەممەيلەن بۇ گەپتىن ھەيران بولغاندەك بىردىنلا شىرىنگە قاراشتى. نىياز قاراقاش ھەيران بولغاندەك ئالدىراپ سورىدى.
— نېمە دېدىلە، ئېنىقراق دېسىلە.
— ئۇلارنى ئوبدانراق سەگىتىپ قويساق ئىككىنچى مەرتەم مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنى بىلىپ ئىش قىلىدىغان بولىدۇ.
— بۇ ئىش سەل تەسمىكىن؟ بىر ياقتا قارىساق مۇشۇ يۇرتىمىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ قازىسى، يەنە بىر ياقتا قارىساق ئۆز بايلىقى بىلەن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي يۈرىدىغان بەردى باي.
— «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن گەپ بار، شىرىن،— دېدى نىياز قاراقاش ۋەزمىن ئاھاڭدا،— بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا...
— ئۆزلە بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئۆزلەدىن سوراپ باقاي، بايا جاكارچى گېپىنى قىلغان نۇسرەت خېنىم دېگىنى قانداقراق قىز؟
— بۇ قىزنى مەن ئوبدان بىلمەن،— دېدى سالى كىرپە ئالدىراپ سۆزلەپ،— بۇ بەردى باينىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن تۇغۇلغان قىز، ئۇ قىزنىڭ نىرۋىسى سەل جايىدا ئەمەس، بەزىدە تاقا ـ تۇقا سۆزلەپ قويىدۇ. مەھەللىدىكى كىشىلەردىن ئاڭلىسام خۇيى تۇتۇپ، جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغان چاغلاردا بويىغا يېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ ئاتا ـ ئانىسىنى بەكمۇ ئوسال قىلارمىش.
— تولىمۇ ئوبدان، ئۇنداقتا بۇ ئىش تېخىمۇ

ئاسانلاشتى، مىنى ئاۋۋال بەردى بايىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارامىلا، سالىئاخۇن؟

— سىلى مىنى يەنە بىرەر بالاغا تىقمايدىغانلا، — سالى كىرپە ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتتى. بۇنى كۆرۈپ شىرىن كۈلۈمسىرىگەچ بېشىنى چايقىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇ دورەم مەن سىلىنىڭ دەردلىرىنى شۇنداق بىر ئېلىپ بېرەيكى، باي بىلەن قازى ئاخۇنۇم بۇنىڭ ئوڭى ياكى چۇشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قېلىشسۇن. ئەگەر ئۇلارغا سىلىنى تاك قىلىپ چەكتۈرىدىغان بولسام، قانداق تەلەپلىرى بولسا مېنىڭ ئورنۇمدا مانا ماۋۇ نىياز قاراقاش سىلىگە ۋاكالىتەن دەۋاگەر بولسا بولىدۇ. شۇنداق قىلساققۇ بولار، نىياز ئاخۇن؟

نىياز قاراقاش شىرىننىڭ زادى نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىرىننىڭ ئۆزىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە، مەن بۇنىڭغا تامامەن كېپىل بولالايمەن. قالغانلار بۇ ئىشقا شاھىت بولسۇن!

— ماقۇل، — دېدى مولۇن كۆز، — سىلىمۇ شاھىت بولسىلا، ئىمىن ئاخۇن ئۇستام!؟

— ماقۇل.

— ئەمىسە مەن بىلەن مېڭىڭلار، — دېدى شىرىن يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئىمىن ساتىراشقا سۇنغاچ، — تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقايلى.

— ئا... نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا، — ئىمىن ساتىراش شىرىننىڭ قولىنى ئىتتەردى، — ئۇنداق قىلمىسىلا

دەيمەن، پۇللىرىنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا. بۇنداق قىلسام سەت تۇرىدۇ.
— سەت تۇرىدىغان نېمىسى بار؟ ئېلىپ قويسىلا، سىلىمۇ مۇشۇ ئازراق پۇلنى دەپ دۇكان ئاچىدىلا...— ئۇ سۆزلىگەچ پۇلىنى ئىمىن ساتىراشنىڭ ئالقىنىغا قويغاچ سىرتقا ماڭدى،— ماڭىلى ئەمىسە...
ئىمىن ساتىراشتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى شىرىنگە ئەگەشتى. سالى ئۇلارنى باشلاپ بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە بەردى باينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى.
— مۇشۇ ئۆي شۇ.
شىرىن بۇ گەپ بىلەن يول بويىغا سېلىنغان ئەنجان تاملىق ئەگرى ھويلىغا كىردى ـ دە، گېلىنى قىرىپ قويۇپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم...
ھايالشىمايلا ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۆيدىن پاكار بويلۇق، كوسا چىراي بىرى چىقتى ـ دە، ھويلىدا تۇرغانلارغا سوغۇق نەزىرى بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ سورىدى.
— خوش، نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭلاركىن؟
ئۇنىڭ تەكەببۇرانە ھەرىكىتى ھېچكىمگە ياقمىغان بولسىمۇ، سالى كىرپە بايا شىرىننىڭ يولدا ئۆگەتكىنى بويىچە جاۋاب بەردى.
— بۇ كىشى نۇسرەت خېنىمنى كۆرۈپتىكەن، شۇڭا باي ئاكامغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەيلى دەپ كېلىشىمىز.
بۇ گەپ بىلەن تەڭ كوسا چىراي كىشىنىڭ كۆزلىرى «مۆللىدە» يوغان ئېچىلدى ـ دە، بۇلۇت باسقان

ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايىغا كۆلكە يۇگۇرۇپ، ئوزايىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئۆيگە يۇگۇرۇپ كىرىپ كەتتى. ھايالشىمايلا ئۆيدىن سىيمىز، غۇلۇسقىنا كەلگەن، سىيمىزلىكىدىن ئېڭەك گۆشلىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى كىشىگە خۇددى گازىر پاتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان بەردى باي بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئالدىراپ چىقىپ كېلىشتى ـ دە، ھويلىدىكىلەردىن تىنچلىق سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، بوسۇغىدىن ئاتلا ـ ئاتلىمايلا ئارقىسىدىن ئىت قوغلىغان ئادەمدەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

ـــ قىزىم نۇسرەت ھازىر قەيەردە؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇنى كىم كۆرۈپتۇ؟ قېنى دەڭلار، شاپ بولۇڭلار... شاپ...

ھويلىدىكىلەر بەردى باينىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، باينىڭ جىددىيلىك، ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرمىگەندەك جىملا تۇرۇشتى.

ـــ باي غوجام ھەرقايسىڭدىن گەپ سوراۋاتىدۇ؟ قېنى، جاۋاب بېرىشمەمسەن؟ ـــ دېدى باينىڭ ئايالى دىقماق قوللىرىنى ھەممەيلەنگە چەنلەپ، ـــ تېزرەك بولۇش...

بەردى باينىڭ ھېچكىمنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىغا قاراپ جۇدۇنى ئۆرلىدى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا بۇنى ئۆزىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتى. بىراق، مۇشۇ تاپتا قىزىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش زۆرۈر بولغاچقا، ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى ـ دە، بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.

ـــ قىزىم نۇسرەت قەيەردىكەن؟ ئۇنى كىم كۆرۈپتۇ؟

مېنى بىتاقەت قىلماي قېنى دەڭلارچۇ؟! مەن سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي...
— مانا ماۋۇ ئادەم كۆرۈپتۇ، — سالى كىرپە شېرىننى كۆرسەتتى، — بۇ كىشى قىزلىرى نۇسرەت خېنىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.
— ماڭا ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇنى تېپىۋالاي، قىزىمنىڭ ئىزۋىسى تازا جايىدا ئەمەس، ئالىمادىس... — بەردى باي ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك بىردىنلا ئۇمچەيدى.
— قىزلىرىنى مەن كۆرگەن، — دېدى شېرىن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۇلۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن شاقلا باشقا ياققا قارىۋالدى.
— ئەمىسە... ئەمىسە ماڭا ئېيتىپ بەرسىلە...
— ماقۇل، ئۇنى ھازىرلا دەپ بەرسەم بولىدۇ، لېكىن سىلى ۋەدە قىلغان... — شېرىن گېپىنىڭ داۋامىنى قەستەن يۇتۇۋەتتى. بەردى باي ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى بولغاي، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى.
— نېمە... نېمە دېمەكچى سىلى؟
— بايا جاكارچى: «نۇسرەت خېنىمنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلگۈچىلەرگە سۆيۈنچە بېرىلىدۇ» دېۋىدى، شۇنى...
بەردى باينىڭ چىرايى بىردىنلا قېنى قاچقان ئۆپكىدەك ئاقاردى ـ دە، قېلىن كالپۇكلىرى تىترىدى. شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ ئايالى ئېغىز ئاچتى.
— پۇل... پۇل دېمەكچىمۇ سەن؟ قېنى تېز بولسىلا، باي غوجام، قىزىم نۇسرەت تېپىلىدىغانلا ئىش بولسا، نېمە كەتسە ئىگەكىم... سويما تەشكەن ئەۋرەز پاقىسىدەك تۇرۇپ كەتتىلىغۇ، بولسىلا دەيمەن، ماۋۇلارغا پۇلنى بېرىپ قىزىمىزنى ئۆيگە ئەكېلىۋالايلى، بىچارە بالام مۇشۇ تاپتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ... ھۇ... ھۇ...

ھۇ... تەلىيى كاچ، بالام، ئەزىزلەنگەنىبىرى جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرەلمىگەن، قىزىم...

ئايالىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بەردى باي نائىلاج قالغاندەك بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى ــ دە، ھايالشىمايلا قايتىپ چىقىپ، تىترىگىنىچە قوللىرىدىكى تەڭگىنى شېرىنگە سۇندى ــ يۇ، تېزلا تارتىۋالدى.

ــ پۇل مانا، ئاۋۋال قىزىمنى قەيەردە كۆردۇڭ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بەر، ئاندىن ماۋۇ پۇلنى ئال.

ــ تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا، مىنىڭمۇ قوللىرىدىكى ماۋۇ پۇلنى ھازىرلا ئالغۇم يوق. ئەڭ ياخشىسى بىز قازىنىڭ قېشىغا بارايلى. ئۇ گۇۋاھ بولۇپ پۈتۈمنامە تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەن قىزلىرىنى قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى ئېيتىپ بېرەي...

ــ يائاللا... نېمانچە كۆپ گەپ بۇ! پۇلنى بەرسىلە دەيمەن. ماۋۇ ئادەممۇ نۇسرەت خېنىمنىڭ ئۇچۇرىنى دەپ بەرسۇن، ئۇنى تېزرەك تېپىۋالايلى،ــ دېدى باينىڭ ئايالى يەنە چېچىلىپ،ــ يەنە مۇشۇنداق مىسلىداپ، پۇلنىڭ مەرىدىن كېچەلمەي، قىزىمىز بىر ياققا كېتىپ قېلىپ تاپالمايدىغان بولسام، ئۇ چاغدا سىلىگىمۇ ياخشى كۈن يوق.

ــ خاپا بولمىسىلا، باي خېنىم، مەن بۇ پۇلنى ئالالمايمەن، ھېلى دېدىمغۇ، بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق ئىشنىڭ پۇختا بولغىنى ياخشى، ھازىر ھەممىمىز مەھكىمە شەرئىگە بېرىپ، قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدا ۋەقەنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىنئامنى ئالسام...

— ماقۇل... ئوبدان گەپ بولدى، قېنى ماڭايلى ئەمىسە،— بەردى باي ئېغىز ئاچقۇچە ئۇنىڭ ئايالى ئالدىراتتى،— تېز بولايلى...

ئۇلار بۇ گەپ بىلەن هويلىدىن چىقىپ، بايا كەلگەن يول بىلەن كەينىگە قايتىشتى. بەردى باي ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ياياق يۈرۈپ ئادەتلەنمىگەچكىمۇ، بىردەم يول يۈرۈپ بولغۇچە هاسىراپ - هۆمۈدەپ، تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ دەمۇدەم يەكتىكىنىڭ[1] يېڭى بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى ئېيتىقاچ خۇددى ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ شېرىنلەردىن سەللا ئارقىسىدا قالسا، ئايالى ئۇنى ئادەم ئېغىزغا ئېلىشتىنمۇ ئۇيۇلىدىغان گەپلەر بىلەن تىللايتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ يۈگۈرگەندەك تېز ماڭغاچ، ئالدىدا كېتىۋاتقانلاردىن ئاستىراق مېڭىشنى ئۆتۈنەتتى. بىراق، ئۇلار بايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر خىل تەرزدە ماڭماقتا ئىدى. نىياز قاراقاش تېگى - تەكتىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان بۇ «كەلگۈندى»نىڭ زادى قايسى ئۇسۇل بىلەن بەردى باينى بابلىماقچى بولغانلىقىنى بايا ساتىراشخانىدىن چىققاندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن زادى قانداق قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمىغاچقا، پات - پات شېرىنگە قاراپ قوياتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاقتا مەهكىمە شەرئىگە يېتىپ كېلىشتى - دە، ئۇدۇللا مۆگدەپ ئولتۇرغان قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا كىرىشتى. قازى ئاخۇنۇم ئۇلارغا قاراپ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى قىياس قىلماقچى بولغاندەك بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلىدىن كەچكەن خىياللارنىڭ هېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالماي سوراشقا مەجبۇر بولدى.

---

① يەكتەك — ئۇزۇن، يېلىڭ چاپان.

— خوش، نېمە ۋەجىدىن كېلىشتىلىكىن؟

شېرىن باشقىلاردىن سەل ئالدىغىراق چىقتى ـ دە، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى سەلگىنە ئېگىپ قويدى.

— بايا جاكارچى بەردى باينىڭ قىزىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇچراتقۇچىلار ياكى دېرىكىنى خەۋەر قىلغۇچىلارغا ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ قىزنى مەن كۆرگەچكە، خەۋىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ، ئاندىن ئىنئامنى قوبۇل قىلاي دەپ ئالدىلىرىغا كېلىشىم.

قازى ئاخۇنۇمنىڭمۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولسا كېرەك، شېرىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ سورىدى:

— ھە... سەن ئۇنى قەيەردە كۆردۈڭ؟

— ئاۋۋال بەردى باي ۋەدە قىلغان ئىنئامنى مانا ماۋۇ يەردە قويسۇن،— دېدى شېرىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدىكى رېھىل ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان كىتابنىڭ ئالدىنى كۆرسەتتى،— ئاندىن مەن ئۆزلىرى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەي.

قازى ئاخۇنۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى. شۇنىڭغىچە بەردى باي ئايالىنىڭ بېقىنىغا كۆچ بىلەن نوقۇشى بىلەن قويۇن يانچۇقىدىن تەڭگىلەرنى ئالدى ـ دە، بىردە قولىدىكى پۇلغا، بىردە قازى ئاخۇنۇمغا تىكىلىپ تۇرغان شېرىنگە قاراپ قويۇپ، پۇلنى ئاستا رېھىلنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى، ئەمدى جاۋاب بەر، بەردى باينىڭ قىزىنى قەيەردە كۆردۈڭ؟

— يولدا كېتىۋاتسام يول بويىدىكى بۇلاق بويىدا ئېسىل كىيىنگەن، چىرايىدىن دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ

قىزى ئىككەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر قىز سول قولىدا ئەينەك، ئوڭ قولىدا ئۇسىما قويىدىغان پەلكۈچنى تۇتۇپ، پەلكۈچنى پات ـ پات ئېغىزىغا تىقىپ نەمدەپ، قاشلىرىغا سۈرۈپ ئۇسما قويغانىنى دوراپ، بەزىدە ھەر ئىككىلىسىنى ئېتىكىگە تاشلاپ قويۇپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىردە يىغلاپ، بىردە كۈلۈپ دېگەندەك ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن سەل ھەيران بولدۇم ـ دە، قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدىم:

— ئەي قىز، سىلى كىمنىڭ قىزى؟ بۇ يەردە نېمە ۋەجىدىن ئولتۇرىدىلا؟

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ماڭا قاراپ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ھەيران بولۇپ يەنە سورىدىم. ئۇ كۈلكىسىنى بىردىنلا توختىتىپ، ئارقىدىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن قىزنى بەزلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاران توختاتتىم. ئۇ شۇ چاغدىلا ئېغىز ئاچتى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىملا؟ ماڭسىلا، مەن ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قوياي.

— مەن چاقادىكى بەردى باينىڭ قىزى، مېنىڭ دادامنى تونۇملا؟ ئەگەر تونۇسىلا ئېيتىپ قويسىلا، دادام بىلەن ئانام ئۆيدىكى يارىيار ھارۋىسىنى ئۆزلىرى ئات ئورنىدا سۆرەپ كەلسۇن، مەن شۇ چاغدىلا ئۆيگە كېتىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. مەن نائىلاج بۇ تەرەپكە يول ئالدىم. بۇ خەۋەرنى بەردى بايغا ئېيتىپ قوياي دەپ ئويلىغان بولسامىمۇ، ئۆزۈم بۇ يۇرتقا مۇساپىر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپالمىدىم. كېيىن مانا ماۋۇ يارەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ خەۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بەردى بايغا يەتكۈزۈۋاتىمەن.

— قىزىمنى نەدە كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى بەردى باي ئالدىراپ.

— كۈنپېتىش تەرەپتىكى يارلىقنىڭ بويىدىكى بۇلاق بويىدا...

بەردى باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە ئېغىز ئاچاي دەپ بولغۇچە، ئايالى ئۇنى تارتقۇشلىدى.

— يەنە نېمىگە ئەزمىلىرىنى ئېزىپ ئولتۇرىلا، ماڭسىلا قىزىمىزنى تېپىۋالايلى...

— پۇل... پۇلنى...

— سىلى مېڭىۋەرسىلە، قازى ئاخۇنۇم بۇلاردىن تىلخەت ئېلىپ سىلىگە ۋاكالىتەن بېرىپ قويىدۇ.

بەردى باي نائىلاج ئايالى بىلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قازىخانىنى بىردىنلا ئېغىر سۈكۈناتلىق قاپلىدى. قازى ئاخۇنۇم شېرىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قاراپ جىملا ئولتۇراتتى.

— بىز نېسىۋىمىزنى ئېلىپ يانساقمىكىن، — دېدى شېرىن.

— ھە... ھە... ئەمىسە ئىنئامنى تاپشۇرۇۋالغانلىق ھەققىدە تىلخەت پۈتەيلى، ساۋاتىڭىز بارمۇ؟! — دېدى قازى ئاخۇنۇم.

— بار، — شېرىن تېزلا جاۋاب بەردى ـ دە، يان تەرەپتىكى بوش تۇرغان مىرزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ، قومۇش قەلەمنى سىياھدانىدىكى ئېزىپ تەييارلاپ قويۇلغان سىياھقا ئەپچىللىك بىلەن مىلىگەچ ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان قازى ئاخۇنۇمدىن سورىدى.

— قېنى ئېيتىپ بەرسىلە، نېمە دەپ يازىمەنكى، قازى ئاخۇنۇم؟!

— بەردى بايدىن ئىنئام ئۇچۇن ئەللىك تەڭگە تاپشۇرۇۋالدىم دەپ يېزىلىڭ.

— خوش...— شېرىن تېزلىكتە خەتنى يازدى ـ دە، قولىنى سىياھدانىنىڭ يېنىدىكى قىزىل سۇرۇخقا قولىنى مىلەپ، ئىسمى يېزىلغان يەرگە باسقاندىن كېيىن، قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرسەتتى،— سىلىچە بوپتۇمۇ؟!

قازى ئاخۇنۇم «بۇ يالاڭتۆش قەلەندەر خەت تونۇمايدۇ، بۇگۇن مىرزىمۇ يوق، شۇ باھانىدە تىلخەتنى ئۆزۈم يېزىپ بېرىپ بۇلارنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاز ـ تولا ئايرىۋالىمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرغاچقا، شېرىنىنىڭ بىر چىرايلىق ئىنشاسىنى كۆرۈپ «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قازىخانىدا باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نائىلاج ئىغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

— بوپتۇ... بوپتۇ... پۇلۇڭنى ئېلىپ كەت!

— رەھمەت سىلىگە، قازى ئاخۇنۇم...— شېرىن سۆزلىگەچ تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ماڭماقچى بولغاندەك كەينىگە قايرىلدى ـ يۇ، ئەمما بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سورىدى:

— بىز قايتساق بولار، قازى ئاخۇنۇم؟

— قايت... قايتىۋەر.

— ئۆزلە ئەجەب بەردى باينىڭ قىزىنى قەيەردە، قاچان كۆرگەنلىكىمنى سورىمىدىلىغۇ؟!

قازى ئاخۇنۇم بۇ گەپ بىلەن سەگەكلەشكەندەك بولدى ـ دە، گەپ تېگىدە گەپ بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ئېسىم قۇرۇسۇن، سەن ئۇ قىزنى قاچان كۆرگەن؟
— بۈگۈن چۈشتە ئۇخلاپ يېتىپ چۈشۈمدە كۆرگەن.
— نېمە؟... نېمە دېدىڭ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭدە كۆرگەنىمۇ كۆردۈم دەپ ئىنئام ئېلىشنى راۋا كۆرىدىغان قانداق قارا نىيەت ئادەمسەن؟!...— قازى ئاخۇنۇم ئورنىدىن ھازىرلا تۇرۇپ شىرىننىڭ قولىدىكى تەڭگىلەرنى تارتىۋالىدىغاندەك ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى.
— تەخىر قىلسىلا، قازى ئاخۇنۇم،— دېدى شىرىن تەمكىنلىك بىلەن،— ئۆتكەندە مانا ماۋۇ سالى كىرپە بەردى باينىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشۈپ چۈش كۆرگەندە، «چۈشتىكى ساۋابلىقمۇ ساۋابلىق، گۇناھمۇ گۇناھ» دەپ ئەللىك دەررە ئىنئام قىلدىلا، ئەمدى بۈگۈن مېنىڭ چۈشۈمگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلسىلا.
قازى ئاخۇنۇم بۇ گەپ بىلەن بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى ـ دە، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.
— ئەمىسە بىز يانغاچ تۇرايلى،— شىرىن سۆزلىگەچ كەينىگە ياندى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ـ دە، قازىخانىدىن چىقىپلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
— قازى ئاخۇنۇمنى ئەجەب جايلىدىلا، بۇ ئەقىل قەيەردىن كەلدى؟— دەپ سورىدى نىياز قاراقاش تېلىقىپ كۈلگەنلىكتىن كۆزلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان ياش تامچىلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېيتقاچ،— مەن تېخى سىلىنى قانداق قىلار، بەردى باينىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن دەپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالمىغىيتتى دەپ ئەنسىرەپ كەتتىم.
— راست، بۇ ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا

ئويلىماپتىمەن، مۇشۇ تاپتا بەردى باي قەيەردە ئاۋارىچىلىك تارتىۋاتقاندۇ؟ — دېدى سالى كىرپە.

— «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دېگەن مۇشۇ. قازى نادانلىق قىلىپ، «قوۋ تۈلكە بۇرنىدىن ئىلىنغاندەك» تازىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدى مانا.

— بايا شېرىنىنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ تاس قالدىم قازىخانىدا كۈلۈۋەتكىلى...

— قازى ئاخۇنۇمنى ئەجەب جايلىدىڭىلا، شېرىن، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل ـ ھوشىنى تاپىدىغان بولدى.

شېرىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدى ـ دە، قولىدىكى تەڭگىلەرنى سالى كىرپىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇنى ئالسىلا، بۇ سىلىنىڭ نېسىۋىلىرى، ئۆتكەندە ناھەق يېگەن دەررىنىڭ ھەققى...

— ياق... ياق، مەن تېخى سىلىنى بەردى بايدىنمۇ، قازى ئاخۇنۇمدىنمۇ ئۆچۈمنى ئېلىپ بەردى، ئەمدى قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار دەپ ئويلاپ تۇرسام، بۇنداق قىلسىلا قاملاشمايدۇ.

— نېمىشقا قاملاشمىغۇدەك؟ تازا قاملىشىدۇ، بۇنى ئالسىلا، مانا ئەمدى ئالمىغان، بەرمىگەن بولغاندەكلا ئىش قىلدىلا.

— يا... ياق...

— ئېلىپ قويسىلا، — دېدى نىياز قاراقاشمۇ مادارا قىلغاندەك، — ئۆتكەندە ناھەق دەررە يەپلا، بۇ شۇ دەررىنىڭ ھەققى بولسۇن، ھېچبولمىسا ئوغۇللىرىنى ئۆيلىگەندە ئەسقېتىپ قالار...

سالى كىرپىنىڭ پۇل تۇتقان قوللىرى تىترىدى ـ دە، كۆزلىرىگە «مۆللىدە» ياش كەلدى.

— بۇ... بۇ خەيرخاھلىقلىرىنى قاچانمۇ ياندۇرۇپ بولارمەن ئەمدى؟

— ياخشىلىق دېگەننى ياندۇرىمەن دەپ ياندۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ، ئەگەر كۆڭۈللىرىدە شۇ نىيەت بولسا، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە باشقا بىرىگە خەيرخاھلىق قىلىسىلىمۇ، بۇ ئوخشاشلا نىيەتلىرىنىڭ ئىشقا ئاشقىنى... ئەمىسە، بىز يانايلى، شۇنداق قىلامدۇق، نىياز ئاخۇن؟

— ماقۇل...

ئۇلار خېلى تەستە خوشلاشتى. سالى كىرپە شېرىننى ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشقا، ھېچبولمىسا بىر پىيالە چېيىغا بولسىمۇ داخىل بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شېرىن چىرايلىقچە ئۆزرە قويۇپ، نىياز قاراقاش بىلەن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قورۇسىغا يۈرۈپ كەتتى.

# ئۈچىنچى باب

## ئوۋ

شىكارغا بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندا ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بولغانىدى. نىياز قاراقاش مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قورۇسىغا كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش بىلەن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن ئوۋغا چىقىشقا ئۇقتۇرۇلغان بىرەر باي قورۇ ئالدىغا كەلسە، ئۇ قورۇ ئىچىدە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇيان – بۇيان چېپىۋاتقانلارنى چاقىرىپ ئىشقا بۇيرۇشقا باشلايتتى.

— سۈپۈرگەئاخۇن، تېز بول، قالۇقلۇق ئەبەي بېگىمنىڭ ئىشىنى قولىدىن ئال.

— سەلەي دەمدە، تۈۋرۈكتىن چۈشمىگەن باچكىدەك ئالدىڭغا كىملا ئۇچرىسا گەپ قىلىشۋەرمەي، ئاتلارغا بوغۇز بەر...

قورۇغا كەلگەنلەر بىر – بىرىدىن ئېسىل كىيىنىشكەنىدى. ئۇلار ئوۋغا ئەمەس، بەلكى تويغا بېرىشقا جابدۇنغاندەك ياسىنىۋېلىشقانىدى. بەزىلەر بىر – ئىككىدىن خىزمەتكارلىرىنى ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بېشىغا تېرە بۆك كىيگۈزۈلگەن قارچىغىلار بار ئىدى. يەنە بەزىلەر مەشۇت يىپتا سىپتا

توقۇلغان قىزىل پۆپۈك ئېسىلغان ئۇزۇن ساپلىق نەيزە كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى. شېرىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپلا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. بىركەمدە قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋېلىشۇپ چىققان بايلار مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كەڭرى ھويلىسىغا چىقىشتى. شۇ چاغدا مۇسا ھاكىمبەگكە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ماڭايلىمۇ ئاكا، ئالەممۇ خېلى بىر چاغ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ كىشى ئالىقانلىرىنى پېشانىسىگە قويۇپ سايىۋەن قىلىپ كۆڭگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، — بايا مەسلىھەتلەشكىنىمىز بويىچە بولغاندا، بۈگۈنكى مۇساپىمىزمۇ يېقىن ئەمەس، ئەمدى يولغا چىقمىساق، كەچتە چۇشكۈنگە كۆزلىگەن قەرەلدە يېتىپ بارالمايمىز.

مۇسا ھاكىمبەگ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، سەل نېرىراقتا باشقىلارغا ئاللىنېمىلەرنى دۇر تاپىلاۋاتقان نىياز قاراقاشنى چاقىردى. نىياز تېزلىكتە ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، قول باغلاپ تۇرۇپ، «قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى باركىن؟!...» دېگەندەك تىكىلدى.

— تەييارلىقلار قانداقراق؟

— ھەممە ئىش ئۆزلىرى تاپىلاۋاتقاندەك بولدى، بېگىم، — نىياز قاراقاش بېشىنى سەل ئەگدى.

— ئەمىسە يولغا چىقايلى، ئاتنى ئەكەل... ، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ.

— مانا ھازىرلا... — نىياز قاراقاش يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئارقا ھويلىغا چىقىپ كەتتى ـ دە، ھايالشىمايلا چاپچىپلا

تۇرىدىغان تىرناقچىلىك قارىسى يوق ئاق ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. باشقىلار بۇ ئاتقا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قويدى. دېمىسىمۇ بۇ ئات بېقىلىشى ئاتقىلى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ھاكىمبەگ بىر قېتىممۇ جاراستانغا ئەپچىقىپ مىنىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېگەر ـ جابدۇقلىرىمۇ ئاتايىن ئىلچى بازىرىدىن ئەكەلدۈرۈلگەن بولغاچقا، ئېگەرلەرگە ئويۇلغان نەقىشلەر ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى. مۇسا ھاكىمبەگ دەممۇدەم ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى تىلغاپ تۇرغان ئاتقا قاراپ مەستلىككى كەلگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان نىياز قاراقاشتىن سورىدى:

ــ شېرىنمۇ تەييار بولدىمۇ؟

ــ ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئوۋغا بارىدىغانلىقىنى تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،ــ دېدى نىياز قاراقاش پېشانىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇپ، يېنىدىكى بىرىگە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزۇپلا، بايلار ھاكىمبەگ بىلەن ھويلىغا چىققاندىن كېيىنلا ئارقا ھويلا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن شېرىننى ئىزدەشكە ماڭدى. شۇ ئارىدا شېرىنمۇ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولدى.

ــ تېزرەك بولسىلا، مۇسا ھاكىمبېگىم يارەنلىرى بىلەن ئوۋغا چىقماقچى، سىلىنىمۇ بىللە بارسۇن دەپ ئاتايىن تاپىلىدى،ــ نىياز قاراقاش ئارقىدىن ئىت قوغلىغان ئادەمدەك تېزلىكتە سۆزلەپ،ــ شۇ تاپتا بېگىملەر سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ.

ــ ئۆزلەمۇ بارىدىغانلا؟ــ دەپ سورىدى شېرىن.

ــ ھەئە، مەنمۇ بارىمەن، ئەنە مېنىڭ ئېتىممۇ ئاۋۇ

يەردە...— نىياز قاراقاش دەرۋازىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بىر توپ ئاتلارنىڭ ئارىسىدىكى چىلان تورۇقنى كۆرسەتتى،— سىلىمۇ تەييارلىقلىرىنى تېزلىكتە پۈتكۈزسىلە، باشقىلارنى ساقلىتىپ قويمايلى.

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىغىزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، لېكىن باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە قىزىقىش، ئەجەبلىنىش، ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئىپادىدە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

— مانا هازىرلا...

نىياز قاراقاش مۇسا هاكىمبەگنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭغىچە ئارقا هويلىغا كىرىپ كەتكەن شىرىن يوغانغىنا بىر خورازنى قولتۇقلاپ چىقىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەمدى ماڭامدۇق، هاكىمبېگىم؟

مۇسا هاكىمبەگ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن بىردە شىرىنگە، بىردە ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى خورازغا قاراپ سەلگىنە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن سورىدى:

— بۇ خورازنى قانداق قىلىسەن، شىرىن؟ بىز توخۇ سوقۇشتۇرۇشقا ئەمەس، ئوۋغا كېتىۋاتىمىز، ئوۋغا...

— بۇنى بىلىمەن، بېگىم، هەيران بولمىسىلا، ۋاقتى كەلسە بۇنىڭمۇ كېرىكى بولىدۇ.

— خورازنى قانداق قىلماقچىسەن؟

— بۇ دېگەن كەمبەغەلنىڭ ئىتى، بېگىم، سەپەر جەريانىدا مىنىمەن.

بۇ گەپ بىلەن هويلىدا تۇرغانلارنىڭ هەممىسى قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇسا هاكىمبەگ شۇنىڭدىلا بۇ

گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، باشقىلار بىلەن قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— مالىڭ، شىرىنگە ئات توقۇپ چىق.

ھاكىمبەگنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بىر خىزمەتكار تېزلىكتە ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا ھاكىمبەگنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشى سورىدى.

— كىم بۇ، ئاكا؟ مەن بۇ ۋاقىتقىچە كۆرۈپ باقماپتىكەن؟

ھاكىمبەگ شىرىنگە قىيا باققاچ كۈلكىسىنى ئاران توختاتتى ـ دە، ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

— تېگى قومۇلدىن ئىكەن. جاھان كۆرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ يۇرت ـ يۇرتلارنى كېزىپ، ئۇلۇشكۇن بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىكەن، ھازىرچە يېنىمدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھە راست، سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ ياققا كەل، شىرىن، مانا ماۋۇ كىشى مېنىڭ بىر قورساق قېرىندىشىم ئورايىم[①] بەگ بولىدۇ، تونۇشۇپ قېلىڭلار.

شىرىن قولتۇقىدىكى خورازنى قويۇۋەتتى ـ دە، ئورايىم بەگ بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشكەچ ئەھۋال سورىدى. شۇ ئارىدا ئارقا ھويلىغا چىقىپ كەتكەن خىزمەتكار ئېگەرلەنگەن بىر ئاتنى يېتىلەپ چىقتى.

— قېنى چۈلۋۈرنى قولۇڭغا ئال، شىرىن، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئات سېنىڭ...— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ سىرتقا ماڭغاچ،— ئەمدى ئاتلىنايلى.

ئۇلار ھويلىدىن چىقىشتى. نىياز قارا قاش

① ئورايىم — ئەسلي ئىبراھىم، ئەمما كىرىيە شېۋىسىدە بۇ ئىسىم ئورايىم دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

هاكىمبەگكە تەييارلىغان ئاتنى يېتىلەپ هويلىدىن چىقتى ـ دە، مۇسا هاكىمبەگ نەۋقىران يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىنىۋالغاندىن كېيىن چۇلۋۇرنى ئۇزاتتى. هاكىمبەگ چۇلۋۇرنى قولىغا ئېلىپ ئىككى تىزى بىلەن ئاتنى بوشلا تېقىمدىدى.

ــ چۇھ...

باشقىلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، مۇسا هاكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، چاپچىپ تۇرۇۋاتقان ئاتلىرىنىڭ ئېغىزدۇرۇقلىرىنى چىڭگىدە تارتقىنىچە ئۇلارغا ئەگەشتى. ئاتلار دوپۇرلىشىپ ماڭغىنىچە ناھايىتى تېزلا تاختا كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى. شۇ ئارىدا شېرىن مىنگەن ئات نېمىگىدۇر پۈتلاشقاندەك بولدى ـ دە، يىقىلىپ چۈشتى. شېرىن بىلەن تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتقان شاش ئاتنى ئاران ـ ئاران باشقۇرۇپ كېتىۋاتقان نىياز قاراقاش ئاتتىن سەكرەپ چۈشكىنىچە ئەنسىز ۋاقىرىدى.

ــ سىلىگە بىرنېمە بولمىغاندۇ؟ ئادەمنى قورقۇتماي ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.

نىياز قاراقاشنىڭ گېپى بىلەن باشقىلارمۇ تەڭلا ئارقىسىغا قاراپ يەردە ئوڭدىسىغا ياتقان شېرىننى كۆرۈپ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى كەينىگە بۇراشتى ـ دە، تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭغىچە شېرىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىشتۇرغاچ، ئاللىقاچان ئۆرە بولۇۋالغان ئېگىرى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان ئاتنىڭ كاسىسىغا بوشلا شاپىلاقلاپ قويدى.

ــ بىرەر يېرىڭگە زەخمە يەتمىگەندۇ؟ ــ دەپ سورىدى مۇسا هاكىمبەگ ئالدىراپ...

— ياق، خاتىرجەم بولسىلا.

— ئەمىسە سەپەرنى داۋاملاشتۇرالامسەن يا ئاتنى يەڭگۈشلەيمىزمۇ؟

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتقا بىرھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا بېيىت ئوقۇدى:

ھەزرىتى مۇسا بېگىمنىڭ بەرگىنى مۇشۇ بىچەتاي،
بەرسىلە چوڭنى بەرسىلە دۇشمەن كۆزىدە ئوينىتاي.
ساراڭمىكىن، توكۇرمىكىن قىردىن ئاشالمىدى بۇ تاي،
ئازنا كۈن① جابدۇق ئېلىپ، شەنبە كۈنى بىر ئوينىتاي.

باياتىن بېرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن شىرىننىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان بايلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— بەللى، تازا جايىغا كەلدى، مۇسا ھاكىمبېگىم، قارىغاندا بۇ شىرىنمۇ بوش كەلمىدى.

— ئاتتىن بىكار يىقىلماپتۇ.

— قارىغاندا ئەسكى تۇماق ئاستىدا ئادەم بار ئىكەن!

مۇسا ھاكىمبەگ تېلىقىپ كۈلگەنلىكتىن ياش چىقىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يانچۇقىدىكى يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالىقانلىرى بىلەنلا سۈرتۈۋەتتى ـ دە، نىياز قاراقاشقا قاراپ بۇيرۇدى.

— ئىككىڭلار ئېتىڭلارنى ئالماشتۇرۇڭلار.

— ماقۇل... — نىياز قاراقاش تېزلىكتە بايا شىرىن مىنگەن ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئوڭشاپ، تاسمىلىرىنى چىڭىتىپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، پۇشقۇرتۇپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى.

① ئازنا كۈن — جۈمە كۈنى.

— سىلى مەن مىنگەن ئاتقا مىنسىلە، — دېدى نىياز قاراقاش شېرىنگە قاراپ كۈلۈپ، — ئەمدى ئات ئۈستىدە چىڭراق ئولتۇرالا ـ ھە!

— يوقسۇ، كۈلۈشمەك بولسۇن دەپ چاقچاق قىلىپ قويدۇم، بۇ ئاتقا ئۆزۈم مىنمۇېرەي.

— تالاشماي مەن دېگەندەك قىل، شېرىن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ، — بايا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇرۇن بۇ ئاتنى نىياز مىنگەن ۋاقىتتا بۇنداق ئىشلار كۆرۈلمىگەن، قارىغاندا ئات بۇگۈن ئىگىسىنىڭ ئالمىشىپ كەتكىنىنى سەزگەن ئوخشايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ ئوبدان بولمايدۇ، بېگىم، ئاتنى ئۆزۈم...

— مەن دېگەندەك قىل، بۇ تالىشىپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ يەنە، — تېزرەك بول.

— شۇنداق قىلسىلا، بېگىم قارار قىلىپ بولغان ئىشقا ئەمدى يەنە مىكى ـ مىكى دەپ ئولتۇرمىسىلا... — نىياز قاراقاش سۆزلىگەچ ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئىلىپ، «لىككىدە» ئات ئۈستىگە چىقىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى سەزگەن شېرىن بايا نىياز قاراقاش مىنگەن، ھازىر بىر چەتتە پۇشقۇرتۇپ تۇرغان ئاتنىڭ باشبېغىغا قولىنى سوزدى.

مۇسا ھاكىمبەگلەر تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بىردەمدىلا توپىلىق چوڭ يولغا چىقتى ـ دە، ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزان توزۇتۇشقىنىچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشتى. ئاتلار بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمىغاندەك ئالدىغا ئۆچۈشتى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئېتى ئۆز سۆلىتىگە يارىشا يوغۇرۇك ئات ئىدى.

مەھەللىدىن ئايرىلىپ يۇرتىنىڭ ئايىغىدىكى سازلىقتا چىقىپ بولغۇچە باشقا ئاتلارنى خېلى كەينىدە قالدۇرۇپ ئۇزاپ كەتكەنىدى. باشقىلارمۇ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ھە دەپ ئاتلىرىغا قامچا سالغاچ ئاتلىرىنى تېقىمدايتتى. شىرىنمۇ ئالماشتۇرغان قۇلا ئاتنى چاپتۇرغىنىچە ئالاماندىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇشۇپ، بىردەمدىلا ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر سوزۇلۇپ ياتقان جايغا يېتىپ كېلىشتى.

مۇسا ھاكىمبەگ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ ئالدىدىكى قومۇش، يانتاق، يېسىلغاق قاپلىغان قوم دۆۋىلىرىگە قاراپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئويمانلىقتا تىكتى - دە، ئالامانىنىڭ ئەڭ چېتىدە ئوڭ قولىغا قوندۇرۇلغان قارچىغىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن نەزەر سېلىۋاتقان باخشىسى نىزامىدىنغا قارىدى.

— ئاۋۇ تەرەپتە توشقان بار ئىكەن، قارچىغىنى تەييارلا.

— ماقۇل بېگىم، مانا ھازىرلا...— نىزامىدىن باخشى سۆزلىگەچ قارچىغىنىڭ پۇتىغا ئۆتكۈزۈپ، قولىغا باغلىۋالغان يىپنى يېشىپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى تېرە بۆكنى ئېلىۋەتتى - دە، مۇسا ھاكىمبەگ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراتتى. ئەتىيازدىن بېرى تۇجۇپلەپ بېقىلغان بولسىمۇ، يازدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئوۋغا سېلىنىپ باقمىغان قارچىغا بېشىدىكى تېرە بۆكتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى يورۇقلۇققا كۆندۈرۈشنى مەشىق قىلىۋاتقاندەك ئەتراپقا

سەزگۈرلۈك بىلەن قاراشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا قارچىغا دىققىتىنى ئالدى تەرەپكە قاراتتى ـ دە، ئاللىقانداق بىر شەپىنى سەزگەندەك بېشىنى ئۆيان ـ بۇيانغا مىدىرلاتتى.

ــ قويۇۋەت،ــ دېدى مۇسا هاكىمبەگ نىزامىدىن باخشىغا.

نىزامىدىن باخشى قارچىغىنى بىر قولى بىلەن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى. شۇ ئان قارچىغا قاناتلىرىنى كېرىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ـ دە، بىرەر يۈز مېتىردەك يۇقىرى ئۆرلەپ ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتقاندەك بىر دائىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، بىردىنلا قاناتلىرىنى يىغدى ـ دە، پەسكە قاراپ شۇڭغۇدى. بۇنى كۆرۈپ مۇسا هاكىمبەگ دەممۇدەم يەرنى تىلغاپ، بىر جايدا تۇرالمايۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى ـ دە، بوشلا تېقىمدىدى.

ــ چۇھ...

ئات بۇ گەپ بىلەن تەڭ سانغۇنىدىن يارلىق ئالغان لەشكەردەك بىردىنلا ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى. باشقىلارمۇ بۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا مۇسا هاكىمبەگنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. بۇ چاغدا قارچىغا خېلىلا پەسلەپ قالغان بولۇپ، قويۇق ئۆسكەن بىر تۈپ قومۇشنىڭ دالدىسىدا تۈگۈلۈپ ياتقان توشقانغا ئېتىلغانىدى. مۇسا هاكىمبەگ ھەمراھلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە قارچىغا توشقاننىڭ بېشىنى قاماللىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ياتقان جايلاردىن دىرىلداپ قان ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. نىزامىدىن باخشى ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، هېلىھەم توشقاننى پوكىنىغا بېسىپ ياتقان قارچىغىغا بىر لوقما خام گۆشنى كۆرسەتكەچ يېقىنلاشتى. شۇنىڭغىچە ئورايىم بەگمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، بىلىدىكى

پوتىسىغا ئۆتكۈزۈۋالغان كۆن غىلاپلىق، بىسلىرى ۋالىداپ كۆزنى چاقنىتىدىغان خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ چاغدا نىزامىدىن باخشى قارچىغىغا قولىدىكى گۆشنى يېگۈزگەچ توشقاننى ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئورايىم بەگكە بەرگەندىن كېيىن قارچىغىنىڭ بېشىغا تېرە بۆكنى كىيگۈزۈۋالدى.

— بۇ قېتىمقى ئوۋدا رىزقىمىز خېلىلا كەڭدەك قىلىدۇ، — دېدى ئالامانىنىڭ ئىچىدىكى هاۋا ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي بەقەسەم تون كىيىپ، بېلىنى چۇچىلىق يىپەك پوتا بىلەن باغلىۋالغان، بېشىغا سەرپۇش تۇماق كىيىۋالغان ناسىر باي گەزىدەك كەڭ يۈزلىرىدىكى كەكە ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ، — مانا دەسلىپىدىلا هاكىمبېگىمىنىڭ قارچىغىسى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر توشقاننى باسىۋالدى.

— راست دەيلا، قارىغاندا تاماشايىمىز كۆڭۈللۈك بولغۇدەك!

— بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى.

— ئەلھەق راست، بەزىدە بىرەر كۈن ئىچىدە بىرەر تال ئوۋمۇ ئۇچرىماي قالىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئەمما، بۈگۈن مەھەللىدىن ئايرىلىپ بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىتتا سىمىزلا بىر توشقان، «بىز بۇ يىل مۇسا هاكىمبېگىمىنىڭ مەرھەمىتىدە تېزلىكتە ئاۋۇپ، سەمرىپ كەتتۇق، خالىغانچە ئوۋلاپ، كۆڭۈللىرىڭلارنى خۇش قىلىۋېلىڭلار» دېگەندەك ئالدىمىزدا پەيدا بولدى دېسە.

— ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ ئەمەسمۇ؟ مۇسا بېگىم هاكىمبەگلىك ئورنىغا بەرقارار بولغاندىن بۇيان ئاۋامنىڭ هال - كۈنلىرى ياخشىلىنىپ قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي

بولۇپ، هال ـ ئوقىتى ياخشىلىنىپلا قالماستىن، مانا مۇشۇنداق جانىۋارلارمۇ تېزلىكتە كۆپەيدى دېسىلە...

ــ مۇسا هاكىمبېگىم يۇرتقا باش بولۇپ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ھەممە ئىشلىرىمىز بىراقلا راۋاج تاپتى. بۇنىڭدىن ئاۋامىمۇ، بىزمۇ تولىمۇ خۇشال، ئىشقىلىپ ياخشى كۆنلەر تېخى ئالدىمىزدا...

ــ بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى بولدى!ــ مۇسا هاكىمبەگ يارەنلىرىنىڭ ماختاشلىرىغا بېشىنى يېنىكلا لىڭشىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى،ــ قاراڭلار، ئاۋۇ يەرگە... ئەنە ئاۋۇ دۆڭنىڭ باغرىغا، شامال يوق مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئاشۇ بىر تۇپ قومۇش پۆپۈكلىرىنىڭ ئېغاڭلىشىغا قارىغاندا چوقۇم ئۇ يەردىمۇ توشقان بار.

ــ كۆزلىرىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ـ دە، سىلىنىڭ،ــ دېدى ئورايىم بەگ كۈلۈپ،ــ بۇ دوقى ئوۋنى مېنىڭ قارچىغامغا بەرسىلە.

ــ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىمىز مېنىڭ ـ سېنىڭ دېيىشىپ كەتسەك قاملاشمايدۇ. كىمنىڭ قارچىغىنى قويۇپ بەرگۈسى بولسا قويۇپ بەرسۇن،ــ دېدى مۇسا هاكىمبەگ كۈلۈپ،ــ «كارۋان دېگەننىڭ يولى بىر بولغىنى بىلەن رىزقى مىڭ»...

ــ ئەمىسە مەن قويۇپ بېرەي...ــ باياتىن بېرى ھېچكىمنىڭ گېپىگە ئارىلاشماي تۇرغان پاكار بويلۇق، جۇغى ۋىجىكرەك كەلگەن بىرى ئېتىنى تېقىمداپ سەل ئالدىغىراق سۇرۇلدى ـ دە، مۇسا هاكىمبەگ كۆرسەتكەن تەرەپكە قولىدىكى قارچىغىنىڭ بېشىنى توغرىلاپ، بىشىدىكى تېرە بۆكنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاسمانغا ئاتتى. ھەممەيلەن قارچىغىنىڭ قاناتلىرىنى مەغرۇرلۇق

بىلەن كېرىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە، بىر دائىرىنى ئايلىنىپ ئەپچىللىك بىلەن چۆرگۈلىشكە باشلىغان قارچىغىنىڭ ئويۇننى تاماشا قىلغاندىن كېيىن بىردىنلا پەسلەپ، بابا مۇسا ھاكىمبەگ كۆرسەتكەن تەرەپكە — قويۇندەك ئېتىلغان قارچىغا تەرەپكە ئات سېلىشتى.

ئۇلار دەسلەپتە بىرلىكتە ئوۋ قىلىشقان بولسىمۇ، كېيىن ئورايىم بەگنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىرنەچچە توپقا ئايرىلىشتى ـ دە، كەچتە دەريانىڭ ياقىسىدىكى قويچىنىڭ كەپىسىدە ئۇچرىشىدىغانغا كېلىشىپ ئايرىلىشتى. شېرىن مۇسا ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ قارچىغىسى، نىياز قاراقاش، نىزامىدىن باخشى، يەنە ئىككى خىزمەتكار بىللە بىلەن دۆڭمۇدۆڭ يۈرۈپ خېلى كۆپ توشقاننى ئوۋلىدى ـ دە، كۈن پەسلەشكە باشلىغان مەھەلدە چۈشكۈن قىلىشقا ۋەدىلەشكەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەريانىڭ ياقىسىدىكى قويۇق قومۇش ئۆسكەن دۆڭنىڭ باغرىدىكى كەپە ئالدىغا كەلگەندە، دۆڭنىڭ تۈزرەك يېرىگە يەرنى ئويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قازاننى قاينىتىش ئۈچۈن ھە دەپ ئوچاققا سوگەل[1] تىقىۋاتقان ئادەم شۇنىڭدىلا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىغان چېغى بېشىنى كۆتۈرۈپ، تېزلا ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۇرغان مۇسا ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرىنى كۆردى. ئۇ قولىدىكى سوگەلنى تاشلاپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئاتنىڭ باشبېغىنى قوللىرىنى سوزغاچ سورىدى:

— پايى قەدەملىرىگە مىڭ ـ مىڭلارچە تەشەككۈر، ھاكىمبېگىم، ئامان ـ ئېسەن كەلدىلىمىكىن؟

---

① سوگەل — قومۇش يىلتىزى.

بۇ چاغدا مۇسا هاكىمبەگمۇ ئاتتىن چۈشۈپ بولغان بولۇپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ـ دە، بېشىنى يېنىك لىڭشىتقاچ ئېغىز ئاچتى.

ــ ئوبدان، ئامان ـ ئېسەن تۇرغانسەن؟

ــ هاكىمبېگىمنىڭ دۇئاسى ۋە دۆلىتىنىڭ بەرىكىتىدە ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن.

ــ هە قۇۋان① قويچى، بۇ يەردە ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ؟ ئۇلار يېتىپ كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

ــ كەلدى، چۈش پېشىمدىن ئاشقاندىلا كېلىپ بولغان، ئۇلار كېلىپ ئىككى قوينى سويۇپ پارچىلاپ قازانغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، «مۇسا هاكىمبېگىم بېلىق گۆشىگە ئامراقتى، دەريا بويىغا بېرىپ باقايلى» دېيىشىپ سايغاقلىرىنى② ئېلىپ كەتتى...ــ قۇۋان قويچى تېزلىكتە ئاتنى كەپە ئالدىدىكى قوزۇقتا باغلاپ قويغاندىن كېيىن، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ سورىدى،ــ كەپىگە كىرىپ ئارام ئالامىلا يا ئاۋۇ تۆز يەرگە كىگىز ـ كېچەك سېلىپ قويدۇم، ئاشۇ يەردىلا ئولتۇرامىلا؟

ــ ئەتراپىنى بىردەم ئايلىنايلى،ــ مۇسا هاكىمبەگ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ،ــ مۇشۇنداق چىرايلىق مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلمىساق ئوبدان بولماس! شۇنداقمۇ شېرىن؟

ــ دېگەنلىرى توغرا، هاكىمبېگىم، بۇ چىرايلىق يەر ئىكەن، ئەتراپىنى ئايلانساق ئايلىنايلى،ــ شېرىن بىلەن نىياز قاراقاش تېزلىكتە ئاتلىرىنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن ئاللىقاچان تەييار بولۇپ بولغان مۇسا

① قۇۋان ــ كېرىيە شېۋىسى، ئەسلىي قۇربان.

② سايغاق ــ بېلىقنى چوقۇپ تۇتىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب.

هاكىمبەگنىڭ قېشىغا باردى ــ دە، ئادەمنىڭ كۆكسىگە كېلىدىغان، سەلكىن شامالدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان، پۆپۈكلىرى پىشاي دەپ قالغان قومۇشلۇق ئارىسىدىكى بىر ئادەم ئاران ماڭغىلى بولىدىغان چىغىر يولدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىشىپ، بىردەمدىلا ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىشتى. شېرىن ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، نەزىرىنى بىردىنلا كۆز يېتىم يىراقلىقتىكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا جىمىرلاپ ئۆزگىچە بىر ھالەتنى نامايان قىلىۋاتقان، بىر خىل رىتىمدا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئاغدۇردى ــ دە، سورىدى:

ـــ بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۇيى مول ئىكەن، بېگىم، ئاۋۇ تەرەپلەرگە بەك كۆچ سەرپ قىلمىسىمۇ، ناھايىتى تېزلا ئەھياغا كېلىدىكەن. پەممىچە نەچچە ئون ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلسا تامامەن بولىدىكەن. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئويلىنىپ كۆرسىلە قانداق بولار؟

مۇسا ھاكىمبەگ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى ــ دە، شېرىن كۆرسەتكەن تەرەپلەرگە قاراپ كۆڭلىدە ئاللىقانداق بىرنەرسىنى تەخمىن قىلىۋاتقاندەك قوللىرىنى پۇكۇپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.

ـــ دېمىسىمۇ راست ئىكەن، مانا ماۋۇ تەرەپلەرنىڭ يەرلىرىنى تۇزلەشكە، ئەھياغا كەلتۈرۈپ تېرىمغا كىرگۈزۈشكە كۆپ كۈچ كەتمەيدىكەن، قارىغاندا غول ئېرىقتىن بىرنى قازساقلا بۇ يەرلەر ئىككى ــ ئۈچ يىل ئىچىدە ئوبدانلا ھوسۇل بەرگۇدەك. شۇڭا، بۇنى ئويلىنىپ باقساق بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئادەملەرنى مۇغاللا[1]، جاي[2]، قاچۇن[3] تەرەپلەردىن كۆچۈرىمىزمۇ، بېگىم؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش مۇسا ھاكىمبەگنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرۈپ.

— ياق. مۇشۇ ئەتراپتا بىزنىڭ چارۋا ماللىرىمىزنى بېقىۋاتقانلاردىن بەش - ئالتە ئۆيلۈك ئادەم بار. ئۇلار ئوت - سۇ قوغلىشىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كەپە تىكىپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ. ئاڭلىسام بۇ ئەتراپتا تۇلكە، بۆرە بار ئىمىش، پات - پات مالچىلارنى ئاۋارە قىلارمىش، يەنە تېخى ياۋا توڭگۇزمۇ بار دېيىشىدۇ. شۇڭا، بۇ دورەم ئوۋدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر يەرنى مەركەز قىلىپ كەپە ياساپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەچ، چارۋىچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلاي، ئاچقان يەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بولسۇن. ئۇلاردىن بىرنەچچە يىلغىچە باج - سېلىق ئالمايلى، كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ بۇ يەردە ئادەم كۆپەيتىشنى ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— مانا، دانا مۇددىئا دېگەن مۇشۇ، ھاكىمبېگىم گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى. بۇنداق قىلىنسا بىر تەرەپتىن مالچىلارنىڭمۇ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ يەرلىك بولۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن چارۋىلارغىمۇ يەم - خەشەك بار بولىدۇ.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن نىياز قاراقاشنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغاچ، ئەتراپقا تويماي قارىماقتا ئىدى.

— يۈرۈڭلار، ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ كېلەيلى، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ دۆڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى ئىشارە قىلىپ.

---

① ② ③ — يۇرت ناملىرى.

ئۇلار قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇقتىكى تارچۇق چىغىر يوللاردىن ئايلىنىپ، بىرنەچچە ئايلانمىدىن ئۆتۈپ دەريا بويىغا كەلدى. دەريا سۈيى خۇددى مەڭگۈلۈك بىر لىرىك كۈينى ئورۇنداۋاتقاندەك بىر خىل رىتىمدا شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى.

— ياھ، بۇ يەر بەكلا چىرايلىقكىنە! — دېدى شېرىن ھاياجانلانغاندەك، — قارىسىلا، بېگىم، ئاۋۇ تەرەپتىكى يېشىلىك يەلپۈنۈۋاتقان قومۇشلار، يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى، زىلال سۇلار ئۈستىدە جىمىرلاۋاتقان، پېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان قۇياش نۇرى...

— راست، بۇ يەر بەكلا چىرايلىق، ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ يىلدا بىر - ئىككى قېتىم بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ تۇرىمەن. ئەنە شۇنداق چاغلاردا دەريا لېۋىدە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن شېرىن خىياللارنى سۈرىمەن. مەنمۇ شۇنداق ۋاقىتلاردا خۇددى سەن دەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك، — ئىشقىلىپ ئادەم دېگەندە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقنى ئەزىزلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان تۇيغۇ بولىدىكەن. بۇنداق ھېس - تۇيغۇ كۆچەيگەنسېرى ئۆزۈڭ چوڭ بولغان، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ قىيغىتىپ ئوينىغان، ساڭا ھالال مېھنەت ئاتا قىلغان ئەزىز تۇپراقنا، سېنى ھۆرمەتلىگەن، ئەزىزلىگەن، بېشىدا كۆتۈرگەن ئەل - شەرئىيەتكە ئاز - تولا بولسىمۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگۈڭ كېلىدىكەن. ھالبۇكى پېقىرنىڭ ئارمانى ئۇلۇغ بولسىمۇ سۈپىرىسى قۇرۇق، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى، روياپقا چىقىرىشنى ئويلىسامۇ، ئەمما ئويلىغانلىرىمنى ھەرگىز جاراستانغا

چىقىرالمايدىغاندەك، قولۇمدىن پەقەتلا ئىش كەلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن.
— شۇنداق نىيەتلىرى بولسىلا، ئويلىغانلىرىنى چوقۇم رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىلا، — دېدى شېرىن، — بىزدە «ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت» دېگەن گەپ بار. ئۆزلە بىلەن تونۇشقان ۋاقتىم ئاز، ئەسرالىشىپ هال - مۇڭ ئېيتىشقان پۇرسىتىم بەكلا ئاز بولغان بولسىمۇ، بۇ گەپلەرنى چىن يۈرەكلىرىدىن چىقىرىپ دەۋاتقانلىرى، هەرگىزمۇ ئېغىزدىكى گەپ ئەمەسلىكى مېنىڭمۇ مىسكىن قەلبىمگە ئايان، ئۆزلىرى ئويلىغان، خىيال قىلغان ئىشلارنى جاراستانغا چىقىرىدىغان كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ، تېخى!
— كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىپ تەسكىن تاپقۇزغىنىڭغا هەشقاللا. مەنمۇ شۇنداق بىر كۈنلەر كەلسە دەپ تولا ئارمان قىلىمەن، ئەمما بەزى ئىشلارنى قىلىمەن دەپلا قىلغىلى بولمايدىكەن. شەرت - شارائىت يارىتىلمىسا ئېغىزىمىزدا دېگەن بىلەن رېئاللىققا ئايلانمايدىكەن.
— نائۈمىدلىك شەيتاننىڭ ئىشى، بېگىم، زىنهار نائۈمىد بولمىغايلا، پۇرسەت دېگەن كۆپ...
— ئېيتقىنىڭ كەلگەي، شېرىن...
دەل شۇ ۋاقىتتا بىردىنلا يېقىنلا يەردىن ئاللىكىملەرنىڭ گۈدۈڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار تېزلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. يېقىنلا يەردە هۆل بولۇپ كەتكەن تامباللىرىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن سۇ ساقىپ تۇرغان، قوللىرىدا بىردىن سايغاق ۋە يېشىغا تەگمىگەن بالىنىڭ بىلىچىلىك كېلىدىغان ئىككى - ئۈچتىن بېلىق كۆتۈرۈۋالغان ئىككىيلەن پەيدا بولدى - دە، دەريا لېۋىدە تۇرغانلارنى كۆرۈپ دەسلىپىدە سەل مەڭدەپ قالغان

بولسىمۇ، لېكىن تېزلا ئەقلىنى تېپىشقاندەك سالام بېرىشتى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن سورىدى:

— قارىغاندا ئۇۋدىن قۇرۇق قول قايتماپسىلەر ـ ھە!

— ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدە نېسىۋىلىرىمىزنى ئوۋلىدۇق،— دېدى ياشتا چوڭراق كەلگەن، شاپ بۇرۇت قويۇۋالغان بىرى ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ،— مانا قارىسىلا، ئوبدانلا سەمرىگەن بېلىقلاركەن، شۇغىنىسى بۇگۈن بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىزقى توگەپ قاپتىكەن. بىزنى جاپا تارتماي ئوۋلىۋالسۇن دېگەندەك لايداڭغا چىقىپ قاپتۇ. بىزمۇ شۇ بۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ ئاسانلا سايغاقلىۋالدۇق.

— ئوبدان بوپتۇ، بۇمۇ بىزنىڭ رىزىق ـ نېسىۋىمىز.

— دەريا بويىدا ئادالاپ ئاندىن بىراقلا چۈشكۈن قىلىدىغان كەپىگە بارايلى، دەپ سەل ھايال بولۇپ قالدۇق، ھاكىمبېگىم، بولمىسا بۇ چاغقا...

— ياق، ئالدىراش يوق، مانا كۆرمىدىڭلارمۇ، مۇشۇ تاپتا بىزمۇ سەيلە قىلىۋاتىمىز.

— ئەمىسە بىز بارغاچ تۇرساق بولارمىكىن، بېگىم؟

— ئىختىيارىڭلار...

ئىككى بېلىقچى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن شېرىن خىيالىغا بىر ئىش كەچكەندەك مۇسا ھاكىمبېگىمدىن سورىدى:

— بۇ دەريانىڭ سۈيى مۇشۇ ئاقىنىچە قەيەرگە بارىدۇ، بېگىم؟

— دەريا بويىغا! — دەپ جاۋاب بەردى مۇسا ھاكىمبەگ.

— دەريا بويىغا...— شېرىن ھەيران بولدى،— بىزمۇ مۇشۇ تاپتا دەريا بويىدا تۇرساق، ئۇنداقتا...

— ھا... ھا... ھا... گېپىمنى ئوبدان چۈشەنمىدىڭ - ھە؟ بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئايىغىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەريا بويى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بار. ئۇ يەرگە ئات - ئېشەكلىك ئون ئۈچ - ئون تۆت كۈنلەردە بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر مانا مۇشۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان. دەسلەپتە ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئۆزلىرى ياشىغان ئۇ جايغا «دەريا بويى» دەپلا ئىسىم قويۇپتىكەن، كېيىن ئۆزلىشىپلا قاپتۇ. مانا بۇ دەريا مۇشۇ ئاققىنىچە دەريا بويىدا ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بار جايغا بارغاندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق ئېقىپ، ئاخىرقى ئېقىنى قاراقاش، يۇرۇڭقاش دەريالىرىغا قوشۇلۇپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىكەن.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، مانا ئەمدى چۈشەندىم،— شېرىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى،— قارىغاندا ئۇ يەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھامىيلىقىدا ئىكەن - دە؟

— شۇنداق بولماي...— نىياز قاراقاش مۇسا ھاكىمبەگ ئېغىز ئاچقۇچە ئالدىراپ جاۋاب بەردى،— دەريا بويىدىكى چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بېگىمنىڭ چارۋىسىنى باقىدىغانلار...

— ئۇلار بۇ تەرەپلەرگىمۇ چىقىپ تۇرامدۇ؟

— مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئۇ يەرنىڭ ئاقساقىلى بىلەن پەقەت ئىككى - ئۈچ دورەملا كۆرۈشتۇم. يول يىراق، جاپالىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە تەرەپباللا چىقىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا، بۇ تەرەپلەردىن قەرەللىك ھالدا ئون، مايىنى يولغا سېلىپ

تۇرىمىز. يەنە تېخى شۇ تەرەپلەرگە بېرىپ مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان رەۋەندىلەرمۇ بار.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىيالىدىن كەچكەن بىر ئۇي بىلەن يەنە ئېغىزىنى ئۇمەللىۋىدى، ئارقا تەرەپتىكى قومۇشلار شىلدىرلاپ، هايالشىمايلا بىرى پەيدا بولدى ــ دە، باشقىلارنىڭمۇ كەينىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ــ قايتايلى، ــ دېدى مۇسا هاكىمبەگ بارغانسېرى يېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، ــ ئۆللالەم باشقىلارمۇ ئوۋنىڭ خۇشاللىقىدا قورساقلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. شۇ تاپتا قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەندۇ، بۇرۇنراق غىزالىنىپ ئارام ئالايلى.

ئۇلار كەپە ئالدىغا كەلگەندە باشقىلارمۇ كېلىپ بولغانىدى. قوۋۇن قويىچى قازاندا قايناۋاتقان شورپىنى سورۇۋاتقاچقا، پىشقان گۆشنىڭ مەززىلىك هىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئۇلار بايىقى ئوۋچىلار بەرگەن سۇ بىلەن قوللىرىنى چايقىشىپ، تۈز يەرگىلا كىگىز، تىكمەت، جاۋا گىلەملەر[1] سېلىنىپ، ئۈستىگە سەرگەز داستىخان سېلىنغان يەرگە قاراپ مېڭىشتى. مۇسا هاكىمبەگ تۆرگە، باشقىلار ئاللىقاچان غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغان نىياز قاراقاشنىڭ يېنىغىلا سىغدالغان شېرىنگە قارىدى.

ــ بۇ ياققا كەل، بۇ يەردە بىللە ئولتۇرىمىز.

ــ رەھمەت، مەن مەشەدىلا ئولتۇراي، ــ دېدى شېرىن

---

① جاۋا گىلەم ــ قوي يۇڭىدىن ئېشىپ توقۇلغان بىر خىل گىلەم.

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئىلتىپاتىغا مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ.
— تولا تۇزۇت قىلما، قېنى، ماۋۇ يەرگە كەل دەيمەن، — مۇسا ھاكىمبەگ يېنىدىكى بوش ئورۇننى كۆرسەتتى.
شېرىن يەر تېگىدىن قارىشىۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېغىزىنى ئۆمەللەپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقالا ئېيتماقچى بولدى - يۇ، شۇنىڭغىچە نىياز قاراقاش ئۇنى يېنىك نوقۇدى.
— «ھۆرمەت قىلماقتىن ئىتائەت قىلماق ئەلا» دەپتىكەن، ھاكىمبېگىم ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، قېنى ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.
شېرىن ئەمدى يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، مۇسا ھاكىمبەگ كۆرسەتكەن جايغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇنىڭغىچە قوۋزان قويىچى بىلەن بايا دەريا بويىدا بېلىق تۇتقان ئىككىيلەن ياغاچ جاملاردا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، پۇرىقىمۇ ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سېرىقسۇ يىغىدىغان، يۇزىدىكى مايلار چايقىلىپ تۇرىدىغان شورپىلارنى ھەربىر كىشىگە تۇتقاندىن كېيىن، تەڭنىدە[1] سۆڭەكلىرىدىن ئاجرىلىپ پىشقان گۆشلەرنى قويدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۆزى قول سوزمىسا باشقىلارنىڭ ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە: «يا بىسمىللا...» دېگەچ بىر پارچە گۆشنى قولىغا ئالدى - دە، ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ قويدى.
— قېنى ئېلىڭلار، بىر كۈن شىكار قىلمىز دەپ

---

[1] تەڭنە — ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدىغان داس.

يۇرۇپ قورسىقىڭلار ئېچىپ قالدى. قېنى شېرىن، بولارنىڭ ھەممىسىنى دوستۇم، يېقىن سىردىشىم دەپ بىلىپ تارتىنماي باققىن.

— خاتىرجەم بولسىلا، سوغۇققا، پوقاققا، قورساققا ئاۋىي يوق ئەمەسمۇ، بېگىم، مەن گېلىمغا كەلگەندە ئۇتتۇرۇۋەتمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا قېنى ئەمىسە...

شېرىن يېنىدىكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەپلىكرەك ئولتۇرالمايۋاتقان كىشىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قېنى، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن!

ئۇلار بىر - بىرىنى «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ يۇرۇپ، بىردەمدىلا تەڭنىدىكى گۆشلەرنى يەپ بولۇپ، شورپىلارنى ئىچىشتى.

— ئەگەر كۆڭۈللىرى تارتسا ئوچاققا بىرنەچچە كۆمەچ كۆمەمدۇق؟ — قۇۋان قويچى قول قوۋۇشتۇرغىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇپ مۇسا ھاكىمبەگلەردىن سورىدى.

— بولدى، ئاۋارە بولما ئەمدى، بايا ئوۋلىغان توشقان گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېسەك بولىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ «ياتار قورساق، كېتەر قورساق» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟!...

— ئوبدان گەپ قىلدىلا، ئوۋچى دېگەن ئۆزى ئوۋلىغان نېمەتلەرگە ئېغىز تەگسە بەكمۇ تاتلىق تېتىيدۇ.

— «ئەجرىمە ئەزىم» بولغاچقا تاتلىق تېتىيدۇ.

— راست، توشقان كاۋىپى بەك تاتلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە تولىمۇ يېيىشلىك.

— يەنە تېخى ئىچ - قارنى ئېلىنىپ، پاكىز تازىلاپ

قويۇلغان بىلىقمۇ بار. بىلىقنى قازاندىكى ياغدا قورۇپ ئەمەس، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرسا تەمى ئوبدان بولىدۇ.
— راست، ئۆتكەن يىلىمۇ ھاكىمبېگىم بىلەن ئوۋغا چىققاندا يېگەن بېلىقنىڭ تەمى ھازىرغىچە ئېغىزىمدا بار. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم بېلىق گۆشى يېدىم - يۇ، لېكىن ئاشۇ ۋاقىتتىكىدەك تەملىك ئەمەس!
باشقىلار خۇددى ئۆگىتىلگەن شاتۇتىدەك سۆزلەپ كېتىشتى. مۇسا ھاكىمبەگ بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلىشىۋاتقانلارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ ئولتۇرغان شېرىننى نوقۇدى.
— سېنىڭچە شۇنداق قىلامدۇق، شېرىن؟!
— ئۆزلە نېمە دېسىلە شۇ، ھاكىمبېگىم.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، شېرىن؟
— ئۆزلە دېگەن بىر يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارى، ھۆكۈمدار دېگەننىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز كىرىچتىن ئايرىلغان ئوققا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئىشتا مەسلىھەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئۆزلە نېمە دېسىلە بىز پەرماننى ئورۇنلاشقا تەييار.
— ھا... ھا... ھا... ھەرقانداق گەپنى ئۇدۇل، تۈزلا قىلىدىكەنسەن، قارىغاندا مەنمۇ دېگەن سۆزۈمدىن يانمىسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. قېنى ئەمىسە، ئاۋۇ تەرەپكە گۇلخان ياقايلى.
نىياز قاراقاش ئورنىدىن تۇردى - دە، سەل نېرىراقتا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتقان قۇۋان قويچى بىلەن بىللە تۇرغان ئىككىيلەننىڭ قېشىغا باردى - دە، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. ئۇلار نىياز قاراقاشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېزلا كەينىنىڭ ئارقا

تەرىپىگە ئۆتۈپ، بىردەمدىلا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يۇلغۇن كۆتەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ ئوت ياقتى. ئوت دەسلىپىدە تۇتەپ ئاستا ـ ئاستا يېلىنجىغان بولسىمۇ، بىردەمدىلا گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا نىياز قاراقاش پىچاق بىلەن قىرىپ تەييارلىغان يۇلغۇن زىخلارغا ئاللىقاچان سويۇلۇپ، ئىچ ـ قارنى ئادالانغان توشقانلارنى ئۆتكۈزدى ـ دە، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇشقا باشلىدى.

— قېنى باقلى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ سارغىيىپ پىشقان، بىر قاراشتىلا ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدىغان توشقان كاۋىپىغا قاراپ.

— ئاۋۋال ئۆزلە تېتىپ باقسىلا،— دېدى شېرىن.

— شېرىن توغرا دەيدۇ، سىلى قول سوزۇپ بەرمىسىلە، باشقىلار خىجىل بولۇپ قالىدۇ،— دېدى ئورايىم بەگمۇ،— قېنى ئاكا، ئاۋۋال سىلىدىن كەلسۇن.

— ماقۇل ئەمىسە، يا بىسمىللا...— مۇسا ھاكىمبەگ توشقان كاۋىپىنى ئېلىپ كەينى پۇتىنى ئاجراتتى ـ دە، باشقىلارغا تەكشى قارىدى.

— ئەمىسە ھەممىيلەن بەھۇزۇر يېقىڭلار.

مۇسا ھاكىمبەگنى مەركەز قىلىپ ئولتۇرۇشقانلار بىر ـ بىرىنى «ئالسىلا، باقسىلا» دېيىشىپ، سىڭىپ پىشقان، يېگەنسېرى ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ تۇرىدىغان توشقان كاۋىپىغا ئېغىز تېگىشتى. شۇنىڭغىچە ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان بېلىق كاۋىپىمۇ تەييار بولدى. مۇسا ھاكىمبەگ بېلىققا راستتىنلا ئامراقمۇ ياكى باشقىلارنىڭ ھە دەپ توشقان گۆشى يەۋاتقانلىقىنى كۆردىمۇ، ئەمدى بايىقىدەك تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا ئالدىدىكى تەڭنىدىكى سارغىيىپ پىشقان بېلىق

كاۋىپىدىن بىر پارچە ئالغاندىن كېيىن، تەڭنىنى شېرىن تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ يېيىشكە باشلىدى.

ئۇلار كەچلىك غىزاسىنى يەپ دۇئا قىلغاندا ئەتراپنى تامام قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. ئەتراپ قازان دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنەتتى. بىپايان ئاسمان سەتھىسىدە يۇلتۇزلار بىر ـ بىرىگە شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىۋاتقاندەك جىمىرلايتتى.

ــ ئەمدى بۈگۈنكى قازا نامازلىرىمىزنى ئۆتىۋالايلى، ــ دېدى ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى خېلى ئۇزاق يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاچقا، ئۇيۇشۇپ سىرقىراۋاتقان پۇتلىرىنى بوش ـ بوش تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن.

ــ شۇنداق قىلايلى، مەنمۇ شۇنداق قىلايلى دەي دەپ تۇراتتىم.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن قوۋزان قويچىنىڭ كەپىسى تەرەپكە مېڭىشتى.

كېچە، ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتلىققا چۆمگەنىدى. ناگان ـ ناگاندا پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرىنى، چېكەتكىلەرنىڭ چېرىلداشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئەتراپ ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. ئۇۋغا چىققانلارنىڭ بەزىلىرى كەچلىك غىزا يېگەن جايىدىلا يېتىپ قېلىشقانىدى. مۇسا ھاكىمبەگ شېرىنىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قوۋزان قويچىنىڭ كەپىسىگە باشلاپ كىرگەنىدى. كەپە سىرتتىن قارىغاندا كىچىكرەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچى خېلى كەڭتاشا ئىدى. شۇ تاپتا تۆر تەرەپتە ياتقان مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن ئورايىم بەگ خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. شېرىن دەسلىپىدە خىيال سۈرۈپ ئۇيقۇسى قاچقان بولغاچقا، بىردەمدىن كېيىنلا

ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بەسلەشكەندەك خورەك تارتىشى بىلەن ئۇخلىيالمىغانىدى. «ئۆزىغۇ خېلى كەڭرى بىر زېمىننىڭ ھاكىمبېگى بولغىنى بىلەن گەپ ـ سۆزى جايىدا، كۆپنى كۆرگەن، كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئادەم ئىكەن. مەن بۇ يۇرتقا كەلگەندىن بېرى ئىززىتىمنى قىلىپ ۋاي شىرىن دەپلا يۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنداق كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار؟ مەن بۇنىڭغا راستىنىلا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەگەر ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ مېنىڭ جان قايغۇسىدا بېشىم قايغان، پۈتۈم تايغان يەرلەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان سالپا ـ سایاق ئادەملىكىمنى بىلسە، ئۇ چاغدا ماڭا ھازىر كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپات ـ شاپائەتلەرنى كۆرسىتەرمۇ؟! ياق، مەن ھاكىمبەگ ئەسلىي ـ نەسلىمنى بىلىپ بولغۇچە بۇ كېرىيە زېمىنىدىن كەتسەم بولاتتى. ئەمما، ھازىر كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىق بولغىنى بىلەن كېچىدىكى سوغۇق ئەتنى خېلى قورۇۋاتىدۇ. يەنە ئاز كۈندىلا سوغۇق رەسمىي باشلىنىپ كەتسە، ئۇ چاغدا بارىدىغانغا بىرەر ئىسسىق ئۇۋا بولمىسا بولمايدۇ. ئاھ، بۇ دۇنياغا تولىمۇ بىتەلەي تۆرىلىپ قالغانىكەنمەن. ياش ۋاقىتلىرىم بولسىغۇ بىر نۆرى ئىدى. يېشىم ئاتمىشلاردىن ئېشىپ، پۇت ـ قوللىرىمدا ماغدۇر قالمايۋاتقان بۇنداق ۋاقىتتا بۇ تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ بېشىمغا كەلگىنىگە نېمە دەي؟... ھەي تەتۈر پەلەك، ئەمدى قانداق قىلاي؟... يۇرتقا قايتىپ بالىچاقىلىرىمنى تېپىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كۈنلەر قاچان كېلەر... قارىغاندا بۇنداق سەرسانلىق پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن چېغى. بۇنى تارتماي ئىلاجىم يوق ئوخشايدۇ. ئىشقىلىپ، كۆزۈم يۇمۇلغىچە يۇرتۇمغا

قايتىپ، كۆڭلى تۇز، بىر قارىشىم بىلەنلا كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ، نىمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى سېزىپ بولىدىغان ئايالىم بىلەن نەۋرە يۈزى كۆرگەن ئوغلۇم، مەن تېخى گەدىنىمدىكى قەرزىمنى ئادا قىلىپ بولالمىغان ناتىۋان قىزىمنى كۆرگىلى ئۆمۈر يار بەرسە بولاتتى.... ئاھ خۇدا! بۇنداق كۈنلەر قاچانمۇ كېلەر!...» شېرىنىنى بىردەمدىلا يېنىك تىترەك بېسىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولۇپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۈمچەيدى ـ يۇ، يىغلاپلا سالسا مۇسا هاكىمبەگنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك باش بارمىقىنى چىشلىدى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىچلىرىنى قېنىدىن چىقىرىپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ بوينىغا تەڭلەپ تۇرغان جاللات، يەرگە دومىلاپ چۈشكەن باش، يەرنى بىردەمدىلا كىگىز ئورنىچىلىك بويىغان قان... كۆيۈۋاتقان ئۆيلەر، قېچىۋاتقان ئادەملەر، كوچىلاردىكى سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەر زاھىر بولۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى ـ يۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك ئۇھ تارتتى.

— تېخى ئۇخلىمىغان ئوخشىمامسەن، شېرىن؟ — تۇيۇقسىز مۇسا هاكىمبەگنىڭ غارالڭ ـ غۇرۇلڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شېرىن مۇسا هاكىمبەگنىڭ بىردىنلا ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، تېزلا جاۋاب بەردى.

— ھەئە، مۇسا بېگىم، ئۇيقۇم كەلمىدى.

— بولار ـ بولماس خىيالنى قويۇپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئۇخلىساڭ بەلكىم ئۇيقۇڭ كېلىپ قالار.

— باشقا چاغ بولسىغۇ بۇنداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ بولاتتىم، بىراق بۈگۈن ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك

ئەمەس، — دېدى شىرىن ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەك ئاۋازدا، — ئۆزۈم ئۇخلىيالمىغاننى ئاز دەپ ئۆزلەنگمۇ ئۇيقۇلىرىنى بۇزۇپتىمەن...

— ياق، مەن ئۆزۈم ئويغىنىپ كەتتىم، كۆزۈمنى يۇمسام بىردەمدىلا ئۇخلاپ بولىمەن. سەنمۇ ئىلاج بار ئۇخلىغىن، شىرىن، ئەتە ئۆللالەم ئوۋ بەك قىزىيدۇ، ئوۋنىڭ قىزىقچىلىقىدا بەكلا ھېرىپ كېتىسەن.

— ماقۇل، بېگىم، ئۇخلاي...

مۇسا ھاكىمبەگ بىردىنلا جىمىپ قالدى ـ دە، يېنىك نەپەس ئالدى.

شىرىن ئىلاج بار ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشتىنمۇ قېينالغاندەك كەپىنىڭ ئۇستىدىكى شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىدىن كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتتى ـ دە، ئۇنسىز شىۋىرلىدى.

— ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بار. بىر تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن بۇرۇن كۆرۈش تۇگۇل ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان نۇرغۇن يۇرتلارنى كېزىپ، ھالا بۇگۇنگە ئۇلىشىپتىمەن. يەنە يەيدىغان رىزقىم، كۆرىدىغان كۇنۇم بولسا كېيىنچە چوقۇم يۇرتۇمغا قايتىمەن...

# تۆتىنچى باب

## سەپەر قويچى ئېيتقان ھېكايە

ئەتىسى شېرىن ئويغانغاندا كەپىنىڭ ئاراچىلىرىدىن كىرگەن كۈن نۇرى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ تېزلا يان تەرىپىگە قارىدى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن ئورايىم بەگنىڭ ئاللىقاچان ئويغىنىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ دېگۈدەك تۇردى.

— ئوبدان ئۇخلاپسەنمۇ، شېرىن؟ — دەپ سورىدى شېرىن كەپىدىن چىققاندا ئاللىقاچان بامدات نامىزىنى ئۆتەپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەن مۇسا ھاكىمبەگ.

— ئوبدان ئۇخلاپتىمەن، شۇغىنىسى...

— كېرىكى يوق، كېچىدىن ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭغا يېقىن ئۇخلىدىڭ ھەرقاچان، شۇڭا مەنمۇ قېنىپ ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمايلا چىقىپ كەتتىم. ئاۋۇ يەردە سۇ بار ئىكەن، يۈزۈڭنى يۇيۇۋالامسەن؟

— رەھمەت، بېگىم، مەن دەريا بويىغا بېرىپ كېلەيمىكىن!

— مەيلى، ئەتراپنى ئايلانغاچ، بۇ يەرنىڭ ئەتىگەنلىك ھاۋاسىدىن ھوزۇرلىنىپ كەل.

شىرىن ئاخشام مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن ماڭغان قومۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن بىردەمدىلا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، بىر خىل تەرزدە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، مۇزدەك سۇ بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئوچۇم سۇ ئىچتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقلارغا قاراپ يەنە بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن كەينىگە ياندى.

ئۇ كەپە ئالدىغا كەلگەندە باشقىلار ئاللىقاچان ناشتا قىلىشقا تەرەددۇتلانغانىدى. ھەممەيلەن ئاخشام قانداق ئولتۇرغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ئولتۇرۇشقان بولۇپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېنىدىكى ئورۇن بوش ئىدى. شىرىن بۇ ئورۇننىڭ ئاخشامقىدەكلا ئۆزىگە قالدۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا شۇ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇلار سوغۇق گۆش بىلەن ئاخشام ئېشىپ قالغان توشقان كاۋىپىنى مەززە قىلىشىپ ناشتا قىلىشتى ـ دە، دۇئادىن كېيىنلا ئوبدانلا ھاردۇقى چىقىپ قالغان ئاتلىرى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

— بۈگۈنمۇ تۈنۈگۈنكىدەك بۆلۈنۈپ ئوۋ قىلايلى. كەچتە ھەسەن ـ ھۈسەن كۆلى بويىدىكى دۆڭنىڭ باغرىدا كۆرۈشەيلى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ نىياز قاراقاش ئاللىقاچان توقۇپ تەييار قىلغان ئاتنىڭ باشبېغىغا قول ئۇزاتقاچ،— ھەممەيلەن بىخەتەرلىككە دىققەت قىلارسىلەر.

— ماقۇل ئاكا، دېگەنلىرىچە بولسۇن،— دېدى ئورايىم بەگمۇ.

ئۇلار قوۋزان قويچىنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى ئۆزلىرىنى

ئوبدان كۆتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى ـ دە، ئاتلىرىغا مىنىشىپ، تۆنۈگۈنكىدەك بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئېتى بىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ ماڭاتتى. شېرىن يېنىدا ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ كېتىۋاتقان نىياز قاراقاشتىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن ئېتىنى دېۋىتىپلا كېتىۋاتاتتى. تۆنۈگۈن يولغا چىقا ـ چىقمايلا يىقىلىپ چۈشۈپ شېرىننى ئوڭدا قويغان چىرچاڭغۇ ئات مۇشۇ تاپتا نىياز قاراقاشنى كۆتۈرۈپ يورغا مېڭىشىدا كېتىۋاتاتتى. «قارىغاندا مەن ئۇ ئاتنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلمىگەچكە يىقىلىپ چۈشكەن ئوخشايمەن. مانا ھازىر ماۋۇ ئات نىيازغا ماسلىشىپ، بىر ئوبدان كېتىۋاتامدۇ؟... يا تۆنۈگۈن مەندەك تېگى ـ تەكتىنى ئوبدان بىلمەيدىغان كەلگۈندىنى سىناپ باققانمىكىن...» شېرىن ئۆز خىيالىدىن ھەيران بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئۇلارغا سوڭدىشىپلا كېتىۋاتقان نىزامىدىن باخشى پەسرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئېتىنى توختاتتى. ئەتراپقا خۇددى قولىدىكى قارچىغىدەك تېزلىكتە قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەتراپتا قانداقتۇر بىرەر غەيرىي تىۋىشنى ئاڭلاپ قالغاندەك قاناتلىرىنى كېرىشكە تەييارلىنىۋاتقان قارچىغىنىڭ بېشىدىكى تېرە بۆكنى ناھايىتى تېزلىكتە ئېلىۋېتىپ، ئاسمانغا ئاتتى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنى ئېگەرگە تاشلاپ، پۇتلىرىنى ئۇزەڭگىگە سېلىپ ئۈلگۈرۈپ، ئېغىزدۇرۇقنى كۈچ بىلەن سىلكىپ، قاناتلىرىنى كېرىگەن پېتى ئاللىقاچان كۆك قەرىگە چىقىپ كەتكەن قارچىغا تەرەپكە ئات سالغاچ ۋارقىرىدى:

— بېگىم، ئاۋۇ تەرەپتە توشقان بار ئىكەن.

نىزامىدىن باخشىنىڭ ئېتى بىردەمدىلا دۆڭدىن چۈشۈپ، پاكار ئۆسكەن قومۇشلۇق ئىچىگە شۈڭگۈدى. باياتىن بىرى ئالدى تەرەپنى نىشانلاپلا كېتىۋاتقان مۇسا هاكىمبەگ «شارتتىمدە» ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى ــ دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. شېرىن بىلەن نىياز قاراقاش، ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا كېتىۋاتقان ئىككىيلەنمۇ ئاتلىرىنى تېقىمدىغاچ قامچا سالدى.

ــ چۇھ جانىۋار، چۇھ...

ئۇلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ، كۆن چۈشتىن ئاشقاندا ئوندەك توشقاننى ئوۋلاپ ئۇلگۇرگەنىدى. شۇ تاپتا ئاتلارنىڭ يايلىرى ئارىسىدىن تەر تامچىلىرى سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تۇياقلىرى قىزىغانسېرى هېرىپ قالغانلىقىنى سېزىشمىگەندەك ئىگىلىرى بېشىنى قاياققا بۇرىسا، شۇ تەرەپكە چاپقىنىنى چاپقانىدى.

ــ بۈگۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك كۈن بولدى، ــ دېدى مۇسا هاكىمبەگ خىزمەتكارىنىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويۇلغان تۇلۇمدەك سېمىز توشقانلارغا قاراپ قويۇپ، ــ قارىغاندا كەچكىچە ئوۋمۇ خېلى ئوبدانلا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ راست دېدىلە، بېگىم، ئۆتكەن يىلى بۇ تەرەپلەردىن بۇنچىلىك سەمرىگەن توشقان ئۇچرىمىغانىدى. ئەگەر شۇ چاغدا قۇۋان قويچىنىڭ قۇرۇپ قويغان قىسمىقىغا چۈشكەن توشقانلار بولمىغان بولسا قۇرۇق قول قايتقان بولاتتۇق، ــ دېدى نىياز قاراقاش، ــ كۈن تېخى ئەمدى چۈشتىن ئازراقلا قىيىلدى. چۈشكۈن قىلىدىغان هەسەن ـ هۈسەنگە بارغۇچە يەنە خېلى ئۇزۇن مۇساپە بار.

رىزقىمىز بولسا بۇنىڭدىن يوغان، تېخىمۇ سەمرىگەن توشقانلار چوقۇم ئۇچرايدۇ، قالدىسى...

— ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە شەپە باردەك...— دېدى نىزامىدىن باخشى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەستىنلا ئالدى تەرەپنى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ،— قاراڭلار، ئەنە... ئەنە...

شېرىن ئۇ ئىما قىلغان تەرەپكە قارىغان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى.

— قەيەردە؟— دەپ سورىدى شېرىن قومۇش، يېسىلغاق ۋە ئاندا ـ ساندا يۇلغۇن ئۆسكەن دالاغا قاراپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماي.

— ئاۋۇ يەردە... ئەنە ئاۋۇ قىزىل كۆرۈنگەن يۇلغۇن تەرەپكە قارىسىلا... ئەنە...ئەنە... تۈلكە... تۈلكەن...— نىزامىدىن باخشى قارچىغىنى ئاسمانغا ئاتتى ـ دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. قارچىغا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، پەسكە قاراپ شۇڭغۇپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى ـ دە، يەنە تېزلىكتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

— ھەتتىگەي، قارچىغىنىڭ كۈچى يەتمىدى...— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئېتىنى چاپتۇرغاچ، ئۆزىنىڭ يېنىدىلا كېتىۋاتقان شېرىن ئاڭلىغۇدەك ھالدا،— ئەمدى ئوقيا ئىشلەتمىسەك بولمىدى، قېنى ئوقيا... ئوقيانى كەلتۈرۈڭلار.

تەرلەپ كەتكەن ئېتىنى چاپتۇرۇۋاتقان خىزمەتكارلارنىڭ بىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قولىدىكى ئېغىز دۇرۇقنى كۈچ بىلەن تارتتى. بار كۈچى بىلەن چېپىۋاتقان چىپار ئات بۇ زەربىدىن چۆچۈگەندەك ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈستىدىكى ئىگىسىنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ماموٗت، تېز بول... تېز... نېمە ئەزمىلىك قىلىسەن؟ — ئېتىنىڭ سۇرئىتىنى ئاستىلاتقان بولىسىمۇ، ئەمما قارچىغا بىردە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسلەپ تۇرۇۋاتقان تەرەپكە قارىغاچ مېڭىۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگ ئاچچىقى كەلگەندەك ۋارقىرىدى، — ھېلى بىكار پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى يەرگە قويۇشى بىلەن تەڭ ماموٗتمۇ تونوگۇن يولغا چىققاندەكلا ئېگەرنىڭ ئالدىغا غانجۇغىلىۋالغان ئوقيانى ئالدى ـ دە، دومبىسىگە ئېسىۋالغان ئوقدانىدىن ئۇچىغا چىرايلىق تۆمۈر ئورنىتىلغان ئوقتىن بىرنى سۇغۇرغاچ ئېتىنى تېقىمداپ چاپتۇرغان پېتى مۇسا ھاكىمبەگكە يېقىنلىشىپ، ئوقيا بىلەن ئوقنى سۇندى. مۇسا ھاكىمبەگ ماموٗتنىڭ قولىدىن ئوقيانى ئېلىپ، ئوقنى كىرىچكە باسقاندىن كېيىن ئاتنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ كۈچ بىلەن تېقىمدىدى ـ دە، قارچىغا بار تەرەپنى كۆزلەپ ئات سالدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇشتى. قارچىغا ھېلىھەم بىر پەسلەپ، بىر ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بارا ـ بارا مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن قارچىغىنىڭ ئارىلىقى يېقىنلاشتى. ئۇ شۇ چاغدىلا باياتىن بېرى ئۆز قارچىغىسىغا بويۇن بەرمەيۋاتقان تۈلكىنى ئېنىق كۆردى. تۈلكىمۇ ئاتلارنىڭ بار كۈچى بىلەن دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىغان چېغى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاچماقتا ئىدى. قارچىغا يەنە پەسلىدى ـ دە، تۈلكىگە قاراپ ئېتىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قامااللىدى. دەل شۇ چاغدا تۈلكە دەسلىپىدە سەل زوڭزىيىپ قېلىپ مۇدۇرۇپ كەتكەندەك يىقىلدى ـ دە، قارچىغىنىڭ تىرناقلىرىدىن

قۇتۇلۇپ ئالدىغا ئېتىلدى. قارچىغا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا مۇسا هاكىمبەگ بىلەن تۈلكىنىڭ ئارىلىقى خېلى يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇسا هاكىمبەگ بىلەن مانا مۇشۇنداق ئوۋلاردا، ئوغلاق تارتىشىشلاردا بىللە بولۇپ ئۆز ئىگىسىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى پىششىق ئىگىلىگەن چىلان تورۇق تۈلكىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ چاپماقتا ئىدى. مۇسا هاكىمبەگ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتقان تۈلكىگە قاراپ كىرىچىنى يەنە چىڭىتتى - دە، قولىلىرىنى قويۇۋېتەي دېگەندە، ئويلىمىغان يەردىن قارچىغا يەنە پەسلەپ تۈلكىگە ئېتىلدى. مۇسا هاكىمبەگ ئوقنىڭ ئامراق قارچىغىسىغا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بىراق، بۇ قېتىممۇ تۈلكە قارچىغىغا بويۇن بەرمەي خېلى ئۇياققا، هېلى بۇياققا قېچىپ باققان بولسىمۇ، قارچىغا ئۇنى باسماقچىلاپ بېسىۋالدى. تۈلكە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن خېلى تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن قارچىغىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى چىڭ قاماللىۋالغاچقا، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قانداق ئىشلار يۈز بەردى، بۇنى مۇسا هاكىمبەگ كۆرەلمەي قالدى. تۈلكە ئاجايىپ بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى تەرەپكە گۇۋۇلدى - دە، ئۇستىدىكى قارچىغىنى ئىرغىتىۋەتتى. ئۆز رەقىبىگە ئامال قىلالمىغان قارچىغا يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. كۈتۈۋاتقان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلغان مۇسا هاكىمبەگ ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى هېس قىلىپ، كىرىچنى يەنە بىر رەت چىڭىتتى - دە، قويۇۋەتتى. قىزىل يولغۇندىن كۆكۈل قويۇپ قىرىلغان، ئۇچىغا

تۆمۈر ئوق بېكىتىلگەن يا ئوقى ۋىشىلداپ ئاۋاز چىقارغىنىچە ئۇچتى. بۇ چاغدا مۇسا هاكىمبەگمۇ، باشقىلارمۇ ئوقنىڭ كەينىدىن ئات سالغانىدى. ئوق تۈلكىگە تەگدى بولغاي، بىردىنلا تۈلكىنىڭ ئىچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى. ئۇلار تۈلكە بار جايغا يېتىپ كەلگەندە، تۈلكە جان تالىشىپ نالە قىلىۋاتاتتى. ئوق ئۇنىڭ قورسىقىغا تېگىپ قان بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى توختىتىپ، نالىسى بارغانسېرى پەسىيىۋاتقان تۈلكىگە قاراپ تۇرۇشتى.

— ھەتتىڭەي، تېرىسى بىر چىرايلىق تۈلكىگە نەق تەگكۈزەلمەي قاپتىمەن دېسە...، ئەسلىي بېشىنى چەنلەپ ئاتقانىدىم. تازا بىر ئىش بوپتۇغۇ بۇ... — دېدى مۇسا هاكىمبەگ ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ، — ئەمدى بۇ تۈلكىنىڭ تېرىسى كارغا كەلمەيدىغان بولدى — دە!...

— ئۇنداق بولمايدۇ، هاكىمبېگىم، — دېدى مامۇت، — تېرىنى ئىشلەتكەندە، ئوق تەگكەن يېرىنى بىلىندۈرمەي يامىۋەتسەك چاتمايدۇ.

— ھېلىمۇ تۈلكىگە تەگكۈزدىلە، بېگىم، — دېدى شېرىن يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان تۈلكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — يا ئوقى ئېتىشقا ئۇستا ئىكەنلا.

— ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك قويغىنا بۇ گەپنى... — دېدى مۇسا هاكىمبەگ بېشىنى چايقاپ، — مەن تولىمۇ هاماقەت، يارىماس تۇغۇلۇپ قالغان بەندە ئىكەنمەن. ئاتا — بوۋىلىرىمىزدىن كۆچەت پالۋان دېگەن ئادەم داچەن پۇلىنىڭ تۆشۈكىدىن يا ئوقىنى ئۆتكۈزەلەيدىكەن. يەنە تېخى بىر قېتىملىق جەڭدە سىڭگى دېگەن بىر قالماقنىڭ كۆزىگە ئوقنى دەل تەگكۈزگەنىكەن.

— ياپىرىم، ئەجدادلىرىنىڭ ئارىسىدا كاماندارلىقتا

مۇشۇنداق ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرگەنلەرمۇ باركىنە،— دېدى شىرىن ھەۋەس قىلغاندەك،— بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

— سىلى تېخى بىلمەيلا، شىرىن،— دېدى نىياز قاراقاش،— مۇسا بېگىمنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەرمۇ خېلى بار. ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئەۋلادلىرى دېسە ئۇ يېقى يەكەن ـ قاغىلىق، بۇ تەرىپى چەرچەن ـ چاقىلىقىچە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق جىمى ئاۋام بىلىدۇ.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ، نىياز،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ سەل تىرىككەندەك،— ئۇلارنى سەن دېگەندەك كۆپ كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنى راست، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ بىلىپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، بۇ ھالەتلەر ئىنىم بىلەن مېنىڭ ۋاقتىمغا كەلگەندە... ھەي، ئىسستەي... ئىسست... مەنمۇ ئاشۇلار قىلالىغان ئىشلارنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلالىغان بولسام بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم.

شىرىن ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى يېنىك چايقاۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگنىڭ چىرايىدىكى ئۆكۈنۈش ئىپادىسىنى كۆرۈپ گەپ قىلماقچى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھەققىدە سورىماقچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، لېكىن يەنە شىكارغا ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىشلارنى سوراشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ توختاپ قالدى.

— تۆلكىنىڭ تىرىسىنى شىلىۋېلىپ كەينىمىزدىن بارغىن،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ماتۇقا قاراپ،— بىز ھەسەن ـ ھۈسەن تەرەپكە ماڭغاچ تۇرايلى.

— ماقۇل، بېگىم...— ماموت بېشىنى ئەگدى. بۇنى كۆرۈپ مۇسا ھاكىمبەگ ئالدىقاچان قارچىغىنى قولىغا قوندۇرۇپ ئۆلگۈرگەن نىزامىدىن باخشى بىلەن ئۆزىگە ھەۋەس، قىزىقىش بىلەن تىكىلىپ تۇرغان شېرىنغا قاراپ قويدى - دە، ئېتىنى دېۋىتكەچ بۇيرۇق قىلغاندەك ئېغىز ئاچتى:

— ئاتلىنايلى!

ئاتلار قوزغىلىشتى. ئۇلار ئاتلارنى ئۆزىنىڭ يورغىلاپ مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ بىردەم ئۇن - تىنسىز مېڭىشتى. شۇ تاپتا شېرىن بايا مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن نىياز قاراقاشىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلىغاچ ماڭماقتا ئىدى. «قارىغاندا مۇسا بېگىمنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن باشلاپ بۇ يۇرتتا مەن - مەن دەپ ياشىغان ئادەملەردىن ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، باشقا جايلاردا جاھان مالىمان، پاتىپاراقچىلىق بولۇۋاتقان كۈنلەردە كېرىيە دېگەن بۇ يۇرتنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تىپتىنچ تۇرۇۋاتقانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قارىغاندا بۇمۇ مانا مۇشۇ مۇسا بېگىمنىڭ تۆھپىسى ئوخشايدۇ. بىر ئامال قىلىپ بۇ سىرلارنى ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاپ باقسام بولغۇدەك...»

ئاتلار بىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ مېڭىۋاتاتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ھېچكىمنىڭ گەپ قىلماي مېڭىۋاتقانلىقىغا قاراپ زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ قالدىمۇ ياكى قونالغۇغا بالدۇرراق بېرىشنى نىيەت قىلدىمۇ، ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئېلىپ قويۇلغان، قوي ئۈچىيىدىن گۈل چىقىرىپ سىپتا توقۇلغان زەي قامچىنى ئېلىپ، ئاتنىڭ سۆڭگۈچىگە يېنىك سالدى.

— چۇھ جانىۋار... چۇھ...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئېتى بىردىنلا مېڭىشنى

تېزلىتىپ، بىردەمدىلا يۇگۇرۇشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئاتلىرىغا قامچا سالدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق يول يۇرۇپ، بەزىدە توشقان ئوۋلاپ، بەزىدە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، يىراقتىن قارىسا كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز دۆڭنىڭ يېنىغا كەلگەندە، تۇنۇگۇن دەريا بويىدا مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن شېرىنگە ئۇچرىغان ئىككى بېلىقچى يەنە ئىككىيلەن بىلەن بىللە تۇنۇگۇنكى يوغان قازانغا ئوت قالاۋاتاتتى. ئۇلار مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۇگۇرۇشتى ـ دە، ھەربىرى بىردىن ئاتنىڭ باشبېغىغا قول سوزۇشتى. مۇسا ھاكىمبەگ ساقاللىرى ئاقارغان ياشانغان ئادەمنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ تىنچلىق سورىدى:

— ئىشلىرى قانداقراق، سەپەر بوۋاي؟

— ئالدى بىلەن ئاللانىڭ، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىدا ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، مۇسا بېگىم.

— بۇ يىل چارۋىلار ئوبدانمۇ؟

— ئوبدان، قىشتىن تۆللىگەن تۆللەرنىڭ ھەممىسى ھازىر قاتارغا قېتىلىپ بولدى. ئالدىنقى كۈنلەردە قارىسام قويلارنىڭ ھەممىسى بوغاز ئىكەن، سۇۋاي قالغىنى يوق ئىكەن. قارىغاندا خۇدايىم بۇيرۇسا، قويلار كېلەر يىلى بۇ يىلقىدىن بىر ھەسسە ئاۋۇغۇدەك، بېگىم.

— ئۆزلىرىمۇ بىردەم بىكار تۇرمايدىغان، ئولتۇرسىلا ـ قوپسىلا ماللارنى ئوبدان بېقىپ سەمرىتىپ، بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ كويىدا يۇرىدىغان ئادەم. بۇ دۇنيادىكى ئىشلار شۇنداق. ئادەمنىڭ رىزىق ـ نېسىۋىسىمۇ شۇ ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا بېقىپ بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟

— ماختىغانلىرىغا ھەشقاللا، بېگىم، ئەتىگەندىن بېرى ئوۋ قىلىمەن دەپ چېپىپ يۈرۈپ تازىمۇ ھېرىپ - ئاچقانلا، قېنى، پېقىرلىرىنىڭ بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان، سېلىنچىدىن باشقا ھېچقانداق بىساتى بولمىغان غېرىب كەپىسىگە پايى قەدەملىرى يەتكەي، مۇسا بېگىم.

— ماشائاللا، ئۆزۈممۇ بۇ قېتىمقى ئوۋ داۋامىدا ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ، گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭلىشىمەن دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، مانا قۇتلۇق پەيتتە كۆرۈشتۇق. چىرايلىرى ئوبدان تۇرۇپتۇ، قارىغاندا سالامەتلىكلىرى ئوبدان ئوخشايدۇ.

— دېگەنلىرى كەلگەي، ھاكىمبېگىم، يالغان سۆزلىگىنىم ئەمەس. مۇشۇ كەملەردە كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، خۇلق - مىجەزىم، كۈچ - ماغدۇرۇم بۇرۇنقى قىران - نەۋقىران ۋاقىتلىرىمغا قايتىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمەن...

— ھا... ھا... ھا... ئۆزۈم قېرىسامۇ كۆڭلۈم قېرىمىدى، دېمەكچىمۇ سىلى، سەپەر بوۋاي؟

— تاپتىلا، ھاكىمبېگىم، قورساق توق بولسا كۆڭۈلمۇ شوخ بولىدىكەن ئەمەسما؟ گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزلىرىنى غېرىبانە كەپەمگە باشلاشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. كەم ئەقىل، ئىش كۆرمىگەن ئادەممەن، «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان مەندەك تېجىمەل قېرىنى كەچۈرسىلە، ھاكىمبېگىم!...

— يوقسۇ، قارىسىلا دېگەن گەپلىرىنى... — مۇسا ھاكىمبەگ كۈلگەچ ھە دەپ ئوچاقتا ئوت قالاۋاتقانلارنىڭ

يېنىغا كەلدى ـ دە، يۈزىگە قازاننىڭ قارىسى يۇقۇپ قالغان، چىرايىدىن بىر خىل تۇرگۇنلۇك، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان يىگىتكە قارىدى. ــ قانداق، غىزا تەييار بولاي دەپ قالدىمۇ، باراتباي؟

ــ مانا قازان قايناي دەپ قالدى، باشقىلار كەلگىچە قازاننى قاينىتىپ، گۆشنى مىلىق ـ مىلىق پىشۇرۇۋېتىمەن، بېگىم.

ــ هە، ئوبدان... ئوبدان بوپتۇ.

ــ سىلىگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، بېگىم، ــ دېدى سەپەر بوۋاي مۇسا هاكىمبەگكە قاراپ بېشىنى ئېگىپ.

ــ قېنى دېسىلە، قۇلىقىم سىلىدە، نېمىلا گەپ بولسا ئېيتسىلا!

ــ ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەرەپلەرگە شىكار قىلىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بازار تەرەپكە بېرىپ قايتىپ كەلگەن مالچىلاردىن ئاڭلىغانىدىم. شۇ چاغدىلا «مۇسا هاكىمبېگىم راستىنىلا بۇ تەرەپكە كېلىپ قالسا، ئېغىزىدا قالغۇدەك تەملىك قىلىپ قېرىن كاۋىپى قىلىپ بېرىمەن...» دېگەننى نىيەت قىلغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى ئەنە ئاۋۇ قۇملۇقتا ئوتۇن دۆۋىلەپ تەييار قىلدىم. سىلەرنى كۆرۈپلا ئوبدانلا سەمرىگەن پاقلاننىمۇ تۇتۇپ، ئايرىم باغلاپمۇ ئۈلگۈردۈم، بېگىم، شۇڭا پاقلانغا بىر دۇئا قىلىپ بەرگەن بولسىلا. باشقا باي، بەگ، دورغىلىرىم كەلگىچە قېرىن كاۋىپىنىڭ راسكارلىقىنى قىلغاچ تۇرغان بولسام...

مۇسا هاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەپەر بوۋايغا

قارىدى ـ يۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇمىد، ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېزلا ئېغىز ئاچتى:

— بۇغۇ ناھايىتى ئوبدانلا تەكلىپ بولدى، سەپەر بوۋاي، ئەممازە قىرىن كاۋىپىنىڭ ھەشەم ـ دەرىمى خىلىلا جىق، جاپا تارتىپ قالارلىمىكىن؟!...

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، بېگىم، ئۆزلىرى بۇ جاڭگالغا كۇنۇشلەپ① كېلىۋەرمەيلا. يىلدا ئاران بىرەر ـ يېرىم نۆۋەت پايى قەدەملىرى يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە ئات ـ تۆگە سويۇپمۇ چىللاپ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مانا مۇشۇنداق ئۆز قەدەملىرى بىلەن كەلگەن چاغلىرىدا بولسىمۇ، پېقىردەك قويچىلارغا قىلغان ھىممەتلىرى، كۆرسەتكەن شاپائەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىۋالمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرەر تال مالنىڭ قىرىن كاۋىپىنى ئېتىش بەكمۇ قول تۇتىدىغان، ئادەمنى ھاردۇرۇپ، ئاچۇرۇۋېتىدىغان جاپالىق ئىش ئەمەسقۇ، بېگىم؟!...

مۇسا ھاكىمبەگ سەپەر بوۋاينىڭ بۇ سەممىي گەپلىرىدىن تەسىرلەندى بولغاي، چىرايىدا بىردىنلا كۈلكە پارلىدى ـ دە، بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.

— ئۇنداق سەممىي نىيەتلىرى بولسا دېگەنلىرىچە بولسۇن، ئامىن... — مۇسا ھاكىمبەگ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئەگەشتى.

دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەپەر بوۋاي خۇشال بولغاندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى ـ دە، باراتنىڭ يېنىدا ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە باش ئېگىپ تۇرغان تۆمۈر كۇمۇلەكنى چاقىردى:

---

① كۇنۇشلەش — كۈن ئارىلاش.

— مەيەرگە كەلگىنە، تۆمۈرئاخۇن بالام، شورپىنى قاينىتىشقا باراتتئاخۇن ئۆزى يېتىشىدۇ. مەن پاقلاننى سويۇپ بولغۇچە، سەن ئاۋۇ ئوتۇنلارغا ئوت يېقىۋەتكىنە، قۇم قىزىغاچ تۇرسۇن...

— ماقۇل بوۋا... — تۆمۈر كۆمۈلەك تىزلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى. سەپەر بوۋاي ئۇنىڭ رايىشلىقىدىن سۆيۈنگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، خۇددى كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئەمدىلەتىن تولۇۋاتقان ياش يىگىتلەردەك مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كەپىسى تەرەپكە كەتتى.

— ئاجايىپلا ئادەم بۇ! داۋاملىق باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپلا يۈرىدۇ. خەقنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىگە كۆز قىزارتمايدۇ. شۇڭىمۇ يېشى يەتمىشلەردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، يىگىتلەردەك مەزمۇت، كۆڭلى شوخ يۈرۈيدۇ... — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ سەپەر بوۋاينىڭ مېڭىشىغا مەستلىكى كەلگەندەك شېرىنگە قاراپ، — ياش جەھەتتە مەندىن خېلىلا چوڭ، ئەمما قارىسىلا، ھېلىھەم بەردەم مېڭىشلىرىغا... خۇدايىم ئۆمرىنى ئۇزۇن، يەيدىغان رىزقىنى يەنىمۇ زىيادە قىلار...

— بۇ بوۋايمۇ ئۆزلىرىنىڭ مالچىسىمۇ، مۇسا بېگىم؟ — دەپ سورىدى شېرىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ.

— شۇنداق، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەمما بۇ بوۋاي ئۇنداق ـ مۇنداق مالچىلاردىن ئەمەس، كىچىك چاغلىرىدا سەپەر بوۋاينىڭ دادىسى مەرھۇم دادامنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنى بىرنەچچە يىل مەدرىسەلەردە ئوقۇتقانىكەن. زېھنى ئوچۇق بولغاچقا، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزى قوراملىقلار ئارىسىدا ئوبدانلا ھۆرمەت ـ ئىناۋەت تىكلىگەنىكەن. دادام رەھمىتى بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، بىر ـ

ئىككى قېتىم ئاتايىن ئالدىغا چاقىرتىپ ئىنئام بەرگەنىكەن. كېيىن ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىزلا قازا قىلىپ كەتتى. سەپەر بوۋايمۇ ئوقۇشتىن قالدى. شۇ چاغلاردا مەن كىچىك بولسامۇ، دادام بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامىزىغا بارغانىدىم. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىگەندە، دادام بىر كۈنى سەپەر بوۋاينى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بالام، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئىنساننىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ــ قىسمەت ئىكەن. ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسان تۇغۇلىدىكەن، كېيىن بىر ھەۋەب بىلەن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدىكەن. بەندىدە قازاغا رىزا بولماي باشقا ئامال يوق ئىكەن، بالام، «تىرىك دۇنياغا، ئۆلۈك دۇئاغا تويمايدۇ» دېگەن گەپ بار. دادىڭ ئوبدان ئادەم ئىدى. مەن ئۇنى بىلگەندىن باشلاپ بىرەر كىشىنىڭ دىلىنى رەنجىتكىنىنى بىلمەيمەن. ھەر ۋاق نامىزىڭدا ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، پۇرسەت بولسىلا قەبرىسىنى يوقلاپ تۇر، بالام، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— سېنى ئالدىمغا چاقىرتىشىمدىكى سەۋەب، دادىڭ ئۆز ۋاقتىدا سېنى مەدرىسەگە ئاپىرىپ بېرىدىغان چاغدا، «مەن بىر ئۆمۈر مالچىلىق قىلىپ كەپتىمەن. ئەمدى مۇشۇ بالامنىڭ بولسىمۇ دىلىنى يۇمشىتىپ، موللا قىلاي دەيمەن» دېگەنىدى. مەنمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوشۇلغان. مانا ھازىر ئۇ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. سەن ئۆينىڭ چوڭى، بىر ھېساپتا بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بالام. شۇڭا، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەۋاتىمەن. يەنە داۋاملىق ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟

— ...

— كۆڭلۈڭدە نېمىنى ئويلىغان بولساڭ يوشۇرماي دەۋەرگىن، بالام، ئەگەر راستىنلا ئوقۇغۇڭ بولسا مەن سىلەرنىڭ ئۆينىڭ تۇرمۇشىنى چوقۇم ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئۇ چاغدا سەنمۇ ئوقۇشتا قىينىلىپ قالمايسەن.

— رەھمەت بېگىم، ياخشى كۆڭۈللىرى ماڭا مەڭ مەرتىۋە تېگىل بولدى. مەن بۇ ئىشتا ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانمەن. ئەمدى ئوقۇماي، ئائىلىمىزنىڭ تىرىكچىلىكىنى قولۇمغا ئالاي،— دېدى سەپەر كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا.

— بۇ ئىشقا ئالدىراپ جاۋاب بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ، بالام. ئوبدان ئويلان،— دېدى دادام.

— مەن دادامنى يەرلىككە قويغان كۈنلا ئوبدان ئويلانغان، بېگىم، ئەمدى ئوقۇماي دېگەن نىيەتكە كېلىپ بولغانىدىم. ئەگەر مېنىڭ ۋە ئائىلىمىزنىڭ تىرىكچىلىكىگە راستىنلا كۆڭۈل بۆلسىلە ھەم ماڭا ئىشەنسىلە دادام باققان قويلارنى ماڭا تاپشۇرسىلا، بېگىم، مەنمۇ دادامدەك بىر ئۆمۈر ئۆزلىرىگە ئىشلەشكە رازى.

— بۇ ھەقىقىي چىن گېپىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دادام سەپەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن.

— ھەئە.

— ئەمىسە بۇ ئىشقا سېنى زورلىماي، ھازىرچە ئىشلار سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. كېيىنچە بۇ نىيىتىڭدىن يېنىپ قالساڭ تارتىنماي ماڭا ئۇدۇللا دېگىن، بالام، بولامدۇ؟

— ماقۇل بېگىم، بۇ گەپلىرىنى چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن.

شۇنداق قىلىپ، سەپەر دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە دادام قازا قىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكى مېنىڭ ۋە ئىنىم ئورايىمنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. بۇ يەردىكى يەر، سۇ، مال چارۋىلىرىمىز كۆپ بولغاچقا، ھەممە ئىشلارغا ئۆزىمىز يېتىشىپ بولالىمىدۇق. رەھمەتلىك دادىمىزمۇ كۆز يۇمىدىغان چاغدا: «سىلەر مەدرىسەلەردە ئوقۇپ، ياخشى - يامانىنى، ئاق - قارىنى ئاز - تولا پەرق ئەتكەن بولساڭلارمۇ، ئەمما جاھاندارچىلىقنىڭ، تىرىكچىلىكنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىدىڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەر بىرىنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغىنى بىلەن ئارقىسىدىن ئورا كولاپ، قەست قىلىشىنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى. سىلەرگە مەسلىھەتىم، بالىلىرىم، ئەگەر ھەر ئىككىڭلارغا خوپ كەلسە، سەپەرنى يېنىڭلارغا چاقىرىتىپ، ئىشلىرىڭلارغا ياردەملەشتۈرۈڭلار. قارىسام، ئۇ خېلى دۇرۇس ئادەم ئىكەن. ئەگەر ئۇ تەلىپىڭلارغا ماقۇللۇق بىلدۈرسىلا، نۇرغۇن ئىشلاردا قولۇڭلارغا قول، پۇتۇڭلارغا پۇت بولىدۇ...» دېگەنىدى. كېيىن بىز راستىنلا بەزى ئىشلاردا خېلى قىينالدۇق. شۇ چاغدىلا دادىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىمىزگە ئېلىپ، سەپەرنى چاقىرتىپ كېلىپ ئويلىغانلىرىمىزنى دېدۇق.

— ھازىر، نۇرغۇن ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمايۋاتىمىز، شۇڭا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئائىلىمىزگە غوجىدار بولۇپ بەرسىلە.

ــ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، بەگلىرىم،ــ دېدى ئۇ مەقسىتىمىزنى ئۇقۇپ قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرمايلا،ــ كەمىنە پېقىرلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن باشلاپ ھەرقايسىلىرىنىڭ مالچىلىقىنى قىلىپ كەپتىكەن. ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە مەن غوجىدار بولسام، دوست بار يەردە دۈشمەن بار. بۇ ئىشنى توغرا چۈشەنگەنلەرغۇ چۈشىنەر. چۈشەنمىگەنلەر ئېغىزىنى قويۇپ، بىر يەرلىرىدە كۇلەر. ئەڭ ياخشىسى قويچىلىقىمنى قىلىۋېرەي. غوجىدارلىققا باشقا ئادەمنى ئويلاپ كۆرۈشسىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ جاڭگالدا يۈرۈپ يالغۇزچىلىققا كۆنۈپ قالغان ئادەممەن. بۇ قەسىرگە كەلسەم كۆنەلمەي ھەرقايسىلىرىنى مالال قىلىپ قويىمەن.

بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۇنىڭغا خېلى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدۇق. لېكىن، ئۇ بۇنى پەقەتلا ئاڭلىغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرى بىزمۇ «ئۆللالىم بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭمۇ ئويلىغىنى بار بولسا، ئەمدى يەنە زورلاۋەرسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۆزى ماقۇل كەلمىسە، ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەيلى» دېيىشىپ نىيىتىمىزدىن ياندۇق. شۇنىڭدىن بۇيان سەپەر بوۋاي مانا مۇشۇ جاڭگالدا مال بېقىۋاتىدۇ. بەزىدە يات ـ يات بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالسا بۇ يەردىكى ئىشلاردىن مەلۇمات بەرگىلى بارىدۇ. مەنمۇ يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ تۇرىمەن...

مۇسا ھاكىمبەگ گېپىنى توختىتىپ يېنىك خورسىنىپ قويدى ـ دە، نېمىگىدۇر ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— يوْر، ئاۋۋ تەرەپكە بېرىپ كېلەيلى، شېرىن.

ئۇلار ئۇن - تىنسىز پاكار - پاكار دۆڭلەرنى ئايلىنىپ بىر ئويمانلىققا يېتىپ كەلدى - دە، يەردىن ئاران ئىككى - ئۈچ غېرىچ ئېگىزلىكتىكى توپا دۆۋىسىنىڭ يېنىدا توختاشتى.

— مانا ماۋۇ ھەسەن - ھۈسەنلەرنىڭ قەبرىسى، دۇئا قىلىپ قايتايلى... — مۇسا بەگ سۆزلىگەچ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، بىرنەچچە ئايەتنى ئوقۇپ يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. شېرىنمۇ دۇئا قىلىپ بولۇپ قەبرىگە قاراپ قويۇپ سورىدى.

— بۇ قايسى ھەسەن - ھۈسەننىڭ قەبرىسى، مۇسا بېگىم؟

مۇسا ھاكىمبەگ كۆزلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكىدى - دە، شېرىننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ سەل - پەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى.

— بۇ قاراخانىيلار زامانىسىدىكى بىر تۇمەنبېشىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاجايىپلا بىر ھېكايىسى بار. ھەر قېتىم كەلگەندە سەپەر بوۋاي سۆزلەپ بېرىدىغان. ھازىرچە ئالدىرىمىغىن، ھېلى مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي، بۇ ھېكايىنى سەپەر بوۋاي ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بەرسۇن.

— بولىدۇ...

ئۇلار بارات قارا قازانغا ئوت قالاۋاتقان جايغا كەلگەندە باشقىلار تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. بۇ چاغدا ئېگىز قۇم دۆۋىسىدىكى ئوت ئۇلغايغان بولۇپ، يازدىن ئاپتاپ كۆرۈپ قاقشال بولۇپ قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن كۆتەكلىرى پاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى.

— مۇزدەك قىتىق بار ئىدى. ئازراق ئىچىۋالامىلا؟ — دېدى سەپەر بوۋاي مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ماقۇل، مەشەگىلا ئەكەلسىلە...

— لەببەي، مانا ھازىرلا، بېگىم...— سەپەر بوۋاي ئارقىسىغا يېنىپ ھايالشىمايلا ئىككى جام قىتىقنى كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن شېرىنگە تەئەززۇ بىلەن سۇندى.

— قېنى ئالسىلا، بەھۇزۇر ئىچىشكەيلا، مەن كاۋاپنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېرەي!...

— بېرىۋەرسىلە...

سەپەر بوۋاي كەتكەندىن كېيىن ئۇلار چىلان ياغىچىدىن ياسالغان قوشۇق بىلەن قىتىقنى ئىچىشكە باشلىدى.

ئارىدىن بىر ئاش پىشىمدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە باشقىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭمۇ كەيپى تولىمۇ چاغ بولۇپ، ئوۋ غەنىيمەتلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

— بۇ قېتىم پۇخادىن ئوبدانلا چىقىۋالدۇق، بېگىم،— دېدى باۋۇدۇن باي مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ،— ئالدىنقى مەرتەمدە بوگۇنىدەك خۇشال بولالمىغانىدىم. بۇ قېتىم كۇنىنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن دېسە. ئۆزۈمنىڭغۇ يەنە بىردەم ئوۋلىغۇم، بىر يىلدىن بېرى قاراڭغۇ ئۆيدە تۇنەپلا چىققان قارچىغىنى ئوبدانلا ئىشلەتكۈم بار ئىدى. بىراقزە ئورايىم بېگىم: «ئاكام ئەنسىرەپ قالدۇ!...» دەپ يۈرۈپ قايتۇرۇپ كەلدى.

— ھېلىمۇ ئاكاملار قايتىپ كەلگىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قاپتۇغۇ مانا،— دېدى ئورايىم بەگ كۇلۇپ،— ئەتە

بۇ يەردىن قوزغىلىپ، ئويتوغراق بوستانلىقىغا بارغىچە خېلى ئۇزۇن مۇساپە بار. ئالدىمىزدا ئوۋ غەنىيمەتلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ تېخى. شاپ بولسىلا، قوللىرىنى چايقىسىلا، ئاۋۋال تائام يەپ، قالغان گەپنى ھېلى قىلىشىمىز.

— مانا ھازىر، ئورايىم بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىقنى ھەددىم ئەمەس.

باۋۇدۇن باينىڭ گېپى بىلەن باشقىلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. شۇنىڭغىچە سەپەر بوۋاينىڭ نەۋرىسى بولسا كېرەك، ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردىكى ئاق پىشماق، بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتىشقا باشلىغان بۇ يىگىت كىچىككىرەك بىر قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى - دە، ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ بېشىنى تەئەززۇ بىلەن ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— قوللىرىنى چايقىۋېلىشسىلا، بەگلىرىم، قازاندىكى گۆش پىشىپ تەييار بولدى.

ئۇلار قوللىرىنى چايقىشىپ تەييار بولدى - دە، ئاخشامقىدەكلا قازاننىڭ سەل نېرىسىغا سېلىنغان داستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— بۈگۈنمۇ بۇ يەردە قېرىن كاۋىپى يەمدۇق، ھاكىمبېگىم، — دېدى باۋۇدۇن باي خېلى نېرىسىدا نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىكتە كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئەمدىلەتىن كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قارىغاچ.

— ھەئە، سەپەر بوۋاي ئاللىبۇرۇن تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەن، ئوت كۆيۈۋاتقىلىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى. ئۆزى ئەنە ئاۋۇ يەردە قېرىن كاۋىپىنىڭ راسكارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ.

— تازا بەلەن ئىش بوپتۇ، ئەتىيازدا مۇشۇ يەردە يېگەن

كاۋاپنىڭ تەمى ئېغىزىمدا تېخى بار دېسە... بايا تېخى ئويلىغۇدىم، مانا هازىر...— باۋۇدۇن كاۋاپنىڭ تەمىنى تېتىغۇاتقاندەك تىلىلىرىنى يالاپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلار كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۇلار يىلىكتەك پىشقان گۆش بىلەن قورساقلىرىنى ئەستەرلەپ سەپەر بوۋاينىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ ئاللىبۇرۇن قوينى بوغۇزلاپ قېرىنىنى ئۆرۈپ، پاك ـ پاكىز يۇيۇپ بولغانىدى.

— ئىشلار ئاساسەن تۈگەي دەپ قالدى،— دېدى ئۇ پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى يالاڭ يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن گۆشلەرنى پارچىلاشقا تۇتۇنغاچ،— ھەرقايسىلىرى ئارامىلىرىنى ئېلىشىۋەرسىلە، بەگلىرىم، بۇ ئىشلارنى مەن بىردەمدىلا تۈگىتىمەن.

بۇ گەپ بىلەن باشقىلار بايا غىزالانغان جايغا قاراپ مېڭىشتى. لېكىن، شېرىن ئۆمرىدە قېرىن كاۋىپىنى يەپ بېقىش تۈگۈل، نامىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغاچقا، سەپەر بوۋاينىڭ يېنىدا قالدى. بوۋاينىڭ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ يەڭگىل، چاققان ئىدى. ئۇ بىر قوينىڭ گۆشىنى بىردەمدىلا پارچىلاپ بولغاندىن كېيىن ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويۇلغان دورا ـ دەرمەكنى جامدىكى سۇغا قويۇپ تېتىپ كۆردى ـ دە، ئاندىن ئۇنى گۆشنىڭ ئۈستىگە تەكشى چېچىپ ئېلىشتۇرغاندىن كېيىن گۆشلەرنى قېرىنىنىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرلەپ سېلىشقا باشلىدى.

— بۇ گۆشلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قېرىنىنىڭ ئىچىگە سىغامدۇ؟— دەپ سورىدى شېرىن ھەيران بولغاندەك.

— ھەئە، تەقسىر، مەيلى ئوغلاق، پاقلان بولسۇن، مەيلى ئات، تۆگە بولسۇن، ئۆزىنىڭ قېرىنىغا ئۆزىنىڭ گۆشى پاتىدۇ،— دېدى سەپەر بوۋاي قولىنى ئىشتىن بوشاتماي.

شېرىن بۇنداق ئىشلارنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغاچقا، تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سەپەر بوۋاينىڭ ھەربىر ئىشىغا قاراپ تۇردى. سەپەر بوۋاي بىردەمدىلا ھەممە گۆشنى قېرىنىنىڭ ئىچىگە سىغدۇرغاندىن كېيىن قېرىنىنىڭ ئېغىزىنى چىمچىلاق قولدىن سەل ئىنچىكىرەك قىزىل يۇلغۇن بىلەن تۆنەپ تىكمۈەتتى ـ دە، كۆلۈمسىرىدى.

— مانا، ئىشلار تۈگەپ قالدى. ئەمدى قۇم قىزىسا كۆمۈۋەتسەكلا بولىدۇ.

— بەكلا ھەيران قېلىۋاتىمەن، قارىسىلا. بۈگۈن مانا ماۋۇ كارامەتنى كۆردۈم. مۇشۇ تاپتا بۇنداق كاۋاپنىڭ تەمى قانداقتۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن،— دېدى شېرىن كۈلۈپ.

— قانداق بولاتتى. تەمىنى ھېلى بىلىپ قالىلا، ماڭسىلا، ئاۋۇ دۆڭگە چىقىپ باقايلى...— دېدى سەپەر بوۋاي گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان يەرنى ئىشارە قىلىپ.

ئۇلار دۆڭگە چىققاندا قۇم ئۇستىگە بىر غېرىچتىن ئوشۇقراق چوغ چۈشكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى.

— قۇم قىزىغاندەكمۇ، تۆمۈرئاخۇن بالام؟— دەپ سورىدى سەپەر بوۋاي ئوتقا قاراپ قويۇپ.

— باياتىن بېرى سىلى ئەتىيازنىڭياقى يىغىپ تەييارلىغان ئوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ بولاي دېدىم. بەلكىم قىزىغاندۇ؟

— مانا قارا، ئاۋۇ چوغنىڭ ئاستىدىكى قۇم قىزىمىغاندەك،— دېدى سەپەر بوۋاي بىر تال ئۇزۇن

ياغاچ بىلەن قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇرغان چوغنىڭ ئاراچىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەرنى كۆرسىتىپ، — ئوت كۈيۈۋاتقان يەردىكى قۇم تازا ئوبدان قىزىسا، سۇدىن بۇژغۇن ئۆرلىگەندەك قۇم ئۇستىگە ئېتىلىپ تۇرىدۇ. قارىغىنا، بۇ يەرلەر بوز توپىدەكلا تۇرامدۇ؟ ئوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋەتسەڭمۇ مەيلى، بالام، ئۇستىگە يەنە ئوتۇن تاشلا، قۇم ئوبدان قىزىسۇن. بىكاردىن قىزىمىغان قۇمغا كاۋاپ كۆمۈپ يۇرمەيلى.

— ماقۇل، سىلى مەن كەتكەندىن كېيىن «بىر ياز يىغقان ئوتۇنلىرىمنى كۆيدۈرۈپ بولدى» دەپ تىللىمايدىغانلا ئىش بولسا، قاراپ تۇرسىلا، بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەردىكى قۇملارنى سىلى دېگەندەك قىزىتىۋېتىمەن.

— ئەمىسە شۇنداق قىل، بالام.

ئۇلار ئوت تۇۋىدە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كەپە تەرەپكە يول ئالدى. بۇ چاغدا كەپە ئالدىدىكىلەر قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. مۇسا ھاكىمبەگ شېرىننى كۆرۈپ شەرەتلىدى.

— بۇياققا كەل، شېرىن، مۇشۇ تاپتا نىياز قاراقاش سىنىڭ قازى ئاخۇنۇم بىلەن بەردى باينى تولىمۇ ئوبدان چارە بىلەن بابلىغانلىقىڭنى دەپ بېرىۋاتىدۇ. قېنى، سەندىن سوراپ باقاي، بۇنداق قىلىش خىيالىڭغا قانداق كېلىپ قالدى؟

شېرىن ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ ئادەم بار جايدا ئۇ گەپلەرنى دېيىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغاچقا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى.

— سالى كىرپىنىڭ بىكاردىن ئۇلارغا بوزەك

بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ خىيالغا كېلىپ قالدىڭمۇ ـ يا، شېرىن؟ ــ دېدى باۋۇدۇن باي.

ــ ھەئە...ــ شېرىن قىيىن بىر سوئالدىن تېزلا قۇتۇلغاچقا، تېزلا جاۋاب بەردى.

ــ بەردى باي چاشقانغىمۇ كېپەك ئالدۇرمايدىغان ئادەم ئىدى، بۇ دورەم قانداق بولۇپ يانچۇقىنى كولاشقا مەجبۇر بولغاندۇ؟ ــ دېدى بىرەيلەن.

ــ سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، ئۇنىڭ ھېلىقى خوتۇنى تولىمۇ ھازازۇل، ئۇچىغا چىققان ئۇششۇق ئايال. قىزىمنى تېپىپ بەر دەپ بەردى باينىڭ ياقىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچقىلى تۇرغان بولسا، ئۇ خوتۇنىنىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسىمۇ يېنىدىن ئاقچا چىقارغان گەپ، ــ دېدى ئورايىم بەگ ئويچان قىياپەتتە.

ــ غولى شۇ، ئۇ شۇ چاغدا پۇل چىقارغىنى بىلەن ھازىر بىكاردىن چىقىپ كەتكەن پۇل ئۈچۈن ئىچى ئېچىشىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقاندۇ.

ــ بۇنى ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

ــ ھە، راست، توختاڭلار، بەردى باي سارالڭ قىزىنى تېپىپتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ نىياز قاراقاشتىن.

ــ ئەتىسى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. ئۇنىڭ قىزى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ قەمبۇرۇللا مازىرىدىكى ئېغىزى ئوچۇق قالغان بىر قەبرىدە ئۇخلاپ قالغانىكەن. بەردى باي مەھكىمە شەرئىيدىن يېنىپ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ قىز ئۇيقۇسىنى تۈگىتىپ قەبرىدىن چىققاندا، مازاردىكى شەيخلەرگە ئۇچراپ قېلىپ ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

ــ ھا... ھا... ھا...

— ھى... ھى... ھى...

— «ئۆز يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» دېگەندەكلا ئىش بوپتۇ.

— بەردى باي نەچچە كۈن غىزاسىز قالدىغان بوپتۇ مانا.

— شۇ، بۇ جاھاندا بىركىمنىڭ ھەققى بىركىمدە قالمايدۇ.

— قارىغاندا سەنمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەنسەن، شېرىن، قېنى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ بېشىڭدىن ئۆتكەن ھېلىقىدەك قىزىقارلىق ئىشلار بولسا سۆزلەپ بەرگىن،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ،— بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى.

شېرىن ئۇ كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇردى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرمەيلا ئېغىز ئاچتى.

— ئاۋۇ كۈنى ئاشۇنداقلا ئۇدۇل كېلىپ قالدى. ئەمما، ئۇنداق قىزىق گەپلەرنى...

— ۋاي، بولدى قويسىلا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئادەم، بۇرۇندىن باشلاپ ئارىلىشىپ ئۆتكەن تونۇش ـ بىلىشلەر دەپ قاراپ، تارتىنىپ ئولتۇرمىسىلا، ھاكىمبېگىم قىزىقارلىق گەپ قىلىپ بەر، دېدى. ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، يا بىرەر يەردە قۇلاق مۇللىسى بولۇپ ئاڭلاپ قالغان گەپلەر بولسىمۇ دەۋەرمەملا،— دېدى نىياز قاراقاش ئۇنى قىزىتىپ،— سىلى بۇنداق دېسىلە، مەن «بىر يالغاندا قىرىق يالغان» دېگەن چۆچەكنى باشلايمەن ھېلى...

— دەۋەرگىن، قۇلىقىمىز سەندە، شېرىن!...

— مانا، ئورايىم بېگىمنىڭمۇ ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن...

شېرىن تەڭقىسلىقتا قالغاندەك يەر تېگىدىن مۇسا ھاكىمبەگكە قارىدى - يۇ، ئۇنىڭ «ھە، گەپ قىلمامسەن، قۇلىقىم سەندە» دېگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

— ماقۇل، ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن يەردە يەنە «ياق» دەپ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋەرسەم قاملاشمىغۇدەك، ئەمىسە ياش چاغلىرىمدا بولغان ئىشلاردىن ئىككى - ئۈچنى دەپ بېرەي... — شېرىن ئويلانغاندەك جىم بولۇپ قالدى - دە، ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — ياش چاغلىرىم ئىدى. ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل بولغاچقا، كۈنلىرىمىز ئاچ بىلەن توقنىڭ ئارىلىقىدا ئۆتەتتى. پۈتۈن روزغارىمىز ئائىلىمىزنىڭ ئىككى مودەك يېرىگە قاراشلىق ئىدى. بىزنىڭ يۇرتتا سۇ تولىمۇ قىس بولغاچقا، مىرابلار ئاشۇ كىچىككىنە يېرىمىزگە ئەتىيازدا بىر قېتىم، كۈزدە بىر قېتىم كۆك سېلىپ سۇ ھەققى يىغاتتى. ئەمما، ئاشۇ ئىككى مو يەر ھەر قېتىم كۆك سېلىنغاندا ئاز - ئازدىن ئۆسۈپ تۆت موغا يېقىنلاپ قالغانىدى. مەن بۇ ئەھۋالنى مىرابلارغىمۇ، كۆكبېشى بەگلەرگىمۇ نەچچە قېتىم دېگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاش تۈگۈل خېلى ئاھانەت قىلدى. بىر يىلى يەنە يەرلەرگە كۆك سېلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ھەممە كىشىنىڭ يېرىنىڭ چوڭلۇقى ئاۋۋالقى يىلدىكىدىن ئېشىپ چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. سۇ ھەققىنى ئەمەلىي كۆلەمگە بەر دېسە، جان دەپ بېرەتتىم. لېكىن، ئۇلار دېگەن سان بويىچە بەرمىسەڭ بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالسا ئەلۋەتتە ناھەق ئىش بولاتتى. شۇڭا، ئۇيان

ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بىر ئامال تاپتىم ـ دە، يەرگە گۇلۇڭ سالىدىغان كۇنگە ئۇلگۇرتۇپ يېرىمىزنىڭ پاسىلىنى كولاپ، ئىچىگە بىر ناغرىنى ئەكىرىپ، مەن بەلگە بەرگەن هامان چېلىشقا بىر كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇستىنى بىلىنمىگۇدەك يېپىپ توپا تاشلاپ قويدۇم. يەرگە گۇلۇڭ سالغىلى كەلگەنلەر بىرەر ئاش پىشىمدىن كېيىنلا پەيدا بولدى ـ دە، ئىشلىرىنى باشلىماقچى بولۇپ مەن كولىغان يەرگە يېقىنلاشتى.

— ۋاي توختىسىلا، تەقسىرلىرىم،— دېدىم مەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ،— بۇ يەرگە ئۇلۇغ زاتلار دەپنە قىلىنغان. بىتاھارەت دەسسەشكە بولمايدۇ. ئەگەر كىمدە كىم خالىغانچە ئاياغ باسسا جىنىدىن جۇدا بولىدۇ.

— ماڭە نېرى،— دېدى بىرى،— بۇ يەرگە بۇرۇن نەچچە قېتىم گۇلۇڭ سالغانمەن، ئۇ چاغلاردا مەن ھېچنېمە بولمىغان ئىدىمغۇ؟

— ئۇ چاغقا بۇ چاغ ئوخشاشمايدۇ، بېگىم، بۇ قېتىم راستتىنلا شۇنداق بولىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار، بىرىڭلار «ئامىن ئۇلۇغ زاتلىرىمىز، مەن ھەرقايسىلىرىنى يوقلاپ كەلدىم» دەپ دۇئا قىلىشسىلا، كارامەتنى شۇ چاغدا كۆرىدىلا،— دېدىم مەن ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ ئىشەنمىگەندەك، دەرگۇمانىدا بولۇشقاندەك بىردەم تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ ئارىدا گۇلۇڭ سالغۇچىلارنىڭ بىرى مېنىڭ دېگەنلىرىمنى دەپ باقماقچى بولغاندەك ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ئامىن، ئۇلۇغ زاتلىرىمىز، كەمىنە مىرابېگى ھەرقايسىلىرىنى يوقلاپ كەلدىم.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا يەر تېگىدىن ناغرىنىڭ ئاۋازى ياڭراپ بارا ـ بارا كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان

مىرابلارنىڭ چىرايى دەسلىپىدە تاتىرىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى ـ يۇ، ھايالشىمايلا ئالاقزادە بولۇشۇپ بەدەر تىكىۋېتىشتى. شۇ يىلى مەنمۇ سۇ ھەققىنى تۆلىمىدىم.

شېرىنىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ھەممەيلەن قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. مۇسا ھاكىمبەگ تولا كۈلگەنلىكتىن كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېيتتاچ دېدى:

ــ ئۇلارنى ئەجەب ئوبدان جايلاپسەن، قېنى، يەنە بىرنى...

ــ توختىماي دەۋەرگىن، شېرىن، قۇلىقىمىز سەندە...

شېرىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ جىم بولدى.

ــ ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بازاردا كېتىۋاتسام مەھەللىمىزدىكى بىر باي مېنى چاقىرىپ قالدى.

ــ مەيەرگە كەل، شېرىن، بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر تاۋاق قېتىق ئەكېتىپ، ئۆيدە دوغ قىلىپ ئىچەي دېسەم ئاتلىق كەپتىكەنمەن. ئەكېتەلمەي بېشىم قېتىپ تۇراتتى. ھەرنېمە بولسا تەلىيىمگە كېلىپ قالدىڭ، ئۆيۈم يىراق بولمىغاندىكىن ئاپىرىشىپ بەرگىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياق دېيىشكە تىلىم بارمىدى. ئەمما، كۆزۈم يولنىڭ بويىدا تۇرغان ئايالغا چۈشۈشى بىلەن ھەممىنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ بايمۇ خۇددى بەرداخۇن بايدەك ئېلىشقا ھا، بېرىشكە جىم، ۋاقتى كەلسە تاشتىنمۇ ياغ چىقىرالايدىغان بېخىل ئادەم ئىدى. بۇ

ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغاچقا، بەزىدە قىلمىۋاتقان ئىشلىرى ئۆكتەملىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا بەزىدە بويۇن قىسىپ بېرىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، سۈكۈت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشقانىدى. قارىغاندا ئۇ بىر تاۋاق قېتىقنى ھەقسىز ئالغاندەك قىلاتتى. بىراق، ھېلىقى ئايالنىڭ «قېتىقنى ئالسىمۇ ئالسا، تاۋاقنى قالدۇرۇپ كەتسە» دېگەندەك تۇرغىنى ئېنىق ئىدى. باي بىر تاۋاق قېتىقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ئېتىغا مىندى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى ئايال گەپ قىلىشقا ئېغىز ئۆمەللىدى - يۇ، توختاپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدىن كەچكەن بىر خىيال بىلەن باينىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم - دە، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا قولۇمدىكى تاۋاقنى يەرگە تاشلىدىم. شۇ ئان قېتىق تۆكۈلۈپ، تاۋاق دومىلىغىنىچە يولنىڭ قىرىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ مەنمۇ سۇنايلىنىپ يەردە يېتىۋالدىم. باي بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىغان چېغى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ سورىدى:

— شېرىن، قېتىق باردۇ؟

— قېتىققۇ بار، ئەمما تاۋاق كۆرۈنمەيدۇ، باي ئاكا، — دېدىم مەن يەردىكى قېتىقنى كۆرسىتىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قويدى - دە: «خەپ ھارامزادە، يەنە بىر كۈنلەردە كۆرۈشۈپ قالارمىز» دېگىنىچە ئېتىنى دېۋىتىپ كېتىپ قالدى. مەن شۇ ئان يەردىكى تاۋاقنى ئېلىپ ھېلىقى ئايالغا قايتۇرۇپ بەردىم.

شېرىننىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقانلار ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشتى. نىياز قاراقاش كۈلۈپ بولالماي،

يەردە بىرنەچچىنى دومىلىۋەتكەندىن كېيىن شېرىننى دەي ــ دەيگە سالدى.

ــ مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، ئەمدى يەنە بىرنى، شېرىن...

شېرىن ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ بايىقىدەك تارتىنىپ ئولتۇرمايلا سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ بۇمۇ شۇ قېتىم يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە. مەن يۇرتتىن ئايرىلىپ تۇرپان دىيارىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن بىر كىشى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قالدىم. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مەن ئېلىۋالغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى، يەل ـ يېمىشلەرنى ئۇنىڭغا سۇنۇپلا تۇردۇم. كېيىن بارا ـ بارا مەندە بارى تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن، يوللاردا، چۆشكۈن، دەڭلەردە تاپالىسام يەپ، تاپالمىسام شۈكۈر قىلىپ ماڭدىم. ئەمما، ئۇ كىشى بەزىدە ھېرىپ قالغاننى، بەزىدە ھاجەت قىلغاننى باھانە قىلىپ قەستەن كەينىمدە قېلىپ، ئۆزى ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى يەۋالغاندىن كېيىن يەنە كەينىمدىن يېتىشىۋالاتتى ـ دە، ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. مەن بۇنى سېزىپ تۇرساممۇ، يول ئۇزۇن، ماڭىدىغان، باسىدىغان مۇساپەم كۆپ بولغاچقا، بىرەر ھەمراھنىڭ بولغىنى ياخشى دېگەنلەرنى ئويلاپ چاندۇرماي سەپەرنى داۋام قىلدىم. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز يول بويىدىكى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ قالدۇق. بۇ ئۆتەڭدە خېلىلا ئاۋات بىر كالتە بازار بار ئىكەن. ھېلىقى سەپەردىشىم كېتىۋېتىپ بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

ــ مېنىڭ بەكلا چۆچۈرە ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ،

شىرىن، بىر قاچا ئالاي دېسەم يانچۇقۇمدىكى ئاقچام تايىنلىق، شۇڭا ئىككىمىز بىرلىشىپ بىر قاچا چۆچۈرە ئېلىپ ئىچسەك، قانداق؟ — دەپ قالدى. مەن سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭ پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرالايدىغان مىجەزىنى ئوبدانلا بىلىپ قالغاچقا، مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرروۇلا سەزدىم ـ دە، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. بىز ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچا چۆچۈرە بۇيرۇتتۇق ـ دە، غوجايىن هايالشمايلا ئەكېلىپ بەرگەن بىر قوشۇق بىلەن چۆچۈرىنى نۆۋەتلىشىپ ئىچىشكە باشلىدۇق. سەپەردىشىم قوشۇقنى قولىغا ئالغاندا چۆچۈرىنى ئاغزىغا سالاتتى ـ دە، چاينىمايلا يۇتاتتى. قوشۇق مېنىڭ قولۇمغا ئۆتكەندە مەن ئىككى تال چۆچۈرىنى سوزۇپ ئېغىزىمغا سالاتتىم. ئۇ دەسلىپىدە ئۈندىمىدى، ئەمما ئاش يېرىملاشقاندا مېنىڭ بۇ ئىشىمغا چىدىيالمىدى بولغاي، بىردىنلا ئەسلىي ماهىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

— بۇ ئاشنىڭ پۇلىنى تەڭ تۆلىگەندىكىن دەپ، مەن هەر نۆۋەتتە بىر داندىن يېدىم. ئەمما، سەن نېمىشقا هەر قېتىم ئىككى داندىن يەيسەن؟

— خاپا بولما، بۇرادەر، — دېدىم مەن قوشۇقنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئەسلىي هەر قېتىمدا ئۈچ داندىن يېگۈم بار ئىدى. بىراق، قوشۇق دېگەن چۆمۈچتەك چوڭ ئەمەسكەن. شۇڭا، ئۈچ داندىن پاتمىسا، ئىككى داندىن يېمەي نېمە ئامال؟...

شىرىننىڭ گېپى بىلەن يەنە كۆلكە كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ چاغدا تۆمۈر كۇمۇلەك باياتىن بېرى شىرىننىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەپەر بوۋاينىڭ

قېشىغا كەلدى ـ دە، ئوتتۇنىڭ كۆيۈپ بولغانلىقىنى، قۇمنىڭمۇ قىزىپ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. سەپەر بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياش يىگىتلەردەك ئورنىدىن «لىككىدە» تۇردى ـ دە، بايا تەييارلاپ قويغان كاسىدىكى قېرىن ئىچىگە سېلىنغان گۆشنى كۆتۈرۈپ قۇم تەرەپكە ماڭدى. باشقىلارمۇ بۇنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار بايا ئوت قالانغان يەرگە كەلگەندە، سەپەر بوۋاي ئۇزۇنغىنا تاياق بىلەن سەلكىن شامالدا تېخىمۇ قىزىرىپ تۇرغان چوغلارنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ، قىزىغان قۇمنى ئىككى تەرەپكە دۆۋىلەپ، سەل ـ پەل ئويمان ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كاسىدىكى قېرىننى ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە، سەل ئېگىشىپ قېرىننى قويدى. قۇم شۇ ئان بۇژۇلداپ، قېرىننىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قۇم ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سەپەر بوۋاي قولىغا يەنە بايىقى تاياقنى ئېلىپ دۆۋىلەپ قويغان قۇملارنى قېرىننىڭ كۆمۈلمەي قالغان تەرەپلىرىگە يېپىتقاندىن كېيىن ئۈستىگە چوغلارنى دۆۋىلەپ قويدى.

ــ ئىككى ئاش پىشىمدا بايىقى گۆشتەك مىلىقلاپ پىشىدۇ،ــ دېدى سەپەر بوۋاي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ تۇرغانلارغا قاراپ،ــ مېڭىڭلار، كەپە تەرەپكە كېتەيلى.

ــ كەچ كىرىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاۋۇ تەرەپكە گۈلخان يېقىپ، مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرمايلىما،ــ دېدى شېرىن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ،ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ قۇمى بەكلا يۇمشاق ئىكەن. ئولتۇرسا ئادەمگە بەكلا راھەت بىلىنىدىكەن.

ــ مەيلى، شېرىنىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغۇسى بولسا مەشەگىلا گۈلخان ياقايلى،ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ

تېزلا ئىپادە بىلدۈرۈپ، — قېنى سەن تۆمۈر كۈمۈلەك، سەپەر بوۋاينىڭ نەۋرىسى نەۋرۇز بىلەن ئوتۇن ئەكېلىپ ماۋۇ قۇمنىڭ باغرىغا گۈلخان يېقىڭلار، بارات بىلەن مامۇت سىلىنچىلارنى ئەكېلىپ بۇ يەرگە سالسۇن.

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئېغىزىدىن ئىسمى چىققانلار گەپ ـ سۆز قىلىشمايلا ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشتى. بىردەمدىلا يەرگە كىگىز، جاۋا گىلەملەر سېلىنىپ، گۈلخانغا ئوت يېقىلدى. ئوت دەسلەپىدە مېيى تۈگەي دەپ قالغان جىنچىراغدەك پىلىلداپ يالقۇن چىقىرىپ، تۇتەپ كۆيگەن بولسىمۇ، كېيىن بارا ـ بارا ئۇلغىيىپ، گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ھەممەيلەن تامام قاراڭغۇلۇق قاپلىغان دۆڭدە ئوتنىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولغاندەك تولغىنىپ كۆيۈشىنى تاماشا قىلىشىپ بىردەم ئولتۇرۇشتى. ئەمما، شۇ چاغدا بۇنداق جىمجىتلىقتا ئولتۇرۇشتىن ئىچى سىقىلغان ئورايىم بەگ ئېغىز ئاچتى.

— ئۆمرىمىزدە ئوتنىڭ كۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك بۇنداق قېتىپ ئولتۇرغىچە، مەيلى قانداقلا پاراڭ بولسا بىردەم گۇڭ ـ مۇڭ ئولتۇرمامدۇق. يا سەپەر ئاكام كەپسىدە ئاللىچى راۋاب بولسا بىر ـ ئىككى پەدە چېلىپ بەرسۇنمىكىن...

— شېرىنىنىڭ بايىقىدەك قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىساق بوپتىكەن، — دېدى باۋۇدۇن باي دەرھاللا، — بايىقى ئالامەت قىزىق گەپلەر ئىكەن. تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. شۇ تاپتا كىندىكىمنىڭ ئەتراپى ئاغرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— راست، بۇمۇ ئوبدان گەپ بولدى. شۇنداق

قىلالايلىمۇ، مۇسا بېگىم؟ شېرىن بىر ـ ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىپ بەرسۇن.

مۇسا ھاكىمبەگ ھازىرلا گەپ قىلغان يۇنۇس بەگكە «يالت» قىلىپ قارىدى ـ يۇ، شېرىنىنىڭمۇ ئۆزىگە ئۈمىد، ئىلتىجا بىلەن قارىغاچ، گەپ قىلىشقا تەمشەلگەندەك ئېغىزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ توختاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ بايىقى گېپىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى:

ــ كاۋاپىنىڭ پىشىشىغا خېلى ۋاقىت بار. بۇ يەردە ئورايىم بەگ دېگەندەك جىمجىت ئولتۇرساقمۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بولالمايمىز. راۋاب بىلەن قوشاق ئاڭلىساقمۇ ياكى شېرىنىنىڭ بايىقىدەك قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىساقمۇ تامامەن بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، شېرىن دېگەن مېھمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بايا ھەسەن ـ ھۈسەن ھەققىدە سورىغىنىدى، مەن: «سەپەر بوۋاي بۇ گەپلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ گەپلەرنى ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايلى» دېگەنىدىم. شۇڭا، ھازىرچە باشقا پاراڭنى قويۇپ، مېھمانىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرساق قانداق بولاركىن؟!... سىلىچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ، سەپەر بوۋاي؟...

ــ بولىدۇ... بولمامدىغان... شېرىن سىلىنىڭ، مېنىڭ، ھەتتا يۇرتىمىزنىڭ مېھمىنى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى بولسا مەن بىر قېتىم ئەمەس، مىڭ قېتىم بولسىمۇ، ئېيتىپ بېرىشكە رازى.... ــ سەپەر بوۋاي ماقۇللۇق بىلدۈرگەچ، ئۇچىدەك ئاقارغان ساقاللىرىنى قولىنىڭ ئاراچلىرى بىلەن تاراپ قويغاندىن كېيىن كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغان نەۋرىسى نەۋرۇزغا قارىدى، ــ ئورنۇڭدىن تۇر، بالام، كەپىگە بېرىپ

دورا ـ دەرمەكلىرنى ئوبدان تەڭشەپ، ئاتنىڭ قېنىدەك چىقىرىپ چاي دەملەپ كەل، بەگلىرىم ئۇسساپ قالمىسۇن.
ــ ماقۇل چوڭ دادا...ــ نەۋرۇز ئورنىدىن «لىككىدە» تۇردى ـ دە، كەپە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بوۋاي شۇنىڭدىلا كۆزلىرىنى ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇققا تىكىپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:
ــ بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىز ھەققىدە مەدرىسەدە ئوقۇغان ۋاقتىمدا ئۇستازىم موللا ئالاۋۇدۇن ئاخۇنۇم تولا سۆزلەپ بېرىدىغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدە يەكەندىكى خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، كۆپنى كۆرگەن، ئەينى چاغلارنىڭ ئاتالغان موللا ـ خەلپەتلىرىدىن تەلىم ئالغان زات ئىدى. بىر قېتىملىق ئەنجۇمەندە ئۇ زات: «بىزنىڭ يۇرتىمىز كېرىيە قەدىمىي دىيارلارنىڭ بىرى. ئەسلىي بۇ زېمىندا چوڭ ـ كىچىك يارلار كۆپ بولغاچقا، قىريا، كىريا دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىن كېرىيە دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يۇرت بۇرۇنقى زامانلاردا مۇستەقىل بەگلىك بولۇپ، سەلتەنەت سۈرگەن ئىكەن. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى دەريا بويىدىمۇ ئۈچ ـ تۆتتەك قەدىمىي شەھەر، نىيا كەنتىنىڭ ئىچكىرىدىكى قۇملۇقتىمۇ خېلى ئۇزاق دەۋر سۈرگەن يەنە بىر شەھەر بار ئىكەن. كېيىن تۈرلۈك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر، قۇم ـ بوران ئاپەتلىرى، سۇ ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزلۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانىكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھازىرقى يۇرتلار ئاپىرىدە بولۇپ، ھازىرقى ئىلچى زېمىنىدا قۇرۇلغان ئۇدۇن دېگەن خانلىققا تەۋە بولغانىكەن. ئۇ چاغلاردا ئۇدۇندىكى جىمى

ئاۋام بۇددا دىنى دېگەن دىنغا ئېتىقاد قىلارمىشكەن. كىشىلەر ئۆز قوللىرى بىلەن بۇت ياساپ، شۇنىڭغا سەجدە قىلىدىغان ئادەت بار ئىكەنمىش. ئەنە شۇ چاغلاردا هازىرقى قەشقەر زېمىنىدا ياشىغان سۇتۇق دېگەن بىر خان ئوغۇل ئەبۇناسۇسامانى دېگەن بىر سودىگەر كىشىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن خانلىق تەختىدە بەرقارار بولۇۋاتقان تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىپتۇ ـ دە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دېگەن نام بىلەن دەۋران سۈرۈشكە باشلاپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بۇ دىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن غەرب تەرەپتىكى باشقا خانلىقلار بىلەن خېلى ئۇزاق قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن كۆزىنى ئۇدۇن زېمىنىغا تىكىپتۇ. بىراق، ئىككى ـ ئۈچ نۆۋەت لەشكەر تارتقان بولسىمۇ، ئۇدۇن زېمىنىغا تەۋە قاراقاش دېگەن يۇرتنىڭ قاراساي دېگەن ئۆتىڭىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتەلمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا دېگەن ئادەم خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئاتىسى باشلىغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. گاھىدا ئۇلار، گاھىدا ئۇدۇن پادىشاهى ياغلا قارقالۇ دېگەن كىشى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن هېچقايسىسى تەرەپ بىر ـ بىرىگە بوي بەرمەپتۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاشغەردىكى ئوردۇكەنت سەمەرقەنت دېگەن يۇرتقا يۆتكىلىپ هاكىمىيەت يۇرگۈزۈپتۇ. بۇنى بىلگەن ياغلا قارقالۇ خان نۇختىرەش، چوقتىرەش دېگەن سانغۇنلىرىنى بۇيرۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ئوردۇكەنت دەپ ئاتىلىدىغان قاشغەردىكى ئوردىسىنى بېسىۋاپتۇ. مانا مۇشۇنداق

ئەھۋالدا قاراخانيلارنىڭ يېڭىدىن خانلىق تەختىگە بەرقارار بولغان توغانخان ئەۋۋەل دېگەن خان شاھزادە يۈسۈپ ئارسلانخانغا ئوردۇكەنتنى قايتۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇپ، نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا ساپتۇ. لەشكەرلەر ئارىسىدا مادايىنلىق[1] ئىمامى ناسىرىدىن، ئىمامى مۇئىددىن، ئىمامى زوھىرىدىن، ئىمامى قەۋەممىدىن قاتارلىق تۆت ئىماممۇ بار ئىكەن. ئۇلار يۈسۈپ قادىرخاننىڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان يۇرتخان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ يۇرتنى ئۆز تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋاپتۇ. ئىككى خانلىق ئارىسىدىكى ئۇرۇش ساپمۇساق قىرىق يەتتە يىل داۋاملىشىپ، ئاخىرى قاراخانيلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ. شۇ قېتىمقى جەڭدە مادايىنلىق تۆت ئىمام چىرانىڭ بوستان دېگەن مەھەللىسىدىكى جەڭدە قازا قىلىپ، مېيىتلىرى شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. ھازىر ئىماملىرىم دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەر تاۋاپ قىلىۋاتقان يەر شۇ. خۇلاسە كالام، ئەزھال ئىككى خانلىق قانلىق ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنى قىلىۋاتقان كۈنلەردە قاشغەرنىڭ ئوردۇكەنتلىك رۇسۇلشاھ تۇمەنباشنىڭ ئايالى ھۆنجىلە خېنىم ياۋغا قارشى ئاتلانغان مۇرەببىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەسەن - ھۈسەن ئىسىملىك قوشكېزەك ئوغلى بىلەن بەش - ئالتىدەك خىزمەتكارنىڭ ھىمايىسىدە ئۇدۇن تەرەپكە ئاتلىنىپتۇ.

[1] مادايىن — يۇرت نامى، مىلادىيە 224 — 651 - يىللىرى ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئىران سامائىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى. كېيىن خاراب بولغان، بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىر باغداتنىڭ 25 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا.

ئۇلار مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىلچى دىيارىغا كىلىپ رۇسۇلشاھ تۇمەنباشىنىڭ دىرىكىنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرق تەرەپكە ماڭغان قوشۇن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھۇنجىلە خېنىم سەل ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۈمۈرلۈك ھەمراھى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا — ئوردۇكەنتىگە قايتىپ كەتكۇسى كەلمەپتۇ ـ دە، شەرق تامان يول ئېلىپ، نەچچە كېچە ـ كۈندۈزدە مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ يولدىن ئېزىپ قاپتۇ.

— مەن كۈنپېتىش تەرەپكە بېرىپ كېلەي، — دەپتۇ ھۇنجىلە خېنىم ھەمراھلىرىنىڭ ئۈمىدسىز چىرايىنى كۆرۈپ، — سىلەر ئىككىڭلار شەرق تەرەپكە، سىلەر ئىككىڭلار جەنۇبقا، يەنە ئىككىڭلار شىمال تەرەپكە بېرىڭلار. ھەسەن ـ ھۈسەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن لازىمەتلىكىڭلارنى ساقلىغاچ مۇشۇ يەردە قالسۇن. ھەممەيلەن بۇغرا قوشۇنلىرىنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ دىرىكىنى قىلىپ باقايلى. ئۇلارنى ئۇچرىتالىساقمۇ، ئۇچرىتالمىساقمۇ، ئىككى كۈندىن كېيىن كۈن دەل چۈش بولغاندا مۇشۇ يەردە ئۇچرىشايلى.

ئۇنىڭ سۆزىگە باشقىلار قوشۇلۇپتۇ ـ يۇ، ئەمما ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئانىسى بىلەن بىللە بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىراق، ھۇنجىلە خېنىم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆزى يالغۇز سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ ـ دە، ئىككى كۈن ئۆزى نىشانلىغان يەرلەرگە بېرىپ بۇغرا قوشۇنىنىڭ دىرىكىنى ئالغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇ نائىلاج ھالدا كەينىگە قايتىپ باللىرىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. شۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەردە سۇ

يوق ئىكەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن دەسلەپ ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن پەقەت چىدىيالماپتۇ ـ دە، ئاخىرى مەسلىھەتلىشىپ يەرنى كولاپ سۇ چىقارماقچى بولۇشۇپ، مۇشۇ دۆڭنىڭ يان تەرىپىدىكى ئويمانلىقنى كولاشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار تەرلەپ كېتىپ پۈتۈن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. دەل ئەشۇ چاغدا هۇنجىلە خېنىم بىز ئولتۇرغان مۇشۇ دۆڭگە چىقىپ كەپتۇ. تۆگىنىڭ بوينىدا كولدۇرمىسى بولمىغاچقا، هەسەن ـ هۈسەنلەر ئانىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەر هالدا ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. هۇنجىلە خېنىم ئوغۇللىرىنىڭ تۇغما هالەتتە ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار كۆرۈپ قالماستا كەينىگە يانماقچى بولۇپ نار تۆگىنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇكنى تارتقانىكەن، نار تۆگە ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز بوزلاپ كېتىپتۇ. هەسەن ـ هۈسەن ئىككىيلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، دۆڭ ئۈستىدىكى تۆگىدە ئولتۇرغان ئانىسىنى كۆرۈپ ئىزا تارتقىنىدىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلار كولىغان يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، بىردەمدىلا بىر كۆلنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. هۇنجىلە خېنىم شۇ چاغدىلا ئەقلىگە كەلگەندەك بولۇپ تۆگىسىدىن چۈشۈپ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بىراق، ئۇلاردىن هېچبىر سادا كەلمەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا باشقا تەرەپلەرگە كەتكەنلەرمۇ قايتىپ كەپتۇ ـ دە، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، هۇنجىلە خېنىمغا كۆپ تەسەللىلەرنى بېرىپ كۆلگە چۈشۈپ هەسەن ـ هۈسەنلەرنى ئىزدىگەن

بولىسمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى دەپنە قىلىپ، ھۇنجىلە خېنىمنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىنى ئاز - تولا بولىسىمۇ ئەمىن تاپقۇزۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن قەبرە بېشىدا خەتمىقۇرئان قىلىشىپ بولۇپ ئۆز ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىپتۇ. شەرق بىلەن جەنۇبقا بارغانلارمۇ خۇددى ھۇنجىلە خېنىمدەك بۇغرا قوشۇنلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنىكەن. پەقەت شىمال تەرەپكە بارغانلار ئويتوغراق دېگەن يۇرت تەرەپتە بۇغرا قوشۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كەپتۇ. ھۇنجىلە خېنىم بۇنى ئاڭلاپ دەررۇلا يولغا چىقىپتۇ - دە، ئەتىسى تاڭ ئاتاي دەپ قالغان مەھەلدە بىر مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ياۋنىڭ مىڭبېشى ئۇلارنى خېلى قاتتىق قىيناپ، باش ئەگدۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ ئاخىرى بارلىق تۇتقۇنلارنى بىر ئۆيگە سولاپ ئاچ قويۇپ قىيىنىماقچى بوپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھۇنجىلە خېنىم ئۆزىگە قاراۋاتقان لەشكەرنى ئالداپ ئۆيئىچىگە ئەكىرىپ جەھەننەمگە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن يارەنلىرى بىلەن قېچىپ چىقىپتۇ - دە، ياۋنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىغا، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ. ياۋ قىيامەت قايىم بولغاندەك ئاللا - توۋا قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياۋ قارارگاھىدىن ئايرىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەتىسى

ئۇلار سانغۇنى جەڭدە قازا قىلىپ كەتكەن قاراخانىيلار لەشكەرلىرىگە ئۇچراپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ياۋ لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلار خېلى ئۇزاق تىركىشىپ ئاخىرى ياۋنى چېكىندۈرۈپتۇ. شۇ قېتىمقى جەڭدە ھۆنجىلە خېنىم كۆپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بۇ ئارىدا ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم ئېلىشىپتۇ. ھۆنجىلە خېنىم كىچىك چاغلىرىدا ئۆگەنگەن جىرىكچىلىك مەشقىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر قېتىم ياۋغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ياۋ كۆپ، ئۇلار ئاز بولغاچقا، ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمەپتۇ. ئەنە شۇنداق ئىككى تەرەپ تىركىشىۋاتقان كۈنلەردە ئۇلار يەنە توتۇشۇپ قاپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە ھۆنجىلە خېنىمنىڭ نار تۆگىسىگە يا ئوقى تېگىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھۆنجىلە خېنىم بىر ياۋ لەشكىرى بىلەن ئېلىشىۋېتىپ يارىلىنىپتۇ. دەل شۇ چاغدا كۈچلۈك ناغرا ئاۋازى بىلەن ھوگا ـ سۈرەن كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە، يەردىن ئۈنگەندەكلا بۇغرا قوشۇنى پەيدا بولۇپ، ياۋ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ قىلىچ ـ نەيزىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ قوشۇنغا باشچىلىق قىلغان كىشى دەل رۇسۇلشاھ تۇمەنبېشى ئىكەن. ئۇ چېرىكلەردىن ھۆنجىلە خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ قۇچىقىغا ئاپتۇ. ھۆنجىلە خېنىممۇ مۇشۇنى كۈتۈۋاتقاندەك ئۈمۈرلۈك مۇرەببىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن رۇسۇلشاھ

تومەنبىشى ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ نالىسى بىپايان دالادا ياڭرىشى بىلەن تەڭ شەرق تامان بوران چىقىشقا باشلاپتۇ ـ دە، ھۇنجىلە خېنىمنىڭ تۆگىسىنى قوم ئوراپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېگىز بىر قوم دۆۋىسى شەكىللىنىپتۇ. رۇسۇلشاھ بۇ كارامەتتىن ھەيران بولۇپ يىغىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ ـ دە، لەشكەرلىرىگە جەڭدە قازا قىلغانلارنىڭ مېيىتىنى بىر يەرگە يىغىپ، مۇشۇ قوم دۆۋىسىنىڭ باغرىغا دەپنە قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ھۇنجىلە خېنىمنىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر بۇ يەرنى دەسلەپىدە بۇغرا تۆگىنىڭ قومى دەپ ئاتاشقان بولسىمۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇغرا قوم دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ...

سەپەر بوۋاي بىردىنلا جىمىپ قالدى. شۇ تاپتا ھەممىيلەن خۇددى ھۇنجىلە خېنىم باسقان يوللارنى، ياۋ بىلەن ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈۋاتقاندەك ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغاندەك ئولتۇرۇشاتتى. شېرىن بىردىنلا ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، سەپەر بوۋاينىڭ چىرايىغا قارىدى. بىراق، سەپەر بوۋاينىڭ كۆزلىرى كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان، ئوتلىرى بارا ـ بارا پەسلەۋاتقان گۈلخانغا تىكىلگەن بولۇپ، يۈزى ئوت تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك ئولتۇراتتى.

— مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتلاردا ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردا بولسام كېرەك، رەھمەتلىك ئۇستازىم موللا ئالاۋۇدۇن ئاخۇنۇم بۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەن

ۋاقتىدا، «تورا، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئىشلار بولغان ئىكەنا...» دەپ ھەيران قالغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مۇسا ھاكىمبېگىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن بۇ يەرلەردە قوي باققاچ، ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ قەبرىسىگە ھەمراھ بولدۇم. ھازىر ئۇلار كولىغان جايدىن ئېتىلىپ چىققان سۇ ئازىيىپ بىر خىل تۇرغىنى بىلەن ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭلا بىردىنلا ئۇلغىيىدۇ ـ دە، مانا مۇشۇنداق كۈنلەر كەلگىچە بىر ئېقىن سۇ دەريا تەرەپكە ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغۇن پىشىقى مەزگىللىرىدە يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن تاۋاپچىلار بۇ يەرنى ئاۋات قىلىپ تۇرىدۇ.

سەپەر بوۋاي سۆزىنى يەنە توختاتتى. شېرىن ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلەيدىغان ھېكايىسىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى ـ دە، خىيالىدىن كەچكەن بىر ئوي بىلەن سورىدى:

ــ مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە يۇرت ـ يۇرتلارنى ئارىلىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ قەشقەر زېمىنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مازار ـ ماشايىخلارنىڭ كۆپلۈكىنى، كىشىلەرنىڭ مازارلارغا ئېتىقادىنى، دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆپ ئۇچراتتىم. قارىغاندا بۇ ئاشۇ چاغدىكى ئۇرۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، شۇنداقمۇ، سەپەر ئاكا؟

سەپەر بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، «دېگىنىڭىز توغرا» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتقاچ ئېغىز ئاچتى.

ــ مەنمۇ ئىشلار دەل سىز دېگەندەكمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان كۈنلەردە مەن ئۇستازىمنىڭ بۇرادەرلىرى بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاشۇ چاغدا مەۋلانە

ئەرشىدىن غوجا دېگەن بىر ئادەم: «يۇرتىمىزدا مازارى ـ ماشايىخلار كۆپ، ئەمما نادان كىشىلىرىمىز بەزى مازارلارغا قارىغۇلارچە تېۋىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنى بۇنداق جاھالەتلىك ئىشلاردىن توسۇپ، ھىدايەت يولىغا باشلىشىمىز تولىمۇ جايىزدۇر...» دېگەندە، باشقا موللا، ئۆلىمالار ئۇنىڭ سۆزىگە ئۆكتە قوپقانىدى. شۇ چاغدا مەنمۇ بۇ پاراڭلارغا قىزىققان بولسامىمۇ، لېكىن ئۇستازىم مېنى چاي دەملەشكە بۇيرۇغاچقا، ئاخىرى كىم كىمنىڭ سۆزىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا موللا ئالاۋۇدۇن ئاخۇنۇمدىن بۇ ھەقتە سوراشنى ئويلىغان بولسامىمۇ، چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيىشكە پۇرسەت بولمىغانىدى.

— جاھان دېگەندە ئاجايىپلا ئىشلار يۈز بېرىدىكەن. مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلىسام نەچچە كۈنلەرگىچە ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمىگۈدەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن، — دېدى باۋۇدۇن باي، — ئىشقىلىپ، ئادەم تۇغۇلۇپ قەبرىسىگە كىرگىچە خىلمۇخىل تەقدىر ـ قىسمەتلەرگە ئۇچرايدىكەن.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىنكاس بىلدۈرمىدى. ھەممەيلەن جىمجىتلا ئولتۇراتتى.

— بۇغراقۇم بۇ يەردىن خېلى ئۇزاقمۇ؟ — دەپ سورىدى شېرىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان سۈكۈناتلىقتا چىدىيالمىغاندەك.

— ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقساق چۈش پېشىنگە يېقىن يېتىپ بارىمىز، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ، — بىزمۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتە دېيىشىۋالغان، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەن ئويتوغراققا قاراپ يول ئالىمىز.

— ئەمسە مېنىڭمۇ بۇغراقۇمنى كۆرۈش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىكەن ـ دە؟

— ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، بۇغراقۇم بىزنىڭ ئۆتەر يولىمىز.

شېرىن گەپ قىلمىدى. بۇ چاغدا گۈلخاننىڭ ئوتى تامامەن ئۆچەي دەپ قالغانىدى. ھەممەيلەن سەپەر بوۋاينىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالغاچقا، خىزمەتكارلارمۇ ئوتۇن سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئورايىم بەگ ئوتقا قارىغاچ، ئاسمانغا قاراپ ئۇكەر يۇلتۇزنىڭ خىلىلا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئېغىز ئاچتى.

— ئالەممۇ ئېغىر ئەلياتقۇ بولغىلى ئاز قاپتۇ، كاۋاپ ئەمدى پىشقانمىدۇ؟

سەپەر بوۋاي شۇنىڭدىلا ئېسىگە كەلدى ـ دە، نېمىنىدۇر ھېسابلاۋاتقاندەك بارماقلىرىنى پۈككەچ ئورنىدىن تۇردى.

— بۇ چاغقا پىشىپ مىلىقلاپ كەتكەندۇ! قېنى سەن بالام نەۋرۇز، ئوتۇن سېلىپ ئوتنى ئۇلغايت، كاۋاپنى ئاچايلى.

نەۋرۇز ئورنىدىن تۇرۇپلا نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى ئوتۇننى قۇچاقلاپ ئەكېلىپ، ئۆچەي دەپ قالغان ئوتنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى ـ دە، كەپە تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. ئوت دەسلەپىدە تۈتەپ كۆيۈپ كېيىن تېزلا ئۇلغايدى. سەپەر بوۋاي ئوتنىڭ يورۇقىدا بايىقى كۆسەي بىلەن ئۆچۈپ بولغان چوغلارنى بىر تەرەپكە سۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، قولى بىلەن بوز توپىلارنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ، قېرىن كۆرۈنگەن ھامانلا

ئۇنىڭ ئەتراپىنى كولىدى ـ دە، ئاساسەن ئىچىلىپ بولاي دېگەن ۋاقىتتا تولىمۇ چاقىقانلىق بىلەن سارغىيىپ كەتكەن قىرنىنى كۆتۈرۈپلا كاسىنىڭ ئىچىگە قويدى. شۇ ئان كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپنى بىر ئالدى.

— قىنى قولىرىنى چايقاشسىلا، بەگلىرىم،— دېدى قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن نەۋرۇز ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ،— كەپە تەرەپكە بىرىپ بولغۇچە مۇشۇ يەردىلا غىزالىنىشسىلا.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن دېيىشىۋالغاندەكلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شىرىن كاۋاپ ھىدىدىن مەستخۇش بولغاندەك ھاۋانى كۈچ بىلەن سۈمۈردى.

# بەشىنچى باب

## خەيرلىك ئىشلار

ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. يۈز ـ كۆزلەرگە ئۇرۇلغان ئىزغىرىن شامال ئادەمنىڭ تېنىنى خېلىلا ئەندىكتۈرەتتى. يول بويلىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغايغان بولۇپ، ئاساسەن چۇشۇپ بولاي دەپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا كوچىدا ئادەم كۆپ بولۇپ، ھېيتگاھ جامەسىگە سەلدەك ئېقىشماقتا ئىدى. قارلۇق ئۆستىڭگە سېلىنغان تاختا كۆۋرۈك بويى شۇ تاپتا تولىمۇ قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ھۆپىگەرلەرنىڭ، ساتارمەنلەرنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراشلىرى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. باشقا ۋاقىتلاردا ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، پەقەت جۈمە كۈنىلا ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ناماز ئۆتەشكە كېلىدىغان كىشىلەر شۇ تاپتا ئىككى ـ ئۈچ زىخ كاۋاپ يېيىشكە قۇربى يەتمىسىمۇ، كاللا ـ پاقالچاق، ئۆپكە ـ ھېسىپ بولسىمۇ يەۋېلىپ، ئاندىن نامازغا بېرىشنى نىيەت قىلغاندەك ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قازانلارنى ئالدىغا يىغىلىۋېلىشىپ، ئەسلىدىنلا تار كوچىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ بىمالال يول يۈرۈشىگە توسقۇنلۇق ئەكەلگەنىدى. قەسىرىدىن

چىققاندىن بېرى ئەتراپنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكەچ، ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام قىلغانلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ، سالامغا جاۋاب قايتۇرغاچ كېتىۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگ يول بويلىرىدا تۈگۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقانلارنى كۆرۈپ قوشۇمىسىنى تۈرگەن پېتى كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بارغان، ئەل ـ ئارىلاپ، يېزا ـ قىشلاقلارغا ماڭغاندىلا بويۇنلىرىغا مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان، ئۈچ ئات قوشۇلغان، قارىسا ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان دەرىجىدە بېزەلگەن ھاكىمبەگلىك مەپىسىگە ئولتۇرغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئانچە ھەشەم ـ دەرەم قىلىپ كەتمەيتتى. بەزىدە ھېچكىمگە بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايلا قەسىرىدىن چىقاتتى ـ دە، ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلەتتى. گاھىدا بىر ـ ئىككى دورغىنى ياكى ئۆزى نىيەت قىلغان ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بەگلەرنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ كوچا ئارىلايتتى. گاھىدا نىياز قاراقاشنى ئەگەشتۈرگىنىچە بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا بېرىپ ئەل ئارىلىغاچ سودىگەرلەر، سېتىقچىلار، بىرەر ھاجەت بىلەن بازارغا سودا قىلغىلى كەلگەنلەر بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشىپ قايتىپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ تولىمۇ ئاددىي كىيىنىۋالاتتى. شۇڭىمۇ بەزىدە ئۇنى باشقىلار چىرايىغا تازا زەن سېلىپ قارىمىسا تونۇماي ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ يول چېتىدە ناۋاينىڭ تونۇرىدىن ئېلىۋېتىلگەن چوغلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوت سۇنۇۋاتقانلارغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىملىرى يېلىڭ بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يىرتىلىپ سالۋاراپ كەتكەچكە، سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن ئەتلىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ

قالغاندى. شىرىن ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرىغا، ئىچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، ئەپسۇسلىنىش ئىپادىلىرى روشەن بالقىپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرىگە، تىنىمسىز لىكىلداۋاتقان، چىرايلىق ياستىلغان، چىرايىغا تولىمۇ ماسلاشقان بۇرۇتلىرىغا قاراپ بىردەم ئۈندىمەي تۇرغاندىن كېيىن: «ماڭايلى بېگىم، جاھاندا بۇنداق بىتەلەي بىچارىلەر كۆرمىگ. بۇلارغا ئىچىنىپ، ئىچ ئاغرىتقاندىن كۆرە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ئۇلارنى بۇنداق كۈنلەردىن ئۈزۈل - كېسىل خالاس قىلىسىلا بولاتتى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقارماقچى بولغاندەك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ قويدى - يۇ، ئەمما ئاللىنېمىلەردىن قىينالغاندەك جىم بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ چاغدىلا مۇسا ھاكىمبەگ كۆزلىرىنى ئۈزۈپ كوچىدا كېتىۋاتقانلارغا مەقسەتسىزلا تىكىپ قويدى - يۇ، مەسچىت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شىرىن بىلەن نىياز قاراقاشمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. مۇسا ھاكىمبەگ يولدا ئۇچرىغانلارغا سالام قىلغاچ، شىرىن كېرىيە زېمىنىغا يېڭى قەدەم باسقان كۈنلەردە بارغان ئىمىن ساتىراشنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ، سالى كىرپىنىڭ ئەتتىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن قازىخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ھايالشىمايلا گۈمبەز، قۇببىلىرى تولىمۇ نەپىس ياسالغان، سەككىز - توققۇز پەشتاق ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاندىن ھويلىسىغا كىرگىلى بولىدىغان ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شىرىن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان باشقا جايلارغا گاھىدا مۇسا ھاكىمبەگكە ھەمراھ بولۇپ، گاھىدا نىياز قاراقاشنىڭ يول باشلىشى بىلەن بارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسچىتكە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا

كېلىشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا، مەسچىتنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان گۈمبەز، قۇببىلىرىغا ئالدىرىماي قاراپ چىقتى.

— ھەيران قېلىۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش شىرىننىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— ھەئە، بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە خېلى جايلارنى كېزىپ، كۆپ يەرلەرنى كۆرگەن بولساممۇ، ئەمما بۇنداق ھەيۋەتلىك، چىرايلىق مەسچىتنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. شۇ تاپتا راستىنلا ھەيران قېلىۋاتىمەن.

— دېمىسىلىمۇ راست، مەنمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. ئەمما، باشقىلاردىن قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىدىم. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ خېلى كاتتا قۇرۇلۇش ئوخشايدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بۇ مەسچىتىمۇ ئۇ مەسچىتتىن قېلىشمايدۇ. ھەيۋەتلىكلىكى، كۆركەملىكىگىمۇ بىر نۆرى، دائىرىسى بۇ مەسچىتنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ، شۇنداقمۇ بېگىم؟ — دېدى نىياز قاراقاش مۇسا ھاكىمبەگكە قاراپ.

— ھەئە، بۇ مەسچىتنىڭمۇ خېلى نامى بار.

— راست، ئىسىم قۇرۇلۇشى، مانا بۇ مەسچىتنى بىنا قىلىشقا مۇسا بېگىمنىڭ ئەجدادلىرى كۆپ كۈچ چىقارغان.

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، «نىياز قاراقاشنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟» دېگەندەك مۇسا ھاكىمبەگنىڭ چىرايىغا قارىدى - يۇ، ئۇنىڭ ئىپادىسىز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سوراشقا مەجبۇر بولدى.

— قارىغاندا بۇ مەسچىتنىڭ تارىخى بىلەن

ئۆزلىرىنىڭ نەسەبلىرىنىڭ باغلىنىشى خېلى چوڭقۇر ئوخشايدۇ ــ ھە، بېگىم؟

مۇسا ھاكىمبەگ شېرىنىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، «بۇ گەپكە بەكلا قىزىقىۋاتىمەن، ماڭا مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بەرسىلە» دېگەن مەنەنى چۈشەندى بولغاي، ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

ــ بۇ مەسچىتنىڭ تارىخىنىڭ زادى قانچە يىل ئىكەنلىكىنى بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزدىن ھېچقايسىسى يېزىپ قالدۇرۇپ قويمىغانىكەن. ئەمما، خېلى ئىشەنچلىك پاكىتلارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى بۇ زېمىنغا يېتىپ كەلگەندە، مۇشۇ جايغا تۇنجى مەسچىت بىنا قىلىنغان دېگۈچىلەرمۇ، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك قىلىنغان دەيدىغانلارمۇ بار. ئەمما، نېمىلا بولسۇن، بۇ يەرگە مەسچىت بىنا قىلىنغاندىن باشلاپ، ھازىرغا كەلگىچە ئالتە قېتىم يېڭىلاپ سېلىنغان. سىز كۆرۈۋاتقان بۇ مەسچىتنى ھىجرىيە 1075 ـ يىلى[1] يۇرتىمىزدىكى مۆتىۋەر دىنىي زاتلاردىن موللا تېيىپ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق ئاخۇنۇم، ئىيساق ئاخۇنۇم قاتارلىقلار قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇش ھەققىدە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خانغا تەكلىپ سۇنغانىكەن. ئابدۇللا خان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، يەكەندىن مەخسۇس ئۇستىلارنى ئەۋەتىپ، قۇرۇلۇشنى باشلىغانىكەن. شۇ چاغدا بۇ يەردىكى بەزى ئاھالىلەر ئۆز ئۆيلىرىنى كۆچۈرۈشۈپ بىكارلاپ بېرىپتۇ. بەزىلىرىنى يامۇلدىكىلەر باشقا يەردىن ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىپ بېرىپ مەجبۇرىي كۆچۈرگەنىكەن. شۇ چاغدا يەكەندىن

---

① ھىجرىيە 1075 ـ يىلى ــ مىلادىيە 1665 ـ يىلى.

كەلگەنلەر ئۇن تۆپ چىنار دەرىخىنى ئالغاچ كېلىپ، مەسچىتنىڭ سەيناسىغا قويۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ چىنارلار ناھايىتى تېز ئاينىپ، ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمىگىدەك يوغىناپتۇ. بۇ چىنارلار ئەنە ئاۋۇ يەردە، — مۇسا ھاكىمبەگ قولى بىلەن كۈنچىقىش تەرەپتىكى كۆك بىلەن بوي تالاشقان دەرەخلەرنى كۆرسەتتى، — شۇڭا كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ مەسچىتنى ھېيتگاھ جامەسى دەپ ئاتاشسىمۇ، يەنە بەزىلەر «چىنارباغ جامەسى» دەپمۇ قويۇشىدۇ...

— مۇشۇ ئەتراپمۇ چىنارباغ دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى نىياز قاراقاش گەپ قىستۇرۇپ.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگ ئىشارە قىلغان دەرەخلەرگە قارىدى. دەرەخلەر ھەقىقەتەن كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇراتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا مەسچىت تاقىسىدا مەزىن پەيدا بولدى ـ دە، سوزۇپ ئەزان توۋلاشقا باشلىدى. ئالدىراپ مېڭىشىۋاتقانلار بىرى پەرمان بەرگەندەكلا «شىپپىدە» توختاپ، مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىغا قولاق سېلىپ ئۈنسىز ھالدا ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاشقاندىن كېيىن، ئەزان توختىشى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— قېنى مېڭىڭلار، ھازىر كىرمىسەك نامازغا كېچىكىپ قالىمىز، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ دۇئا قىلىپ يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن، — ھالدام ـ ھالدامراق بولايلى...

مۇسا ھاكىمبەگ ھېيتگاھ جامەسىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەسچىتتىن چىققاندا، مەسچىت ئالدىدىكى سەينادا ئۇن نەچچە تىلەمچى قوللىرىنى سوزغىنىچە نامازدىن يانغانلارنىڭ ئالدىنى توسۇماقتا ئىدى.

— سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى! سەدىقە بەرسىلە، غوجام!...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز يانچۇقىغا قول سالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان يۈزلىرىنى قاسماق باسقان، كىيىملىرى يىرتىلىپ تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەن ئايالغا تەڭلىدى. بۇنى كۆرۈپ باشقا تىلەمچىلەرمۇ دۈپۈرلىشىپ كېلىشتى.

— ماڭىمۇ سەدىقە بەرسىلە، غوجام...

— ماڭىمۇ...

— ئۆيدە كېسەلچان ئانام بار ئىدى. شۇ تاپتا دۇئا ئالىدىغانغا، تېۋىپقا كۆرۈنىدىغانغا پۇل يوق ئىڭراپ ياتىدۇ، رەھىم ـ شەپقەت قىلسىلا، باي ئاكا...

— ماڭا بىرنى بەرسىلە، خۇدايىم سىلىگە مىڭنى بېرەر، باي غوجام، خالىس نىيەتلىرىنىڭ بەرىكىتى ماڭىمۇ يەتسۇن.

مۇسا ھاكىمبەگ قول سوزغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەڭگە، داچەن بەرگەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەسىرگە يېتىپ كېلىپ ئۇدۇللا ساراي ئۆيگە كىرىپ، تام بويلىتىپ سېلىنغان يېكەندازدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ تامغا يۆلەندى ـ دە، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شېرىننى كۆرمىگەندەك كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى. پەگادا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ تۇرغان نىياز قاراقاش ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىش ئۇستىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇ تاپتا ئۆيئىچى تولىمۇ جىمجىتلىقتا چۆككەن بولۇپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك خورسىنىشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى.

شېرىن ئەتىگەندىن بۇيان چىرايى باھار ئاپتىپىدەك پارلاپ تۇرغان مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بايا جۇمە نامىزىغا ماڭغاندىن كېيىنلا بىردىنلا بۇلۇت باسقان ئاسماندەك تۇتۇلۇپ، قاپاقلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە تەئەججۈپلىنىپ، كۆڭلىدىن نۇرغۇن خىياللارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالماي جىممىدە ئولتۇراتتى. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە مۇسا بەگ كۆزلىرىنى «لۆممىدە» ئاچتى - دە، ئاۋۋال شېرىنگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن نىياز قاراقاشقا تىكىلدى.

— ھازىر بىرىپ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىكى دورغا، پاشاپلارغا ئېيتىڭ، دەررۇلا ئاتلىنىپ شەنبەبازار[1]، بوغازلەڭگەر[2]، ئارال[3]، ئويتوغراق[4] تەۋەسىدىكى بەگلەرگە خەۋەر يەتكۈزسۇن، ئەتە مەشۋەرەت قىلىدىغان جىددىي ئىش بار.

— لەببەي بېگىم، باش ئۈستىگە...— نىياز قاراقاش مۇسا ھاكىمبەگنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قەددىنى تېزلا رۇسلاپ مېڭىشقا تەمشەلدى - يۇ، ئاللىقانداق بىر ئوي بىلەن ئۇنىڭغا دادىللىق بىلەن تىكىلدى،— مەسلىھەتنىڭ ئورنى قەسىرلىرىمۇ يا بەگلىرىم ئۇدۇللا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بارامدۇ؟

— ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە...— مۇسا ھاكىمبەگ كەسكىنلا جاۋاب بەردى.

— ماقۇل، ئەمىسە مەن ماڭاي...

— توختاڭ، يەنە قازى، ئەلەملەرگە، غەزىنىچى بەگ، ئاشۇرلارغا[5]، يېقىن ئەتراپتىكى بايلارغىمۇ بۇ خەۋەر

---

[1] [2] [3] [4] — يۇرت ناملىرى

[5] ئاشۇر — ئۆشرە - زاكات يىققۇچى.

يەتكۈزۈلسۇن. كىمدە كىم ۋاقتىدا كەلمىسە مەندىن خاپا بولۇپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەن ھەممىنى ئۆزلىرى دېگەندەك يەتكۈزىمەن... — نىياز قاراقاش سۆزلىگەچ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسا ھاكىمبەگ يېنىدىن خورسىنىپ قويىدى - دە، بېشىدىكى سەرپۇش تۇمىقىنى ئېلىپ تىزىغا كىيگۈزۈپ قويۇپ، ئۈستىرا تەگكىنىگە ئىككى - ئۈچ كۈنلا بولغاندەك كۆرۈنىدىغان بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ قويىدى - دە، ئايۋاندىكى يېنىك ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى بولغاي، پەسقىنا ئاۋازدا توۋلىدى.

— قايسىڭلار بار، چاي كەلتۈرۈڭلار...

ئەتىسى ناشتىلىقتىن كېيىنلا تەييار بولغان مۇسا ھاكىمبەگ نىياز قاراقاش ئارقىلىق شېرىننى ئارقا ھويلىدىكى ھۇجرىدىن چاقىرىپ چىقتى. شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تۇجۇپىلەپ ياسانغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۇزايىغا ئالدىرىماي سەپسېلىپ چىقتى. بۇنى كۆرۈپ مۇسا ھاكىمبەگ چىرايىغا تېزلا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— قانداق شېرىن، بۈرۈن مېنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟

— يا... ياق... — شېرىن نېمىشقىدۇر كىكەچلەپ قالدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىردىنلا ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ، دەيدىغان گېپىنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك ئۇدۇللا سورىدى.

— مۇشۇ تاپتا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە ماڭاي دەۋاتىمەن، قانداق، مەن بىلەن بىللە بارامسەن؟

— ئۆزلە ئۇ يەرگە ئۆللالەم ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن باردىلا، بىگىم، مەنمۇ بىللە بارسام...

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ بۈگۈن بەكلا ھايال بولۇپ كەتمەيمەن. مۇشۇ باھانىدە سەنمۇ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنى كۆرۈپ باقمامسەن؟

شېرىن قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندەك نىياز قاراقاشقا تىكىلدى. ئۇ شېرىننىڭ ئىككى تايىن بولۇپ مۇسا ھاكىمبەگكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىز ئاچتى.

— بۇ ئوبدانلا تەكلىپ بولدى، شېرىن، ئاۋۇ چاغدا مەن سىلىگە «مۇسا ھاكىمبېگىمنىڭ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بېرىپ، كۆرۈپ ئايلىنىپ كېلىدىغان ۋاقىتلار تېخى كېلىدۇ» دېگەنىدىم. ئەمدى ۋاقتى - قەرەلى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇمۇ بېگىمنىڭ ياخشى كۆڭلى. ئۆيدە ئولتۇرسىلىمۇ بىكارچىلىقتا ئىچىلىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بېرىپ كەلسىلە...

— ماقۇل، ئۇنداق يېرى بولسا كۆرۈپ كېلەي.

مۇسا ھاكىمبەگ شېرىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «مانا ئەمدى ئوبدان بولدى...» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئالەم ۋاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ماڭايلى.

ئۇلار قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چىققاندا، تۆمۈر كومۇلەك ئاللىقاچان مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۈچ ئات قوشۇلىدىغان مەپىسىنى تەييار قىلىپ بولغانىدى. مەپە خىللا تۇجۇپىلەپ ياسىلىپ، رەختلەر بىلەن توسۇلغان بولغاچقا، خۇددى ئەتىۋارلىق زىننەت بۇيۇمىدەك كۆرۈنەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا مەپىگە چىقتى - دە، گىلەم ئۈستىدىكى كۆرپىگە چىقىپ

باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. شىرىنمۇ تېزلىك بىلەن بەگنىڭ يېنىغا چىقتى.

— ماڭايلى، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ شىرىننىڭ ئوبدانلا جايلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مەپىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى قايرىپ قويۇلغان يىپەك رەختىنى پەسكە چۈشۈرگەچ.

تۆمۈر كۆمۈلەك دەل مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق زەي قامچىنى ھاۋادا قارسىلداتتى. پاۋان مىلتىقى ئېتىلغاندەك خېلىلا قاتتىق قارسىلدىغان قامچا ئاۋازىنى ئاڭلىغان شاش، بەردەم، بىر - بىرىدىن چىرايلىق قاراشەھەر ئاتلىرى ئاۋۋال قۇلاقلىرىنى مىدىرلاتتى - دە، ئالدىغا قاراپ سىلجىدى. شۇ ئان ئاتلارنىڭ بوينىغا، مەپىنىڭ شوتىسىغا ئېسىلغان، تۇچتىن قۇيۇلۇپ، نەقىش ئويۇلغان قوڭغۇراقلار جىرىڭلاشقا باشلىدى.

— چۇھ جانىۋارلار، چۇھ... — تۆمۈر كۆمۈلەك قامچىنى يەنە بىر مەرتەم قارسىلدىتىپ قويغاچ بوشىلا توۋلاپ قويدى. شۇ ئان مەپە سىلىق قوزغالدى - دە، كوچىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى خۇددى بىر يېقىملىق كۈيدەك ئاڭلىناتتى. يولدىن كېتىۋاتقانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى - دە، قول باغلاشقىنىچە يەرگە قارىشاتتى. شىرىن بۇ ھالەتلەرنى كۆرۈپ ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمىدى. ئۇ قومۇلدىكى ۋاقتىدا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئوردىسىدىن چىققان چاغدىكى ھەشەم - دەرەملەر بۇنىڭدىن خېلىلا ئارتۇق ئىدى. مەپە تېزلا چوڭ كوچىغا چىقىپ، تاختا كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى. قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىق ساداسىنى ئاڭلىغانلار يول

بوشاتتى. ئۇنلۇك ۋارقىراپ خېرىدار چىللاۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچتى. ئاتلار بىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ، بويۇن ۋە قاڭشارلىرىدىكى قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلاتقاچ مېڭىپ، بۇ يەردىن تېزلا ئۇزاپ كەتتى ـ دە، يان تەرەپتىكى خېلىلا چوڭ كوچا بىلەن ئىچكىرىلەپ، بىردەمدىلا كەڭرى بىر سەينانىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئۈچ پاي توپ ئوقى ئېتىلدى.

— چۈشەيلى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار مەيسىدىن چۈشۈشتى. سەينا خېلى كەڭ بولۇپ، توققۇز ـ ئون مودىن ئارتۇقراق يەرنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئېگىزلىكى تۆت ـ بەش غۇلاچ كېلىدىغان سېپىل بار بولۇپ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە كۇنگۇرە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۈستى تەرەپتە قىلىچ، نەيزىلەرنى كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچەيلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇدۇل ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ سېپىل دەرۋازىسى تەرەپكە ماڭدى. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان چىڭ ھۆكۈمىتى لەشكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان كۆزەتچىلەر مۇسا ھاكىمبەگنى كۆرۈپ قەددىنى تىك تۇتۇشتى ـ دە، بېشىدىكى قالپىقىغا ئوخشاشلا قىزىل پۆپۈك ئېسىلغان، يېپلىرى قۇياش نۇرىدا «يالت ـ يۇلت» قىلىپ، سوغۇق نۇر تارقىتىپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىغان نەيزىلىرىنىڭ دەستىسىنى يەرگە تەگكۈزۈشۈپ، مۇسا ھاكىمبەگكە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. شېرىن بۇنى كۆرۈپ «بىزنىڭ قومۇلدا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ۋاقلىق ھۆكۈمدارى بولسىمۇ، بېيجىڭدىكى خان يەنە قومۇلغا مەخسۇس ئايىماقبېگى ئەۋەتكەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە تېخى ئامبال

بەگمۇ تەيىنلىگەنىدى. كىرىيەمۇ ھېسابتا بىر ئايماق ئىكەن. زېمىنى لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىققىچە ئىكەن. شۇنچە چوڭ زېمىنىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان مۇسا ھاكىمبەگكە خان ئەجەب ئىشىنىپ، مۈلكى، ھەربىي ئىمتىيازلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىپتۇ -يا...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردى.

مەھكىمە قورۇسى خېلىلا ھەشەمەتلىك ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە چىرىكلەرنىڭ تۇرالغۇ، ئاشخانا ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرىدىغان ئامبارلار سېلىنغانىدى. ئوڭ تەرىپىگە ھاكىمبەگلىك قوبۇلخانىسى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ خانىلىرى ئارقا تەرىپىدە ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبارلار ئورۇنلاشقانىدى. ئۇدۇلدا مەخسۇس ھاكىمبەگ ئۈچۈن تەييارلانغان، مەسلىھەت - مەشەۋەتلەر ئېلىپ بارىدىغان چوڭ ئۆي سېلىنغانىنىڭ سىرتىدا، ئارامخانىمۇ تەييارلانغانىدى، مۇشۇ تاپتا قورۇ ئىچىدە بىرنەچچە خىزمەتكارلار، باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياندىن - بۇيانغا ئالدىراش چېپىپ يۈرۈۋاتاتتى. سېپىلنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېغىل، سامانخانىلارنىڭ ئالدىدا ئون نەچچىدىن ئارتۇق ئېگەرلەنگەن ئاتلار باغلانغانىدى. مۇسا ھاكىمبەگ قورۇ ئىچىگە نەزەر سالغاچ، ئۇدۇل ھۆكۈمەت ئىشلىرى مەشەۋەت قىلىنىدىغان زال تەرەپكە ماڭدى. دەل شۇ چاغدا يېشىل سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، سېمىز ساقال بىرى ئالدىراپ چىقىپ كەلدى - دە، مۇسا ھاكىمبەگنى كۆرۈپ دەررۇلا قول باغلىغاچ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئالتۇن تەنلىرى ئامان بولغاي، ھاكىمبېگىم، پايى قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!
— ماشائاللا...— مۇسا ھاكىمبەگ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى ـ دە، قەدەملىرىنى توختىتىپ سورىدى،— كېلىدىغانلار كېلىپ بولدىمۇ؟
— ھەممىيلەن كېلىپ بولدى. مۇشۇ تاپتا بەگ ـ تۆرىلىرىمىنىڭ كۆزلىرى ئۆزلىرىدە.
مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەر تونىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تارتقۇشلاپ قويغاندىن كېيىن سالماق قەدەملەر بىلەن قوش قاناتلىق ئىشىك تەرەپكە چامدىدى. شۇنىڭغىچە ھېلىقى كىشى تولىمۇ چاققانلىق بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۈلگۈردى. مۇسا ھاكىمبەگ بوسۇغىدىن ئاۋۋال ئوڭ پۇتىنى «يا بىسمىللا» دېگىنىچە ئالدى. دەل شۇ چاغدا قوبۇلخانىدىكىلەر ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، باشلىرىنى تۆۋەن ئەگكىنىچە:
— ھاكىمبېگىمىنىڭ تېنى ئامان، دۆلىتى زىيادە بولغاي،— دېيىشتى.
— بىرگە بولغاي،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ.
— ھەشقاللا...— بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا چىققان ئاۋاز بىلەن تەڭ زال ئىچى يېنىك تىترىگەندەك بولدى. مۇسا ھاكىمبەگ سالماق قەدەملەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ تۆر تەرەپتىكى يەردىن بىر غۇلاچتىن ئارتۇقراق ئېگىزلىكتە ياسالغان، يەتتە پەشتاق ئارقىلىق چىقىدىغان كۆتۈرمىدىن كۆتۈرۈلۈپ، چاتما گۈللۈك گىلەم ئۈستىگە تەتىللا كۆرپىلەر قوشلاپ سېلىنغان ئورۇندا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېلىھەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغانلارغا ئالدىرىماي بىرمۇبىر نەزەر سېلىپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.

— ھەرقايسىڭلارمۇ ئولتۇرۇڭلار.
— ھاكىمبېگىمنىڭ تېنى ئامان، دۆلىتى زىيادە بولغاي!...

قوبۇلخانىدا يەنە گۇرۇلدىگەن ياڭراق ئاۋاز ياڭرىغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. شىرىنىمۇ بەگلەرنىڭ يان تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك كىشىلەر ئادەتتە داتاڭ دەپ ئاتايدىغان زالنىڭ ئىچىگە قارىدى. بۇ ئۆي خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە — يىگىرمە بەش قەدەم، كەڭلىكى ئون ئىككى - ئون ئۈچ قەدەمچە كېلەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ئولتۇرغان جاينىڭ سول تەرىپىدە كىچىكرەك بىر ئىشىك بولۇپ، گاھى ۋاقىتلاردا ھاكىمبەگ ئاشۇ ئىشىك ئارقىلىق بۇ زالغا كىرىپ - چىقاتتى. مۇھىم كېڭەش ۋە دەۋا سورالغان ۋاقىتلاردا بۇ چوڭ ھەشەمەتلىك زالنىڭ پەنجىرىلىك تاملىرىنى ياقىلاپ، قولىغا قىلىچ، نەيزە كۆتۈرۈۋالغان مۇھاپىزەتچىلەر تۇراتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

مۇسا ھاكىمبەگ گېلىنى قىرىپ قويدى. شۇ ئان ھەممەيلەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتى. ئۇ زالدىكىلەرگە يەنە بىر رەت قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ مەخسۇس كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى باش ئاشىرى سېلىم بەگكە تىكىلدى.

— سېلىم بەگ، قېنى دەپ باقسىلا، ئۆتكەندە مەن تاپشۇرغان ئىشلار قانداق بولدىكىن؟

سېلىم بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇسا ھاكىمبەگكە ئىككى پۈكلىنىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ يېقى لوپ، بۇ يېقى چەرچەن، چاقىلىققىچە ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇ يەردىكى بەگلىرىمىزنىڭ ھەمدەمدە بولۇشى، ئاشىر، يۈزبېشى، مىراب، كۆكبېشىلارنىڭ ياردەمدە بولۇشى بىلەن بۇ يىل يىغىدىغان غەللە - پاراقلارنى ئاساسەن يىغىپ خەزىنىلەشتۈرۈپ بولدۇق. كەم قىسمى ھازىر جىددىي يىغىلىۋاتىدۇ.

— غەللە - پاراق يىغىش داۋامىدا ئاۋامغا زۇلۇم سېلىنمىغاندۇ؟

— تەمبەت ئۇنداق بولمىدى، جانابلىرى، سىلى ھاكىمبەگلىك ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن دانا تەدبىرلەر تېزلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. ئەل - ئاۋام باج - سېلىق ۋە غەللە - پاراقلارنىڭ بۇرۇنقى يىللاردىكىدىن خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنىڭ زىيادە بولۇشلىرىنى تىلىدى. نىيە، چەرچەن، چاقىلىقتىكى بەگلەر، بايلار، زېمىندارلار ئۆزلىرىنىڭ دانا تەدبىرلىرىدىن سۆيۈنۈپ يېرى، سۈيى يوق ئاۋاملارغا يەر، سۇ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتاقچى، يىللىقچىلار خېلى پىتلىنىپ قاپتۇ. بۇ يىل تاغدىكى چارۋىدىن، تۇزلەڭلىكتىكى ئاشلىقتىن ئوخشاشلا ھوسۇل ئالدۇق. شۇڭا، ئاۋامۇ غەللە - پاراق يىغقۇچىلىرىمىز بارغان ھامانلا باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەي ئۆزىگە تېگىشلىكىنى تېزلا تۆلىدى، جانابلىرى.

— خوش، سىلى ئىنقىلاپ كۆردىلىمۇ؟ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق سوغۇق چۈشۈۋاتقان كۈنلەردە يەيدىغان ئوزۇقى ئۆكسۈپ قالغان ئائىلىلەر بارمىكەن؟

— بۇنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ھاكىمبېگىم،

ئەلمىساقتىن بۇيان بەش قول تەڭ بولغان ئەمەس، باي بار يەردە نامراتمۇ، زەردار بار يەردە يوقسۇلمۇ بار...— دېدى سېلىم بەگ ئاۋازىنى بايىقىدىن سەل پەسەيتىپ،— ئۇنداق كىشىلەرمۇ بار ئىكەن.

قوبۇلخانا ئىچىنى بىردىنلا سۈكۈناتلىق قاپلىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغاندەك ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا قوبۇلخانا ئىچىدە مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بوم، ياڭراق ئاۋازى ياڭرىدى.

— ھازىرقى ئىشلار دەل سېلىم بەگ دېگەندەك ھەرقايسىڭلارغا سىر ئەمەسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز تۆرلۈك ئاماللار بىلەن ئەل - رەئىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق. ئالۋان - ياساقلارنى ئازايتىپ، غەللە - پاراقلارنى ئىلاج بار ئەڭ تۆۋەن چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلمىغىنىمىز قالمىدى. شۇنىڭغا يارىشا ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشىلاندى. ھالبۇكى، ئەلمىساقتىن بۇيان يەر - زېمىنلار ئاز ساندىكى باي - غوجىلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن ئوتاقچى، يىللىقچى ھەم باشقا تۆۋەن تەبىقىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنىڭدىن يەنىلا ئۇنۇملۇك مەنپەئەتلىنەلمىدى. بەزى ئىشلار يەنىلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» دېگەندەك پەدىدە كېتىۋاتىدۇ. ئەتىيازدىن كۈزگىچە، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟ ئوزۇق - تۈلۈكى ئەتىيازدا سېرىقتال ۋاقىتتىن ئۆتۈشكە يېتەمدۇ دېگەن ئىشلار ھازىر بەلكىم مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان خېلى

كۆپلىرىمىزنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماسلىقى مۇمكىن. ئەمدى كۇنلىرىمىزنى «بىگىمنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن كارى يوق» دېگەندەك ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ...— مۇسا ھاكىمبەگ بەكلا ھاياجانلانغانلىقىدىن گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. قوبۇلخانىدىكى بەگ، بايلارمۇ ئۇنىڭ بۇگۇن توساتتىن جىددىي كېڭەشكە چاقىرتىشىدىكى سەۋەبىنى تېخى ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتقاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى،— ياراتقان ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم ھەربىر بەندىسىنى ئوخشاشلا تەڭ ياراتقان. ئەمما، ھازىرقى كۇنلەردە ئىشلار قانداق بولىۋاتىدۇ؟ بۇنى مەن كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىسامىمۇ ھەممىمىزگە ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئايان. ھەدىستە «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈگدىن» دېگەن بايانلار بار. بۇمۇ بەلكىم مۇشۇ ئىشلارنى كۆرسەتسە كېرەك. ئادەم دېگەن ئەسلىدىلا بۇ دۇنياغا يالىڭاچ پېتى كېلىپ، يالىڭاچ پېتى كېتىدۇ. نام ـ مەنپەئەت، بايلىقى، مەرتىۋە، ئورۇنغا ئۆزىنى ئۇرمايدىغانلار يوق دېيەرلىك. بۇمۇ بەلكىم خام سۇت ئەمگەن ئىنسانلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك. مەن دېمەكچى، ئەگەر بىز كوچىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالساق قانداق بولار؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟!...

— ...

قوبۇلخانىنى بىردىنلا سۇكۇناتلىق قاپلىدى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بۇ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. شېرىن ئۇنىڭ بۇگۇن بۇنداق گەپلەرنى دېيىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغاچقا، مۇسا ھاكىمبەگنى تۇنجى قېتىم

كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى.

ــ بەلكىم ئويلىغان بولساڭلارمۇ بۇ يەردە دېيىشنى خالىمايۋاتقان بولساڭلار كېرەك، ــ مۇسا ھاكىمبەگ ئۆزى قانائەتلەنگۇدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن يەنە ئۆزى سۆزلەشكە باشلىدى، ــ سوغۇق چۈشۈۋاتىدۇ، بىز گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئىسسىق ئۆيلەردە ئولتۇرغىنىمىزدا، سوغۇقتىن دىردىيىپ ئولتۇرغان نامراتلارنى، ئىشتىھاسىزلىقتىن غىزا يېيەلمەي، «يەمسەن؟»، «ياق» دەپ دېيىشىپ بىر ـ بىرلىرىمىزنى نازۇنېمەتلەرگە زورلىشىۋاتقاندا قورسىقى تويغۇدەك ئۇماچ بىلەن زاغرا تاپالماي، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرغان يوقسۇزلارنى تەمبەت يادىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئادەم، بىزگە ئوخشاش تېنى قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن ئادەم. ئەڭ مۇھىمى ئاشۇنداق ئاۋام توپى بولغاچقا، بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرىمىز ھاكىمبەگ، بەگ، دورغا، مىرزا، ئاشۇ دېگەن مەنسەپ كۇلالىرىنى كىيىپ يۈرەلەيمىز. ئۇلار بولمىسا بىزنى مۇشۇ كۇنلەرگە ئېرىشتۇرگەن بايلىقلىرىمىز، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشمۇ قەيەردىن كېلەتتى؟!...

بەلكىم ھەممىڭلار كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كوچىدا ئاجىز بىچارىلەر، تىلەمچىلەر كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئىسسىققىنا كەپىسى، يەيدىغان ئوزۇقى، كىيىدىغان ئېگىن ـ ئاياغلىرى بولسا بىراۋدىن شەپقەت ـ شاپائەت تىلەپ قول سوزۇپ يۈرەرمىدى؟ كوچىلاردا، تونۇر باشلىرىدا ياتارمىدى؟!... مەن دېمەكچى، ئىلاج

بولسا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. ھېچ بولمىسا قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىۋېلىپ، ئەتىيازدىكى سېرىقتال ۋاقتىدىن ئۆتۈۋېلىشقا ھەمدەمدە بولۇشمۇ زۆرۈر. شۇ سەۋەبتىن بۇگۈن ھەرقايسىلىرىنى بۇ يەرگە چاقىرتتىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق دانا مەسلىھەتلىرى باركىن؟

قوبۇلخانىدىكىلەر شۇنىڭدىلا يېنىك نەپەس ئېلىشتى ـ دە، بىر ـ بىرىگە مەقسەتلىك، مەقسەتسىز قاراپ قويۇشۇپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىشقا باشلىدى. مۇسا ھاكىمبەگ «مېنىڭ دەيدىغانلىرىم تۈگىدى، قېنى كىم ئاۋۋال سۆزلەيدۇ؟...» دېگەندەك قاراپ ئولتۇراتتى.

— ھاكىمبەگ جانابلىرى تولىمۇ نازۇك، ئورۇنلۇق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقىلارغا بۇ ئىشلارنىڭ ئايان ـ ئايان ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما، پېقىر ھاكىمبەگ جانابلىرى دېگەن ئىشلارنى كۆرگەن بولسامۇ، بۇنداق چوڭقۇر، ئىدىتلىق ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن،— دېدى غۇلام بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇسا ھاكىمبەگكە تەئەززۇ بىلەن ئېگىلىپ قويغاندىن كېيىن،— غولى بۇ ئويلانمىساق، دەررۇ تەرەددۇتلىنىپ ھەل قىلمىساق بولمايدىغان ئىشلار ئىكەن. مەن دېمەكچى، بۇ جەھەتتە ھاكىمبېگىمنىڭ قانداق دانا تەلىمى بولسا ئايانماي ئوتتۇرىغا قويۇۋەرسە، كەمىنە پېقىر ھەرقانداق ئىش بولسا قولۇم كۆكسۇمدە...

بۇ گەپ بىلەن باشقىلارمۇ بۇ مەشەۋەتنىڭ سەۋەبىنى ھېس قىلىشتى بولغاي، يەنە قانداق گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقاركىن دېگەندەك جىم بولۇشتى.

— مېنىڭچە، ئىشلارنى جىددىي ھەل قىلماق زۆرۈر، ھاكىمبېگىم،— دېدى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ

ئامبارچىسى توختى غوجا ئورنىدىن تۇرۇپلا ئارقىسىدىن ئىت قوغلىغان ئادەمدەك ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئىشى يوققا ئاش، نېنى يوققا نان بەرمىگىمىز لازىمدۇر.

— يەنىچۇ؟!... — مۇسا هاكىمبەگ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— يەنە... يەنە... — توختى غوجا مۇسا هاكىمبەگنىڭ ئۆزىدىن بۇنداق سوئالنى سورىشىنى ئويلىمىغان چېغى بىردىنلا دۇدۇقلاپ قالدى - يۇ، لېكىن باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى بايقاپ، بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ قويدى، — يەنە... يەنە... ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش زۆرۈر...

مۇسا هاكىمبەگ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. توختى غوجا دەررۇلا ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

— توختى غوجا ئوبدان گەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلماق كېرەك، قېنى، قايسىڭلارنىڭ يەنە قانداق ئاقىل مەسلىھەتلىرى بار؟

— مېنىڭچە، ئاۋۋال ئۆيى يوقلارنى ئويلىشىش كېرەك، هاكىمبەگ جانابلىرى، — دېدى پاسار دورغا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بايا ئۆزلىرى ئېنىق دېدىلە، هازىر يول بويلىرىدا، تونۇر باشلىرىدا يېتىپ - قوپۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس. نەچچە ئاي ئىلگىرى مەن ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرگەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى ئېغىر كۆرۈپ، بۇ يەرگە كېلىپ باشقىلارنىڭ خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشىپ، تىلەپ تاپقان ئەجىرسىز نېمەتلەرگە كۆنۈپ قالغانلارمۇ، «ئۆچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان ھورۇن، تەييارتاپلارمۇ، تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇپ، ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپ قالغانلارمۇ بار ئىكەن. مېنىڭ تەكلىپىم، هاكىمبەگ

جانابلىرى ۋە باشقا بەگلىرىمىز قوشۇلسا، ئاۋۋال كوچىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئەھۋاللىرىنى ئوبدان ئىگىلىسەك، ئۆيى بار، لېكىن تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولۇپ، بۇ كوچىغا كىرىۋالغانلارنىڭ قولىغا ئاز - تولا ۋەج - خىراجەت تۇتقۇزۇپ ئۆيلىرىگە قايتۇرساق، پەقەتلا قارىغۇچىلىرى يوق، كۈنى مۇشۇ ئىشقىلا قاراشلىق بولغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىمىز بىر ئامال قىلىپ ئورۇنلاشتۇرساق...

مۇسا هاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدىن بىر نەرسىلەرنى ئۆتكۈزگەندەك، پاسار دورغىنىڭ يەنە سۆزلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك بىردەم جىمىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

— بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى. قېنى يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتساڭچۇ، دورغام، بىز ئىگە بولىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى قانداقراق ئورۇنلاشتۇرساق بولىدۇ، ئۆيلىگانلىرىڭ بولسا ھەممىنى تولۇقراق ئېيتقىن!

— مەن بۇ ئىشنى مۇنداق قىلساق دەپ ئويلاۋاتىمەن، جانابلىرى، بىز هاكىمبەگلىك مەھكىمىسى نامىدا مەخسۇس بىر دارىلئاجىز قۇرۇپ ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرساق، تۇرمۇش تەمىناتىنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن ئاجرىتىلسا، قالغان قىسمىنى ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ خەير - ساخاۋىتى، ئۆشرە - زاكىتى بىلەن تولۇقلىساق...

— بەللى... بەللى... تازىمۇ ئورۇنلۇق پىكىر بولدى، — مۇسا هاكىمبەگ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ قويغاندىن كېيىن، پاسار دورغىنىڭ بۇ مەسلىھەتىدىن

رازى بولغاندەك بېشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن لىڭشىتتى ـ دە، يەنە ئاۋۋالقى ئورنىدا ئولتۇردى،ــ قېنى ھېلىمشاھ مىرزا، قەلەم ـ قەغەزلىرىڭ تەييارمۇ؟

ــ تەييار، ھاكىمبەگ جانابلىرى،ــ دېدى بەگلەرنىڭ سەل چېتىرەكتىن ئورۇن ئالغان، باياتىن بېرى ئالدىدىكى پاكارراق شىرەگە ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى يېزىۋاتقان باش مىرزا ھېلىمشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇسا ھاكىمبەگكە تىكىلدى.

ــ ئەمىسە پاسار دورغىنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە پۈتكىن، بۇ ئىشقا پاسار دورغا ئۆزى مەسئۇل بولسۇن! ھەپتە ئىچىدە بۇ ئىشلارنى تولۇق پۈتكۈزۈلۈپ بولسۇن!

ــ خاتىرجەم بولسىلا، جانابلىرى، چوقۇم سىلى رازى بولغۇدەك بېجىرىمەن،ــ دېدى پاسار دورغا.

ــ راست، دارىلئاجىزنىڭ ئورنىنى قەيەرگە بېكىتىمىز؟ ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تېز ـ تېز سۆزلەپ،ــ بۇ ھەقتە يەنە قانداق دانا مەسلىھەتىڭ باركىن؟

ــ بۇ ئىشنى ئويلاپ باقماپتىمەن، ھاكىمبەگ جانابلىرى، ئەمما ئۆزلىرى باش بولۇپ تۇرۇپ بەرگەن يەردە دارىلئاجىزغا مۇۋاپىقراق ئورۇننى تاپالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم كامىل.

ــ ئورۇننى قورچاق لەڭگەرگە بېكىتسەك قانداق بولار؟ ــ دېدى قاسىم باي ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ ئۇ يەردە بىرنەچچە دەڭ بار. بەزىلىرىنىڭ سودىسى يامان ئەمەس بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بەزى دەڭلەرنىڭ ئىسمى بولغىنى بىلەن ئۇ ئايدىن ـ بۇ ئايغا بىر ـ ئەر يولۇچىنى كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاشۇنداق

دەڭلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ، ئىگىسى بىلەن سۆزلىشىپ باقساق چوقۇم كېلىشىپ قالىمىز.

— بۇمۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى. ئادەتتىكى دەڭلەردىمۇ كېمىدە ئوندىن ئارتۇقراق ھۇجرا، ئامبار، ئېغىل، سامانخانا بولۇپ، خېلى كەڭرى، لېكىنزە...— مۇسا ھاكىمبەگ نېمىشقىكىن گېپىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ قاسىم باي ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى.

— ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولدۇم، ھاكىمبېگىم، بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا، دەڭ ـ سارايلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلار چىقسىلا، بارلىق خىراجىتىنى ئۆزۈم كۆتۈرۈپ سېتىۋېلىپ، پاسار دورغىغا ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.

— رەھمەت، خالىس نىيەتلىرى ئىشقا ئاشقاي،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— بۇ ئىشتا بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز،— دېدى بەگلەرنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇرمايلا چاقىلداپ سۆزلەپ،— قولىمىزدىن كېلىشىچە ھە ـ ھۇ دېيىشىمىز...

— راست، توغرا ئېيتتىلا، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئىشى...

— زادى شۇنداق قىلماق كېرەك، «كۈچ بىرلىكتە» دېگەن مانا مۇشۇ...

— «تاما ـ تاما كۆل تولار» دەيدىغان گەپ بار. بۇ گەپلەر جاراستانغا چىقسا ساخاۋەت قولىنى سۇنىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ.

قوبۇلخانىدا گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا

قولاق سېلىۋاتقاندەك بىر دەم جىممىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، «خەپشۇك» دېگەندەك گېلىنى قىرىپ قويدى. شۇ ئان ھەممەيلەن خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا قالدى.

— مەسلىھەتلەر تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى. بايا دېگىنىمدەك بۇ ئىشقا يەنىلا پاسار دورغا مەسئۇل بولىدۇ. دارىلئاجىزنىڭ ئورنىنى بېكىتىش، سېتىۋېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى قاسىم باي ئۆزى بىر قوللۇق بىجىرسۇن. بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ دەسلەپكى تەمىناتىنى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ غەزىنىسىدىن چىقىم قىلغاچ تۇرايلى. ئۆشرە ـ زاكات، ساخاۋەت ئىشلىرى بولسا قوبۇل قىلىپ كېيىنكى ئىشلىرىنى قايتا مەسلىھەتلىشەرمىز.

— بۇ تولىمۇ دانا گەپ بولدى.

— ئەقىللىرى يەنىمۇ زىيادە بولغاي!

— يوقسۇزنىڭ بېشىنى سىلىغان قوللىرىدىن گۈل ئۈنگەي، مۇسا ھاكىمبېگىم!

— ياراتقان ئۇلۇغ ئىگەم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي!...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ ماختاشلارنى ياقتۇرمىغاندەك، «بولدى بەس، ئەمدى توختاپ قېلىڭلار...» دېگەندەك قولىنى پۇلاڭلاتتى ـ دە، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— دارىلئاجىز قۇرۇش ئىشلىرى مۇشۇنداق بېكىتىلسۇن. بۇ ئىشقىمۇ تېزدىن تۇتۇش قىلايلۇق، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بەلكىم مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبلىك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بىچارە يوقسۇللار كۆپتۇ.

شۇڭا، ھەرقايسى بەگلەر ئۆز تەۋەسىدىكى جىمى ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ قىشتىن خاتىرجەم چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلسۇن. بۇنىڭغا كېتىدىغان ئاشلىق، ماي، گۆش، گۇرۇچلەرنىڭ يېرىمى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ ئامبىرىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. ھەرقايسىڭلار مەھكىمىدىن ئاجرىتىلغان لازىمەتلىكلەرنىڭ يوقسۇزلارنىڭ قولىغا تېگىشىگە كاپالەتلىك قىلىڭلار. ئالىمادىن ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغانلار سېزىلسە، مېنى رەھىمسىزلىك قىلدى دەپ قالماڭلار.

— ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ دانالىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى چوقۇم ئېسىمىزدە تۇتىمىز، — دېدى ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا.

— يەنە بىر گەپ، بۈگۈندىن باشلاپ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسى ئامبىرىنىڭ ھېساباتى ئېنىقلانسۇن، ئامباردىكى ئۇزۇق - تۈلۈكلەرنىڭ يېرىمى بۇ ئىشقا ئاجرىتىلسۇن.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھاكىمبېگىم، بۇ ئىشنى چوقۇم تېزدىن پۈتكۈزىمەن، — دېدى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ ئامبارچىسى.

— يىراق - يېقىندىكى بۈگۈنكى كېڭەشكە كېلەلمىگەن بەگ، دورغىلارغىمۇ خەۋەر يەتكۈزۈلسۇن. ئۇلارمۇ بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ تېزدىن بېجىرىپ، ئەھۋالنى ماڭا مەلۇم قىلسۇن.

— ئۇ تەرەپكە بۈگۈنلا ئادەم ماڭدۇرىمەن، — دېدى باش مىرزا يېزىۋاتقان خېتىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، — خاتىرجەم بولسىلا، ھاكىمبېگىم.

— باشقىلارنىڭ يەنە تولۇقلايدىغان گەپلىرى بارمۇ؟

— يوق،— قوبۇلخانىدا گۇرۇلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
— مەلۇم قىلىدىغان ئەھۋاللار بارمىكىن!
— يوق...

— بۈگۈنكى كېچەڭ تامام!...— مۇسا ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرۈپ بەگ، دورغا، بايلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلىشىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سالدى ـ دە، بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا توۋلاشتى.

— ھاكىمبېگىمنىڭ تېنى ئامان، دۆلىتى زىيادە بولغاي!

مۇسا ھاكىمبەگ بايىقىدەكلا پەشتاقتىن ئالدىرىماي چۈشتى ـ دە، سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ قوبۇلخانىدىن چىقتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىشتى ـ دە، بەزىلەر ئالدىراپ ئاتلىرى باغلانغان جايغا قاراپ مېڭىشتى. يەنە بەزىلىرى مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن خوشلىشىپ پىيادە ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشتى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ قورۇ ئىچىدە كۆپ ئادەمنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شېرىن بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان مەپە تەرەپكە ماڭدى. دەل شۇ ۋاقىتتا سەل نېرىدا تۇرغان بەردى باي يۈگۈرگەندەك كەلدى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قولىنى قوش قوللاپ سىقىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى.

— قەسىرلىرىگە بارسام ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە كەتتى دېيىشۈىدى، ئۇدۇللا بۇ يەرگە كەلدىم، ھاكىمبېگىم. ئۆگۈنلۈككە ئۆيىمىزدە توي بولماقچى ئىدى. شۇڭا،

ئاتايىن ئۆزلىرىنى قەدەم تەشرىپ قىلىپ بىرەرمىكىن دەپ كېلىشىم...

— كىمنىڭ تويى ئۇ، قىزلىرىما؟

— يا... ياق... بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىزنىڭ، ئۇ كىشىنى سىلى بەك تونۇپ كەتمەيلا. ئەمما، تويى بولىدىغان ئۇ قىز بىزنىڭ ئۆيدە. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان ئىدى قارىسىلا، شۇڭا...شۇ.... ئاتايىن...

— قارىغاندا ئەمەت مەزىنىنىڭ قىزى زۇمرەتنىڭ تويى بولىدىغان ئوخشايدۇ - ھە؟— دەپ سورىدى شېرىن قىزىقىپ.

بەردى باي بۇ گەپ بىلەن شېرىنگە قاراپ ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتتى - يۇ، ئەمما مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.

— دۇرۇس، دەل شۇ قىزنىڭ تويى...— دېدى بەردى باي بوش ئاۋازدا،— مالال كەلمىسە، غېرىب كەپىمىزگە پايى قەدەملىرى يەتسە بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك، ئۆمۈر بويى خەجلىسەمۇ تۈگىمەيدىغان غايىب دەپىنە - دۇنياغا ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ كېتەرىدىم، ھاكىمبېگىم!

شېرىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، «زۇمرەت قىزنىڭ نىكاھى سالى كىرپىنىڭ ئوغلى ئوبۇلغا ئوقۇلامدۇ يا باشقا بىرىگىمۇ؟» دەپ سورىماقچى بولدى - يۇ، لېكىن لەۋلىرىنى ئۆمەللەپ بولۇپ توختاپ قالدى.

— ماقۇل، بارسام باراي...— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ بېشىنى سۇس لىڭشىتقاچ.

— رەھمەت، ئەمىسە ئاشۇ كۆنى ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىغا قارايمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، شېرىن بىلەن بىللە بارىمىز.

بەردى باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى يىلان چېقىۋالغان ئادەمدەك تولغانغان بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرمىدى. مۇسا هاكىمبەگكە بىرتالاي رەهمەت ــ ھەشقالىلىرىنى ياغدۇرغاندىن كېيىن ئارقىچىلاپ ماڭغاچ خوشلاشتى.

ــ ئاجايىپلا ئادەم بۇ، ئۆتكەندە ئوبدانلا بابلاپسەن، شېرىن، شۇ ئىشلارنى ئويلىسام كۆلگۈم كېلىدۇ، ــ دېدى مۇسا هاكىمبەگ كۈلۈمسىرەپ، ــ قارىغاندا بەردى باي يەنە بىرەر ئويۇن ئويناۋاتقان ئوخشايدۇ، بولمىسا پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرىدىغان بۇ پىخسىق تۇغقانلىرىنىڭ قىزىنىڭ تويىغا ئىگە بولۇپ يۈرمەيتتى.

ــ بەلكىم! ــ شېرىن قىسقىلا جاۋاب بەردى، ــ ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ياراتقان ئىگەمدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ، بېگىم.

ــ يۈر، كېتەيلى، قالغان گەپلەرنى يولدا ماڭغاچ دېيىشىۋالىمىز ... ــ مۇسا هاكىمبەگ سۆزلىگەچ مەپىنىڭ قېشىغا كەلدى ــ دە، مەپىگە چىقىپ جايلاشتى. شېرىنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. شۇ ئان ئاۋۋال قامچىنىڭ قارسىلدىشى، ئاندىن قوڭغۇراقلارنىڭ يېقىملىق جىرىڭلىشى ئاڭلىنىپ، مەپە سىلىققىنا قوزغالدى.

# ئالتىنچى باب

## تويدىكى لەتىپە

ئەتىگەندىن بۇيان چىپىلدىشاتقان ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ مەپىسى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. مۇسا ھاكىمبەگ شېرىن بىلەن يەرگە چۈشكەندە، بەردى باي ھاكىمبەگنىڭ يولىغا قاراپ ساقلاپ تۇرغانمۇ يا بىراۋدىن ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر خۇددى ئۆردەكتەك ئىرغاڭلىغان پېتى قوللىرىنى سوزغىنىچە پەيدا بولدى.

— پايى قەدەملىرىگە مەرھابا، ھاكىمبېگىم، مانا ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ئالەم بىردىنلا ئىسسىپ كېتىۋاتقاندەك، كۆڭلۈم «پاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلدىم. شۇ تاپتا پېقىرنىڭ تۇغقىنىنى ئۆز بۇرادەرلىرىدەك كۆرۈپ، غېرىب كەپىسىگە قەدەملىرى يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بويۇم ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇۋاتىمەن، بەلكىم ئەمەت مەزىنىڭمۇ خۇشاللىقتا يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ قالغاندۇ، — بەردى باي بىردىنلا ئىككى پۈكلىنىپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قوللىرىنى چىڭگىدە سىقىپ، سىلكىپ ـ سىلكىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن قوللىرىنى بوشاتتى ـ دە،

شېرىنغا قاراپ بېشىنى سوْسلا لىڭشىتىپ قويدى،ــ قېنى، هاكىمبېگىم، ئەمەت مەزىنىنىڭ غېرىب كەيپىگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا.

مۇسا هاكىمبەگ ئەمەت مەزىنىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە تۇرۇپ، تويغا كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن هويلىغا كىردى ـ دە، بەردى باينىڭ باشلىشى بىلەن ئۇدۇل مېهمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

ــ شېرىن... شېرىنمۇ سىلى...ــ ئارقا هويلىدىن چىققان ئىمىن ساتىراش يۈگۈرۈپ دېگۈدەك شېرىننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەچ قىزغىن ئەھۋال سورىدى،ــ سىلىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالدىم. ئاشۇ چاغدا بىر قېتىم كۆرۈشكەنچە دىدارلىشىشقا پەقەتلا نېسىپ بولمىدى. نەچچە كۈن ئىلگىرى نىياز قاراقاش يولدا ئۇچراپ قالدى. سىلىنى سورىسام، «شېرىن بار، مۇسا بېگىم بىر يەرگە بارىلى دېسە، ياق دېمەي ماڭغاننى هېسابقا ئالمىغاندا، تالا ـ تۈزگە ئانچە چىقىپ كەتمەيدۇ...» دېيۋىدى، «بولسا ئېيتىپ قويسىلا، بىكار چاغلىرىدا بىزنىڭ دۇكان تەرەپكە ئۆتسۇن، ئەگەر ۋاقتى چىقمايدىغان ئىش بولسا، ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ بارىمەن...» دېگەنىدىم. مانا بۈگۈن بۇ تويدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ــ مەنمۇ ئۆزلەنى ئەسلەپ تۇردۇم، بىراق ئۆزلەنىڭ دۇكانلىرى تەرەپكە ئۆتەلمىدىم،ــ دېدى شېرىن ئەپۇ سورىغاندەك،ــ بولمىسىغۇ نىيازئاخۇن سالاملىرىنى شۇ كۈنىلا يەتكۈزدى.

ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاندا مۇسا هاكىمبەگ

ئاللىقاچان ساراي ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ ئىمىن ساتىراش خىجىل بولغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— قېنى يۈرسىلە، سىلىنى ھاكىمبېگىم بار ئۆيگە باشلاي.

— بولدى، ئۆزلە بىلەن بىردەم پاراڭلىشايچۇ،— دېدى شېرىن ئۆتۈنگەندەك،— ئېھتىمال بۇ ئۆيدە يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى بار، مەن بىكار تارتىنىپ قالماي...

— دېگەنلىرى دۇرۇس، بەردى باي يۇرت كاتتىلىرىغا ئايرىم ئۆي راسلىدى،— دېدى ئىمىن ساتىراش،— ئۇنداق بولسا ئاۋۇ ئۆيگە كىرەيلى. ئاۋۋال داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋالسىلا، ئاندىن بىردەم گۇڭشۇر - مۇڭشۇر پاراڭلىشارمىز.

— رەھمەت، قورسىقىم تېخى ئاچقۇدەك بولمىدى، قېنى يۈرسىلە، ئاۋۇ تەرەپكە بارايلى،— دېدى شېرىن ھويلىنىڭ يان تەرىپىدىكى يەرگىلا سېلىپ قويۇلغان كىگىز تەرەپكە ماڭغاچ،— پاراڭنى ئاشۇ يەردە سوقىمىز.

ئۇلار كىگىزگە كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇلۇشكۈن بەردى باي ھاكىمبېگىمنى تويغا چىللاپ بارغاندا مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم،— دېدى شېرىن،— شۇ چاغدا بەردى بايدىن بۈگۈنكى تويىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، «ئەمەت مەزىنىنىڭ قىزىنى كىمگە ياتلىق قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن سوراي دەپ ئويلىدىم - يۇ، لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرالمىغانىدىم. قېنى ئېيتسىلا، ئىمىنئاخۇن، ئۇ قىزنىڭ نىكاھى سالى كىرپىنىڭ ئوغلى ئوبۇلغا ئوقۇلىدىغان بولدىمۇ يا باشقا بىرىگىمۇ؟

— ئويلىغانلىرى توغرا، شىرىن، ئۇ قىزنىڭ نىكاھى ئوبۇلغا ئوقۇلىدىغان بولدى.
— تولىمۇ ھەيرانمەن، ئەينى ۋاقىتتا ئەمەت مەزىنىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېرىقنىڭ نېمىچىلىك تۇغقانچىلىقى بار بەردى بايمۇ بۇ تويغا قوشۇلمىغانىكەن، ئەمدى ئەجەب...
— جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئالدىراپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدىكەن، قارىسىلا. ئاشۇ چاغدا ئۆزلىرى ھېلىقى ئويۇن بىلەن بەردى باينىمۇ، قازى ئاخۇنۇمنىمۇ بىر يولىلا بابلاپ، سالى كىرپىنىڭ دەردىنى ئوبدانلا ئېلىپ بەرگەن ئىدىلە. شۇ چاغدا سالى كىرپە ئەقىل - پاراسەتلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ نۇرغۇن دۇئالارنى قىلغانىدى، — دېدى ئىمىن ساتىراش ئەترايقا قاراپ قويغاچ، — ئاردىن بىرەر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە سالى كىرپە دۇكىنىمغا چىرايىدا قان دىدارى يوق ھالدا پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم - دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.
— ۋاي نېمىنى دەي، ئىمىنئاخۇن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە «لۆممىدە» ياش ئالغان ھالدا، — بالا باقتىم دەپ بالا باققان ئوخشايمەن. ئەمدى يۈزۈمنى بىر يول، بىر پۇل قىلدىغۇ بۇ شۇم! بۇ يۇرتتا ئەمدى ياشاشنىڭ ئورنى قالمىدى قارىسىلا.
— ئالدىرىماي سۆزلىسىلە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ باش - ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان گەپلىرىدىن ھەيران بولۇپ.
— نېمە ئىش بولاتتى، جېنىم ئىمىنئاخۇن، مېنىڭ ھېلىقى ئوغلۇم ئوبۇل بالانىڭ چوڭىنى تېرىدى، قارىسىلا. بۈرۈنقى ئىشلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانلا خەۋەرلىرى بار. ئەمەت مەزىن بىلەن بەردى باي بىزنى

ياراتماي ئۆيگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە بىر ئالەم بولار ـ بولماس گەپلەرنى قىلىپ يولغا سالغانىدى. ئوبۇل ئاشۇ گەپلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. يەنە تېخى مېنىڭ چاقچاق قىلىپ قويغان گېپىم ئۈچۈن بىكاردىن مەھكىمە شەرئىدە دەررە يېگىنىمنىمۇ كۆردى. بىراق، پەقەتلا ئىرادىسىدىن يانغىلى ئۇنىمىدى. «مەن زۇمرەت بىلەن توي قىلىپ، ئۆمۈر بويى بىرگە ئۆتۈشكە ئەھدە قىلىشقان، ئوغۇل بالا تۇرۇپ بۇ ئەھدىمدىن ھەرگىز يانالمايمەن، شۇڭا ئۇنى ئالىمەن،ــ دەپتۇ ئۇ ئانىسىغا، ــ ئەگەر سىلەر مېنى بالام كۆزىمىز ئوچۇق چېغىدا خەقنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن دېسەڭلار، ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيگە يەنە بىر رەت ئەلچى ئەۋەتىڭلار، ئۇ بۇ قېتىم ماقۇل دەپ قالسا ئەجەب ئەمەس...».

مەن ئوغلۇمنىڭ ئانىسى سارىخان ئارقىلىق يەتكۈزگەن بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئالدىنقى قېتىم ئەلچىلەرگە دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان چېغىمدىلا، «ئەمەت مەزىننىڭ قىزى تېپىلماسنىڭ خورمىسى بولسىمۇ ئەمدى ئۇنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرمەيمەن. ‹ئوغۇل بولسا خوتۇن كەممۇ، ئوتۇن بولسا پالتا...› دېگەن گەپ بار ئەمەسكەن. خۇدايىمنىڭ ئوغلۇم ئوبۇلغىمۇ بىر يەردە بۇيرۇغىنى باردۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئائىلىمىزگە باب كېلىدىغان بىرەرنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بولسا خەۋىرىنى بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئولتۇرسام ـ قوپسام ئوبۇلنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇشنىڭ غېمىدىلا يۈردۈم. بىراق، ئوبۇل بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنىلا تەتۈرلۈك قىلىۋاتاتتى.

— ئوبۇلغا دە، ئەمدى بۇ نىيەتتەدىن يانسۇن. ئەمەت مەزىن: «قىزىم زۇمرەتنى سالى كىرپىنىڭ ئوغلىغا بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى بىزنىڭ ئائىلىگە باب كەلمەيدۇ» دېگەن بولسىغۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بىرىپ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىلىنىپ يالۋۇرۇپ بولسىمۇ ئۇنى بۇ ئىشقا ماقۇل بولۇشقا ئۇرۇنۇپ باقسام بولۇۋېرەتتى. بىراق، ئۇنىڭغان قومۇش ئاستىدىن تۇغۇلمىغان توشقان سەكرەپ چىققاندەك، خېلىدىن بېرى ئەمەت مەزىن بىلەن ئانچە بېرىش – كېلىش قىلىپ كەتمەيدىغان بەردى باي بۇ تويغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋالدى. بەردى باينىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما ئەمەت مەزىن ئۇنىڭ سىزىغان سىزىقىدىن چىقىپ بۇ تويغا رازىلىق بەرمەيدىغانلىقى ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئېنىق. شۇڭا، ئوبۇلغا دە، زۇمرەتنى نىكاھىغا ئالىدىغان ئىشتىن ۋاز كەچسۇن. ئەگەر ئۇ گېپىمنى ئاڭلىسىلا، باشقا ھەركىمنىڭ قىزىنى ئالىمەن دېسە، مەن ھەرگىز ياق دېمەيمەن.

سارىخان مېنىڭ گېپىمنى جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلۇغ – كىچىك تىنىپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئوبۇل بۇ گەپكە ماقۇل دەرمۇ، دادىسى؟ ئەگەر يەنە تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسا...

— ئۇنىماي ھەددىمۇ، ھېلىمۇ مۇشۇ تويىنى دەپ تاياقتا ئۆلمىدىم، ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم. ئۇمۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. سەن ئۇنىڭغا ئېنىق دە، خوتۇن، ئېشەك چېغىدا پۇتى بىر قېتىم لايغا پاتقان يولدىن ئىككىنچى قېتىم ھەرگىز ماڭمايدۇ. ئۇ دېگەن ئادەم، شۇڭا ئەقلىنى ئىشقا

سېلىپ، بېشىدىكى تەلپىكىنى ئېلىۋېتىپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ باقسۇن.

ئارىدىن ئىككى كۈن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، بۇ ئىشلاردىن قانداق نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى ئۇقمىغاچقا بىئارام بولۇپلا يۈردۈم.

— ئوبۇل بىلەن سۆزلەشتىم، — دېدى سارىخان ئۈچىنچى كۈنى چۈش مەھەلدە، — ئۇنىڭغا سىلە دېگەن گەپلەرنى بىرمۇبىر دېسەم، دەسلەپ ھېچنېمە دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن: «ئانا، بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭلار، باشقا ئىش بولسىغۇ سىلەر نېمە دېسەڭلار ماقۇل دەيتتىم. بۇ ئىشقا كەلگەندە مېنىڭ مەيلىمگە قويۇڭلار. توي ئىشى دېگەن كىچىك باللار ئۆي تۇتۇپ ئوينىغاندەك ئىش ئەمەس. ئىككىمىز مەڭگۇ بىرگە ئۆتۈشكە قەسەم قىلغان ئىكەنمىز، بۇنىڭدىن يانالمايمىز، شۇڭا ئەمدى مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلار» دەۋاتىدۇ، قارىسىلا. بۇ بالا نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ زادى؟ ھېچ بىلەلمىدىم، ھېچ بولمىسا بىزنىڭمۇ ھالىمىزغا يەتسە نېمە بولار؟

ئۇ بىردىنلا مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئاتا - ئانا دېگەن بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئاشۇلارنىڭ بەختى، خۇشال كۈلكىسى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا ياشايدىكەنمىز. سارىخاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالمىغاندەك، ئوبۇلنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىم باردەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ بۇ ئىشنى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن بولساممۇ، پەقەتلا

ئامال تاپالمىدىم. مۇشۇ ساقىلىمنى سۆرەپ ئاۋۋال ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيىگە، ئاندىن بەردى باينىڭ ئالدىغا بىرىپ ئۇلارغا يالۋۇراي، ئىككى بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى بولغاندىكىن بەكمۇ تاش چىشلەپ تۇرۇۋالماس دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باردىم ـ يۇ، لېكىن بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا رايىم بارمىدى. ھە دېسىلا ئۇلارنىڭ مېنىڭ قىزىقچىلىقتا دەپ سالغان ئىككى ئېغىز گېپىم ئۈچۈن بىكاردىن مەھكىمە شەرئىگە سۆرەپ بېرىپ، كالتەكلىگەنلىكى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، «ئۇلارغا يالۋۇرما، سالى كىرپە، ئۇلارنىڭ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا يۈزى، پۇل ـ مېلى بولغاچقىلا سېنى ياراتمايۋاتسا، يەنە ئۇلارغا ئىتتەك كۈچۈكلىنەمسەن؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ سېنىڭ دېگىنىڭگە ماقۇل دېسىمۇ مەيلى، ئۇنداق بولماي يەنە شالىسىنى چېچىپ سېسىق گەپلەرنى قىلسا، ئەمدى قاراپ تۇرۇپ بولالمايسەن، ئەڭ ياخشىسى كەينىڭگە يېنىپ ئوغلۇڭغا نەسىھەت قىل. كۆڭۈل دېگەن ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بالا يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش كۆرۈپ باقمىغان ياش بالىنىڭ كۆزىگە زۇمرەت چىرايلىق كۆرۈنۈپ، بىر مەزگىل تۇتقان ـ قويغىنىنى بىلمەي قالغىنى بىلەن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ قالىدۇ...» دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كېچىپ ئۆيگە يېنىپ كەلدىم ـ دە، بالىلارنىڭ ئانىسىغا ئويلىغانلىرىمنى دېدىم.

ــ ئوبۇلغا دېگىن، بىر مەزگىل ئەمەت مەزىننىڭ قىزىنى ئىزدىمىسۇن، تەييارلىقىنى بىز قىلىپ بېرەيلى، چەرچەندىكى تۇغقانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ جاھان كۆرگەچ بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلسۇن...

سارىخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «بۈگۈنلا ئوبۇل بىلەن كۆرۈشۈپ، دېگەنلىرىنى يەتكۈزەي...» دېدى. شۇ كۈنى كەچتە سىلى بىلەن ئابدۇللا ساتارنىڭ ئۆيىگە نەغمە ئاڭلىغىلى بېرىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاندىن ئۆيىنى ئاران تېپىپتىمەن. ئۇ چاغدا بۇ گەپلەرنى سوراش پەقەت خەتىمگە كىرىپ چىقماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلىۋېتىپ ئوبۇلنىڭ داستىخاندا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى سورىسام، سارىخان: «تۈنۈگۈن سىلى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ھايالشمايلا ئوبۇل پەيدا بولۇۋېدى، سىلى دېگەن گەپلەرنى دېسەم، يا ئاق، يا كۆك دېمەي، خېلى ئۇزاق ئېزىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ كېتىۋىدى، شۇنىڭدىن بېرى كۆرمىدىم...» دېمەسىمۇ، بۇنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم ـ دە، ئوبۇلنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئىشىك ئوچۇق، لېكىن ئادەم يوق. تازا زەن سالسام، ئوبۇل كېچىدىن ئۆيگە كىرگەندەك ئەمەس. بۇنى كۆرۈپ خىيالىمدىن كەچمىگەن ئىشلار قالمىدى ـ دە، بالىلارنىڭ ئانىسىنىمۇ، ئوبۇلنىڭ ئۇكىلىرىنىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتىم. ئۇلار كېتىپ سالپىيىپ قايتىپ كېلىشتى. ئوبۇل ھېچ يەرگە بارماپتۇ. ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىدىن سوراپ كۆرسەم ئۇلارنىڭ بىرى: «زۇمرەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشىمغا قارشى ئىكەن. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ بۇ تويغا رازى ئەمەس. ‹كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ› دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرسام، زۇمرەت بىلەن مەڭگۈ بىر ياستۇققا باش قويالمىغۇدەكمەن. بۇ ئىشتا ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايمەن. زۇمرەتمۇ مۇشۇ تاپتا مېنىڭ ئېغىزىمغا قاراپلا تۇرۇۋاتىدۇ. مەن نېمە دېسەم ھەرگىز

ياق دېمەيدۇ. ئۇنى ئېلىپ يىراقلارغا ئەپقېچىپ كېتىمەن. ئۇ يەرلەردە بىر ـ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندە ئۇلار نېمە دەيدىكىن قېنى، شۇ چاغدا كۆرىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭدىن بېرى مەنمۇ ئۇنى كۆرمىدىم، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتىم ـ دە، ئۇنى ئۆزۈم ئىزدەشكە باشلىدىم. مانا بۇ ئىشقا ئاز كەم بىر ھەپتە بولۇپ قالدى، ئىمىنئاخۇن. ئوبۇل دېگەن گەپ ئاڭلىماس ياغاچ قۇلاق بەدرەك يوق، ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق، قېنى، سىلى كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئادەم. بۇ ئىشنى قانداق قىلسام بولىدۇ زادى، ئۆزلىرى بىر مەسلىھەت بەرسىلە.

سالى كىرپىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر تۇرۇپ ھەيران بولدۇم، بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلدى. بىراق، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تىتىلداپ تۇرغاندا ياخشىراق مەسلىھەت بەرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ناھايىتى تېزلىكتە كۆڭلۈمدىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سورىدىم.

— ئوبۇل يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيى تەرەپتىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

— خەۋەر بولمىدىغان، ئىمىنئاخۇن، ئوبۇل يالغۇزلا بولغان بولسا مەنمۇ بۇنچىلىك بىسەرەمجان بولۇپ كەتمەيتتىم. ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ، ئاچچىقىدا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بارىدىغان يېرىگە بېرىپ، كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ، قەيەرگىلا بارسا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت بولغاندىكىن ھامىنى بىر كۈنى ئەقلىنى تېپىپ،

ئوسمىسىغا قىنىپ قايتىپ كەلسە، مىنىڭ كۆڭلۈمىمۇ تەسكىن تېپىپ قالاتتى. لېكىن بۇ، ئوبۇل دېگىنىنى قىپتۇ. ئۇ ئەمەت مەزىننىڭ قىزى زۆمرەتنى ئەپقېچىپتۇ. مۇشۇ تاپتا ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئىككى - ئۈچ نۆۋەت بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ دېرىكىنى قىلىشۋاتىدۇ. قارىسام ئۇلارنىڭ پەيلى سەل يامانىدەك، ئالىمادىس ئوبۇلنى تېپىۋالىدىغان بولسا، ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئەيىبناق قىلىپ قويىدىغاندەك. شۇڭا، بۇ ئىشتىن سەل قورقۇۋاتىمەن، ئىمىنئاخۇن، نېمىلا دېگەنبىلەن ئوبۇل مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولغان يۈرەك پارەم، ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇلار نىيىتىنى بۇزۇپلا قالسا...

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئەمەس، ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلاپ كۆڭۈللىرىنى خۇشال تۇتسىلا. ئەمدى ئۇلار نىيىتىنى بۇزسىمۇ بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. بەلكىم بۇ چاققىچە جانان چىنە چېقىلىپ بولغاندۇ. سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، چېقىلغان چىنىنى قاداقچى ھەرقانچە ئۇستىلىق بىلەن قاداقلىسىمۇ، يەنىلا دەز قالىدۇ.

— مېنىڭ قورقىدىغىنىممۇ مۇشۇ ئىش، قارىسىلا، ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيىدىكىلەرغۇ ماڭا يۈزتۇرا بىر نېمە دېمىدى. لېكىن، بەردى باي باشقىلارغا «ئوبۇل ئۆزىنى كىم دەپ ئويلاپ قاپتۇ، بىلمىگەن بولسا مەن ئوبدان ئۇقتۇرۇپ قويىمەن، ئۇ دېگەن سالى كىرپە دېگەن ئوتاقچىنىڭ ئوغلى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالغاندەك ھېچنېمىدىن قورقماس بولۇپ كەتكەن ئۇ بەچچىغەر قولۇمغا چۈشۈپ قالسۇنچۇ، قېنى، ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ‹ۋاي

باي ئاكا، بىلمەيتىمەن، ياشلىق ــ بەختىياشلىق دېگەن راست گەپ ئىكەن، ئۆزۈمنى تۇيماي شىلتىپ ئاتقىنىمغا مىڭ تووۋا، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە...» دېگۈزمىسەم، بەردى باي دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن، ئىگەكىم» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ يۇرۇۋاتىمىش. بۇنى ئاڭلاپ راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالارمۇ دەپ يۇرىكىم سۇ...

ــ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسىلىمۇ ئاڭلىماسقا سالسىلا، قارىسىلا. ئاچچىق دېگەن ئادەمگە نېمىلەرنى دېگۈزمەيدۇ. ئەگەر بۇ ئىش سىلىنىڭ باشلىرىغا كەلسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپلەرنى قىلىلا. بەلكىم بەردى بايمۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىپ شۇنداق دېگەندۇ؟ ئۇنى ئېغىر ئالمىسىلا. ئۇنىڭسىزمۇ يۇرتىمىزدا ئەلمىساقتىن بۇيان قىز ئەپقاچىدىغان ئادەت بار. ئىشلىرى ئۆزى ئۆيلىگەندەك بولماي، باشقىلارنىڭ قىز ـ جۇۋانلىرىنى، ھەتتا خوتۇنلىرىنى ئەپقېچىپ، يەنە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ قايسى بىرلىرى بەردى باي دېگەن ئاقىۋەتلەرگە قالدى؟ كۆڭۈلنىڭ بۇنداق ئىشلىرىغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامال يوق. ئۇلار قايتىپ كەلسۇنچۇ، قېنى، ئەمەت مەزىن ئۆزى ئۆيلىرىگە كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ: «بولىدىغان ئىش بولدى، قىزىمىزنىڭ جانان چىنىسىگە دەز كەتتى، بۇرۇن چوڭ گەپ قىلىپ ئۇلارنى كەم سۇندۇرمىغان بولسام بوپتىكەن. مەندىن ئۆتكەن يېرى بولسا كەچۈرۈۋەتسە، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مەيلى بولغاندىكىن، نىكاھنى ئوقۇپ، ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قويساق...»

دېمىسە قولىقىمنى ئەنە ئاۋۇ ئىشلەتمەي دات بېسىپ كەتكەن گال ئۇستىرا بىلەن كېسىپ بېرىمەن.

— بۇ ئىشلار راستىنلا سىلى دېگەندەك بولارما؟ — دەپ سورىدى سالى كىرپە مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىگەندەك.

— شۇنداق بولماي... قاراپ تۇرسىلا، بولمىسا قول باغلىشامدۇق؟

شۇ كۈنى مەن ئۇنى — بۇنى دەپ يۈرۈپ، سالى كىرپىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ياندۇرۇۋەتتىم. كېيىن ئۇ دۇكىنىمغا كۆپ ئارىلاپ كېلىپ تۇردى. دۇكاندا ئىككىمىز لا قالغان ۋاقىتلاردا ئوبۇلنىڭ ئىز — دېرىكى بار — يوقلۇقىنى سورىسام، دەسلىپىدە «ئىزدەپ بارمىغان يېرىم، سۈرۈشتۈرمىگەن ئادىمىم قالمىدى، لېكىن ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا: «نىيە تەرەپتە يىراقراق ئۇرۇق — تۇغقانلىرىمىز بار ئىدى. ئوبۇل زۇمرەتنى باشلاپ ئاشۇلارنىڭ قېشىغا پاناھ تارتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىزنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دېگەن چېغى، ئۇلارغا ئۇقتۇرماي، بۇ تەرەپكە ماڭىدىغانلاردىن ‹سالىكام ئوبۇلنىڭ ئىشلىرىدىن ئەنسىرىمىسۇن، ھازىر قېشىمىزدا ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز› دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ مەنمۇ خۇشال بولدۇم — دە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئۇزىتىپ قويدۇم. بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ يەنە پەيدا بولدى — دە، مېنى دۇكاننىڭ سىرتىغا چاقىرىپ:

— ئوبۇل قايتىپ كەلدى، ئىمىن ئاخۇن، ئەمدى

مىنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. بىراقزە، ئەمەت مەزىننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئوغلۇمغا سوغۇق قول سېلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، باللارنىڭ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «دەرھال ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتەيلى، ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا تېزدىن ئەل ـ جامائەتكە داستىخان سېلىپ باللارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلى. ئالمادىس يەنە بۇرۇنقىدەك تاش چىشلەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ راۋىبىنى چالسا، ئۇ چاغدا باشقا ئامال قىلارمىز» دېيىشتۇق. سىلىنىڭچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى.

— ئوبدان مەسلىھەت بوپتۇ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققىنىمىز تۈزۈك. ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيىدىكىلەر زۇمرەتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان، بارلىق گۇناھنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرساق، ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارمۇ تېزلا ئوڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدىم.

— سىلىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىملەرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتسەك بولار؟

— بۇنىڭغا مەنمۇ تازا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، لېكىن مېنىڭ مەسلىھەتىم، مەھەللىدىكى جامائەتنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرگەن كەتكەن، زۇۋاندارراق مويسىپىتلارنى ئەۋەتكىنىمىز تۈزۈك. ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەسچىتنىڭ ئىمامىمۇ ئەلچىلەر بىلەن بىرگە بارسا ئوبدان بولاتتى.

— بۇ تەرىپىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، بۇمۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى. ئەمىسە مەن قايتىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ، بۇگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە ئۆلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلاي.
سالى كىرپە مەن بىلەن خوشلىشىپ كەتتى ـ دە، ئۆگىنى دۇكاندا يەنە پەيدا بولدى. بۇ چاغدا مەن دۇكاندا يالغۇز ئىدىم. شۇڭا، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئىشلارنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىدىم.
ــ سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، قايتىپلا بىر نەچچەيلەننى ئەمەت مەزىننىڭ ئۆيىگە يولغا سالدىم. ئۇلار كېتىپ ئانچە ھايال بولمايلا قايتىپ كەلدي ـ دە، ئۇلارنىڭ ئۆيدە بولغان گەپلەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي ماڭا يەتكۈزدى. «مەن بۇ ئاھانەتكە پەقەتلا چىداپ بولالمىدىم،ــ دەپتۇ ئەمەت مەزىن ئەلچىلەر گەپنىڭ پوسكاللىسىنى چىقىرا ـ چىقارمايلا،ــ سالى كىرپىنىڭ ئوغلى ئوبۇل ئۆزىنى كىم چاغلاپ قاپتۇ. مەن بۇ ئىزا ـ ئاھانەتنى كۆتۈرۈپ قەيەردە يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ ئەڭ ياخشىسى ئەمدى پېشانىسىنى سىلىۋەتسۇن، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە ئۇچراپلا قالسا، بۇ دۇنيادا ياشىغان تەقدىردىمۇ، بىكاردىن تۆرىلىپ قالغانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئۇچرىماي قالسا، مەھكىمە شەرئىدە كۆرۈشىمىز...» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ئەمدى ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامۇ، «پالانىنىڭ قىزىنى پوكۇنىنىڭ ئوغلى ئەپقېچىپ كېتىپتۇ...» دېسە نى ئات، نى نومۇس دېگەن بولار ئىدىم. لېكىن، بۇ ئىش مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا يۈز بەرگەندى. بۇنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلمىسام خۇن دەۋاسى چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئەلچىلەرگە يالۋۇردۇم.

— ھەرقايسىلىرى خاپا بولماي ئەمەت مەزىنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر مەرتەم بېرىپ كېلىشكەن بولساڭلا، مەندەك خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسىنىڭ ئىشى ئۈچۈن باسقان ساۋابلىق قەدەملىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى بۇ دۇنيادا قايتۇرۇپ بولالمىسام، ئۇ دۇنيادا قايتۇرارمەن. ئەمما، مۇشۇ ئىشنى بىر ئىلاج قىلىپ روياپقا چىقىرىشقايلا، بولمىسا يا ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمەن، يا بولمىسا ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغان بىرەر ئىش چىقىپ قالغۇدەك...

ئۇلار بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشقاندىن كېيىن مۇنداق مەسلىھەتكە كېلىشتى.

— زۇمرەتنىڭ ئىشى چىققاندىن كېيىن ئەمەت مەزىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي بىز بارغان ۋاقىتتا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلغىنى ئېنىق. بۇنداق كۆن مەيلى قانداقلا ئادەمنىڭ بېشىغا كەلسە شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ. شۇڭا، سالى ئاخۇننىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ باقايلى. بىزنىڭ گېپىمىزگە كۆنسە كۆندى، كۆنمىسە شۇ چاغدا ئاندىن باشقا ئامال قىلمايمىزمۇ؟... بۇ يەردە «ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ؟» دەپ ئولتۇرساق، بىكاردىن ئويلىمىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە «قوشناڭ تىنچ، ئۆزۈڭ تىنچ...» دېگەن گەپ بار. ئەلچىگە ئۆلۈم بولمىغاندىكىن، يەنە بىر قېتىم ئەمەت مەزىنىڭ ئۆيىگە بارساق بېرىپ كېلەيلى...

ئۇلار شۇ مەسلىھەتنى قىلىشىپ يەنە ماڭدى. مەن تۈرلۈك خىياللار بىلەن تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىپ ئۆيدە ئولتۇردۇم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بۇنىمۇ

بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ، جاھاندا ئادەم تەڭقىسلىقتا ۋە بىچارىلىككە چۈشۈپ قالغاندا كۈن دېگەنمۇ ناھايىتى تەس كەچ بولىدىكەن. ئۇلار كەلمىگەنسېرى كۆڭلۈمگە كەلمىگەن خىياللار كېلىپ، ئەلچىلەرنىڭ يولىغا قاراپ كۆزۈم تېشىلىپ، قارىسى كەينىگە كېتىپ قالايلا دەپلا قالغاندا ئۇلار قايتىپ كەلدى - دە، قارا قۇشقاچتەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆزلەپ، بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئەمەت مەزىن ئۇلارنى كۆرۈپ قارشى ئېلىش تۇگۇل قاپىقىنى ئېچىپ «ئۆيگە كىرىڭلار» دېگەن گەپنىمۇ دەپ قويماپتۇ. بىراق، ئەلچىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ئېغىر ئالماي، قايتا كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ، پايدا بىلەن زىياننى، ھەتتا بۇ تويغا قوشۇلمىسا زۇمرەتكە ئېغىر زەربە بولۇپ، ئالىمادىس ئۇ چاپىنىنى تەتۈر كىيىپ قالسا، قىزىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەزىن دەسلىپىدە: «مېنىڭ يۈزۈمنى بىر داچەنگە ئەرزان، ئىككى داچەنگە قىممەت قىلىۋەتكەن ئۇنداق ناكەسكە بېرىدىغان قىزىم يوق...» دەپ باشقىلارغا پەقەتلا گەپ بەرمەي، ئۆزى چالغان داپقا ئۆزى ئۇسسۇل ئويناپتۇ. شۇ ئەسنادا بىز تەرەپتىن بارغان بىرى: «ئۆزلىرىنى مەھەللىدە خېلى ئوقۇمۇشلۇق، ئەل - جامائەت ئارىسىدا يۈزى بار ئادەم دەپ بىر كۈن ئىچىدە ئىككى مەرتەم ئالدىلىرىغا قىز سوراپ كەلسەك، ‹باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە› دېگەندەك قىلماي، بۇ سەتچىلىكلەرنى خەلقئالەم ئالدىدا يايغىلىرى بار ئوخشايدۇ. ئەگەر شۇنداق نىيەتلىرى بولسا بىزمۇ قايتىپ كېتەيلى. يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن.

ئەمما، كېيىن قىزلىرىدىن ئايرىلىپ قالسىلا ئۇنى ھېچكىمدىن كۆرمىسىلە... قېنى مېڭىڭلار، كېتەيلى» دېگەنىكەن، ئەمەت مەزىن بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن: «قېنى ئۆيگە كىرەيلى، ھەرقانچە بالا ئىش بولسىمۇ، داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بار مەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ؟!...» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ خېلى ئۇزاق دەتالاش قىلىشىپتۇ. ئاخىرى بىز تەرەپتىن بارغانلار ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۇرۇپ مەزىننى قايىل قىپتۇ ـ دە، تېزرەك ئەل ـ جامائەتكە چاي بېرىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ.

ــ ئوبدان ئىش بوپتۇ، ــ دېدىم مەن، ــ مانا ئەمدى ئىشلار سىلى ئويلىغاندەك بوپتۇ. تويىنى كەينىگە سۈرۈۋەتمەي تېزرەك قىلىۋېتەيلى، ئەگەر ۋاقىت بەك كەينىگە سوزۇلۇپ كەتسە، توي بىلەن نەۋرىلىرىنىڭ ئات تويى مەرىكىسى بىر كۈندە بولۇپ قالمىسۇن.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، ھەرگىز ئۇنداق بولۇپ قالمايدۇ. مەنمۇ توي كۈنىنى بەك كەينىگە سۈرۈۋەتمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پىشىپ توي كۈنى بېكىتىلىپتۇ. بەردى باي ئەمەت مەزىندىن ئەلچىلەر بىلەن بولغان پاراڭنى ئاڭلىغاندا: «مەن دېگەن مۇشۇ كىرىيە زېمىنىدا بەردى باي دەپ يۈرىدىغان ئادەممەن. تۆتىنىڭ كەينى بولسامۇ، تۆتىنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن. ئەمدى جەمەتىمىز ئىچىدە سالى كىرىپدەك ئىجارىكەش يىللىقچى بىلەن قۇدا ـ باجا بولىدىغانلار چىقسا بۇ يۇزۇمنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ بولدى بەس، ئەمدى مېنىڭ ئەمەت مەزىن دەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم

يوق» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان ئوخشايدۇ. لېكىن، ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا كۆڭلىگە قانداق جىن كىردى، بۇنى ئۇقىلى بولمايدۇ. ئۆزى شاپاشلاپ كېلىپ بۇ تويىنىڭ ئىگىسىدەك ھەممىگە ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. سىلىگە دېسەم، شېرىن، بەردى باي مۇشۇ ھەپتىنىڭ ياقى بۇ يۇرتتىكى جىمى بايلارنىڭ، بەگلەرنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بېرىپ مۇشۇ تويغا ئاتايىن چىللاپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ياراتقان خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— بۇ تەرىپى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز، ئىمىن ئاخۇن، ئىشقىلىپ بىر - بىرىگە كۆيۈشكەن بىر جۈپ ياش مۇرادىغا يېتىپتۇ. سالى كىرپىمۇ غەمدىن خالاس بوپتۇ، بىزگە مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە،— دېدى شېرىن،— نېمىلا بولسۇن بۇ ئىش ناھايىتى ئوبدانلا ھەل بوپتۇ.

— شۇنى دېسىلە، مەنمۇ شۇنىڭغا بەكلا خۇش، ئەتىگەن بامداتتىن يېنىپلا ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام خۇشاللىقتا بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بوپتۇ ئۇ بىچارىنىڭ. بىردەم مېھمان ئۇزىتىشىپ بېرىپ: «بولسىغۇ بىردەم يانلىرىدا تۇرسام بولاتتى، لېكىن ئەمەت مەزىن بىلەن بىر مەھەللىدىن ئىكەنمىز. ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈنۈپ قويمىسام خاپا بولۇپ قالمىسۇن. ‹دىككىدە› بېرىپ كېلەي» دەپ بۇياققا كەلسەم، مانا ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ھەممىدىن نىيەت ئەلا دېگەن گەپ بار، قارىسىلا، سالى كىرپىمۇ ئوڭلۇق ئادەم ئىكەن. بۇ ئىش ئوبدان ھەل بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭمۇ گەدىنىدىكى قەرز ساقىت بولىدۇ، شۇڭا خۇشال بولىدۇ، ئەلۋەتتە...

ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ئىمىن ساتىراشنىڭ تونۇشلىرىدىن يەتتە ـ سەككىز كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سىقىلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارغا قاراپ قويۇشقاچ پاراڭلىششقا باشلىدى. شېرىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ، هويلىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋاتقان ئاياللارغا قاراپ ئولتۇردى.

— كۆزلىرىنى ئۇزمەيلا قالدىلىغۇ، شېرىن، «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەندەك بۇگۈن تويغا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆيلەنگۈسى كېلىپ قېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئىمىن ساتىراش كۈلۈپ، — ئەگەر شۇنداق نىيەتكە كېلىپ، كۆڭۈللىرىگە سۇ يۈگۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، كۆزلىرىگە هېزى بولسىلا، سىلىگە ئاسانلىقچە ئوچۇق گۆر ئۇچرىمايدۇ. بىكاردىن توڭكايلىرىغا كالتەك تېگىپ كەتمىسۇن.

بۇ گەپ بىلەن هەممەيلەن قاقاهلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. شېرىنمۇ ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىغا مەززە قىلىپ كۈلگەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ئۆزلە هەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، پېقىردا ئۇنداق نىيەت بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىشقا بەل باغلىغۇچىلىك يۈرەك يوق. مەن ئاۋۇ ئاياللارنىڭ بېشىدىكى تەلپىكىگە، ئۇچىسىدىكى كىيىمىگە قاراۋاتىمەن. سىلىگە دېسەم، مەن مۇشۇ دىيارغا قەدەم باسقاندىن بۇيان بۇنداق كىيىم كىيگەن ئاياللارنى كۆپ كۆردۈم. بىراق، نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق كىيىم كىيىۋالىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق كىيىمنى مۇشۇ يۇرتتىن باشقا يۇرتتا كىيمەيدىكەن، ئەمەسمۇ؟!...

— هە، مۇنداق دېسىلە، مەن تېخى باشقىچە ئويلاپ

كېتىپتىمەن. ئۇ دېگەن بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتتا ئايال خەقنىڭ كۆپىنچىسى كىيىدىغان كىيىم، قارىسىلا، ئىشقىلىپ جۇۋان بولغان ئاياللار مۇشۇنداق توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملاردا بۇ خىل كىيىملەرنى كىيىدۇ.

ـــ نىمە دېدىلە؟ جۇۋان بولمىغان ئاياللار كىيسە بولمامدۇ بۇ كىيىمنى؟ ـــ سورىدى شېرىن ئەجەبلىنىپ.

ـــ كىيسىغۇ بولاتتى، ئەممازە بۇرۇندىن باشلاپ شۇنداق ئادەت بار ئىكەن. سىلىنىڭ يۇرتلىرىدا شۇنداق ئادەت بارمۇ، يوقمۇ بىلمەيمەن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ يەردە ئەر ـ خوتۇن توي قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ باللىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىكاھىغا ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىلا ئاندىن ئايالنىڭ جۇۋان تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. توي كۈنى يېقىن ـ يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار جۇۋان توي بولىدىغان ئۆيگە يىغىلىپ، ساھىبخانا تەييارلىغان نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلايدۇ. ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا جۇۋان تويى بولىدىغان ئايال ياساپ جابدۇلىدۇ. شۇ كۈنى جۇۋان تويى بولغۇچىنىڭ قاشلىرى موچىن بىلەن تېرىلىپ، قېشىغا ئوسما قويۇلىدۇ. پېشانە ۋە ئىككى قۇلىقى ئۈستىدىكى ماڭلاي چېچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆز رەت تەرتىپى بويىچە قايرىلىپ، غول چېچىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. سۇمبۇل چاچلىرى ئىككى ئۆرۈم قىلىنىپ ئۆرۈلۈپ، مەخسۇس تىكتۈرۈلگەن جۇۋانچە كۆڭلەك ئۈستىگە پەرىجە كىيگۈزىلىدۇ. بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىلىپ، ياغلىق ئۈستىگە كىچىك تەلپەك قوندۇرىلىدۇ. مېھمانلار

يىغىلىپ بولغاندا جۇۋان بولغۇچى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. تويغا كەلگەنلەر جۇۋان بولغۇچىنى مۇبارەكلەپ بەختىگە دۇئا قىلىدۇ.

— ئاجايىپلا بىر ئادەت ئىكەن. مەن مۇشۇ يېشىمغىچە كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپمۇ باقمىغان گەپلەركەن بۇ! قېنى ئېيتىسىلىچۇ، ئۇستام، بۇ ئادەتلەر پەيدا بولغىلى ئۇزاق بوپتىكەنمۇ؟!...

— بۇ تەرىپىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، — دېدى ئىمىن ساتىراش، — پېقىر بۇ جەھەتتە پەقەت قۇلاق موللىسى، بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى چۆپچىلە كەنتىدىكى سادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە بىر ھاجەت بىلەن بارغىنىمدا، ئۇ بىرنەچچەيلەن بىلەن مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن: «بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار مۇقەددەم قاراخانىيلار دېگەن بىر پادىشاھلىق قۇرۇلغانىكەن. ئۇ پادىشاھلىققا كىرگەنلەر ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە تاشقى توققۇز قەبىلىدىن تەركىب تاپقانىكەن. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولغان قارلۇق قەبىلىسىدىكىلەر بىزنىڭ مۇشۇ قارلۇق ئۆستەڭ بويىنى ماكان قىلىپ ئورۇنلاشقانىكەن. شۇ زامانلاردا قارلۇق قەبىلىسىنىڭ بىر ئايال قەبىلە باشلىقى ئالتۇندىن بىر باش كىيىم ياستىپتۇ. ئۇ باش كىيىم ئەنە ئاۋۇ ئايالنىڭ بېشىدىكى كىچىك تەلپەككە ئوخشايدىكەن. قەبىلە باشلىقى بۇ ئالتۇندىن ياسالغان تەلپەكنى كىيىشتىن بۇرۇن ئۆز قەبىلىسىدىكى ئاياللارنىڭ باشقا قەبىلە ئاياللىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئالتۇندىن ياسالغان كىچىك تەلپەك كىيىشى، ئالتۇن تاپالمىغانلار كۈمۈش، تۇچ، مىس قاتارلىقلاردىن ياساپ كىيىشى

توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قارلۇق قەبىلىسىدىكى ئايالالارنىڭ كىچىك تەلپەك كىيىشى ئومۇملىشىپتۇ. كېيىنچە بۇ تەلپەككە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيالالار ئاددىيلىشىپ قوينىڭ قۇلاق تېرىسىدە تىكىلىدىغان بوپتۇ. ئايالالار كىيىدىغان پەرىجىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پۈركەنجە دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت بار ئىكەن: «بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كېرىيە بەگلىكى شەرقتىن توققۇز قەبىلىنى، غەربتىن توققۇز قەبىلىنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىكەنىكەن. شۇنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پەرىجىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپكە يېرىم ئاي شەكلىدە توققۇز تارغاقچە چىقىرىپ كىيىدىغان بوپتۇ.» جۇۋانچە كۆڭلەك ھەققىدىمۇ ئەل ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار ئىكەن: «ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بۇغداي يەپ قويۇپ بېھىشتىن قوغلىنىپ، بىرى زېمىننىڭ مەشرىقىگە، بىرى زېمىننىڭ مەغرىبىگە تاشلانغانمىش. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ مۇز ئۈستىدە ئۇچراشقانمىش. ئادەم ئاتا ھاۋا ئانىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كۆكسىنى كۆرۈپ قېلىپ، مۇز ئۈستىدە چېقىلىپ سالغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىنىڭ كۆزىدىن ئۆز بەدىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆڭلىكىگە ئىزمە بېكىتىپ، مەيدىسىدىن گېلىغىچە چاك ئېتىۋالغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ئىزمىلىك كۆڭلەك ئايالالار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئەرلەرنىڭ ئاچ كۆزىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنىڭ ئوبدان ھامىيسى بولغانمىش» دېگەنىدى. شۇ چاغدا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇمۇ: «دۇرۇس، سىلى دەۋاتقان گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغان. لېكىن، يېقىندا مۇنداق بىر

گەپنى ئاڭلىدىم، بىزنىڭ كىرىيە ئايالliرىنىڭ كىچىك تەلپىكى قۇياشقا، ئاق ياغلىقى ئاسمانغا، پەرىجىسىدىكى يىرىم ئايسىمان تارغاقچىلار دەريا ـ كۆللەرگە، قارا رەڭلىك پەرىجىسى زېمىنغا تەققاسلىنىدىكەن» دېۋىدى، ئويلاپ كۆرسەم، ئۇنىڭمۇ سۆزى خېلىلا ئورۇنلۇقتەك بىلىندى. قارىغاندا ئۇنىڭمۇ گەپلىرىنىڭ ئاساسى بار دەك. خۇلاسە كالام، شېرىن، بۇ ھەقتە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاڭلىغىنىنى، ئويلىغىنىنى سۆزلەيدۇ.

شېرىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاچ، چىرايلىق ياستىلغان بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويدى.

ــ دېگەنلىرى بەرھەق، ئەمما بۇ يەردە ئاياللارنىڭ كىيگەن كىيىمىنى باياتىن دېگىنىمدەك باشقا يەردە كۆرۈپ باقمىدىم، بۇ ئاجايىپلا بىر ئادەت ئىكەن دېسە...

دەل شۇ چاغدا بەردى باي يان تەرەپتىكى ھويلىدىن چىقىپ كەلدى. ئىمىن ساتىراش شېرىن ۋە باشقىلارغا قىزىق گەپ قىلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ قاچانلاردا ئۆيدىن چىقىپ ئۇ تەرەپكە چىقىپ كەتكەنلىكىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى. بەردى باي بەقەسەم تونىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان سەرگەز پوتىسىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرىنى ئېتقاچ، ھويلىدىكى ئاز ـ تولا ئاپتاپ چۈشىدىغان سەينادا ئولتۇرغانلارغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى ـ يۇ، شېرىننىڭ باشقىلار بىلەن كۈلۈشكەچ قىزىق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇمىسى سەل تۈرۈلدى. شۇ ئەسنادا تويدا خىزمەت قىلىۋاتقانلاردىن بىرى ياغاچ لېگەندە تىلىنغان قوغۇن كۆتۈرۈپ پەيدا

بولدى ـ دە، بەردى باينى كۆرۈپ خۇشامەت قىلغاندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

ــ بۇنى ھاكىمبېگىم ئولتۇرغان ئۆيگە ئەكىرىمەنمۇ، باي ئاكا؟

ــ ھەئە، شۇ يەرگە ئەكىر.

ــ ماقۇل، مانا ھازىرلا...ــ ئۇ سۆزلىگەچ خۇددى كەكلىكلەردەك يورغىلاپ ماڭدى.

ــ توختا...ــ بەردى باي ئۇنى توختىتىۋالدى ـ دە، بىر تىلىم قوغۇننى قولىغا ئالدى،ــ ئەمدى ماڭساڭ بولىدۇ.

بەردى باي قوغۇننى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل شېرىننىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن پېتى قوغۇننى شېرىنگە تەڭلىدى.

ــ ما بىر تىلىم قوغۇننى ھەممەيلەننىڭ ئېغىزىغا تەگكۈزسىلە.

ــ رەھمەت، بەردى باي، ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا...ــ شېرىن ئورنىدىن تۇرۇپ بەردى باينىڭ قولىدىكى قوغۇننى تەئەززۇ بىلەن ئالدى ـ دە، نېپىز تىلىنغان قوغۇننىڭ ئالدى ـ كەينىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى قەستەن مازاق قىلماقچى بولغانلىقىنى سەزگەندەك، قانداق قىلىشنى ئويلىنىۋاتقاندەك بىردەم جىممىدە تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

ــ قېنى جامائەت، باينىڭ بەرگىنى ــ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى. بەردى باينىڭ گېلى بىزگە بىر تىلىم قوغۇنغا قىسىنغان ئوخشايدۇ. بۇ بىر تىلىم قوغۇننى بىزگە ئىنئام قىلىپ ھەممىڭلارنىڭ ئېغىزىغا تەگكۈزۈشۈمنى بۇيرۇدى. قېنى، ئېغىزىڭلارنى ئېچىڭلار، بارىنى تەڭ يەيلى...ــ شېرىن سۆزلىگەچ قوغۇننى ئاۋۋال ئىمىن

ساتىراشنىڭ ئېغىزىغا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا تەگكۈزدى ـ دە، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سورىدى،
ــ قانداق جامائەت، قوغۇن ھەممىڭلارنىڭ ئېغىزىغا تەگدىمۇ؟
ــ تەگدى.
ــ ھەرقايسىلىرىنىڭ راستچىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگىنىگە ھەشقاللا، قولۇمدىكىسى پېقىرنىڭ نېسىۋىسى ئوخشايدۇ، ئەمىسە مەن تۇزۇت قىلماي يەۋەتتىم...ــ شىرىن سۆزلىگەچ قوغۇننى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يەپ تۈگەتتى ـ دە، قولىدىكى شاپاقنى سەل نېرىغا پىرقىرىتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەنلەر ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، بىردىنلا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. بەردى باي دەسلىپىدە شىرىنىڭ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىشىنى ئويلىمىغان چېغى دەسلەپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەيران بولغاندەك قارىدى ـ يۇ، كېيىن چىرايى قىپقىزىل قاچقان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا پۇشايمانلىق ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
ــ بەردى باينى ئوبدانلا بابلىدىلا،ــ دېدى ئىمىن ساتىراش،ــ ئۇ ئەسلى سىلىنى مازاق قىلماقچى ئىدى، كېيىن ئۆزى لەت بولۇپ قالدى.
ــ راست، بايا قارىسام تاس قالدى كەينىگە «تىرىككىدە» ئۇچۇپ چۈشكىلى...
ــ بەردى باي «پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە...» دېگەننى ئاڭلىمىغان چېغى!
ــ ھا... ھا... ھا...
ــ ھى... ھى... ھى...
ئۇلار بىردەم بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن

کېيىن ئىمىن ساتىراشنىڭ «بۇ يەردە پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇۋەرمەيلى، شېرىن تېخى داستىخاندا ئولتۇرمىدى، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ قورسىقىنى تويغۇزايلى» دېگەن تەشەببۇسى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، پېشايۋانلىق ئايۋان تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلار پېشايۋان پەلەمپىيى يېنىغا كەلگەندە، داستىخان كۆتۈرۈۋالغان بىرى ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، پەسكە چۈشۈش ئېغىر بىلىنگەندەك داستىخاننى قاقتى. شۇ ئان كىچىكرەك بىر پارچە سۆڭەك شېرىننىڭ پۇتىغا چۈشتى.

ـ يائاللا شېرىن، باياتىن بېرى قەيەردە يۈردۈڭ، مەن تېخى سېنى كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ بەردى بايدىن سورىسام، «هويلىدا بىرنەچچەيلەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ، هېلى كىرىپ قالارمىكىن» دېيىدى، هېلى كىرە، ئەمدى كىرە دەپ ساقلاپ ئولتۇرۇپ بولالماي، ئاخىرى مەندىن خاپا بولۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە دەپ ئالدىڭغا ئۆزۈم چىقتىم مانا...ـ دېدى مۇسا هاكىمبەگ يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ، ـ قورسىقىڭ ئېچىپ قالمىغاندۇ؟

ـ ياق. تېخى ئاچقۇدەك بولمىدى، ـ دېدى شېرىن كۈلۈپ.

ـ هازىر ئالەم نى چاغ بولدى، قارا دېگەن گېپىڭنى. ئۆللالەم ئەتىگەن ناشتا قىلغانسەن، بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئۆيگىمۇ كىرمىدىڭ، بايىنىڭ ياقى بىرنەرسە تەگدىمۇ؟

ـ تەگدى بېگىم، تەگدى، تېخى هېلىلا ئۆزلىرى يېگەن گۆشنىڭ سۆڭىكى پۇتۇمغا تەگدى.

ـ مەن ئۇنى دېمىدىم، شېرىن، ـ دېدى مۇسا

ھاكىمبەگ ئۇنىڭ گەپ يورغىلىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىزىقارلىق پاراڭ ئاربلاش ئىستىكىدە، ــ بەردى باينىڭ تەكلىپى بىلەن بايا بۇ تويغا كەلگەندىن بۇيان بىرنەرسە يېدىڭمۇ؟

ــ يېدىم، بېگىم، بەردى باي ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنىڭ مېھرىنى يەتكۈزۈپ ئەمەت مەزىننىڭ قىزىنىڭ تويى ئۈچۈن كاتتا داستىخان سېلىپ، يۇرت ـ خەلقنىڭ دۇئاسىنى ئالماق بوپتۇ. مەن سىلى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ تويىنىڭ ھەشەم ـ دەرىمىنى كۆرۈپ، بەردى باي ئويلىغىنى بويىچە ئىززەت ـ ئىكرام تېپىپ، يانچۇقى پۇلغا تولمىسا قانداق قىلار دەپ غەم يېدىم.

ــ توۋا شېرىن، كاللا دېسە پاقالچاق دەۋاتىسەنغۇ، مەن بۇنى سورىمىدىم، باياتىن بېرى بىرنەرسە ئىچتىڭمۇ دەپ سوراۋاتىمەن.

ــ ئىچمەمدىغان، بېگىم، بۇنىڭدىن كېيىن چاقىرمىغان يەرگە بارسا مېھمانىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولمايدىغانلىقىنى، ساھىبخانىنىڭمۇ ئۆزى ئاتايىن بېرىپ چىللىمىغان مېھمان بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، بۇنىڭدىن كېيىن چاقىرمىغان يەرگە بارماسلىققا قەسەم ئىچتىم.

شېرىننىڭ مۇسا ھاكىمبەگ نىمىنى سورىسا قىلچە تەمتىرىمەي، دۇدۇقلىماي، ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بېرىۋاتقان جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ ھويلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ شېرىننىڭ بەردى بايغا قورسىقى كۆپۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، يەنە گەپ سوراۋەرسە ئۇنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك تېگىدىغان سۆزلەرنى

دەۋىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى ـ دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

ــ قارىغاندا مەندىن خاپا بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن، شىرىن، قېنى يۈر، ئۆيگە كىرەيلى.

ــ رەھمەت ھاكىمبېگىم، مەن ئۆزلىرىدىن رەنجىمىدىم، بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ ماۋۇ يارەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈممۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ــ دېدى شىرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ مەقسىتىنى دەرھاللا چۈشىنىپ، ــ مۇمكىن بولسا، مەن ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان بولايمىكىن، بېگىم.

ــ «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، شىرىن، قېنى يۈر، ئاۋۋال مەن بىلەن كىرىپ بىردەم ئولتۇر، ھېلى توي كۆچۈرگىلى كەلگەندە، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلارسەن.

شىرىن مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن يەنە تاقابىشۋەرسە قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى بولغاي، ئىمىن ساتىراشقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ـ دە ، ھايال بولمايلا قايتىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سوراپ، مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن ئايۋاننىڭ ئىشىكىگە ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان، خېلى ئوبدانلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ساراي ئۆيگە كىردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ــ شىرىن بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا ئۆيئىچىدىكىلەرگە تەئەززۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى. ساراي ئۆيدىكى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان تەتىللا كۆرپىدە ئېزىلىپ ئولتۇرۇشقانلار بۇ گەپ بىلەن «لاپپىدە» ئىشىك تەرەپكە قاراشتى ـ دە، شىرىننى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغىلىشىپ

قويۇشتى. ئۇنى تونۇيدىغانلار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلەشكە باشلىدى.
ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى بۇياققا چىقسىلا، شېرىن...
ــ سىلىنى كەلدى دەپ ئاڭلىدۇق، باينىڭياقى نەلەردە يۈردىلە...
ــ تېخى بىز بىلەن كۆرۈشكىسى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمىز...
ــ قېنى بۇياققا چىقسىلا...
ــ هاكىمبېگىمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالسىلا...
ــ مەيەرگە چىقاملا ـ يا...
ــ هەرقايسىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەهمەت، مەن مەشەدە ئولتۇراي، ــ دېدى شېرىن سۆكىنىڭ گىرۋىكىدىلا ئولتۇرۇپ، ــ قېنى، هەرقايسىلىرىمۇ ئولتۇرۇشسىلا.
ــ نېمە قىلغانلىرى بۇ! بۇياققا چىقسىلا دەيمەن.
ــ ئۇنداق قىلسىلا سەت بولىدۇ.
ــ مېهمان دېگەن ساهىبخانىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش كۆرگۈلۈك!
ــ غولى شۇ، بۇياققا چىقىپ ئولتۇرسىلا.
ــ رەهمەت، ياخشى كۆڭۈللىرى تېگىل بولدى، ئەمدى قوزغىلىشمىسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە هەرقايسىلىرىمۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا بەردى باينىڭ مېهمانلىرى، بىزنىڭ قەيەردە ئولتۇرۇشمىزنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇ توي ئوبدان ئۆتۈپ، ئىككى ياشنىڭ مەڭگۈلۈك هەمراهلاردىن بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلساقلا، شۇنىڭ ئۆزى كاتتا ساۋاب ئىش، شۇنداقمۇ باي غوجام؟... ــ دېدى شېرىن ئۆزىنى كۆرۈش بىلەنلا چىرايى تۇمان باسقان ئاسماندەك

تۇتۇلۇپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، باشقىلار ئورۇنلىرىنى بوشىتىپ شېرىننى تۆرگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغاندەك ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىغان بەردى بايغا قاراپ.

— شۇ... شۇ... ھەرقايسىلىرى بۇگۈن ماڭا مېھمان...— بەردى باي خالار ـ خالىماس جاۋاب بەردى.

— ھەرقايسىلىرى ئاڭلىغانلا، بىز بۇگۈن باي غوجامنىڭ مېھمىنى، شۇڭا تولا تۇزۇت، تەكەللۇپ قىلىشماي ئولتۇرايلى. قەيەردىلا ئولتۇرسام ھەممىمىز مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىمىز قويمايدىكەن،— دېدى باۋۇدۇن باي،— ئەسلىي مۇشۇ يەرگە — ھاكىمبېگىمنىڭ يېنىغىلا چىققان بولسىلا ئوبدان بولاتتى.

— رەھمەت، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىشى زۆرۈردۇر، مېنىڭ ئورنۇم مانا مۇشۇ يەردە...

باشقىلار شېرىننى ئەمدى گېپىگە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى بولغاي، كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. شېرىن ئۆيئىچىگە نەزەر سالدى. بۇ يەردە ئالدىنقى قېتىم بىللە ئوۋغا چىققان بەگ، بايلاردىن باشقا، قازى ئاخۇنۇم ۋە ئۇ كۆرۈپمۇ باقمىغان بىرنەچچەيلەن بار ئىدى.

— شېرىنگە غىزا كەلتۈرۈڭ، بەردى باي،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ماقۇل، مانا ھازىرلا...

— بولدى رەھمەت، غىزا داستىخاندا بار ئىكەنغۇ؟— دېدى شېرىن دەرھاللا بىرەر تال قوشۇق قويسىمۇ سىغمىغۇدەك دەرىجىدە مول نازۇنېمەتلەر تىزىلغان

داستىخاننى ئىما قىلىپ،ــ كەمىنە قۇللىرى مۇشۇلارغا ئېغىز تەگسەملا كۇپايە.

ــ شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ يوسۇن ـ قائىدىمىز بويىچە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم دېگەندە پولۇغا ئېغىز تەگمىسەڭ قانداق بولىدۇ،ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ،ــ تولا تۇزۇت قىلما.

ــ يوقسۇ، تۇزۇت قىلغىنىم ئەمەس، داستىخان شۇنچە مول تۇرسا، باي غوجامنى مالال قىلماي دەيمىنا...

ــ قارىغاندا شېرىنىڭ پولۇغا مەيلى يوقتەك قىلىدۇ، ھاكىمبېگىم، بولمىسىغۇ پولۇ دېگەن ئەر كىشىنىڭ بوغۇزى دېسىلە. «ئېشىكىم نېمە بىلەر كۈنجىرە ناۋاتنىڭ قەدرىنى» دېگەندەك، شېرىنمۇ پولۇنىڭ ئادەمگە يىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك،ــ دېدى بەردى باي كىنايە قىلغاندەك.

ــ دۇرۇس، تولىمۇ توغرا ئېيتتىلا، پېقىر كەم ئەقىل ئادەم، بىلىشمىدىن بىلمىشىم كۆپرەك. پولۇنىڭ ئۇنداق خاسىيەتلىك تەرەپلىرىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاپ كەتكەچكە، بۇگۈن ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىككىلا كۆزۈم كۆرمەس، قۇلىقىم ئاڭلىماس بولۇپ، پايدا بىلەن زىياننى پەرق ئېتەلمەس ھالغا كېلىپ قالغان ئوخشايمەن، باي غوجام،ــ دېدى شېرىن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي،ــ ياخشى كۆڭۈللىرى پېقىرغا ناھايىتى تېگىمل بولدى. رەھمەت ئۆزلىرىگە...

ئۆيئىچىدىكىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويغان بولسىمۇ گەپ قىلمىدى. مۇسا ھاكىمبەگ شېرىنىڭ تەئەددى بىلەن دېگەن سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تېزلا

چۈشىنىپ، ئۇنىڭ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، «بولدى، ئۇنىڭغا بۇنداق گەپلەرنى دېسەڭ بەربىر چۈشەنمەيدۇ. ۋاقتى كەلسە ھېچنېمىنى سەزمىگەن، بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىن يانمايدۇ، شۇڭا ئەمدى توختاپ قال...» دېگەندەك قاراپ قويدى. بەردى بايمۇ شېرىنىنىڭ ئۆزىگە تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاللىبۇرۇن سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە گەپ قىلسا، باشقا بەگلەر، بايلار، زەردارلار ئالدىدا تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى سېزىپ ئۇلگۇرگەچكە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ كۈلۈمسىرىدى ـ دە، ئالدىدىكى چۆچەكتەك چوڭلۇقتىكى ساپال قاچىغا چاي قۇيۇپ شېرىنگە تەڭلىدى.

— ئالسىلا، شېرىن، قارىغاندا ئۇسساپ قالغاندەك قىلىلا، چاي ئىچسىلە...

— رەھمەت... — شېرىن ئارتۇق گەپ قىلمايلا چاينى قولىغا ئالدى ـ دە، داستىخانغا قويدى.

— مەزەگە باقسىلا،— دېدى باۋۇدۇن باي ئوڭايسىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن قۇرۇق يۆتەلگەچ،— مانا قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەرنىڭ تەمى خېلىلا ئوبدان ئىكەن، يا ماۋۇ گۈلىدىن يەپ باقامىلا؟

— ئوبدان، ئەمىسە تۇزۇت قىلمىدىم،— شېرىن بىر تال گۈلنى ئېلىپ بوشلا پۇۋلەپ قويغاندىن كېيىن ئېغىزىغا سالدى. قازى ئاخۇنۇم ئۆتكەندە بىرنەچچە ئادەم ئالدىدا لەت بولغاندىن بۇيان ئۇ ئىشنى پەقەتلا ئۇنتۇپ كەتمىگەن بولغاچقا، بايا شېرىننى كۆرۈپلا چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەنىدى. لېكىن، مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن يەنە بىرنەچچەيلەننىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئىززەت ـ ئىكراملىرىنى كۆرۈپ، «ماۋۇ كەلگۈندى ھاكىمبېگىم ۋە

ئاۋۇ بايلارنىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋالدىمۇ، نىمە؟ ئۇنىڭدا نىمە كارامەت ھەم خىسلەت باردۇ؟ قارىغاندا بۇ يىگى كەلداخۇننى بوش چاغلىمىسام بولغۇدەك. ئاۋۇ كۇنىغۇ ئۆزۈم چىقارغان پەتىۋا بىلەن ئۆزۈمنى بابلىدى. بۇ ئۆچۈمنى ھامان بىر كۇنى ئالماي قويمايمەن. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە بەردى بايغا خىلى ‹ئەستىرى بار› گەپلەرنى دەۋەتتى. بىراق، ماۋۇ بەردى باي دىگەن گۆش تاغىرى، كالللىسى ئىشلىمەس كالىكومشار ھىچنىمىنى بىلمىگەندەك ھىجىيىپ ئولتۇرىدۇ. ھەي ئىستەي، ئىست، ماشا مۇشۇنداق ئادەم كۆپ جاراستاندا، بۇنداق گەپلەرنى قىلسا ئۇنى ئىككى ئىغىز گەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرالمايدىغان قىلىۋىتەتتىم. يا ئۆچۈمنى بۇگۇنلا ئالسام بولارمىكىن؟!... قانداق قىلسام ئۇ ھاكىمبىگىم ۋە باشقا بەگ، غوجاملار ئالدىدا ئىككىنچى قىتىم زوۋاندارلىق قىلالمايدىغان، جىممىدە ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: ‹خوش، دىگەنلىرى بەرھەق، بىگىم، ئۆزلىرى جاھان ھەم ئىش كۆرگەن ئادەم. ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەن ئايىغىم چىقىپ باسقان مۇساپىدىن ئۇزۇن...› دەپ بىشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرىدىغان قىلىۋىتەرمەن...» دىگەنلەرنى ئويلاپ، خىلى كۆپ ئىشلارنى ناھايىتى تىزلىكتە كۆڭۈل غەلۋىرىدە تاسقاپ ئۇلگۇرگەن بولسىمۇ، لىكىن ھىچقايسىسىغا ئىشەنچ قىلالمىدى ـ دە، كۆكۈچ كۆزلىرىنى شىرىنگە تىككىنىچە جىم بولۇپ قالدى. شۇ ئارىدا باۋۇدۇن باي ئالدىنقى مەرتەم ئوۋغا چىققاندا سەپەر بوۋاينىڭ قونالغۇسىدا شىرىن سۆزلەپ بەرگەن قىزىق گەپلەرنى دىۋىدى، ئۇنى ئاڭلىمىغانلار كۇلۇشۇپ كىتىشتى. شىرىن

بولسا جىممىدە ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ قازى ئاخۇنۇمنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى ـ دە، ئۇنى گەپكە سالغان بولۇپ مات قىلىشنى نىيەت قىلغاچ قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ قويدى.

ــ ئەمەلىيەتتىمۇ شېرىنىنىڭ گەپلىرىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ ناھايىتى كۆلكىلىك ئىكەن،ــ دېدى قازى ئاخۇنۇم باشقىلارنىڭ كۆلكىسى ئاران بېسىققاندا،ــ ئىشەنمىسەڭلار شېرىنگە ئۇبدانراق قاراپ بېقىڭلار، يېشى بىر يەرگە بارغاندىمۇ بىر چاپانغا ياقا بولغۇدەك قىلىپ بۇرۇت قويۇپتۇ ـ يۇ، ئەمما ساقال قويماپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ساقال قويۇش ئەر كىشى ئۇچۇن سۈننەت دېگەن گەپ بار، ئۆزلىرىنىڭ ساقال قويمىغانلىرى نېمە ۋەجىدىن، تەقسىر؟

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قەستەن ئۆزىنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

ــ كانىيىمدا پوقاق يوق، ئەيىبىم بولمىغاچقا، ئىڭىكىمگە مىلەڭزە تارتىش ھاجەتسىز.

شېرىنىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى. قازى ئاخۇنۇم ئوسال بولغان بولسىمۇ، باشقىلار بىلەن بىللە قاقاھلاپ كۈلۈپ قويدى ـ يۇ، يەنە سورىدى:

ــ ئۆزلىرى ھەر جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەنلا، شېرىن، پېقىرغا كەمىنىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش پۇرسىتى كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نامشەرىپلىرىنى، تەۋپىقلىرىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ تۇردۇم. جاھاننىڭ خېلى ـ خېلى ئىشلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ قالماي، يەنە تېخى قوشاقمۇ

توقۇيالايدىكەن دىگەنلەرنىمۇ ئاڭلىدىم. باشقىلارنىڭ دىيىشىچە، جاراستاندا بىيىت توقۇپ، ھەممە كىشىنى كۈلدۈرۈۋېتىدىكەنلا. بۈگۈن مۇشۇنداق ئوبدان، مول، ھەشەمەتلىك سورۇن ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئالدىدا بىر بىيىت توقۇپ باقمامىلا؟

— ئاڭلىغانلىرى خاتا ئەمەس، تەقسىر، كۆرگەن كۆرگەننى، يېگەن يېگەننى سۆزلەيدىكەن. پېقىر سەپەر داۋامىدا يۇرت كۆرگىنىم ۋە سۆزلىگىنىم راست، ئەمما بىيىت توقۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇرۇن ئوقۇغانلىرىم قۇلاق مولىلىسى بولۇپ ئاڭلىۋالغانلىرىم، ئەيىبكە بۇيرۇمايلا، بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىدىن تەلىم ئېلىشقا مەجبۇرمەن.

— تۇزۇت قىلىۋاتىلا — ھە، كىچىك پېئىللىق، كەمتەرلىك ياخشى ئادەت، لېكىن ھەممە ئىش ھەللىسىدە بولغىنى ياخشى، قارىسىلا. مەن ئاڭلىمىغان بولساممۇ بىر نۆرى ئىدى، بىراق ئاڭلاپ قالدىم. بولسا مۇشۇنداق قۇتلۇق توي كۈنىدە ھەممىمىزنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالسۇن،— دىدى بەردى باي ئۇنى دەي — دەيگە سېلىپ،— قېنى باشلىسىلا، ھەممىمىزنىڭ قۇلىقى ئۆزلىرىدە...

شېرىن تەخسىلىقتا قالدى — دە، ئەمدى يەنە نېمە دەپ ئۆزرە سوراشنى بىلەلمەي قالدى.

— قېنى، ئۆز ماھارىتىڭنى نامايان قىلغىن شېرىن،— دىدى مۇسا ھاكىمبەگمۇ بۇ گەپكە قىزىقىپ،— ئاۋۇ كۈنىمۇ ئات مۆدۈرۈپ كەتسە ئوبدانىلا بىيىت تۇزۇپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغانىدىڭ. قارىغاندا، قازى ئاخۇنۇممۇ بۇ جەھەتتىكى تەۋسىپلىرىڭنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن جاراستاندا

بولمىغاچقا، بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغان ئوخشايدۇ. مەن بىرنەچچە ئەلەم ـ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ نەزمە ـ نەسىھەت پۈتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، جاراستاندا بېيىت توقۇغاننى كۆرمەپتىكەنمەن. بۈگۈن كۆزۈمنى بىر ئېچىپ قويغىن...

— شۇنداق قىلسىلا، تەقسىر، ھۈنەر دېگەننى مانا مۇشۇنداق جاراستاندا چىقارغۇلۇق! — دېدى باۋۇدۇن بايمۇ شېرىننىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانىدەك.

شېرىن «مېنى بۇ تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، تەقسىر» دېگەندەك مۇسا ھاكىمبەگكە قارىدى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ ئۇنىڭ نېمىنى تاما قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن «مەن سېنى بىلىمەن، ھەرگىز بوش كەلمەيسەن، قازى ئاخۇنۇمغا ئۇتتۇرۇپ قويمايدىغىنىڭ ئېنىق. ھەرگىز بىر قەپەس ئېلىشماي تۇرۇپ بەل قويۇۋەتمە...» دېگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. شېرىن بۇنى كۆرۈپ بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلىغاچ ئېغىز ئاچتى.

— بۈگۈن كەم ئەقىل پېقىرنى تازا چىڭ يېرىدىن تۇتۇۋالدىلىغۇ، تەقسىر، ئۆزۈمغۇ بۇنداق ھۆرمەتكە مۇناسىپ ئەمەسمەن. لېكىن، مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە «بۇ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەپ تۇرۇۋالسام، ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىلىرىنى يېرىپ ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىدىكەنمەن. شۇڭا، «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلاپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلىپ باقاي. بۇ جەھەتتە ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۆزلىرى پېقىرغا ئۇستاز.

شۇڭا، مالال كەلمىسە نەزمىنى ئۆزلىرى باشلاپ بەرسىلە، مەن داۋاملاشتۇراي.

شېرىنىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغان قازى ئاخۇنۇم نېمىشقىكىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويدى ـ دە، ئاللىنېمىلەرنى ئويلانغاندەك سەلگىنە جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويدى.

— شېرىن مېنى چوڭ كۆرۈپ شۇنداق دەۋاتقان يەردە ئۇنى تەڭلىككە سېلىۋەرسەممۇ قاملاشمىغۇدەك. نېمىلا دېگەنبىلەن مېھمان ئەمەسمۇ، شۇڭا مەن بېيىتنى باشلاپ بېرەي... — قازى ئاخۇنۇم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شېرىنگە تىكىلدى، — ئەمىسە مەن باشلىدىم، شېرىن، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىسىلا.

شېرىن، ئاگاھ بولمىساڭ،
بوغۇزلىماي جان ئالىدىغان مەخلۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھەيران بولۇشقاندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇشقاندىن كېيىن شېرىن ئەمدى نېمە دەركىن دېگەندەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىشتى. بىراق، شېرىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىدىن خەۋىرى باردەكلا تېزلىكتە ئېغىز ئاچتى.

قازى ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ سايىسىغىمۇ قاۋايدىغان
ئىتتىن بەتتەر مەخلۇق.

ئۆيئىچىنى بىردىنلا كۈلكە قاپلىدى. قازى ئاخۇنۇم

ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە سەللا بەل قويۇۋەتسە، بۇ گەپلەرنىڭ جاراستانغا تېزلا چىقىپ، ئەل ئىچىدە ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە داغ چۈشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، باشقىلارغا قوشۇلۇپ قاقاھلاپ كۈلدى.

ـ ھا... ھا... ھا... بۇ گەپلىرى تولىمۇ ماس كەلدى. مانا بېيىت دېگەن... ھا... ھا... ھا... گەپكە كەلگەندە ئۆزلىرى پەقەتلا بوش كەلمەيدىكەنلا، شېرىن، سىلىنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئەركىلەتكەندەك چېكىپ باقسام، مېنى بىر ئەددەسسىز كەلتۈرۈۋەتتىلىغۇ؟!... قارىغاندا سىلىنى خاتا كۆرۈپ قالماپتىمەن. قېنى، ئەمدى يەنە بىرنى باشلىسىدىم... ـ قازى ئاخۇنۇم ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، يەنە بېيىت باشلىدى:

ئەي گۈزەلىم ئويتوغراق،
بۇغراقۇمنىڭ پاناھى.

شېرىن بەرگەن جاۋابقا ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشكەنلەر بۇ بېيىتنى ئاڭلاپ بىردىنلا قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا جىمىپ قېلىشتى. شۇ ئان ئۆيئىچىدە شېرىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

قانچە دېسەڭ تۈگىمەس،
قازى ئاخۇنۇمنىڭ گۇناھى.

ئۆيئىچىنى يەنە كۈلكە قاپلىدى. بۇ قېتىم قازى ئاخۇنۇم بايىقىدەك كۈلمىدى ـ دە، چىرايى تاتىرىپ جىم بولۇپ قالدى. بەردى باي بۇنى كۆرۈپ، «مۇشۇ سالپا ـ

سایاق، تېگىنىڭ زادى نەلىكلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان كەلگۈندىگە گەپتە ئۆتتۈرۈپ قويغىنىڭغا مىڭ لەنەت. تېخى گاھىدا ئۆزۈڭچە مەن مەھكىمە شەرئىنىڭ قازىسى دەپ ھېچكىمنى ئېلىۋەتكەن تىرىنقىڭغا تەڭ قىلمايسەن. مانا ئەمدى ئۆزۈڭنى بىلەلمەي زۇۋاندارلىق قىلغىنىڭغا توي...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەر تېگىدىن چىرايى ئاقىرىپ، گەۋدىسى كىچىكلەپ كەتكەن قازى ئاخۇنۇمغا ھومىيىپ قويۇپ، شېرىنگە كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى. ئۆيئىچىدىكىلەر خېلى ئۇزاق كۈلۈشكەندىن كېيىن ئاران جىم بولدى. شۇ ئارىدا باۋۇدۇن باي ئەتەي بەردى باينى دەپ ـ دەيگە سالدى.

ــ قارىغاندا بەردى باينىڭمۇ شېرىنگە بىر گېپى باردەك قىلىدۇ. قېنى ھەرقانداق گەپلىرى بولسا تارتىنماي دەۋەرسىلە،ــ دېدى.

ــ باشقا... باشقا گېپىم يوق،ــ دېدى بەردى باي دۇدۇقلاپ.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە، مەن ھېلى ئۆزلىرىنىڭ شېرىنگە بىر گەپلىرىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالدىم، لېكىن دېيەلمىگەندەك قىلدىلا، شۇڭا «گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە» بولغىنى بەك بەلەن ئىش.

ــ شۇ، دەۋەرسىلە...ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگمۇ تولا كۈلگەنلىكىدىن ئويناپ كەتكەن كۆزلىرىنى بەردى بايغا تىككەچ، «يەنە قىزىق گەپ چىقىدىغان بولدى» دېگەنلەرنى تېزلىكتە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ،ــ شېرىن بىزگە مېھمان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئوچۇق ـ يورۇق، گېپى تۈز، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان ئادەم. بۇرناكۇن ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىۋىدىلە، مانا بۈگۈن ئاتايىن

ئۆزلىرى باش بولغان توغقانلىرىنىڭ تويىغا داخىل بولدى. ئەمدى يەنە ئۇنى يات كۆرۈۋەرسىلە قاملاشماس؟

بەردى باي ئىشلارنىڭ بۇنداق تېزلىكتە چىگىشقا چىقىپ كېتىشىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، «مانا خوپ بولدىمۇ ئەمدى؟ باشقىلار قاراپ تۇرۇپ مېنى شېرىن بىلەن خۇددى ئىتنى تالاشتۇرغاندەك تالاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق گېپىم يوق دېسەم، باۋۇدۇن بايمۇ، مۇسا ھاكىمبېگمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئەگەر گەپ قىلسام ئۇنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا مېنى لەت قىلىشى ئېنىق. ھەي، قانداق قىلسام بولار...»

— جىمىپلا قالدىلىغۇ، بەردى باي؟ ھەممەيلەن سىلىگە گەپ قىلىۋاتقاندىكىن يا ئۇ، يا بۇ دېسىلە مانداق،— دېدى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان، سىمىزلىكتە خىرقىراپ قالغان بىرى ئۇنى دەي ـ دەيگە سالغاندەك،— باشقا چاغدىغۇ ئۆزلىرى بار يەردە بىزگە گەپ ئاشمايتتى، مانا ئەمدى نېمە بولدىلا؟...

بەردى باي بىردەم ئېزىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

— مېنىڭغۇ شېرىنگە باشقا گېپىم يوق. بايىقى گەپلىرىغۇ ئالامەت گەپلەر ئىكەن. لېكىن، مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم. شېرىن ھازىر چوڭ ئادەم بولماي، كىچىك بالا بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ چاغدا ھەممە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك...

— ئۇ چاغدا شېرىننى بېقىۋالاي دېگەنما؟— دېدى باۋۇدۇن باي ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ.

— يا... ياق، مەن پەقەت ئۇ چاغدا كىچىك بالىنى دوراپ بىرەتتى دېمەكچى ئىدىم...— بەردى باي بۇ

گەپلەرنىڭ ئېغىزىدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى.

— قانداق شېرىن، بەردى باينىڭ تەلىپى ئورۇنسىز ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى باياتىن بەردى باينى گەپكە ئۇندىگەن غېنى باي خىرىلداپ سۆزلەپ، — بەردى باينىڭ مەقسىتى سىزنى كىچىك بالىنىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ بەرسۇن دېيىش ئىكەن، سىزگە مالال كەلمەيدىغاندۇ؟!...

شېرىن ئۈندىمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ مەقسىتىنىڭ قەستەن ئۆزى ئارقىلىق بەردى باينىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئولگۇردى – دە، تېزلا بەردى بايغا قارىدى. بەردى باي ئېغىزىدىن چىقىپ بولغان گەپنى ئەمدى ياندۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— مەيلى دوراپ باقاي... — شېرىن سۆزلىگەچ «لىككىدە» بەردى باينىڭ تېزىغا مىنىپ ئولتۇردى – دە، ئاۋۋال يۈزلىرىنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يېقىپ قويغاندىن كېيىن، چىرايلىق ياسالغان ساقاللىرىنى تارتقۇشلاشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىدىكى سەرپۇش تۇماقنى ئېلىپلا ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيىۋالغاندىن كېيىن بەردى باينىڭ يۈزىنى بوشلا تاتىلىدى – دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ بوينىغا مىنىپ ئولگۇردى.

— مەن باينى ئات قىلىپ مىنىمەن... قېنى چاپە... چاپ... بولمىسا سۆڭگۈچۈڭگە ئۇرىمەن...

ئۆيئىچىدىكىلەر دەسلەپتە ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى بىلمىگەچكە، شېرىن چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلىۋاتقان

قىلىقلىرىغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. شېرىن ھايالشىمايلا بەردى باينىڭ بويىنىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى - دە، داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ توختاپ قالدى.

— ئەسلىي داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرنى ئۆينىڭ ئىچىگە چېچىۋەتمەكچى ئىدىم. مېنىڭ ئورنۇمدا كىچىك بالا بولغان بولسا خەقنىڭ قىلىپ، داستىخاننى تالان - تاراج قىلىۋەتكەن، چوڭ - كىچىك ھاجەتلىرىنى راۋا قىلغان بولاتتى. خەيرىيەت، مەنمۇ «ئېتىمنى قەيەرگە باغلايمەن؟ دەپ سورىسا، ئۆيگە كىرەيلى دېگەن تىلىمغا» دېگەندەك ئىش قىلماي... — دېدى شېرىن باينىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى باشلاپ بەرگەن چاقچاق، خاپا بولمايدىغانلا، باي غوجام...

— يا... يا... ياق، خاپا بولامدىغان، — بەردى باي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەنلەر بىردىنلا كۈلۈشتىن ئۆزىنى توختىتىپ جىم بولدى. شۇ ئەسنادا ھويلا دەرۋازىسى تەرەپتىن ناغرا بىلەن سۇنايىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— يىگىت تەرەپتىن قىز كۆچۈرىدىغانلار كەلگەن ئوخشايدۇ، بەردى باي، — دېدى باۋۇدۇن باي ئۆيئىچىدىكى ئوڭايسىز كەيپىياتنى ئوڭشاش ئىستىكىدە، — قازى ئاخۇنۇممۇ تاھارىتىنى يەڭگۈشلىۋالسۇن. سەل تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇلىدۇ ئەمەسمۇ؟!...

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، — دېدى قازى ئاخۇنۇم ئورنىدىن تۇرغاچ، — نىكاھ دېگەننى تاھارەت بىلەن پاكىز ئوقۇغانغا يەتمەيدۇ. شۇنىڭدىلا ئەر - خوتۇنلارنىڭ مېھرى تېزلا چۈشۈپ، ئۆمۈر بويى بىر -

بىردىن ئايرىلالماس بولۇشۇپ، بىر موردىن مەڭگۈ ئىس چىقىرىدۇ.

— بەرھەق، توغرا ئېيتتىلا...

— مەنمۇ چىقاي ئەمىسە...— بەردى بايمۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قازى ئاخۇنۇمنىڭ كەينىدىن «غىپلا» قىلىپ چىقىپ كەتتى. شۇئان باشقىلار خۇددى كىلىشىۋالغاندەكلا قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

# يەتتىنچى باب

## دەردمەن «قاراقاش»

قىش تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. ئادەتتە بۇ يۇرتتا كۈندۈز خېلىلا قىسقا، كېچە ئۇزۇن بولۇشىغا قارىماي، شېرىن گاھىدا بىر كۈننى تولىمۇ تەس كەچ قىلاتتى. مۇسا هاكىمبەگ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتامدۇ ياكى بىزنىڭ بۇ يۇرتقا مېھمان، بۇ يەردە باشقا يېقىن - يۇۋۇق، ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق، زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئويلامدۇ ئىشقىلىپ، قەسىرىدىن سىرتقا چىقسىلا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلۇق، ئورۇنسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشىگە قارىماي بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. شۇنداقتىمۇ گاھىدا شېرىن بىر ئاماللار بىلەن مۇسا هاكىمبەگنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلاتتى - دە، ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ، كاڭ ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلايتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلەتتى - دە، ئارقا - ئارقىدىن ئۇھسىنىپ قوياتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرى ھېچ توختاي دېمەيتتى. بىراق، شېرىن بۇنى سەزمىگەندەك ئولتۇرۇۋېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خىيال كەپتەرلىرى بىردىنلا قاناتلىنىپ، يىراقلارغا قاراپ

«پۇررىدە» ئۇچاتتى. كۆز ئالدىدا سۆيۈملۈك يۇرتى، قېيىدىغاندەك، دومسايغاندەك قىيا باقىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئۆزىگە مىختەك تىككەن ئايالى، «نەدىسەن دادا، سېنى ئەجەبمۇ كۆرگىمىز كەلدى. ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىڭدىن بېرى يا سۆزۈڭ، يا بىرەر ئۇچۇرۇڭمۇ يوق. ياقا يۇرتلاردا قانداقمۇ يۈرۈۋاتقانسەن؟...» دېگەن تەرزدە ئۆزىگە ئەركىلەۋاتقاندەك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان باللىرى پەيدا بولاتتى ـ دە، بىرى يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك ئارامسىزلىنىپ قالاتتى. مانا شۇنداق ۋاقىتلاردا نىياز قاراقاش ھۇجرىغا تەكەللۇپسىزلا كىرىپ كېلەتتى ـ دە، شېرىنىنىڭ مۇڭ باسقان چىرايىغا، ئازاب، ھەسرەت ئىپادىلىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قوياتتى.

— ئولتۇرۇپ كېتىپسىلىغۇ، شېرىن، قېنى يۈرسىلە، دىڭ ئېتىپ تاختا كۆۋرۈككە چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى.

— بولدى رەھمەت، كۆڭلۈم ھېچ يەرنى تارتمايدۇ، قېنى كەلسىلە، مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى.

بەزى چاغلاردا نىياز قاراقاش ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شېرىن بوشاتقان يەردىلا ئولتۇرۇپ، ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلانغىنىچە، مۇشۇ كۈنلەردە تالا ـ تۈزدە قانداق يېڭىلىقلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. گاھىدا سىرتتا بىجىرمىسە بولمايدىغان زۆرۈر ئىشىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئىشنى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئاتايىن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورايتتى ـ دە، چىقىپ كېتەتتى.

بۇگۈن ھاۋا خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى. قۇياشنىڭ ھارارىتىمۇ خېلى تەيلىك بولۇپ، ئىزغىرىن شامال توختىغاچقىمۇ، ئادەمگە بەئەينى ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بىللە بېرىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلدى ـ دە، ئارقا ھويلىدىكى ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا ئارقا ھويلىنىڭ يان تەرىپىدىكى ھۇجرىدىن توختىخاننىڭ زىل، قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ «قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەن مۇشۇكەن ـ دە؟! ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، جېنىم نىياز، بۇ ئىشلارنىڭ ئۇختاسى كېلىپ، رىزقىمىز قېتىلغان بولسا ئۆز ۋاقتىدا مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىز ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. بۇ چاغقا نەۋرە يۈزى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ باللارنىڭ تويىنى قىلىدىغاننىڭ غېمىنى قىلغان بولاتتۇق. خۇدايىم بۇيرۇمىغان ئىكەن، ئەمدى كەلمىگەن تەلەيىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاۋەرمەيلى. سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ، نامىزىمىزنى ئوقۇپ، خۇدايىمنىڭ ئاتا قىلغان مۇشۇنچىلىك كۈنگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتەيلى.

ــ ئا... ھاي، چەك باسمايدىغان گەپلەرنى قىلمىغە، توختىخان، ھازىر كىم بىزنى قېرىپ قالدى دەيدۇ. چاچ ـ ساقاللىرىمىزنى ئاق ئارىلىغان بىلەن كۆڭلىمىز ياش دەيمەن. راست گەپنى دېسەم، مۇشۇ تاپتا يۈرىكىم ئاشۇ ۋاقىتلاردىكىدەك «گۈپ ـ گۈپ» قىلىپ سوقۇۋاتىدۇ.

ــ ھى... ھى... ھى... ئىزا تارتماي دېگەن گېپىنى، چىشلىرى بوشاپ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ماغدۇرى قالمىغاندىمۇ چوڭ گەپ قىلىۋاتىدۇ، تېخى...

— ئاڭلىمىغان ئوخشايسىز، توختىخان، ئادەم دېگەننىڭ مانا مۇشۇنداق ۋاقتى ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلگەن، ئۆزىنى توختىتىۋالغان پەسلى. بۇنداق ۋاقىتتا ئىنسان جاھان مەئىشەتلىرىگە قانغان بولىدۇ. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق ھېسابلىمايمەن. ئۇزاقى يىلى ھاكىمبېگىم ئۆينىڭ كەينىدىكى مېۋىلىك باغدا مەشرەپ ئۆتكۈزگەندە، ھېلىقى ئاپپاق ساقال ساتارچى «سىزگە كۆيگەن يۈرەككە، چۈگۈن قويسام قاينايدۇ» دەپ قوشاق ئوقۇمىدىمۇ؟ مېنى ھازىر ئاشۇنداق ياش، قىران يىگىت دەپ بىلسىڭىز بولىدۇ.

— ھى... ھى...ھى... تايىنلىق، مەن تېخى زاكىدىكى بوۋاق دېمىدىڭىز...

— سىز گېپىمگە كۆنمىسىڭىز ئالدىڭىزدا ئەمدى ئايغى چىققان، ئەمتىلەپ ماڭغان بوۋاقتەك خەقىشلىك قىلىشتىنمۇ يانمايمەن.

— تولا كىچىك بالىدەك گەپ قىلماڭ. بۇ گەپلەرنى قانداقمۇ ئەل - جامائەت ئارىسىدا ئاشكارىلىغىلى بولىدۇ. بايا دېدىمغۇ، ياراتقان ئۇلۇغ خۇدايىم رىزقىمىزنى قوشمىغانىكەن، بولمىسا ياش چاغلىرىمىزدا مۇرادىمىزغا يەتكەن بولاتتۇق. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە نېمىلا بولسۇن كۈندە نەچچە رەت بولسىمۇ، بىر - بىرىمىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر...

— گۆشنى يېيەلمىسەكمۇ شورپىسىنى ئىچىۋاتىمىز دېمەكچىمۇسىز، توختىخان؟

— سىز نېمە دېمەكچى، نىيازئاخۇن؟ ئەجەب بىر ئەستىرى بار گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— ھېچنېمە دېمىدىم، كۆزلىرىڭىزنىڭ پاختىسىنى چىقارمىغۇدەك، مەن ئەمدى بۇنداق يۇرۇۋەرمەيلى، ھاكىمبېگىمنىڭ كەيپى چاغ ۋاقتىدا بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ، رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئەل رەسمىي بولسىمۇ نىكاھ ئوقۇتۇپ بېشىمىزنى قوشۇۋالايلى دەۋاتىمەن.

— ئۆتەپ بېرىڭە... «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەن»دەك، داۋاملىق بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىپلا يۈرىدىكەنسىز، بۇ چاغ بولغاندا...

— ئېغىزىدا چىشلىرى قالمىغان، ھاسىغا تايىنىپ دەلدۈگۈنۈپ ماڭىدىغان قېرىلار جېنىدا ياش جۇۋانلارنى، تېخى مۇمكىن بولسا ئۆز نەۋرىلىرىدەك قىزلارنى ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىكەنۇ، مەن بۇرۇن ياشلىقىمدا كۆيۈپ قالغان، ئەرگە تېگىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئۈمىدىمنى ئۈزمەي، «ھامىنى بىر كۈنى نىكاھىمغا ئېلىپ مۇرادىمغا يېتىمەنغۇ!...» دېگەن مەقسىتىمدىن يانماي كەلگەن توختىخاننى ئالىمەن دېسەم بەڭگىنىڭ خىيالى بولامدىكەن؟

— بۇرۇندىن باشلاپقۇ سىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيتتىم، نىيازئاخۇن، مەن خۇش بولۇپ قالاي، ماڭا ئەمدى توينىڭ گېپىنى قىلماڭ، كۈندە سىزنى كۆرۈپ تۇرغىنىمنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن زور بەخت. سىز دېگەن گەپكە ھاكىمبېگىم قوشۇلسىغۇ ئۇ چاغدا بىزدىن تەلەيلىك، بەختلىك ئادەم بولماس، ئەگەر ئىشلار بىز ئويلىغاندەك بولماي، ئالمادىس ھاكىمبېگىم قوشۇلماي، ئاچچىقى كېلىپ قالسا بىزنى ئىشتىن بوشىتىدۇ. ئۇ چاغدا قەيەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرىمىز. ھېلىمۇ بۇنداق سورۇقچىلىقنى ئاز تارتمىدۇق. ئەمدى

مېنىڭ ئۇ كۆڭۈللەرنى قايتا بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈمنىمۇ، سىزنىمۇ ئازابقا دۇچار قىلغۇم يوق.

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، مۇسا بېگىم باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كۆلپەتلەردىن خەۋەر تاپسا بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ چوقۇم خەيرخاھلىق قىلىدۇ.

— شۇنداق بولسىغۇ بولار، ئۇنداق بولمىسىچۇ؟

— باشقىلاردىن «يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن ئارغامچىدىنمۇ قورقار» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ گەپ راست ئوخشايدۇ، توختىخان. نېمىشقا ھەر دائىم مەن ئىككىمىزنىڭ نىكاھ ئىشىنى تىلغا ئالسام «تەگمىگەن تاياققا ۋايجان» دېگەندەك ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ئىشلاردىن ۋايىم يەيدىكەنسىز. ئادەم دېگەن قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولمىغۇلۇق، بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ئاقىۋەتكە قالىمىز. ئاۋۋال بۇ ئىشلارنى مۇسا بېگىمگە دېسەك، ئۇ قوشۇلماي قالسا، ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىزغۇ؟!...

— سىز ئۇنداق «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ دېسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماڭ. بەزى ئىشلاردا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەندەك قىلمىساق، كېيىنچە پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز. سىز بىلمىسىزغۇ، بىزدە «كىبرىيەلىكنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن...» دېگەن گەپ بار.

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، توختىخان، سىزنىڭ مۇشۇ ئېغىزىڭىزنى قانداق قىلسام بولاركىن؟! يېقىنىراق كېلىڭە، مۇشۇ شۇم ئېغىزىڭىزغا شۇ...

— ۋيەي، ماۋۇ قىلىنىنىڭ كۈپكۈندۈزدە قىلىۋاتقان ئىشىنى، ھېلى بىراۋ كىرىپ قالسا چاشقان تۆشۈكنى ساراي كۆرۈنۈپ، ئۆزىڭىزنى قويارغا يەر تاپالماي قالارسىزمىكىن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، مۇسا بېگىم ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە كەتتى. باشقىلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايۋاتقان يەردە بۇ يەرگە كىرىپ دوقۇرۇپ يۈرەمس؟!...

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، ھېلى بىرەرى سىزنى ئىزدەپ باشقا يەردىن تاپالماي كېلىپ قالسىچۇ؟...

— ئەستا، ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ... ئاران بىر...

— ھى... ھى... ھى... بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ تەلىيىدىن كۆرۈڭ، نىيازئاخۇن.

— ھېلى بىكار...

— ئۇش... تالادا شەپە باردەك، جىم...

شېرىن بۇلارنى ئاڭلاپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ قويدى ـ دە، ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى. «مېنى تۇيغۇلىرىم ئالدىمىغان ئىكەن. ئەسلىي نىياز قاراقاش بىلەن توختىخان ئارىسىدا راستتىنلا بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەن بولسىمۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئىشلار بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟! نىيازقاراقاشنىڭ توختىخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا قولىدا ئىش بولسىمۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماسلىقى، گاھىدا توختىخاننىڭ كەينىدىن مۆگىلىنىپ قاراپ كېتىشلىرىدە چوقۇم بىر گەپ بار دەپ ئويلىغانىدىم. ئاۋۇ كۈنىمۇ توختىخان نىياز قاراقاش بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، يېڭى تويى بولغان كېلىنچەك قېينئانا ـ قېينئاتىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغان

چاغدىكىدەك «ھوپپىدە» قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەن شۇ چاغلاردىلا گۇمان قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەسلىكىنىڭ تېگىدە نېمە سەۋەب باردۇ؟...» شېرىن شۇ خىياللار بىلەن ھوجرىسىغا كىردى ـ دە، تېخى ئانچە بەكمۇ سوۋۇپ كەتمىگەن ئۆيئىچىگە قاراپ قويۇپ پاختىلىق تونچە چاپىنىنى سالدى. ئاندىن تامغا قېقىلغان يۇلغۇن قوزۇقتا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن، چوغى ئۆچۈپ بولالمىغان ئوچاقنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، كۇلىۇڭنىڭ بىر تەرىپىدىكى چىرايلىق، رەتلىك تىزىپ قويۇلغان جىگدىنىڭ يېرىندى ئوتۇندىن ئۈچ ـ تۆتنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ تىزدى. خېلىدىن كېيىن ئوتۇنلارغا ئىسسىق ئۆتكەن چېغى تولىمۇ سۈس تۇتۇن پەيدا بولدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا قويۇقلىشىپ يېرىندىلار چوغلىنىشقا باشلىدى. شېرىن ئوتۇنلارغا ئوت تۇتاشقان كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوت بىردىنلا گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىغاندىلا خىيالىدىن بىر ئىش كەچكەندەك ئورنىدىن «لىككىدە» تۇرۇپ، پەگادىكى تامغا يۆلەپ چىقىرىلغان كىچىك سۆكە ئۇستىدىكى ئىدىشتىن نوگاي بىلەن مىس چۆگۈنگە سۇ ئالدى ـ دە، ئوتنىڭ ئالدىدا قويدى. ئاندىن ئۆزىمۇ بايىقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر غېرىچتىن ئارتۇقراق ئېگىزلىكتە كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ كۆڭلى بىردىنلا ئېلىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. «ئوت دېگەن سەۋدانى بېسىپ، زېرىكىشنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېگەن راست ئوخشايدۇ. مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن ئوتنىڭ ئالدىدا بىردەم ئولتۇرسا، ئادەمنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالىدىكەن. راست، ياشلىقتىكى كۆيۈك ئوتمۇ مۇشۇ ئوتقا ئوخشامدىغاندۇ؟ مەنمۇ ئاتا ـ ئانام ئېلىپ

بەرگەن خوتۇن بىلەن كۆرۈشمەيلا توي قىلىپ، نىكاھ ئوقۇلغان چاغدىلا دىدارىنى كۆرگەن، نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىقمۇ ياكى نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تۇز سۈيگە مىلەنگەن ناننىڭ يۈلى ئۈلۈغمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ نەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا خۇددى قەدىناس ئەر - خوتۇنلاردەكلا بولۇپ قالدۇق. لېكىن، بايا نىياز قاراقاش بىلەن توختىخاننىڭ گەپلىرىگە قارىسام، ئۇلار ياش چاغلىرىدا بىر - بىرىگە كۆيۈشۈپ، ئىچ - پەش تارتىشقاندەك قىلىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار شۇ چاغدىلا مۇرادىغا يەتمىگەندۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار ئاشۇ سىر زادى نېمە؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدۇ. كېيىنچە ئەپلىكرەك پۇرسەت چىقىپ قالسا نىياز قاراقاشنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقسام بولغۇدەك... دەل شۇ چاغدا سىرتتا نىياز قاراقاشنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتقان ئۈنى ئاڭلاندى. شېرىن بىردىنلا قانات قېقىشقا باشلىغان خىياللىرىنىڭ بۇغۇچلانغانلىقىغا پەرۋا قىلمىغاندەك تالادىكى گۈدۈڭشىغان ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. شېرىن نىياز قاراقاشتىن سوراشنى نىيەت قىلغان ئىشنى سوراي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭمۇ خېلى ئوبدان پۇرسىتى كەلگەن چاغلىرىمۇ بولدى - يۇ، لېكىن «نىياز قاراقاش باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن. ھەرقانداق ئادەم بۇنداق سىرلارنى ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ بىلىشىنى ئانچە خالاپمۇ كەتمەيدۇ. كېيىنچە چوقۇم گەپتىن - گەپ چىقىرىپ يۇرۇپ بولسىمۇ بۇنى بىلىۋالىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى يۇتۇۋەتتى. ئەمما،

بىر دەمدىن كېيىنلا ھېلىقى كۆنى ئۆز قولىقى بىلەن ئاڭلىغان گەپلەر يادىغا كەلسىلا، «ھەي، نېمىشقىمۇ سوراپ باقمىغاندىمەن؟ نىياز قاراقاشنىڭ ياش چاغلىرىدا بېشىغا قانداق قىسمەتلەر كەلگەندۇ؟...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئەپسۇسلىنىپ كېتەتتى.

بۈگۈن ھاۋا جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىۋالغاندى. بىپايان ئاسمان خۇددى كۆل چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ھاۋامۇ سوغۇق بولۇپ، ئىزغىرىن شامال دەستىدىن قولنى يەڭدىن چىقارغىلىمۇ بولمايتتى. شېرىن ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپ سىرتقا چىقتى ـ دە، ئالدى ـ ئارقا ھويلىدىن نىياز قاراقاشنى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن، ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، ئاستا قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇللا تاختا كۆۋرۈككە كەلدى. قىش كۈنلىرى ئىش بولمىغاچقىمۇ، بۈگۈن ئادەملەر خېلى كۆپ ئىدى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلىغان ئاۋازى بۇ يەرنى خېلىلا جانلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئەتراپنى تونۇر كاۋىپىنىڭ، ئەمدىلا تونۇردىن قومۇرۇلغان گۆشگىردىنىڭ، دەمدىن چىققان پولۇنىڭ، قاسقىنى ئېچىلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان مانتىنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىغىزىغا سېرىقسۇ كەلتۈرەتتى. شېرىن پەشخۇن ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ: «ياغ چاينا، ياغ چاينا... ئەركەك قوينىڭ گۆشىدە ياققان گۆشگىردە، ياغ يەپ، مۇزدا يات ياش باللا...» دەپ ۋارقىراۋاتقان ناۋاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، بىرنەچچە چامدام يىراقلىققا باردى ـ يۇ، لېكىن يەنە نېمىگىدۇر قىيالمىغاندەك ئارقىسىغا قايتىپ ناۋاينىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ھاۋادان قويۇلمىغاچقا قاراڭغۇ كۆرۈنىدىغان ئۆيگە كىردى ـ دە،

پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشىنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى.

— ئۆزلىرىگە گۆشگىردىدىن قانچىنى، مېھمان؟— دەپ سورىدى شېرىنگە سوغدىشىپلا كىرگەن يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىت.

— بىر بولسا يېتىدۇ.

— سۇ بىلەن يەملا، چاي بىلەنمۇ؟

— سۇ بىلەن يېسەم گۆشگىردىنىڭ مايلىرى ئىچىمگە كىرە - كىرمەيلا توڭلاپ قالسا قاملاشماس، شۇڭا چاي بىلەن يەي.

— مانا ھازىرلا...— يىگىت كەينىگە ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا سۇس ھور ئۆرلەپ تۇرغان بىر ساپال چىنىدە چاي بىلەن بىر گۆشگىردىنى ئېلىپ كىرىپ، ئادەتتىكى ۋاقىتتا خېمىر زۇۋۇلا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەمبەلنىڭ ئۈستىگە قويدى. شېرىن «رەھمەت» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆزى بىلەن كارى بولماي پاراڭلاشقاچ مەززە قىلىپ غىزالىنىۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ، قىزىق گۆشگىردىنى قولىغا ئالدى - دە، ئۇلىنى چايغا چۆكۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئىككى پارچە قىلىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

— سىلەر ئاڭلىدىڭلارمىكىن، يېقىندا يۇرتىمىزغا قومۇل دېگەن يەردىن بىر جاھانكەزدى كەپتۇ،— دېدى بىرى ماچىلدىتىپ گۆشگىردە چايناۋاتقاچ،— ئاڭلىسام قازى ئاخۇنۇمنى تازا بابلاپتۇ.

— ئۇنىلا ئەمەس، بەردى باي دېگەن پىخسىقنىمۇ ئۆزىگە چاقچاق قىلغىنىغا تويغۇزۇۋېتىپتۇ، دەيدۇ. بىر بۇرادىرىمىزدىن ئاڭلىسام، بەردى باي: «بۇنىڭدىن كېيىن

شىرىن دېگەن ئادەمگە ئىككىنچىلەپ چاقچاق قىلمايمەن، ئۇنىڭ ئالدىدىن ھەرگىز توغرا ئۆتمەيمەن» دېگەنمىش.

— شىرىن دېگەن قومۇللۇق قانداق ئادەم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى بىرى سوۋۇغان چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچكەچ، — ئەجەب ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ يىنىنى ئىلىپ كەتتىڭلىيا؟

— ئۇنى مەنمۇ كۆرمىدىم، لىكىن باشقىلاردىن ئاڭلىسام ياماندىن قورقۇپ قالمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان، قىزىقچى ئادەم ئىمىش.

شىرىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى — دە، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى.

— ئۇ قانداق قىزىقچى ئىكەن؟ دۆڭ كوچىدىكى بارات تازدەك ساراڭنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرەمدىكەن؟

— ياقەي، ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىساڭلار كۈلۈپ، ئۈچەيلىرىڭلار ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئاداش، شىرىن دېگەن ئۇ ئادەم بىر كۈنى بىر ناۋايخانىغا كىرىپتۇ. ئۇ ناۋايخانىدىكى ناۋاي ناننى باشقا ناۋايلاردىن كىچىك ياقىدىكەن. شىرىن ئۇ يەردە بىر ناننى يەپتۇ، تويماپتۇ. يەنە ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسىنى كۆرمىدىم دەپ يەۋەتكەن بولسىمۇ تويمىغان ئوخشايدۇ. تۆتىنچىسىنى يەپ، تازا بىر كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن ناۋاينىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ: «ھەي، ئالدامچى، باشقا يەردە بىرلا نان يېسەم تويياتتىم. بۇ دۇكاندا تۆتنى يېگەندە ئاران تويدۇم. نېمىشقا تويدىغان ناننى باشتىراق بەرمەي ئەڭ ئاخىرىدا بېرىسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، تونۇرۇڭنى چېقىپ تاشلايمەن» دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

— ھا... ھا... ھا... ھەقىقەتەن قىزىقچى ئادەم ئىكەن. قىزىل كۆز، ساختىپەز ناۋاينى ئەجەب بابلاپتۇ. ھەي ئىسستەي، مەن شۇ جاراستاندا بولغان بولسام، ئۇنىڭ ئاشۇ ئوبدان گەپ چىققان ئېغىزىغا مۇشتۇمدەك ناۋات سېلىپ قوياتتىم.

— ئېتىۋاتقان پورىنى، سېنىڭ يېنىڭدىن ناۋات ئەمەس، مۇشتۇمدەك نەشە چىقىدۇ، نەشە...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىلە، نەشە چېكىپ مەست بولغاندا ئېشەك سۈيدۈكى دەريا كۆرۈنىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۇنداق مەينەت كەيپتىن قولۇمنى يۇيۇۋەتكىلى خېلى بولدى.

— ھەرنېمە بولسا تاشلاپسىلە، ھازىرغۇ مەيلى، كېيىنچە ناس سالىمەن دەپ كۇلۇڭدىكى كۇلنى كاپ ئېتىدىغان كۈنگە قالاتتىڭلە...

— ھېلىقى چاغدىكىدەك تۈگۈلۈكتىن ئاي شولىسى چۈشسە قېتىقتا نان چىلاپ يەيمەن دەپ، كىگىزنىڭ ئۈستىگە نان ئۇۋاپ، سۇ قۇيىدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپسىلە — ھە، ئەمدى؟!...

— ۋاي، قىزىقچىلىقتا، ياشلىق، بەڭباشلىقتا بولغان ئىش ئۇ، بىرەر كىمنىڭ تىرناقچىلىق ئەيىبىنى تېپىۋالساڭلار ئىت يىلىدىن مىش[1] يىلىغىچە سۆرەيدىكەنسىلەر. بۇنداق پاسار باسمايدىغان گەپنى قويۇپ، ھېلىقى شېرىن دېگەن ئادەمنىڭ قىزىق گېپىنى قىلىپ بېرىڭلا.

— بىر كۈنى شېرىن مۇسا ھاكىمبېگىم بىلەن بىللە مەرىكىگە بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ھاكىمبېگىمنى دەرھال

[1] مىش — كېرىيە شىۋىسى مۈشۈك دېگەن مەنىدە.

ئۆيـىـگە باشـلاپـتۇ. شۇ چـاغـدا شىـرىــن بـىرى بـىـلـەن پاراڭلىشىپ تۇرغاچقا، خالىسۇن بولۇپ ھاكىمبېگىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتۇ. شۇ ئارىـدا قاتـىياقتـىكى ئۆمـەر باي ئاتلـىق يېتـىپ كەپـتـۇ ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپلا، شىرىننى ئىشارە قىپتۇ.

ــ ھەي، بۇ يەرگە كەلگىنە.

ــ مېنـى چاقىـرىـۋاتاملا؟ــ دەپ سـوراپـتۇ شىـرىـن ناتونۇش بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىدىن ھەيـران بولۇپ.

ــ سەن گـادايىنى چاقىـرماي كىـمنى چـاقـىراتـتـىم. خىزمـەتكار دېگـەننىڭ كـۆزى روشەن، قۇلـىقى يۇمشـاق، بىـرى قارىـغـان ھامانـلا كـۆڭلىـدىـكىنـى چـۈشـىنـىـپ ئـۇلگۇرگـۈلـۈك. سەن قانداق گـادايسەن؟ مەن يـىراقتـىـن كەلسەمـۇ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، خۇدانىڭ سالـىمىنى قـىلىپ، ئـەھۋال سورىـمـاي، بەز مارىـغـان مۈشۈكـتـەك گۆشـىيىـپ تـۇرىسـنـا... ماڭ، ماۋۇ ئـاتـنى ئاۋۇ يـەرگـە ئاپىرىپ باغلىۋېتىپ كەل...

شىرىن ئۆمەر باينى تونۇمىسىمۇ، باشقا گەپ قىلمايـلا ئـاتنىڭ بـاشبېغـىنى ئۇنـىڭ قولـىدىن ئېـلـىپ، ئاتـنـى باغلىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆي ئـىگىسـى پەيدا بـوپتۇ ـ دە، ئۆمـەر باي بىـلـەن شىرىـنـنى ئۆيگـە تـەكلىپ قـىپتۇ. ئـۆمەر باي ساھـىبخانـىنىڭ شـىرىنگـە تەكەللۇپ قىلىپ كەتكىنىگە ھەيـران بولغان بـولسىـمـۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادەتتىكىچە ئېگىـن ـ ئاياغلىـرىغا قـاراپ قويۇپ، تۈزۈت يۈزىسىدىن بولسىمۇ قېنى ماڭسىلا دېگەن گەپنىمۇ قىلىپ قويماي ئۆيگە قاراپ مېڭىپتـۇ. ئەسلـىدە بۇ باينىڭ ئوك پۇتى قىسقا بولغاچقا، ئاقساپ ماڭىدىكەن. بۇنى كۆرگەن شىرىن بايدىن بەكرەك ئاقساپ ماڭغىنىچـە

ئۆنىڭغا ئەگىشىپتۇ. بۇنى سېزىپ قالغان ئۆمەر باي دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ شېرىنگە قاراپ كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن مېنى زاڭلىق قىلغاندەك ئاقساپ ماڭىسەن؟

— يوقسۇ، سىلىنى دورىمىدىم، بۇ ئۆيگە كىرىشتە ئالدىدا ماڭغانلار ئاقساپ ماڭسا، كەينىدە ماڭغانلارمۇ شۇنى دوراپ ماڭىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شېرىن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشقىلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. باياتىن بېرى گەپ قىلغۇچىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇرغان، شېرىنىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى دېگەن كىشى تېلىقىپ كۈلگىنىدىن ئېغىزىدىكى ناننى پۈركۈۋەتتى.

— ئالامەت... ئالامەت بابلاپتۇ... شېرىن دېگەن ئالامەت ئادەم ئىكەن. پۇرسەت بولسا ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇنداق گەپلەرنى ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىسام بولغۇدەك...

شېرىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ گۆشگىردىنى يەپ بولغانىدى. شۇڭا، سوۋۇغان چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىزىنى بېلىدىكى پوتىسىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن ئېيتقاچ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى - دە، ناۋايغا پۇل تۆلىۋەتكەندىن كېيىن ھېيتگاھ تەرەپنى كۆزلەپ ماڭدى - يۇ، بىرنەچچە قەدەم ئېلىپلا يەنە كەينىگە يېنىپ ئۇدۇل مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قورۇسىغا قاراپ ماڭدى.

— نەگە باردىلا، شېرىن؟ باياتىن بېرى سىلىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، — دېدى نىياز قاراقاش ئۇنى كۆرۈپلا.

— نەگە باراتتىم، بايىمۇ مەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ تاپالماي، يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ تاختا كۆۋرۈكنى ئايلىنىپ كىردىم،
— قورساقلىرى قانداقراق؟
— قورسىقىم توق، بايا تاختا كۆۋرۈكتە گۆشگىردىدىن بىرنى يەۋالدىم.
— ھە... مۇنداق دېسىلە، مەن تېخى سىلىنى ئاچ قورساق قەيەردە يۈرىدىغاندۇ دەپ ئويلاپتىمەن،— دېدى نىياز قاراقاش كۈلۈپ،— ئىشقىلىپ قورساقلىرى ئېچىپ قالمىسۇن، بولمىسا مەن مۇسا بېگىمگە جاۋاب قىلالماي قالىمەن.
— ئۇنداق بولامدىغان، قورسىقىم ئېچىپ قالسا مەن تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايمەن. باشقا كىشىدىن ئاۋۇي قىلسامۇ، سىلىدىن ئاۋۇي قىلمايمەن.
— مانا ماۋۇ گەپلىرى ئوبدان بولدى، شۇنداق قىلمىسىلا مەن خاپا بولۇپ قالىمەن.
دەل شۇ چاغدا توختىخان باغ تەرەپتىن بىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ نىياز قاراقاشنىڭ كۆزلىرى «مۆللىدە» يوغان ئېچىلىپ ئويناپ كەتتى. شېرىن بۇنى سەزگەن بولسىمۇ باشقا ياققا قارىغان بولۇۋالدى. توختىخان ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا بېشىنى ئېگىپ يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، نىياز قاراقاش ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكۈچە ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىغا، ھەر قەدەم ئالغاندا تېقىمغا سويلاپ چۈشكەن كىچىك بالىنىڭ بىلىكىچىلىك توملۇقتىكى چاچلىرىنىڭ تولغىنىشلىرىغا قاراپ تۇردى. بۇنى كۆرگەن شېرىن «پىسسىڭڭىدە» كۈلۈپ سالدى.

— نېمە بولدىلا؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش تېزلىكتە، — ئەجەب بىر سىرلىق كۈلۈپ كەتتىلىغۇ؟

— ھېچنېمە، ئۆزۈمچىلا...

— يوشۇرمىسىلا دەيمەن، بۇ كۈلۈشلىرىدە چوقۇم بىر مەنە بار.

— ياق، نېمە مەنە بولاتتى، ئۆزلە ئورۇنسىز گۇمان قىلمىسىلا.

— گۇمان قىلغىنىم ئەمەس، چوقۇم بىر سىر بار، ماڭا راستىنى دېسىلە.

— ماقۇل ئەمىسە، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن سىر يوشۇرىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۆزلەگە دېسەم، بۇنداق كاككۇك بىلەن زەينەپتەك يۈرگەندىن كۆرە، توختىخان بىلەن بۇرۇنراق نىكاھ ئوقۇتۇپ، بىر موزىدىن تۇتۇن چىقارسىلا بولاتتى.

نىياز قاراقاش تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا چىققان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى - يۇ، لېكىن يەنە تېزلا بىراۋ ئاڭلاپ قالغانمىدۇ دېگەندەك ئەتراپىقا قاراپ چىقىپ، بىرەر ئادەمنىڭ سېماسىمۇ كۆزىگە چېلىقمىغاندىن كېيىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇپ، يەنە شېرىن تەرەپكە بۇرۇلدى.

— بۇگۈن نېمە چۈش كۆرۈپ قوپتىلا، شېرىن؟ ئەجەب داڭقان پۇتى گەپلەرنى قىلىۋاتىلىغۇ؟ سىلىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىرىنى چۈشەنمىدىم.

— مانا، تېخى ھېلى دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلا، — دېدى شېرىن كۈلۈپ، — مەن ئۆزلەدىن سىر يوشۇرمايمەن دەيلا - يۇ، ئەمما يەنە بىر دەمدە مېنى يات كۆرىدىلا، مەن سىلى چۈشەنمەيدىغان داڭقان پۇتى

گەپلەرنى ئەمەس، سىلى ئېغىزلىرىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپلەرنى دەۋاتىمەن.

— ئاھاي... بوشراق، — نىياز قاراقاش يەنە بايىقىدەك ئەتراپقا شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى، — «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ماڭسىلا ئەمەسسە، مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى شېرىن، — سىلى مەندىن يوشۇرۇۋاتقان گەپلەرنى ئاشۇ يەرگە كىرگەندە دەپ بەرسىلە...

نىياز قاراقاش بۇ يەردە تاقارىشىۋەرسە قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى بولغاي، شېرىننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ھۇجرا سوۋۇپ كەتكەنىدى. شېرىن تېزلىكتە پوتىسىنى يېشىپ، چاپىنىنى تامدىكى يۇلغۇن قوزۇققا ئىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئوچاققا تېزلىكتە ئوتۇن تىزدى ـ دە، تارشا گۈگۈتنى ئوچاقنىڭ كۇلۇڭىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان تىرناقچىلىك كېلىدىغان چوغقا تەگكۈزۈپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئوتۇننىڭ ئاستىغا تۇتتى. قۇرۇق ئوتۇنغا تېزلىكتە ئوت تۇتىشىپ گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئوچاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن شېرىن گەپ باشلىدى.

— بايا مەن دېگەن گەپلەر گۇمان ئەمەستۇ، نىياز ئاخۇن؟ مېنى بۇرادىرىم دەپ بىلسىلە، كۆڭۈللىرىدىكىنى ھەرگىز يوشۇرماي دېسىلە.

— سىلى مەندە شۇنداق خىيال بار دەپ ئويلامىلا؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش.

— بۇنى ئۆزلە بىلىلا...

— چۈشلىرىگە كىرىپ قالدىمۇ يا بايا توختىخاننىڭ

كەينىدىن قاراپ سالغىنىمدىن گۇمان قىلىپ شۇنداق دەۋاتامدۇ؟

— بۇنى سورىماي ئاۋۋال ماڭا جاۋاب بەرسىلە، ئۆزلەدە شۇنداق خىيال بارمۇ، يوق؟

— ئەستا، مېنى تولىمۇ تار يەردە قىستىغىلى تۇردىلىغۇ، شېرىن؟ سىلى پالچىمۇ يا موللا تاپقاقمۇ؟

— مەن ئۆزلە دېگەندەك پالچىمۇ، موللا تاپقاقمۇ ئەمەس. تولا گەپ يورغىلاتماي، مەن دېگەن گەپكە جاۋاب بەرسىلە.

— ھەي... سىلىگە نېمە دېسەم بولار؟ ئۇنداق خىيالنى قىلمىدىم دېسەم ئۆزلىرىگە يالغان سۆزلىگەن بولىمەن. قىلدىم دېسەم بۇ ئىش كېيىنچە جاراستانغا چىقىپ، غايىب بەخت قۇشى بېشىمغا قونىسىغۇ مەيلى، ئەگەر قونماي قېلىپ بۇ گەپلەر تارىلىپ كەتسە، ماڭىغۇ بىر نۆرى، توختىخانغا ئۇۋال بولۇپ، سۆز - چۆچەككە قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— توۋا دېسىلە، مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولۇپلا تالاغا چىقىپ، «نىياز قاراقاش بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە دېمەڭ دەپ مۇنداق دېدىيەي، ئۇنداق دېدىيەي...» دەپ يۈرۈيدىغانغا كىچىك بالىمىدىم. ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولسىلا، دېمىسىلە بولدى، مەنمۇ سورىمىغان بولاي...

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، شېرىن، كەمىنە بۇرادەرلىرى ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. بۇ ئىشلارنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاپ يۈرۈۋاتقىلى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى، قارىسىلا. سىلىگە راست گەپنى دېسەم، بۇ ئىشنى ھازىر مەن، توختىخاندىن باشقا، يەنە ياراتقان ئىگەملا بىلىدۇ، — نىياز قاراقاش سۆزلىگەچ بىردىنلا كۆزلىرىگە «لۆممىدە»

ياش ئالدى، ــ مانا هازىر ئۆزلىرى توساتتىنلا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا سورىۋېدىلە تولىمۇ ھەيران قالدىم. بۇ ئىشلارنىڭ قانداقسىگە سىلىنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقىپ، قۇلاقلىرىغا كىرىپ قالغانلىقىغا تولىمۇ ھەيرانمەن. شۇنداقتىمۇ سىلى سورىغان ئىكەنلا، ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي. شۇ باھانىدە ئىچىم ئاز ـ تولا بوشاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

شېرىن گەپ قىلمىدى. نىياز قاراقاش گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ سەلگىنە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ بۇ ئىشلار تازا كۈچ ـ قۇۋۋىتىمگە تولۇپ، بىرى پىچاق تەڭلەپ تۇرسىمۇ كۆزۈمنى مىت قىلماي يۇمۇپ سالمايدىغان قارام ۋاقىتلىرىمدا يۈز بەرگەن. شۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ مەھەللىدە ھاشىم چوڭ دەيدىغان بىر باي ئادەم بار ئىدى. ئۇ مەھەللىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ بايلىقىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمىش. ئالتۇنىمۇ غەلۋىردە تاسقاپ، غەلۋىرنىڭ ئۇستىدە قالغانلارنى تۇلۇمغا چىڭقاپ، قازناق ئۆيدە ساقلايدىكەن. غەلۋىرنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىرىنى كۈندىلىك خەج ـ خىراجەتلىرىگە ئىشلىتىدىكەنمىش. بۇ گەپلەر راستمۇ يا كىشىلەر ھاشىم چوڭغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغانمۇ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تېرىلغۇ يېرى، يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن چارۋىسى كۆپ ئىدى. مەن بىلىسەم ئۇنىڭ چارۋىلىرىنى باقىدىغان قويچى، كاللىرىنى باقىدىغان

پادىچىلارنىڭ سانى يىگىرمە بەش — ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتتى. مەھەللىدىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ يېرى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. ئاشۇ يىللاردا بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئايىغىدا ئۈچ - تۆت مو كەلگۈدەك يېرىمىز بار ئىدى. ئۇ يەر شورلۇق، ھوسۇلسىز بولغانلىقى ئۈستىگە مەھەللىنىڭ ئايىغى بولغاچقا، سۇ ئاپىرىشمۇ پېتىر نالدىن قىل سۇغۇرغاندەكلا تەس ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، رەھمەتلىك دادام بىر ئاماللار بىلەن ئۇ يەرنى كۆكەرتىپ، بىر ئۆينىڭ تىرىكچىلىكىنى باشقىلارغا بويۇن قىسماي يۇرۇشتۇرۇش ئۈچۈن يەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلەيتتى. ئۇ ئەتىيازدىن كۈزگىچە، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزلىقتىن ئايرىلمىسىمۇ، لېكىن ھوسۇل يىغىلىپ بوز خالتىغا قاچىلانغاندا، چىققان ھوسۇل ئۆشرە - زاكات، سۇ ھەققىدىن ئاشمايتتى. باينىڭ چاپارمەنلىرى، ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ ئاشىرلىرى، تارازىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، ئاشلىق ئۆيگە كىرمەستە ئۆزلىرىگە تېگىشلىك دەپ ھېسابلىغانلىرىنى ئانام ۋە مېنىڭ يىلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىمىزغا قارىماي ئېلىپ ماڭغاندا، يەردە تاشلىنىپ بويۇن قىسىپ تۇرغان تاغارغا قاراپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتەتتۇق.

— بولدى، يىغلىماڭلار، بۇنداق ئىشلارغا يىغلاۋەرگەن بىلەن جان تويمىدۇ، — دەيتتى دادام ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، كۆز چاناقلىرىدا ياشلار لىغىرلاپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — ھېلىمۇ ئۇلار ئىنساب قىلدى. ئەنە قاراڭلار، ھەرنېمە قىلسا بۇغداينىڭ سامىنى بىلەن قوناقنىڭ پاسىرىنى قالدۇرۇپ قويىدى. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇدايىم بۇيرىسا، كېلەر يىلى ئەجرىمە ئەزىم

بولۇپ ئوبدانلا هوسۇل ئالساق، قازىنىمىزمۇ، چۆمۈچىمىزمۇ ماي بولۇپ كېتىدۇ.

دادامنىڭ كۆڭلىمىزنى بەزلەش ئۈچۈن مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن بۇنى چۈشىنەتتىم. بىراق، ئېگىن ـ ئاياغ يىرتىلىپ كەتسە ياماپ كىيگىلى بولغان بىلەن قورساق ئېچىپ قالسا ياماپ قويغىلى بولمايتتى. شۇڭا، كۈنلىرىمىزنى قازاندا چامغۇر، كاۋا قاينىتىپ يۇرۇپ ئۆتكۈزەتتۇق. گاھىدا تېخى ئۇلارمۇ بولماي قالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئانام قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن بىرەر هېجىر قاچىدا ئۇن ئۆتنە ئاچىقاتتى ـ دە، بىر ـ ئىككى سىقىم ئۇننى قاينىغان قازانغا چېلىپلا ئۇماچ ئېتىپ بېرەتتى. ئۇنى ئۇماچ دېگەندىن كۆرە تېخى تازا قويۇلۇپ كەتمىگەن لەڭمەننىڭ ئاش سۈيى دېسە توغرا بولاتتى. بىراق، نېمىلا بولسۇن، قورساق ئېچىپ كوركىراپ تۇرغاندا، ئۇمۇ ئاز ـ تولا دالدا بولاتتى. كېيىن مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشقا باشلىدىم. ئىككى ئىنىم بىلەن بىر سىڭلىممۇ بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تاپ بېسىپ چوڭ بولماقتا ئىدى. بۇنى كۆرگەن دادام بۇرۇنقىدىن بەكرەك كۈچىنىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى.

ــ بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمىغۇدەك، ــ دېدى دادام بىر يىلى ئەتىيازدا، ــ ئەسلى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، هاشىم چوڭغا يالۋۇرماسمەن، بويۇن ئېگىپ چىرايىمنى سارغايتماسمەن دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، باللار بەسلەشكەندەك بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا يىلدا بىرەر يېڭى ئېگىن قىلىپ بېرەلمىسەممۇ،

قورسىقىنى ئاچ قويسام بولمىغۇدەك. ئۇنىڭغا يالۋۇرساممۇ مەيلى، ئۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت مو يەر سوراپ كۆرەي. تەڭ ئوتاق تېرىساقمۇ مەيلى. بالىلارنىڭ كۆزى تويمىسىمۇ، قورسىقى بولسىمۇ نانغا تويسا، مەن جاپا تارتساممۇ مەيلى، ئۇلار چوڭ بولسىلا كۈنلىرىمىز ياخشى بولۇپ كېتەر.

— ھاشىم چوڭ بۇ گەپلىرىگە ئۇنارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانام ھاشىم چوڭنىڭ بىزگە يەر بېرىشىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك.

— سۇغا كىرمىگۈچە ئېرىقنىڭ تېيىز ـ چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىغۇچە بىزگە يەر بېرىدىغان، بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قېنى ئاۋۋال ھاشىم چوڭنىڭ ئۆيىگە باراي، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟...

— ھاشىم تاز لەۋ چىشلەپ تۇرۇۋالسا بەك يالۋۇرۇپ كەتمىسىلە. بىزگىمۇ ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ بۇيرۇغان كۈنى باردۇ. بالىلارنى بەرگەن خۇدايىم رىزقىنىمۇ بىر يەرگە چاچقاندۇ!... — ئانام بىردىنلا مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— بولدى، بالىلارنىڭ ئالدىدا يىغلىماڭلا ئوبدان بولمايدۇ. قېنى ئاۋۋال مەن بېرىپ باقاي، ھاشىم چوڭ مەن دېگەن گەپكە ئۇنىسا ئۇنىدى، ئۇنىمىسا شۇ چاغدا باشقىچە مەسلىھەت قىلىشارمىز، — دادام سۆزلىگەچ چىقىپ كەتتى ـ دە، كەچ كىرگەندە قايتىپ كەلدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم، — دېدى دادام ئانامغا ئايانچلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، — گېپىمنى ئاڭلاپ دەسلىپىدە گەپ يورغىلىتىپ يۈرۈپ پەقەتلا يېقىن

كەلگىلى ئۇنىمىدى. كېيىن يەرنى تەڭ ئوتاقتا تېرىيدىغىنىمنى ئاڭلاپ ماقۇل بولدى.
— يەرنى قەيەردىن بېرىدىغان بولدى؟ — دەپ سورىدى ئانام.
— مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىكى دۆڭ تاختىدىن. تاۋارنىڭ گۈلىدەك يەرلەر ئۇ. ئالتۇن تېرىسىمۇ ئۈنىدۇ. ئاز - تولا ئەجىر قىلساق، بەلكىم رىزقىمىز بولسا، غەمدىن خالاس بولارمىز. ئەمدىغۇ خاتىرجەم بولغانسىلە؟
— خاتىرجەمغۇ بولدۇم، لېكىن سىلى جاپا تارتمىدىغان بولدىلا، دادىسى.
— ئۇنداق گەپنى قويۇڭلا، جاھاندا قەيەردىمۇ جاپا تارتماي راھەت كۆرىدىغان ئىش بار ئىكەن. «جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولساڭلار كېرەك. سىلە ۋە باللار ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتسام ئەرزىيدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، ئەمما...
— خاتىرجەم بولۇڭلا، ئۆزىمىزنىڭ يېرى بىلەن تەڭ ئوتاق تېرىشقا ئالغان ئىجارە يەرنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مول هوسۇل ئالساقلا تارتقان جاپايىم كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ، خوتۇن!...
دادام شۇ يىلى دېگىنىنى قىلدى - دە، ئۆزىمىزنىڭ يېرى بىلەن هاشىم چوڭدىن ئالغان يەرنى تېرىدى. بىراق، «بىتەلەي تېزەك تەرگىلى چىقسا، كالا قوپۇپ قۇمغا شاتىراقلىغان»دەك، دادامنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ياز ئوتتۇرا بولار - بولمايلا سۇغا چىلاشتى. شۇ يىلى ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، تېرىغان زىرائەتلىرىمىز تۇگەل قۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ دادامنىڭ بېشى ساڭگىلاپ قاپىقى ئېچىلمىدى. ئانامنىڭ

بولسا كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ھەممىدىن يامىنى كۆز كۆنلىرى باشلىنار ـ باشلانمايلا ھاشىم چوڭنىڭ چاپارمەنلىرى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن كەتكىلى ئۇنىمىدى. دادام قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولمىغان بولسا دېيىشكەن ئاشلىقنى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەمما ھازىر پەقەتلا ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا بىر مەزگىل مۆھلەت بەرسە، بىر ئاماللارنى قىلىپ گەدىنىدىكى قەرزنى تۆلەيدىغانلىقىنى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىمىدى.

— سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن بۇ گەپلەرگە باي ئاكام ئىشىنەرمۇ قويمايدۇ، — دېيىشتى ئۇلار، — ئەتىيازدا تىل خەت يېزىشقاندا قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقىنى دېيىشمىگەن. شۇڭا، باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەي، باي ئاكامنىڭ نېسىۋىسىنى بەر. بولمىسا بىزنى يەۋاتقان نېنىمىزدىن ئايرىپ قويىسەن.

— بۇنى بىلىمەن، غوجام ئۇكىلىرىم، سىلەرنى ھاشىم چوڭ ئەۋەتمىسە ھەرگىز بوسۇغامغا يېقىن يولىمايسىلەر. بىراق، بىر مەھەللىدە بولغاندىكىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. ھازىر ئۆيۈمدە بىرەر تال دان چاغلىق ئاشلىق بولسا مېنى قانداق قىل دېسەڭلار مەيلى ئىدى، لېكىن ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، شۇڭا ماڭا رەھىم قىلىپ...

— بىز ساڭا رەھىم قىلساق باي ئاكام بىزگە رەھىم قىلمايدۇ. شۇڭا، ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ مۇشۇ كۈنىگىچە باي ئاكامغا تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى تەييارلا. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەتىيازدا دېيىشكەن پۈتۈم بويىچە مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى يەرلەر باي ئاكامغا تەۋە بولىدۇ.

ئۇلار دەيدىغىنىنى دەپ، ئاخىرقى مۆھلەتنى بېكىتىپ قايتىپ كېتىشتى. ئانام ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ـ دە، بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدى.

ــ سىلىنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ دېمىگەنىدىم، ــ دېدى دادام، ــ ئاشۇ چاغدا ھاشىم چوڭ ئاۋۋال پۇلغا يارايدىغان نەرسەڭنى گۆرۈگە قوي، ئاندىن ساڭا يەر بېرىمەن، دېگەندە دېيىشكەن ئاشلىقنى تاپشۇرالمىسام مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى يېرىم سىلىگە ھېساب بولسۇن دەپتىكەنمەن. بۇنداق بولۇشىنى نەدىن بىلەي؟ ... ــ ئۇ سۆزلىگەچ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك بىردىنلا ئۇمچەيدى.

ــ بولدى، ئەمدى ئۆزلىرىنى ئەيىبلەۋەرمىسىلە، بۇنداق بولۇشىنى كىم ئالدىدىن بىلىپتۇ دەيلا، ئەگەر بىلگەن بولسىلا سىلىمۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىلە. ئۇلار دېگەن كۈنگە تېخى بىرئاز ۋاقىت بار. شۇنىڭغىچە بىرەر ئامالى بولۇپ قالار ... ــ دېدى ئانام خورسىنىپ قويۇپ.

ــ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، خوتۇن، ئۇلار دېگەن ۋاقىت تېزلا يېتىپ كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئامال قىلالمىساق ئۇ چاغدا ...

ــ «تەگمىگەن تاياققا ۋايجان» دېمىسىلە، جېنىم مۇسۇلمان، بۇ جاھاندا ئادەم ئىزدەنسە ئۆتكىلى بولمايدىغان ئېقىن، ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان يوق، دادام رەھمىتى «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان. تېخى ئارىلىقتا بىرنەچچە كۈن بولغاندىكىن، بىرەر ئامالى بولۇپ قالار، ــ دېدى ئانام ياشلىرىنى سۈرتكەچ. شۇ

ۋاقىتتا ئۇلار خېلى مەسلىھەتلەرنى قىلىشتى. يېرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. لېكىن، شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بىزگە ئوخشاش نامراتلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولغاچقا، باشقىلارنىڭ بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ، خەيرخاھلىق قىلىدىغىنى ئېنىق بولسىمۇ، ياردەم قولىنى سۇنالمايتتى. ئۆگۈنلۈككە مۆھلەت توشىدۇ دېگەن كۈنى دادام قوشنىمىزنىڭ ئورۇقلۇقىدىن ئاران ئۆرە تۇرالايدىغان چامبۇل ئېشىكىنى ئارىيەت ئېلىپ، قىغازدىكى ئېرىقنىڭ نېمىچىلىك ئورۇق ـ تۇغقاندارچىلىقى بار تۇغقىنىمىزدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن كەتتى. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دادامنىڭ ئۆزى تۇگۇل قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئالەم چۈش بولاي دېگەن ۋاقىتقىچىلىك ساقلىغان بولساقمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر بولمىدى.

— ماڭ بالام، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى ئاچا يولغا بېرىپ قاراپ باق،— دېدى ئانام بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن،— تۈنۈگۈندىن بۇيان قاپىقىم تارتىپ، يۈرىكىم ئېغىپلا تۇرىدۇ. داداڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. قىغاز تەرەپكە قاراپ باققىن، داداڭنىڭ قارىسى كۆرۈنمىسە تېزرەك قايتىپ كەل.

— ماقۇل، ئانا.

مەن ئۆيدىن چىقىپ، خۇددى ئارقامدىن بىراۋ قوغلاۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا ئانام دېگەن ئاچا يول دوقمۇشىغا يېتىپ كەلدىم ـ دە، دادام كەتكەن تەرەپكە قارىدىم. بىراق، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدىم. ئاخىرى بولالماي يول ياقىسىدىكى شاخلىرى كېسىۋېتىلىپ زاراتگاھلىقتىكى خادىدەكلا قالغان جىگدىگە يامىشىپ

چىقتىم ـ دە، يىراقلارغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرغان بولساممۇ، مەن كۈتكەن، دىدارىنى كۆرۈشكە زارىققان گەۋدە كۆرۈنمىدى. قىغاز تەرەپكە خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىم تالغان چاغدىلا، ئانامنىڭ بايا تاپىلىغانلىرىنى يادىمغا ئېلىپ، جىگدە دەرىخىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم ـ دە، ھايالشىمايلا يېتىپ كەلدىم، ئۆي ئالدىدا تۇرغان ھاشىم چوڭنىڭ چاپارمەنلىرىنى كۆرۈپ، بىردىنلا پۇتلىرىم ئېغىرلىشىپ، يۈرىكىم ئۆرۈلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ھويلىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئادەم ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. لېكىن، ھويلا ئىچىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. «ئانام نەگە كەتكەندۇ، ئۇ بۇ يالاقچىلارنى كۆرۈپلا بىر يەرگە قېچىپ كەتكەنمىدۇ!... يا ماۋۇلار ئانامنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، دادامنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانمىدۇ؟!» كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كۆڭلۈمدىن نۇرغۇن مۇدھىش خىياللارنى ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، لېكىن ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىدىم. نېمىلا بولسۇن، ھاشىم چوڭنىڭ بىراۋنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىنى ئەكەل دېسە، باشقىلارنىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىشتىن يانمايدىغان قارام، ئىت مىجەز چاپارمەنلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، مەن كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە، ئۆيىمىزنىڭ يان تەرىپىدىكى ئېرىق بىلەن ئارقا تەرەپكە ئۆتتۈم ـ دە، قومۇش بىلەن يۇلغۇن ئارىلاشتۇرۇپ قاشالانغان بولسىمۇ، سىرتى سۇۋالمىغان ئۆيىمىزنىڭ كەينى ھاۋادىنى تەرەپكە يېقىنلاشتىم. شۇ ئان ئۆيئىچىدىن ئانامنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەن ئۆزۈڭچە بايىلىقىڭغا تايىنىپ بىزدەك نامراتلارنى ھەرنېمە قىلىمەن دەپ ئويلامسەن؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، چۆچۈرىنى سانىماي سەككىز دەپسەن، ھاشىم، بىز نامرات بولساقمۇ، سەندەك كۆڭلىمىز پەس ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى ھۆرمىتىڭنى قىلغانىنى بىلىپ، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەڭ بولارمىكىن!...

— ھا... ھا... ھا... سەن تېخىچە ئۆزگەرمەپسەن، چولپانخان، قىز چاغلىرىڭدىمۇ مۇشۇنداق قىزىلمۇچتەك ئاچچىق گەپ قىلاتتىڭ. باشقا قىزلاردەك كۆڭلۈمدىكىنى تېپىڭ دەپ گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي، نېمىنى ئويلىساڭ دەۋېرەتتىڭ. شۇ چاغدىمۇ سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭنى ياقتۇرۇپ قالغانمەن. كۆڭۈل دېگەن شۇنداق ساراڭكەن، يېنىڭدا گۈپۈلدەپ تۇرغان خۇش پۇراق گۈللەر تۇرسا مەيلىڭ يوق، تىكىنى بار، پۇرسمايدىغان ئازغانگۈل ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدىكەن. ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، شۇ چاغدا ئاتام چوڭ ھاجى نى - نى كاتتا بايلارنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن دېسە ئۇنىماي سېنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغاندىم. لېكىن، سەن نىكاھ ئوقۇلىدىغان كۈنى بارات بىلەن قېچىپ كېتىپ مېنىڭلا ئەمەس، يىراق - يېقىندا كىم دېسە، چوڭ ھاجى دەپ ھەممە ئادەم بىلىدىغان، مەھەللىدىكىلەر يىراقتىن قارىسىنى كۆرۈپ قالسىمۇ قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى ئەگكىنىچە: «خوش، چوڭ ھاجىكا...» دەپ تۇرىدىغان پەدەرىمنىڭ يۈزىنى پوق قىلىپ، بىر داچەنگە ئەرزان، ئىككى داچەنگە قىممەت قىلىۋەتتىڭ. شۇ كۈنى دادام ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، قان ئاقتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ

نېمە دەپ قەسەم ئىچكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ياق، بىلمەيسەن، چولپانخان، دادام جامائەت ئالدىدا: «ئەگەر مېنىڭ يۈزۈمنى يەرگە ئۇرغان ئىككى مەلئۇن ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسا تاپىمىدىن، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا، كوكۇلىسىدىن تارتىپ كېلىمەن. قەيەردىلىكى توغرىسىدا بولسىمۇ ئۇچۇرىنى بىلىپ كەلسەڭلارمۇ بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئىنئام بېرىمەن...» شۇ كۈنى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چاپارمەنلەر، يىراق ـ يېقىندىكى بەگ، بايلارغىمۇ مەخسۇس ئادەم ماڭدۇرۇلدى. دادام بۇ ئىشنى ساپمۇساق ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق سۈرۈشتۈردى. بۇ ھەقتە گەپ بولۇپ قالسىلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، «ئۇلار قولۇمغا چۈشۈپلا قالسا، بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمەي قويمايمەن» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى. بىراق، ئۇ ئارمانىغا يېتەلمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە سىلەر قايتىپ كەلدىڭلار. بۇ ئىشنى باشقىلار ئۇنتۇپ قالغان بولسىمۇ، مەن ئۇنتۇپ قالمىدىم. «ئوت قالغان يەرنىڭ سىرىق توپىسى بولسىمۇ قالىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەن. مەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنت كۆرۈپ بولغان بولسامۇ، ياش چاغلىرىمدا يۈرىكىمدە گۇرۇلدەپ كۆيگەن ئوت تېخى ئۆچمىگەچكە ئالدىراپ سىلەرگە چېقىلمىغانىدىم. مانا ئەمدى...

— سەن نېمە دېمەكچى؟— ئانامنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا دېگەن سۆزى بىلەن ھاشىم چوڭنىڭ گېپى ئۈزۈلدى.

— ھى... ھى... ھى... بوشراق ۋارقىرا، چولپانخان، بەك قايىنىغان چۆگۈن ئۆزىنىڭ بويىغا تاشىدۇ. ئىززىتىڭنى قىلغانىنى بىل، سەن باراتنىڭ ئارقىسىدىن

قىچىسىپ كەتكەن بولساڭمۇ، تېخى ھۆسنىڭدىن تولۇق كەتمەپسەن، شۇڭا...

— تۇفى، ئادەم سۈرەتلىك مەلئۇن، بۇ گەپ ئېغىزىڭدىن قانداق چىقتى؟ يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ ساقىلىڭغا ئاق سانجىغاندا بۇنداق گەپلەرنى ئېغىزىڭغا ئېلىشتىن ئۇيالساڭچۇ؟!...

— ساڭا قېرى كۆرۈنۈۋاتامدىمەن، چولپانخان؟ ساڭا قېرى كۆرۈنگەن بولسامۇ ئۆزۈمنى ئەمدى قىرانلىق يېشىغا يېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ئىشەنمىسەڭ سىناپ باقامسەن؟

— تۇفى، قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان، مەلئۇن، سېنىڭ نەرىڭ ئادەم؟

— بولدى چېچىلما، چولپانخان , ئەگەر سەن مۇشۇ بىر قېتىم مەيلى دېسەڭ، ئېرىڭنىڭ گەدىنىدىكى قەرزلەرنى كۆتۈرۈۋېتىمەن، يەنە تېخى يېرىڭنىمۇ ئېلىۋالمايمەن.

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن، ئالدىڭدا ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، ھايۋان. بىلىپ قوي، ئەگەر مۇشۇ تاپتا باراتئاخۇن كېلىپ قالىدىغان بولسا، تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، بوينۇڭغا سامان تىقىدۇ...

— ھا... ھا... ھا... مېنى بۇرۇنقىدەك موللا بوزەك كۆرۈپ قالدىڭمۇ... سەندەك بىر مەزلۇمنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىدىغان ھاشىم چوڭ ئانىسىدىن تېخى تۇغۇلمىدى، تولا ناز قىلماي بۇياققا كېلە...

— تۇفى ھايۋان، سەن مېنىمۇ باشقىلاردەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلسام خورازنى كۆرگەن مېكىياندەك

ئالدىمدا موكلا تىزلىنىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ سەندىن قورقىدىغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بىرەمنىنا ئىگەكىم...
— هاي... هاي... نېمە قىلىۋاتىسەن، چولپانخان؟ ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ قولۇڭدىكى پىچاقنى تاشلا...
— ئەمدى ئۇخلىماي چۈش كۆرمە، ئەگەر يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشىدىكەنسەن، يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن...
— بۇ... بۇ... ئۇنداق قىلما... بىكار كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسەن...
— مەن پۇشايمان دېگەننى بىلمەيمەن، هاشىم. مەيلى پايدا تاپاي ياكى زىيان تارتاي بۇلارنىڭ هەممىسى پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت، بۇنى ئۆزگەرتىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ دەپلا قاراپ كەلگەنمەن. ساڭا دېسەم، ئەگەر ئالدىڭغا بىر قەدەم ماڭىدىغانلا بولساڭ، مەن سېنى تونۇغان بىلەن قولۇمدىكى پىچاق سېنى تونۇمايدۇ. ئۇ چاغدا هەقىقىي پۇشايمان قىلىدىغان ئادەم سەن بولۇپ قالىسەن.
— كۆڭلەر تېخى ئۇزۇن، مۇشۇ تەتۈرلۈكۈڭ ئۈچۈن بولىسىمۇ سېنى هامان پۇشايمان قىلدۇرىمەن، چولپانخان!
— قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا...
ئۆيئىچىدە هاشىم چوڭنىڭ ئاللىنېمىلەرنى دېگەچ پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كېيىن يوقالدى. مەن شۇنىڭدىلا ئانامنىڭ ئەتىيازدا ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشقا شۇنچىلىك قارشى تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. ئۆينىڭ كەينىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ، باشقا هېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىغاندىن كېيىنلا ئۆيگە كىردىم. ئۆيدە ئانام يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن

بىر خىل مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— داداڭ كۆرۈنمەمدۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى ئانام مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپلا.

— ياق، ئاچا يول دوقمۇشىدا خېلى ئۇزاق ساقلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۇل، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ...

— ھە... بەلكىم كەچ كىرگۈچە كېلىپ قالار، ئىلاھىم، تىنچ - ئامان قايتىپ كەلسىلا بولاتتىغۇ...— ئۇنىڭ ئاۋازى ھېلىلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك تىترەپ چىقتى. مېنىڭ ئانامغا تەسەللى بەرگۈم، مىسكىن، شېكەستىلەنگەن قەلبىنى ئاۋۇندۇرغۇم بولسىمۇ، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم - دە، بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۆيدىن چىقتىم.

دادام شۇ كۈنى كەچ كىرگەندە ئاران قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر تاغارنى يۈدۈۋالغان بولۇپ، ھەربىر قەدەم ئالغاندا ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك مۈدۈرۈپ كېتەتتى. نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلاشقان بولۇپ، بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى.

— ئېشەك قېنى؟ — دەپ سورىدى ئانام دادامنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ.

— قىغازدىن يولغا چىققاندا بىر ئوبدانلا تۇراتتى، لېكىن يېرىم يولغا كەلگەندە يىقىلىپ چۈشكەن باھانە بىلەن ھەرقانداق قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدىم، بىردەمدىن كېيىن...— دادام ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى...— بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام...

ئانام بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن دادامنىڭ مەيۈس چىرايىغا، تېخى تازا ئۆگىنىلىپ كەتمىگەن، قېنى

قاچمىغان ئۆيكىدەك چىرايىغا قاراپ ئۇھسىنىپ قويدى ـ دە، ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى.

ـــ «بالا قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ، بارات ئاخۇن، بۇمۇ تەقدىر ـ قىسمەت، چوڭلار «خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق بىر تۇغقان» دېيىشىدىكەن. ئادەم دېگەن خاپىلىقتا ئۆلۈپ قالمايدۇ. كۆڭۈللىرىنى بەك بىسەرەمجان قىلىپ كەتمىسىلە...

دادام ئۈندىمىدى. ئۇ ئانامغا قاراپ بىردەم ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئانام يەنە سورىدى.

ـــ ئەكەلگەن ئاشلىقلىرى ھاشىم تازنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە يېتەمدۇ؟

ـــ ياق، ئازراق كەملەيدۇ. ئەسلىي «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك ئۇلارنىڭمۇ ئەھۋالى بىزدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، «ئاشۇ ھاشىم تازنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ، يەرگە قاراپ قالمايدىغانلا ئىش بولسا، بارىنى تەڭ كۆرەيلى، بىزنىڭ ئۆيدىكى ئاشلىقنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ، بىزگىمۇ خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ...» دەپلا ھەممە ئاشلىقنى تەييار قىلىپ بېرىۋىدى، قارىسام كېيىن ئۇلار قىينىلىپ قالىدىغاندەك. شۇڭا، بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇپ كۆپرەكىنى ئەكەلدىم.

ـــ ئوبدان قىپتىلا، يەنە بىر ئامال قىلىپ ئاز ـ تولا ئۆتنە ـ يېرىم قىلساق، ھاشىم تازنىڭ قەرزىنى ئۈزگۈدەكمىز.

شۇ ئىشتىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ مەھەللىدىكى بىرەيلەندىن كېلەر يىلى بىر چارەككە ئىككى چارەك ئاشلىق بېرىدىغانغا كېلىشىپ، ئازراق قەرز ئالدۇق ـ

تە، ھاشىم چوڭنىڭ قەرزىنى تۆلىۋەتتۇق. ئەمما، بىرىمىز قولىمىزدا قالغىنى بىلەن تۇرمۇشىمىز تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئانام بىچارە ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپلا چۈشنىڭ، كەچنىڭ غېمىنى قىلىشقا باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا دادام بىچارىلىك، بىقۇۋۋۇللۇق، مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مېنىڭمۇ ئۆلارنىڭ ھالىغا قاراپ يۈرىكىم «پىژ» قىلىپ ئېچىشقاندەك بولۇپ كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولاتتى.

شۇ يىلى كۈزدە مەھەللىدە بىرىنىڭ تويى بولدى. ئادەتتىكى چاغلاردا تەڭتۇشلار ئارىسىدا توي قىلىدىغان بىرى چىقىپ قالسا، مەھەللىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىمىز بېرىپ خىزمىتىدە بولغاچ تويىنى قىزىتىۋېتەتتۇق. ئارىمىزدا سەمەت شاكال دەيدىغان بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان، توي ـ تۆكۈنلەردە ئۇ بولۇپلا قالسا توي ئالامەت قىزىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قولىغا ئىشقىلىپ قانداقلا ساز چىقىپ قالىدىغان بولسا، ساز دېگەننى زۇۋانغا كەلتۈرگەندەك ئاجايىپلا سايرىتىۋېتەتتى. شۇڭىمۇ ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئامراق ئىدۇق. لېكىن، قىرىشقاندەك بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى سەمەت شاكال يىراقراق بىر مەھەللىدىكى بىرىنىڭ تويىغا كەتكەن بولۇپ، تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. توي كۈنى مەھەللىدىكى ياشلاردىن خېلى كۆپلىرىمىز يىغىلغان بولساقمۇ، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، تويىنى قىزىتىپ بېرىدىغان سەمەت شاكال بولمىغاچقا، بىر ـ بىرىمىزنىڭ لەقەملىرىنى تارتىشىپ بىردەم ھەزىل قىلىشقاندىن كېيىن جىمىپ قېلىشتۇق. بۇنى كۆرۈپ ھاشىم چوڭنىڭ ئوغلى ئوسمان ھۆللە ئويناش تەكلىپىنى قويدى.

— قوپۇڭلار، توي دېگەن تويدەك بولغىنى ياخشى. بۇ يەردە مېيىت نامىزىغا كەلگەندەك بىزىرىپ ئولتۇرماي، ھۆللە ئوينايلى، ھۆللە...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغانلارمۇ چىقتى. بىراق، بۇگۇنكى توينىڭ يىگىتبېشى قوشۇلمىدى.

— ھاي... ھاي... ئويناپ سۆزلىسەڭلەرمۇ ئويلاپ سۆزلەڭلار، ئوسمان ئاخۇن. ھۆللە دېگەن ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان ئۇششاق باللار ئوينايدىغان ئويۇن ئۇ، مۇشۇ بەستىمىز بىلەن ھۆللە ئويناپ يۈرسەك چۈشەنگەنلەرغۇ تويدا زېرىكىپ ھۆللە ئويناپ بولسىمۇ توينى قىزىتىپتۇ دېيىشەر. چۈشەنمەيدىغانلار ئېغىزىنى قويۇپ، باشقا يېرىدە كۈلەرمىكىن! -

— باشقا ئادەملەر بىلەن نېمە كارىمىز؟!

— سىلەر ئۇنداق دېگەنبىلەن ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم بولىدۇ، ئوسمان ئاخۇن!

— ئەمىسە گاگا - چۈك ئوينايلى، ئاۋۇ يەر تۇزلا ئىكەن، بۇ تويغا تازا ماس كېلىدۇ.

— نەچچە قېتىم ئۆيلەندىڭلا؟ — دەپ سورىدى غولام ئۇنىڭدىن.

— نىكاھلاپ ئالغىنىم ئۈچ، ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئىچ - پەش تارتىشقانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

— بالاڭلار باردۇ؟

— سەن بۇ مەھەللىلىك ئەمەستەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟ — ئوسمان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاچچىقى كەلگەندەك گۆلەيدى، — يا مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسەن؟

— ياق، بەگزادەم، مېنىڭ تەمبەت ئۇنداق خىيالىم يوق، ھېلى ئۆزەڭلا ساپلا كىچىك باللار ئىچ پۇشۇقىنى

چىقىرىدىغان ئويۇنلارنىڭ گېپىنى قىلىۋېدىڭلا، مەن بىلىدىغان ئوسمان شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي سوراۋاتىمەن.

— ھەرقايسىڭ بىرنەرسەڭنى يوقىتىپ قويۇشقاندەك شۇمشىيىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندىكىن، ئويۇن بىلەن مەلىكە بولۇپ بولسىمۇ ئۆز كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ ئولتۇرايلى دېگىنىم يامان بوپتۇما؟

— ياق، مەنمۇ يامان بولدى دېگەن گەپنى ئېغىزىمدىن چىقارمىدىمغۇ؟ تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئوينايدىغان باللار بىلەن بۇرۇتى خەت تارتقان، خوتۇن ئېلىپ، باللىق بولۇپ، بىر موردىن ئىس چىقارغانلارنىڭ پەرقى بولسۇن دېگىنىم گۇناھ ئەمەستۇ؟ — دېدى غولاممۇ. — ئەگەر مېنىڭ گېپىم خاتا بولسا، نېمە ئوينىغۇڭلار بولسا، شۇنى ئويناڭلار ئەمىسە...

ئوسمان ئۇنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىردەم جىم بولۇپ قالدى ـ دە، سورىدى:

— قېنى دەپ باقە، سېنىڭچە نېمە ئىش قىلىمىز، ئەمىسە؟

غولاممۇ بۇنى ئويلاپ باقمىغان چېغى دەماللىققا جاۋاب بېرەلمىدى. شۇنىڭغىچە باشقىلار قارا قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ خىيالىغا كەلگەننى، ئېغىزىدىن چىققاننى دېيىشتى. ئاخىرى چېلىشىش سورۇنى تۈزەيلى دېگەنلەر كۆپ بولغاچقا، ئوسمانمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى.

— ماقۇل، ئوبدان گەپ بولدى، ئەمىسە چېلىشىش سورۇنى تۈزەيلى. ئەگەر مەن يېڭىلىپ قالسام، بايا مىنىپ كەلگەن ئېگەرلىك ئېتىمنى تىكىمەن، باشقىلار يېڭىلىپ قالسا نېمىنى تىكىدۇ؟

بۇ گەپكە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. راستىنى

ئېيتقاندا مەھەللىدىكى ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاشىم چوڭنىڭ بۇ مەمەدان، قىتىغۇر، كۆرەڭ، شاللاق ئوغلىنى ئۆچ كۆرەتتى. ئۇ ئەسكىلىككە كەلگەندە دادىسىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. شۇڭىمۇ مەھەللىدە بەزمە ـ مەشرەپ بولغاندا ئۇنىڭغا ھېچكىم خەۋەر بەرمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى بىرەر يەردە شۇنداق سورۇن بولىدىغانلىقىنى سۆڭەك پۇراپ يۈرگەن بۆرىنى ئۆتكۈر ئىتلاردەك سېزىۋالغان ھامان تېزلىكتە خەۋەر قىلىپ، بۇ چاقىرىلمىغان سوغۇق مېھماننى باشلاپ كېلەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ تولىمۇ كۆرەڭلىك بىلەن پەيدا بولاتتى ـ دە، بوگۇنكى سورۇننى كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، بىرەر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ئاران تەخىر قىلاتتى.

ــ ھاي ئادىشوي، قولۇڭدىكى ئاۋۇ چۆمۈچۈڭنى تىرىڭشىتىۋەرمەي، ناخشىسى بىلەن چالغىنا. بۇنداق بىرنېمىنى ئاڭلىسا ئادەم تۈزى يوق پولۇ يېگەندەك تۈيغۇغا كېلىپ قالىدىكەن.

ــ...

ــ ھاي... ھاي... مۇشۇمۇ ناخشا بولدىما، ئاۋازىڭنى قىبرى خوتۇنىنىڭ پايتىمىسىدەك سوزۇپ ئىنجىقلاۋەرمەي، شوخ ـ شوخ، ئادەمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، سەكرىتىپ ھاردۇرۇۋېتىدىغان پەدىنى چالمامسەن؟!

ــ...

ــ مۇشۇمۇ ناخشا بولدىمۇ؟ بايىدىن بېرى «ئايارەي...» دېگەن گەپتىن باشقىنى قىلمايسىنا، ناخشا توۋلايدىغان ئىشىڭ بولسا، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى

جىغىلدىتىپ گۆپۈلدىتىۋېتىدىغان ناخشىلارنى ئوقۇ. بولمىسا ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك چېلىپ، قۇلاق مېڭىمىزنىڭ يېغىنى يېمىگىنە...

بۇنداق گەپلەر چىققانسېرى بىر يەرگە يىغىلغانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پەس ئاۋازدا كۇسۇرلاشقىنى بىلەن چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. دېگەن تەقدىردىمۇ گەپ دېيىلىپ بولغۇچە ئوسماننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياللاقچىلىرى ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ كۆكىنى ئېلىشقا تەييار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار دەردىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن بىردىن ـ ئىككىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئاستا ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى.

— ھە، گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ سىلەرنىڭ تىكىدىغان ئىسسىق جېنىڭلاردىن باشقا ھېچنېمەڭلار يوق، شۇنداقمۇ؟ — ئوسمان باشقىلارنى مەنسىتمىگەندەك مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، — بوپتۇ، ئەگەر ھەممىڭلار يېغىلىپ قالساڭلار دوغا تىكىدىغان بىرنەرسەڭلەردىن قورققان بولساڭلار، مەن ئوغۇل بالىچىلىق قىلاي، مەن يېڭىلىپ قالسام، بايا دېگەن لەۋزىمدىن يانمايمەن. لېكىن، سىلەر يېڭىلىپ قالساڭلار مېنى ھاپاش قىلىپ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، بۇنىڭغىمۇ بولىدىغاندۇ؟

ئوسماننىڭ دېگەن گەپلىرى مېنىڭلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم گەپ قىلمىدى. ئۇ بۇنى مەندىن قورققانلىق دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ، تېخىمۇ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى.

— ۋاي، توخۇ يۈرەكلەر، مۇشۇ ھالىڭلارغىمۇ

ئۆزۈڭلارنى ئەركەك، يىگىت دەپ ھېسابلاپ يۈرەمسىلەر، قارىغاندا ھەرقايسىڭلارنىڭ ئوغۇللۇقى تۇغۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئاندىن مەلۇم بولغان ئوخشايدۇ. ھا... ھا... ھا...

غولام قاپاقلىرىنى تۈرۈپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپلا ئوسماننىڭ بېلىدىن ئالدىغاندەك قوللىرىنى كۆتۈردى - يۇ، لېكىن توختاپ قالدى.

— ھە، تۈكى چۈشمىگەن سويما، مەن بىلەن ئېلىشىپ باقاي دېگەنما؟ — ئوسمان ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى، — مۇشۇ يەردە ئېلىشىمىزمۇ يا ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقامدۇق؟

— ھازىر ۋاقتى ئەمەس، ئوسمان، — دېدى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان غولام پەس ئاۋازدا، — بۈگۈن دوستىمىزنىڭ تويى. ھازىر چېلىشىش سورۇنى تۈزىمىز دېسەك، ھېلى چوڭلار نىكاھ ئوقۇيمىز، بۇ يەرگە كىرسۇن دېسە، كىمنىڭ يىغىلگەن، كىمنىڭ يەڭگەنلىكىنى ئايرىيالماي قالىمىز. بىردەم تەخىر قىلايلى. ئاۋۋال نىكاھ ئوقۇلۇپ بولسۇن، قالغان گەپلەرنى ھېلى دېيىشەيلى، ماقۇلمۇ؟

— گېپىمىز گەپ، يېنىۋالمايدىغانسەن؟

— ياق، مەن خەتنەمنى قىلدۇرغاندىن بۇيان دېگەن گېپىمگە ئىگە بولۇپ كەلگەن.

— قول باغلىشىۋالامدۇق، ئەمىسە؟

— باغلاشساق باغلاشتۇق.

ئۇلار چىمچىلاق بارماقلىرىنى تەگكۈزۈشۈپ قول باغلاشتى. راست دېگەندەك بىرھازادىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. تويى بولغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى بىر ئۇن يېتىم

يەردە ئىدى، شۇڭا ئىشلار بىردەمدىلا تۈگىدى. بىراق، چېلىشىش سورۇنى ھەققىدىكى گەپ قانداق بولۇپ تارقىلىپ كەتتى، ئىكاھ ئوقۇلۇپ، قىز يىگىت ئۆيگە كۆچۈرۈلۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن بىر يەرگە توپلىشىپ ئۇلگۇرگەنىدى.

ــ ئەمىسە باشلامدۇق؟ــ دەپ سورىدى ئوسمان يومىلاق دائىرە تۈزۈپ، غۇژمەكلىشىپ تۇرغانلارغا قاراپ كۆرەڭلىك بىلەن،ــ ئاۋۋال سەن چىقامسەن يا باشقىلار چىقامدۇ؟

غولام چىقايمۇ، چىقمايمۇ دېگەندەك دىلىغۇل بولۇپ قالدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئويۇن ـ تاماشا، چېلىشىش دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان، ئۆزىنى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى ھېسابلايدىغان غولامنىڭ ئوسمان بىلەن ئېلىشقۇسى، كۆرەڭلىكىنى بىردەمدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلغۇسى بولسىمۇ، بۇ قۇرۇق سۆلەت بەگزادىنىڭ خوي ـ پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە، چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ۋايىم يەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ــ مەن چۈشەي...ــ شۇ ئارىدا ئاياغ مەھەللىدىكى ھىممەت «دىڭ ـ دىڭ» شاپاشلاپ مەيدانغا چۈشتى.

ــ بايىقى گېپىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ــ دېدى ئوسمان ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلىپ،ــ يىڭىلىپ قېلىپ چىدىماسلىق قىلىساڭ بولمايدۇ.

ــ سەن چىدىماسلىق قىلمىساڭ، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن.

ــ ئۇنداقتا كېلە ئەمىسە...ــ ئوسمان سۆزلىگەچ كېلىپلا ھىممەتقا چىرماق سالدى ـ دە، ئۇنى ئارقىسىغا كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. ھېچقانداق تەييارلىقسىز

تۇرغان ھىممىت دىلىڭ ـ دىلىڭ بىردەمدىلا سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى.

ــ ئورنۇڭدىن قوپە، ئاۋاق، تويغۇدەك نان يېمىگەن چېنىڭغا مەن بىلەن چېلىشىمەن دېگىنىڭگە تويدۇڭمۇ؟ــ دېدى ئوسمان قاقاھلاپ كۈلۈپ،ــ قېنى ئورنۇڭدىن تۇر، «مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن.

ھىممىت دىلىڭ ـ دىلىڭ ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىرىدىن ۋايىم يەۋالغاندەك ئوسمانغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

ــ قېنى، يېقىنراق كەل...ــ ئوسمان ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ـ دە، ھىممىت دىلىڭ ـ دىڭنىڭ بېلىدىكى پوتىسىغا قول سوزدى... شۇنداق قىلىپ، ئۈچ مەيدان چېلىشىش بىردەمدىلا ئاخىرلاشتى. ھەر قېتىم ھىممىت دىلىڭ ـ دىلىڭ يىقىلدى.

ــ مەن بىلەن ئېلىشىدىغانلار بارمۇ؟ــ ئۆز غەلىبىسىدىن خۇشال بولغان ئوسمان ھەممە ئادەم ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك ۋارقىرىدى،ــ كىچىكىدە خەتنىسىنى قىلدۇرغانلار بولسا، قېنى سورۇنغا چۈشسۇن.

ــ مانا مەن بار...ــ توساتتىن غېنى ئىسىملىك يىگىت بېشىدىكى تەلپىكىنى ئېلىپ، يېنىدىكى بىرىگە بەرگەندىن كېيىن ئوسمانغا يېقىنلاشتى،ــ قېنى، ئەمىسە باشلايلى.

ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ پوتىسىنى سىقىمدىشىپ، بىرپەس ھەملە قىلىشقاندىن كېيىن رەسمىي ھالدا تىركىشىشكە باشلىدى. ھەر ئىككىيلەن بىر ئاماللار بىلەن قارشى تەرەپنى يەرگە ياتقۇزۇش ئۈچۈن

تىرىشاتتى. گاھىدا ئوسمان غېنىنى يانپېشىغا ئالاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا غېنى بىر ئامالالار بىلەن ئوسمان بىلەن كۈچ سىنىشىپ، ئۇنىڭ پەم ئىشلىتىشىدىن ئامان قالاتتى. گاھىدا غېنى ئوسماننى يانپېشىغا ئالاتتى ـ يۇ، ئوسماننىڭ ھىيلە ئىشلىتىشى بىلەن قويۇپ بېرەتتى. تىركىشىش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. دەل شۇ چاغدا ئوسمان تەتۈر سىرتماق سالغاچ، غېنىنى كۆتۈرۈپلا يەرگە باستى... ئىككىنچى مەيداندا غېنى ئوسماننى كۆتۈرۈپلا يەرگە ئاتتى.

— قېنى كېلە... — كىيىملىرى توپىغا مىلەنگەن ئوسمان ئورنىدىن تېزلا تۇرۇپ، قىيقاس ـ چۇقان سېلىۋاتقانلارغا ھومايغاچ، — بۇ مەرتەم يېڭىش ـ يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ.

ئۇلار بۇ قېتىم ئانچە تىركىشىپمۇ كەتمىدى. بىراق، غېنى يىقىلىپ چۈشتى. شۇ ئان ئالامان ئىچىدىن قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى.

— چىدىماسلىق قىلدى...

— ھىيلە ئىشلەتتى...

— بۇ ھېساب ئەمەس...

— ...

ئوسمان ھەممەيلەنگە ئالدىرىماي قاراپ چىققاندىن كېيىن يەرگە زەرب بىلەن تۈكۈردى.

— نېمىسى ھېساب ئەمەسكەن. يەردە ياتقىنى غېنى شۇ. قېنى، ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلار، ھېسابمىكەن، ئەمەسمىكەن! ئەگەر ئۇ بۇ قېتىمقى چېلىشىش ھېساب ئەمەس دەيدىغان بولسا، ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىنىڭ باش ياغلىقىنى ئارتىپ، كۆڭلىكى بىلەن تامبىلىنى كىيىپ

كەلسۇن، ئاندىن قايتا چىلىشىمىز. شۇنداق قىلامدۇق، غېنى؟

غېنى گەپ ـ سۆز قىلماي‌لا مەيداندىن چىقتى ـ دە، تەلپىكىنى ئېلىپ، كىيىمىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر چەتكە بېرىپ تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئوسمان تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى.

— دو بارمۇ، دو؟... قېنى كىم مەيدانغا چۈشىدۇ؟...

— ...

— سىلەرگە دېسەم، مەن گېپىمدىن يېنىۋالغۇچە، مەيدانغا چۈشۈپ تەلپىكىڭلارنى سىناپ بېقىڭلار...— ئوسمان سۆزلىگەچ يەرگە زوڭزايدى ـ دە، بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ سورىدى،— ئەر بارمۇ، ئەر؟... ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، بىلىنىڭ ئاستىغا سۇيۇقئاش بارغان ئەر...

مەن ئۇنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غولامغا قارىدىم. ئۇنىڭ مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلگەن، چىشلىرى گىرىچلاۋاتقان بولسىمۇ، سوكۇت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە تىكىلگىنىمنى كۆرۈپ سورىدى:

— قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلساق مەيلى، ماۋۇ كۆكەمنىڭ چوڭچىلىق قىلغىنىغا تويغۇزۇپ قويساق بولاتتى.

— ئەمىسە مەيدانغا سەن چۈشكىن!— دېدى غولام پەس ئاۋازدا،— سەن ئۇنى بىردەمدىلا يىقىتىسەن.

شۇ ئارىدا ئوسمان يەردىن يەنە توپا ئالدى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى.

— ئەركەك بارمۇ، ئەركەك؟... ھا... ھا... ھا... قورقۇنچاقلار...

مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمىدىم ـ دە، مەيدانغا قانداقلارچە كىرىپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. بۇنى كۆرۈپ ئوسمان خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ھۆركىرىدى ـ دە، ماڭا قاراپ ئېتىلدى. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ پوتىسىنى قاماللاپ مەيداننى بىر ـ ئىككى قېتىم ئايلاندۇق. مەن بايا ئۇنىڭ قانداق ۋاقىتتا ھىيلە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئوبدانلا كۆرۈۋالغاچقا، ئېھتىيات قىلغاچ، ئىلاج بار يانپېشىمغا ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىم. بىز خېلى ئۇزاق تۇتۇشتۇق. ئوسمان مېنىڭمۇ بوش كەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلغان چېغى تېزرەك يەرگە يىقىتىپ، ھەيۋەمنى سۇندۇرۇش، ئىرادەمنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئوڭ پۇتى بىلەن چىرماق سالدى. مەن چاققانلىق بىلەن ئالدىمغا سەل كۈچىدىم ـ دە، ئۇ قۇرغان تۇزاقتىن قۇتۇلۇپ، ئۇنى كۈچ بىلەن كەينىگە ئىتتىردىم. ئەمما، ئۇ بۇنى ھېس قىلىۋالدى بولغاي، بېلىمدىكى پوتىغا كانىدەك چاپلاشتى. شۇ چاغدا زادى قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر قولۇمنى ئۇنىڭ بېلىدىكى پوتىسىدىن بوشىتىپ گەدىنىدىن قاماللاپ تۇتتۇم. ئوسمان نېمىگىدۇر ئارامسىزلانغاندەك بولۇپ پوتامدىن قوللىرىنى بوشاتتى. مەن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ: «يائاللا، ئۆزۈڭ بار...» دەپ تۈۋلىغىنىمچە ئۇنى بېشىمدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى سورۇننى ئايلاندىم.

— ئوغۇل بالا، ياشاپ كەت...

— يەرگە تاشلا، نىياز، ئۇ چوڭچىلىق قىلغىنىغا تويسۇن.

— يىگىت دېگەن مانا سەن... قېنى، ئۇنى ئوسمىسىغا قاندۇرۇپ قوي...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتتىم ـ دە، ئوسماننى يەنە بىر ـ ئىككى قېتىم پىرقىراتقاندىن كېيىن يەرگە تاشلىدىم. ئۇ خېلىغىچە ئورنىدىن تۇرالماي ياتتى. چاپارمەنلىرىمۇ ئۇنى يۆلەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك گۆشىيىپ تۇرۇشاتتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئوسمان، چېلىشىش تېخى تۈگىمىدى، — دېدى غولام.

— يا... ياق، بولدى قاندىم، ئەمدى چېلىشمايمەن... — ئوسمان ئىنجىقلىغاچ جاۋاب بەردى.

شۇ ئان باياتىن بېرى تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار ئارىسىدا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، بىرنەچچەيلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېنى دەس كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى چېلىشىش مېنىڭ غەلىبەم بىلەن ئاياغلاشتى. دوستلىرىم مېنى ئاسمانغا ئېتىپ، غەلىبەمنى تەنتەنە قىلىشقان ئارىلىقتا ئوسمان يەردە مىدىرلىماي ياتتى. ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى ئىككى يېنىدىن يۆلىگەن چاغدىلا ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

— يەنە ئىككى مەيدان مۇسابىقە بار، چېلىشامسەن؟ — دەپ سورىدى غولام ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن.

— يا... ياق... — دېدى ئوسمان ئارانلا، — مەن... مەن قاندىم.

— يېڭىلگىنىڭگە تەن بېرەمسەن؟

— تەن بېرىمەن.

— بايىقى ۋەدەڭ يادىڭدا بارمۇ؟

— بار، ئېتىم ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن نىيازغا تەۋە بولسۇن.

ئوسماننى چاپارمەنلىرى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن غولام ئۇنىڭ باغلاقلىق تۇرغان ئېتىنى ئەكېلىپ، باشبېغىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئاداش، قېنى، مىنىپ پۇخادىن چىققۇچە چاپتۇرۇۋال.

مەن ئاتنىڭ باشبېغىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئۆزەڭگىگە پۇتۇمنى ئېلىپ مىنگەندىن كېيىن چاپتۇردۇم. چوڭلارنىڭ «نامرات ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماس، دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆي قالماس» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. مەن ئاتنى ئالاھازەل بىر ئاش پىشىمدىن ئۇزاقراق چاپتۇرغاندىن كېيىن ئۆيدىن ئۇزاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ كەينىمگە ياندىم ـ دە، مەھەللىگە يېقىنلاشتىم. دەل شۇ چاغدا بىرنەچچەيلەن پەيدا بولۇپ يولۇمنى توسۇدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بايا ئوسماننى يۆلەپ ئەكەتكەنلەرنى كۆرۈپ، مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

— ئاتتىن چۈش!— دېدى بىرى ئاتنىڭ باشبېغىغا قولىنى سوزۇپ.

— نېمىشقا؟ بۇ ئات مېنىڭ. بايا ھەممىنى ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇردۇڭلار، ئوسمان ئۆزى ۋەدە قىلغاندا سىلەرمۇ بىللە بار ئىدىڭلار. ئۇ ئۇتتۇرۇپ قويدى، ئات ماڭا تەۋە بولدى. ئەگەر ئاتنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئىش بولسا، بايا ئۆزى دېگەندەك خوتۇنىنىڭ ئېگىن ـ ئاياغلىرىنى كىيىپ، مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە «مەن ئەر كىشى ئەمەس، ئايالىمنىڭ ئېگىن ـ ئايىغىنى كىيگەن ئاددەمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئەر كىشى

دېمەڭلار...» دەپ تولۇلسۇن. شۇ چاغدىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن...

— نېمە يوغان سۆزلەيسەن، ھەزىلەك...— توساتتىنلا يولنىڭ ياقىسىدىكى ئادەم قوچىقىغا بىر كېلىدىغان دوڭغاق جىگدە تۈۋىدىن ئوسمان «لوڭگىدە» چىقىپ كەلدى،— چۈشە ئاتتىن، بۇ ئات مېنىڭ، تېخى ئاناڭنىڭ ھەققى باردەك يوغان سۆزلەيسىنا...

— ھەزىلەك دېگەن سەن، ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم ھەزىلەك بولماي، مەن ھەزىلەك بولامدىم؟!...— مەن ئاران شۇ گەپنى دېيەلىدىم. شۇنىڭغىچە كەينى تەرىپىمدىن بېشىمغا قاتتىق بىرنەرسە «ۋاققىدە» تەگكەندەك بولدى - دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەردى، بىلمەيمەن. بىراق، خېلى بىر چاغ بولغاندا يۈزۈمگە ئىسسىق بىرنەرسە تامچىلىغاندەك بولدى. مەن كۆزۈمنى تولىمۇ تەستە ئېچىپ يېنىمدىلا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان توختىخاننى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم.

— ھەرنېمە بولسا كۆزىڭىزنى ئاچتىڭىز،— دېدى توختىخان كۆز ياشلىرىنى ئېيتىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك كۈلۈمسىرەپ،— بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ ئۇ ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلمىگەن يەريۇتقۇلار... بايا ئۇنى يەرگە تاشلاپ، ئەدىپىنى بەرگىنىڭىزدە خۇشال بولغانىدىم، مانا ئەمدى...

— سىز بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭىز؟— دەپ سورىدىم مەن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

— سىز ئاتنى مىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئوسمان يالاقچىلىرىغا سىز كەتكەن تەرەپنى ئىشارە قىلىپ بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، بۇ مەلئۇن چىدىماسلىق قىلىپ

نىيازغا قەست قىلمىغىيتتى، ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ ئالدىڭىزغا كەلسەم...— ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يەنە يۈزۈمگە تامچىلىدى. مەن يەنە سۈنايلىنىپ يېتىۋېرىشتىن خىجىل بولۇپ قالدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولغان بولسامۇ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى بىلەن بىردىنلا ئىڭراپ سالدىم.

— بولدى قوزغالماڭ، قېنى بېشىڭىزنى تىزىمغا قويۇڭ، يۈزلىرىڭىزنى سۈرتۈپ قوياي...— توختىخان مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا، يەكتىز بولۇپ بېشىمنى تولىمۇ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تىزىغا قويغاچ،— «ئادەم دېگەندە ۋىجدان بولمىسا، يۈرەك دېگەن بىر پارچە لوق گۆش» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. قاراپ تۇرۇپ بىر تىرىك جاننى ئۇرۇپ، تاس قاپتۇ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، بۇ چىلبۆرىلەر قاچانمۇ بېشىنى يەر...

— «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» دېگەن گەپ بار، توختىخان، «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ ھېسابنى چوقۇم ئالىمەن...— دېدىم مەن تولىمۇ تەستە.

— بولدى، گەپ قىلماڭ...— توختىخان سەرگەز كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزلىرىمنى ئاستا ئېيتقاندىن كېيىن ئالىقانلىرى بىلەن پېشانەمنى تۇتتى. شۇ ئان چوققامدىن كىرگەن بىر ئوت پۈتۈن بەدىنىمنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم ـ دە، تېزلا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. لېكىن، ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەن بۇ قىزنى بۇرۇن تالا ـ تۈزدە كۆرگەن بولسامۇ، ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدىم. مانا ئەمدى... يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. ئىچ ـ ئىچىمدىن تارىلىۋاتقان

بىر ئوت بەدىنىمدىكى ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، مۇشۇ يېشىمغىچە تېخى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن ئەسەبىي تۇيغۇ قوزغىتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىغانسېرى ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايلا قېلىۋاتاتتىم.

— ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز ماڭالامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالغاندەك «ۋىللىدە» قىزىرىپ، — بۇ يەردە يېتىۋەرسىڭىز بولمايدۇ، بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە...

— يېنىمدا سىز بار ئەمەسمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ ئېغىزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، — كېسىلىمنى داۋالاپ سەللىمازا ساقايتىۋەتسىڭىز بىراقلا كەتسەم بولىدىغۇ؟

— قولۇمدىن كەلسىغۇ شۇنداق قىلىغۇم بار، بىراق مەن تېۋىپ ئەمەس - تە، — ئۇ كۈلۈمسىرەش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن قاملاشتۇرالمىدى، — بولسىغۇ مېنىڭ يېنىڭىزدىن پەقەتلا ئايرىلغۇم يوق.

توختىغاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تېپىچەكلىگەندەك بولدى - دە، قىزغىنا يەنە تىكىلدىم. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزى دېگەن گەپكە خىجىل بولغاندەك باشقا ياققا قارىۋالغانىدى. مەن ئەمدى تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم. بىراق، ئۇ ماڭا «لاپپىدە» قاراپ قويغاندىن كېيىن قوللىرىنى تېزلا تارتىۋالدى.

— ئۇنداق... ئۇنداق قىلماڭ، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالسىڭىز بولمايدۇ، بۇنداق قىلسىڭىز نامەھرەم بولىدۇ...

مەن ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئەسلا ئويلىمىغاچقا،

بىردىنلا جىمىپ قالدىم. لېكىن، توختىخان يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مەن سىزنى يۆلەي، نىياز، ئاستا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ مېڭىپ بېقىڭ، پەقەت ماڭالمىسىڭىز باشقا ئامال قىلارمىز...— ئۇ سۆزلىگەچ بېشىمنى بىلەكلىرى بىلەن كۆتۈردى. مەنمۇ ئىككى قولۇم بىلەن يەرنى تىرەپ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەردىم - دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— قانداق، ماڭالايدىغاندەك تۇرامسىز؟— دەپ سورىدى توختىخان ئايانچلىق نەزىرى بىلەن.

— ماڭالايمەن، ماڭمىساممۇ نېمە ئامال؟ يا سىز مېنى كۆتۈرەلمىسىڭىز...— مەن سۆزلىگەچ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇمۇ ماڭا «لاپ» قىلىپ قارىدى - يۇ، لېكىن كۆزلىرىنى تېزلا ئەپقاچتى.

— قارىغاندا ھەرنېمە بولسا سۆڭەككە زەخىم يەتمەپتۇ، نىياز،— دېدى ئۇ مېنىڭ قولتۇقۇمدىن يۆلەپ تۇرۇپ،— شۇنداقتىمۇ خېلى قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

— بىر - ئىككى ئادەم بولسىغۇ ئۇلارغا تېتىيالايتتىم. كۈچۈم يەتمىسە بىر يەرلىرىنى چىشلىۋېلىپ بولسىمۇ ئۇزۇۋېتەتتىم، لېكىن ئۇلار ئالتە - يەتتىدىن كەم ئەمەسكەن.

توختىخان گەپ قىلماي ئېغىر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— قېنى، قەدەم ئېلىپ بېقىڭە...

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قەدەم ئالدىم - يۇ، بىراق تاپىنىمدىن كىرگەن بىر ئاغرىق چوققامدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى - دە، ئىڭراپ كەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىمنى چىڭ چىشلىدىم.

— قارىغاندا ماڭالمايدىغان ئوخشايسىز، قاراڭ،

چىرايىڭىزنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى... سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن مەھەللىگە بېرىپ ئاغىنىلىرىڭىزدىن بىرنەچچىسىگە خەۋەر قىلاي، ئۇلار بىر ئامالىنى قىلسۇن.

— ياق، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماي، بىر ئامال قىلىپ ئۆزۈم كېتەي...— دېدىم مەن تېزلىكتە، — بۇ گەپلەرنى ئۇلار ئاڭلىمىسۇن.

— نېمىشقا؟ بۇ يوشۇرىمەن دەپ يوشۇرىدىغان ئىشمۇ؟ باشقىلار ئاڭلىسىمۇ سىزنى ئەيىبلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ چېلىشىش سورۇنىدىكى نوچىلىقىڭىزنى كۆردى، ئەمەسمۇ؟!...

— شۇنداقتىمۇ ئاۋارە بولماڭ، يېنىمدا سىز بولغاندىكىن تاڭ ئاتقۇچە بىر قېتىم ئۆيگە بارسام بولىدۇ؟!...— مەن سۆزلىگەچ ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا»كەن - دە...— دېدى توختىخان، — ئۇخلىماي چۈش كۆرمەڭ.

— ياق، سىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ... مەن... مەن پەقەت...— مەن نېمىشقىدۇر دېگىلى گەپ تاپالمىغاندەك دۇدۇقلاپ قالدىم.

— ھى... ھى... ھى...— ئۇ بىردىنلا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — قېنى، ئەمدى مېڭىپ بېقىڭە...

مەن قەدەم ئالدىم. بىراق، ئۇستىخانلىرىم ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن ئاغرىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئىككى - ئۈچ قەدەم ئېلىپلا توختاپ قالدىم.

— «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمىڭ ئاشكارە» دېگەن مۇشۇ، ئۆزۈم مېڭىپ كېتىمەن دەيدۇ تېخى، — دېدى توختىخان ئاغرىق دەستىدىن پۈرۈشكەن چىرايىمغا، زىيادە زورۇقۇش دەستىدىن پېشانەمدە «پۈررىدە» پەيدا

بولغان تەر تامچىلىرىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتقان هالدا، — ئەمدى بولدى قىلىسىڭىز بولغۇدەك، سىز مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن مەھەللىگە «دىككىدە» بىرىپ كېلەي...

مەن بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى ماڭدۇرماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاسماقچى بولۇپ، بىرەر باھانە ـ سەۋەبىنى كۆرسەتمەكچى بولغان بولسام‌مۇ، لېكىن كاللامغا ھېچنېمە كەلمىدى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

مەن راست گەپنى قىلىپ ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا يىراقتىن بىرنەچچەيلەننىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. توختىخان ئۇ تەرەپكە قاراپ سەلگىنە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سىزنىڭ ئاغىنىلىرىڭىز ئوخشايدۇ، سىز قايتىپ بارمىغاندىكىن ئەنسىرەپ ئىزدەپ كەپتۇ. بۇمۇ ياخشى بولغىنى. ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي. ئۇلار مېنىڭ سىزنىڭ قېشىڭىزدا ئىكەنلىكىمنى كۆرسە بىكاردىن سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپ قالمىسۇن. قېنى، ئولتۇرۇۋېلىڭ...— توختىخان جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە، ماڭا «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ، لەۋلىرىنى بوشلا چىشلەپ قويغاندىن كېيىن، توشقاندەك ئىككى تاقلاپلا يولنىڭ سول تەرىپىدىكى جىگدىلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قىيالماسلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن كېلىۋاتقان ئادەملەرگە قارىدىم. توختىخاننىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. ئۇلار راستىنلا غولام، ھىمىت دىك ـ دىك، غېنى ۋە يەنە باشقا دوستلىرىم ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا قېشىمغا كېلىپ مېنىڭ ئوزايمىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن گەپ سوراشقا باشلىدى:

— ناكەس ئوغرىلارنىڭ كەينىڭدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىگەنمۇ، نىياز؟

— ئەسلىي چىدىماسلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساڭ، ئوسمانىنىڭ ئىتىنى مىنمىسەڭمۇ بوپتىكەن. ئادەم جىق يەردە مەيدىسىگە ئۇرۇپ، مېنى كىم يېڭىۋالسا ئىتىمنى بېرىمەن دېسە، بۇ بوگۈن ئەجەب مەردلىشىپ كېتىپتۇ، دېسەم بىر دەمدىلا چىدىماسلىق قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان! سېنى قاتتىق ئۇرمىغاندۇ، نىياز؟

— قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ؟ سۆڭەككە زەخىم يەتمىگەندۇ؟

— هازىر ئاغرىۋاتامدۇ؟

مەن بۇلارنىڭ قايسىسىغا جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم. شۇنىڭغىچە غولام ئېغىز ئاچتى:

— «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» قىلغاندەك نىيازدىن بۇنداق گەپلەرنى سوراۋەرمەڭلار، ئاۋۋال ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرايلى، قالغان گەپلەرنى دېيىشىۋېلىشقا ۋاقىت چىقىدۇ، تېخى!

بۇ گەپ بىلەن ھەممىت دىڭ ـ دىڭ تېزلا يەرگە زوڭزايدى.

— بۇ ھالىڭ بىلەن ماڭالمايسەن ھەرقاچان، كەل، ماڭا ھاپاش بول.

مەن تارتىنىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ھېلىلا توختىخان كىرىپ كەتكەن جىگدىلىككە ئۈمىد بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ھەممىت دىڭ ـ دىڭغا ھاپاش بولدۇم. ئۇلار مېنى نۆۋەت بىلەن ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ كەلگەندە، ئاتا ـ ئانامۇ بۇ كېلىشمەسلىكتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان چېغى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ

تۇرۇشقانىدى. ئانام مېنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى قىل، نىياز ساق ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەسلى بىزنىڭ مۇشۇ بالىدىمۇ بار، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بايلىققا ھەۋەس قىلىپ مەيدانىغا سەكرەپ چۈشمىگەن بولسا، بۇ خاپىلىقمۇ يوق... — دېدى دادام ئېغىر خورسىنىپ.

مەن ئۈندىمىدىم. دادامنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. لېكىن، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن مىتەۋسىلەشكۈدەك ھەپسىلەم بولمىغاچقا، لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە جىم ئولتۇرىۋالدىم. ئۇلار مېنى ئۆيگە ئەكىرىپ سۆكمىدە ياتقۇزۇشتى. دادام ئوزايىمغا قاراپ قويۇپ ئۇھسىنىدى.

— قارىغاندا تاياق زېدىسى خېلى ئېغىر ئوخشايدۇ، ئاغرىۋاتامدۇ؟

مەن جاۋاب بېرىش ئورنىغا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەن مەھەللىنىڭ ئايغىدىكى ساسلىقتىن لاگا ئەكىلەي، بالىنىڭ ئۇستىخانلىرىغا لاگا سۇۋاپ قويساق ئاغرىقنى توختىتىدۇ، — دېدى دادام.

— سىلى بارمىسىلا، مەن باراي، بارات دادا، — دېدى غېنى ئورنىدىن تۇرۇپ.

شۇ ئاخشىمى غولام غېنى ئەكەلگەن لاگىنى پۈتۈن بەدىنىمگە سۇرۇپ قويدى.

— بۇگۈنچە مۇشۇنداق بولسۇن، ئەتە ئەھۋالىڭغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز.

دوستلىرىم ماڭا خېلى تەسەللى بېرىشكەندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. ئانام بىرھازا مىشىلداپ يىغلىدى. لېكىن، دادام ئۈندىمىدى. شۇ كېچىسى تاياق تەگكەن

يەرلەر ئېچىشقاندەك، كۆيۈشكەندەك بولۇپ، ئاغرىق دەستىدىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا غولام يەنە پەيدا بولدى.

— قانداق لاگىنىڭ ئاز ـ تولا پايدىسى بولغاندەكمۇ؟

— دەسلەپ ئېچىشىپ پەقەتلا ئارام بەرمىدى، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاغرىق ئاز ـ تولا پەسەيدى، — دېدىم مەن.

— بۇمۇ بوپتۇ، لېكىن سېنى تېرىگە ئالمىساق بولمايدۇ، ئاداش، بىزنىڭ ئۆيدە بىر قارا پاقلان بار ئىدى. شۇنى ئۆلتۈرۈپ تېرىگە ئالايلى.

— بولدى، ياخشى كۆڭلۈڭ ماڭا تېگىل بولدى، ئاداش، جاپا تارتما.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنى يات كۆرۈۋاتامسەن؟

— ياق، بىرنەچچە كۈن ئارام ئالسام ئوڭشىلىپ قالارمەنمىكىن دەيمىنا.

— تاياق زەردىسى دېگەن يامان بولىدۇ، ئاداش. چوڭلاردىن ئاڭلىسام، بۇنداق ئىشلار دەماللىققا پەرق ئەتمەي، ئوڭشالغاندەك قىلغىنى بىلەن ئوبدانراق سەۋەب قىلمىسا، كېيىنكى كۈنلەردە ئادەم ئۇستىخان ئاغرىيدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن. سېنىڭ مۇشۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، ئاداش، مېنى چىقىمدار قىلماي دەيسەنغۇ شۇ، ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، مېنى ئاغىنەڭ قاتارىدا ئۆز كۆرمىگەن بولىسەن. ساڭا دېسەم، تۈنۈگۈن ئۇسمانىنى بېشىڭدىن ئارتىلدۇرۇپ يەرگە ئېتىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ دەردىنى ئېلىپ بەرگەن چېغىڭدىلا، كۆڭلۈمدە مۇشۇ پاقلاننى سويۇپ چاي بەرگەچ، مەھەللىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن رەھمىتىمنى بىلدۈرۈۋالارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، «كەلمىگەن

تەلـەيـدە ئاناڭـنـىڭ ھەقـقـى بارمـۇ» دېگـەنـدەكـلا ئـىـش بـولۇشـنـى نەدىن بـىـلـەي، شۇڭـا سـەن جىم يات، مـەن چىقىپ بىردەمدىلا بوغۇزلاپ تېرىنى ئەكىرەي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنـى بىلەلـمەي قالدىم ـ دە، كۆزلىرىمـگە ياش ئالـدىم. شۇنىڭغىچە دادام ئېغىز ئاچتى:

ــ ماقۇل دە، بالام، ئېغىلىمىزدا قوي بولـغان بولسـا، مەنمۇ شۇنداق قىلماقچىدىم، لېكىن قـولـىمـىـز قىسقـا بولغاچقا، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدىم، مانا خـۇدايىم ئـاغىنەڭـنىڭ دىلـىغا ساپتـۇ، غولام قويىـنى ئۆلتۈرۈۋەرسۇن، لېكىن مـەن ئاۋۋال دەپ قويـاي، غولام بالام، بۇ قوي ماڭا ھېساب، خۇدايىم بـۇيرۇسا، كېيىنچە بىرگە ئىككىنى قايتۇرىمەن.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ مىنىڭ كـۆڭلۈم ئەمـەس، يۇرتنىڭ كۆڭلى دەپ بىلسىلە، ھەرگىز بۇنداق گەپلەرنى دېمىسىلە، بولمىسا كۆڭلۈمگە كېلىپ قالىدۇ.

ــ ماقۇل بالام، مەنمۇ ئاق يەردە تۇغمەن تالاشقاندەك ئىش قىلماي ھازىرچە سىنىڭ دېگىنىڭگە كۆنەي، بۇ ئىشلارنى كېيىنچە دېيىشەرمىز.

غولام چىقىپ كەتتى ـ دە، بـەكمۇ ھايـال بولماي قـارا پاقلاننىڭ تېرىسىنـى ئەكىـردى. بـۇنى كۆرۈپ ئـاتا ـ ئانامـۇ، باشقىلارمۇ چىقىپ كەتتى. غولام مېنى ئاۋايلاپ يېشىنـدۈرگەندىن كېيىن تېرىنى ئۇستـۇمـگە ياپـتى. ئـاغىنىلىرىمنىڭ ھە ـ ھـۇسى، دادامنىڭ قۇلـىقى ئاڭلىغانلا سەۋەبلەرنى قىلىشى بىلەن يېرىم ئايدىن كـۆپرەك ۋاقىت بـولغانـدا تـالا ـ تۈزگە چىقالايدىغان بولـدۇم. راستىمـنى ئېيتقاندا، ئۆيدە ياتقاندىن بىرى زېرىكىپ، ئىچىم پۇشۇپ كەتكەنىدى. مىنىڭ تالاغا

چىققۇم، توختىخاننى كۆرگۈم كېلىپلا تۇراتتى. ئاشۇ كۈنى توختىخاننىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمدا پەيدا بولۇشى، پاختىدەك يۇمشاق، ئوتنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق ئالقانلىرى بىلەن پېشانەمنى سىلىشى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا تېنىم يايراپ، پۈتۈن بەدەنلىرىمگە ئوت كەتكەندەك تۈيغۇغا كېلىپ قالاتتىم. ئۇنىڭسىزمۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى غولام مېنى يوقلاپ كەلگەندە دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، توختىخانغا بولغان بىر خىل ئامراقلىق قەلبىمدە پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى.

— ھېلىقى كۈنى قانداقسىگە مېنى ئىزدەش يادىڭلارغا كېلىپ قالدى؟ — دەپ سورىغانىدىم مەن غولام يېنىمدا يالغۇز قالغاندا.

— سەن ئوسماننىڭ ئېتىنى مىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سېنى ھايال بولمايلا قايتىپ كېلىدۇ، دەپ خېلى ئۇزاق ساقلاپ تۇردۇق. لېكىن كەلمىدىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ئاداش ھەرقاچان ئاتنى كۆرۈپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتتى بولغاي، توي تۈگىگەندىن كېيىن ئۆيىمىزگە قايتايلى، نىياز بىلەن ئەتىلەتىن كۆرۈشەرمىز دەپ تۇرساق، ئۇ ئاتنى ئوسمان مىنىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئوسمان چىدىماسلىق قىلىپ ئاتنى ياندۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۆزىدىن سورايلى دەپ ئۆيىگە باردۇق. داداڭ: «تويغا بارىمەن دەپ چىقىپ كېتىپ كەلمىدى، سىلەر كۆرمىدىڭلارمۇ؟...» دەپ سوراۋاتىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ «بايا ئۆيگە بارىمەن، دەپ كەتكەن، قارىغاندا يولدا بىر ئىش بىلەن ھايال بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ...» دېيىشىپ، چاندۇرمايلا قايتىپ چىقتۇق. شۇ ئارىدا غېنى: «مېڭىڭلار، بايا نىياز كەتكەن

تەرەپكە بىرىپ باقايلى، قارىغاندا ئۇ بىرەر پىشكەللىككە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ...» دېۋىدى، ھەممىمىز سىنى ئىزدەپ بارساق ئىشلار راستىنلا بىز پەرەز قىلغاندەك... ئىسسىم قۇرۇسۇن، سەندىن نەچچە مەرتەم سوراي دەپ، يېنىڭدا ئادەم بولغاچقا سورىيالمىدىم. شۇ چاغدا بىز سەن بار يەرگە يېقىنلاشقاندا يېنىڭدا بىرەيلەن باردەك قىلىۋاتاتتى، لېكىن بىز بارغاندا يوقاپلا كەتتى، ئۇ كىم؟ — غولام كۆزلىرىنى ماڭا مىختەك تىكتى. مەن ئۇنىڭ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا بۇ گەپنى سورىشىنى ئويلىمىغاچقا، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم.

— يېنىمدا باشقا ئادەم يوق ئىدى، ساڭا شۇنداق كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھاللا.

— يالغان سۆزلىمە، نىياز، قارىغاندا ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسەن - ھە؟ قېنى، مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگىنە...

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمىدىم، ئەمما يۈرەكلىرىم بىردىنلا سىلىپ كەتتى.

— ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

— ئىشىنىمەن.

— مېنىڭ بىرەر كىمگە دەپ قويۇشۇمدىن قورقامسەن؟

— ياق.

— ئەمىسە دېگىن، ئۇ كىم؟

مەن غولامغا يالغان ئېيتىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇبىر دېدىم.

— ئامىتنىڭ كەپتۇ، ئاداش، يېگەن تايىقنىڭ بىكارغا كەتمەپتۇ، — دېدى غولام كۈلۈپ، — سەن ئوسماننى بېشىڭدىن ئارتىلدۇرۇپ يەرگە تاشلىغاندا، توختىخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سەكرەپ كەتكەن. شۇ چاغدا «نىياز مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بەرگەندىكىن، توختىخان خۇشال بولغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق مانا ئەمدى بىلدىم. سەن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشمەي، ئۇ سېنىڭ پېيىڭگە چۈشكەن ئىكەن — دە، ئامەت دېگەن مۇشۇ، نىياز، توختىخان ئاشۇنچىلىك قىلغان بولسا ھەقىقەتەن يۈرىكى بار قىز ئىكەن. بولمىسا تارتىنىپ يېنىڭغا بارمىغان بولاتتى. ئۇنى ھەرگىز نائۇمىدتە قويما...

— ئەجەب بىر گەپلەرنى قىلىۋاتىسەنغۇ؟ بۇ گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، غولام.

— ۋاي بايقۇش، تادانلىق قىلىۋاتامسەن يا راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟ ساڭا دېسەم توختىخان ساڭا كۆيۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

— توۋۋا دېگىنە...

— توۋىنى مەن ئەمەس، سەن دېسەڭ ئوبدان بولىدۇ. ئىلاج بار پۇرسەت چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باق. راستىنىلا يۈرىكى ساڭا سوقسا، داداڭغا ئۆزۈم دەپ تويۇڭنى قىلىپ قويىمىز.

— بىكار گەپ قىلما، مەن توي قىلىشقا ئالدىرىمايمەن.

— سەن ئالدىرىمىغان بىلەن خەق ئالدىرايدۇ، بىلىپ قوي، پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمايدۇ.

شۇ كۈنكى سۆھبەتتىن كېيىن راست شۇنداقمىدۇ — يە، بولمىسا توختىخان قاپ يۈرەكلىك بىلەن يېنىمغا

بارمايتتى دىگەنلەرنى ئويلاپ، بارغانسېرى غولامنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتىم. لېكىن، قېرىشقاندەك مەن تالا ـ تۈزگە چىققۇدەك بولغاندا، توختىخاننى كۆرەلمەي ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوشنا مەھەللىدىكى بىرىنىڭ تويىغا كەتتى. مەن ئۆيدە بىردەم ياتقاندىن كېيىن تالاغا چىقتىم ـ دە، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بىزنىڭ ئۆيدىن سەل نېرىراقتا توختىخان تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىۋېتىپ، يېقىن ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى. مەنمۇ لايىقىدا جاۋاب بەرگەچ سورىدىم.

ــ يوقاپ كەتتىڭىزغۇ، توختىخان؟ يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى.

ــ ئۆيىڭىزگە يوقلاپ بارغۇدەك مەن سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدىم؟

ــ يۈرىكىڭىزگە قول سېلىپ باقسىڭىز ھەممىنى بىلىسىز.

ئۇ بىردىنلا ئانار دانىلىرىدەك قىزاردى ـ دە، تېقىمىدا سويلاپ تۇرىدىغان بىلەكتەك توملۇقتىكى چاچلىرىنى ئوينىغاچ قىيا باقتى.

ــ ...

ــ گەپ قىلمايسىزغۇ؟

ــ نېمە دەيمەن؟ ــ ئۇ سۆزلىگەچ يەنە ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى.

ــ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟

ــ بۇنى ئۆزىڭىز قىياس قىلىپ بولغاندىكىن، يەنە دەپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— شۇنداقتىمۇ ئۆز ئېغىزىڭىزدىن ئاڭلىغۇم بار ئىدى.

— قېلىن... مېنى نېمە دېگۈزسە بولاتتىكى... كۆڭلىدە بىلىپ تۇرۇپ... بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، بۇگۈن تويغا بارماپسىزغۇ؟

— سىزنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ...

— دېگەن گېپىنى، بۇ گەپكە كىم ئىشىنىدۇ.

— مەن ھەم سىز...

— ھى... ھى... ھى...

مەن ئەمدى ھەممىنى بىلىپ بولغانىدىم. ئەمدى ئارتۇقچە گەپ قىلىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

— ئۆيگە كىرەيلى، توختىخان، — دېدىم مەن، — بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك بولماس، شۇڭا...

— ياق، ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، مەن ئۆيگە باراي، كېيىن راستتىنلا يوقلاش نىيىتىم بولسا كېلەرمەن.

— ئۆيگە كىرىشتىن ۋايىم يېسىڭىز ئەمىسە مۇشۇ يەردىلا پاراڭلىشايلى.

— ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي، دەپ قويۇپلا... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ـ دە، يۆتلىرى بىلەن يەرنى جىجاپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، — مەن كېتەي، خوش!...

ئۇ سۆزلىرىنى تۈگىتىپلا كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردۇم ـ دە خۇشاللىقتىن بىرنەچچىنى چۆرگۈلىۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم ئۇچراشتىم. ئىككىمىز كۆرۈشكەن چاغلاردا گەپلىرىمىز پەقەتلا تۈگىمەي دېمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغۇم، چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق كۆزلىرىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلىپ

ئولتۇرغۇم، ھەر كۇلگەندە مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان بىر جۇپ زىنىخنى كۆرگۈم، تېقىمىدا سويلاپ تۇرىدىغان، جىگدە يىلىمى سۇرتۇلگەچكە پارقىراپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى بارماقلىرىمغا يۆگەپ ئوينىغۇم كېلەتتى. لېكىن، ئۇنى كۆرگەندە ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايتتىم.

ئەتىياز كىرىشى بىلەن ئىشلىرىمىز ئالدىراشلا بولۇپ كەتتى. ئاشۇ چاغدا ھاشىم چوڭنىڭ قەرزىنى بىر ئاماللار بىلەن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ، قايتۇرۇپ بولغىنىمىز بىلەن، قەرزنى بۇ يىل بىر ئىلاج قىلىپ قايتۇرمىساق بولمايتتى. شۇڭا، دادام ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تۈگىتىپلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ــ بىزنىڭ يېرىمىز كۆپ ئەمەس، بالام،ــ دېدى ئۇ بىر كۇنى،ــ سەنمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايسەن. ئاشۇ ئالىقانچىلىك كېلىدىغان يەرگە ئىككىمىز قاراپ ئولتۇرساقمۇ قاملاشماس، شۇڭا مەن ئەتىدىن باشلاپ باشقا يەرلەرگە بېرىپ ئىش ئۇقۇشۇپ باقاي. خەقلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلىرى بولسا، قىلىشىپ بېرىپ بىرئاز پۇل تاپاي. ئىلاج قىلىپ باشقىلارنىڭ قەرزلىرىنى تېزرەك قايتۇرۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلايلى.

ــ بولدى قىل، دادا، ئۇنداق ئىشلارنى سەن قىلمەن دەپ يۈرسەڭ قاملاشماس، مەن ياش بولغاندىكىن...

ــ نېمە دەۋاتىسەنوي، بالام، مېنى سىرتتا ئىشلەپ پۇل تاپالمايسەن دېمەكچىمۇسەن؟ــ دېدى دادام ئېغىزىمدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ،ــ ھەرقايسىڭلارنى مەن ئىشلەپ تاپقان ھەققىمگە بېقىپ يۈرۈپ مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلغان ماخما!

ــ ياق دادا، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالما.

سىرتلاردا يۇرسەڭ سىنى جاپا تارتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەنمەن،— دېدىم مەن گېپىمنى تۈزىتىپ،— مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم، ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، شۇڭا سەن ئۆيدە قال، مەن بېرىپ تەلىيىمنى سىناپ باقاي، دادا.

— بۇ دېگەن تەلەي سىنايدىغان ئىش ئەمەس، بالام، ماقۇل دە، بۇ ئىشتا مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بار،— دادام ماڭا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ پەقەت ئېغىز ئاچقىلى قويماي، ئاخىرى قايىل قىلغان بولدى ـ دە، بىر ئەتىگىنى بىسلىرى ئۇپراپ كەتكەن كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن دادامنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قولۇمغا ئالدىم. شۇنداق قىلىپ، ئالدىراشلىق كۈنلەر باشلاندى. دادامنۇ بەزىدە ھەپتىدە، بەزىدە ئون بەش كۈندە ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى ـ دە، سىرتتا ئىشلەپ تاپقانلىرىنى ئانامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، بىر ئەر كېچە قونغاندىن كېيىن يەنە چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن ئۇنىڭ خېلىلا يادىغان چىرايىغا، مەڭز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان يۈزلىرىگە، ئالدۇرۇلمىغىنىغا ئۇزاق بولغان، دىردىيىپ تۇرىدىغان چاچ ـ ساقاللىرىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى.

— بىزنى دەپ جاپا تارتىۋاتىدىلا، دادىسى،— دەيتتى ئانام دادام يولغا چىقىدىغان ۋاقىتلاردا،— سىرتتا ئۆزلىرىنى ئوبدان ئاسرىسىلا.

— خاتىرجەم بولۇڭلا، خۇددى مەن كىچىك بالىدەك...

شۇ يىلى ئۆز يېرىمىزگە تېرىلغان زىرائەتلىرىمىز خېلىلا ئوبدان ئۇخشىغانىدى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. بەزىدە بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلەرگە

قاراپ، تېخى چىقمىغان هوسۇلنى تەخمىنەن ھېسابلاپ كېتەتتىم ـ دە، روھلىنىپ قالاتتىم. بەزى چاغلاردا چىڭقىچۇش مەزگىلىدە توختىخان پەيدا بولاتتى. بىز دوڭغاق جىگدە سايىسىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتۇق.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ يىل قەرزلىرىمىزنى تۈگىتىۋېلىپ، قولىمىزغا يەنە بىرئاز بىرنەرسە ئاشسا، ئۆيىڭىزگە چوقۇم ئادەم ئەۋەتىمەن، — دېدىم بىر كۈنى مەن تۇيۇقسىزلا.

— نېمىشقا؟ — توختىخان چۈشەنمىگەندەك سورىدى.

— ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا، سىزنى ماڭا بېرەمدۇ، يوق، سوراپ باقمايمەنمۇ؟ — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن.

— كۆر ما غوجامنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىنى، «گۇرۇچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك گەپ قىلىشلىرىدىن ئۆرگىلەي، — دېدى توختىخان شوخلۇق بىلەن، — ئاۋۋال مەن قوشۇلسام بولار؟

— سىز قوشۇلۇپ بولغان.

— قاچان؟

— ئوسمانىنىڭ يالاقچىلىرى مېنى ئۇرغان كۈنى...

توختىخان «ھۇپپىدە» قىزاردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرغىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇنى خىجىل قىلىپ قويغىنىمدىن ئۆكۈنگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنى چاقىرمىدىم. كېيىنكى چاغلاردا مەن ئۇنىڭدىن ھەقىقىي گەپنى ئاڭلىدىم. ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلىدىكەن!... شۇ چاغدا بەكلا خۇشال بولغانىدىم. مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان دوڭغاق جىگدە، يېرىمىزنىڭ پاسىلىغا يانداش ساسلىقلار كۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ

كەتكەنىدى. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەندەك كۈز كۈنلىرى ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى. يېرىمىزمۇ ھەرھالدا سىڭدۈرگەن ئەجرىمىگە يارىشا ھوسۇل بەردى. دادامنىڭ سىرتتا ئىشلەپ تاپقان تاپاۋىتىمۇ خېلى ئوبدان ئىدى. بىز قەرزلىرىمىزنى تۆگىتىپ بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدۇق.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى ئالمىغان — بەرمىگەن بولىمىز، — دېدى دادام ئىشەنچ بىلەن، — ئۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىمىز ئىزىغا چۈشىدۇ.

مەن ئۈندىمىدىم. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تۇرسام نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئەسلىغۇ توختىخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا — ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاچ، بېشىمىزنى باغلاپ قويۇشنى ئۆتۈنۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئاتا — ئانامغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمىدىم. ئەنە شۇ كۈنلەردە مەھەللىدە توي قىزىپ كەتتى. مەن باشقىلارنىڭ تويلىرىغا قاتناشقان ۋاقىتلاردا «قاچانمۇ مېنىڭمۇ تويۇم بولۇپ توختىخاننىڭ ۋىسالىغا يېتەرمەن، ھەي يوقسۇزلۇق، مېنى نېمانچە قىينايدىغانسەن!..» دېگەنلەرنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭىمۇ توختىخاننى كۆرگەندە ئۇنىڭغا دېگەن گەپلىرىم يادىمدىن كەچسە، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان كىچىك بالىدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم.

— تويىمىزنى قىلىۋەتسەك بولاتتى، — دېدىم بىر كۈنى توختىخانغا، — ئاۋۋال ئاتا — ئانامنى ئەۋەتىپ باقاي، ئۇلار ئۆيىڭىزدىكىلەر بىلەن كۆرۈشسۇن، قالغان گەپنى ئالدىرىماي دېيىشىۋالساقمۇ بولىدۇ.

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ ئۆيدىكىلەر ھازىر ئاكامنىڭ تويىنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. سىز دېگەن باشتىن —

ئاياغقا قاراپ ئاقىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىشلىرى بىر ياقلىق بولسۇن، ئاندىن...

— سىز ئۇنداق دېگەنبىلەن كېيىن باشقا يەردىن قولاق ئاغرىقىڭىز بولۇپ قالسىچۇ؟!...

— خاتىرجەم بولۇڭ، توي قىلىدىغان ئادەم مەن، بۇ ئىشتا مېنىڭ رازىلىقىمنى ئالار...

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. بىراق، بىز ئاشۇ گەپلەرنى دېيىشىپ ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈن ئۆتكەندە غولامدىن مەن ئاڭلاشنى ئەسلا خالىمايدىغان بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم. «تېخى ھېلىلا بىرىدىن ئاڭلىسام، ئوسمان توختىخاننى توقاللىققا ئالىمەن دەپ يۈرەرمىش. نىكاھى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئوقۇلىدىكەن.» بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارا قىشتا كاچكۇلگە چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكتىم - دە، ئالدىراپ سورىدىم.

— ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر قوشۇلۇپتىمۇ؟

— ياق، ئۇلار قوشۇلمىغان ئوخشايدۇ. «ھاشىم چوڭنىڭ قىزىمىزنى ئوغلىغا سورىشى بىز ئۈچۈن بەخت، ئاسانلىقچە نېسىپ بولمايدىغان تەلەي، لېكىن قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق، لەۋزە قىلىشىپ بولغان ئىشنى قايتۇرساق بولماس، شۇڭا خاپا بولۇشمىسىلا» دېگەن گەپنى چىقىرىپ بولغۇچە، ئەلچىلەر: «ئوسمان غوجامنىڭ توختىخاننى توقاللىققا ئالاي دېگىنىگە خۇشال بولۇشساڭ بولىدۇ، قەلەندەرلەر، بۇ ئىشقا چىرايلىقچە رازى بولۇشساڭ بولۇش، بولمىسا گەدىنىڭدىكى قەرزلەرنى ئىككى كۈن ئىچىدە تۆلەپ بولۇش...» دەپ شالىسىنى چاچقىنىچە چىقىپ كېتىشكەن ئوخشايدۇ.

مەن غولامغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ

ئۇدۇل توختىخانىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدىم ـ دە، هايالشمايلا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىرەر سەۋەب بىلەن تالاغا چىقىشىنى ساقلاپ تۇردۇم. جاھاندا ئادەم ساقلاش دېگەن بەك تەس ئىكەن. شۇ چاغدا قانچىلىك بىئارام بولغىنىمنى، ئىچىمنىڭ تىتىلداپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن. مەن خېلى ئۇزاق ساقلىغان بولساممۇ، ئۇنى كۆرۈش تۇگۇل، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەلگىچە ئۇنى كۈتتۈم. ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر تال چالمىنى ئۇلارنىڭ چەللىسىنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ قويۇپلا، ئۆزۈمنى بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئالغىنىمچە ئۇلارنىڭ هويلىسىدىكى هەربىر شەپىگە قۇلاق سالدىم. نىهايەت، خېلى ئۇزاقتا يېنىك شىۋىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك قىلدى. مەن بوش، خۇددى يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئاۋازدا قۇرۇق يۆتەلدىم. ئاياغ تاۋۇشىمۇ يېقىنلا يەرگە كېلىپ توختىدى.

— بۇ سىزمۇ، توختىخان؟ — دېدىم مەن قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئاي قاراڭغۇسىدا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي.

— ھەئە، مەن... سىزنى كەلدىمىكىن دەپ چىققانىدىم، هېلىقى چالمىنى سىز تاشلىغانمۇ؟

— مەن تاشلىغان، — سۆزلىگەچ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ چوغدەك ئىسسىق قوللىرىنى تۇتتۇم، — مەن ئاڭلىغان گەپلەر راستمۇ؟

— ھەئە، سىزمۇ ئاڭلاپ بوپسىز ـ دە؟ — ئۇ خۇددى يىغلامسىراۋاتقاندەك سورىدى.

— ئاڭلىدىم، ئۆيىڭىزدىكىلەر نېمە دەيدۇ؟

— ئۇلار بۇ تويغا قارشى، لېكىن قەرزنى قانداق قايتۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ، دادامدۇ: «ئۆلسەمدۇ بۇ تويغا رازىلىقىم يوق، سەن خاتىرجەم بول» دېدى بولمىسا...

— نائەھلى ئوغرى، قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك... خەپ ئىگەكىم. قولۇمغا چۈشۈپمۇ قالارسەن، قانداق قىلىمەنكىن قېنى...

— ھەرگىز ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، «پېتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سال»غىلى بولمايدۇ. بىرەر ئامالى بولۇپ قالار.

— قانداق ئامالى بولىدۇ، توختىخان؟ بۇ ئىشلارنى ئۇلار بەرگەن مۆھلەت ئىچىدە تۈگەتمەك تەس.

— دادامدۇ، ئانامدۇ بايا بەك باش قاتۇرۇپ كەتتى، ئۇلار چوقۇم ئامال تاپالايدۇ.

— ئامال بولمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئوسمانىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى يەنە قىستاپ تۇرۇۋالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭغا تەگكىنىمدىن ئۆلگىنىم مىڭ ئەۋزەل... — توختىخان مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى سەزگەندەك تېزلا جاۋاب بەردى.

— يا ئىككىمىز بىر يەرگە قېچىپ كېتىمىزمۇ، توختىخان؟ — بۇ گەپلەرنىڭ ئېغىزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم، — يىراقلارغا كېتىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن قايتىپ كەلسەك...

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايلى، مەن بۇ يولدا ماڭسام ئاتا - ئانام ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — مەن بىچارىلەرچە سورىدىم.

— مېنىڭ سىزگە بەرگەن ۋەدەم ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە.

— ئەمىسە خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم ئامال تېپىلىدۇ...

دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردە ئاۋۋال بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئاندىن پەس ئاۋازدا چاقىرغان ئۈنى ئاڭلاندى.

— توختىخان... توختىخان، قەيەردە سەن، قىزىم؟!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېغىزىمغا كەپلىشىپ قالدى.

— ھە... ھاجەت قىلىۋاتىمەن... مانا... مانا ھازىر... — توختىخان قوللىرىنى قولۇمدىن بوشىتىپ، كەينىگە شوخشىدى، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن كىرىپ كېتەي...

شۇ كېچىسى كۆزۈمگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدىن نۇرغۇن مۇدھىش خىياللارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزۈمچە تەشۋىشلىنىپ قالدىم. ئەتىسى ناشتىلىقتىن كېيىن ئۆزۈمنى بىرەر ئىشقا مەلىكە قىلىپ بولسىمۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، قولۇم پەقەتلا ئىشقا بارمىدى ـ دە، ئۇدۇللا ئېتىزغا بېرىپ ئەتراپنى ئايلاندىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم يەنىلا توختىخاندا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قىززىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتىم. ئەگەردە شۇنداق بولۇپ قالسا، مېنىڭ ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلىرىم كەچ كۈزدىكى سەلكىن شامالدا تۇزۇغان تۇزغاقتەك تۇزۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ياردەم بېرىپ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا قولۇمنى سۇنالمايتتىم. چۈنكى، ئۆيىمىزنىڭ ھالى ئۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولسا

تۆۋەنكى، ھەرگىز پار كېلەلمەيتتى. شۇڭا، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. مەن نۇرغۇن ئاماللارنى ئويلاپ ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىغاندىن كېيىن ئاستا ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مەھەللىگە كەلگەندە يولنىڭ دوقمۇشىغا يىغىلىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا يېقىنلاشتىم.

— «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ مۇشۇ كۈندە، بىچارىگە بەكمۇ ئۇۋال بولدى.

— بايىقى يىغىسىنى ئاڭلاپ مەنمۇ يىغلاپ كەتتىم.

— ئىنساب دېگەننى پەقەتلا بىلمىدى بۇ جوھۇت، قاراپ تۇرۇپ قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك ئىش قىلدى ئەينا...

— «ياخشىغا كۈن يوق، ئەسكىگە ئۆلۈم» دەپ يا ئۆلمىدى بۇ ناكەس ئىت ئۇچەي. قاراپ تۇرۇپ بىر نارەسىدىنىڭ بەختىگە ئولتۇرىدىغان بولدى...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم ـ دە، بىرىدىن سورىدىم:

— نېمە ئىش بوپتۇ؟

— نېمە ئىش بولاتتى، ھاشىم چوڭنىڭ ياللاقچىلىرى قەرزنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىدىڭ دەپ ئاۋۇ مۆمىن پاسارنىڭ قىزىنى ئەكەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاسلا قالدىم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. لېكىن، باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. شۇنىڭغىچە ھېلىقى كىشى يەنە ئېغىز ئاچتى.

— بەكلا ئۇۋال بولدى ئۇ بىچارىگە... ئۆلمەي تۇرۇپلا دوزاخقا كىرگەندەكلا ئىش بولدى دېسە... ھەي...

مەن ئۇلاردىن يىراقلاشتىم. شۇ ئان ئىچ ـ ئىچىمدىن

ئېتىلىپ چىققان بىر ئاچچىق سېزىم بىلەن كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولۇپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كەتتى. مۇشتۇمۇم چىڭ تۈگۈلدى. «ياق، مەن توختىخاننى ئۇ چىلبۆرىگە تاشلاپ بەرمەيمەن، ئۇنى بىر ئاماللار بىلەن قۇتقۇزۇپ چىقىمەن ـ دە، يىراقلارغا ئېلىپ كېتىمەن.»

مەن شۇلارنى ئويلاپ تېزلا ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. تەلىيىمگە يارىشا ئۆيدىكىلەر يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتىم. شۇنداقتىمۇ بۇمۇ بىر ھېسابتا ئوبدانلا بىر پۇرسەت ئىدى. شۇڭا، تېزلىكتە ئالدىنقى يىلى بازارغا كىرگەندە سېتىۋالغان بولسامۇ، دادام: «سېنىڭ ئاچچىقىڭ يامان، بالام، ئاچچىق دېگەن ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدۇ، شۇڭا يېنىڭغا ئاسمىغىن...» دەپ ئاسقىلى قويمىغان خەنجەرنى ئېلىپ، بىسلىرىنىڭ ھېلىھەم ئىتتىك ئىكەنلىكىنى دەڭسىگەندىن كېيىن پوتامغا قىستۇرۇپ تالاغا چىقتىم ـ دە، قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتتۈم. نىھايەت، شۇ كۈنى قاراڭغۇ تولىمۇ تەستە چۈشتى. مەن ھاشىم چوڭنىڭ ئادەمنىڭ بويىدىنمۇ ئېگىزرەك تام سوقۇلغان قورۇسىنى نەچچە ئايلىنىپ، ئارتىلىپ چۈشۈشكە ئەپلىكرەك يەر تاپالمىغاندىن كېيىن بېغىغا سۇ باشلايدىغان ئېچىقنىڭ شورىسى بىلەن ئۆمىلەپ باغقا كىردىم. شۇ ئان يېقىنلا يەردە بىر ئىت قاۋاپ كەتتى. مەن بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان بولغاچقا، يوشۇرۇنغۇدەك يەر ئىزدىگەن بولساممۇ، لېكىن تاپالماي بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىگە ياماشتىم. ھېلىقى ئىت بىردەم قاۋىغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. مەن شۇنىڭدىلا دەرەختىن چۈشۈپ، ھاشىم چوڭنىڭ ئېغىلىدىن ئايلىنىپ، ئولتۇرىدىغان ئۆيى تەرەپكە ئۆتمەكچى بولۇۋاتقىنىمدا تۇساتتىنلا يەردىن

ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى ـ دە، بىردەمدىلا ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلدى. شۇ ئان قورۇ تەرەپتىن قالايمىقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ــ ئوت كەتتى!... ئوت كەتتى!

ــ تېز بولايلى.

ــ ھەي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، مالنى كەتمەننى ئاچىقىپ توپا تاشلا.

ــ سۇ چاچايلى... سۇ...

مەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ مىيىقىمدا كۈلگەچ، تام ياقىلاپ مېڭىپ ئالدى قورۇغا يېقىنلاشتىم. بۇ يەردىمۇ بىرنەچچەيلەن كۆنىكى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا قاراپ سەلگىنە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوسماننىڭ ئۆيى تەرەپكە بىر نىشىغا يېقىنلا يەردىن ئوسماننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ئوتنى سەن قويدۇڭمۇ، قانجۇق؟ تېخى ئۆزۈڭچە بۇ ئۆيگە ئوت قويۇۋەتسەم قېچىپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلىدىڭما؟

ــ بىلىپ تۇرۇپ نېمە دەپ سورايسەن؟

مەن بۇ ئاۋازنى تونۇدۇم. بۇ توختىخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

ــ مانا مەن بىلەن جاۋابلاشقان ئېغىزىڭغا...

ــ ئۇر... ئۇرە... ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ مەن ساڭا تەگمەيمەن، بۇ يەردىن ھامىنى قېچىپ كېتىمەن.

ــ چۆچۈرىنى خام سانىما، قانجۇق، بۇ يەرگە تىرىكلىك كىرىپ، ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ.

ــ سەن مېنى باش ئەگدۈرەلەيمەن دەپ ئويلامسىنا؟

ئۇخلىماي چۈش كۆرمە، ئوسمان... سەن پەيمانىڭ توشقىنى كۆڭۈلسىرى كېلىدۇ، تېخى...

— ھۇ بۇزۇق... ھۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكەن رەسۋا... مانا ئەمىسە...

قۇلىقىمغا توختىخاننىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، ئۆيدىن ئېلىۋالغان خەنجەرنى ئېلىپ، چىڭ سىقىمدىغان پېتى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئېتىلدىم.

— ئەركەك بولساڭ، مانا مېنى ئۇر... بۇ بىچارىنى قويۇۋەت، ئەبگار، — مەن سۆزلىگەن پېتى ئوسمانغا يېقىنلاشتىم.

— كىم... كىمسەن؟... — ئوسمان بىردىنلا دۇدۇقلاپ سورىدى، — ھەرقانچە يۈرىكىڭ بولسىمۇ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما. يېقىن كېلىدىغان بولساڭ ئىچ ـ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن.

— مەن غوجىكاڭنى كۆرمەكچى بولساڭ كۆزۈڭنى يوغان ئاچ... — مەن سۆزلىگەن پېتى بېرىپ ئۇنى قاتتىق تەپتىم. بىراق، ئۇمۇ چاققانلىق قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالغاچ ۋارقىرىدى.

— ئادەم بارمۇ؟... ئادەم بارمۇ؟...

— تېز قېچىڭ... — دېدى توختىخان ئەنسىزلىك بىلەن، — بۇلارغا تۇتۇلۇپ قالسىڭىز چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ.

— ياق، قاچىدىغان ئىش بولسا ئىككىمىز تەڭ قاچىمىز... — مەن سۆزلىگەچ ئوسمانغا مۇشت ئاتتىم. مۇشت جايىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئۇ يىقىلماي، يەنە ئادەم چاقىرىپ ۋارقىرىدى. بۇنى كۆرۈپ غەزىپىم ئۆرلىدى ـ دە، قولۇمدىكى پىچاقنى ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە

ئىككى - ئۈچ قېتىم سانجىدىم. ئوسمان چوشقىدەك چىرقىرىدى. شۇ ئان يېقىنلا يەردىن دۈپۈرلىگەن قالايمىقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— تېز قېچىڭ... ئاۋۇ تەرەپتىن يالاقچىلار كېلىۋاتىدۇ، — دېدى توختىخان مېنى ئىتتىرىپ، — بۇلارغا ھەرگىز تۇتۇلۇپ قالماڭ...

— قاچىدىغان ئىش بولسا بىللە قاچىمىز، توختىخان، بولمىسا مەنمۇ قاچمايمەن.

— ياق، كىچىك بالىدەك گەپ قىلماڭ، مەن قاچمايمەن. مەن قاچسام ئۆيدىكىلەرنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرگەن بولىمەن. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مېنى باققان ئەجرىگە يۈزىگە قارا سۈۋاپ جاۋاب قايتۇرغاندەك ئىش قىلغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز قاچقان تەقدىردىمۇ، بەربىر ئۇلارنى ئېلىپ ماڭالمايمىز، شۇڭا...

— ياق، جېنىم توختىخان، سىز ماڭا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭىزغۇ؟ ئەگەر سىز مەن بىلەن ماڭمىسىڭىز، مەنمۇ ماڭمايمەن، مەيلى قانداقلا كۈن كۆرسەك تەڭ كۆرىمىز.

— سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي، ئۇلار مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئىككىلىمىزلا تۇتۇلۇپ قالساق، ئۇ چاغدا ئوبدان بولمايدۇ. مەندىن ئەنسىرىمەڭ، مەن ۋەدەمگە چوقۇم ئەمەل قىلىمەن.

— سىزنى بۇ چىلبۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ قويۇپ قانداقمۇ قاچالايمەن، توختىخان، بولدى، گېپىم گەپ، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ تەڭ كۆرەيلى.

— خۇدا ھەققى، سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ قالاي، سىز بۇ مەھەللىدىلا ئەمەس، يۇرتتىمۇ تۇرماڭ. خۇدا رىزقىمىزنى قوشقان بولسا ھامان

ئۆچرىشىدىغان، كۆرۈشىدىغان كۈنلەر بولىدۇ. ئەگەر گېپىمگە كۆنمىسىڭىز كېيىن پۇشايمان قىلىسىڭىزمۇ ھەرگىز ئورنىغا كەلمەيدۇ. سىزنى قورقۇتقىنىم ئەمەس، راست دەۋاتىمەن... ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز مۇشۇ قېتىم گېپىمنى ئاڭلاڭ، بۇ يەردىن چىققانچە يىراقلارغا كېتىڭ، قانچە يىراققا كەتسىڭىز مەن شۇنچە خۇشال بولىمەن...— توختىخان بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى،— ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئىككىلىمىز مەڭگۈ ھەسرەتتە قالىمىز، مەن سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي...

ئوسمانىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ قالغانىدى. مەن راستتىنلا ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ ئاچا يول دوقمۇشىدا قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي قالغان ئادەمدەك تېڭىرقاپ قالغاندىم. كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، توختىخاننى بۇ دوزاختا قالدۇرۇپ قويۇش يىگىتلىك غۇرۇرۇمغا مۇخالىپ كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ئەگەر ئىككىلىمىز تەڭلا تۇتۇلۇپ قالساق قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

— تېز مېڭىڭ، مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا بىز ھامىنى بىر كۈنى كۆرۈشىمىز...

مەن ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۇنى تۇنجى قېتىم چىڭگىدە قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن:

— خۇدايىمغا ئامانەت، توختىخان، سىزنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاغا تاپشۇردۇم...— دېدىم ـ دە، ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈردۈم. ھاشىم

چوڭنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئەكەلگەچكە، ھويلىغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار بار ئىدى. شۇڭا، بۇ قورۇدىن ئاسانلا چىقتىم ـ دە، قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئارىدا غۇلام يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى.

ـــ ھەرنېمە بولسا، خۇدا بىر ساقلاپتۇ، ئاداش،ـــ دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ ئارقىسىدىن ئىت قوغلىغان ئادەمدەك تېز ـ تېز سۆزلەپ،ـــ بايا بۇ قورۇدىن ئاسمان ـ پەلەك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلگەندىلا، سېنى ئىچىدىمىكىن دەپ ئويلاپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدىم. خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، ھەرھالدا ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپسەن، بۇ ئوتنى سەن قويدۇڭمۇ؟

ـــ ياق، مەن ئەمەس، توختىخان قويۇپتۇ.

ـــ نېمە؟ توختىخان ھاشىم تازنىڭ مۇشۇ قورۇسىغا ئوت قويۇۋېتىپتىمۇ؟ـــ غولام ئىشەنمىگەندەك سورىدى،ـــ ئۇ ئۆزى قەيەردە ھازىر؟

ـــ ئۇ ئىچىدە، بىرگە قاچايلى دېسەم ئۇنىمىدى،ـــ مەن ئەلەم بىلەن لەۋلىرىمنى چىشلەپ قويدۇم،ـــ ئاخىرى بولالماي...

ـــ بۇمۇ بوپتۇ، ھەر ئىككىڭلارنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنىڭلاردىن بىرىڭلار بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلغىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ. ئۇ ئەقىللىك قىز، بۇ بۆرە ئۇۋىسىدىن ھامىنى قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.

دەل شۇ چاغدا ھاشىم چوڭنىڭ قورۇسى تەرەپتىن بىرىنىڭ قەھر بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ مېڭىڭلار، بارات قاراقاشنىڭ نىياز دېگەن پالاق تۇخۇمىنى قەيەردە بولسا تۇتۇپ كېلىڭلار. گەپنىڭ

سەتمنى ئاۋۋال دەۋالاي، ئەگەر ئۇنى تۇتالماي كەلسەڭلار، پيشانەڭلارنى سىلىۋېتىڭلار.

غولام بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلەشكەندەك بولدى ـ دە، پەس ئاۋازدا ئىسقىرتتى. شۇ ئان قاراڭغۇلۇقتىن ھىممىت دىلڭ ـ دىلڭ بىر ئاتنى يېتىلەپ چىقتى. غولام تېزلىكتە ئاتنىڭ باشبېغىنى قولىغا ئالدى.

ــ قېنى ئاتقا مىن ـ دە، قامچا ئۇر، قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى. ئۆيۈڭدىكىلەردىن ئارتۇقچە ۋايىم يەپ كەتمە، ئەل ـ ئاغىنىلەر ئاتا ـ ئاناڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆپكەم ئۆرۈلگەندەك بولدى ـ دە، كۆزلىرىمگە ياش ئولاشتى.

ــ رەھمەت...

ــ بۇنداق گەپنى قويۇپ، ئاتقا مىن، ئاداش، تېز بول...

مەن ئاتقا مىندىم ـ دە، غولامنىڭ قولىدىكى ئاتنىڭ باشبېغىنى قولۇمغا ئالدىم. شۇ ئارىدا غولام ئاتنىڭ يانپېشىغا قاتتىق ئۇرغاچ ۋارقىرىدى:

ــ ئېسىڭدە بولسۇن، قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى، ھەرگىز ھاشىم تازىنىڭ ئادەملىرىگە تۇتۇلۇپ قالىدىغان ئىشنى قىلما...

ئات تۇيۇقسىز تەگكەن تاياق زەربىسىدىن چۆچۈپ ئالدى تەرەپكە قاراپ چاپتى. مەن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم ـ دە، تېزلىكتە ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىڭ تارتىپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، كۈچ بىلەن ئاتنى تېقىمدىدىم. ئەتىسى چۈش مەھەلگىچە توختىماي يول يۈرۈپ، ئاتنىڭ پەقەتلا ماڭغۇچىلىك مادارى قالمىغاندىلا ئاندىن ئارام ئالدىم. ھېلىمۇ ياخشى

غولام ئىشلارنى ئالدىن پىلانلاپ بىر خۇرجۇننىڭ ئىككى پېيىغا زاغرا سېلىپ غانجۇغىلاپ قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن قورساق تويغۇزۇپ، ئاتنىمۇ بىر ئاز ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن يولغا چىقتىم. راستىنى دېسەم، كۆڭلۈم تېخى ئارامىغا چۈشمىگەنىدى. كۆز ئالدىمدا هاشىم چوڭنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى، توختىخاننىڭ تاياق زەربىسىدىن بىهوش بولغان قىياپىتى، چاپارمەنلەرنىڭ مېنى سۆرۈشتۈرۈپ ئىزدەۋاتقان كۆرۈنۈشى ئۆتۈپلا تۇراتتى. شۇڭا، توختىماي يول يۈرۈپ، ئۇلار تاپالمايدىغان يەرگە كېتىش قارارىغا كەلگەنىدىم. مەن شۇ ماڭغانچە ئاخىرى چەرچەنگە كېلىپ توختىدىم ـ دە، ئاتنى ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ، يېرى كۆپ بولسىمۇ ئىشلەمچى تاپالمايۋاتقان سۇلايمان دەمدەر دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىپ قالدىم. ئۇ خېلى تەقۋادار ئادەم بولۇپ، مەھەللىدىكى كىشىلەر بىلەن ئوبدانلا ئەسىرلىشىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىرلا قىز پەرزەنتى بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. نەچچە قېتىم «ئۇ يەردىكى ئىشلار ئەمدى بېسىقىپ، خەقلەرنىڭ كۆڭلىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندۇ، يۇرتقا قايتىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ، توختىخاننىڭ دېرىكىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم بولمايدىغان يېرىگە يەتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ يۇرتۇمغا ئاتلىنىشنى خىيال قىلدىم ـ يۇ، لېكىن يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنداقتىمۇ قولۇم سەللا بىكار بولسا ئۇلارنى ئويلىمايدىغان كۈنۈم، چۈشۈمگە كىرمەيدىغان كېچەم يوق ئىدى. بولۇپمۇ شۇ كۈنلەردە ئوسماننىڭ قانغا مىلەنگەن هالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ياتقان جەسىتى،

ھاشىم چوڭنىڭ پۈلتىيىپ كەتكەن، ھازىرلا چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان قان تولغان كۆزلىرى چۈشۈمدىمۇ، ئوڭۇمدىمۇ كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا كەتمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، كۆڭلىرىم بىر خىل خاۋاتىرلىنىش ئىچىدە ۋەھىمە بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭىمۇ يۇرتقا قايتىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، توختىخان بىلەن دىدارلىشىش ئىستىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما كۆزۈم قورقۇۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سۇلايمان دەمدەر مېنى ئالدىغا چاقىرتىپ، خېلى ئۇزاق گەپ يورغىلاتقاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئۇقتۇردى.

— بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىڭىزغا ئىككى يىلدىن ئاشتى، نىياز ئاخۇن، بۇ جەرياندا ئاتا ـ بالىدەك بولۇپ قالدۇق. ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ ھېچقانداق نەرسىدىن خىجالىتىمىز يوق. قولىمىزنى قەيەرگە سۇنساق شۇ يەرگە يېتىدۇ. لېكىن، شۇ ياشنىپ قالدۇق، شۇڭا بالىنىڭ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ...— ئۇ ماڭا «لاپپىدە» قاراپ قويغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك بىردەم ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى،— سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشىمىز بار ئىدى. ئەسلىغۇ بۇ گەپنى ئۆزۈم مۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا دېمىسەم بولاتتى. لېكىن، باشقىلارنى ئەلچى قىلىپ سىزگە دېگۈزگەندىن كۆرە، ئاتا ـ بالىدەك بولۇپ قالغاندىكىن ئۆزۈملا دەي دېگەن يەرگە كەلدىم. سىزگە دېسەم بولارمۇ؟...

مەن ئۇنىڭ نېمە ئىش ھەققىدە ئېغىز ئاچىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ناھايىتى تېزلىكتە نۇرغۇن

ئىشلارنى خىيال قىلىپ ئۆلگۈرگەن بولساممۇ، لېكىن ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالماي ئېغىر ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— قېنى، ھەرقانداق گەپ بولسا دەۋەرسىلە...

— بۇ مۇنداق ئىش، بالام، بىز ياشىنىپ قالدۇق. بۇ دۇنيالىقتىكى بىر تاللا گۆھىرىمىز بار ئىدى، كۆزىمىز يىلدىرلاپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنى دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل يىگىتكە تاپشۇرۇپ، گەدىنىمىزدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلىۋەتسەك دېگەن ئويدا بولۇۋاتقىلى خېلى بولدى. بىز مەسلىھەتلىشىپ سىزنى... راست گەپنى دېسەم، ھازىر تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىۋاتىمەن. ئەسلى قىزنىڭ ئاتىسى بولغاچقا، سىزگە بۇ گەپلەرنى دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى، لېكىن سىزنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ دەۋاتىمەن. ئاۋۋال ئويلىنىپ بېقىڭ، ماقۇل كۆرسىڭىز ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىپ قويارمىز. ئەگەر باشقىچە خىيالىڭىز بولسا بۇمۇ كۆڭلىڭىز، سىزدىن تەمبەت خاپا بولۇشۇم يوق. شۇڭا، بىرنەچچە كۈن ئويلىنىپ كۆرۈڭ...

مەن ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. سۇلايمان دەمدەرنىڭ قىزى گۈلبۇۋى ئەدەپ ــ قائىدىلىك، خۇلق ــ مىجەزى ئوبدان، چىرايلىق چوڭ بولغانىدى. مەھەللە ــ كويلاردا «گۈرۈچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك گۈلبۇۋى خەۋەرسىز يۈرسىمۇ، ئۇنى ئالىمەن دەپ ياقا سىقىشىپ، قاش ــ قاپاق يېرىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، مانا ئەمدى... مەن خېلى كۈنلەرگىچە ئويلاندىم. ئۇنداق قىلسام توختىخانغا يۈز كېلەلمەيتتىم. يۈرتقا

تېخى قايتالمايتتىم. قانداق قىلىش كېرەك؟... سۇلايمان دەمدەر مېنى يەنە ئالدىغا چاقىرتتى ـ دە، يەنە بىر تالاي نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۆز كۆڭلىنى چۈشىنىشىمنى، بۇ ئىشقا تېزرەك جاۋاب بېرىشىمنى جېكىلىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا قەدەم باسقاندىن بۇيان ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ دادامنىڭ ئورنىدا بېشىمنى سىلىغانلىقىنى ئويلىسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئويلىمىغان يەردىن گۈلبۈۋى بىلەن توي قىلىپ بىر ياستۇققا باش قويدۇم. ئاردىن تۆت ـ بەش يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە قېيىنئاتا ـ قېيىنئانام ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى گۈلبۈۋى بىلەن ماڭا قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا يۇرتتا ئىدى. ئولتۇرسام ـ قوپسام ئاتا ـ ئانامنى، بىر قورساق قېرىنداشلىرىمنى، توختىخاننى ئويلايتتىم، ئەمما بۇ ھەقتە گۈلبۈۋىگە پەقەت سىر بەرمىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان بولسامۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم. بۇنىڭدىن گۈلبۈۋىنىڭ كۆڭلىمۇ پاراكەندە بولۇپ، ئۆزىنى ئەيىبلەپلا تۇراتتى. تېخى بەزىدە توقال ئېلىپ پەرزەنتلىك بولسامۇ خاپا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتاتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھازىرقى كۈنلىرىمگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلاتتىم. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چەرچەن دىيارىغا كېرىيەدىن بىرنەچچە بايلارنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى ـ دە، ئۇلاردىن مەن زارىقىپ كۈتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى.

شۇنىڭ بىلەن، چەرچەنىدىكى سادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ھۇزۇرىغا باردىم ـ دە، كىرىيەدىن چىققانلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلاردىن ئۇنى ـ بۇنى سورىغان بولۇپ ئۇلارنىڭ دىرىكىنى قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى تونۇمىسىمۇ، لېكىن ھاشىم چوڭنى بىلىدىكەن.

— ھاشىم چوڭنىڭ بىر ئوغلى بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەن كۈنى بىرى پىچاق تىقىۋەتكەن ئوخشايدۇ، شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ قاپتىكەن. ھاشىم چوڭ بالا دەردىدە ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەيدىغان، كوچا ـ كويلاردا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭىدىغان بولۇپ قېلىپ، بىر ـ ئىككى ئايلاردىن كېيىن دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى،— دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. كەلگەن مېھمانلارنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ياندىم. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. مەن ئۇلارنى لايىقىدا بولمىسىمۇ، بىر ئامال بىلەن ياخشى كۈتۈشكە تىرىشتىم. ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ مۇسا بېگىممۇ بار ئىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كېرىيەلىك ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— ئۇياقلاردىن چىققىلى خېلى ئۇزاق بولۇپ قاپتۇ ـ ھە؟!— دەپ سورىدى مۇسا بېگىم سۆزۈمگە قىزىقىپ.

— ھەئە.

— نېمە سەۋەبتىن چىققانتىڭىز؟...

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، دەسلىپىدە جاھان كۆرەرمەن دەپ يولغا چىققان، كېيىن يەرلىشىپ قالدىم.

— چەرچەننىڭ تۇزى ئېغىر كېلىپ قايتالماي قاپسەن ـ ھە؟

— شۈنداقراق.
— بىر چىققانچە كېرىيە تەرەپكە بارمىدىڭمۇ؟
— ياق، بېرىش نېسىپ بولمىدى.
— بۇ يەردىغۇ ئوبدان كۈن ئېلىۋېتىپسەن، لېكىن ئادەم دېگەن تۇغۇلغان يېرىنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ. ئەگەر خالىساڭ بىز قايتقاندا ھەمسەپەر بولۇپ بىللە قايتايلى، يۇرتلىرىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگىن...

مەن جاۋاب بېرىش ئورنىغا بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن گۈلبۈۋى مېنىڭ بىردىنلا شۈكلەپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن يوشۇرماي بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى سۆزلەپ بەردىم. ھەتتا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ بەكمۇ تەسىر قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدىم.

— سىلى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان بىرەر غەم - غۇسسەلىرىنىڭ بارلىقىنى سەزگەن بولسامۇ، لېكىن سوراپ يۈرمەي، كېيىنكى كۈنلۈكتە ماڭا ئىشەنسە ئۆزى دەپ بېرەر دەپ ئويلىغاندىم. ئەمما، بۇنداق قاباھەتلىك قىسمەتلەرنى باشلىرىدىن كەچۈرگەنلىكلىرىنى ھازىر دەپ بەرمىگەن بولسىلا ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرمەس ئىكەن. ئاز دەرد تارتماپلا، نىياز ئاخۇن، ھېلىمۇ بەرداشلىق بېرىپ مۇشۇ كۈنگىچە ياشاپ كەپلا. ھېلىقى مۇسا ھاكىمبەگ توغرا دەپتۇ. ئۆز يۇرتلىرىنى يوقلايدىغان ئىش بولسا مېڭىۋەرسىلە. ئەگەر ئاتا - ئانىلىرى ھايات بولسا خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالارلا. ھېلىقى توختىخانىنىمۇ ئىزدىسىلە، ھاياتلا بولسا كۆرۈشۈپ قويسىلا، دىلىنى چىگىپ قويسىلا بولمايدۇ. ئالىمادىس ئاتا - ئانىمىز قازا قىلىپ كېتىپ، توختىخانىنىڭ

دېرىكى بولمىسا قايتىپ كېلەرلا، ئۇنداق بولمىسا ئەھۋالغا قاراپ، مەيلى قانداقلا قارار چىقارسىلا مەن رازى...

گۈلبۇۋىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلاپ باقمىغان بولغاچقا، كۆزلىرىمگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتىم ـ دە، مۇسا بېگىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بۇ تەرەپكە يولغا چىققاندا قوشۇلۇپ سەپەرگە ئاتلاندىم. ئەمما، تەقدىر تولىمۇ كور ئىكەن. مەن كەلگەن ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانام ئاللىقاچان قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بىر تۇغقانلىرىم ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم ـ دە، توختىخاننىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ھاشىم چوڭنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ نەچچە كۈنلەردىن كېيىن توختىخان ساق ـ سالامەت قايتىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ چىقىپ كەتكەنچە، مەھەللىگە قايتىپ كەلمەپتۇ. ھازىرچە ئۇنىڭ دېرىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ قانچىلىك ھەسرەت چەككىنىمنى، ئادەم يوق يەردە ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىمنى بىر ئۆزۈم، بىر ياراتقان ئىگەم بىلىدۇ. مەن قېرىنداشلىرىم، مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرىم بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇپ ئارىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى دېيىشكەچ ئون نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. شۇ چاغدا مۇسا بېگىمنىڭ خىزمەتكارى ئۇنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. مەن خىزمەتكار بىلەن مۇشۇ قورۇغا كېلىپ، مۇسا بېگىم بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن مېھمان بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ پۇرسەتتە تاسادىپەن توختىخاننى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. توختىخانمۇ مېنى

كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. تەلىيىمگە يارىشا يېنىمدا مۇسا بېگىم يوق ئىدى. بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. شۇ ئارىدا توختىخان ئۆزىنىڭ بۇ قورۇدا خىزمەتكار بولۇپ ئىشلەۋاتقىلى ئۇزاق يىللار بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا مۇسا بېگىم مېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرىمنى بىر قۇر سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، چەرچەنگە قاچانلاردا قايتىدىغانلىقىمنى سوراپ قالدى.

— ئەمدى ئۇ تەرەپلەرگە بارمايمىكىن،— دېدىم مەن كىچىچە ئويلانغىنىم بويىچە،— سىلى ئاشۇ چاغدا دېگەندەك تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز بولىدىكەن. ئۇ يەردە ھەرقانچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرسەممۇ، ئۇرۇق — تۇغقانلىرىم بۇ يەردە قالغاچقا، بىر كۆزۈم ئارقامدا قالغاندەك تۇيۇلىدىكەن.

— ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ جېنىمنى جان ئېتەلىگۈدەك بىرەر ئىش قىلارمەن، بېگىم.

— ئۇنداق بولسا مۇشۇ قورۇدا تۇرۇپ قال. سەن بىلەن دىدارلاشقاندىن باشلاپ، سېنىڭ دۇرۇس ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدىم. كېيىنچە مۇۋاپىقراق بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماقچى بولساڭ، يەنە بار مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلارمىز.

بۇ كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ بولغاچقا، نىزىقاپ ئولتۇرمايلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ مۇشۇ يەردە ئىشلەشكە باشلىدىم. كېيىنكى چاغلاردا مۇسا بېگىم ھاكىمبەگلىككە كۆتۈرۈلدى. مېنىڭمۇ ئىشلىرىم كۆپەيدى. ھەر كۈنى توختىخاننى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاچقا، ھەرقانچە جاپا تارتساممۇ رازى ئىدىم. لېكىن، ھازىرغىچە

ئۇنىڭدىن تويى قىلىشقا ماقۇللۇق جاۋابىنى ئالالمايۋاتىمەن...

نىياز قاراقاش جىم بولۇپ قالدى. شېرىن ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ جىممىدە ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئوچاقتىكى ئوتمۇ ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان بولۇپ، ئۆيئىچى سوۋۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇلار بۇنى تۇيمىغاندەك جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى.

— توختىخانىنىڭ ئۆزلەنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماسلىقىدىكى سەۋەب نېمىكەن؟ — دەپ سورىدى شېرىن ئۆيئىچىدىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن هال مەھەللىسىدىكى يىراقراق ئۇرۇق - تۇغقىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇسا بېگىمنىڭ بۇ قورۇسىغا خىزمەتكار بوپتۇ - دە، قۇللۇقى تىنچىپلا قاپتۇ. كېيىن ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى قازا قىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ هازىرقى كۈنلىرىدىن رازى ئىكەن. ئەگەر مەن بىلەن تويى قىلىپ قالسا، بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ئاشكارا بولۇپ مېنىڭ بىرەر ئۆۋالچىلىققا ئۇچرىشىمنى خالىمايدىكەن.

— بۇ ئىشلارنىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، هاشىم چوڭ بىلەن ئوسمانىنىڭ ئاللىقاچان ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكىنى، هازىر ئۇلارنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزمىدىلىمۇ؟

— دېمەمدىغان، دېدىم، سىلى دېگەن گەپنى ئەڭ كېيىمدە بىرەر يۈز قېتىم دەپ بولغاندىمەن، لېكىن ئۇ گېپىدىن يانمىدىغاندەك ئەمەس. شۇ تاپتا بېشىمنىڭ

ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن.

— بۇ ئىشنى مۇسا بېگىمنىڭ سەمىگە سېلىپ بېقىشنى ئويلاپ باقمىدىلىمۇ؟

— مېنى بۇنداق قىلىشنى ئويلىمىدى دەملا، نەچچە قېتىم ھاكىمبېگىمگە كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ، گۇناھىمغا تۇۋا قىلغاچ، توختىخان بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلاي دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم.

— ئەمىسە خاتىرجەم بولسىلا، ئەگەر ماڭا ئىشەنسىلە مەن چوقۇم بۇ ئىشنى مۇۋاپىق پەيتتە ھاكىمبېگىمنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا ئامال قىلىپ باقاي.

— سىلىچە مۇسا بېگىم بۇ ئىشقا نېمە دەر؟

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە يا ئۇنداق، يا مۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ مەن ئاۋۋال ئۇرۇنۇپ باقاي، قالغان گەپنى ئەھۋالغا قاراپ دېيىشەمدۇق؟

— ئەمىسە ئۆزلىرىنى مالال قىلىدىغان بولدۇم.

— ئۇنتۇپ قالمىسىلا، بىز بايا نېمە دېيىشكەن، بىر قورساق قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان بۇرادەرلەرمۇ مۇشۇنداق تەكەللۇپ قىلىشامدۇ؟...

— ماقۇل ئەمىسە، بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆزلىرىنىڭ خۇش خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن.

ئۆيئىچى يەنە سۇكۇناتلىققا چۆمدى. ئۇلار كۆلۈڭدىكى ئۆچەي دەپ قالغان چوغلارغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. شۇ چاغدىلا شېرىننىڭ يادىدىن ئوچاققا ئوتۇن سېلىش خىيالى كەچتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. بۇنى پەملەپ

تۇرغانـدەك سـىرتـتـا بىرسـنـىڭ خىـلـى يۇقـىرى ئـاۋازدا دەۋاتقان گـېپى ئاڭلاندى.

ــ باياتىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن، قەيەرگە كەتكەندۇ بـۇ نىياز ئاخۇن؟

ــ بايا شېرىن بىلەن تۇرغاندەك قىلىۋاتقان، پەمىچە يىراققا كەتمىدى، ئىزدەپ باقسىلا...

نـىياز قاراقـاش «لـوڭگـىدە» ئـورنىدىـن تـۇردى ــ دە، سـىرتقا ماڭغاچ دېدى.

ــ مېنى بىرى ئىزدەۋاتقان ئوخشايدۇ، شېرىن، مـەن چىقاي، ئەمىسە بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم.

# سەككىزىنچى باب

## باھار تىنىقى

بۇ يىل ئەتىياز بۇرۇنلا كەلدى. باھار ئايلىرى كىرىش بىلەنلا ئىرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى مۇزلار كاۋاكشىپ، قىشچە قار ئاستىدا ياتقان يەرلەردىن سۇ ئۇرلەپ لۆمشىشكە باشلىدى. كىشىلەر ئەتىگەن ـ كەچتىكى تەنىنى خىلىلا ئەندىكتۈرىدىغان سوغۇقنى ئۇنتۇپ قىلىشقاندەك يىلىڭلا كىيىنىشكە باشلىغانىدى. كىچىك باللار سۆگەت نوتىسىنى پەم بىلەن ئۇشتۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى غولىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىلىۋەتكەندىن كېيىن بوت ـ بوت ياساپ ھەر خىل كۇيلەرگە چالماقتا ئىدى. چوڭلارمۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا كىرىشكەن بولۇپ، كەتمەنلىرىنى ساپلاش، تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ يېنىغا بېرىپ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئەنە شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ھال مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ئاقشۇر دىگەن كەڭرى سەينادا ئوغلاق تارتىشىش بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھاۋا ئىللىغاندىن بىرى مۇسا ھاكىمبەگ جاكارچى ئارقىلىق بۇ ئىشنى جاكارلىغانىدى.

ئاقشۇر ئىسمى جىسمىغا لايىق يەر ئىدى. ياز كۇنلىرى

بىر غىرىچ ئېگىزلىكتىكى قىياق، شاخشاق، يانتاق قاتارلىق ئوتلار ئۆسكىنى بىلەن، كۆز، قىش پەسىللىرىدە شورلار ئۆرلەپ، ھەممە يەر ئاق كۆرۈنەتتى. ئەمما، بۇ يەر كۆز يېتىم يەردە تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىرەر نەرسىنى قويۇپ قويسا بىمالال كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭىمۇ بۇ يەردە ئوغلاق تارتىشىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر بۇ خەۋەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشۈپ، ئاشۇ كۈنى مەيلى قانداقلا ئىشلىرى بولسۇن چوقۇم بېرىپ بۇ ئويۇننى كۆرۈشتىن قىسىمىنى قالماسلىقنى مەسلىھەتلەشتى. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس دېگەندەك، سۆگەتلەرنىڭ چوكانلىرى ئوبدانلا يېشىللىشىپ، يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان، قارا تېرەكلەر پوتلا تاشلىغان، ئۆرۈكلەر ھۆپپىدە چېچەكلەپ، تەبىئەتكە يېڭىچە ھۆسن قوشقان، قۇياش يېڭى تويى بولغان كېلىندەك كۈلۈپ چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاقشۇر بىردىنلا قىزىپ كەتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىمەستىنلا كىشىلەر بۇ تەرەپكە سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. كۈن تىكلىنەي دېگەندە بىپايان ئاقشۇر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئۆلۈشكۈن، تۈنۈگۈندىن باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ بورا كەپە ياساپ ئۆلگۈرگەن تىجارەتچىلەر قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ تىجارىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. گازىر - پۇرچاق، ماتاڭ، ئۆپكە - ھېسىپ، گۆشگىردە ساتىدىغانلار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىشاتتى. ئىككى - ئۈچ قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاپ، داش قازاندا قاينىتىۋاتقانلارنىڭ ئۈنى پۇتۇپ بوغۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەتراپنى شورپىنىڭ خۇشبۇي، دىماقنى ياردىغان مەززىلىك ھىدى بىر ئالغانىدى. ئوغلاق تارتىشىدىغان مەيداننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ياسالغان ئىككى غولاچ

ئېگىزلىكتىكى سەھنىنىڭ ئاستىغا ئاۋۋال بورا، ئاندىن كىگىز، گىلەملەر ۋە كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. سەھنىدىن بىر كۆز يېتىم يىراقلىقتا بوگۇنكى ئوغلاق تارتىشىشقا چۈشىدىغان ئاتلار بار ئىدى. بەزىلىرى ئاتلىرىنى قىزىتىپ، تەييارلاش ئۈچۈن قىسقا ئارىلىقتا چاپتۇرۇشۇپ قويۇشاتتى. ئۇلاردىن سەل نېرىدا تالاشتۇرۇشقا سېلىنىدىغان ئىتلارنى تۇتۇۋالغانلار كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ھاۋشىپ، ھېلىلا بويۇنلىرىدىكى قۇيما زەنجىرنى ئۈزۈۋېتىدىغاندەك قاۋاۋاتقان ئىتلاردىن ئەيمىنىشكەندەك كەينىگە داجىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرى يەنىلا ئىتلاردا ئىدى.

— قاراخلار ئاۋۇ ئىتنى، قويۇپ بەرسە ئېتىلىپ كېلىپلا ئادەمنى چىشلەيدىغاندەك ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ...

— سايىم سەگۋاز ھەر كۈنى ئىككى تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى بېرىپ باقىدىكەن، ئادەملەر تويلاشقان سورۇندا بۇنچىلىك قاۋاپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرمىسا بولماس.

— سايىم ئاخۇن بۇ سەگكە كۈندە ئىككى تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى بېرىپ بورداپ باقىۋۇچە، شۇ تۇخۇمنى ئۆزى يېگەن بولسا بوپتىكەن. قاراخلار ئەپتىگە، شۇمۇپ تاشلىۋەتكەن ئۆرۈكتەكلا تۇرىدۇ، بەدىنىنى پىچاق بىلەن قىرسا گۆشمۇ چىقمايدىغاندەك...

— سىلى ئۇنداق دېگەنبىلەن ئۇنىڭ ئۆزى رازى، بەزىدە سەگنىڭ ئەركىلەپ قاۋاشلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتسە، بىر كۈنىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدۇ، «كۈنگەن يامانمۇ، كۆيگەنمۇ؟» دېگەن شۇ.

— ھەممە ئىشنىڭ ئۆتى بولىدىكەن، قاراخلار، سايىم

ئاخۇن سەگكە بەكلا ئامراق، خۇددى قىز بالىغا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك...

— ها... ها... ها...

— ھى... ھى... ھى...

— قارىغاندا ئۇنىڭ سەگ خۇمارى تۇتۇپ، بۇ سېگىگە قاراپ ئولتۇرغاندا سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنگۇدەك، تىرناقتا توختىغۇدەك، ھۆر - پەرىدەك چىرايلىق قىزلار يېنىغا كەلسىمۇ، «مېنىڭ سەگكە قاراپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرمىدىلىمۇ، خېنىم، ھازىر ۋاقتىم يوق، بىكار بولغاندا ئىزدەرلا، ھازىرچە خاپا بولماي قايتىپ تۇرسىلا» دېگۇدەك ئەمىسە...

— ها... ها... ها...

— ھوي، قاراڭلار، ئالا پاچاق سەگكە، ئاشۇ جۇغى بىلەن تالىشارما؟

— تالاشماي، ئۆزى ئورۇق، شىرداق بولغىنى بىلەن جېنى بەك چىڭ سەگ بۇ! ئالدىنقى ھەپتىمۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى قاۋۇزنىڭ نەچچە ئىتىنىڭ پاچىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن ئالا بوينىقىنى قىقىرتىۋەتتى.

— ھەي... تاڭەي، شۇنداقمۇ بولارما؟

— قاراپ تۇرۇڭلار، تاماشىسىنى ھېلى كۆرىسىلەر، ئاشۇ چاغدا مېنىڭ گېپىمگە چىنپۇتمىگىنىڭلارنى مەن بىر كۆرەي...

ئۇلار ئەنە شۇنداق تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقاندا كىشىلەر بىردىنلا دەۋرەپ كەتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلارغا تىكىپ، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرەلمىگەندەك سوراشتى.

— كېلىۋاتقانلار كىم ئىكەن ئۇ؟

— كىم بولاتتى، كۆزۈڭ كور بولۇپ قالمىغاندىكىن ئوبدانراق قارا، مۇسا ھاكىمبەگ كىلىۋاتىدۇ.

— بۇنداق دېسەم خاپا بولمىسىلا، بىز خەق نەدە يۈرۈپ ھاكىمبەگ جانابلىرىنى كۆرىمىز، مالال كەلمىسە ئېيتىپ بەرسىلىچۇ، ئۇ ئادەم قايسىسى؟

— ئاۋۇ ئالدىدا كېلىپ تىرناقچىلىق ئالىسى يوق جەدە ئاتتىن چۈشۈپ، مەللە رەڭ چاپان كىيىۋالغان مويسىپىت ئادەم بىلەن كۆرۈشۈۋاتقىنى شۇ.

— كېلىشكەن ئادەم ئىكەن، ھاكىمبەگلىك تازا يارىشىپتۇ، قارىسىلا تۇرقىغا... سالماقلىق بىلەن قەدەم ئېلىشلىرىغا... چىك - چىك...

شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كۆزى مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىغا تىكىلگەنىدى. شۇ تاپتا باياتىن بېرى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بولۇشىغا ۋارقىراپ خېرىدار توۋلاۋاتقانلارمۇ جىمىپ قېلىشقانىدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىلەر بىلەن سالاملاشقاچ، ئۇدۇل كۆتۈرمە قىلىپ تەييارلانغان سەھنىگە چىقتى - دە، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەئەززۇ بىلەن ئېگىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جامائەت!

شۇ ئان سەھنىنىڭ ئىككى يېنىدىكىلەر ۋە سەھنىگە قاراپ قېتىپ قالغاندەك تۇرۇشقانلار ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىشقاندەك جاۋاب بېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىردىنلا گۈرۈلدەپ، ئاقشۇر ئاسمىنىنى تىترىتىۋەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھاكىمبېگىم، تەنلىرى سالامەت، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي!...

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ جاۋاب سالىمىنى ئىلىك ئالغاندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بېشىنى

لىكشىتقاچ كۆرپىگە كىلىپ ئولتۇردى. شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن باشقا بەگلەر، بايلار ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئورۇن ئالدى.

— بۇگۇن ئادەم كۆپلىغۇ؟ — دېدى ئورايىم بەگ، — بۇ خەق تاس قاپتۇ بۆشۈكتىكى بالىلىرىنىمۇ ئەكەلگىلى...

— قىشچە بىكارچىلىقتا زېرىكىپ ئاران تۇرغاندا، بۇنداق كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان سورۇننى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمىگەندۇ، ھەرقاچان، — دېدى باۋۇدۇن بايمۇ، — بۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق يىلدا بىرەر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلىرىدىن باشقا كۆڭۈل ئاچىدىغان نېمىسى بار دەيلا.

— دۇرۇس، تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا، ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بۇگۇنكىدەك داغدۇغىلىق بولمىسىمۇ، مۇشۇنداق نورۇز كۈنلىرىدە مەھەللىلەردە سورۇنلار تۈزىلەتتى. كىشىلەر بۇنداق ۋاقىتلاردا تولىمۇ خۇشاللىققا چۆمەتتى. مەسچىتلەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ شۇ يىلقى مول ـ ھوسۇل، ھۆل ـ يېغىننىڭ كۆپرەك بولۇشىنى تىلەيتتى. كېيىن توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، ئات بەيگىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كىشىلەر تەبىئىي ھالدىلا تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. بۇ ئادەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارا ـ بارا ئۇزۇلۇپ قالغانىدى. مانا بۇ يىل ھاكىمبېگىم ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بولىسىغۇ بۇنداق يىغىلىشلار يىلدا بولۇپ تۇرسا پايدىسى باركى زىيىنى يوق، — دېدى ھىلىيا ھاجى ئىسمىلىك كەكە ساقال كىشى ئالدىرىماي دانە ـ دانە سۆزلەپ، — بۇمۇ بىر ھېسابتا ئەل ـ ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش...

— دوروس، ناھايىتى ئوبدان گەپ بولدى،— دېدى ئورايىم بەگمۇ،— باشقىلارغۇ بىر نۆرى، مېنىڭمۇ بۇنداق كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— ئىشقىلىپ، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش بولدى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ،— كېيىنلىك ئىشلارغا ھازىرچە يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ ۋەدىلەرنى بېرەلمىسەممۇ، ھازىرقى ئورنۇمدا ئولتۇرىدىغانلا بولسام، چوقۇم ھەر يىلى نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىمەن. ياراتقان ئىگەم تىلەكلىرىمگە يەتكۈزەر...

— «ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت» دېگەن گەپ بار، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي...

— ئاللا ئىگەم مۇشۇ گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ تەنلىرىنى سالامەت قىلغاي...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېنىدىكىلەر بىر ئېغىزدىن ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇ ئارىدا ئورايىم بەگ شېرىنىدىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ يۇرتىمۇ مۇشۇنداق نورۇز پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلەمدۇ، شېرىن؟!...

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

— بۇنداق پائالىيەتلەر بىزنىڭ يۇرتىلا ئەمەس، ھەممە يۇرتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ، بىگىم، بىزنىڭ يۇرتنىكى چەت دۆلەتتە ئوقۇپ كەلگەن بىر ئۆلىمادىن ئاڭلىسام، نورۇزنى ئۆتكۈزۈۋاتقىلى تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىللاردىن ئاشقان ئوخشايدۇ.

— ياپىر، مۇنداق گەپمۇ بار دېسىلە...

— جاھان دېگەن بەك چوڭ، باي ئاكا، ئۆزلىرى ئۈيىقى چەرچەنگە، بۇيىقى ئىلچىغا بېرىپ، «ۋاي – ۋۇي

جاھان دېگەن شۇنچىلىك چوڭ ئىكەن ـ يا» دېگەنلىرى بىلەن بەك چوڭ جاھان بۇ!

ــ راست، ھەر خىل زۇۋاندا سۆزلىشىدىغانلار بەك كۆپ دەيدۇ ـ ھە!

ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا نىياز قاراقاش بىلەن كەلگەن ئىككى يىگىت تولىمۇ چاققانلىق بىلەن داستىخان سالدى ـ دە، بىردەمدىلا ھەر خىل گېزەك، قورۇق مېۋىلەرنى تىزغاندىن كېيىن چاي قۇيۇپ ئۇلگۇردى.

ــ مەن تاپىلىغان ئىشلار قانداق بولدى؟ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قانداقتۇر بىر ئىشنى سوراشقا تەمشەلگەندەك ئېغىزىنى ئۆمەللەۋاتقان نىياز قاراقاشقا قاراپ.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، بېگىم، ئەتىگەننىڭ ياقى ئون چارەك گۇرۇچ دەم يەيدىغان ئۇچ داش قازاندىكى نورۇز ئېشى، ئىككى قازاندىكى پولۇ تۈگىدى. ئۇستاملار ھازىرمۇ تاماق ئېتىش بىلەن ئاۋارە...

ــ تاماققا تەييارلىغان راسكارلىقلار يېتىدىغاندەكمۇ؟...

ــ يېتىدۇ، بېگىم، بايا قارىسام خېلى كۆپ باردەك قىلىۋاتاتتى.

ــ ئوبدان بوپتۇ، ئاشپەزلەرگە ئېيت، تاماقنى ئوبدان ئەتسۇن. يەيمەن دەيدىغانلا ئادەم بولسا نېرى ـ بېرىسىنى سورۇشتۇرمەيلا بېرىۋەرسۇن.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، غىزا ئېتىۋاتقان يەردە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى تۇرغۇزدۇم. مۇشۇ يەرگە كېلىپ قورساق تويغۇزىمەن دېگەنلەر بولسا كۆڭلىنى چىگمەپ

قويماي، تويغۇچە غىزا بىرىڭلار دەپ ئاتايىن تاپىلاپ قويدۇم.

— ئوبدان بوپتۇ، بۇنداق قۇتلۇق كۈندە، بىراۋنىڭ تەمبەت كۆڭلى ئاغرىيدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

— دىگەنلىرىنى ئىسىمدە تۇتىمەن، بىگىم...— نىياز قاراقاش كەينىگە داجىغاچ،— ھىلى سورۇنىبىشى تەييارلىقلارنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئىيتىپ ئۆزلىرىدىن سورۇننى باشلاشقا ئىجازەت سوراۋاتىدۇ. باشلايمىزمۇ، بىگىم؟

مۇسا ھاكىمبەگ قولىنى سايىۋەن قىلىپ ئاسمانغا قارىۋەتكەندىن كىيىن بىشىنى لىڭشىتتى.

— تەييارلىقلار پۈتكەن بولسا باشلىساق باشلايلى!

— ماقۇل ئەمىسە، گەپلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزەي....— نىياز قاراقاش كەينىگە ئۆرۈلۈپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. راست دىگەندەك ھايالشىمايلا قولىغا ئالىيىشىل بويىۋالغان كالتەكنى كۆتۈرۈۋالغان بىرى پەيدا بولۇپ سەھنىگە يىقىنلاشتى ـ دە، تەئەززۇ بىلەن سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كىيىن بۈگۈنكى نورۇز پائالىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىلان قىلدى. ھايالشىمايلا تاجىلىرى قىپقىزىل، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان خوراز كۆتۈرۈۋالغان ئىككىسىلەن پەيدا بولدى ـ دە، خورازلىرىنى بىر ـ بىرىگە روبىرو قىلىپ قويۇۋەتتى. خورازلار دەسلەپ بىر ـ بىرىگە ھۆرپىيىشىپ، قاناتلىرىنى قىقىشقاندىن كىيىن بىر ـ بىرىگە ئېتىلىشتى. سەھنىدە ئولتۇرغانلارمۇ، پەستىكىلەرمۇ قەھرى بىلەن چوقۇۋاتقان خورازلارغا قاراپ قىلىشقانىدى. خورازلار خېلى ئۇزاق چوقۇشقاندىن كىيىن، بىرى ئاخىر بەرداشلىق بىرەلمىگەندەك قاچتى.

— يەنە سوقۇشتۇرىدىغانلارنى ئەكېلىڭلار، — دېدى سورۇنبېشى ۋارقىراپ.

شۇ ئەسنادا چاپىنىنىڭ پېشىنى بېلىدىكى پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان بىرەيلەن پەيدا بولدى ـ دە، خورىزىنى ئەركىلىتىپ تۆكلىرىنى سىلاپ قويدى. شۇنىڭغىچە پاكار بويلۇق بىرەيلەنمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش جۈغى ۋىجىككىنە بىر خورازنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى ـ دە، ئاللىقاچان خورىزىنى يەرگە قويۇپ بولغان ئادەمگە قاراپ زورىغا ھىجىيىپ قويغاندىن كېيىن قولتۇقىدىكى خورازنى قولىغا ئېلىپلا ئاتتى.

— خورىزىم، گى... گى...گى...

ئىككى خوراز بىر ـ بىرىگە ھۈرپىيىشىپ باز ـ بازلىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ئېتىلىشتى.

خوراز سوقۇشتۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئىت تالاشتۇرۇش باشلاندى. ئەڭ دەسلەپتە بايا خەقلەر تەرىپىنى قىلىشقان سايىمنىڭ ئىتى بىلەن يەنە بىر ئىت قويۇپ بېرىلدى. ئۇلار قاۋاشقاچ بىر ـ بىرىنى چىشلەشتى. بىردەمدىلا سايىمنىڭ ئىتىنىڭ ئېغىز ـ بۇرنى قان بولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن سايىم يېنىدىلا ئىتقا قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە ۋارقىرىدى.

— ھاي، بولدى ئەمدى، تارت ئىتىڭنى...

— توختا، چىدىغانغا چىقارغان ئويۇن بۇ! تېخى يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلمىدى.

— بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، سەگلەرنى ئايرىۋېتەيلى.

— مەن ئايرىمايمەن، بۇنداق چىدىماسلىق قىلىدىغان ئادەم سەگنى سورۇنغا ئەكەلمىگۈلۈك...

— ئەكەلسەم قانداق قىلاتتىڭ؟ بىر گېپىڭ بارغۇ سىنىڭ. قېنى قورسىقىڭدا نېمە غۇمۇڭ بولسا ئوچۇق

دېگىنە...ــ سايىم يېنىدىكى كىشىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار دەۋرەپ كېتىشتى. سورۇنىېشى بۇنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى.

ــ هاي... هاي... ماۋۇ يەردە سەگلىرىڭلارنىڭ تالاشقىنى يەتمىگەندەك، ئەمدى ئىككىڭلار تالاشقىلى تۇردۇڭلارغۇ، بولدى، سەگلىرىڭلارنى ئاجرىتىۋېتىڭلار، هەي سايىم، پاقا تەشكەن سويىمىدەك كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرماي، ئىتىڭنى تارتە، سەنمۇ هېلىم مەدەك، بۇ يەردە كۆكەمىلىكىڭ ئاقمايدۇ، ماخما. دان تالىشىۋاتقان چۈجە ـ خورازلاردەك هۆرپەيمەي، سېگىڭنىڭ بېشىنى باغلا...

ئۇلار شۇنىڭدىلا ئەقلىگە كېلىشكەندەك سەگلىرىنى ئايرىشتى. هايال ئۆتمەي يەنە ئىككى سەگ سورۇنغا پەيدا بولۇپ، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشقاندەك بىردەم قاۋاشقاندىن كېيىن تالىشىشقا باشلىدى. بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ ئۈستۈنلۈكنى تالىشىپ، ئاخىرى بىرى غىڭشىغان پېتى قېچىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەنلەر قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

ــ هەي، ئىستەي، تازا تالىشىۋاتقاندا قېچىپ كەتتى ـ دە، كاساپەت،ــ دېدى ئورايىم بەگ،ــ يەنە بىردەم تالاشقان بولسا ئويۇننىڭ قىزىقى چىقاتتى.

ــ راست دەيلا، ئاۋۇ ئالا بويناق رەقىبىنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ كاڭشىتىۋەتكەنىدى. قانداق بولدى، قېچىپلا قۇتۇلدى ـ دە!... بولمىسىمۇ ئاجايىپلا قاۋايدىكەن. «مەن ئىتنىڭ بۇنداق قاۋىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن،ــ دېدى باۋۇدۇن بايمۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باياتىن بېرى گەپ قىلماي سەل

چەتتىرەك ئولتۇرغان بەردى باي ئېغىزى قىچىشىپ كەتكەندەك ئېغىز ئاچتى.

ــ ئىتقۇ ئەسلىدىن شۇنداق قاۋايدۇ، لېكىن شىرىن ئاۋۇ ئىتتىن بەكرەك چىرايلىق قاۋايدۇ، شۇنداقتۇ شىرىن؟

ھەممەيلەن ھەيران بولغاندەك شىرىنگە قاراشتى. شىرىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملىگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى.

ــ دېگەنلىرى بەرھەق، مەن ئىتتىنمۇ بەكرەك قاۋايمەن.

ــ بولسا شۇ ماھارەتلىرىنى بىر كۆرسىتىپ بەرسىلە، باشقىلارمۇ ئاڭلاپ ھۇزۇرلانسۇن. ئەگەر قاۋاپ بېرەلىسىلە، مەن بايا مىنىپ كەلگەن ئېتىمنى سىلىگە تۇتىمەن.

ــ راستىمۇ؟

ــ راست بولماي...

ــ ئەمىسە ھەممىڭلار گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن ئىتنى دوراپ بەرسەم بەردى باي ئېگەر ـ جابدۇقلۇق ئېتىنى ماڭا بېرىدىغان بولدى،ــ شىرىن سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىتنى دوراپ بىرنەچچىنى قاۋاپ قويدى.

ــ مانا بىردەمدىلا بىر ئاتلىق بولۇپ قالدىلا،ــ دېدى كىمدۇر بىرى،ــ ئوبدانلا تاپاۋەت بولدى ـ دە، بۇ!

باشقىلار بۇ گەپ بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈشتى. بەردى باي بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان چېغى سەل تاتاردى ـ دە، شىرىننىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە سورىدى:

ــ بۇ قېتىم سىلى ئۇتتىلا، مېنىڭ يەنە بىر سورايدىغىنىم بار ئىدى، سورىسام بولارمۇ؟

— سوراۋەرسىلە...

— سىلىنى ئىتنىڭ تىلىنى بىلىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، بۇ راست گەپمۇ؟

— بىلىمەن، ئىتنىڭ تىلى سىلىنىڭ تىللىرىدىن ئۇزۇن.

— مەن بۇنى دېمىدىم، ئاۋۇ قېچىپ كەتكەن ئىت نېمە دەپ قاۋىدى، دەپ سورىماقچىدىم.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ئۇ ئىت، گەپ دېگەننى باشقىلارنى قايىل قىلالايدىغانلار سۆزلىسۇن، ئىچى قوتۇر، تىلى زەھەر، كۆزى تويماس بەردى بايدەك بېخىللار گەپ قىلماي جىم ئولتۇرسۇن، دەپ قاۋاۋاتىدۇ...

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشتى. بەردى باي ئەمدى تاقەت قىلالمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپلا پەسكە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلار تېخىمۇ كۈلۈشتى...

ئىت تالاشتۇرۇش خېلى ئۇزاق داۋاملاشقاندىن كېيىن ئوغلاق تارتىشىش باشلاندى. ھەممە كىشى خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىۋاتقان ئاتلارغا قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى... كۆن پاتاي دېگەن مەھەلدە بوگۇنكى پائالىيەت ئاياغلاشتى. مۇسا ھاكىمبەگ ھەرقايسى تۇرلەر بويىچە ئۇتۇپ چىققۇچىلارنى تارتۇقلىغاندىن كېيىن ئېتى باغلانغان تەرەپكە ماڭدى. شۇ ئەسنادا بايا كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان سەھنىنىڭ سەل كەينىدىرەك ئولتۇرغان ھېزىم ھاجى ئالدىراپ — تېنەپ مۇسا ھاكىمبەگكە يېقىنلاشتى — دە، بېشىنى سەل ئېگىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئەتىگە باشقا ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغانلا، هاكىمبېگىم؟

مۇسا هاكىمبەگ بۇ گەپ بىلەن قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ بۇ گەپنى نېمە مۇددىئا بىلەن سوراۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك چىرايىغا قارىدى - يۇ، لېكىن تېزلا جاۋاب بەردى.

— بىرەر ئىش بارمىدى، هېزىم هاجىم؟

— يوقسۇ، زىنهار ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر ئەتىگە زۆرۈر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغان بولسىلا، مۇشۇنداق قۇتلۇق كۇنلەردە غېرىب خانىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ بىر پىيالە چېيىمىزغا داخىل بولسىلا، مىسكىن قەلبىمىز باهار ھىدىنى سېزىپ، ئىسسىپ كەتكەن زېمىندەك ئىللىپ قالار ئىدى، هاكىمبېگىم!

مۇسا هاكىمبەگ تولىمۇ تەئەززۇ، ئۆتۈنۈش ئىلكىدە ئېيتىلغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تەرەپپالىلا رەت قىلىۋەتسە هېزىم هاجىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئازار يەپ قېلىشىنى پەملىگەندەك بولدى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەهمەت، پېقىر ئىلاج بار ئۆيلىرىگە بارىمەن.

— مۇشۇ گەپلىرىگە هەشقاللا، هاكىمبېگىم، ئەمىسە ئەتە كەمىنىلىرىنىڭ نۇرلۇق دىدارىنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمەن.

— ئارى، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە...— مۇسا هاكىمبەگ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، نىياز قاراقاش بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان شېرىننىڭ يېنىغا كەلدى - دە، بەردى باينىڭ بايىقى ۋەدىسىنى يادىغا ئېلىپ سورىدى.

— بەردى باينىڭ ئېتى قايسىكەن، شېرىن؟

— ئەنە ئاۋۇ چەتتە تۇرغان چىلان تورۇقكەن، هاكىمبېگىم، — دېدى شېرىن قاتىرىسىغا باغلىۋېتىلگەن ئاتلارنىڭ ئەڭ چەتتىكىسىنى كۆرسىتىپ.

— بەردى باي پىخسىق بولغىنى بىلەن ئېتىنى ئوبدان باقىدىكەن دېسە، سۆڭگەكچىگە تۇخۇم قويسا چۇشۇپ كەتمىگۇدەك سەمرىپتۇ كاساپەت... — دېدى نىياز قاراقاش مەستلىكى كەلگەندەك پەس ئاۋازدا، — ئايغىمۇ ئوبدانىكەن، يورغىلاپ ماڭسا خېلى - خېلى ئاتلارنى كەينىگە تاشلىۋېتىدىكەن.

مۇسا هاكىمبەگمۇ ئاتقا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆيلىرى تەرەپكە ئالدىراش كېتىۋاتقان ئالىمانغا، سەل نېرىراقتا ئۆزىنىڭ يولغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان بەگلەر ۋە بايلارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن بۇيرۇق قىلغاندەك ئېغىز ئاچتى.

— ئاتنى ئەكەلگىن، يولغا چىقايلى.

— مانا... مانا هازىر... — نىياز قاراقاش هاكىمبەگنىڭ ئېتى باغلانغان تەرەپكە يۈگۈردى.

بۈگۈن كۈن تولىمۇ ئىللىق ئىدى. بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ناشتا قىلىۋالغان شېرىن ئارقا قورۇنىڭ يان تەرىپىدىكى ئەگۈنلىك ئىشىك بىلەن باغقا كىردى - دە، «هۇپىدە» ئېچىلىپ كەتكەن ئۆرۈك چېچەكلىرىگە، ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتىكى نەشپۈت، ئالما چېچەكلىرىگە قاراپ مەستلىكى كەلگەندەك ئالدىدىكى قولى يېتىدىغان بىر تال شاخنى قايرىپ، گۈل هىدىنى پۇرىماقچى بولغاندەك كۆچەپ هىدلىدى. ئاندىن شاخنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن باغنىڭ تۆر تەرىپىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مۇسا هاكىمبەگ ياز كۈنلىرى هاۋا ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا ئارام ئالىدىغان شادىلىق

كارىۋاتتا ئولتۇردى. باغ ھەقىقەتەن خېلىلا چوڭ ئىدى. شۇنىڭلىق بىلەنمۇ باغدا ياز باشلىنىشى بىلەن پىشىدىغان ئۆجمىدىن باشلاپ، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ئانار، ئالۇچا، گىلاس، بېھى، ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى رەتلىك تىكىلگەنىدى. مانا ھازىر باھار ھىدىنى ئاللىقاچان ئېلىپ بولغان مېۋىلىك دەرەخلەر بۇ يىلقى مول - ھوسۇلنى، ئاسايىشىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك ھۆپپىدە چېچەك كۆرسەتكەنىدى. شېرىن مېۋىلەرنىڭ شاخلىرىدىكى ھەر خىل رەڭدىكى چېچەكلەرگە ھەۋەس، قىزىقىش بىلەن قاراپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغ كەلدى.

— دادا، ھەر يىلى مۇشۇنداق جاپا تارتىپ يىراق جايلاردىن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرىنى ئەكېلىپ تىكىدىكەنسەن، بۇلار قاچان مېۋە بېرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ كىچىك قىزى ئەركىلىگەندەك شېرىنگە سۈۋىشىپ تۇرۇپ.

— تېز بولسا ئۈچ - تۆت يىلدا، ئاستا بولسا بەش - ئالتە يىلدا، — دېگەنىدى شېرىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ئۇ چاغدا مەن چوڭ بولىمەن، سەن قېرىيسەن، بۇ مېۋىلەرگە ئېغىز تېگەلەرسەنمۇ، دادا؟

شېرىن ئۇنىڭ ئويلىمايلا ئېغىزىدىن چىقارغان گەپلىرىگە ئەجەبلىنىپ چىۋىن يۇتۇۋالغان ئادەمدەك كۆڭلى غەش بولۇپ سەلگىنە تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان سەبىي كۆزلىرىگە قاراپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئېغىز تېگىمەن، بالام، بۇ مېۋىلەر مېنىڭ ئېغىزىمغا تەگمىسە، سېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا

تېگىدۇ. شۇ چاغدا بۇ مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەنلەر «بۇ كۆچەتلەرنى ئەينى ۋاقىتتا شېرىن قويغانىكەن» دېگەننى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مەن مېۋە يېگەندەك، ئۇنىڭ شېرىن تەمىنى تىلىم بىلەن تېتىۋاتقاندەك خۇشال بولىمەن، قىزىم.

— ئۇنداقتا كۆچەتلەر تېز ئاينىسۇن، مەنمۇ ھەر كۈنى چوڭىيىماي، سەنمۇ قېرىماي مۇشۇنداق تۇر، دادا، بۇ كۆچەتلەر مېۋىگە كىرسە سەن شېخىنى ئېگىپ بەر، مەن ئۆز قولۇم بىلەن مېۋە ئۈزۈپ يەي.

— ماقۇل بالام، ياراتقان ئىگەم مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، تىلەكلىرىڭ ئىجابەت بولغاي...

شېرىننىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا «مۆللىدە» ياش كېلىپ ۋۇجۇدى يېنىك تىترىدى ـ دە، خىيال كەپتەرلىرى يەنە بىردىنلا قانات قېقىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھۆكرەپ يىغلىغۇسى، بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلدى. لېكىن، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايدىغىنىنى، بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتسە، كېيىنكى ئۆمرىدە قانداق دىشۋارچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، قوللىرىنى چىشلىدى. «ئاھ قىزىم، مۇشۇ تاپتا قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانسەن؟ ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا قويۇلغان مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ چېچەكلىرىگە قاراۋاتامسەن ياكى... ئاناڭ، ئاكا ـ ئاچىلىرىڭ قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ماڭا نېمىشقا تەتۈر قارىۋالىسەن، قىزىم؟ مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ساڭا بۇ گەپلەرنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيمەن، قىزىم، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئاشۇ قاباھەتلىك چۈشتەك ھەممە ئادەمنى ساراسىمىگە سالغان

ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولسا، بەلكىم مۇشۇ تاپتا سىنىڭ قېشىڭدا بولغان، ئاتىلىق مېھرىم بىلەن پېشانەڭگە سۆيۈپ قويغان بولاتتىم. ئەپسۇس، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم ئالدىراپ بىرنەرسە دېيەلمەيدىكەن. تەقدىر دېگەن ئاجايىپلا بولىدىكەن. ئىنسان پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتلەرنى تارتماي ئامال يوق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ ئاشۇ ئۇرۇش ـ جېدەللەردىن يىراقىراق تۇرۇشنى، ياق، بۇ ئەرزىمەس تېنىمنىڭ بۇرۇنراق كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراققا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈم بىلمەيدىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن؟!... نېمە... نېمە دېدىڭ، قىزىم؟ سەن بۇ يۇرتتا قانچىلىك ۋاقىت تۇرىسەن، دەپ سوراۋاتامسەن؟ بۇنىڭغا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئالدىراپ جاۋاب بېرىشكە ئاجىزمەن. بۇ ئەزىزانە قەدىمىي يۇرتقا قەدەم باسقاندىن بۇيان ئەل ـ رەسمىيەتنىڭ پاسىبانى، كەمبەغەل ـ ئاجىزلارنىڭ ھىماتچىسى، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئادالەتپەرۋەر ھاكىمبەگ مۇسا بەگنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولۇۋاتىمەن. بۇ ئادەم ماڭا ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ كۆرسەتمىگەن ھىممەتلەرنى كۆرسەتتى، قەدىرلىدى، كۆيۈندى. ئەمما، يېگەن ئېغىز ئۆيۈلىدىكەن. مېنى قانچە ھۆرمەتلەنگەنسېرى، ئىززەتلەنگەنسېرى قورۇنغاندەك، تارتىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىكەنمەن. ھېلىمۇ نەچچە ئايلاردىن بۇيان بۇ يەردە خۇددى شاھلاردەك كۈتۈندۇم، شۇڭا ئەمدى بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشاي دېگەن نىيەتكىمۇ كېلىۋاتىمەن. زادى قاچانلاردا يولغا چىقىشىمنى بىلمىسەممۇ، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ خىيالىچە بولغاندا يەنە بىر

مەزگىل باشقا جايلارنى ئايلانغاچ تۇرسام، ئەزىزانە يۇرتۇمدىكى مالىمانچىلىق، قىرغىنچىلىق، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەر پەسكويغا چۈشۈپ، ئەل ئەمىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامانلا قۇشلاردەك قانات چىقىرىپ، «يۇرىدە» ئۇچۇپ بارالىسامۇ، كېچە ــ كۈندۈز دېمەي يول يۈرۈپ، يۇرتۇمنىڭ خاسىيەتلىك تۇپىسىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ، سىلەرنى باغرىمغا بېسىپ، ھىدىڭلارنى ھىدلىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم باشقا ئارمىنىم يوق ئىدى. ئەپسۇس، ھازىر سىلەر تەرەپتىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى، ھازىر نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن...» شېرىن ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، غەم بېسىۋالغان ئادەمدەك ئۇھسىنىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا يېنىدىن شېپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ ناھايىتى تېزلىكتە يېقىنلاشتى ــ دە، نىياز قاراقاشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ يائاللا شېرىن، قېچىپ يوشۇرۇنۇۋالغان يەرلىرىنى كۆرمەمدىغان! باياتىن بېرى ئەدەسسىز ئىزدەتتىلە ئادەمنى. بارمىغان يېرىم، سۈرۈشتۈرمىگەن ئادىمىم قالماي تاس قالدىم موللامەت جاكارچىنى چاقىرتىپ كېلىپ: «شېرىن يوقاپ كەتتى، ئۇنىڭ دېرىكىنى بىلگۈچىلەر بولسا سۆيۈنچە بېرىلىدۇ. كوچىمۇكوچا چىقىپ جاكار قىلىسىلا...» دېگىلى. ھېلىمۇ ياخشى مامۇت ئۆزلىرىنىڭ باغ تەرەپكە ماڭغانلىقلىرىنى كۆرۈپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن، باغنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرىگە قاراپتىمەن ــ يۇ، لېكىن بۇ يەر يادىمغا كەلمەپتۇ. چىقىپ مۇسا بېگىمگە: «شېرىن قېچىپ كېتىپتۇ» دەي دەپ ئويلاپ، باغنىڭ ئىشىكى تەرەپكە كېتىۋاتسام، بىرى قارا دېگەندەك قىلدى. قارىسام ئۆزلىرى بۇ يەردە چېچەك

سەيلىسى قىلغىلى تۇرۇپلا، تازا پەيزى قىلىشنى، تالا ـ تۈزدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان ئادەمكەنلا سىلى، شېرىن. قوپسىلا ئورنىلىرىدىن، ھاكىمبېگىم سىلىنى ساقلاپ تاقىتى تاق بولدى.

شېرىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا نىياز قاراقاشمۇ شېرىننىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ شېرىننىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى، چىرايىدىكى مەيۈسلۈكنى كۆرۈپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— سىلىگە نېمە بولدى؟ بىر كىم دىللىرىنى چىگىپ قويدىما؟ يا كۆڭۈللىرىگە تېگىدىغان قاتتىق ـ قۇرۇق گەپلەرنى قىلدىمۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىشقا پېتىنغان كىم ئۇ؟ ماڭا دەپلا بەرسىلە، بىردەمدىلا ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمىسەم نىياز قاراقاش دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن.

— خاتا ئويلاپ قاپلا، — دېدى شېرىن كۆزلىرىنى قولىنىڭ ئالقانلىرى بىلەن ئالدىراپ ئېيتقاچ، — زىنھار ئۆزلە دېگەندەك ئىشلار يۈز بەرگىنى يوق. بۇ باغقا كىرىپ ئەتراپنى ئايلانغاچ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى شۇ، ئۆزلە ھەرگىز خاۋاتىرلەنمىگەيلا.

— راستىنلا مەن ئويلىغاندەك ئىشلار يۈز بەرمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش ئىشەنمىگەندەك، — بۇ چىن پىششىق گەپلىرىمۇ؟

— شۇنداق بولماي، ھەرقايسىلىرى ھۆرمىتىمنى قىلىۋاتقان تۇرسىلا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتىپ يىغلىتىشقا كىمنىڭ ھەددى؟

— ماقۇل، بۇ گەپلىرىگە ئىشەنگەن بولاي، ئەگەر

مۇشۇ گەپلىرى راست بولسا ھالدام ـ ھالدام مېڭىپ مۇسا بېگىم بىلەن كۆرۈشسىلە، ھاكىمبېگىم سىلىنى ئىككى كۆزى بىلەن ئەمەس، تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ.

— قېنى ئەمىسە ماڭايلى...

ئۇلار ئاۋۋال باغدىن، ئاندىن كەينى ھويلىدىن ئالدى ھويلىغا چىققاندا مۇسا ھاكىمبەگ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇپپىدە چېچەكلىگەن ئالما دەرىخىنىڭ قىزغۇچ چېچەكلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ شېرىننى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتكەچ سورىدى:

— ماڭامدۇق، شېرىن؟

شېرىن بۇ گەپتىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەندەك سەل داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن سورىدى:

— قەيەرگە، ھاكىمبېگىم؟

— يادىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ تۈنۈگۈن ھېزىم ھاجىم بۇگۈن بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلغان ـ يا، ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— ئۇ ئىشلار خەتىمدە بار، لېكىن ئۇ كىشى ئۆزلەنى تەكلىپ قىلغان، مەن كىچىك بالىدەك ئەگىشىپ بارسام...

— مانا ئەمدى كىچىك بالىنىڭ گېپىنى قىلدىڭ، شېرىن، بار ـ يوقنى تەڭ كۆتۈرىمىز، چاينىمۇ تەڭ ئىچىمىز.

— چاي ئىچكىلى ئاتايىن ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بارىمىزمۇ، تەقسىر؟

مۇسا ھاكىمبەگ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، كۆزلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان ياشنى يىپەك قول ياغلىقى بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— قارىغاندا بۇ ھەقتە ساڭا يولدا ماڭغاچ ئالدىرىماي سۆزلەپ بەرسەم بولغۇدەك، قېنى ماڭغىن، مەيگە چىقايلى.

— ماڭسىلا، شېرىن، مۇسا بېگىم بىلەن بىللە بېرىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلسىلە، — دېدى نىياز قاراقاشمۇ.

شېرىن گەپ قىلمايلا ئاللىقاچان قورۇنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ياسىداق مەيىسىگە ئولتۇرۇپ بولغان مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېنىغا جايلاشتى. شۇ ئان مەيىنىڭ كۆزنەكلىرىگە تۇتۇلغان يىپەك رەختلەر چۇشۇرۇلۇپ، ئاۋۋال قامچىنىڭ قارسىلدىغان ئاۋازى، ئاندىن ئاتلارنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلىشى ئاڭلاندى - دە، مەيە يېنىك قوزغالدى. شېرىن شۇنىڭدىلا مۇسا بەگكە قاراپ، «قېنى، بايا دەپ بېرىمەن دېگەن گەپلىرىنى باشلىسىلا» دېگەندەك تىكىلدى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بۇنى ھېس قىلىپ ئۇلگۇردى بولغاي، تېزلا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھېزىم ھاجىمنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسەن، ئادەتتە بىز كېرىيەلىكلەر چايغا تولىمۇ ئامراق كېلىمىز. ياز كۇنلىرىمۇ پىژغىرىم ئىسسىقتا مۇزدەك سۇ ئىچىشنىڭ ئورنىغا چاي ئىچىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ چاي ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، شېرىن، بىرەر كىملەر بىر - بىرى بىلەن ئازارلىشىپ قالغاندا، بىرەر پىيالە چاي قۇيۇش ئارقىلىق ئازارلىقنى تۇگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، قېيىن - بويانلارمۇ بىر - بىرىنى تاماققا چاقىرسىمۇ، چايغا دەپ

چىللايدۇ. مېھمان چاقىرىشنىڭ يەنە بىر نامى چايغا داخىل بولۇش دەپ ئاتىلىدۇ.
— مۇنداق دېسىلە، مەن تېخى... — شېرىن ھەييارلارچە كۈلۈپ قويدى، — بۇ يۇرتتا چاينىڭ ئۇلۇغلىنىدىغانلىقىنى مانا مەن ئەمدىلەتىن ھېس قىلىۋاتىمەن. راست، نەچچە رەت سوراي دەپ نىيەت قىلىپ ئىرادە كەمرىنى بېلىمگە باغلىغان بولسامۇ، لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرالمىدىم. ھازىر مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزلەگە مالال كەلمىسە سورىسام بولارمۇ، ھاكىمبېگىم؟
— قاچاندىن بېرى بۇنداق تۈزۈت قىلىشنى ئۆگەندىڭ؟ ھا... ھا... ھا... قېنى سورا، شېرىن؟
— بۇ يۇرتتا قايسى ئۆيگە كىرسە ساھىبخانا ئاۋۋال داستىخان سېلىپ، ئاندىن پىيالىگە مېھماننىڭ كۆز ئالدىدىلا چاي قۇيۇپ چايقىغاندىن كېيىن ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ تەڭلەيدىكەن. بۇنىڭ بىرەر ئالاھىدە مەنىسى بارمۇ؟
— بۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلدىم دە، شېرىن، بىر ئادەتنىڭ ياخشى تەرىپى بولغىنىدەك، يامان تەرىپىمۇ بولىدىكەن. بۇ ھەقتە گەپ بەك كۆپ. لېكىن، ئۇلارنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خەقلەرنىڭ گېپى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، مەن كىچىك چاغلىرىمدا ئۆلىمالاردىن خۇددى سەن سورىغاندەك سورىغانىدىم. شۇ چاغدا بىرى: «بۇرۇنقى زاماندىمۇ بىزنىڭ بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى چايغا ئامراق ئىكەن. مېھماندارچىلىق، ئائىلىۋى ئولتۇرۇش، بەزمە ـ مەشرەپلەرنى چاي دەپلا ئاتايدىكەن. گاھى چاغلاردا چايغا چاقىرغانلار ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار رەقىبلىرىنى قەستلەش ئۈچۈن چېيىغا زەھەر

سىلىپ، جىنىنى ئالغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالغانكەن. ‹قورقىقانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ› دېگەندەك كېيىنكى كىشىلەر بىرەر مېهماندارچىلىقتا چاي ئىچىشكە توغرا كەلسە، باشقىلار سۇنغان چاينى ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مېهمان چاقىرغانلار چاينى ئاۋۋال پىيالىسىگە قۇيۇپ مېهماننىڭ ئالدىدىلا ئىچىۋېتىپ، ئاندىن باشقىلارغا سۇنىدىغان ئادەت شەكىللىنىپتۇ» دېگەنىدى.

— مۇنداق دېسىلە، قارىغاندا چاينى ئاۋۋال ئۆزى ئىچىش بىر تەرەپتىن چايدا ۋە پىيالىدە شەك يوق، پاكىز، ئىچىۋەرسىلە دېگەن مەنانى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېهمان دېگەن ئۇلۇغ، قەستلەشكە هەددىمىز ئەمەس دېگەنلىكنى بىلدۈرىدىكەن — دە، هاكىمبېگىم؟

— هۆششەرە، دەل توغرا تاپتىڭ، شېرىن!...

بۇ چاغدا مەپە ئەگرى — بۈگرى كوچىلارنى ئايلىنىپ، يوغانلا بىر كۆلنىڭ بويىدىكى هەشەمەتلىك قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغانىدى.

— كېلىپ قالغان ئوخشايمىز، چۈشەيلى، — دېدى مۇسا هاكىمبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار مەپىسىدىن چۈشۈپ بەللىرىنى رۇسلاشقاچ، ئالاهازەل ئازراقلا كەم بىرەر موغا يېقىن يەرنى ئىگىلىگەن كۆلگە قاراشتى. شۇ تاپتا كۆلنىڭ سۈيى لىپمۇلىق بولۇپ، ئىككى — ئۈچ كۈن ئىچىدە سۇ سىلىنغاندەك قىلاتتى.

— پاھ، ئەجەب چوڭ كۆلكىنا بۇ، — دېدى شېرىن، — سۈنى بىرلا توشقۇزۇۋالسا، نەچچە ئاي يەتكۈدەك.

— توغرا دېدىڭ، بۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەڭ چوڭ

كۆل، سەيدى ھاجىم كۆلى دېسە، يېقىن - يىراقتا بىلمەيدىغان ئادەم يوق.
— سەيدى ھاجىم دېگەن كىم ئۆزى؟
— كىم بولاتتى، تۈنۈگۈن بىزنى چايغا تەكلىپ قىلغان ھېزىم ھاجىمنىڭ ئاكىسى، مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇلار ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز. ئەڭ چوڭى سەيدى ھاجىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ھېزىم ھاجىم، كىچىكى سىدىق ھاجىم، ھېلىقى مەزلۇم بىر تۇغقىنىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا باردەكلا، لېكىن خەتىمگە ھېچ ئالالمايۋاتىمىنا...
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاكىمبېگىم، پايى قەدەملىرىگە مۇبارەك! — توساتتىنلا ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇسا ھاكىمبەگ دەۋاتقان گېپىنى توختاتتى - دە، مەپە توختاش بىلەنلا قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىققان ھېزىم ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. شېرىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.
— قېنى، غېرىب خانىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا... — دېدى ھېزىم ھاجى سەل ئېگىلىپ، قولى بىلەن قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — يوللىرىغا قارىغىنىمىزغا خېلى چاغ بولدى. ئاكام بىلەن ئىنىممۇ ھازىرلا چىقىدۇ.
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ھويلىدىن ئىككىيلەن چىقىپ كەلدى - دە، ئاۋۋال مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن، ئاندىن شېرىن بىلەن كۆرۈشتى. شېرىن بۇلارنىڭ چىرايى، بوي - تۇرقىنىڭ تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى - دە، «بۇلارنى بىر قورساق تۇغقانلار دېگەندىن كۆرە ئۈچكېزەك دېسە

مۇۋاپىق بولغۇدەك. ماۋۇ سەيدى ھاجى دېگەننىڭ بىر چاپانغا ياقا بولغۇدەك بۇرۇتىنى ئېلىۋەتسىلا، ئۇچىلىسىنىڭ چىرايى ئالامەت ئوخشىشىدىكەن. بۇلار بىلەن ئەسرا بولۇشۇپ باقمىغان ئادەم بۇلارنىڭ قايسىسى ئاكىسى، قايسىسى ئىنىسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگۇدەك» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى.

— مەرھابا... مەرھابا، ھاكىمبېگىم، پايى قەدەملىرىنىڭ غېرىب كەپىمىزگە يېتىشى پېقىر ئۈچۈن تولىمۇ كاتتا ئامەت. مۇشۇ تاپتا خۇشلۇقۇمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن،— دېدى كۆتمەككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان سەيدى ھاجى قوللىرىنى كەڭ يېيىپ،— قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت...

— رەھمەت...— مۇسا ھاكىمبەگ تۇزۇت قىلمايلا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى - دە، ئاللىقاچان ھاڭغىرقاي ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھويلىغا كىرىپ كۆتۈرمە قىلىپ بىر - بىرىگە روبىرو قىلىپ سېلىنغان ئالدى پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە قاراپ قويۇپ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمىگەندەك ئىتتىك سەيدى ھاجىغا قارىدى. سەيدى ھاجىمۇ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك ئالدىغا شوخشۇپلا چىقتى - دە، كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئۆينى كۆرسەتتى.

— قېنى بۇ تەرەپكە، ھاكىمبېگىم...

مۇسا ھاكىمبەگ كۆتۈرمىنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن ئاستا چىقىپ، پېشايۋانلىق ئۆينىڭ ئايۋىنىغا كىردى.

— بۇ تەرەپكە...— سەيدى ھاجى ساراي ئۆينى ئىشارە قىلدى،— قېنى مېڭىۋەرسىلە، ھاكىمبېگىم...

مۇسا ھاكىمبەگ مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن

ئاتلاپلا ئۈچ ـ تۆت بەگ، بايلارنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى.
ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، هاكىمبېگىم، قۇتلۇق قەدەملىرىدىن گۈل ئۈنگەي!ــ ئۆيدىكىلەر دېيىشتۇالغاندەكلا بىر ئېغىزدىن جاۋاب بېرىشىپ، سالامنى ئېلىك ئالغاچ ئورنىدىن تۇرۇشتى،ــ قېنى، بۇ تەرەپكە چىقسىلا.
ــ بولدى، قوزغىلىشمىسىلا، قېنى ئولتۇرۇۋەرسىلە...
ــ ئۇنداق دېمىسىلە، هاكىمبېگىم، ماقۇل دەپ ماۋۇ يەرگە...
ــ راست، بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسىلە...
ــ بولمىسا بىز قورۇنۇپ قالىدىكەنمىز...
ــ كۆڭلىمىزگە كېلىدۇ!...
مۇسا هاكىمبەگ قانچە ئۆزرىخاهلىق ئېيتسىمۇ ئۇلارنى ئۆز سۆزىگە كۆندۈرەلمەيدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئۇلار كۆرسەتكەن جايغا كېلىپ ئولتۇردى.
ــ قېنى شېرىن، ئۆزلىرىمۇ هاكىمبېگىمنىڭ يېنىغا،ــ دېدى بىرى ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسىتىپ،ــ بۇياققا ئۆتۈپ كەتسىلە.
ــ قوزغىلىشمىسىلا، مەن مەشەدىلا ئولتۇراي،ــ دېدى شېرىن بىر باينىڭ يېنىغا كېلىپ موكلا ئولتۇرۇپ،ــ قېنى، هەرقايسىلىرىمۇ بەهۇزۇر ئولتۇرۇشقايلا.
ــ ئۇنداق قىلسىلا بولمايدۇ دەيمەن، تۇرسىلا، ئۆزلىرى دېگەن مېهمان...
ــ راست دېدىلە، مېهمان دېگەن ئۇ يەردە

ئولتۇرۇۋالسا بولمايدۇ. قېنى «شاققىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسىلە.

— تۇزۇت قىلىشمايلى، بەگلىرىم، بۈگۈن بۇ ئۆيگە ھەممىمىز مېھمان، مەيلى قەيەردە ئولتۇرساق ئوخشاشقۇ؟ ئىشقىلىپ مۇشۇ ئۆينىڭ بىر يېرىگە جايلىشىۋالساقلا، سەيدى ھاجىمىنىڭ كۆڭلىدىن ئورتاق بەھرە ئالىمىز، نېمەتلەرگە تەڭ ئېغىز تېگىمىز...

— بەرھەق، دېگەنلىرىڭىز توغرا، ئەمما سىلى دېگەن يۇرتىمىزغا مېھمان، مۇشۇ نۇقتىدىن بۇ ئۆيدىكى ھەممىمىزگە ئۆزلىرى مېھمان...

— ھەق گەپ، ھېلى تېخى كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېدىلە.

— غولى شۇ، مېھمان مېھمانچە، ساھىبخانا ساھىبخانىچە بولغىنى ياخشى.

— قېنى ئولتۇرۇشسىلا... — دېدى شېرىن تېزلا، — ھەممىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىل بولدى. پېقىرنى يات كۆرمەي ئارىلىرىغا ئېلىپ، مۇشۇنداق ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتكەنلىكلىرىگە مىڭ قەتلە شۈكۈر، دېگەنلىرىدەك بۇ يۇرتقا، ھەرقايسىلىرىغا مېھمان بولۇۋاتقىلى خېلى ۋاقىتلار بولدى. ھازىر بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ئۆزلىشىپ كەتتىم. شۇڭا، مېنى بۇرادەرلىرى ھېسابلىسىلا، ئەمدى تەكەللۇپ قىلىشمىساق...

— شېرىن ئوبدان گەپ قىلدى، ئۇنى تەڭلىككە سېلىۋەرمەي، قېنى ئولتۇرۇشسىلا... — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ باشقىلارغا، — ھۆرمەت، تەكەللۇپمۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئادەمنى قورۇندۇرۇپ قويىدۇ.

باشقىلار ئەمدى تۇزۇت قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى

قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ئۇنىڭچە سەيدى ھاجى خىزمەتكار كۆتۈرۈپ كىرگەن داستىخاننى قولىدىن ئالدى ـ دە، ئۆزى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالغاندىن كېيىن، مىس پەتنۇستىكى ھېجىر قاچىلارغا ئاز ـ ئازدىن چاي قۇيۇپ ھەممىنى بىر قاچىغا يىغدى ـ دە، ئىچىۋەتكەندىن كېيىن يەنە چاي قۇيۇپ پەتنۇس بىلەنلا مېھمانلار تەرەپكە سۇرۇپ قويدى.

ـــ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇق،ـــ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سەيدى ھاجىمۇ تېزلىكتە ئورنىدىن تۇردى.

ـــ يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، كەمىنە پېقىرلىرىنى تەگلىككە سالماي ئولتۇرۇشسىلا.

ئاۋۋال مېھمانلار، كېيىن سەيدى ھاجى ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن پەتنۇستىكى قاچىلارنى بىردىن قولىغا ئېلىشتى ـ دە، تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن قاچىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈشۈپ چاينى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئورنىغا قويدى. سەيدى ھاجى بۇ دورەم چاينى لىقلاپ قويۇپ پەتنۇس بىلەنلا كۆتۈرۈپ ھەربىر مېھمانغا تەگلىدى.

ـــ قېنى، چايغا باقسىلا...

شۇ ئەسنادا خىزمەتكارلار ئاۋۋال سارغىيىپ پىشقان كاكچا، ئۇستىگە كۇنجۇت، سىيادان سېپىلگەن توقاچلار قوندۇرۇلغان مەزەنى ئەكىرىپ داستىخانغا قويغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن تۇرلۇك تاتلىق ـ تۇرۇملارنى تىزىشۋەتتى.

ـــ غىزا تەييار بولغىچە مەزەگە باققاچ ئولتۇرايلى،ـــ

دېدى ئاكىسىنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان ھېزىم ھاجى مېھمانلارنى ئالدىدىكى تائاملارغا تەكلىپ قىلىپ.

مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىغا ئالماچان ئۈشتۈپ قويۇلغان ناننى چايغا تۆكۈرۈپ ئېغىزىغا سالاتتى. بەزىلىرى ئالدىدىكى تاتلىق ـ تۈرۈملەرگە «ھۇجۇم» باشلىغانىدى. ھايالشىمايلا ئاۋۋال ھالۋا كەلتۈرۈلدى، كېيىن توخۇ ـ ئۆردەك گۆشلىرى، پىششىق تۇخۇم، باچكا شورپىسى كەلتۈرۈلدى.

ـــ قېنى ھاكىمبېگىم، بۇنىڭغا ئېغىز تېگىپ باقسىلا،ـــ دېدى سىدىق ھاجى كىچىكرەك بىر كاسىدىكى پۈتۈن پىشۇرۇلغان پاقلان كاۋىپىنى داستىخانغا قويۇپ.

ـــ ماڭا تېگىل بولدى، ئاۋۋال پارچىلاپ كىرسىلە...ـــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ.

ـــ يارىشىغىنى بولسىمۇ قىلىپ بەرسىلە ئەمىسە...

مۇسا ھاكىمبەگ كاۋاپنىڭ بىر تەرىپىگە سانجىپ قويۇلغان دەستىسى مايلىشىپ كەتكەن پىچاقنى قولىغا ئالدى ـ دە، پاقلان كاۋىپىنىڭ بىر تەرىپىدىن بىر چىشلەم كېسىپ ئېغىزىغا سالدى.

ـــ ئەمدى ئاچىقىپ پارچىلاپ كىرسىلە...

ـــ مانا ھازىرلا...ـــ سىدىق ھاجى سۆزلىگەچ كاۋاپنى كاسا بىلەنلا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى ـ دە، ھايالشىمايلا پارچىلاپ ئېلىپ كىردى.

ـــ قىزىقىدا باقايلى، ھېلى سوۋۇپ تېۋىدىن كېتىپ قالسا ئېغىزلىرىغا تېتىماي قالىدۇ،ـــ دېدى سەيدى ھاجى.

ـــ باقايلى ئەمىسە...ـــ مۇسا ھاكىمبەگ ئاۋۋال ئۆزى قول سوزمىسا باشقىلارنىڭ كاۋاپقا قول سوزماي ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر پارچە كاۋاپنى قولىغا

ئالدى،ــ قېنى، ھەرقايسىڭلارمۇ... سەنمۇ بەز مارىغان مۇشۇكتەك تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋالماي، قېنى ئالغىن، شىرىن!...

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ، ئىلتىپات كۆرسەتكەچ غىزالىنىپ سۇۋۇپ تېۋىغا كېلىپ قالغان چايلىرىنى ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشۈشتى. پاراڭنىڭ تېمىسى كۆپرەك مۇسا ھاكىمبەگ ھاكىمبەگلىك ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئىشلارغا مەركەزلەشتى.

ــ قىش كىرىشى بىلەنلا يولغا قويغان تۇزۇملىرىنىڭ ئۇنۇمى ئوبدانلا كۆرۈلدى،ــ دېدى سېلىم بەگ چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان گۆشلەرنى تىرنىقى بىلەن كوچىلاپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن،ــ ھازىر قورچاق لەڭگىرىدىكى دارىلئاجىزدا ئىگە ـ چاقىسىز، ئۆي ـ ماكانسىز غېرىب ـ غۇرۋا، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلدىن ئاتمىش نەچچىسى كۈتۈلۈۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كوچا ـ كويلاردا تىلەمچىلەرمۇ تۈگەي دەپ قالدى. شۇغىنىسى كۆنگەن خۇي دېگەن يامان بولسا كېرەك، ئىككى ـ ئۈچ تىلەمچىنى پەقەتلا كۆندۈرەلمەيۋاتىمىز.

ــ نېمىشقا؟ــ دەپ سورىدى قاسىم باي گەۋدىسىنى ئالدىرىماي تامغا تىرەپ چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن،ــ ئۇلارغا ئىسسىق ئۆي، تەييار غىزا، پاكىز، ئازادە ئۆي بولسىمۇ يەنە قانائەت قىلمامدىكەن؟

ــ بۇنىسى پېقىرغىمۇ قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ ئۇلارنى دارىلئاجىزغا ئاپىرىپ چىرايلىق گەپلەر بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىمىز. ياتىدىغان ئۆينى كۆرسىتىپ قويغاچ غىزالاندۇرىمىز. ئۇلار بىردەم، يېرىم دەم باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندەك قىلىدۇ ـ يۇ، كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ ياتىدىغان ئورنىغا كىرىپ

كېتىشىدۇ. ئۇ يەردە ياتسا بىرەر كېچە ياتىدۇ. بولمىسا ئەتىسى تاڭ ئېتىپ بولغۇچە يەنە تاختا كۆۋرۈككە پەيدا بولۇپ تىرىكچىلىكىنى باشلاپ، گاھى تونۇر باشلىرىدا، گاھى كۈلى ئېچىۋېتىلگەن تونۇر ئىچىدە تۈنەيدۇ.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقمىدىڭلامۇ؟!

— سورىماي قالامدىمەن، سورىدىم. ئۇنداق ئادەملەر ئاسانلىقچە ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى دەپ بەرمەيدىكەن. ئەمما، كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ گەپ يورغىلىتىپ تۇرۇپ سورىسا، ئاندىن راست گېپىنى دەيدىكەن. كۆپىنچىسىنىڭ گېپى ئوخشاش. «بۇرۇن ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈپ كۆنۈپ قاپتىكەنمىز، بۇ يەرگە كېلىپ كۆنەلمىدۇق، يەنىلا تىلەپ يېسەكمۇ جاھان كۆرۈپ تىرىكچىلىك قىلغانغا يەتمەيدىكەن» دېيىشىدۇ.

— كۆر ما گەپنى، رەھىم ياراشمىدى دېگەن مۇشۇ مانا. بىر ئوبدان تۇرالغۇ، ئىسسىق تاماق، راھەت تۇرمۇشنى تاشلاپ...

— ئادەم دېگەنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققىلى بولمايدۇ، قارىسىلا. بەلكىم ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقىي، چىن كۆڭلىدىكى گەپلەردۇ ياكى بىزنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن توقۇۋالغان گەپلەردۇ. بۇنىڭغا ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

ئۆيئىچى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەممەيلەن دېيىشىۋالغاندەكلا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشقىنىچە گەپ قىلمىدى. سىلىم بەگ بەستىگە خويمۇ ياراشقان تونىنىڭ ياقىسىنى سەل ئۈستىگە تارتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە گەپ باشلىدى:

— نېمىلا دېگەنبىلەن دارىلئاجىزنىڭ قۇرۇلغىنى ئوبدان بولدى. ئۇنىڭ ئالەمچە ساۋابىنى دېمىگەن

تەقدىردىمۇ نۇرغۇن ئاجىز ـ ئورۇق، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار بۇنىڭدىن ئوبدانلا نەپ ئالدى. ھېچ بولمىسا ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى تۇگىدى. ياراتقان ئىگەم بۇيرۇسا، يەنە نەچچە كۈنلەردىن كېيىن يۇرت ـ يۇرتلارغا بېرىپ ھېچقانداق قارىغۇچىسى، باققۇچىسى يوقلارنى تىزىملاپ، رويخەتكە ئېلىش ئىشىنى باشلايلى دېگەن نىيەتتىمىز. ئۇ چاغدا ئىشلىرىمىز ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك ئاۋۇپ قالىدۇ.

— بۇ ئىشلارغا ئۆزلىرى يېتىشىپ بولالامدىكەنلا؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ بىرنېمىنى خىيال قىلغاندەك.

— يېتىشىپ بولالايمەن، ھاكىمبېگىم، ئۆزلىرى پېقىرنى مۇشۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشقا باش، يېتىم ـ يېسىرلارغا يۆلەك بولالايدۇ دەۋاتقان يەردە ئىشلىرىم كۆپ، يېتىشىپ بولالمايدىكەنمەن دەپ تۆگىدەك كەينىمگە چىغاپ تۇرۇۋالسام بولماس.

— ئەمدى دەيمىنا، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟! گاھىدا بۇ ئادەم بۇنچە كۆپ ئىشلارغا قانداقمۇ يېتىشىپ بولالايدىغاندۇ، تېنىنى ئاسرىسا بولاتتى دېگۈم كېلىدۇ، لېكىن يەنە بەزى ئىشلاردا سېلىم بەگ بولمىسا بولمايدۇ زادى دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىمەن.

— ماڭا ئۆزلىرىنىڭ مانا مۇشۇ گەپلىرىلا كۇپايە، ھاكىمبېگىم، ئۆزلىرى باش بولۇپ، ھەرقانداق ئىشنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپلا بەرسىلە، قالغان ئىشلارنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك بېجىرىمەن.

— مۇشۇ گەپلىرى ئۈچۈن قېنى مۇشۇ كاۋاپنى يەۋەتسىلە، — مۇسا ھاكىمبەگ كۈلۈپ، — بىزدە «يەپ تۇر، بەك تۇر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ...

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. سېلىم بەگ مۇسا ھاكىمبەگ ئۈزاتقان كاۋاپنى قوش قوللاپ ئالدى.

— «چوڭنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى»، مۇشۇ تاپتا روھىم كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ كاۋاپنى چوقۇم پاك - پاكىز يەۋېتىمەن ئىگەكىم...

باشقىلار يەنە بىر رەت كۈلۈشتى. مۇسا ھاكىمبەگ سەل ھاردۇق يەتكەندەك تۈيغۇغا كېلىپ قالدىمۇ، قانداق، ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويدى. سەزگۈر سەيدى ھاجى تېزلا ئېغىز ئاچتى.

— تەكيە ئەكىرىپ بېرەي، بىردەم سوزۇلۇپ يېتىۋالامىلا، ھاكىمبېگىم؟

— ياق، بىر ئوبدان پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋاتساق، مەن يېتىۋالسام باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانچىمۇ ھېرىپ كەتمىدىم، بۇنداق ئوبدان پۇرسەت داۋاملىق بولۇۋەرمەيدۇ، شۇڭا بىردەم گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىۋالايلىچۇ.

— ئوبدان، دېگەنلىرىچە بولسۇن ئەمىسە... — سەيدى ھاجى ئىلاجىسىز قالغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا يەنە بىردەم پاراڭلاشتى. شۇ ئەسنادا ئۈستىگە تۆت - بەشچە قاچا قويۇلغان مىس پەتنۇسنى كۆتۈرگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى - دە، سەيدى ھاجىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاكا، چۆچۈرە پىشتى، بۇنى مېھمانلارغا سۇنامسىزكىن؟

سەيدى ھاجى تېزلىكتە پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ ئاۋۋال مۇسا ھاكىمبەگكە، كېيىن باشقىلارغا تەڭلىدى. ئاندىن بىكار بولغان پەتنۇسنى قايتۇرۇپ بەردى.

— يەنە ئىككى قاچا ئەكىرىۋېتەمسىز، سىڭلىم؟
— مانا هازىرلا...— ئايال يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ چىرايلىق، تىرناقچىلىك چوڭلۇقتا تۇگۈلگەن، سۇزۇك سۈيىگە پىننە سىپىلگەچكە ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان، مەززىلىك پۇرىقى گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان چۆچۈرىنى ياغاچ ياغىچىدىن ئويۇلغان قوشۇق بىلەن ئىلەشتۇرگەچ «لاپ» قىلىپ سەيدى ھاجىغا قارىدى.
— سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام بولارمۇ، سەيدى ھاجىم؟
— قېنى سوراۋەرسىلە، ھاكىمبېگىم،— دېدى سەيدى ھاجىمۇ تېزلىكتە.
— خاتالاشمىسام بايىقى سېكىلەك ئۆزلىرىنىڭ سىڭىللىرىغۇ؟
— شۇنداق، ھاكىمبېگىم، ئۇ مەرھۇم بىزنىڭ سىڭلىمىز، باللارنىڭ كەنجىسى.
— يادىمدا قېلىشىچە، مەرھۇم پەدەرى بۇزرۇكلىرى بار ۋاقتىدا تاللىق قىلىنغانىدى، كېيىن بېشىغا ئويلىمىغان قىسمەتلەر كەلدى دەپ ئاڭلىغان. ھازىر يانلىرىدا ئوخشىمامدۇ؟
— ھەئە، مەرھۇم دادام ھايات ۋاقتىدا: «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا مۇشۇ يېگانە گۈلۈمنىڭ تاللىق بولغىنىنى كۆرۈپ گەدىنىمدىكى پەررىمنى ئاد قىلىۋەتسەم ئارمانىم يوق ئىدى» دېگەن گەپنى تولا قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئاجىزەنىڭ تويى بولۇپ بىر ئايلا .ىن كېيىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. سىڭلىمىزمۇ خېلىلا تېگى بار، بار ـ يوقنى كۆرگەن ئائىلىگە كېلىن بولغانىدى. ئۇ

ئۆيدە ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق تۇرغان بولسىمۇ، بالىلىق بولالمىدى. كېيىن كۈيۈ ئوغۇل بولغۇچى ئۆيىنى يىغىلاپ سىلىش ئۈچۈن دەرەخ كېسىۋاتقاندا، ئېغىزىمىنىغا ياغاچ چۈشكەن باھانە بىلەن قازا قىلىپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ سىڭلىمنى بۇ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىۋالدۇق...ــ سەيدى ھاجىنىڭ چىرايىدا بىردىنلا قايغۇلۇق ئىپادە ئەكس ئەتتى ـ دە، سىڭلىسىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۆكۈنگەندەك ئېغىر خورسىنىپ قويدى. مۇسا ھاكىمبەگ بۇنى كۆرۈپ سەل ئارامسىزلانغاندەك بولدى.

ــ كۆڭۈل يارىلىرىنى تاتىلاپ قويدۇم، ئەيىبكە بۇيرىمىغايلا، مەن ئېخى...

ــ يوقسۇ، تەمبەت ئۇنداق ئويلىمىسىلا، ھاكىمبېگىم، بۇ ئەمەلىيەتتىكى گەپلەرغۇ،ــ دېدى سەيدى ھاجى ئالدىراپ.

ــ سىڭلىلىرىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ باياتىن بېرى كۆپ ئەسلىگەن بولسامۇ تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا باردەك، ئەمما ھېچ خەتمىگە ئالالمايۋاتىمەن.

ــ گۈلخان...

ــ ھە، گۈلخان... گۈلخان... ئوبدان ئىسىمكەن. خۇدايىم كېيىنكى ئىشلىرىدا پېشانىسىنى ئوچۇق، يولىنى كەڭ قىلار. بەخت ـ تەلىيى كەلگەي...

ــ دېگەنلىرىدەك بولغاي، ھاكىمبېگىم...

شۇ ئارىلىقتا گۈلخان يەنە ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. بۇ دورەم سەيدى ھاجى ئورنىدىن «لىككىدە» تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى ئالدى ـ دە، بايا چۆچۈرە

يەتمىگەنلەرگە سۈنغاندىن كېيىن بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى بېقىشسىلا، چۆچۈرە دېگەننى پۈۋلەپ ئولتۇرۇپ قىزىقىدا ئىچىپ تەرلەنسە، ئاندىن تېتىيدۇ.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن قوشۇقلىرىنى قولىغا ئېلىشتى. چۆچۈرىدىن كېيىن گۆلخان لەگمەن كۆتۈرۈپ كىردى. بۇ چاغدا مۇسا ھاكىمبەگمۇ، باشقا بەگ، بايلارمۇ قانچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئەمدى تەمبەت غىزا يېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن سەيدى ھاجى بىلەن ھېزىم ھاجىلار ئۇنىمىدى.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ! ھەرقايسىلىرىدەك ئەزىز مېھمانلارنى ۋاقتى كەلگەندە ئات ـ تۆگە سويۇپمۇ چىللاپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ. ھېلىمۇ غىزالىرىمىز ئاددىي، قاتتىق ـ قۇرۇق بولۇپ قالدى. ھەرقايسىلىرىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىدىمۇ يوق بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ، شۇنداق بولسىمۇ، كۆڭلىمىزنى، ياخشى نىيىتىمىزنى دەپ بولسىمۇ غىزاغا باققايلا.

ئۇلارنىڭ بۇنداق سەمىمىي ئۆتۈنۈشى، ئىلتىجاسى ئالدىدا ھېچكىم گەپ قىلالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شورپا، گۆشنانلارمۇ داستىخاندىن ئورۇن ئالدى. ئەڭ ئاخىرى شاھانە پولۇ، كېرىيەلىكلەرنىڭ نەزىرىدە «كېتىڭ ئېشى»غا ھەممەيلەن بەكلا تويۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشىپ تۇرسىمۇ، ساھىبخانلارنىڭ زورى بىلەن ئېغىز تېگىپ، دۇئا قىلغاندا كۈن خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى.

— ئەمدى كەتسەك بولارمىكىن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ساراي ئۆينىڭ ھاۋادىنىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا قارىغاچ، — ھېلىمۇ بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى

تولـىمۇ جوۋۇتـۇپ، پايپېـتـەك قىلـىپ ئوبدانـلا مېھـمـان بولدۇق.

— راست، ھاجىملىرىم بوش جاپا تـارتمىدى!— دېـدى قاسىم باي،— «ئۆزى كەلگەن مېـھمان خۇدايـى مېھمـان، چاقىرىلمىغان مېھمان جازايى مېھـمـان» دەپ جازانى ئـاز سالمىدۇق.

— زىنھار ئۇنداق دېمىگەيلا، كۆڭۈلـلىرى چىـگىلىپ قالماي خۇشال - خۇرام ئۇزىسىلا بىز شۇنىڭغا خۇش.

ئۇلار بىر - بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئـاقـيار كـۆلـىنـىڭ ئـالـدىغا چـىـقىـشـتـى. شۇنـىڭغـىچە خـىـزمـەتكارلار بـەگ، بـايلارنـىڭ ئـېتـىنـى ئاچىقىشتى. تۆمۈر كۈمۈلەكمۇ مەپىنى تەييار قىلدى. شۇ ئارىدا يەنە خېلى تەكەللۇپ، ئۆزرىخاھلىقلار ئېيتىلغاندىن كـېيىن مـېھمانـلار ساھىبخانىلار بىلەن خوشـلىشـىپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. مۇسا ھاكىمبەگ يەڭگىل چايقىلىپ مېڭىۋاتقان مەپىنىڭ كۆزنەكلىرىدىن كىـرىۋاتقان بـاش بـاھـارنىڭ سـەلـكىـن شـامـلـىـدىـن ھۇزۇرلانـغـانـدەك كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى - يۇ، لېكىن يەنە تېزلا ئېچىـپ سورىدى:

— سىنىڭچە، بۈگۈنكـى مېھمـاندارچىلىـق قانداقـراق بولدى، شېرىن؟

— ئوبدانلا بولدىغۇ! ئۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكـىلارمۇ خېلـى تۇجۇپىلەپ تەييارلىق قىلغانىكەن. مېھمانلارنىڭ كۆڭلـى ئېچىلسۇن، دىلى چىگىلىپ قالمىسۇن دەپلا تۇرىدىكـەن. باشقىلارنىڭ نېمىـلەرنى ئـويلىغـانلىقىنى بىلمەيمـەن، لېكىن مېنىڭ خېلىلا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— ھە... مـۇنداق دە، سەن رازى بولـغـان بولساڭـلا، قالغانلارمۇ چوقۇم رازى بولىدۇ، شېرىن!

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، شېرىن سەل ھەيران بولدى ـ دە، «بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئەجەب ئىككى بىسلىق گەپلەرنى قىلىشۋاتىدىلىيا؟...» دېگەندەك تېز ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ سالاپىتىنى بۇزماي، بىر خىل تەرزدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. مەپە تېزلا تاختا كۆۋرۈككە كېلىپ ئوڭغا بۇرۇلدى ـ دە، ئۇدۇللا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قورۇسى تەرەپكە ماڭدى.

# توققۇزىنچى باب

## كەچمىشلەر سۆزلەنگەن كېچە

مەپە مۇسا هاكىمبەگنىڭ قورۇسىغا كېلىپ توختىغاندا كۈن خېلىلا پەسلەپ قالغانىدى.

— باشقا ئىشىڭ بولمىسا بىردەم گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلاشمامدۇق؟ — دېدى مۇسا هاكىمبەگ مەپىدىن چۈشۈپ هويلىغا كىرگەندىن كېيىن، — ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن بىلەن بىر مۇهىم ئىش خۇسۇسىدا مەسلىهەت چىقىپ قالدى.

— ئۇنداق يېرى بولسا مەيلى، بېگىم.

ئۇلار ئاۋۋال مۇسا هاكىمبەگنىڭ ئىككى يۇزچە ئادەم بىمالال سىغقۇدەك چوڭلۇقتىكى ئايۋىنىغا كىرىپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى ساراي ئۆي ئارقىلىق بۇلۇڭ تەرەپتىكى ئادەتتىكى چاغلاردا مۇسا هاكىمبەگ ئارام ئالىدىغان، يېقىن - يوۋۇقلىرىنى يىغىپ پاراڭلىشىدىغان، هۆكۈمەت ئىشلىرىنى مەسلىهەت قىلىدىغان پىنهان ئۆيگە كىرىشتى. بۇ ئۆينىڭ ئۇستى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان بولۇپ، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا نەقىشلىك ئويۇقلار چىقىرىلغانىدى. ئويۇقلارنىڭ بەزىلىرىگە دىنىي كىتابلار تىزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مۇسا هاكىمبەگ كىچىك ۋاقتىدا

مەدرىسەدە ئوقۇغان ۋاقتتا ئىشلەتكەن، بىر قىسمى سودا ـ تىجارەت، ھەج سەۋەبلىك سىرتقى ئەللەرگە چىققانلار ئالغاچ كېلىپ تەقدىم قىلغانىدى. يەنە بەزى ئويۇقلارغا رافغۇزىنىڭ «يۇسۇف ـ زۇلەيخا»، نەۋايىنىڭ «فەرھاد ـ شېرىن»، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام» قاتارلىق كۆن تاشلىق كىتابلىرى، يەنە بەزىلىرىدە «مەشھۇرنامە»، «زەپەرنامە»، «خوجا ھاپىز»، «بوستان»، «گۈلىستان» قاتارلىق كىتابلار تىزىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلىرى ئەسلىي نۇسخا بولسىمۇ، كۆپىنچىسى ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى ئويۇقلاردا يەنە ئون بەشچە بۇلغار تاشلىق كىتابلار بولۇپ، پۇتۇنلەي ئەرەب، تۇرك، ئوردۇ تىللىرىدا يېزىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلار بولغاچقا، مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنى سوۋغا قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپلا قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ياكى قىزىققۇچىسى بولمىغاچقا، بىر قۇر ۋاراقلاپ قويۇپلا ئويۇققا تىزىپ قويغانىدى. ئىشىكتىن كىرىشتىكى بىر تامغا مىستىن سوقۇلغان قاچا ـ قۇچىلار تىزىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىگە بىر غۇلاچ كېلىدىغان كۆن قاپلىق قىلىچ، يەنە بىر تەرىپىگە قىزىل يۆپۈك ئېسىلغان بىسلىرى سوغۇق نۇر تارقىتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان نەيزە ئېسىپ قويۇلغانىدى.

— قېنى ئولتۇرغىن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ پۇتۇنلەي گىلەم سېلىنغان بۇ ئۆينىڭ تام بويلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەرگە ئىشارە قىلىپ.

شېرىن بۇ ئۆيگە بۇرۇن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، ئويۇقتىكى كىتابلارغا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك

بۇيۇملىرىغا ئانچە دىققەت بىلەن قاراپ كەتمىگەنىدى، «ھاكىمبېگىمنىڭ بۇنچە سىرلىق ھالدا مېنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، مەسلىھەتلىشىدىغان قانداق مۇھىم گېپى باردۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ، ئۇ كۆرسەتكەن يەرگە خۇددى تۆگىدەك موكلا چۆكتى ـ دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— ئازادە ئولتۇرغىن، شېرىن، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارغان كۈيئوغۇلدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىينالغۇچە ئازادە ئولتۇر،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئۆزىمۇ چازا قۇرۇپ ئولتۇرغاچ.

— مەيلى كۆنۈپ قاپتىمەن، ھېلى قولىشالمىغاندا ئاندىن سىلى دېگەندەك ئولتۇراي،— دېدى شېرىن كۈلۈپ.

— ئىختىيارىڭ...

شۇ ئەسنادا ئۆيگە توختىخان كىرىپ كەلدى ـ دە، يەگادىلا تۇرۇپ سورىدى:

— ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن، ھاكىمبېگىم؟

— چاي... ئوبدانراق، قېنىق دەملە.

— ماقۇل.

— ئاۋۋال چىراغقا ئوت يېقىۋەت.

— مانا ھازىر...— توختىخان ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى ئويۇقتا تۇرغان جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ كۈن كىرىپ، ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغاچقا، تۈڭلۈكتىن كىرگەن يورۇقلۇق ئۆينى بىمالال يورۇتالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. شېرىن مۇسا ھاكىمبەگكە قارىدى. لېكىن، ئۇ شۇ تاپتا بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك

بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ شېرىن ھەيران بولدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا نېمىنى ئويلىسا دەۋېرىدىغان، قىلچىمۇ گەپ يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدىغان ھاكىمبەگنىڭ ئاتايىن بۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلىشى، يەنە كېلىپ قورسىقىمدىكىنى تاپ، مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن دېگەندەك قەستەن سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋېلىشى ئۇنى تەئەججۇپلۇك خىياللار قوينىغا باشلاۋاتاتتى. شېرىن بارغانسېرى تەقەززا بولدى ـ دە، «ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلىرى قايسىكىن، ھاكىمبېگىم، قېنى دەۋەرسىلە...» دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، توختاپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلىپ، ياندۇرۇلغان جىنچىراغنى كۆتۈرگەن توختىخان كىرىپ كەلدى ـ دە، چىراغنى ئويۇقتا قويۇپ، جىگدە شوخىسى بىلەن پەرلەپ قويغاندىن كېيىن، قولتۇقىدىكى داستىخاننى ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا سېلىپ، ئارقىسىدىن بىرى كۆتۈرۈپ كىرگەن چەينەك، پىيالىلەرنى قولىغا ئېلىپ، چاي قۇيۇپ تەڭلىگەچ سورىدى:

— تاتلىق ـ تۇرۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىرەيمۇ، بېگىم؟

— ياق، بىزگە مۇشۇ تاپتا چايلا تېتىيدۇ. باشقىلارغا دەپ قويۇڭ، بىزنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمىسۇن.

— ماقۇل... — توختىخان چىقىپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۆينى خىرە يورۇتۇپ تۇرىدىغان جىنچىراغ يورۇقىدا قاچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان ھورغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، بىردىنلا كۆزلىرىنى شېرىنگە تىكتى.

— سېنى بۇ ئۆيگە ئاتايىن چاقىرىشىمدىكى مەقسەت،

سىڭنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش،ــ دېدى ئۇ پەس، ئەمما ئېنىق ئاڭلىنىدىغان ئاھاڭدا،ــ بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە خېلى زامانلار بولدى. ھازىرغىچە بويتاق يۈرۈپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىۋاتىسەن. بۇ بىر ئەر كىشى ئۈچۈن ئاسان ئەمەس، مەن نەچچە قېتىم بۇ ھەقتە ساڭا مەسلىھەت سالاي، بۇ ھەقتە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى ئۆز ئېغىزىڭدىن ئاڭلاي دېگەن بولسامۇ، شېرىنىمۇ بىر ئەر كىشى، بەلكىم ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئويلىغانلىرى باردۇ، ۋاقتى كەلگەندە مەن سۈيلەپ ئولتۇرمىسامىمۇ ئۆزى ئېغىز ئاچىدۇ دەپ ئويلاپ، بوغۇزۇمغا كەلگەن گەپلەرنى يۇتۇۋەتتىم. لېكىن، سەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدىڭ. شۇڭا، بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ ئىشلارنى روبىرو ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشەيلى دېگەن مەقسەتكە كەلدىم. بۇ قانداقتۇر خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەس، شېرىن، شۇڭا مېنىڭ مەسلىھەتىم، تويۇڭنى قىلىپ، مۇشۇ دىياردا يەرلىكلىشىپ قالغان بولساڭ...

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تەرەپىباللا ئۆيلىنىش ھەققىدە مەسلىھەت سالىدىغانلىقى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇ بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھەيران بولدى ـ دە، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، «شېرىن نېمە دەركىن؟» دېگەندەك خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. بىراق، شېرىن تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نۇرغۇن خىياللارنى قىلغان بولۇپ، بەك ئۇزاققا سوزۇۋەتمەيلا مۇسا ھاكىمبەگدىن ئىجازەت سوراپ، باشقا يۇرتلارغا ئاتلىنىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قانداق ئەھۋالدا ھاكىمبەگكە

ئېغىز ئېچىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشنى بىلەلمەي قىينىلىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۆيلىنىش، مۇشۇ يەردە يەرلىكلىشىپ قېلىشىغا ئۇندىشى شېرىننى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، شېرىن؟ سېنىڭ باشقىچە خىيالىڭ بارمۇ - يا؟ بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولمىغان، مۇشۇ يۇرتتا تەڭ ياشىمىغان بولساقمۇ، بۇ دىيارغا كەلگەندىن بېرى خېلى قويۇق ئەسرالىشىۋاتىمىز. مېنىڭچە، ئىككىمىز ئارىسىدا دېيىشەلمەيدىغان گەپ يوق دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ ئىشتا مەيلى قانداقلا ئويلىغان بولساڭ ئۇدۇللا دەۋەرگىن...

شېرىن قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ قويدى - دە، «چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەرسە قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى - دە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ھاكىمبېگىم، نىيەتلىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. ئۆزلە مېنىڭ يالغۇزچىلىق تارتىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا ياخشى بولسۇن، تۇرمۇشى ئىزىغا چۈشسۇن دېگەن نىيەتتە بۇ گەپنى دەۋاتىلا. راست گەپنى دېسەم، مەسلىھەتلىرى ماڭا ياغدەك ياقتى، لېكىن ئۇنداق قىلسام بولمايدىغان، ئۆزۈمنىڭمۇ تىلى قىسىنىدىغان بېرى بار، بېگىم. كۆپ سۆزلىمىسەممۇ ئۆزلىگە ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئايان. كەمىنىلىرى بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە

يۈرۈيدىغان ئادەممەن. چوقۇم تۇرار يېرىم يوق. ئەگەر ئۆزلەرنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھازىر ئۆيلەنگەن تەقدىردىمۇ ئازنا بەش كۈندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلىنىپ قالسام، ماڭا ياتلىق بولغان ئايالىمۇ ھەسرەتتە قالىدۇ. ئۆزلىرىمۇ مېنى «تازا بىر تۇتۇرۇقسىز ئادەم ئىكەن، ئىسىت، ياخشى كۆڭلۈم، قاراپ تۇرۇپ تۇزكورلۇق قىلدى، خەپ ئىگەكىم، ئادەمگە ياخشىلىق قىلغاندىن كۆرە ھايۋانغا ياخشىلىق قىلغان بولسام بولاركەن!...» دەپ قالدىلا. شۇڭا، بۇ نىيەتلىرىدىن يانغانلىرى تۈزۈك...

— بۇنداق گەپنى قوي، شېرىن! ئەر كىشى دېگەن ئۆيلەنمىسە بولمايدۇ، سالتاڭ تۇرمۇش دېگەن تۇرمۇش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سەن ئىكاھلىنىدىغان ئايالنىمۇ تاللاپ بولدۇم.

شېرىن خورسىنىپ قويدى. ئۇ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ تويغا رازىلىق بەرسىلا، كېرىيەدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، كېيىنكى كۈنلۈكتە يۇرتى قومۇلغا قايتىپ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن جەم بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، مانا ھازىر مۇسا ھاكىمبەگ بۇنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلسە ئۇ چاغدا زورلىمىغان بولاتتى. ئەپسۇس، شېرىن بۇ گەپلەرنى قومۇلدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ھېچكىمگە ئاشكارىلاپ باقمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ۋەھىمە تۇمانلىرى تېخى تامامەن تۈگەپ كەتكىنى يوق. گاھى كېچىلىرى ئاشۇ قاباھەتلىك ئىشلار چۈشىدە زاھىر بولسا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، بىر — ئىككى كۈن تۇتقان — قويغىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ. مۇسا ھاكىمبەگ بۇ سىرنى بىلسە قانداق ئويلاپ قالار؟

— گەپ قىلمايسەنغۇ، شېرىن؟ ساڭا دېسەم، مەنمۇ بۇ

گەپنى دېيىشتىن ئىلگىرى نەچچە قېتىم ئويلىنىپ، ئاندىن ئېغىز ئېچىۋاتىمەن. بەلكىم بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن. مەن بۇ ئىشنى ئويلىنىۋاتقىلى بىر ـ ئىككى ئايدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ساڭا مۇۋاپىقراق ئايال زاتىنى كۆڭلۈمگە پۈكەلمەي، «قېنى ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار...» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، بۈگۈن بۇ خەيرلىك ئىش كۆڭلۈمدە بېكىپ بولدى، شۇڭا مانا هازىر ئېغىز ئېچىۋاتىمەن. ئۇ لايىق كۆڭلۈڭگە خوپ كېلىپ، ساڭا يارىسا ماقۇللا دەپ بەرسەڭ قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەچچە كۈندىلا ئەل ـ يۇرتقا داستىخان سېلىپ، نىكاھىڭنى ئوقۇۋەتسەك بولىدۇ.

شىرىن مۇسا هاكىمبەگنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشەندى، لېكىن...

— ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ناۋاتتەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ، هاكىمبېگىم، ئۆزلەرنىڭ مەندەك تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان ئادەمنىڭ بېشىنى سىلاپ، خەيرخاهلىق قىلىپ يۇرت ئاتلىق مېھرىنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقلىرىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. ئۆزلەرنىڭ بۇ شەپقەتلىرىنى كېيىنچە قازايى قەدەر يېتىپ، ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالساممۇ ئۇنتۇمايمەن.

— بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ، شىرىن، گەپنى بۇنداق تېز ئۈزۈۋەتمەي ئوبدانراق ئويلىنىپ ئاندىن جاۋاب بەرسەڭمۇ بولىدۇ.

— مەن راست دەۋاتىمەن، هاكىمبېگىم، بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىم بار،— دېدى شىرىن،— ئەگەر خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا، خېلى ئۇزاقتىن بېرى سەمىلىرىگە سېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن

ئىغىز ئاچالمايۋاتقان بىر ئىش بار. مۇشۇنداق ئوبدان پۇرسەتتە ئۆزلەڭگە دېسەم بولارمۇ؟

— يەنە تەكەللۇپ قىلىۋاتىسەن ھە! ئەسلى ماڭا نېمىنى ئويلىساڭ شۇنى دەۋەرسەڭ بولۇۋېرەتتى، ئەمەسمۇ؟ قېنى قۇلىقىم سەندە.

— بۇ مېنىڭ ئىشلىرىم توغرۇلۇق ئىش بولمىغاچقا ئالدىراپ ئىغىز ئاچمىغاندىدىم، شۇڭا ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا.

— ئۇنداقتا كىمنىڭ ئىشى؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ ئەجەبلىنىپ.

— نىياز قاراقاشنىڭ.

— نېمە؟ نىياز قاراقاشنىڭ دەۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ قانداق ئىشى باركەن؟ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋاتقىلى ئۇزاق زامانلار بولغان، مىجەز - خۇلقىمنى ئوبدانلا بىلىدىغان نىياز ئۇ گەپلەرنى ئاتايىن ساڭا دېگۈزگىچە ئۆزى دەۋەرسىمۇ بولۇۋېرەتتى، ئەمەسمۇ؟!

— بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش ئىكەن، — شېرىن ئالدىدىكى سوۋۇغان چاينى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن نىياز قاراقاشنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى، ياشلىقىدىكى ئىشق سەۋدالىرىنى ۋە كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى، — ئىشلار مانا مۇشۇنداق ئىكەن، ھاكىمبېگىم، نىياز قاراقاش بىلەن توختىخان مانا مۇشۇنداق دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچراپتۇ. ئۇلارنىڭ كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىنى بەلكىم ئۆزلەمۇ تولۇق ھېس قىلىپ بولدىلا. بۇ ئىككىسىگە ئۆزلە ئىگە بولۇپ بېشىنى سىلاپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسىلا، ئىككىلا ئالەمدە كاتتا ساۋابقا مۇشەررەپ بولاتتىلا.

ــ توۋا، جاھاندا بۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن دېسە...ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ھەيران بولغاندەك،ــ سەن دەۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇددى «گۇلىستان»دىكى بىرەر چۆچەكنى ئوقۇغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. راست، مەن نىياز بىلەن چەرچەندە كۆرۈشكەندە، ئۇ يىراقتىن گەپنى يورغىلىتىپ يۇرۇپ ھاشىم چوڭنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، «بۇ ئادەم ھاشىم چوڭنىڭ ئىشلىرىنى ئەجەبمۇ ئېھتىيات بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ كەتتى ـ يا، بۇنىڭ تېگىدە بىرەر سىر بارمۇ، نېمە؟...» دېگەنلەر «غىل ـ پال» كۆڭلۈمگە كەلدى ـ يۇ، لېكىن «بىر مەھەللىلىك ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇمۇ يۇرتتا ئاز ـ تولا نام ـ ئاتىقى بار باي بولغاندىكىن، بىزنى تونۇمدىكىن دەپ سوراۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى مۇشۇ قورۇغا ئەكېلىشۋالدىم. نىياز راستچىل، بىرەر كىمنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىگە سىڭار كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆزۈممۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. لېكىن، سىز دېگەن ئىشلار مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ چېلىققان، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇلارنىڭ باغدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسامۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم، بەلكىم بىرەر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپتىمەن ـ يۇ، لېكىن سىز دېگەن ئىشلارنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. ھېلىمۇ ئوبدان چاغدا سەممىگە سېلىپ قويدۇڭ. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا، مانا مەن باش بولۇپ ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزەي. ئەمما، سەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىما. مەن دېگەن ئىشلارغا جاۋاب بەر. نىياز

قاراقاشنىڭ تويىنىمۇ، سىنىڭ تويۇڭنىمۇ بىر كۈندە قىلىۋېتەيلى، مەنمۇ قوش ساۋابقا نائىل بولاي.

— نىيازنىڭ ئىشىغا ئىگە بولىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن، بىگىم، لېكىن مېنىڭ ئىشىم ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىمەن، بۇنى بىلمەيمەن. ئۆزلەگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، بەلكىم ئۇزاققا قالمايلا ئۆزلەدىن رازىلىق ئېلىپ، باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىشىم مۇمكىن.

— نېمىشقا؟ مەندىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ ئالدىراپ، — قېنى دېگىنە، شېرىن، ھەرقانداق گەپ بولسا دەۋەرگىن، «ئۇسسۇلىنىڭ تۇزدە، گەپنىڭ يۇزدە» بولغىنى ياخشى.

— خاتا ئويلاپ قالدىلا، ھاكىمبېگىم، ئۆزلە ماڭا خۇددى بىر قورساق تۇغقانلىرىدەك ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتسىلا، يەنە نېمىدىن كۆڭلۈم ئاغرىسۇن؟! ئۆزلەگە دېسەم بۇ ئىشتا ئالدىلىرىدا ھەقىقەتەن ئۆزرىلىكمەن، — شېرىن بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ بىردىنلا بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇنىڭدىن باشقا گەپلەرنى قىلىشقا ئامالسىز ئىدى، — باشقا يۇرتقا سەپەر قىلىمەن دېيىشىمدىكى سەۋەب، مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى خېلى مەزگىل بولدى. شۇڭا...

— بۇ كۆڭلۈڭدىكى گەپ ئەمەس، شېرىن، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ھازىر سەن سەۋەب كۆرسىتىۋاتىسەن. مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى كەسكىن رەت قىلىشىڭدىكى مۇددىئا زادى نېمە؟

شېرىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادالغان

كۆزلىرىنى كۆرۈپ، راست گەپنى قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— بۇ گەپنى ئوبدان سورىدىلا، مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ئادەممەن. يۇرتۇمدا ئايالىم، ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان بالىلىرىم بار. بۇ يەردە ئۆيلىنىپ يۇرسەم ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمەن.

— يەنىچۇ؟

— باشقا سەۋەب يوق.

— بار، سەن يەنە يوشۇرۇۋاتىسەن؟

— راستىنلا يوق.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆيلەنسەڭ بولغۇدەك.

— نېمىشقا؟

— ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مېنىڭ قول ئاستىمدىكى بەگلەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئىككى - ئۈچتىن خوتۇنى يوق. ھازىر نىكاھلىنىپ، كېيىن ھەقىقەتەن يۇرتۇڭغا قايتىدىغان ئىش بولسا، ئايالىڭ قوشۇلسا بىرگە ئېلىپ كەتسەڭ، ئالمىدىس يۇرتىدىن، قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، سەن بىلەن بىللە ماڭالمايدىغان ئىش بولسا سۆزىنى بېرىپ، تالاق قىلىۋېتىپ ماڭساڭمۇ بولىدىغۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بايلىرىمىزمۇ سودا - تىجارەت بىلەن باشقا يۇرتلارغا بارسا شۇ يەردىن ئۆيلىنىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن مەزلۇمنىڭ سۆزىنى بېرىپ قايتىپ كېلىدىغان ئادىتى بارغۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئېغىر ئالمايدىغۇ؟!

شېرىن تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى - دە، ئەمدى چىن يۈرىكىدىكى گەپنى دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بەرھەق، بىزدە شۇنداق ئادەت بار، ھاكىمبېگىم. ئۆزلە دېگەندەك بۇنداق نىكاھنى باشقىلار ئانچە ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيدۇ، لېكىن مېنىڭ ئىشىم ئۇلارغا پەقەتلا ئوخشاشمايدۇ. پېقىر جان قايغۇسىدا قالغان ئادەممەن. كېيىنكى كۈنلەردە قانداق كۆلپەتلىك، قاباھەتلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولىمەن؟ ئۆلۈكۈم قەيەردە قالىدۇ، بۇنىسىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان بىر قىسمىلا گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن!...

— راست گەپنى قىلىۋاتىمەن، بېگىم، مۇشۇ تاپتا ئەقىل ـ ھوشۇم تازا جايىدا، — دېدى شېرىن ئالدىرىماي سۆزلەپ.

— ئەمىسە قېنى دە، بۇ قانداق ئىش ئۆزى؟

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەلگىنە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئۆزلە مېنى شېرىن، يۇرتى قومۇلدىن، ھازىر جاھان كېزىش ھەۋىسى بىلەن بۇ يۇرتقا كەلگەن دەپ بىلدىلا، ھاكىمبېگىم، بۇ ھەقتە سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولىمۇ ئۇزۇن. مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكان توقسۇن دېگەن يۇرتنىڭ بىر چەت يېزىسى ئىكەن. كىچىك ۋاقىتلىرىمدىكى ئىشلارنى ھازىر تازا ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما، ئاز ـ تولا ئەقلىمگە كەلگەن ۋاقىتلاردا تۇرمۇشىمىز تولىمۇ نامرات ئىدى. دادام بىچارە مەھەللىدىكى باينىڭ ئۆيىدە يىللىقچى ئىدى. ئاناممۇ يۇرت ئىچىدە كىمنىڭكىلا نېنى بولسا يېقىپ، كىرى بولسا يۇيۇپ دېگۈدەك ئىشلەپ، ھەققى ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلەر بىلەن مەن ۋە ئىنىمنى باقاتتى. ئۇلار ئات ـ

ئېشەكتەك ئەنە شۇنداق ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويغۇدەك نانغا، ئۇچىسىنى ياپقۇدەك ئېگىن ـ ئاياغقا ئېرىشەلمەيتتى. مەنمۇ شۇ چاغلاردا بىرەر قېتىم بولسىمۇ قورسىقىمنىڭ تويغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك، يۇرتىمىزدا ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بەردى. ئۆزلە بەلكىم بىلمەسلىككلىرى مۇمكىن، ھاكىمبېگىم، بىزنىڭ يۇرتلاردا سۇ تولىمۇ قىس، بۇ يەردىكىدەك ئۆستەڭ ـ ئۆستەڭلەردە سۇ شىلدىرلاپ ئاقىدىغان ئىشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ يەردە كارىز دەيدىغان، يەر ئاستىدىن ئېرىق ئېلىپ نەچچە تارامنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن يەر يۈزىگە سۇ چىقىرىدىغان بىر قۇرۇلۇش بار. بۇنداق كارىزلارنى كولاپ سۇغا ئېرىشىش كۈننى ئاران ئېلىپ كېلىۋاتقان دېھقانلارغا نېسىپ بولمايدۇ. نەچچە يۈز ئادەم ئۈچ ـ تۆت يىل ئىشلىسىلا ئاندىن بىر كارىز پۈتىدۇ. ئۇنىڭغا كۈچ ـ ماغدۇرىمۇ، پۇل ـ مېلىمۇ كۆپ ئادەم بولمىسا، باشقىلار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ يەردە سۇنى قان بىلەن ئوخشاش دەپ تەرىپلىسەم ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. شۇ يىلى يۇرتىمىزدىكى كارىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك سۈيى تارتىلىپ كەتتى. يەرلەرمۇ ھوسۇل بېرىش تۈگۈل، سالغان ئۇرۇقنىمۇ يىغىۋالغىلى بولمىدى، ھەممە كىشى جان قايغۇسىدا قالدى. داداممۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندەك نۇرغۇن خىياللارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۇرتتا ئەمدى ياشىيالمايدىغانلىقىنى، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنىڭ خۇددى ئۆلۈمنى كۈتكەندەك ئىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغى، بىر كۈنى ئەتىگەندىلا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش ھەققىدىكى ئويىنى ئاشكارىلىدى.

— قەيەرگە بارايلى دەۋاتسلا، دادىسى، — دېدى ئانام، — مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە قەيەرگىلا بارساق «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت»، جان باقماق ئوڭاي ئەمەس، مەنغۇ مەزلۇم كىشى، سىلى قەيەرگىلا بارىمىز دېسىلە مېڭىۋېرىمەن، لېكىن...

— دېگىنىڭلا ئورۇنلۇق، مەيلى قەيەرگىلا بارمايلى جان باقماق ئوڭاي ئەمەس، لېكىن بۇ يەردە ئۆلۈمىمىزنى ساقلىغاندەك تۇرۇۋەرسەك قاملاشمايدۇ. ھېلىقى كۈنى ئىمام ئاخۇنۇم مەسچىتتە كىتاب تەپسىر قىلىۋېتىپ: «ياراتقان ئاللا ئىگەم بەندىلىرىگە ‹يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىش ئۆزۈڭدىن› دەپتىكەن» دېدى. ئويلاپ باقسام بۇ بەرھەق گەپ ئىكەن. ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ھازىر يۇقىرىدا ۋاڭ غوجام[1]، تۆۋەندە بەگ، بايلارنىڭ زۇلمىدىن جان سىرقىرايدىغان بولۇپ كەتتى، تېخى بۇمۇ ئاز كەلگەندەك بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى، ھېچكىم ھوسۇل ئالالمىدى. بىزدەك كۆك نامراتلارنىڭ كۈن ئېلىشى تەسلىشىپ كەتتى. ھازىر بەزىلەر بايلاردىن بىر چارەك قوناقتا كېلەر يىلى ئۈچ چارەك قوناق بېرىشكە دېيىشىپ قەرز ئېلىۋېتىپتۇ. خەير، بىزمۇ باشقىلاردەك شۇنداق قىلدۇقمۇ دەيلى، كۈن دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ، كېلەر يىلىمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا كۈنىمىز ياخشىلىنىپ، قەرزلەرنى قايتۇرالىساقمۇ بىزچىلىك ئادەم بولماس، ئالىمادىس قايتۇرالمىساقچۇ؟ سىلىمۇ بىلىسىلە، خوتۇن، بىزدە «تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي، قەرز ئېلىپ قايتۇرمىغىنىڭنى» دەيدىغان گەپ بار. بۇ دېگەن ئۇزۇن جاھان، بۇرنىمىزنىڭ

---

[1] تۇرپان ۋاڭىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنىلا كۆرسەك بولمايدۇ. ھېلىمۇ چىشىمىزنى چىشلەپ ياشاپ كەلدۇق. ھەر ئىككىلىمىز كۈندۈزنى ئىسسىق، كېچىنى قاراڭغۇ دېمەي جان تىكىپ ئىشلىسەكمۇ تامبىلىمىز تىزىمىزدىن ئاشماي كەلدى. جاھاننىڭ چوڭلۇقى بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاسمىنىدەك كەڭرى دەپ ئولتۇرۇۋەرسەك بولمايدىغان يېرىگە كەلدى. ئۆزىمىزنى دېمىسەكمۇ ئالدىمىزدىكى گۆھەردەك ئىككى بالىمىزنى ئويلايلى. ئۆزىمىز جاپا تارتساقمۇ، ئۇلارنى ئادەمنىڭ كۈندەك كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ باقايلى. «سەۋرى ئالەم» دېگەن گەپ بار ئىكەن. سەۋەب قىلىپ باقساق بىزگىمۇ خۇدايىمنىڭ ئاتا قىلغان ياخشى كۈنلىرى باردۇ...

— سىلى قەيەرگە بارايلى دەۋاتىلا؟ — دېدى ئانام دادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ.

— قومۇل تەرەپكە بارايلىمىكىن، سىلىمۇ بىلىسىلە، ئۇ يەردە يىراقراق بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان، ئەلتە — يەتتە يىل ئىلگىرى بىر كېلىپ كەتكەنچە بۇ تەرەپكە قايتا يولاپمۇ قويمىدى. ئۇ شۇ چاغدا قومۇل دېگەن ئۇنداق يۇرت، بۇنداق ئوبدان يۇرت دەپ بەكلا ماختاپ كەتكەن. ھەتتا تېخى كېتەر ۋاقتىدا: «بىللە كېتەيلى، ئۇ يەرگە بارسىڭىز تۇرمۇشىڭىز ئىككى - ئۈچ يىلدىلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دېگەن. لېكىن، شۇ ۋاقىتتا سىلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىمىزغا قورساق كۆتۈرگەن ۋاقتىڭلا بولغاچقا، مەن ئۇنىمىغانىدىم. مانا ئەمدى پۇرسىتى كەلگەن ئوخشايدۇ، قومۇلغا بارايلى.

— ئۇ يەر بەك يىراقتۇ؟

— ھەئە. يىراق...

— باللار بىلەن قاچانمۇ بىرىپ بولارمىز، دادىسى؟
— بىرىپ بولىمىز، يولى ئاز ـ ئازدىن باسساق قومۇلغا يېتىپ بارالايمىز.
— ئۇ يەردىمۇ بۇ يەردىكىدەك ۋالڭ، گۇڭ، تەيجى، بەگ دېگەنلەر باردۇ؟
— بار، بولمامدىغان، «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت»...
— يەنە شۇ... ھەي، تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن، دادىسى، ھېلىقى تۇغقانلىرى ئۇ يۇرتنى ماختىغىنى بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردىن قومۇلغا بىرىپ كۆرۈپ كەلگەنلەر يوق، ھېچكىم ئۆزى تۇرغان، ئاش ـ نان بەرگەن يەرنى ئەسكى دېمەيدۇ، شۇڭا...
— بولدى، كۆز قورقۇتۇۋەرمەڭلا، ئاۋۋال بىرىپ كۆرۈپ باقايلى، ئۇ يەردە جېنىمىزنى جان ئېتەلىگۇدەك بولساق ئېتەرمىز، ئېتەلمىسەك قايتىپ كېلەرمىز، شۇڭا تەييارلىق قىلمۇۋېرىڭلا، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولغا چىقايلى.
— كەمبەغەل دېگەن قانچىلىك تەييارلىق قىلماقچىدى، يولدا يەيدىغان ئوزۇق ئېلىۋالساقلا بولىدۇ، شۇ ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ بولسىمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ ئامالىنى قىلارمىز، يول يىراق، بىزغۇ بىر ئاماللار بىلەن ماڭارمىز، لېكىن باللار كىچىك، جاپاغا بەرداشلىق بېرەلمەسمىكىن!
— خاتىرجەم بولۇڭلا، مەنمۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇ ئىشنىڭلا كويىدا بولۇۋاتىمەن. يامىنى كەلسە ئۆيىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ...
— سىلى بىلەن مەن ئۆي دەپ ئولتۇرغان بىلەن،

چاشقان كىرسىمۇ يامانلاپ كېتىدىغان بۇ كەپىنى كىممۇ ئالار؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولىدۇ. سىلى ئايال كىشى بولغاندىكىن مەن دېگەن ئىشلارنى قىلىڭلا، قالغان ئىشقا ئۆزۈم بار.

— ماقۇل، سىلى نېمە دېسىلە شۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ مەسلىھەت بولۇپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي يولغا چىقتۇق. ئانام راست دېگەنىكەن، بىزنىڭ ئۆينى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. لېكىن، بىر قوشنىمىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېغىلىدىكى ئېشىكىنى ئاچىقىپ دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.

— بۇنى ئالسىلا، يىراق سەپەرگە چىقىدىكەنلا، كېيىن قايتىپ كەلسىلە قايتۇرۇپ بېرەلا. ئەگەر كېلەلمىسىلە، سىلىگە تۇتقان يوللۇقۇم بولۇپ قالسۇن.

— ماقۇل، ئەمىسە ماۋۇ كونا ئۆينى ھازىرچە سىلىگە گۆرۈگە قويغان بولاي، قايتىپ كەلسەم ئۆزۈم ئولتۇرارمەن. كېلەلمەي قالسام ئالدىلىرىدا بالىچاقىلىرى بار، كېيىنچە ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ئەسقېتىپ قالار.

شۇ چاغلاردىكى ئىشلار ھازىرقىدەك يادىمدا. بىزنىڭ قومۇلغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان مەھەللىدىكىلەردىن ئۈچ - تۆت ئۆيلۈك ئادەم بىز بىلەن بىللە يولغا چىقتى. بىز ئەتىگىنى كۈن چىقماستا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قەيەردە كۈن كەچ بولسا شۇ يەردە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يول يۈردۇق. ھېرىپ قالغان چاغلاردا قوشنىمىز بەرگەن چامبۇل ئېشەككە ئىنىم بىلەن مەن مىنىۋالاتتۇق. گاھىدا دادام ئانامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئېشەككە مىندۈرۈپ

قوياتتى. ئادەم كۆپ بولغاچقا، قىزىق گەپلەر بىلەن گاھىدا كۈلەرنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدىغان كۈلەرمۇ بولاتتى. ئارىمىزدا مەندىن چوڭ ۋە مەن قۇراملىق باللاردىن بىرنەچچىسى بولغاچقا، گاھىدا يۇگۇرۇشتە بەسلىشىپ باشقىلاردىن خېلى ئۇزاپ كېتەتتۇق ـ دە، چوڭلار يېنىمىزغا كەلگىچە ئارام ئېلىۋالاتتۇق. شۇنداق قىلىپ، خېلى ئۇزاقتا قومۇلغا يېتىپ كېلىپ، خېلى كۆپ سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن ھېلىقى تۇغقىنىمىزنى تاپتۇق. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ـ دە، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ يالغان ئېيتمىغانىكەن. ئۇنىڭ تۇرمۇشى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن ئوبدانلا ئىكەن.

— كەلگىنىڭلار ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، ئەسلىگۇ بۇرۇنراق كەلگەن بولساڭلار تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى. خەيرىيەت، رىزىق دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. مانا ئەمدى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار جەم بولدۇق، بار ـ يوقنى تەڭ كۆرىمىز.

بىز پاناھ تارتىپ قومۇلغا چىققان تۇغقىنىمىزنىڭ ئىسمى يۇنۇس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك تېرىلغۇ يېرى، ئېغىلىدا تۆت ـ بەش قويى، قۇمىسىدا ئون تۆت ـ ئون بەش توخۇسى بار بولغاچقا، موھتاجلىقنىڭ دەردىنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدىكەن. يۇنۇس تاغاممۇ خۇش چاقچاق، كىچىك پېئىل، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان، قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان ئادەم بولغاچقا، مەھەللىدە ئۆزىگە تۇشلۇق يۈز ـ ئابرۇيى بار ئىكەن.

— ئەسلىي سىزگە ھازىر مەن تېرىۋاتقان يېرىمنىڭ

تېڭىنى بۆلۈپ بەرسەم بولاتتى، ئۇكام،— دېدى يۇنۇس تاغام بىز قومۇلغا چىقىپ بىرەر ئايلار بولغاندا،— يەرنى ئۆزىڭىز مۇستەقىل تېرىپ باشقۇرسىڭىز، پايدا بىلەن زىيانغا ئۆزىڭىز ئىگە بولسىڭىز ئوبدان بولاتتى. لېكىن، بۇنداق قىلسام سىز بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئوبدان بىلمىگەندىكىن، نۇرغۇن ئىشلاردا قىيىنىلىپ قالغۇدەكسىز. شۇڭا، يەرنى ئىككىمىز ئورتاق باشقۇرساق، پايدا ـ زىيانغا تەڭ ئىگە بولساقمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، سىزنىڭچە بولارمۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ سىز ئائىلىمىزدىكىلەرگە ياخشى بولسۇن دەپ ياخشى كۆڭلىڭىز بىلەن بۇ گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. مەيلى، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، ئىشقىلىپ بالىلىرىمنىڭ قورسىقى نانغا تويۇپ، ئۇچىسى ئېگىنىسىز قالمىسىلا نېمە دېسىڭىز شۇ.

— ھەرگىز بۇنداق گەپنى قىلماڭ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر نېمە يېسە سىلەرمۇ شۇنى يەيسىلەر. نېمىنى كىيسە سىلەرمۇ شۇنى كىيىسىلەر. بار ـ يوقنى تەڭ كۆرىمىز.

— مۇشۇنداق كۆڭلىڭىز بولسا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن. كەمبەغەل ئۇچۇن ئەڭ ئەرزان گەپ رەھمەت دېيىش ئىكەن. قۇرۇق بولسىمۇ ھازىرچە سىزگە رەھمەت دەي، ئەمما سىزنى ھەرگىز نائۇمىدتە قويمايمەن.

— بۇنداق دېمەڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ئادەم بۇنداق گەپلەرنى دېيىشسە ھەرگىز بولمايدۇ. ھېلى دېدىمغۇ جاپا ـ ھالاۋەتنى تەڭ كۆرىمىز دەپ، ئەگەر يەنە مۇشۇنداق يەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىۋەرسىڭىز مېنى يات كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالىمەن.

— ماقۇل، ئەمدى ئىككىنچى بۇنداق گەپلەرنى دېمەيمەن.

قومۇلدىكى كۈنلىرىمىز ئەنە شۇنداق باشلاندى. يۇنۇس تاغام ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە بىزگىمۇ ئۆي سېلىپ بەردى. ئۆيىمىز ئايرىم بولغىنى بىلەن ئاش - تاماقلىرىمىز، ئىچىمىز - ئىرقىنىڭ ئىشلىرى بىللە ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ يېرىنىڭ ئەتراپىدىن يەنە بىرنەچچە مو يەرنى ئۆزلەشتۈردۇق. شۇنداق قىلىپ، تىرىكچىلىكىمىز بىر ئىزغا چۈشكەندى. مەنمۇ مەھەللىدىكى تەڭتۇش باللار بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ، ئويۇن - تاماشايىمنى باشلىۋەتكەندىم. مەيلى قانداقلا ياخشى - يامان ئىشلار بولسۇن ھەممىسىدە بار ئىدىم. شۇڭىمۇ مەھەللىدىكىلەر مەترېھىم دېگەن ئىسمىمنىڭ ئاخىرىغا ئالىقانات دېگەن لەقەمنى قوشۇۋېلىشقانىدى (راست، ئىسمىم قۇرۇسۇن، ھاكىمبېگىم، مېنىڭ ئوڭ قولىقىمغا ئەزان، سول قۇلىقىمغا تەكبىر ئېيتىپ قويۇلغان ئىسمىم مەترېھىم ئىدى). ئادەم دېگەننىڭ تۇرمۇشى بىر ئىزغا چۈشۈپ غەم - قايغۇسىز تىرىكچىلىك قىلسا كۈنلىرىنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قالىدىكەن. بىز قومۇلغا چىقىپ ئون تۆت يىلدىن كېيىن مەنمۇ ئۆيلەندىم. شۇ كۈنلەردە يۇنۇس تاغام ھەممىمىزنى جەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دېدى:

— ھەرقايسىڭلار توقسۇندىن مېنى پاناھ تارتىپ كەلگەندىن بۇيان بار - يوقنى تەڭ كۆرۈپ، بۇگۈنكى كۈنگە ئۇلاشتۇق. ھازىر تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس. لېكىن، چوڭلار ياشىنىپ قالدۇق، قاچانغىچە ئۆمۈر كۆرىمىز، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمىز. جان دېگەن

ئاللانىڭ ئىلكىدە، ئاللا بەرگەن ھاياتلىقنى ۋاقتى كەلگەندە يەنە ئۆزى ئالىدۇ. پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمىغىنىدەك ياشانغان ئىكەنمىز، ھاممىنى بىر كۇنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىمىز. ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىنلا يەردىكەن. ھېلى بار ئادەم بىر باھانە ـ سەۋەب بىلەن قازا قىلىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا بار تەئەللۇقاتنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈۋەتسەك، بالىلارمۇ بىزدىن كېيىن قالسا ئازارلىشىپ قالمىسا.

دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلىپىدە قوشۇلمىغان بولسىمۇ، يۇنۇس تاغام نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۇنى قايىل قىلدى.

ــ مېنىڭغۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇم يوق، بىز بار چاغدىغۇ مۇشۇنداق بولار، ئەمما كېيىن يا مېنىڭ، يا سىزنىڭ بالىلىرىڭىزنىڭ ئېغىزىدىن بىرەر ـ يېرىم ئېغىز گەپ چىقىپ قالسا، كۆڭۈللىرىدە غۇم ساقلاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقتىن كېچىشىپ، جېدەل ـ ماجراغا قالىدىغان ئىش بولسا، مەن گۆرۈمدە ئارامخۇدا ياتالمايمەن.

ــ ئەمىسە تەئەللۇقاتنى تەڭ بۆلۈشمەيمىز، ــ دېدى دادام قەتئىي ھالدا، ــ بىز سىزنى پاناھ تارتىپ چىققاندا ئىسسىق جېنىمىزلا بار ئىدى. ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە سىز دېگەندەك قىلساق، قىزىل كۆزلۈك قىلغان بولىمىز، شۇڭا تەئەللۇقاتنى ئۇچكە بۆلەيلى، ئىككى ئۇلۇشنى سىز، بىر ئۇلۇشنى بىز ئالايلى.

ــ ياق. تەڭ ئالىمىز، ــ دېدى يۇنۇس تاغاممۇ قەتئىيلىك بىلەن.

ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇشتى.

لېكىن، دادامۇ بۇ قېتىم گېپىنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ، تاغامنى قايىل قىلدى ـ دە، دېگىنىنى قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەرلىرىمىز بۆلۈنگىنى بىلەن، ئەمما ئاش ـ تامىقىمىز يەنىلا بىرگە بولىۋەردى. ئاشۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە تاغام قازا قىلىپ كەتتى. بىز يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن. قوغۇن پىشسا ھەرگىز ساپىقىدا تۇرمايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دادامۇ، ئانامۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بىزنى تاشلاپ، ھەسرەت، داغدا قويۇپ مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. بىز ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ، يەنىلا تىرىكچىلىكىمىز بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېتىزدا ئىشلەۋاتسام، ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئېتىزدا ئىچىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىپلا نامازغا باردىم ـ دە، نامازنى تۈگىتىپ قايتىپ چىقىۋاتسام مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى تۇرقۇمغا قاراپ ھەيران بولغاندەك تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى:

ــ ھەي مەترېھىم ئالىقانات، ناماز دېگەنگە مۇشۇنداق كالتە كىيىم بىلەن كېلەمدۇ كىشى، بۇ دېگەن گۇناھ، سەن ھازىر ئېغىر گۇناھقا پاتتىڭ، بۇنداق قىلساڭ ئاخىرەتتىكى سوئال ـ سوراقتا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىراشچىلىقتا ئېتىزلىقتا كىيگەن كىيىم بىلەنلا نامازغا كەلگەنلىكىمنى سەزدىم. مەن نامازدىن يانغان كىشىلەرنىڭ ماڭا قارىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېزلا جاۋاب بەردىم.

ــ ئاخىرەتتىكى سوراقنى مەترېھىمدىن سورامدىكەن، ئېگىسىدىنمۇ؟

مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىمام بۇنى كۆرۈپ تاتاردى.

— بۇ... بۇ... نىمە دېگىنىڭ بەدبەخ... ھۇ دوزىخى...

— بولدى قىلىسىلا، تەقسىر، — دېدى شۇ ئارىدا سالاپەتلىك كىيىنىۋالغان بىر ئادەم ئارىغا چۈشۈپ، — بۇ يىگىت تولىمۇ ئورۇنلۇق جاۋاب بەردى، ئىسمىڭنى نىمە دېدىڭ، يىگىت؟

مەن بۇ كىشىنى بۇرۇن كۆرمىگەچكە تېزلا جاۋاب بەردىم.

— مەترېھىم ئالىقانات.

— سېنى مەترېھىم ئالىقانات دېمەي، مەترېھىم شېرىن دېسە بولغۇدەك، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك شېرىن گەپ قىلىدىكەنسەن.

شۇ ئارىدا بىرى ئۇ سالاپەتلىك ئادەمگە قاراپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئوبدان تۇرۇپلا، ۋاڭ غوجام، قانداق بولۇپ بۇ مەھەللىمىزگە قەدەم بېسىپ قالدىلا؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ، باشقىلارمۇ ھەيران قېلىشتۇق. ئۇ ئەسلىدە قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئىكەن. يارەنلىرى بىلەن يۇرت ئارىلىغاچ بۇ يەرگە كەلگەندە جۈمە ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ يېنىشى ئىكەن. ئۇ نامازدىن يانغانلار بىلەن بىردەم ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن يارەنلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئېتىغا مىندى ـ دە، ماڭا قاراپ:

— ھەي شېرىن، بۈگۈن بۇ يەردە تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. كېيىن يەنە ئۇچرىشىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، كۆرۈشكىچە ئاللاغا ئامانەت، — دەپلا ئېتىغا

قامچا سىلىپ كېتىپ قالدى. مەن بۇ گەپنى ئۇنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى دەپ ئويلاپ ئۆز ئىشىمغا ماڭدىم. لېكىن، ۋاڭنىڭ «شىرىن» دېگەن بىر ئېغىز گېپى بىلەن كىشىلەر مېنى كېينچە شۇنداق چاقىرىشقا باشلىدى ـ دە، مەترېھىم دېگەن ئىسمىم بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇپ قالدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتىمۇ، تۆت يىلمۇ تازا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقىلىپ، ئاشۇنداقراق ۋاقىتلار ئۆتكەندە بازارغا باردىم ـ دە، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرسام، قۇلاق تۈۋىمگە بىر شاپىلاق تەگدى. شۇ ئان كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ، يۈزلىرىم زېدە بولغان ئېتىمگە تۇز سۈيى قۇيۇلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. مەن جان ئاچچىقىمدا كەينىمگە قارىۋىدىم، تونۇمايدىغان يوچۇنلا بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ تولىمۇ ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ئاپلا، مەن بىر رەقىبىمنى ئۇرماقچى ئىدىم. كەينىلىرىدىن كېلىۋېتىپ ئۆزلەنى شۇ رەقىبىمگە ئوخشىتىپ قاپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، — دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق زاكونلاشتىم. شۇ ئارىدا ئەتراپىمغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، ھېلىقى كىشىنى ئەيىبلىگەچ ماڭا بۇ ئىشنى چىرايلىقچە بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغىلى تۇردى. ھەتتا بەزىلەر قازىنىڭ ئالدىغا دەۋا قىلىپ بېرىشىمنىمۇ ئېيتىپ ئۈلگۈردى. شۇ ئەسنادا بىرى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ ئۆزىنىڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دورغىسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئىشنى ئۆزى سورايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھېلىقى كىشىگە مېنى

بىكاردىن ئۇرغانلىقى ئۇچۇن بەش تەڭگە تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەندە پۇل يوق، — دېدى ھېلىقى كىشى، — پۇل بولمىسا قانداق قىلىمەن.

— بۇ يەردە گۆشىيىپ تۇرماي پۇل تېپىپ كەل، شۇنىڭغىچە بىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىمىز.

مېنى تەستەك بىلەن سالغان كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھىجىيىپ قويدى ـ دە، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە كېتىپ قالدى. مەن ھېلىقى دورغا بىلەن قالدىم. شۇ ئارىدا ئەتراپىمىزغا يىغىلغانلارنىڭ: «قارا ماۋۇ مۇناپىقنىڭ قىلغان ئىشىنى، ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنى پۇلغا بۇيرۇغان بولۇپ قاچۇرۇۋەتكىنىنى...» دېگەن گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇنى ئاڭلاپ قورسىقىم كۆپكەن بولسىمۇ، «بەلكىم ئۇنداق ئەمەستۇ، بىردەم ساقلاپ باقاي، كەلسە كەلدى، كەلمىسە...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ھېلىقى دورغىغا قارىسام غېمىدە يوق ئولتۇرىدۇ. مەن خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ، ئاخىرى تاقىتىم تاق بولۇپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە، دورغىنىڭ كاچىتىغا قاتتىق بىر تەستەك ئۇردۇم. دورغا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ماڭا ھۆرپەيدى.

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— بايا مېنى ئۇرغان كىشىنى ئۆزلە پۇل تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدىلا، بۇ يەردە ساقلاپ تاقىتىم تاق بولدى. مەن سەھرالىق ئادەممەن، ئۇ كىشىنى ساقلاپ تۇرسام ئۆيگە قايتىشقا كەچ قالغۇدەكمەن، شۇڭا ئۆزلەنى ئۇردۇم. ئاشۇ كىشى كەلگەندە ماڭا بېرىدىغان پۇلنى ئۆزلە ئېلىۋالسىلا.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوخا يېگەن بايتالدەك چىچاڭشىپ كەتتى ـ دە، مەن بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغاندەك ئالدىمغا

دېۋەيلەپ كەلدى. مەنمۇ ئۇرۇش ـ جېدەلدىن ئۆزۈمنى ئانچە ئەپقاچىدىغانلاردىن بولمىغاچقا، يەڭلىرىمنى شىمايلاپ تەييار بولدۇم. دەل شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەپە بىزدىن سەل يىراقتا توختىدى ـ دە، هارۋىكەش يۈگۈرۈپ كېلىپ: «هەرقايسىڭلارنى ۋاڭ غوجام چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، هەر ئىككىلىمىز سەل جىددىيلىشىپ قالدۇق ـ تە، ئەيمىنىپقىنا مەپىگە يېقىنلاشتۇق. شۇ چاغدا مەپىنىڭ كۆز تېگىدىكى يىپەك پەردە قايرىلىپ، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ چىرايى كۆرۈندى. ئۇ ئاۋۋال دورغىسىغا، ئاندىن ماڭا قاراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

هېلىقى دورغا باياتىن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— سەن هېلىقى ئالىقانات... هېلىقى شىرىن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ۋاڭ بېگىم، مەن شۇ مەترىپهم ئالىقانات... — دېدىم تېزلىكتە.

— ئەمدى ئۇ گەپلەرنى دەپ يۈرمەي، مەن دېگەندەك شىرىن دېسەڭلا بولغۇدەك. ئۇنتۇپ قالمىغان بولسام، شۇ چاغدا مەن يەنە كۆرۈشۈپ قالىمىز دېگەندەك بىر گەپنى قىلغان. مانا بۈگۈن ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ ئۇچرىشىپ قالدۇق، بۈگۈنچە يولۇڭنى توسۇماي، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە ئوردىغا كېلىپ كەت.

— ئىلتىپاتلىرىغا هەشقاللا، ۋاڭ غوجام، قۇللىرى چوقۇم دېگەندەك قىلىمەن.

مەپە ۋاڭ ئوردىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن

قارىسام، ھېلىقى دورغا ئاللىقاچان يوقالغانىكەن. مەنمۇ خۇرجۇنۇمنى مۇرەمگە سېلىپ يولۇمغا راۋان بولدۇم ــ دە، ئەتىسى ۋاڭ ئوردىسىغا كەلدىم. ئوردا قوۋۇقچىسى مېنىڭ ۋاڭ غوجام بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگىنىمنى، بۇنى ئاتايىن ۋاڭ غوجامنىڭ تاپىلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ خېلى ئۇزاقتا قايتىپ چىقىپ، مېنىڭ كىرىشىمگە ئىجازەت بەردى. شۇ كۈنى ۋاڭ غوجام ئوردىدا ئەمىتۇللا تەيجى ۋە ئىككى ــ ئۈچ بەگلىرى بىلەن قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە ۋاڭ ئوردىسىغا تۇنجى قېتىم كىرىشىم بولغاچقا، بۇنداق ھەشەمەتلىك ئوردىدا تەمتىرىگەندەك، قورۇنغاندەك بولۇپ قالدىم. ھەرنېمە بولسا، ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقان ۋاقتىمدا ئوردىنىڭ خاس مەلۇمچى بېگى شاھسېلىم بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بىللە كىرگەن بولغاچقا، ئانىسىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ مېڭىۋاتقان موزايدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىردىم. ۋاڭ غوجام مېنى كۆرۈپ گەپلىرىنى توختاتتى. شۇنىڭغىچە مەنمۇ ۋاڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ئادەت بويىچە سالام بەجا كەلتۈرۈپ ئۆلگۈردۇم.

ــ ۋاڭ غوجامنىڭ تېنى ئامان، دۆلىتى زىيادە بولغاي!

ــ ئىجازەت،ــ دېدى ۋاڭ غوجام،ــ ئورنۇڭدىن تۇر، شېرىن!

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇردۇم. شۇنىڭغىچە ئۇ مېنى يېنىدىكىلەرگە بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ، مەھەللىدە ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن بولغان پاراڭ بىلەن تونۇگۇن يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ

بەرگەندىن كېيىن، مەترېھىم ئالىقانات دېگەن ئىسمىمنى شېرىن دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويدى. ۋاڭ غوجامنىڭ ھەمراھلىرى ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— شېرىن مانا مۇشۇنداق قىزىقچى ئادەم،— دېدى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ،— باشقىلاردىن ئاڭلىسام مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بىلەن مەزىن ئاخۇنۇمنى يەنە بىر رەت بابلاپسەن ـ ھە؟

مەن ھەيران بولدۇم. بۇ گەپلەرنىڭ قانداقلارچە سەھرادىن بۇ ۋاڭ ئوردىسىغا ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقىدىم.

— بۇ گەپ قانداقلارچە ئۆزلەگە مەلۇم بولغاندۇ، ۋاڭ غوجام؟

— ھەيران بولما، مېنىڭ قۇلىقىم ئۇزۇن، يۇرت ـ يۇرتلاردا قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، نېمە يېڭىلىقلار بار، مەن ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. قېنى ئاشۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر دېگىنە، بۇگۈن ئۆز ئېغىزىڭدىن ئاڭلايلى.

— ماقۇل، ۋاڭ غوجام، كەمىنە قۇللىرى (بىزنىڭ قومۇلدا ۋاڭ ھەممە پۇقرالارنىڭ غوجىسى، باشقىلار ئۇنىڭ قۇللىرى ھېسابلىناتتى.) ئۆزۈم ياش، ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراق ئادەم بولغاچقا، ئاخشاملىرى ۋاقتىدا ياتالماي، ئەتىگىنى ئورنۇمدىن سەھەر تۇرالماي ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بامدات نامىزىغا كېچىكىپ قالدىم. ئىمامنىڭ ھېلىقى كۈنى ئۆزلەنىڭ ئالدىدا لەت بولغان ئىشلىرى يادىدىن چىقىپ كەتمىگەچكە، پۇرسەت تېپىپ ئەدىپىمنى بېرىپ، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش ئىستىكىدە يۈرۈۋاتقاچقا، بۇ ئىشىم «ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە»

بولغاندەك ئۇنىڭغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇڭا، بىر كۈنى بامدات نامازدىن يانغان جامائەتنى توختىتىپ، بۇ ئىشنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئىمامنىڭ سۇسلۇقىنى بىرھازا ئەيىبلىگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىبرەت بولۇش، نامازغا كېچىكىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇشنى مەزىن ئاخۇنۇمغا بۇيرۇدى. بۇنى ئاڭلىغان مەزىن ئاخۇنۇملا ئەمەس، يەنە بىرنەچچەيلەنمۇ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى ـ دە، ماڭا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

ـــ جانابى ئىمام ئاخۇنۇم، بۇنىڭدىن كېيىن بامدات ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭغانلىرىدا بويۇنلىرىغا چوڭراق قوڭغۇراق ئېسىۋالسىلا، شۇ چاغدىمۇ ئويغىنالماي نامازغا كېچىكىپ قالسام قىرىق دەررە ئەمەس، تۆت يۈز دەررە ئۇردۇرسىلىمۇ رازىمەن،ـــ دېدىم مەن تېزلا ھەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋېتىپ،ـــ مەزىن ئاخۇنۇم، ئۆزلىمۇ ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭغاندا سۇناي چالغاچ ماڭسىلا، ئەگەر سۇنايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ ئويغىنالماي مەسچىتكە كېچىكىپ قالسام بېشىم كەتسىمۇ رازىمەن.

بۇ گەپ بىلەن ماڭا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن پىدائىيلار بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. مەنمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيۈمگە قاراپ يول ئالدىم.

مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ بىلەن نەمتۇللا تەيجى تىزىغا شاپىلاقلىنىچە كۈلۈشتى.

ـــ ئەمدى ھېلىقى قوشناڭنىڭ بالىسىغا ئىسىم قويۇپ بەرگەن ئىشنى سۆزلىگىنە...

مەن ۋاڭ غوجامنىڭ ئوردىدا تۇرۇپمۇ تالا ـ تۈزدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن بۇنچە خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان بولساممۇ، «مېنىڭ ھەممە يۇرتتا كۆز ـ

قۇلاقلىرىم بار» دېگەن گېپىنى يادىمغا ئېلىپ، ئاشۇ ئىشنىمۇ سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم:

— مېنىڭ بىر ئايال قوشنام بار ئىدى. ھەر كېچىسى موزايلىغىلى ئۇزاق بولمىغان كالامنى ئوغرىلىقچە سېغىۋالاتتى. بۇ ئىشنى ئۆزىگىلا دەپ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بولدۇم - يۇ، ئەمما «قوشنا بولغاندىكىن مەيلىلا، بۇ گەپنى يۇزىگە سېلىپ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماي، بەلكىم بىرەر موھتاجلىق سەۋەبىدىن شۇنداق قىلغاندۇ، كېيىنچە ئۆزىنى بىلىپ قالار...» دېگەنلەرنى ئويلاپ گەپ قىلمىدىم. كېيىن بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن تاقەت قىلالماي تۇرالمىدىم - دە، كالامنى سېغىۋاتقان ۋاقىتتا يېنىغا بىرىپ كۆرۈنۈپ قويماي، ئۇنداق قىلماس دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ ھەر كۈنى كالا ساغقىلى كىرىدىغان ۋاقتىنى پەملەپ مۆكۈپ تۇردۇم. راست دېگەندەك ئۇ ھايالىشمايلا پەيدا بولدى - دە، ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۇدۇل باغلاقتىكى سىيىرنىڭ ئېيشىغا باردى - دە، چېلەكنىنى يەرگە قويۇپ، سىيىرنى سېغىشقا تەمشەلدى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا باراي دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمدا، نېمە بولدى، ئۇقالمايلا قالدىم. ھېلىقى كالا قوشنامنى تېپىۋەتتى. ئۇ بىردىنلا: «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسلىي بويىدا بار بولۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەڭگىگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئىبرى بىرنەچچىمىزنى ئۆيىگە چاقىردى.

— ئايالىم يەڭگىگەندى، ئۇرۇق - تۇغقانلار

مەسلىھەتلىشىپ ئوبدانراق بىر ئىسىمنى تاپقاندىن كېيىن ئىمام ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ، ئىسىمنى قويۇۋېتەيلى دەپ مەسلىھەتلەشكەن بولساقمۇ بىرەر خەيرلىك ئىسىمنى تاپالمىدۇق. ھەرقايسىلىرى بىلەن خۇدا قوشقان قوشنا بولغاندىكىن ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ دەپ چاقىرىشىم، بالىمىز ئوغۇل ئىكەن، شۇڭا ئوبدانراق ئىسىم بولسا دەپ بېرىشكەن بولسىلىرى...

بۇ گەپ بىلەن قوشنىلار يادىغا كەلگەن، بۇرۇن بىرەر يەردە ئاڭلىۋالغان ئىسىملارنى بىر - بىرلەپ دېگىلى تۇرغان بولسىمۇ، قوشنامغا بۇ ئىسىملارنىڭ ھېچقايسىسى ياقمىدى.

— ئۆزلە باياتىن بىرى گەپ قىلماي ئولتۇردىلا، قارىغاندا كۆڭۈللىرىگە ئوبدان ئىسىملار كەلدى بولغاي، سىلىچە ئوغلۇمغا نېمە دەپ ئىسىم قويساق بولار؟...

— «كالا ساغقان» دەپ قويساق قانداق بولار؟ — دېدىم مەن تېزلا.

بۇ گەپ بىلەن قوشنامنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى...

ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر يەنە بىر مەرتەم قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ۋاڭ غوجام خېلى ئۇزاق كۈلگەندىن كېيىن ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران توختىتىپ:

— مەن سىېنىڭ مۇشۇنداق قىزىق گەپلىرىڭنى بەك تولا ئاڭلاپ كەتكەچكە، تونۇگۇن ئوردىغا كەل دېگەنىدىم. بۈنىڭدىن كېيىن ئوردىدا ئىشلەپ قال، تەمىناتىڭنى شاھسىلىم بەگ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

— شەپقەتلىرىگە ھەشقاللا، ۋاڭ غوجام، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ھىممىتىدىن سۆيۈنۈپ.

— بولدى، ئىجازەت، چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

مەن شاھسىلىم بەگنىڭ كەينىدىن مىڭىپ ئوردىدىن يىنىپ چىقتىم. ئۇ ماڭا بۇنىڭدىن كىيىن دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، ئوردىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى جىكىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلەشكە باشلىدىم. ئەسلىدە بۇ ۋاڭلىق مۇھەممەت شاھى غازى بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قىلغان باتۇرانە كۆرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، 1696 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كىيىن قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كىيىن ئەبەيدۇللا قارخان بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى گۇپا بەگ، گۇپا بەگنىڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭ، ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى يۇسۇپ ۋاڭ، يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئوغلى ئىھساق ۋاڭ، ئىھساق ۋاڭنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن ۋاڭ، ئەرشىدىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەت بىشىر ۋاڭ بولۇپ، ئۇ قومۇل ۋاڭلىرى تارىخىدىكى يەتتىنچى ۋاڭ ئىدى. ئۇ ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كىيىن نۇرغۇن ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، ھەم ۋاڭلىقنى گۈللەندۈرگەن، ھەم خەلقنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈرگەندى. مىنىڭ ئاساسلىق ئىشىم ۋاڭ بەزمە ـ مەشرەپ سورۇنى تۈزگەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بىرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا بىكارلا يۈرەتتىم. بۇنداق ۋاقىتتا ۋاڭ ئوردىسىدىكى باشقا بەگلەر ۋە ئەمەلدارلار ئەتراپىمغا يىغىلىۋىلىپ، قىزىق گەپلەرنى دەپ بىرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. مەنمۇ ئۇلارنى نائۈمىد قويماي قىزىق گەپلەردىن بىر ـ ئىككىنى دەپ بىرەتتىم. شۇڭىمىكىن ئاز كۈندىلا ئوردىدىكى چوڭ ۋاڭ غوجامدىن

باشلاپ، تۆۋىنى ئادەتتىكى خىزمەتكارلارغىچە «ۋاي شىرىن...» دەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئەزھال ئاشۇ كۈنلەردە مۇھەممەت بىشىر ۋاڭنىڭ ئايالى قازا قىلىپ كەتتى. ئۇ ھىجران دەردىدە ئۇچ ـ تۆت يىلنى بويتاق ئۆتكۈزۈۋەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارىغا چۈشۈپ، قايتا ئۆيلىنىش ھەققىدە نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەرنى قىلدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئىلى ھاكىمبېگى خالزات بەگ قومۇلغا كەلگەندە ۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۆزىنىڭ جىيەن قىزى مېھرىبانۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىپ، ئەگەر ۋاڭ غوجام خالىسا ئۇنى ۋاڭ غوجامغا نىكاھلاپ قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ تەكلىپكە ۋاڭ غوجاممۇ ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاڭ غوجامنىڭ ئەلچىلىرى ئىلىغا بېرىپ، مېھرىبانۇنى ئېلىپ قومۇلغا كەلدى. قومۇلدا سايمۇساق قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاسايىشلىق كۈنلەر باشلاندى. مېھرىبانۇ ئوقۇمۇشلۇق مەزلۇم بولغاچقا، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ نۇرغۇن دانا سىياسەتلەرنى چىقىرىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئالدۇرۇپ، سۇ كۆپەيتىپ، ئەل ـ ئاۋامنىڭ گەدىنىدىكى ئالۋان ـ سېلىقلارنى كېمەيتىپ، ئۇلارنىڭ قازىنىنىمۇ، چۆمۈچىنىمۇ ماي قىلىۋەتتى. مانا شۇنداق مەمۇرچىلىق ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ، خالزات بەگ ۋە تۇرپان ۋاڭلىرىنى ئاستانىگە بېرىپ، ئۆزىگە كۆرۈنۈش قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ۋاڭ غوجام بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېزدىن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلاپ، ئوردىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا

دەررۇ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مەنمۇ ۋاڭ غوجامغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان كىشىلەر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلاندىم. بىز ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت يول يۈرۈپ ئاستانىگە يېتىپ كەلدۇق ـ تە، بىر سارايغا چۈشۈپ ئارام ئالدۇق. ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندە خان ئالىيلىرى ۋاڭ غوجامنى قوبۇل قىلىپ ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن قومۇلنىڭ ھۆل ـ يېغىن ئەھۋالى، سۈيى، ئەل ـ ئاۋامىنىڭ تۇرمۇشى، ئىلىم ـ بىلىم ئەھۋاللىرىنى سوراپ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن شۇ مەيداندىلا چىڭۋاڭلىق مەنسىپى بېرىپ، كىمخاب تون ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. چىڭۋاڭ غوجام ئاستانىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، خان ئالىيلىرىغا يەنە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆرۈنۈش قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى ـ دە، قومۇلنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە تېبابەتچىلىك، مىمارچىلىق، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ كېلىشكە زېھنى ئوچۇق، جىگەرلىك ياشلارنى ئەۋەتتى. قومۇلنىڭ ئۆزىدە بولسا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ ۋە مەھەللىلەردە مەدرىسە، مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى. يەنە تېخى خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە تىل ئۆگىنىش ۋاقىتلىق سىنىپلىرىنى ئېچىپ، بۇ يەردە ئوقۇغانلارنىڭ كېيىنچە تىلماچىلىق قىلىشى ئۈچۈن شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، يۇرت مەمۇرچىلىقتا، ئاۋام خاتىرجەملىككە ئېرىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېچكىم ئويلىمىغان

ئىش يۈز بەردى. ئەسلىي ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: بازاردىكى گۆش ساتىدىغان رەستىنىڭ بىر بېشىدا خەنزۇ قاسساپ، يەنە بىر بېشىدا خۇيزۇ قاسساپ گۆش ساتىدىكەن. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرىدىكەن. چىۋىنلار ھېلى قوي گۆشىگە قونسا، ھېلى چوشقا گۆشىگە قونىدىكەن. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن خۇيزۇ قاسساپ خەنزۇ قاسساپقا: «سەن مۇسۇلمانلارنىڭ چوشقا گۆشى يېمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سېنىڭ گۆشۈڭگە قونغان چىۋىنلار بىزنىڭ گۆشكە قونسا ھارام بولامدۇ؟ شۇڭا بۇ يەردىن يوقال...» دەپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن خەنزۇ قاسساپ خۇيزۇ قاسساپقا ھاقارەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، خۇيزۇ قاسساپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، خەنزۇ قاسساپقا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلار بىر ـ بىرىگە ھەيۋە قىلىشىپ ئۇر، ئۆلتۈر دەپ ۋارقىرىشىپ جېدەلنى ئاۋۇتۇۋېتىپتۇ. قومۇلدا ۋاقىتلىق تۇرۇۋمى ئورنىتىلغان چاغدىلا خان ئامبىلى ۋە ئايماقبېگى قويۇلغانىكەن. ئۇلار بىر ئاماللار بىلەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭدىن ئىنئامىلارنى ئېلىپ، ئۆز يانلىرىنى توملاپ يۈرسىمۇ، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە ئارىلاشقىلى ئۇنىماي، مالىمانچىلىقنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇپتۇ. چىڭۋاڭ غوجام شۇ چاغدا تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. بىر تەرەپكە قارىسا دىنىي قېرىنداشلىرى، بىر تەرەپكە قارىسا خەنزۇلار... ئوردا ئىچىدىمۇ ھەر خىل پىكىرلەر كېلىپ چىقتى. خەنزۇلارغا يان باسقۇچىلارمۇ، خۇيزۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ بولدى. لېكىن، چىڭۋاڭ غوجام دەرھال يارلىق چىقىرىپ، ماجىرا تۇغدۇرغۇچىلارنى تۇتۇپ

كەلگۈچىلەرگە ئون يامبۇ، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە يۈز يامبۇ سۆيۈنچە بېرىلىدىغانلىقىنى، كېچىلىرى يول يۈرۈشنى مەنئى قىلىدىغانلىقىنى، ماجىرا تېرىغۇچىلار، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنسا، شۇ جايدىلا چېپىپ تاشلانسا سورۇشتۇرۇلمەيدىغانلىقى خۇسۇسىدا كوچا - كويلارنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە يارلىق چاپلىغاندىن كېيىن ئۇرۇش - جېدەل، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئاز - تولا پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن كۇچادىكى راشىدىن خوجا دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇرغۇن خۇيزۇلار قومۇلغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ تولىمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغان ئىشلار ئىكەن. ھاكىمبېگىم، قومۇلدا جاھان مالىمان بولغان كۈنلەردە كۇچادىكى خۇيزۇلار بىر كېچىدىلا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ساراسىمە پەيدا قىپتۇ. چىڭ ئوردىسىدىن تەيىنلەنگەن ئامبال، دارىنلار قورقىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. خۇيزۇلار خان لەشكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، تېخى يېقىندىلا خان ئالىيلىرى تەرىپىدىن يەكەننىڭ ھاكىملىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆيىدە پەرمان كۈتۈۋاتقان ئەخمەت ۋاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا: «سىلى ئاتا - بوۋىلىرىدىن باشلاپ يۇرت سوراپ كەلگەچكە، جاھاننىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئوبدان بىلىلا، شۇڭا بىزدەك مۇسۇلمانلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، بىزگە باش بولسىلا، بىز سىلىنى خان قىلىپ تىكلىسەك...» دەپتۇ. لېكىن ئەخمەت ۋاڭ خانغا سادىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەت ۋاڭنىڭ ئالدىغا بارغان خۇيزۇلار ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ - دە، كۇچا خوجىلىرىدىن بولغان راشىدىن خوجىنى مەۋلانە ئەرشىدىن خوجىنىڭ مازىرىدا دۇئا -

تىلاۋەت قىلىپ ياتقان يېرىدىن تېپىپ، ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ خان قىلىپ تىكلەپتۇ. ئەزھال شۇ ئىشلاردىن سەل بۇرۇن قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئۆچ ـ ئاداۋەت، نىزا ـ خۇسۇمەت، مالىمانچىلىقلارنى پەيدا قىلىپ، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئەمەل ئورۇندۇقىغا كۆز تىكىپ، نۇرغۇن قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ، بۇ سىرلىرى پاش بولۇپ قالغان ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن يەر يۇتقاندەك غايىب بولۇپ كەتكەن ساۋۇر بەگ كۇچادا پەيدا بوپتۇ. ساۋۇر بەگ ئەسلىي ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ، چىڭۋاڭ غوجامنىڭ دادىسى ئەرشىدىن ۋاڭ بىلەن بىر نەۋرە بولغان نوشات بەگنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئائىلە شەجەرىسى بويىچە ئېيتقاندا يېقىن تۇغقانلار بولغاچقا، ئەگەر مۇھەممەت بېشىر بولمىغان بولسا ۋاڭلىق ماڭا تەئەللۇق بولاتتى دەپ قارايدىكەن. شۇڭا، بىر ئامالىلار بىلەن چىڭۋاڭ غوجامنى رەسۋايىئالەم قىلىپ، ئۇنىڭ ۋاڭلىق ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئارمانىغا يېتەلمەي ئارزۇسى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك غايىب بولغاچقا، ئۇ ئۇدۇللا راشىدىن خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە قومۇلدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ، دەرھال بۇ يۇرتنى پەتھى قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان راشىدىن خوجا ئىسھاق خوجىنى قومۇلنى پەتھى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ. چىڭۋاڭ غوجام بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، تېزدىن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلاپ، ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا چىقىپ

كـۆتۈۋېلـىـپ، ئۇنـى ئـوبـدان مېـھـمـان قـىـلـدى ھـەم سوۋغاتلـىـرىـنـى ئـۇنىڭـغـا تەقدىـم قـىلـىـپ كـۆڭلـىـنـى ئۇتۇۋالدى.

— ئۆزلـەنىڭ دېـنـىـي قېـرىـنـداشلـىـرىـمـىـزنـىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ، قـومۇلغا كـەلگەنلـىكلـىـرى تولىمـۇ ئورۇنلـۇق،— دېـدى چىڭـۋاڭ غوجام پاراڭ ئـارىلىقـىـدا،— بۇنى مـەنمۇ توغـرا چۈشىنىمەن، لېكىن بۇ ئىشنى دەسلىپىدە خۇيزۇ قاسساپ پەيدا قىلدى. كېيىن ئىشلار ئادەم ئويلىسىمۇ قورقىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھازىر ئۆزلە خەنزۇلارنى قىرىمەن دېسىلە، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، لېكىن سىلىمۇ ئويلاپ باقسىلا، مەيلى خـۇيزۇ بولسـۇن، مەيلى خـەنزۇ بولسـۇن، ئـوخشاشلا ئـادەم. شۇڭا، ئـۇلارنـى قارىـقـويـۇق قىرغـىـن قـىـلغانـدىـن كۆرە كاتـتـىـباشلـىـرىـنـىـلا جازالـىـساق بولمامـدۇ؟... قالدىـسـى ئۆزلـىرىـمۇ بۇ ئىـشلارنى ئويلاپ كۆرسىلە...

ئېھساق خوجا بۇ ئورۇنلۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېچنېمە دېمەپتـۇ. ئارىدىن ھـەپتىدەك ۋاقـىـت جـىـمـمـىـدە ئـۆتـۈپ كەتتى. ساراسىمگە چۈشكەن قومۇل خەلقىنىڭمۇ يۈرىكـى ئورنىغـا چۈشكـەنـدەك بولدى. دەل شـۇ كـۈنلەردە كـۇچـا تـەرەپتـىـن خـەۋەر كەلـدى. خـەۋەردە قـەشـقـەر، يـەكـەن تەرەپلەردىمۇ قىرغـىـز، قىپـچاقلارنـىـڭ پاراكەندىـچىلىـك سېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەردىكى ھاكىمبەگ، ھاكىم، بـەگ، خـوجـىـلارنـىـڭ قـېـچـىـپ كـېـتـىـپ، ئـەل ـ ئـاۋام پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغانـلىقى يـېـزىلغـانىكەن. بـۇ خەۋەر لەشكەرلەر ئىچىدە تارقالغاندىن كـېـيـىـن ئۇلارنـىڭ كـۆپـىـنـچـىسى ئـاشـۇ يۇرتلاردىن بـولغاچـقـا، ئېـھـسـاق خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ: «بىز ئالدى بىلەن يۇرتىمىزنى

تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى قەيەردە ئۇرۇش قىلىمىز دېسىلە جېنىمىز تەسەددۇق» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىسھاق خوجا دەرھال لەشكەرلىرى بىلەن قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئىسھاق خوجىنىڭ قومۇلغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپلا بارىكۆلدىكى خان لەشكەرگاھىغا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغان خان ئامبىلى بىلەن ئايماقبېگى قاتارلىق ئەمەلدار ئوردا ئالدىغا كېلىپ: «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ياشىسۇن!» دەپ توۋلاشتى ـ دە، ئۇنىڭ قومۇلنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن باش ئۇرۇشتى. ئەمما، ئىشلار بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى. راشىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى قومۇلدىن كېتىشى بىلەنلا خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ زىددىيىتى يەنە پەيدا بولدى ـ دە، ئۇرۇش ـ جېدەل، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەۋجىگە چىقتى. ھەتتا خۇيزۇلار ئوردىنى قورشىۋېلىپ: «ئىسھاق خوجا دىنىي قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلسە، سەن خەنزۇلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئىسھاق خوجىغا پارە بېرىپ، ئۇلارنى ئالداپ قايتۇرۇۋەتتىڭ» دەپ چىڭۋاڭ غوجامنى ھاقارەت قىلدى. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى خۇيزۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا خان يامۇلىنىڭ چېرىكلىرى پەيدا بولۇپ، خۇيزۇلارنى بىردەمدىلا تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. خان ئامبىلى لەشكەرلىرىگە قومۇل تەۋەسىدە خۇيزۇلار تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنى ئاڭلىغان خۇيزۇلار بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىچىگە سولىنىۋالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خان ئامبىلى لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، بۇ يەردىكى چوڭ ـ كىچىك

نەچچە يۈز ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا بىر خۇيزۇ يىگىت ئامان قالغانىكەن. ئۇ بىر ئاماللار بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپتۇ ـ دە، ئىسھاق خوجىنى باشلاپ كېلىپ مەقسىتىگە يېتەلمەي قېچىپ كەتكەن ساۋۇر بەگ بىلەن، ئاندىن شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىگە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىۋاتقان دايۇەنشۇەي بىلەن ئۇچرىشىپ، ھېيتگاھتا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن قومۇلنىڭ ئەھۋالىنى، ئوردىنىڭ ۋە خان يامۇلىنىڭ لەشكەر كۈچىنى مەلۇم قىلىپ، دەرھال لەشكەر تارتىشنى تەلەپ قىپتۇ. دايۇەنشۇەي بۇنى ئاڭلاپ خېلى زور لەشكىرى كۈچ بىلەن قومۇلغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان چىڭۋاڭ غوجام بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىكى پالۋانلارنى يىغىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، خۇيزۇ لەشكەرلىرى ئۇنى بىردەمدىلا تىرىپىرەن قىلىپ شاھسىلىم بەگنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار باغىباراڭلارنى ۋەيران قىلىپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش دېمەي ئۆلتۈرۈپ، ناھايىتى تېزلا چىڭۋاڭ غوجامنى، ئاندىن سىدىق تۇڭچى، ئابدۇللا بەگ، باقى بەگ قاتارلىق ئوردا ئۆلىمالىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. دايۇەنشۇەي چىڭۋاڭ غوجامنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىگە ئوردىغا تېگىش قىلماسلىققا يارلىق چۈشۈردى.

— بەگلىرىمنى قويۇۋەت، — دېدى چىڭۋاڭ غوجام، — بۇلاردا گۇناھ يوق، گۇناھ بولسا مېنى جازالا.

— ئالدىرىما، سەندىن ھېساب - كىتابنى بىر - بىرلەپ ئالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى دايۇەنشۇەي، — ھازىرچە ھەرقايسىڭنى سولاپ قويىمىز. ئەگەر قېچىپ كېتىشكە خام خىيال قىلساڭ، پۈتۈن خەلقىڭنى قىرىپ، ئۆيلىرىڭگە ئوت قويۇپ، ئورداڭنى تۈزلىۋېتىمەن.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، خەلقىمگە تەگمە، ئۆلتۈرسەڭ مېنى ئۆلتۈر، چاپساڭ مېنى چاپ...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى ئايرىم ئۆيلەرگە قامالدى. ئۇلارنى خۇيزۇ لەشكەرلەر قاراۋۇللۇق قىلىپ ساقلىغاچقا، نىمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن قومۇل خەلقى خەۋەرسىز ئىدى. كوچا - كويلاردا ھەر خىل گەپلەر بار ئىدى. ئەمما، بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ كۈنلەردە خان يامۇلنىڭ ئامباللىرىگىمۇ، ئايماقبېگىمۇ خوتۇن - بالىلىرى، مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ باركۆلدىكى خان لەشكەرگاھىغا قېچىپ كەتكەچكە، ئاۋام ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغانىدى. پۇقرالارمۇ بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ يوشۇرۇنچە قېچىشقا باشلىغانىدى. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ تۇتۇلۇپ قېلىپ ئوتتۇز سەككىزىنچى كۈنى ئوردىغا قايتىپ كەلدى. شۇ ئان كوچا - كويلاردا «دايۇەنشۇەي چىڭۋاڭ غوجامنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى مۇنداقلا ئۆلتۈرۈۋەتسە، كېيىنچە خەلقئالەمنىڭ لەنىتىگە قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا گۇناھىم بار دەپ ئىقرار قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇشنى ئويلاپ، قەبىھ ئۇسۇللار ئارقىلىق سوراق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گۇناھىنى تەن ئالغىلى ئۇنۇماپتۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ: «مېنى ئۆلتۈر، ئەمما تۆت بۇرادەرلىرىم بىلەن خەلقىمنى قىرغىن قىلما» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دايۇەنشۈەي: «ئۆلۈم ئالدىدا قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت» دەپتۇ. چىڭژاڭ غوجام: «ماڭا بىر كۈنلۈك ۋاقىت بەر، بالىچاقىلىرىم، قېرىنداشلىرىم، ئەل - يۇرتۇم بىلەن خوشلىشىپ ئەتە جازا مەيدانىغا ئۆز ئايىغىم بىلەن باراي» دېگەنىكەن، دايۇەنشۈەي قوشۇلۇپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپ قۇلىقىغا يەتكەنلا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوردا ئالدىغا يىغىلىپ يىغا - زار قىلىشىپ، چىڭژاڭ غوجامغا ئامانلىق تىلەشتى. شۇ ئارىدا ۋاڭ غوجامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئىلىلىق پىدائىيلار، تۇرپان، لۈكچۈندىن كەلگەنلەر، قومۇلنىڭ بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىن يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، دايۇەنشەيگە قارشى ئاتلىنىشنى نىيەت قىلىشتى. بىراق، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چىڭژاڭ غوجام ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— ياق، بۇنداق قىلساق ئەل - يۇرت ۋەيران بولىدۇ.

— ئەمىسە ئۆزلىرى مېھرىبانۇ پۇچۇڭ خېنىمنى ئېلىپ جانلىرىنى دالدىغا ئالسىلا، بۇ يەردە بىز بولغاندىكىن بىر ئامالىنى قىلارمىز.

— ئۇنداق قىلسام بىھۇدە قان تۆكۈلۈپ، خەلقىم قىرىلىپ كېتىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز، چىڭژاڭ غوجام؟

— مەن جازا مەيدانىغا ئۆز ئايىغىم بىلەن بارىمەن. مۇشۇ تاپتا ھەرقايسىڭلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. مەن ھازىر قېچىپ قۇتۇلىمەن دېسەم تامامەن قىلالايمەن، لېكىن ئەل - يۇرت ۋەيران بولىدۇ. بۇ يۇرتنى ئاتا - بوۋىلىرىم، قومۇل خەلقى كۆپ ئەجىر

بىلەن مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن. ئەمدىلىكتە مېنىڭ دەۋرىمدە خارابلاشسا بولمايدۇ. مەن ئۆلسەم مەيلىكى، يۇرتۇم، ئاۋام ـ خەلقىم ئامان قالسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار زار ـ زار يىغلىشىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭۋاڭ غوجام ھەممىنى رەت قىلدى ـ دە، ئەتىسى ئۈچ قەۋەت كىپەنلىك كىيىپ، ئاق سەللە ئوراپ يۇرت ئەھلى بىلەن رازىلىشىپ، جازا مەيدانىغا كەلدى. جازا مەيدانىنى دايۇەنشۇەينىڭ لەشكەرلىرى نەچچە قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى. چىڭۋاڭ غوجامنىڭ ئاق يېپىلغان، ھەتتا ئاتلارنىڭ بوينىغىمۇ ئاق چىگىلگەن مەپىسى توختىغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يارەنلىرى شاھىسىلىم بەگ، سىدىق بەگ، ئابدۇللا بەگ، باقى بەگلەر تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى. چىڭۋاڭ غوجام مەپىسىدىن چۈشۈپ بۇ يەرگە يىغىلغانلار بىلەن يەنە بىر رەت رازىلاشقاندا، جاللات ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. دەل شۇ ۋاقىتتا قىزىل كىگىز كۆتۈرۈۋالغانلاردىن بىرنەچچىسى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، تېنىدىن ئايرىلغان باشنى تېزلىكتە تۇتۇۋېلىپ، جەسەت بىلەن بىللە كىگىزگە ئورىدى. شۇ ئارىدا تۆت ئوردا ئەمەلدارىمۇ قەتل قىلىنغانلىقتىن دايۇەنشۇەينىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن بىرى چىڭۋاڭ غوجامنىڭ كاللىسىنى ئالغان جاللاتنىڭ دەل يۈرىكىگە ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. دايۇەنشۇەي ئەھۋالنىڭ سەل چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، لەشكەرلىرىنى تېزدىن چېكىندۈردى. بۇ يەرگە يىغىلغانلار يىغا ـ زار بىلەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنى ئالتۇنلۇقتىكى ئۆزى ياساتقان قەبرىگە دەپنە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن

ئەنسىزلىك يەنە باشلاندى. دايۋەنشۇەي لەشكەرلىرى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ قاچالايدىغانلىرى قاچماقتا ئىدى. مەنمۇ ئۆيۈمدىكىلەرنى ئېلىپ قېچىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغانىدىم.

— ئۆزلە ئاۋۋال ماڭسىلا،— دېدى ئايالىم،— مەن باللار بىلەن تاغ ئارىسىدىكى تۇغقانلارنىڭ يېنىغا كېتەي.

— ياق، قانداقلا كۈن كۆرسەك بىللە كۆرەيلى،— دېدىم مەن،— سىلەرنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ قانداقمۇ يالغۇز قېچىپ كېتەلەيمەن، تاغ ئىچىگە بىرلىكتە كىرىپ كېتەيلى.

— كىچىك بالىدەك گەپ قىلمىسىلا، ئادەم كۆپ بولسا، خەتەرمۇ چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلە ئوردىدا ئەمەل تۇتمىغانلىرى بىلەن ئۇلۇغ چىڭۋاڭ غوجام ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. كۆڭۈللىرىدە بىرەر كىمگە يامانلىق قىلمىسىلىرىمۇ، گەپ ـ سۆز، چاقچاقتا باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان يەرلىرى بار. ئادەم دېگەننىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن. ئەينى ۋاقىتتا چىڭۋاڭ غوجام يۆلەنچۈك بولۇپ تۇرغاچقا، بىرەر كىم ئۆزلەگە چېقىلىشقا پېتىنالمىغىنى بىلەن ئۆزلەگە ئاللىبۇرۇن قەست قىلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن ساۋۇر بەگدەك ناكەس، قىزىل كۆزلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزلە يالغۇز يولغا چىقىۋەرسىلە، قانچە يىراققا كەتسىلە شۇنچە ياخشى. كېيىنكى كۈنلۈكتە جاھان ئىزىغا چۈشۈپ، قومۇلدا يەنە بۇرۇنقىدەك مەمۇرچىلىق، ئەمىنلىك بولسا قايتىپ كېلىپ بىزنى تېپىۋالارلا، بولمىسا خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چۇشۇۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ مەنمۇ يىغلاپ تاشلىدىم ـ دە، ئۇلاردىن ئايرىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. بۇنى ئاڭلاپ بالىلىرىممۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمنى، ھايات بولساق يەنە دىدارلىشىپ جەم بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىشىپ تۇرۇۋېلىشتى. مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى گېپىمگە ماقۇل كەلتۈرەلمىدىم.

— «گەپ بىر، قۇلاق ئىككى»، ئەگەر گېپىمگە كۆنسىلە مەيلى، ھازىرلا ئاتلىق يولغا چىقىپ يىراقلارغا كەتسىلە، بولمىسا مۇشۇ تاپىنىڭ ئىچىدە ئالدىلىرىدا ئۆلۈپ بېرىمەن،— ئۇ سۆزلىگەچ ئاللىبۇرۇن تەييار قىلىپ قويغان پىچاقنى ئېلىپ چىڭ سىقىمدىدى ـ دە، كۆزلىرىدىن چۇشۇۋاتقان ياش تامچىلىرىنىمۇ سۈرتۈۋەتمەستىن ماڭا قارىدى،— قېنى، قايسى يولنى تاللايلا، مەتربىھىمئاخۇن؟ تېزرەك بىر قارارغا كەلسىلە...

— مېنى دېمىگەندىمۇ بالىلارنىڭ يۈزىنى، ئۇلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ، بۇنداق ساراڭلارچە قىلمىقنى قىلماڭلا. مەن قېچىپ نەگىمۇ بارالايمەن؟ يىراقلارغا كەتكەن تەقدىردىمۇ قانچىلىك راھەت كۆرۈپ كېتەرمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزگە يۇرتتا كۆڭلۈم قانچىلىك ئارام تاپماقچىدى؟ ھەرقانچە شاھلاردەك كۈن كەچۈرسەممۇ، يەنىلا سىلەر قېشىمدا بولمىساڭلار بۇنىڭ قانداق مەززىسى بولسۇن؟! ياق، مېنى قوغلىماڭلار، نېمە كۈن كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى.

— ئۆزلە مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلمايلا، شۇنداقمۇ؟ سىلىگە دېسەم مېنىڭمۇ، بالىلارنىڭمۇ ئۆزلەدىن

ئايرىلغۇسى يوق. ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىلا، ھازىر ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق. ھەممە كىشى ئۆز جېنىنىڭ غېمىدە قالدى. راست گېپىمنى دېسەم، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرگە بولساق تولىمۇ بەلەن ئىش بولاتتى. ئۆزلەمۇ يېنىمىزدا بولسىلا بىزگە تاغدەك يۆلەك بولاتتىلا، قوش باللىرىنى ئاسرىغاندەك بىزنى ئاسرايتتىلا، لېكىن ئويلاپ باقتىلىمۇ؟ بۇ كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟ بىزنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدۇ؟ بۇنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز. ھېلىقى دايۇەنشۇەي دېگەن تۇڭگان ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھتا ئۆلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاۋۋال چىڭۋاڭ غوجامدىن، ئاندىن ئوردىدىكى بەگ، سىپاھلاردىن كۆرىدىكەن. كوچا ـ كويلاردىكى مىش ـ مىش گەپلەردىن قارىغاندا ساۋۇر بەگ ئۇرۇمچىگە چىقىپ، بۇ يەردە يۈز بەرگەن قاباھەتلىك چۇشتەك تۇيۇلىدىغان ئىشلارنى چېقىشتۇرغاندا: «مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، پۇقرالىرىنىڭ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاقتۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلغانمىش. ئۆزلەمۇ كۆرۈۋاتىدىلا، دايۇەنشۇەي ۋەدىسىدە تۇرماي چىڭۋاڭ غوجامنى قەتل قىلىپلا قالماي، يەنە تۆت ئوردا بېگىنىڭ بېشىنى ئالدىغۇ؟ بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، باغۋاراڭلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى جانلىقنى قىرىۋاتامدۇ، ئەنە!... مۇشۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا جاھىللىق قىلىلا، خەير بوپتۇ، ئۆزلەنىڭ يىراقلارغا كېتىپ، بۇ ئىشلار سەل پەسكويىغا چۈشۈپ جاھان تىنچلانغۇچە جانلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، كېيىنچە ئاسايىشلىق كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قايتا جەم

بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلىرى بولمىسا بۇمۇ بوپتۇ. مەن ئاۋۋال ئالدىلىرىدا ماڭغاچ تۇراي، كېيىنچە ئۇ ئالەمدە يەنە دىدارلىشارمىز، خەير، مەندىن رازى بولسىلا...— ئۇ سۆزلىگەچ بىسى يالتىراپ تۇرىدىغان پىچاقنى يۈرىكىگە تەڭلىدى. بۇنى كۆرۈپ پۈت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم - دە، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى.

— يا... ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا. مەن ماڭاي... يىراقلارغا كېتەي...— دېدىم مەن تېزلا،— باللارغا ئۆزلە بولمىسىلا بولمايدۇ.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك ئۇلۇغ - كىچىك نەپەس ئالدى - دە، ماڭا بۇيرۇق قىلغاندەك تەرزدە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ماقۇل... بۇ گەپلىرىگە ئىشەنگەنىمۇ بولاي، ئەگەر گەپلىرى راست بولسا قېنى ئاتقا مىنسىلە - دە، يىراقلارغا كەتسىلە. قانچە يىراقلارغا، مالىمانچىلىق يوق، تىنچ يۇرتلارغا كەتسىلە شۇنچە ياخشى. ياراتقان ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم تېنىمىزنى سالامەت، ئۆمرىمىزنى ئۇزۇن، يەيدىغان رىزقىمىزنى كەڭرى قىلسا، يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولار... نېمىگە قاراپ تۇرىدىلا، ئاتقا مىنسىلە... بولمىسا...

مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇ ئادەتتە رايىش، نېمە دېسەم ئاڭلايدىغان، سىزىغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغان، لېكىن خۇيى تۇتۇپ قالغان ۋاقىتلاردا تولىمۇ جاھىل، دېگىنىنى قىلمىغۇچە قويمايدىغان تەرسا ئايال ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق سوغۇق نۇر تارقىتىپ تۇراتتى. بىر - ئىككى سەكرەپلا بېرىپ قولىنى قايرىپلا پىچاقنى ئېلىۋالسام تامامەن

ئۆلگۈرەلەيتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇنىڭلىق بىلەن تەسكىن تاپمايتتى ـ دە، يەنە بۇنىڭدىن ئۆتەر ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇ چاغدا... مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرۈتۈۋېتىپ، چوڭ ئوغلۇم ئاللىقاچان توقۇپ تەييار قىلغان، پېشانىسىدە قاشقىسى بار كۆل رەڭ ئاتنىڭ باشبېغىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئۆزەڭگىگە پۇتۇمنى سېپىپ تولىمۇ چاققانلىق بىلەن ئاتقا مىندىم.

ــ ئەمىسە دېگىنىڭلا بويىچە قىلاي، بالىلارنى ئاۋۋال ياراتقان خۇدايىمغا، ئاندىن ئۆزلەرگە تاپشۇردۇم. سالامەت بولغايسىلەر، خوش بالىلىرىم، ئامان بولساق يەنە بىر كۈنلەردە دىدارلىششقا نېسىپ بولار؟!...

ــ خۇدايىمغا ئامانەت، دادا، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، جاھان دىشۋارچىلىقلىرى يوق يەرگە كېتىڭ. قومۇلدىن قانچە يىراققا كەتسىڭىز شۇنچە ياخشى، ئۇ چاغدا بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولىدۇ.

ــ بالىلار دېگەندەك قىلىسىلا، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرى ئىزىغا چۈشسە بىز بىر ئامال بىلەن ئۆزلەرگە خەۋەر بېرىمىز. شۇنىڭغىچە جانلىرىنى زامان مالىمانچىلىقلىرىدىن دالدىغا ئالسىلا، قېنى ئاتلىرىغا قامچا ئۇرسىلا، خوش، ئاللاغا ئامانەت!...

مەن ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا، بالىلارنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە، ئايرىلىش ھىجرانىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك بىچارىلىك، ھەسرەت نۇرلىرى بالقىپ تۇرىدىغان چاناقلىرىدا ياشلار لىغىرلاپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئايالىمنىڭ بېشى بىلەن «قېنى تېز مېڭىڭ...» دېگەندەك ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى

ساڭگىلاپ تۇرغان دەستىسىگە تولىمۇ چىرايلىق گۈللەر ئويۇلۇپ، قىزىل پۆپۈك ئېسىلغان زەي قامچىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، تۇيۇقى قىزىپ بىر يەردە تۇرالمايۋاتقاندەك يەرنى تىلغاپ، بىر دائىرىنى ئايلىنىۋاتقان ئاتقا قامچا ئۇرغاچ ۋارقىرىدىم:

— ئاللاغا ئامانەت، ياراتقان ئاللا ئىگەم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولار. ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئاسراپ، تېزدىن تاغ ئارىسىغا يول ئېلىڭلار!...— گېپىمنىڭ داۋامى ئېغىزىمدىلا قالدى. زەي قامچا ئاتنىڭ سۆڭگىچىگە خېلىلا كۈچ بىلەن تەگكەن چېغى، ئالدىغا شوخشىغان پېتى خۇددى قانات چىقارغاندەك ئۇچتى. مەن بىردەمدىلا مەھەللىدىن چىقىپ، ۋاڭ ئوردىسىغا بارىدىغان، شۇ تاپتا ئوت قويۇۋېتىلگەچكە ئاسمان ـ پەلەك ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈجۇم مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ماڭدامدا بىر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان، سۇنايلىنىپ ياتقان ئىگىسىز جەسەتلەر بىلەن تولغان كەڭرى دالانى بويلاپ يورۇپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ، چۆل ـ جەزىرىلەردە كۈندۈزى، يۇرت ـ مەھەللىلەردە كېچىسى دېگۇدەك يول يۇرۇپ، ئىككى ئايدىن ئاشقان ۋاقىتلاردا قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم ـ دە، بۇ يەرلەرنىڭ ھېلىھەم مالىمانچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە بۇ تەرەپلەرگە يول ئالدىم. مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىلچى دىيارىغا كېلىپ شۇ يەردە پاناھلىنىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما يەنىلا كۆڭۈل توختىتالماي يولغا چىقتىم. قومۇلدىن چىققاندىن بىرى ماڭا خۇددى سىرداش دوستۇمدەك ھەمراھ بولۇۋاتقان ئېتىم چىرا دېگەن يۇرتتىن ئاشقاندا مۆدۈرۈپ كېتىپ، يىقىلغان باھانە بىلەن قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى ـ دە،

بۇ ئۇزۇن سەپەرگە ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك، مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆزى قىيمايۋاتقاندەك، كۆزىدىن ياش ئاققۇزغىچە كېتىپ قالدى. بۇمۇ تەقدىر ئوخشايدۇ. ئەمدى پىيادە بولسىمۇ يول يۈرۈپ، خاتىرجەم، تىنچراق بىر يەرگە بېرىپ بىر مەزگىل پاناھلىنىپ، قىش ئۆتۈپ كەتسە ئاندىن قالدى ئىشلارنى ئويلىشارمەن. بۇ يەرلەر قومۇلدىن نەچچە ئايلىق يىراقتا بولغاندىكىن، ئۆزۈمنىڭ ئىگىزىدىن چىقىپ كەتمىسىلا، بۇ يۇرتلاردا مېنى تونۇيدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن بىر مەزگىللىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالايمەن... مەن شۇلارنى ئويلاپ پىيادە يولغا چىقتىم ـ دە، ئېغىر ئەلياتقۇ بىلەن مانا مۇشۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، قاراڭغۇدا خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىپ، ئىتلارنىڭ قوغلىشى بىلەن قېچىپ ئۆزلەرنىڭ سامانلىقلىرىغا سەكرەشكە مەجبۇر بولدۇم...

شېرىن بىردىنلا جىمىپ كەتتى ـ دە، كۆزلىرىدىن بۆرتۈپ چىقىپ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياش تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەنلا ئېيتىۋەتتى ـ دە، خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن شۈكلەپ قالدى. مۇسا ھاكىمبەگ مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئاڭلاۋاتقاندا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يىغىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلاشقا تاسلا قالغان بولسىمۇ، شېرىننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ لېۋىنى چىشلىۋالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇمۇ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋەتتى ـ دە، ياشلىرىنى يېپەك قول ياغلىق بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— بىشىدىن جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرى كۆپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ «دەرد - ئەلەملەر كېلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا. سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ، كۆزدىن ئاققان ياشىغا» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. قارىغاندا بېشىدىنمۇ ئاز قىسمەتلەر ئۆتمەپتۇ. نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچراپسەن. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغا تولىمۇ ئۇۋال بوپتۇ. ئۇ يۇرتىنى، خەلقىنى دەپ ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ تولىمۇ پەس ئاۋازدا، — قارىغاندا ئۇ يەردىكى مالىمانچىلىق، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرگە ئادەم چىداپ بولغىلى بولمايدىكەن - دە؟

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىشلارنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. پېقىرلىرى توقسۇن دېگەن يۇرتتا تۇغۇلۇپ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا يۇرتىمىزدا جېنىمىزنى جان ئېتەلمەي قومۇل دىيارىغا چىقىپ، يۇنۇس تاغامنىڭ ياردىمىدە تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ ئادەمدەك ياشىغان بولغاچقا، ئۇ يۇرتقا ھەقىقەتەن مېھرىم بار. گاھىدا مەن توقسۇندا ئەمەس، قومۇلدا تۇغۇلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ بار ئىدى، بۇنداق دېسەم، مېنى تۇزكور، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانىنى ئۇنتۇپ قالغان مۇناپىق دەپ ئەيىبلىمىسىلە، ھاكىمبېگىم. مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، مەھەللىمىزدىكى يۈز ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي دائىم «ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە كۈن چۈشسە، قولۇڭنى تەڭلەپ ئاپتاپ سۈن» دەيدىغان بىر گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مانا ئەمدى بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن. قومۇل ھەقىقەتەن باغرى كەڭ،

ئەلۋەكچىلىك يۇرت. ئادەملىرىمۇ خۇددى ئۆزلىدەك، مۇشۇ كىرىيە خەلقىدەك ياۋاش، مېھماندوست خەق. مەن چىڭۋاڭ غوجام قەتل قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ، «يۇرت بېشى قانداق مىجەزلىك بولسا، خەلقى شۇنداق خۇلقنى يېتىشتۇرىدىكەن» دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا ئۇۋال بولدى. بازاردا ئاشۇ ئىككى قاساپ جېدەللىشىپ قالمىغان بولسا، بەلكىم ئۇ يۇرت بۇگۈنكى كۈنلەردىكىدەك خانىۋەيرانچىلىققا، سورۇقچىلىققا ئۇچرىمىغان، ساۋۇر بەگدەك قىزىل كۆز، نائەھلى، ئۆز جەمەتىدىكى قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ كۆرگەن راھىتى، ئەلدىن ئېرىشۋاتقان ھۆرمىتىنى كۆرەلمەي، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش ھېسابىغا باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى سۆڭەككە دوم چۇشىدىغانلار بولمىغان بولسا، چىڭۋاڭ غوجامىمۇ ئەل - يۇرتۇمنى سورۇقچىلىق تارتقۇزمايمەن، ئەلنى قىرغىندىن ساقلاپ قالىمەن دەپ، جازا مەيدانىغا ئۆزى بارمىغان بولاتتىمىكىنتاڭ! مانا ئەمدى «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ. بىزدە «بۇزماق ئاسان، تۈزمەك تەس» دېگەن گەپ بار. مېنىڭچە قومۇل چىڭۋاڭ غوجام ھايات ۋاقتىدىكىدەك مەمۇرچىلىق، باياشاتچىلىققا ئاسان ئېرىشەلمەيدۇ.

— دېگەنلىرىڭ بەرھەق، شېرىن، بەلكىم يېشى سەندىن چوڭلار سۆزلەپ بەرگەندۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا نوشىرۋان ئادىل دېگەن پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپ خەلقنىڭ قەلبىگە ئۆز ئىسمىنى مۆھۈردەك سىڭدۇرۇۋەتكەچكە، مانا ھازىرغىچە نامى تىللاردا داستان بولۇۋاتىدۇ. قارىغاندا مۇھەممەت بېشىر

چىڭۋاڭ ئەنە ئاشۇ نوشىرۋان ئادىلنىڭ يولىنى تۇتقان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ نامى چوقۇم ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئەبەدىلئەبەد يادلىنىدۇ. جاھاندا ئىنسانلار تولىمۇ كۆپ بولغىنى بىلەن ئاخىرقى ھېساباتتا ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىكەن. بىرى، ئۆز ئۆمرى بويىچە ياشايدىغانلار؛ يەنە بىرى ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلسىمۇ، نامى ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشناپ تۇرىدىغانلار، يەنى ئۆز ئۆمرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار. مېنىڭچە، مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ئىككىنچى خىل ئادەملەر تائىپىسىگە مەنسۇپ.

شېرىن «دېگەنلىرى بەرھەق، ھاكىمبېگىم، تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا...» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۆيئىچىنى بىردىنلا سۈكۈناتلىق قاپلىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بىر ئىلىك، بىر ئىلىكتىن تۇتەپ ئىس چىقىرىۋاتقان جىنچىراغقا قاراپ بىرنەرسىنى خىيال قىلغاندەك ئولتۇراتتى. شېرىن تېخى بايىقى ھېسسىياتىدىن تازا دېگەندەك قۇتۇلۇپ بولالمىغاچقا، شۈكلەپ قالغانىدى.

— خوش، سېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭ ماڭا ئايان بولدى، شېرىن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ جىمجىتلىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئۈزۈپ - سۆزلەپ، — سېنىڭ يۇرتۇڭغا قاچان، قانداق ۋاقىتتا قايتىدىغانلىقىڭ ئۆزۈڭگىمۇ ئايان ئەمەس تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا مېنىڭ مەسلىھەتىمگە ماقۇل بولمايسەن؟ بايىقى سۆزلىرىڭنىڭ ئورامىدىن قارىسام، ئايالىم، بالىچاقامغا يۈز كېلەلمەيمەن دېگەننى ئويلاۋاتقان ئوخشايسەن. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، بەلكىم يۇرتۇڭدىمۇ ئىككى - ئۈچ خوتۇنلۇق بولىدىغان ئادەت

بار. شۇنداق تورۇقلۇق ئۆز جىنسىنى ئۆزۈڭ قىيناپ نىمە كەپتۇ؟ بۇ يەردىن كەتسەڭ قەيەرگە بارماقچىسەن؟... ساڭا دىسەم مانا مۇشۇ يۇرت سەن ئۈچۈن ئەڭ بىخەتەر جاي، شىرىن. مىنىڭ ھاكىمبەگلىك تەۋەيىمدە باشقىلار سىنى تاك ئىتىپ چىكىش تۇگۇل، ئالىيىپمۇ قاراشقا پىتىنالمايدۇ. شۇڭا، يۇرتۇڭ تەرەپتىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، سۆيۈندۈرىدىغان خۇش خەۋەرلەر كەلگۈچە بۇ يۇرتتا تورۇپ قال.

شىرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كەسكىن تەلەپپۇزدا دىگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن تىكىلدى. شۇنىڭغىچە مۇسا ھاكىمبەگ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىنى بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇشۇمنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئۆزۈم ئۈچۈندۇر. بەلكىم سەن ھىس قىلمىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. سەن بۇ يەرگە كىلىپ نەچچە كۈنگە قالمايلا ئىش ـ ھەرىكىتىڭ، سۆزلىرىڭگە قاراپ، «بۇ خىلى بولىدىغان ئادەم ئىكەن، قارىغاندا ئادەتتىكى سالپى ـ ساياق يۇرت كىزەرلەرگە ئوخشاشمايدىكەن، بۇ يەردە قىلىشنى خالىسا دورغىلىق مەنسىپىنى بىرىپ، خىزمىتىمگە سالسام بولغۇدەك...» دىگەنلەرنى ئويلىغان بولسامۇ، لىكىن سەن ئۇياندىن كىلىپ بولغۇچە، بۇياندىن بۇ ھەقتە ئىغىز ئىچىشنى بىئەپ كۆردۈم. «ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتسۇن، بۇ زىمىننى، ئادەملىرىنى، مىنى چۈشەنسۇن، ئاندىن بۇ ھەقتە ئىغىز ئاچسامۇ كىچىكمەيمەن...» دىگەنلەرنى ئويلاپ، كۆڭلۇمدىكى گەپلەرنى ساڭا دەللىڭ دىمەي كەلدىم. لىكىن، يىقىندىن بۇيان كاللامغا يىڭىدىن بىر

خىيال كېلىۋالدى. «شىرىننى بۇ يەردىن ئۆيلەپ قويساق قانداق بولار؟ ئەر كىشى دېگەننىڭ ئۆزى ئايال كىشىگە تويىسمۇ، كۆزى مەڭگۇ تويمايدۇ. ئۇ شۇ ئايالغا تارتىشىپ بولسىمۇ بۇ يۇرتتىن كېتىشنى ئويلىمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەنىدىم. مانا ئەمدى ھەممە ئىشنى ئاشكارا قىلىۋەتتىم. شۇڭا، «ياقىسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي، ماقۇللۇق بەرگىن. نىياز قاراقاش بىلەن ئىككىمىزلارنىڭ توي كۈننى بىللە بېكىتىپ، ئەل - جامائەتكە داستىخان سالايلى.

— ئۆزلە بۇ ئىشلارنى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئويلاپلا، ھاكىمبېگىم، مەن بۇ يەردىن كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزلەنىڭ ھۇزۇرلىرىدا تۇرغاندەك خاتىرجەم كۈنگە ئېرىشەلەمدىم، يوق، بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۆزلە دېگەن شۇنچە چوڭ يۇرتنىڭ ھاكىمبېگى، ئىشلىتەي، خىزمىتىمگە سالاي دېسىلە، ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن ئىستېدات ئىگىلىرى كەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلاردىن ئاڭلىسام ئەجدادلىرى مۇشۇ دىياردا تۇرغۇن خەيرلىك ئىشلارنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە مۇشەررەپ بولغان زاتلاردىن ئىكەن. ھازىر ئۆزلەدە ئەمەل - مەنسەپ دېسىمۇ، مال - دۇنيا دېسىمۇ بار. ھەممە كىشى ئۆزلەگە ھەۋەس قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداق بولۇپ مېنى يانلىرىدا ئېلىپ قېلىپ خىزمەتلىرىگە سېلىشنى ئويلاپ قالدىلىكىن؟

مۇسا ھاكىمبەگ سەل سەگەكلەشتى. ئۇ شىرىننىڭ بۇ سوئالنى سورىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. «بايىنىقىياقى مەن دېگەن مەسلىھەتلەرگە تاش چىشلەپ تۇرۇۋېلىپ، ئېنىق جاۋاب

بەرمەسلىكىڭنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن ـ دە، سەن ئەسلىي مېنىڭ مۇددىئايىمنى ئېنىق بىلمەكچى ئىكەنسەن، شېرىن! قارىغاندا مەن سېنى خاتا تونۇماپتىمەن. سەن ھەقىقەتەن زېرەك، ئەقىللىك ئادەم ئىكەنسەن...» مۇسا ھاكىمبەگ مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېنىك نەپەس ئالغاندىن كېيىن قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ قويغاچ شېرىنگە تىكىلدى.

ــ دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق، ھازىرقى ئىشلىرىم دەل سەن دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ. تەۋەيىمدىكى ھەممە ئادەم ماڭا ھەم ئىتائەت قىلىدۇ، ھەم ھەۋەس قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق غەم ـ ئەندىشەم، ۋايىم يەيدىغان ئىشلىرىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. دېمىسىمۇ بۇ زېمىندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ كۆپ ئەجرى بار. شۇڭىمۇ ھازىر يەر ـ زېمىنلىرىمىز، ئوتلاق ـ يايلاقلىرىمىز ھەرقانداق بايلارنىڭكىدىن كۆپ. مەن ئەمەل ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىساممۇ، ئىشەنچىم كامىلكى تۇرمۇشۇم ھامان ياخشى ئۆتىدۇ. بىراق، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىكەن. مەن ئويلىمىغان يەردىن ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئېرىشىپ، بۇ ئوڭۇمىمۇ، چۇشۇمىمۇ دېگەندەك تۇيغۇلاردا بولغان ۋاقتىمدا ئۆز ئىگىلىكىم بىلەنلا بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن قويۇپ قويسام قانداق بولار دېگەنلەرنىمۇ ئويلىغان. لېكىن، كېيىن يەنە يۇرتۇم، خەلقىم ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالسام، يەنىلا مەككە ـ مۇكەررەمىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشنىڭ ساۋابىنى ئالىدىغان ئىش بولغاندىكىن، ئالدىمدىكى تەييار تاماقنى باشقىلارغا خۇش ئېتىپ يۈرمەي دېگەن نىيەت بىلەن يۇرتدارچىلىق

ئىشلىرىنى قىلىۋاتىمەن. سىپىنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭ ھەرگىز خاتا ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىم ھەققەتەن يۇقىرىدا خانىنىڭ، تۆۋەندە ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەملەر...ــ مۇسا ھاكىمبەگ بەك ھاياجانلانغانلىقىدىن نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ كەتتى ـ دە، ئۆزىنى توختىتىپ، كەيپىياتىنى تەڭشىۋالماقچى بولغاندەك بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،ــ گەپنى خېلى ئۇزاقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى يەكەندە قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى دەيدىغان بىر خانلىق بولىغانىكەن. ئۇ خانلىقتا ھازىر نامى تىللاردا داستان بولىدىغان ئۇلتۇرۇش، بەزمە سورۇنلىرىدا سازەندىلەرنىڭ ئېغىزىدا ئىسمى نەچچە قېتىم زىكرىلىنىدىغان ئابدۇرەشىتخان دېگەن پادىشاھ، ئامانىساخان ئىسىملىك مۇقامچى خانىشلاردىن خېلى كېيىن ئابدۇللاخان دېگەن بىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شاھلىق تەختىگە بەرقارار بوپتۇ، ئۇ دەسلىپىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ يۇرتىنى خاتىرجەم، ئەلنى ئامان ئىدارە قىلىپ، پۈتۈن زېمىندا ئاسايىشلىق كۆنلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ مەزگىللەردە پۈتكۈل يۇرتتا سوپىزم ئېقىمى يامراپ كەتكەچكە، بەزى پەرمانلار جايىدا ئومۇملاشماپتۇ، سوپىزم دېگەن بۇ گەپنى ئەڭ دەسلەپ بۇ دىيارغا پەيدا قىلغان كىشى قازا قىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىر ـ بىرىدىن مەنمەنلىك تالىشىپ، ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن مۇرتلىرىنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىپ ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتكەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئابدۇللاخاننىڭ ئارزۇسى كۆپ بولسىمۇ، ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمانى

بولمىغاچقا، ئۇردا ئەمىرلىرىگىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، ئوغلى يولۋاسخاننى قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە، ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۇتى ئېغىزىدىن كەتمىگەن ئەبەيدۇللا سۇلتان دېگەن نەۋرىسىنى خوتەننىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، ھوقۇقنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۇرۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىغان بولىسىمۇ، سوپىزمىنىڭ ئەھلى سۇلۇك ماجىرالىرى كۇنسېرى ئۆتكۇرلىشىپ كەتكەچكە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۆلۇنۇش، نىزا ـ ئاداۋەت بارغانسېرى ئۆتكۇرلىشىپتۇ. ئەنە شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە جۇڭغار قالماقلىرى كېرىيەگە ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ كۇنلەردە كېرىيەدە خۇدابەردى بەگ ھاكىمبەگ ئىكەن. بۇرۇنمۇ قالماقلار بۇ زېمىنغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولىسىمۇ، ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ دورەمقىسى ئالدىنقى قېتىمغا تەمبەت ئوخشاشمايدىكەن. چۇنكى، بۇ قېتىمقى قالماقلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئۆزى شەخسەن خېلىلا تەربىيە كۆرگەن، تولۇق قوراللانغان ئاتلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئۆلتۇرۇپ، بىساتىنى بۇلاپ، ئۆيۋاقىسىغا ئوت قويۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. خۇدابەردى ھاكىمبەگ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن باسقىن قىلىپ كەلگەن قالماقلار بىلەن نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولىسىمۇ، ئۇلارغا تەڭ كېلىش تۇگۇل ئېغىر تالاپەت تارتىپتۇ ـ دە، ئاخىرى بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئابدۇللاخانغا مەلۇم قىپتۇ. ئابدۇللاخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كېرىيەگە ئاتلانماق بوپتۇ. بىراق، ئۇردا ئەركانلىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

«ئاچچىقلىرىغا هاي بەرگەيلا، ئالىيلىرى، ئاۋۋال كېرىيەگە مىرزا باباق بەگ ئىسمىلىك لەشكەر بېشىنى ئەۋەتەيلى، ئۇ بىرىپ قالماقلار بىلەن ئېلىشىپ كۆرسۇن، يېڭەلىسە تەلىيىمىز، يېڭەلمىسە ئاندىن ئۆزلىرى لەشكەر باشلاپ بارسىلا» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. خانمۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلۇق دەپ هېس قىلىپ، ئەتىسىلا مىرزا باباق بەگنى خىللانغان لەشكەرلەر بىلەن يولغا سېلىپ، خوتەننىڭ نائىب ئەمىرى ئەبەيدۇللا سۇلتان بىلەن بىرلىكتە كېرىيەنىڭ هاكىمبېگى خۇدابەردى بەگكە ياردەملىشىپ باسقىن قىلىپ كەلگەن قالماقلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا ئەمر قىپتۇ، مىرزا باباق بەگ دەررۇلا كېرىيەگە ئاتلىنىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر بولماپتۇ. بۇ ئىشتىن ۋايىم يەپ تاقىتى تاق بولغان ئابدۇللاخان قەشقەردىكى ئوغلى يولۋاسخاننى خىللانغان لەشكەرلەرنى باشلاپ ئارقىسىدىن ئاتلىنىپ، ئۆزىگە ۋە نەۋرىسىگە هەمدەم بولۇشنى تاپىلاپ قويۇپ كېرىيەگە سەپەر قىپتۇ. ئۇ ئۇدۇل سەئىدىيە خانلىقىدىكى بىر شاهزادىنىڭ ۋەخپە يېرى بولغان، هازىر مىرزا باباق بەگلەر بارىگاه قۇرغان لايسۇغا كېلىپ ئەهۋالنى ئىگىلەپتۇ.

— بىز كېرىيەگە كەلگەندىن بۇيان قالماقلار بىلەن خېلى كۆپ قېتىم جەڭ قىلدۇق، — دەپتۇ مىرزا باباق بەگ كېرىيەگە كەلگەندىن بۇيانقى ئەهۋاللاردىن ئابدۇللاخاننى خەۋەرلەندۈرۈپ، — دەسلىپىدە خېلى ئوبدان جەڭ قىلغان بولساقمۇ، كېيىن ئۇلارغا بارا ـ بارا تەڭ كېلەلمىدۇق، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتلىق، بىزنىڭ بولسا پىيادە، ئۇلار تېز ھۇجۇم قىلىپ تېز چېكىنىدۇ. بىز ھەرقانچە كۈچىگەن

بولساقمۇ، ئۇلار تەمبەت تۇتۇق بەرمەيۋاتىدۇ، شۇڭا...

— سىلەرچە، بۇ ئىشنى قانداق قىلماق كېرەك؟— دەپ سوراپتۇ ئابدۇللاخان مەلۇماتنى ئاڭلاپ ئويچانلىق بىلەن،— دەررۇ خانلىقتا تەۋە بارلىق قوشۇنلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلامدۇق ياكى باشقا ئامال قوللىنامدۇق؟

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ قويدۇق، ئالىيلىرى،— دەپتۇ مىرزا باباق بەگ تېزلا،— بۇ دىياردا خانلىقتا ساداقەتمەن ئۇستا مەرگەنلەر كۆپ ئىكەن. شۇڭا، يەر شارائىتىنى بىلىدىغان، يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەسەددۇق قىلىشتىنمۇ ئايانمايدىغان باتۇر يىگىتلەرنى جەڭگە قاتنىشىشقا، ئەگەر جەڭدە خىزمەت كۆرسەتسە، كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ يەر - زېمىن، تاغ - دەريالارنى ۋەخپە قىلىپ ئايرىپ بېرىش ھەققىدە جاكارچى چىقىرىپ، مەھەللىمۇمەھەللە جاكارلاتقۇزدۇق. ھازىر سېيەكلىك بىجەن پالۋان، قارلۇقتىن ئىسكەندەر پالۋان، سوقتىياقتىن كۆچەت پالۋانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. شۇڭا، ھازىرچە خانلىق قوشۇننى يۆتكىمەي، قولىمىزدا بار لەشكەرلەر بىلەن ئاشۇ پالۋانلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ جەڭ قىلساقمىكىن، ئالىيلىرى...

ئابدۇللاخان بۇ ساداقەتمەن ئەمرنىڭ سۆزىنى خوپ كۆرۈپتۇ - دە، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قىرغاز، قاراسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، كېرىيەدىكى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگىمۇ چۈشمەي، ئۇدۇللا ياغبۇلاققا بېرىپ، شۇ يەردە چېدىر ۋە تۇغ ئەلەملىرىنى تىكلەپ بارگاھ قۇرۇپتۇ - دە، جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ يەرگە باسقىن

قىلىپ كەلگەن قالماقلارنىڭ ئاساسلىق تۇرالغۇ جايى ئاتچان بولۇپ، جەڭ مۇشۇ تاغ ئەتراپىدا بوپتۇ. جەڭ شۇنچىلىك قىزىپ كېتىپتۇكى، بىر تارىخىي كىتابتا «بۇ شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ ئاۋازلىرىدىن، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ گۈپۈرلىشىدىن تاغلارمۇ ئەندىشە قىلىپ ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكۈدەك بولدى...» دەپ يېزىلىپتۇ، جەڭدە ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېغىر تالاپەت تارتقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. دەل شۇ چاغدا سوقتىياقلىق كۆچەت پالۋان ئابدۇللاخاننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىگە يارلىق بېرىشنى، ئۆزى يالغۇز بېرىپ قالماقلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىدىغان بىرەر ئامال تاپىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خان قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆچەت پالۋان يالغۇزلا ياۋ قارارگاھى تەرەپكە بېرىپتۇ ـ دە، ياۋنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپتۇ. لېكىن، بىرەر ئەپلىك ئامال تاپالماپتۇ. ئەتىسى كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇ ياۋنىڭ سىڭگى دېگەن باشلىقىنىڭ چېدىرىغا يېقىنلىشىپ مۆكۈنۈپ ئولتۇرسا، توساتتىن ئۇ چېدىرىدىن چىقىپ كۆچەت پالۋانغا يېقىنلا يەرگە كېلىپ غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن كۆچەت پالۋان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپتۇ. ئەسلىي قالماقلار شۇ چاغدا قۇياشقا ئىبادەت قىلىدىكەن. سىڭگىنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ ئۆزىنىڭ خۇداسىغا ئىبادەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىكەن. كۆچەت پالۋان ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ، سىڭگىنىڭ بىر كۆزىنىڭ كور ئىكەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ ـ دە، دەررۇلا ئوقياسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ساق كۆزىنى قارىغا ئېلىپ، يا ئوقىنى

ئۇزۇپتۇ. ئوق دەل جايغا تېگىپ سىڭگى ئاللا ـ تۇۋا قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى دەررۇلا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغان يا ئوقىنى ئېلىۋېتىپتۇ. كۆچەت پالۋانمۇ بۇ پاتىپاراقچىلىقتا دەررۇ قارارگاھقا قايتىپ كەپتۇ ـ دە، بولغان ئەھۋالىنى ئابدۇللاخانغا مەلۇم قىپتۇ، ئابدۇللاخان پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەيلا دەرھال لەشكەرلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۇپتۇ. ئاتامانى ئېغىر يارىلانغان قالماقلار ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. خان لەشكەرلىرى قوغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چەرچەنىنىڭ تۇرا دېگەن تاغلىق يېرىگە بېرىپتۇ. سىڭگىنىڭ لەشكەرلىرى ئاق تۇغ چىقىرىپ سۇلھى تەلەپ قىپتۇ. ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلمايدىغان، سۇلھى تۈزۈشكەن يەر ئىككى تەرەپنىڭ پاسىلى بولىدىغانغا پۈتۈم تۈزۈشۈپتۇ ـ دە، شۇ جايغا قوزۇق قېقىپ پاسىل ئايرىپتۇ. بۇ يەرنى ھازىرمۇ چەرچەنلىكلەر «قوزۇق قاقتى» دەپ ئاتايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاخان بۇ قېتىمقى جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ، ئۆزى قارارگاھ قۇرغان جايغا ئۇرۇشتا قازا قىلغانلارنى يەرلىككە قويۇپتۇ ھەمدە شۇ ۋاقىتتا مۇقام ئېيتىشتا كامالەتكە يەتكەن بىر لەشكىرىنى بۇ مازارغا شەيخلىققا بەلگىلەپتۇ. ئۇ زاتنىڭ ئىسمى ئارۇپ بولسىمۇ، مۇقام ئېيتىشتىكى كامىللىقى بىلەن ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايلا مۇقامچى ئاتا دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ. كېيىن ئۇ زات قازا قىلغاندىمۇ شەيخلىق قىلغان ۋە يەرلىكىدە قويۇلغان مازار مۇقام ئاتا مازىرى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان جاي مۇقام ئاتا كەنتى دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇ قېتىمقى جەڭ ئاخىرلاشقاندىن

كېيىن ئابدۇللاخان بەرگەن ۋەدىسىنى راستىنىلا ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپتۇ. ئىسكەندەر پالۋان، بىجەن پالۋانلارنىڭ جەڭدىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن نۇرغۇن يەر، سۇ ئىنئام قىلىپ، ئۇلاردىن باج، ھەق ئالماسلىقنى جاكارلاپتۇ. سوقتىياقلىق كۆچەت پالۋانغا بولسا مۇغاللا، ھال، قارلۇق، قوشيۇلغۇن قاتارلىق جايلاردىكى جىمى يەرنى ۋەخپە قىلىپ بېرىپتۇ، خۇلاسە كالام، شېرىن، ئاشۇ كۆچەت پالۋان دېگەن كىشى بىزنىڭ ئەجدادىمىز بولىدۇ، ئۇ كىشى نۇرغۇن يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن خانلىقنىڭ كېرىيەدىكى ئىشلىرىغا قاراشقاچ ئۆز ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ. پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۇلارنى يەكەندىكى خانلىق مەدرىسەگە بېرىپ ئىلىم ـ تەھسىل قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا بەگمۇ، نەۋرىسى لۇتپۇللا ئاخۇنمۇ دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر ئىكەن. بولۇپمۇ لۇتپۇللا ئاخۇن خانلىق مەدرىسەدە ساپمۇساق يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ئىلىم تەھسىل قىلىپ، دىنىي ئىلىمدىلا ئەمەس، بەلكى ئىلمى نۇجۇم، ھېساب ۋە باشقا ساھەلەردە يېتىشكەن زات بولغاچقا، ئەل ئىچىدە لۇتپۇللا ئاخۇنلۇقۇم دېگەن نام بىلەن ئۇلۇغلانغانىكەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىم مەيلى بايلىقتا، مەيلى ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن كېرىيەدە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ياشىغان ئادەملەر بولغاچقا، ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئىدى. مەن ئەمدىلا قىرانلىق ياشلىرىمنى تۇگەتكەن ۋاقىتلىرىمدا ھەممە يۇرتلاردا دېگۇدەك بىردىنلا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر كوچا ـ كويلاردا: «خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ، يۇرت ـ يۇرتلاردا ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇدەك...» دېگەندەك گەپلەرنى دېيىشىپ

يورۇشتى. شۇ چاغدا ئىلچىنىمۇ خوجىلار ئىگىلىۋالغانىكەن. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، «بىيجىڭدىكى خان خوجىلارنى تارمار قىلىشقا مەخسۇس لەشكەر ئەۋەتىپتۇدەك، ئۇلار ناھايىتى تېزلا قەشقەر، يەكەننى قارام قىپتۇ...» دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەن چاغدا، ئىلچى ھاكىمى ياقۇپ ۋاڭ (جاھانگىر خوجىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى) قاتارلىق بەگلەرنىڭ ھەممىسى خان لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالغانلىقىنى، كېيىنرەك جاھانگىر خوجىنىڭمۇ تۇتۇلۇپ، كۆشۈك ھارۋا بىلەن بىيجىڭدىكى خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا چىڭ خانى قەشقەردە «تەرتىپكە سېلىش باش ئەمەلدارلىق مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىپ، سەككىز شەھەرنى باشقۇرىدىغان ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى ئامبال نا يەڭچىڭنى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. نا يەنچىڭ سەككىز شەھەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇرۇنقى بەگلىك تۈزۈمىنى يەنىلا ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى، بىر رايوننىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەمەلدارنىڭ ھاكىمبەگ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەزھال شۇ كۈنلەردە نا يەڭچىڭ بىرەر يۈزدەك لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كېرىيەگە يېتىپ كەلدى. يۇرت كاتتىلىرى، بايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقىپ داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدۇق. ئۇ ھەممىمىز بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن تۇڭچىسى[①] ئارقىلىق ئالدىغا

---

① تۇڭچى ــ تىلماچ، تەرجىمان.

چىققان ھەممە كىشىدىن بىر قۇر ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە كىرىپ جايلاشتى. ئۇ بۇ يەردە ئون نەچچە كۈندىن ئارتۇقراق تۇردى. بىز ھەر كۈنى بەزمە، مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنى ئوبدانلا مېھمان قىلدۇق. مەسلىھەتچى ئامبال بۇنداق سورۇنلاردا ئانچە كۆپ گەپ قىلمايتتى. پەقەت ئۇنى - بۇنى سوراپ، تۆگچىسى دەۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ باشقىلارنىڭ دالالىتى بىلەن ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغاندىن باشلاپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىللە ئىدىم. ئۇ مېنىڭمۇ ئەھۋالىمنى، ئۇرۇق - ئەجدادىمنى تەپسىلىي سورىدى. مەن مەسلىھەتچى ئامبال بەگ نېمىنى سورىسا شۇنىڭغا جاۋاب بەردىم. ئۇ شۇ چاغدىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى. بىز بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران ئىدۇق. ئۇ بۇ يۇرتقا قەدەم باسقاندىن تارتىپ، تا قايتىپ كەتكۈچە ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن، نېمە مۇددىئا بىلەن كەلگەنلىكى ھەققىدە زىنھار ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۆزىمىزچە ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشىپ ئۈلگۈرگەنىدۇق. بەزىلەر ھەتتا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىپ ئۆزىنىڭ سۆز - چۆچەككە قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، گۇگۇم پەردىسى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىغان چاغدىلا خۇپىيانە ھالدا مەسلىھەتچى ئامبال بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام بېرىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭمۇ بۇ ئىشلارنى نېمە سەۋەبتىن قىلىۋاتقانلىقىنى باشقىلار ئۇقتىمۇ، ئۇقمىدىمۇ، بۇنىسى قاراڭغۇ. لېكىن، مەن چۈشىنەلمىگەنىدىم. كېيىن مەسلىھەتچى ئامبال بەگ كېرىيەدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

قايتىدىغان ۋاقتىدىكى ئۆزىتىش ئىشلىرىنىڭ دەبدەبىسى كۆتۈۋالغان چاغدىكىدىن ئارتۇق بولسا بولىدىكى، ھەرگىز كەم بولمىدى. ئۇ مەيىگە چىقىدىغان چاغدا دەسلەپ كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، نۆۋەت ماڭا كەلگەندە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، دولامغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى:

— بىز يەنە ئۇچرىشىمىز، مۇسا باي، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ!

مەن تۇنجى ئارقىلىق بۇ گەپنى ئاڭلىغان چاغدا سەل ھەيران بولغان بولساممۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ يەر تېگىدىن قارىشىۋاتقانلىقىنى، چىرايلىرىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىرقىسمىلا بولۇپ قالدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەسلىھەتچى ئامبال بەگنىڭ خوشلىشىدىغان چېغىدا بۇ گەپلەرنى نىمە سەۋەبتىن دېگەنلىكىنى كۆپ ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم ـ دە، ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى «ئۆيگە كېلىپ مېھمان بولغان ئادەم قايتار چېغىدا ساھىبخانىغا تەكەللۇپ قىلغاندەكلا بىر ئىش، بۇنى ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىش ھاجەتسىز» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم ـ دە، بۇنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم. لېكىن، كىم ئويلىغان، ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئۇنىڭ نامىدىن تېزدىن قەشقەرگە بېرىپ كۆرۈنۈش قىلىش ھەققىدە يارلىق تاپشۇرۇۋالدىم. يارلىقنى ئەكەلگەن لەشكەر: «مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم ئۆزلىرىنى يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامانلا سەپەرگە ئاتلانسۇن، قىلچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى، شۇڭا دەرھال يولغا چىقايلى» دېگەن گەپنى يەتكۈزگەندە، كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن خىياللار كەچتى. لەشكەردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش

ئىستىكىدە ئۇنى ـ بۇنى سوراپ باققان بولسامۇ، ئۇ ھېچنېمىنى دېگىلى ئۇنىمىدى. مەن خىلمۇخىل گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە خەۋەرچىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزۈم بارماسلىقنىڭ قارىنىنى ئاساي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن ئىنىم ئورايىم باي ئۇنىمىدى.

ــ «تەگمىگەن تاياقىا ۋايجان» دېگەندەك، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىمنىڭ يارلىقىنى كۆرۈپلا بىھۇدە گۇمانلاردا بولماڭ، ئاكا، ئاۋۋال بېرىپ كۆرۈشۈپ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

ــ ئۆتكەندە بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەندە بىرەر كىم مېنى چېقىشتۇرغان بولسا، چاقىرىپ ئاپىرىپ ئەدىپىمنى بەرسىچۇ؟ ــ دېدىم مەن كۆڭلۇمدىكى گەپنى ئوچۇقلا دەپ.

ــ ئۇنداق ئىش بولغان بولسا، مەسلىھەتچى ئامبال بەگ قايتار چېغىدا سىزگە ئىلتىپات كۆرسەتمىگەن بولاتتى.

ــ يەلكەمگە شاپىلاقلاپ قويۇش ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتما؟

ــ ئۇنىڭغا باشقىلار ئېرىشەلمىدىغۇ، شۇڭا سىز ئىلتىپات دەپ بىلىڭ.

ــ ئەگەر راستىنلا مەسلىھەتچى ئامبال بەگنىڭ كۆڭلىدە يامان نىيەت بولۇپ قالسا، كېيىن ھەرقانچە پۇشايمان قىلساقمۇ «كېرىيەلىكنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن» دېگەندەك، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز، قەدىردان ئىنىم.

ــ توختاڭ، مەن بىر ئامال قىلىپ ھېلىقى خەۋەرچى

لەشكەرنىڭ ئىغىزىنى تاتىلاپ كۆرەي، ئۇ ئىغىز ئىچىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...— ئورايىم بەگ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى ـ دە، ھايالشمايلا ھىجايغان پېتى كىرىپ كەلدى،— خاتىرجەم يولغا چىقىسىڭىز بولىدىكەن، ئاكا!

— خەۋەرچى لەشكەر نېمە دېدى؟

— ئۇ ئاۋۋال مەن نېمە گەپ سورىسام «ئۇقمايمەن» دېگەندىن باشقا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈمگە «گۇپ» قىلىپ بىر ئىش كەچتى ـ دە: «قايتار چېغىڭدا يولدا خىراجەت قىل» دەپلا قولىغا ئون نەچچە تەڭگىنى تۇتقۇزۇۋېدىم، شاتۇتىدەك سۆزلەپلا كەتتى. خەۋەرچى لەشكەر راستىنىلا كۆپ ئىشلارنى بىلمەيدىكەن. لېكىن، يولغا چىقار چېغىدا باشقىلاردىن ئاڭلىسا، مەسلىھەتچى ئامبال بەگ پات يېقىن جىددىي كېڭەش چاقىرارمىش. كېڭەشتە ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەر قاتنىشىدىكەن. تاشقورغان دېگەن يۇرتتىن قولچاق دېگەن تاجىك ئادەم، ئىلچى ئايمىقىدىن ئەلىشىر ھاكىمبەگ، كېرىيە ئايمىقىدىن ئۆزلىرى بار ئىكەنلا. قالغان يۇرتلارغىمۇ خەۋەرچىلەر ماڭغان ئوخشايدۇ. بىراق، بۇ يەرگە كەلگەن لەشكەر يەنە كىملەرگە خەۋەر قىلىنغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن. قارىغاندا بۇ ۋايىم يەپ، ئەنسىرەپ كېتىدىغان ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ.

شۇنىڭدىلا قەلبىمدىكى گۇمان تۇگۇنلىرى يېشىلىپ، ۋەھىمە تۇمانلىرى تارقىغاندەك بولدى ـ دە، تېزلىكتە تەييارلىق قىلىپ خەۋەرچى بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتىم. بىز ئىلچىغا يېتىپ كەلگەندە ئەلىشىر ھاكىمبەگمۇ سەپەر راسكارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، مېنىڭ

كىلىشىمنى كۈتۈۋاتقانىكەن. ئۇنى كۆرۈپ مەن يېنىك نەپەس ئالدىم. بىز ئىلچىدا كۆپ تۇرمايلا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق ـ تە، ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭلەردە قونۇپ، مەنزىلگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىككى كۈن بۇرۇن يېتىپ كەلدۇق. خەۋەرچى بىزنى ھېيتگاھ مەسچىتكە يېقىنراق بىر دەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبال بەگكە بىزنىڭ قەشقەرگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىدىغان ۋاقتىنى بىلگەن ھامان بىزگە خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭماقچى بولدى. يول بويى پاراڭلىشىپ مىجەزىنى ئوبدانلا بىلىپ قالغاچقا، بىر نەچچە تەڭگىنى قولىغا تۇتقۇزدۇم.

ــ رەھمەت، باي ئاكا، ئەسلى ئۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى، بىراق كۆڭلىڭىزنى قايتۇرسام ئوبدان بولمايدىكەن، تۇزۇت قىلمىدىم ئەمىسە... ــ خەۋەرچى لەشكەر ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك ھىجايغان پېتى دەڭدىن چىقىپ كەتتى. بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەنلەرنىڭ «يول ئازابى ــ گۆر ئازابى» دېگىنى راست ئىكەن. بىز خەۋەرچىنى ئۇزىتىپ قويۇپلا «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتىلىدىغان رەستىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا قورساقلىرىمىزنى ئەستەرلەپ كېلىپلا ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتكەنچە، ئەتىسى بامدات نامىزىغا ئارانلا ئۇلگۇرۇپ ھېيتگاھ مەسچىتىگە باردۇق. نامازنى قانداق ئوقۇغانلىقىمنى بىلمەيمەن. شۇ چاغدا تولىمۇ ھاياجانلانغانىدىم. بەلكىم سەنمۇ سەپەر ئۈستىدە ھېيتگاھ مەسچىتىنى كۆرگەنسەن، شېرىن! مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا مەدرىسەدە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمدا بىزگە

خەلپەتلىك قىلىدىغان ئۇستازلىرىمىز ئۆزىنىڭ بۇ ئەزىزانە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى، بەش ۋاق نامازغا كۆپىنچە ھېيتگاھ مەسچىتىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ مەسچىتنى بەك تولا تەرىپلەپ بەرگەچكىمىن، قەلبىمگە بۇ يەرنىڭ خىيالەن سىيماسى ئورناپلا كەتكەنىدى. نامازدىن كېيىن مەسچىت ئىچىنى، قورۇسىنى ئالدىرىماي ئايلاندۇق. ئاندىن ناشتا قىلىپ، ئەمدىلا دەڭگە بېرىشىمىزغا خەۋەرچى لەشكەر پەيدا بولدى:

— سىلەرنى مەسلىھەتچى ئامبال بەگ قوبۇل قىلماقچى، تېز بولۇڭلار، ئۇ شۇ تاپتا يولۇڭلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى ساقلىتىپ خاپا قىلىپ قويماڭلار،— دېدى ئۇ بىزنى كۆرۈپلا تىنچ - ئامانلىق سوراشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئالدىراپ سۆزلەپ،— شۇ تاپتا ئامبال بېگىمنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئەۋەتكەن مەپىسى ئىشىك ئالدىدا...

شۇ كۈنىدىكى قوبۇل قىلىش تولىمۇ ئاددىي بولدى. مەسلىھەتچى ئامبال بەگ بىزنى كۈتۈپخانىسىدىلا كۈتۈۋېلىپ، ئالدىمىزغا چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن بىزنىڭ سالامەت قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى تەبرىكلىدى. ئاندىن يۇرتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سوراپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ قېتىم جىددىي كېڭەش بىلەن بىزنى ئاتايىن چاقىرتقانلىقىنى، تەپسىلىي ئەھۋالنى ئەتە كېڭەش بولغاندا يەتكۈزىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۈگۈنچە ئوبدانىراق ئارام ئېلىپ ھاردۇق چىقىرىۋېلىشىمىزنى ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدى. مەن بۇنىڭدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولساممۇ،

لېكىن ئويلىغانلىرىمنى ئەلىشىر ھاكىمبېگىمگە دېمىدىم. راست دېگەندەك ئەتىسى ئامبال بەگلىك مەھكىمىسىگە يىغىلدۇق. كېڭەشكە سەككىز شەھەردىن كەلگەنلەردىن باشقا، يەنە قەشقەرلىك بىرنەچچە بەگلەرمۇ ئىشتىراك قىلغانىدى. سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان، يوغانىراق بىر ئۆينىڭ تۆرىدە مەسلىھەتچى ئامبال بەگ نا يەنچىڭ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇگۈن بېشىغا چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوتتۇغاتلىق زەر قالپىقىنى، ئۇچىسىغا ئۇچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق تونىنى، پۇتىغا زەر كەشتىلەنگەن قىسقا قونجىلىق مەخمەل ئۆتۈك كىيىۋالغاچقا، روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تامغا سۇنىڭ ئۆركەش ياساپ مەۋج ئۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈش سىزىلغان بولۇپ، ئۇستىگە مانجۇ يېزىقىدا ئاللىقانداقتۇر خەتلەر يېزىلغانىدى.

— ئاۋۇ رەسىمنىڭ ئۇستىدىكى خەتنى كۆردۇڭلارمۇ؟ — دېدى كېڭەشكە چاقىرتىلغانلارنىڭ بىرى پەس ئاۋازدا شىۋىرلاپ، — تولىمۇ مەنىلىك گەپ ئىكەن.

— ئۇنىڭدا نېمە دەپتۇ؟ — سورىدى بىرەيلەن قىزىققاندەك.

— ئۇ «ئوچۇق - يورۇق بولغۇلۇق» دېگەن گەپ ئىكەن...

مەن ھەيران بولغاندەك ئەتراپتىكىلەرگە قارىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاسا ئۇستەللەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى. دەل شۇ چاغدا مەسلىھەتچى ئامبال بەگ ئالدىدىكى ئۇستەلنى بوشراق شاپىلاقلىغاچ گېپىنى قىرىپ قويدى. شۇ ئان ئۆيئىچى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىققا چۆمدى.

— مەن ئاۋۋال ئۇلۇغ چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن قەشقەردە تەسىس قىلىنغان «تەرتىپكە سېلىش باش ئەمەلدارلىق مەھكىمىسى»گە ۋاكالىتەن، يۇرت – يۇرتلاردىن بۇگۇنكى كېڭەشكە كەلگەن ھەرقايسى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن...

تۇڭچى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇدۇللۇق بىزگە يەتكۇزۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىرى باشلاپ بېرىۋېدى، ھەممىمىز ئەگىشىپ چاۋاك چالدۇق. نا يەنچىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزىدە خوجىلار توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشقا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەرگە بېرىپ ۋەزىپىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— مەن خان ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم – دە، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم. خان ئالىيلىرى مەندىن: «ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟» دەپ سورىۋېدى، مەن دەرھاللا: «بەزى سىياسەت تەدبىرلىرىدىن تۇزۇپ يولغا قويىمەن. ھاكىمبەگ، ھاكىم، بەگلەرنى يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدىن تاللايمەن. ئۆز يېقىنلىرىمنى مەنسەپلەرگە تەيىنلىمەيمەن. ئۆز كۆمىچىمگە چوغ تارتىدىغان، پارا بېرىش، پارە ئېلىش ئارقىلىق مەنسەپكە تەيىنلەيدىغان ئىشلارنى ئۇزۇل – كېسىل تۇگىتىمەن. جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ ئاۋام بىلەن بىللە بولىمەن» دېدىم. خان ئالىيلىرى گېپىمنى ئاڭلاپلا بارىكاللا ئوقۇدى – دە، تېزرەك يولغا چىقىپ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى قولۇمغا

ئېلىشىمنى جېكىلىدى. مەن خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ دەررۇلا سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، خان ئالىيلىرىغا بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەل ئىچىنى ئايلىنىپ، ھەرقايسى ئايماقلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىنى تاللاپ چىقتىم. مانا بۇ ھاكىمبەگلەر سىلەر... — ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا يەنە چاۋاك چېلىشتۇق. نا يەنچىڭ شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق سۆزلىدى. پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ھەرقانداق ئىشتا ئەل ـ ئاۋامنىڭ رايىغا بېقىش، مالىمانچىلىقلارنى تۈگىتىپ يۇرتلارنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئاخىرىدا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ زېمىنىدا باشقا ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممىمىزگە تەيىننامە، مۆھۈر تارقىتىپ بەردى. ئەلىشىر ھاكىمبەگ قاغىلىقتىن باشلاپ قاراسۇ يارغىچە بولغان يۇرتلارنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە، مەن كېرىيە ئايمىقىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەنىدۇق. كېچەشكە قاتناشقان باشقىلارمۇ شۇ كۈنى مەنسەپ كۇلاسىنى كىيدى. بۇ ئىشلار ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرىپ چىقمىغاچقا، تولىمۇ ھەيران بولدۇم. شۇ كۈنكى ئىشتىن كېيىن مەن قەشقەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن ئارام ئالغاچ، نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلىنىپ كۆڭۈل خۇشى قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم. بۇ خەۋەر سىرتقا تارقالغاندىن كېيىن خۇشال بولغانلارمۇ، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ، يېگىنى ئوغا، ئىچكىنى زەھەر بولغانلارمۇ پەيدا بولدى.

— ھەركىم نېمە دېگىنى، سىزگە قانداق قارىغىنى بىلەن ھەممىسى ئۆيىدە ئولتۇرىدۇ، ئاكا، — دېدى

ئورايىم بەگ مېنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگىنىمگە ھەسسەت قىلىشقانلارنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بەرگىنىمدە، — «ياخشى گەپمۇ ئۈچ كۈن، يامان گەپمۇ ئۈچ كۈن»، بۇنداق ئامەت تويۇقسىزلا بېشىڭىزغا قونغاندا، دوستلارنىڭ خۇشال بولۇشى، دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ھەسسەت ئوتىدا پۇچىلىنىشى نورمال ئىش. ھەسسەت قىلىدىغانلار، سىزنى كۆرەلمەيدىغانلار مەيلى نېمىلەرنى دېسە، قانداق پىتنە - پاساتلارنى تېرىسا كارىڭىز بولمىسۇن. ئۇلار دەيدىغىنىنى دەپ ئىچ - قارنىنى تۆكۈۋالغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىدۇ. ئېغىزى ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن ئۇنى دە، بۇنى دېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. ھاكىمبەگ بولغاندىكىن ئاۋۋال ئەل - ئاۋامنى ئويلاڭ، خەلقنى بەختلىك تۇرمۇشقا، يۇرتنى مەمۇرچىلىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئويلاڭ. شۇنىڭدىلا ئۇلارنىڭ ئېغىزى ئۆزلۈكىدىن يۇمۇلۇپ قالىدۇ.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنىمنى شۇ چاغدىلا تونجى مەرتەم كۆرۈۋاتقاندەك تويغۇغا كەلدىم - دە، چەكلەڭ قۇچاقلىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئىلاج بار ئاۋامنىڭ بەختى ئۈچۈن خېلى ئىشلارنى قىلدىم. بەگ، شاڭيۇ، توپبېشى، كۆكبېشى دېگەنلەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدىم. ئەمما، مەسلىھەتچى ئامبال بەگ ئېيتقاندەك ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم. يادىمدا قېلىشىچە، سەن بىر قېتىم: «ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدە نۇرغۇن قەسىر - سارايلار بار ئىكەن، نېمە سەۋەبتىن ھازىرقى قورۇلىرىدىن كۆچۈپ ئاشۇ يەردە ئولتۇرمايلا؟» دېگەن سوئالنى سورىغانىدىڭ. مەن

بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي پەقەتلا كۈلۈپ قويغانىدىم. ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ گەپكە جاۋاب بېرەي، بىزنىڭ ئۆرۈق - ئەجدادىمىزدا يۇرت ئاقساقاللىرى، مۆتىۋەر بايلار، ئىلىم ئەھلىلىرى چىققان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ئەمەلدار چىقىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ھازىرمۇ ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە نا يەنچىلىك مەسلىھەتچى ئامبال بەگكە ياراپ قالغانلىقىمنى، بۇ مەنسەپ كۆلاسىنىڭ نېمە ۋەجىدىن بېشىمغا ھۆما قۇشى قونغاندەك قونغانلىقىنى ئويلىسام، سەۋەبىنى بىلىشكە تولىمۇ ئاجىزمەن. بىزدە «ئۇ دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مەينەتچىلىك مەندە» دەيدىغان گەپ بار. ئەمەل تاجى دېگەنگە ئېرىشمەك ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرماق تولىمۇ قىيىنكەن. ئىنسان دېگەن ئازغۇچى، ئازغۇن دېگەن مەنەدىكى سۆز ئىكەن. خام سۇت ئەمگەن بەندە دېگەن ھەرگىز يولدىن ئازمايمەن دېيەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمەلدار دېگەننىڭ بويىنى قىلدا باغلاقلىق بولغاچقا، كۆڭلىرى غەم - ئەندىشىسىز ئۆتمەيدىكەن. مەنغۇ ھاكىمبەگلىكتىن قېلىشىمدىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمەيمەن. يامىنى كەلسە يەرلىرىمنى تېرىپ، چارۋىلىرىمنى بېقىپ جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن. لېكىن، ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرگە كۆچۈپ بېرىپ كېيىنچە قايتىپ كېلىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، بەزىلەرنىڭ: «قاراڭلار، ‹يېڭىساردىن ئالغان توقۇم ئۈچ كۈن غىچىرلايدۇ› دېگەندەك ھاكىمبەگلىك كۆلاسىنى كىيىپ تېرىسىگە پاتمايۋاتاتتى، مانا ئەمدى يامغۇردا قالغان ئۆچكە تېرىسىدەك شۈمشىيىپ قاپتۇ» دېيىشلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. ئەمما، مېنىڭ قەيەردە ئۆي تۇتۇشۇم ئانچە مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى مەن ھاكىمبەگ بولغان ۋاقىتتا

ئاۋامنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان ساۋابلىق ئىش قىلىش، «يالغۇز ئاتنىڭ چىڭى چىقماس، چىڭى چىقسىمۇ دىڭى چىقماس» دېگەندەك بۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشلارنى يالغۇز بىر مەنىلا روياپقا چىقىرىپ بولالمايمەن. مېنىڭ يېنىمدا ھەمكارلىشىدىغان، يانتاياق بولىدىغان ئادەملەر بولۇشى كېرەك. سەن كۆردۈڭ، ھازىرغۇ بەگلەرنىڭ ھەممىسى ھەگە ھە، جىڭغا سەر بولالايدىغان ئادەملەر. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولغىنىنىڭ پايدىسى باركى، ھەرگىز زىيىنى يوق. بۈرۈن مەن سېنى يۈزەكى ھالدا بىلگەن بولسام، مانا بۈگۈن تولۇق چۈشەندىم، شېرىن. شۇڭا، باشقا باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتسەپ يۈرمەي، مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلۇپ ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قال. كېيىنكى كۈنلەردە يۇرتۇڭدىكى مالمانچىلىق پەسىيىپ، ئاۋامنىڭ ئاسايىشلىق كۈنلىرى باشلانسا، قالغان ئىشلارنى يەنە مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!...

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا دەردى بارلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، قايسىبىر چاغلاردا مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ھۇزۇرىدا بەزمە سورۇنى بولغاندا، ئەما مۇغەننە ئېيتقان: «دوتەيىنىڭمۇ دەردى بار، ئامبالنىڭمۇ دەردى بار، كەتمەن چاپقان مالاينىڭ، گەدىنىدە قەرزى بار...» دېگەن قوشىقى يادىدىن كەچتى. «ھاكىمبەگ جانابلىرى توغرا ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ يەردىن كەتسەم يەنە كىملەردىن پاناھ تىلەپ يۈرىمەن؟ تۇرمۇشۇم ھازىرقىدەك خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەمدۇ، يوق؟ قومۇلدا يۈز بەرگەن ئىشلار قاچانلاردا بېسىقىدۇ؟ بۇنىڭغا مۇشۇ تاپىنىڭ ئىچىدە بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى. مەن بۇنداق

تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسام، مۇسا بېگىم خاپا بولۇپ قالسا «ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا راستىنلا «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالسىچۇ؟! مۇسا بېگىم ھېلىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلاپ، ماڭا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ بۇ دىياردا تۇرۇپ قېلىشقا دالالەت قىلدى. بىر يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارى مەندەك سالپى ـ ساياق كەلگۈندىگە مۇشۇنچىلىك كاتتا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئىززىتىمنى قىلىۋاتسا، يەنە ئەمدى نېمىگە نېزىقايمەن. بولدى بەس، ئەمدى جاۋاب بېرەي، ھاكىمبېگىمنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاي...» شىبىرىن ئەنە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇسا ھاكىمبەگكە قارىدى.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، مەن بۇ يەردە قېلىپ خىزمەتلىرىنى قىلاي.

— ھۆششەرە، مانا ئەمدى ئوبدان گەپ قىلدىڭ. ئەسلى بۇرۇنراق مۇشۇنداق دېگەن بولساڭ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ راست، يەنە بىر ئىش بار تېخى، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدۇڭ، شۇنداقمۇ؟

— بۇ ئىشتىمۇ ئۆزلىرى قانداق ئورۇنلاشتۇرسىلا مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق.

— ئوھوي، توي ئىشى دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا، كېلىنچەكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىمايلا جاۋاب بېرىۋەتتىڭغۇ؟ تاسادىپىي مەن كۆڭلۈمگە پۈككەن ئايال ئېغىزىدا چىشى قالمىغان موماي بولۇپ قالسا ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ — مۇسا ھاكىمبەگ ئۆز سۆزىدىن ھۇزۇرلانغاندەك كۈلدى.

— ئۆزلەنىڭ كۆزلىرى روشەن، ھاكىمبېگىم، ماڭىا ئۇنداق - مۇنداق چوكانلارنى سايە قىلمايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن،— دېدى شېرىنمۇ تېزلىكتە، — ئەگەر كۆڭۈللىرىگە پۇككىنى ئۆزلە دېگەندەك ئېغىزىدا چىشى قالمىغان موماي بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۆزلەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغان توي بولغاندىكىن، نان چايناپ بېرىپ بولسىمۇ بېقىشقا رازىمەن...

— ھا... ھا... ھا... مانا گەپلىرىڭ ئەمدىلەتىن چەك بېسىۋاتىدۇ...— مۇسا ھاكىمبەگ قېنىپ بىر كۈلىۋالغاندىن كېيىن كۈلكىسىنى توختاتتى - دە، شېرىنگە قارىدى،— بايا دېگىنىم چاقچاق. ساڭا دېسەم، مېنىڭ ساڭا كۆزلىگىنىم سەيدى ھاجىمنىڭ سىڭلىسى، قانداق، ئۇ چوكان ساڭا ياراپ، نەزىرىڭگە ئېلىنىدىغاندۇ؟

شېرىن «چاقچاق قىلمايۋاتقانلا، بېگىم؟...» دېگەندەك مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كۆزىگە قارىدى - يۇ، تېزلا ئېغىز ئاچتى:

— بۇ تەرىپىگە گەپ سىغمايدۇ، ھاكىمبېگىم، لېكىن سىلى ئويلاپ كۆردىلىمىكىن، ئاكا - ئۇكا ئۈچ ھاجى كېرىيە دىيارىدا تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى بار، قول ئىلكىدە بار ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىشىمگە ماقۇل كېلەرمۇ؟

— بۇ تەرىپىدىن غەم يېمە. سەن بىلمەيسەن، ئاشۇ سەيدى ھاجىمنىڭ دادىسى پولات ئاتقۇچى دېگەن ئادەم تېخى يېقىندا مەزگىللەرگىچە كىگىزچىلەرنىڭ يۈكلىرىنى، يوتقان - كۆرپە ئېتىدىغانلارنىڭ مازلىرىنى ئېتىپ بېرىپ تاپقان كىرىمى بىلەن تىرىكچىلىكىنى ئاران - ئاران قامداپ يۈرگەن ئادەم ئىدى. «ھۈنەر — ھۈنەر قىلسا گۈل ئۈنەر» دېگەندەك گەپلەر بولسىمۇ،

ئەمما پولات ئاتقۇچى كاسىنە ھۆنەر قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، گاھىدا ھەپتە ـ ھەپتىلەپ ئىڭەك يۆلەپ، ئاپتاپسىنىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ چىقىپ قالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا بىر ۋاقلىقىغا تاپسا، يەنە بىر ۋاقلىقى ئۆچۈن قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن ئۆتنە ـ يىرىم قىلىپ يۈرۈپ كۆنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەنە شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر موماي كونا بىر يوتقاننىڭ مازلىرىنى ئەكەپتۇ ـ دە، تېزرەك ئېتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بىراق، شۇ كۈنلەردە پولات ئاتقۇچىغا ھاۋا تېگىپ① قالغان بولۇپ، پۇت ـ قوللىرىدا جان دىدارى يوق، ھېلى قىزىپ، ھېلى سوۋۇپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا ھۆنەر قىلالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزرە سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن، ھېلىقى ئايال: «ئۆگۈنلۈككە مەندەك تۇل خوتۇننىڭ يېگانە گۆھىرى بولغان ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلماقچى ئىدىم. بۇ مازلىرى تىزىلىپ كەتكەن كونا يوتقاننى يېڭى تويى بولۇۋاتقان يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغۇم كەلمىدى. بىر ئامال قىلىپ بۇ يوتقاننىڭ پاختىسىنى ئېتىپ بەرگەن بولسىلا، ئەتە بىر ئىلاج قىلىپ يوتقاننى ئەستەرلەپ كۆكلىۋالسام، بالامىمۇ مەندىن خۇش بولۇپ قالاتتى.»

پولات ئاتقۇچى ھەقىقەتەن ئامالسىز قاپتۇ. شۇ كۈنى بالىلىرى يىراقىراق بىر مەھەللىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇپ، قايتىپ كەلمەيدىكەن. يېقىن ئەتراپتا باشقا ھۈنەرۋەن يوق بولغاچقا، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ ـ دە، ئۆيدە بىرىنىڭ ئېتىپ تەييارلاپ قويغان پاختىسى بارلىقىنى،

① ھاۋا تېگىش — زۇكام تېگىش.

ليكىن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ خېلىدىن بېرى سۈرۈشتۈرۈپ كەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ ئايال ماقۇل بولسا ھېلىقى كونا يوتقاننىڭ پاختىسىنى جىڭلاپ، خوراش ھەققىگە ئازراق چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاشۇ ھاجەتمەننىڭ پاختىسىنى بېرىپ تۇرۇپ، كېيىنچە ساقىيىپ پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىرگەندىن كېيىن قالغان ئىشلارنى جۆندىۋالسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپ ھېلىقى تول خوتۇنغا ياغدەك يېقىپتۇ. پولات ئاتقۇچىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ. ئارىدىن ھەپتە ـ ئون كۈندەك ئۆتۈپ پولات ئاتقۇچى ئاشۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، بۇرۇنقى ھاجەتمەن كېلىشتىن ئىلگىرى ئاشۇ كونا يوتقاننىڭ پاختىسىنى ئېتىش ئۈچۈن مازلارنى تىتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان ئىش يۈز بېرىپتۇ. ئاشۇ كونا يوتقاننىڭ مازلىرى ئارىدىن ساپمۇساق ئون زىخچە ئالتۇن چىقىپتۇ. پولات ئاتقۇچى بۇنىڭدىن دەسلىپىدە ھەيران بولغان بولسىمۇ، كېيىن «زامان مالىمان چاغلاردا بۇ ئېرىغ ماللارنى مۇشۇ يوتقاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇنتۇپ قاپتۇ ـ دە، بۇ بىچارە. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىشلار ئېسىگە كەلسە قانچە ئازابلىنىپ كېتەر. ھازىرچە بۇنى ساقلاپ قوياي، كېيىنچە ئىزدەپ كەلسە قولىغا تەگكۈزەرمەن» دەپ ئويلاپ، زىخچە ئالتۇنلارنى ساقلاپ قويۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىقى تول خوتۇن زىخچە ئالتۇنلارنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كەلمەپتۇ. ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ رىزقىغا كۆز قىزارتمايدىغان پولات ئاتقۇچى ھۈنەر قىلىدىغان سايمانلىرىنى يۈدۈپ يۇرتمۇيۇرت ھۈنەر قىلغاچ، ھېلىقى ئايالنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ.

كىچىكىدىن باشلاپ ئاتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، توپا ـ چاڭ ئارىسىدا يۈرۈپ سىل كېسىلىنى تېپىۋالغان پولات ئاتقۇچى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن بالىلىرىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالتۇنلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئالىمادىن كېيىنكى كۈنلەردە ھېلىقى ئايال ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پەيدا بولۇپ قالسا ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇشنى، كەلمەي قالسا ئاشۇلارنىڭ نامىدا ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشنى ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بالىلار ئۇ ئالتۇنلارنى دادىسىنىڭ يىل نەزىر-سىگىچە ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقدارلىرى پەيدا بولمىغاچقا، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئاقيار مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرگە ھېلىقى چوڭ كۆلنى كولىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كۆل ئاقيار كۆل دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ئىشقا باشتىن ـ ئاياغ چوڭ ئوغۇل سەيدى ھاجى باش بولغاچقا، سەيدى ھاجىمنىڭ كۆلى دەپمۇ ئاتىلىپتۇ. كېيىنكى كۈنلۈكتە ئۇلار ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ يۇرتتىكى نامى بار بايلارغا ئايلاندى. ئەمما، ھەر يىلى خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ساڭا دېسەم، شېرىن، ئۇلار گەرچە زەردار بايلاردىن بولسىمۇ، «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىر چۈرۈقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن گەپكە تولىمۇ ئەمەل قىلىدىغانلاردىن. شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ سىڭلىسى گۈلخاننى ساڭا نىكاھلاپ قويۇشقا ئېغىز ئاچسام ھەرگىز گېپىمنى يىرمايدۇ. بۇ تەرىپىدىن تامامەن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاندىن ھەج - تاۋاپ قىلىپ كەپتىكەن - دە؟ — دېدى شېرىن.

— ھا... ھا... ھا... سېنىڭ قىزىقمايدىغان ئىشىڭ يوق - تە، ئاشۇ ئىشلارغىمۇ دىققەت قىپسەن. لېكىن، ئۇلار ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ھاجىلاردىن ئەمەس.

— ئۇنداقتا نېمىشقا؟... — شېرىن بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى يۇتۇۋەتتى.

— بۇ يۇرتتا كىشىلەر ئۆزلىرى ئويلىغان، ئەمما روياپقا چىقىرالمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ باللىرى تەرىپىدىن جاراستانغا چىقىشىنى تولىمۇ خالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىسى ئۆيدە باللىرىنى قانداق چاقىرسا، ئەھلىمەھەللىدىكىلەر بالىنى شۇنداق چاقىرىدۇ دەپ قاراپ، باللىرىنى ئۆيلىرىدە باي، قارىم، ھاجىم، غوجام، خوجا دېگەندەك ناملارنى ئىسمىغا قوشۇپ چاقىرىدۇ. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئەركىلەتمە ئىسىملار ئۇلۇغ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ. پولات ئاتقۇچىمۇ باللىرى كىچىك چېغىدا: «خۇدايىم پۇل بېرىپ، ئىرادە قىلسا بۇ باللىرىم مەككە - مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىپ كېلىپ ھاجى بولىدۇ» دەپ ئەركىلىدىتىكەنمىش ھەم ئۇلارنى سەيدى ھاجىم، ھېزىم ھاجىم، سىدىق ھاجىم دەپ چاقىرىدىكەنمىش. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلەر ئۆتۈپ مانا ھازىرغا كەلگەندە ئۇلار مەككە - مۇكەررەمنى ئەمەس، ئىلچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ باقمىغان ھاجىلاردىن بولۇپ قالدى.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، خېلى ئۇزاقتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، مەن خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئاكا - ئۇكا ھاجىملار ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاچ توي كۈنىنى بېكىتىۋېتەي، بولامدۇ؟

— بولۇشىغۇ بولىدۇ، بىراق گۈلخاننىڭ يېشى كىچىك، خۇددى مېنىڭ قىزىمدەكلا... بۇ ئىش قاملىشارمۇ؟

— قاملاشمايدىغان ئىش ئەمەس بۇ! ئايال زاتى دېگەن تەلپەك بىلەن ئۇرسا يىقىلىپ چۈشمىسە، ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولۇۋېرىدۇ. گۈلخان دېگەن بىر نىكاھلىق چوكان. ئۇ نېمىشقا ساڭا راۋا بولمايدىكەن. سەن ئۇنىڭ ئانىسىنى تېخى كۆرمىدىڭ، قېيىنئانا بولىدىغان ئايالنىڭ يېشى ئەڭ كېمىدە سېنىڭ يېشىڭدىن ئون ئالتە ياش كىچىك بولسا كېرەككى، ھەرگىز چوڭ ئەمەس. شۇڭا، ئارتۇقچە ئىشلاردىن ۋايىم يېمەي مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى كۈت، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، بۇ ھىممەتلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.

— تولا تەكەللۇپ قىلما. ئەمىسە ئىشلار شۇنداق بولسۇن، ئەتە سەھەردە نىياز قاراقاشقا توختىخان بىلەن بولىدىغان نىكاھىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى، تويغا ئۆزۈمنىڭ باش بولىدىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قوي.

— ماقۇل، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر، ئۇ بىچارە...

دەل شۇ چاغدا يېڭى بىر تاڭنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك خورازلارنىڭ بەس - بەستە چىللاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مۇسا ھاكىمبەگ ئەسنەپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

— بامدات نامىزغا ئازراقلا ۋاقىت قاپتۇ، بىردەم بولسىمۇ كۆزىمىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالايلى.

شېرىنمۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگكە خەيرلىك تىلەپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ، يۇلتۇزلۇق ئاسماندىكى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئۇكەر يۇلتۇزغا تىكىلگەچ پىچىرلىدى: «ئاھ تەقدىر، ئىنسان دېگەن قىسمەتلەر ئالىمىدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي باشقا ئىلاج قىلالمايدىكەن. توقسۇندا تۇغۇلۇپ، قومۇلدا ياشاپ، مانا ئەمدىلىكتە بۇ كېرىيە زېمىنىدا يېڭى تەقدىرلىرىمنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. ‹ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار› دېگەندەك، بۇ ئۇزۇن ئالەمدە يەنە قانداق قىسمەتلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟!...»

# ئونىنچى باب

## مەسلىھەت

نىياز قاراقاش شىرىنىنىڭ قوشىيولغۇن مەھەللىسىدىكى ئۆيىگە كەلگەندە، گۈلخان ھويلىدا دانلاۋاتقان توخۇلارنى قوغلاۋاتاتتى. توخۇلار ئۇ ئۇيانغا قوغلىسا بۇيانغا قېچىپ، پەقەتلا تۇتقۇق بەرمىگەچكە، شۇ تاپتا گۈلخان تېرىكىپ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قالغانىدى. گۈلخان ئاخىرى تاقەت قىلالمىغان بولسا كېرەك، قۇچىقىدىكى ئەمدىلەتىن يېشىغا تەگكەن كەنجى پەرزەنتى خەلچەمخاننى يەرگە قويدى ـ دە، قولىغا بىر تال تاياقنى ئېلىپ توخۇلارنى قوما تەرەپكە قوغلاشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ نىياز قاراقاشمۇ ئۆزى تامان يۈگۈرۈپ توخۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ كەينىگە ياندۇردى. شۇ ئەسنادا تاجىلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىر خوراز قوما ئىچىگە كىرىۋېدى، باشقا مېكىيانلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. گۈلخان تېزلىكتە قومىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ، شوينا يىپ بىلەن چىڭ باغلىۋەتكەندىن كېيىن غودۇڭشىپ قويدى.

— ھۇ پوكىنى تويمىغۇرلار، تېخى ئەتىگەنلا سۇپۇرگەن ھويلىنى قارىغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ دېسە. داننى قومىغا تاشلاپ بەرسە يېمىگەن، بىردەم ئاپتاپسىنىپ پۈتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋالسۇن دەپ رەھىم قىلسام، بىردەمدىلا

هويلىنى پوقـقا بۇلغاپتۇ. «رەھمم بالانى كەلتۈرەر» دېگەن شۇ. قېنى، ئەمدى ئاپتاپسىنىۋالسۇن دەپ قۇمىدىن تالاغا چىقارغىنىمنى كۆرۈش...

گۇلخان گېپىنى تۈگىتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈشىگە كۆزى نىياز قاراقاشقا چۈشۈپ، بىردىنلا «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى.

— ۋىيەي، مەن سىلىنى باللارنىڭ دادىسى ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. خاپا بولمىسىلا... راست، هويلىغا قاچان كىرگەنتىلە؟

نىياز قاراقاش ئۇنىڭ خىجىل بولۇپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېزلا جاۋاب بەردى.

— تېخى هېلىلا كىردىم.

— ئۆيىچى، توختىخان ئاچام، باللار ئامان ـ ئېسەندۇ؟

— ئوبدان، سىلىمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىلا؟

— هەرهالدا خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جاننى ئوغرىغا بەرمەي ياشاۋاتىمىز...

ـ ها... ها... ها... ئۆزلىرىمۇ شېرىنىدەك قىزىق گەپلەرنى قىلغىلى تۇرۇپتىمۇ؟ «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان ئىكەن ـ دە!

ـ قويسىلا ئۇنداق قىزىق گەپ دېگەننى! قىزىق گەپ دېگەنگە نۆۋەتى كەلسە كۆلۈپلا ئۆتكۈزۈۋەتسە بولىدىكەن، قارىسىلا. يا ئۇنى كىيىم قىلىپ كىيگىلى بولمىغان، يا ئاش ـ ئوزۇقنىڭ ئورنىدا غىزا قىلىپ يېگىلى بولمىغان...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نىياز قاراقاش بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. ئۇ گۇلخانىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئەسلا ئويلاپ

باقمىغانىدى. «شېرىنىگە خاپا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. يېقىنىنىڭياقى ئۇنىڭ ئىشلىرى بەكلا غولداپ كەتتى. ھاكىمبېگىمگە شېرىنىنىڭ جىنى چاپلاشقاندەك بىر يەرگە ماڭسىلا بىللە ئېلىپ ماڭمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. شېرىنمۇ بىر ئۆيىنىڭ ئىشىنى قويۇپ ھاكىمبېگىم تاپشۇرغان ئىشلارنى تۈگەتمىسە تېخى بولمايدۇ. ئىشلار ئاشۇنداق قاتلاڭ بولۇۋەرگەندىكىن گۈلخاننىڭ ئۇنىڭدىن خاپا بولۇشىنى توغرا چۈشەنمەي بولمايدۇ....» نىياز قاراقاش شۇلارنى ئويلىغاچ، يەردە ئۆمىلەۋاتقان خەلچەمخاننى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان گۈلخاننىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ قويدى.

— شېرىنىدىن خاپا بولۇشلىرى ئورۇنلۇق. يېقىنىنىڭياقى ئۇ باش تاتىلاشقىمۇ پۇرسەت تاپالمايدىغان بولۇپ كەتتى. گاھىدا «ھەي، مۇشۇ ئىشىمنى تېزرەك تۈگىتىپ ئۆيگە قايتاي، بولمىسا باللارنىڭ ئانىسى يولغا قاراپ قالىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ - يۇ، لېكىن بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ بولۇۋاتقان ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن بەكلا خاپا بولۇپ كەتسىلىرى بولمايدۇ، گۈلخان، ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا ئىشلىگەن ئادەم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېرىن دېگەن ھازىر مۇسا بېگىمنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دورغىسى. بېگىمنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ ھازىرقى كۈندە شېرىن دورغا ئارقىلىق يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى بىلىلا.

— ۋاي قويسىلا شۇ دورغىلىقىنى! ئەتىگەندە ناشتا قىلسا قىلىدۇ. قىلمىسا بامدات نامازنى ئۆتەپ بولۇپلا: «ھاكىمبېگىم پالانى يەرگە بېرىپ ئىش بېجىرىشكە بۇيرۇۋىدى، ئەتىگەندە بېرىپ شۇنى تۈگىتىپ،

نەتىجىسىنى مەلۇم قىلمىسام بولمايدۇ» دەپ بىرلا چىقىپ كەتسە قاش قارىيىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا، گاھىدا ئەلىياتقۇ مەھەلدە ئاران پەيدا بولىدۇ. تىبخى بەزىدە قۇمىغا چۈشكەن تەڭگىدەك ئۈچ ـ تۆت كۈن يوقاپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بار دېسىلە. ئەسلى ھاكىمبېگىمگە بالىلارنىڭ دادىسىدەك بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولۇپ قالغان، ئۆيدىكى تۆت ـ بەش جاننىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا قاراشلىق بولغان ئادەملەر ھەرگىز دورغا بولالمايدىكەن. سىلىگە راست گەپنى قىلسام، دورغىلىق دېگەننى بىر ئۆي بىلەن كارى يوق، بالىچاقىسى يوق ئادەم قىلسا ئوبدان بولىدىكەن.

نىياز قاراقاش ئۇنىڭغا نىمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەمەلىيەتتە، شېرىنىنىڭ ئىشلىرى كۆپ ئىدى. مۇسا ھاكىمبەگ باشقا بەگلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ئىشلارغىمۇ شېرىن دورغىنى بۇيرۇيتتى.

— بۇ ئىش ساڭا قالدى ئەمىسە، دورغام، ئەسلىغۇ بۇنى باشقىلار بېجىرسىمۇ بولۇۋېرەتتى. لېكىن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ مۇھىم ئىش، قىلچىلىك ئويان ـ بۇيان بولۇپ كەتسە كىيىنچە قانچە پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، باشقىلارنى بۇيرۇغۇم كەلمىدى. مۇنداق قىلدىن ئىنچىكە، قىلچىتىن ئىتتىك ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىر قوللۇق بېجىرسەڭ مەن خاتىرجەم بولىدىكەنمەن.

مۇسا ھاكىمبەگ شۇنداق ئىشىنىپ گەپ قىلىۋاتسا، شېرىن دورغا ئەلۋەتتە ۋەزىپىدىن باش تارتالمايتتى. باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزىنىمۇ قاچۇرمايتتى ـ دە، ئاشۇ ئىشنى ھەق ـ دادىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ مۇسا بەگكە مەلۇم قىلاتتى.

— بەللى دورغام، بۇ ئىش مۇنداق بولدى دە، ئەسلى

مەن سەندەك بۇنداق چوڭقۇر، ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سىنى بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك. «ئەسكى چاپان ئىچىدە ئادەم بار» دېگەندەك، بارغانسېرى مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قويۇۋاتىسەن! بويتۇ، سەن بۇنى مۇشۇنداق بىجىرگەن بولساڭ، مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق. مۇشۇ بويىچە بولۇۋەرسۇن،— دەيتتى، ئاندىن ھېلىمشاھ مىرزىغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى،— ھېلىمشاھ مىرزا، ھەممە گەپلەرنى ھېلى شېرىن دېگەندەك پۈتۈپ، باشقا بەگلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ...

شېرىن ئەمەلىيەتتىمۇ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ قىلاتتى. ھېلىقى كۈنى كېچىدە توي ھەققىدە مەسلىھەت بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھۇجرىسىغا چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپ بىلىق قاسىرىقىدەك ئاقىرىپ، بىردەمدىن كېيىن خۇددى رەسسام ئاق قەغەزگە قىزىل رەڭ چېچىۋەتكەندەك ھالەتكە كەلگىچە پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ مۇسا ھاكىمبەگكە سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرىنى يەنە بىر باشتىن ئەسلەپ چىقتى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كەچمىشلىرىنى، ئۆزىگە قىلغان نەسىھەتلىرىنى خىيال قىلدى. «بويتىلا، بىزدە ‹بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىخىڭ شۇ› دەيدىغان گەپ بار. بېگىم ئۇبدان گەپ قىلدى. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالاي، ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ھىممىتىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاي...» ئويلىغانسېرى شېرىندا مۇسا ھاكىمبەگكە بولغان بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى شەكىللەندى. ئۇ ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ گەپلىرىنى يەتكۈزگەندە، نىياز قاراقاشمۇ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

— راست... راست دەۋاتاملا؟ قۇلىقىم خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندۇ؟... مۇسا بېگىم راستىنلا بۇ تويغا ئۆزۈم باش بولىمەن، دەپ ۋەدە بەردىما؟...

— راست بولماي، مەن سىلىگە قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەمدىم؟ ئۇنىڭغا ئۆزلىنىڭ ھەممە سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ھاكىمبېگىمنىڭ ئۆزلىگە بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى، ئاخىرى يەنە مەن ئۆزلىگە دېگەن گەپلەرنى ئاتايىن دېيىشىمنى تاپىلىدى.

— رەھمەت سىلىگە، مەن بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— رەھمەتنى ماڭا ئەمەس، مۇسا بېگىمگە ئېيتسىلا، ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزى باش بولمىسا، مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟

— مۇسا بېگىمگە رەھمەتنى ئايرىم ئېيتىۋالىمەن. ئەگەر بۇ ئىش راستىنلا روياپقا چىقىپ، توختىخان بىلەن بىر موردىن ئىس چىقىرالىساق، كېيىنكى ئۆمرىمىزدە ئىككىمىز ھاكىمبېگىمگە ئات ـ ئېشەك ئورنىدا خىزمىتىنى قىلىپ، بۇ ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرىمىز.

— بۇ ئىش چوقۇم ناھايىتى تېزلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنسىلە، ماڭسىلا، بېرىپ توختىخانغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزسىلە، ئۇمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولسۇن!

— ياق، توختىسىلا، مېنى قوغلىماي تۇرسىلا...—نىياز قاراقاش يانچۇقلىرىنى تېزلىكتە ئاختۇرۇپ قولىغا ھېچنېمە چىقمىدى بولغاي، ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى ـ دە، بىردىنلا پوتىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېسىۋالغان كۆن قاپلىق خەنجەرنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ

سۆندى،ــ مەن كىچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مۇشۇنداق ئوبدان خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەن چاغلىرىدا ئۆزلىرى رازى بولغۇدەك، مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرغۇدەك سۆيۈنچە بەرسەم بولاتتى. ئەپسۇس، پېقىرلىرى كۈنۈمنى ئاران ئېلىپ كېلىۋاتقان ئادەممەن. شۇڭا، بۇ ئىش گەدىنىمدە قەرز بولۇپ تۇرسۇن، ئاللا ئىگەم بۇيرۇسا، هامان بىر كۈنى بۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئات ـ تۆگە سويالمىساممۇ، پاقلان سويۇپ بولسىمۇ مېهمان قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالىمەن. شۇنىڭغىچە ئاددىي بولسىمۇ ماۋۇ پىچاق ئۆزلىرىگە يادىكار بولۇپ قالسۇن.

ــ ئۆزلە مېنى يات كۆرۈۋاتامىلا؟ ئاۋۇ كۈنى دېيىشكەن گەپلىرىمىز خەتلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالمىغاندۇ؟

ــ يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، هەممە گەپ خەتىمدە بار. لېكىن، بۇنى سىلىگە بۇ ئىشقا ياردەم قىلغانلىرى ئۈچۈن سۆيۈنچە هېسابىدا ئەمەس، كۆڭلى يېقىن بۇرادەرچىلىكىمىزنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن دەپ بېرىۋاتىمەن.

ــ ئۇنداق بولسا كۆڭۈللىرىنى قوبۇل قىلاي، لېكىن بىر گەپنى ئاۋۋال دەۋالمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ هازىر ئۆزلەگە سوۋغا قىلغۇدەك ئىسسىق جېنىمدىن ئۆزگە هېچنېمەم يوق، جۇمۇ!

ــ ها... ها... ها... گەپكە كەلگەندە مەن ئۆزلىرىگە يېتەلمەيمەن، شېرىن! قارىسىلا بۇ گەپلىرىنى، خۇددى مەن سىلىگە ماۋۇ پىچاقنى بەردىم، ئەمدى سىلى ماڭا نېمە بېرىلا دەپ تاما قىلىۋاتقاندەك... قېنى يانلىرىغا ئېسىۋالسىلا.

ــ ئەمىسە ئىشلىتىشكە نېسىپ بولسۇنمۇ؟

ــ مىڭ مەرتىۋە نېسىپ بولسۇن.

— سوۋغىلىرىڭىزنى ئېرىشىپ بولدۇم، ئەمدى ئۆزلە توختىماڭلا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزسىلە، ئۇ بىچارىمۇ بۇ خۇشاللىقتىن ئۆزلە بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولسۇن.
— ئۇنىڭغا بۇ گەپنى ئۇشتۇمتۇت ئىبارىقەت «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك»لا دېسەم خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتسە ـ ھە!
— ئۇنداق بولمايدۇ، ئۆزلەمۇ شۇ گەپنى ئايلاندۇرۇپ، يىراقتىن باشلاپ دېسىلە، يىغلاپ كېتىدۇ.
— ماقۇل، ئەمىسە مەن كەتتىم.
شېرىن خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قىلىۋاتقان، شۇ تاپتا خۇددى نەۋقىران ياشلاردەك «گۈس ـ گۈس» دەسسەپ كېتىۋاتقان نىياز قاراقاشىنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇردى.
مۇسا ھاكىمبەگ ۋەدىسىدە تۇردى. شۇ كۈنى ئۇ سەيدى ھاجىنى ھۇزۇرىغا چىللىتىپ كېلىپ، مۇھىم ئىشلارنى كېڭەش قىلىدىغان خانىسىگە باشلىدى ـ دە، مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:
— شېرىننى ئۆزلىرى بىلىلا، سەيدى ھاجىم، ئۇ ياۋاش، ئوڭلۇق ئادەم، يۇرتىمىزغا مۇساپىر. بارار ـ تۇرار يېرى بولمىغاچقا، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تۇرۇۋاتىدۇ. پات يېقىن ئۇنىڭغا دورغىلىق مەنسىپىنى بېرىپ، ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدە ئىشلىتەي دەۋاتىمەن. بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت، شېرىننى مۇشۇ يۇرتتا تۇرغۇزۇپ قېلىش. ئەمما، ئۇنى دورغىلىق مەنسەپ بىلەنلا تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، شۇنداققۇ، سەيدى ھاجىم؟
باياتىن ئۆزىنى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ «تونۇگۈنكى مېھماندارچىلىقتا بىرەر سەۋەنلىك

ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوخشىمامدىمەن، ئەمدى ياخشىچاق بولمەن دېگەنگە تويە، سەيدى ھاجى، قارىغاندا چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، قارىغۇ قىلىپ قويغان ئوخشايسەن، بولمىسا ھاكىمبېگىم ئاتايىن ئادەم بۆيرۈپ يۇرمەيتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، خەۋەرچىنى بىر ئامالللار بىلەن چىرايلىق يولغا سېلىۋېتىپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئاچچىقى يانغاندا، ئاندىن كۆرۈنۈش قىلىشنى ئويلىدى. لېكىن، خەۋەرچى: «تېز ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ھاكىمبېگىم ئۆزلىرىنى ئۇدۇللا ئۆيۈمگە باشلاپ كەل» دېگەنلەرنى قايتا ـ قايتا دېگەن چاغدىلا، بۈگۈن مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «مەيلىلا، چوڭ قىلسا جاندىن ئۆتمىدىغان ئاچچىق گەپلەرنى قىلار. ئۇ سۆزلەشكە باشلىغاندا گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالسام، بىردەمدىن كېيىن ئاچچىقى يېنىپ قالىدۇ...» دېگەن خىياللار بىلەن خەۋەرچى بىللە بۇ كەڭرى، ھەشەمەتلىك قورۇغا كەلگەندە، مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ قويۇپلا، تۆر تەرەپتىكى بۇ پىنھان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتكەندە ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپ كۆڭلىدىن كەچمىگەن خىياللار قالمىغانىدى. ئەمما، ئۇشتۇمتۇتلا شېرىن ھەققىدە گەپ باشلىۋېدى، «ھاكىمبېگىم ئۇ كەلداخۇننىڭ گەپلىرىنى ماڭا دەپ قانداق قىلمىدىغاندۇ، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم بولمىسا ـ يا...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرغاچقا، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ سورىغان سوئالىنى ئاڭلاپ دەماللىققا دېگىلى گەپ تاپالمىغاندەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھاكىمبەگنىڭ جاۋاب كۈتۈۋاتقاندەك ئۆزىگە

تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— دېگەنلىرى بەرھەق، ھاكىمبېگىم، بۇ ئىشنى تولىمۇ دانالىق بىلەن ئويلاپلا.

— ھىم... بۇ ئىشتا مەن ئۇنداق ئويلىغان بىلەنلا بولمايدۇ، سەيدى ھاجىم، قالغان ئىشلارنى بىجىرىشتە ئۆزلىرىگە تايىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

سەيدى ھاجى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغانلىقىدىن گاڭگىراپلا قالدى «بۇ نېمە دېگەنلىرى، ھاكىمبېگىم، پېقىر مۇددىئالىرىنى چۈشەنمەيلا قالدىم، قېنى ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق دېمەملا؟...» دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— ئەسلىدىغۇ بۇ ئىشلارنى قائىدە - يوسۇنىمىز بويىچە بىر تەرەپ قىلساق بولاتتى. لېكىن، مەن ئاۋۋال ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاندىن قالغان ئىشلارنى ئالدىرىماي دېيىشسەك بولارمىكىن دېگەن نىيەتتە ئۆزلىرىنى چاقىرتتىم. قېنى، سىلىدىن سوراپ باقاي، شېرىننى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى خالاملا؟

سەيدى ھاجى شۇنىڭدىلا بۇگۈنكى بۇ تەكلىپنىڭ «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، بېشىنى تاتىلاپ قويدى.

— سىلى ئوغۇلنىڭ چوڭى، ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، بۇ ئىش سىلىگە خوپ كەلسە، ئانىلىرىمۇ، ئىككى ئىنىلىرىمۇ قوشۇلۇۋېرىدۇ. سىلىگە ئاۋۋال دەۋالاي، شېرىننىڭ يېشى سەل چوڭراق بولغىنى بىلەن سىڭىللىرى بىلەن جەزمەن ئۆي تۇتۇپ كېتەلەيدۇ...

مۇسا ھاكىمبەگ خېلى ئۇزاق سۆزلىدى. لېكىن، بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى سەيدى ھاجىنىڭ قۇلىقىغا

كىرمىدى. سىڭلىسىنىڭ بىتەلەي بولۇپ ئۇلتۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئارىلىقتا يىراق - يېقىندىن ئەلچىلەر كېلىپ، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاكا - ئۇكىلارغا ياقمىدى. ئۇلارغا ياققانلىرى گۇلخاننىڭ نەزىرىگە ئېلىنمىدى. مانا ئەمدىلىكتە مۇسا بەگ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ...

سەيدى هاجى بۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. دەسلەپتە «ئانام، ئىنىلىرىم ۋە گۇلخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسا هاكىمبەگنىڭ شېرىننى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن دورغىلىق مەنسىپىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى بۇ يەردە تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە بۇ مەسلىھەتنى سېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ «لەسسىدە» بولۇپ قالدى. «ئەگەر مەن ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىپ بۇ ئۆيدىن كەتسەم، هاكىمبېگىم چوقۇم مەندىن رەنجىپ قالىدۇ. ئەگەر ماقۇل، دېگەنلىرىچە بولسۇن، دېسەم ئۆيىمىزدىكى باشقىلارنىڭ ماڭا پىكرى چىقىشى ئېنىق. ئەمدى قانداق قىلسام بولىدىكىن...» ئۇ ھەقىقەتەن تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك گېپىنى تۈگىتىپ، ئۆز سۆزىگە جاۋاب كۈتۈۋاتقان مۇسا هاكىمبەگكە قارىدى.

— توي ئىشى دېگەن ئۆمۈر سودىسى، سەيدى هاجىم، بۇ ئىشتا ئانىلىرى ۋە باشقىلار بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ باقسىلا، يەنە تېخى سىڭلىلىرى گۇلخان خېنىمنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاپ باقسىلا. بۇ ئىشنىڭ

ئاخىرقى ھېسابتا روياپقا چىقىش - چىقماسلىقى سىلىگە تالىق. لېكىن، مەن سىلىدىن «بۇ ئىشقا قوشۇلدۇق» دېگەن جاۋابنى كۈتىمەن، مەن ئۆگۈنلۈككىچە ئۆزلىرىنى ساقلايمەن.

سەيدى ھاجى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى - دە، ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۆگۈنى ئۇ دېگەن قەرەلدە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. سەيدى ھاجىنىڭ ئۆيدىكىلەر بۇ تويغا قوشۇلغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە مۇسا ھاكىمبەگ ئىنىسى ئورايىم بەگ ۋە شېرىننى چاقىرتىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى - دە، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىككىلا توينى بىر كۈندە قىلىدىغانلىقىنى، نىياز قاراقاشقا ئادەم ئەۋەتىپ قورۇدىن ئۆي تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى، شېرىن خالىسا ئۇنىڭغىمۇ مۇشۇ يەردىن ئۆي تۇتۇپ بەرگىلى بولىسىمۇ، ئەمما گۈلخاننىڭ ئۆيدىكىلەر مەرتىۋىلىك ئادەملەر بولغاچقا، باشقىلار ئالىمادىس سۆز - چۆچەك تارقاتسا، ئۇلارنىڭ ئاھانەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىكى ئەسلىي ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلسا بولىدىغان قورۇنى شېرىنگە بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— نىيەتلىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، ھاكىمبېگىم، ئۆزلە ماڭا ئاتا ئورنىدا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىدىلا، مۇشۇ تاپتا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. توي ئىشىدا ئۆزلە قانداق ئورۇنلاشتۇرسىلا مەن ھەممىگە رازى، لېكىن ئۆينى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىن تۇتمىسام...

— ئۇ يەردە ئولتۇرسام قولايسىز بولىدىغان يەرلىرى

بار دەپ ئويلامسەن شىرىن؟ — دەپ سورىدى مۇسا هاكىمبەگ.

— ئۇنداق ئەمەس، پىقىر دىگەن هامان پۇقرا. شۇڭا، هازىرچە يىقىن ئەتراپتىن بىرەر كىمنىڭ ئارتۇق ئۆيى بولسا ئىجارە ئىلىپ ئولتۇرۇپ تۇراي، كىيىنچە بىرەر كەپە بولسىمۇ بىنا قىلارمەن...

— بۇنداق قىلساق ئوبدان بولماسمىكىن، ئوبدانىراق ئويلىنىپ گەپ قىل، شىرىن!

— مەن بۇ گەپنى ئالدى - كەينىمنى، بۇگۈنكى ۋە كىيىن ئالىمادىس ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ دەۋاتىمەن، هاكىمبىگىم.

— بولدى، ئەمىسە شىرىن مىنىڭ قوشىۇلغۇندىكى ئۆيىۇمدە ئولتۇرسۇن. مەن يىگى ئۆي سىلىپ كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن بىرى ئۇ ئۆي بوش تۇرۇۋاتىدۇ. شىرىن توي قىلىپ مۇشۇ دىياردا يەرلىكلىشىپ قالىدىغانلا بولسا، مەن بۇ ئۆينى توي سوۋغىسى سۈپىتىدە ئىككى قوللاپ تۇتتۇم، — دىدى ئورايىم بەگ

— بارىكاللا، تولىمۇ ئوبدان گەپ قىلدىڭىز، ئىنىم، بۇ ئىشلار نىمىشقا مىنىڭ خەتىمگە كەلمىگەندۇ؟ بولدى، ئەمىسە ئۆي ئىشىنى شۇنداق بىكىتەيلى، — دىدى مۇسا هاكىمبەگ خۇشال بولۇپ.

شىرىن ئەمدى يەنە گەپ قىلسا ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى هىس قىلىپ، ئۇلارغا رەهمەت - هەشقاللا ئىيتتى.

مۇسا هاكىمبەگ ئۆزى بىكىتكەن قەرەلدە ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى - دە، نىياز قاراقاشقا ئۆز قورۇسىنىڭ ئارقا هويلىسىدىكى ئىككى ئىغىزلىق ئۆينى تۇتۇپ بەردى. شىرىن ئورايىم بەگ توي سوۋغىسى سۈپىتىدە ئاتىغان ئۆينى تۇتتى. ۋاقىت دىگەن ئىقىن

سۇدەك تولىمۇ تېز ئۆتىدىكەن. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بەش يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، شېرىنىمۇ گۈلخاندىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولغانىدى. بالىلارنىڭ يېشى بىر يېرىم ياش ئەتراپىدا پەرقلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى قۇربانىنىياز، ئوتتۇرانچىسى ئىمىن، كىچىكى گۈلخاننىڭ قۇچىقىدىكى خەلچەمخان ئىدى.

نىياز قاراقاش گۈلخاننىڭ چىرايىغا بىرپەس قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن هازىرنىڭ ئۆزىدە ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاندا هەرقانچە تەسەللى بەرسىمۇ كار قىلمايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ گەپ قىلمىدى.

— قېنى، سۆكسىگە بارسىلا، — دېدى گۈلخان شۇ چاغدىلا نىياز قاراقاشنىڭ هېلىهەم ئۆرە تۇرۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ خىجىل بولغاندەك، — گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ مۇسۇلماندارچىلىقنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن.

— رەهمەت، مەن ئالدىراپلا كەلدىم، شېرىن كۆرۈنمەيدۇ، بىر يەرگە كەتتىمۇ؟ — دېدى نىياز قاراقاش.

— ئۇ ئادەمنى ئۆيدە باغلاپ قويسىمۇ تۇرغۇسى يوق، ئۆزىنى تالاغا ئېتىپلا تۇرىدۇ. ئۆيدە نېمە بار، نېمە يوق، بالىلار نېمە يەۋاتىدۇ؟ بۇلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بارلىق دەردى ـ بالاغا مەنلا قالدىم دېسىلە، هېلىمۇ دادام قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر ئائىلىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئانام، ئاتا ئورنىدا يۆلەك بولۇۋاتقان تاغدەك ئۈچ ئاكام بار ئىكەن، شۇلار قول يېيىپ يۈرۈپ مۇشۇنچىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ، موردىن ئىس چىقىرىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇلار بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىنتاڭ؟! بۇگۇنمۇ سەهەردە

ناشتا قىلىپلا غېمىدە يوق مېڭىۋىدى، «ئۆيدە چامغۇر تۈگەپتۇ، ئاۋۋال بازارغا بېرىپ چامغۇر ئەكىلىپ بېرىپ، ئاندىن قەيەرگە بارسىلا ئىختىيارلىرى» دېۋىدىم، دەسلىپىدە «بۈگۈن مۇھىم ئىشىم بار ئىدى. ئەتىلەتىن ئەكىلىپ بېرەي» دېدى. قىپىدىۋالسام، خالتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن، ئۆلىلالەم كېلىدىغان چېغى بولۇپ قالدى. جىندەك ساقلاپ تۇرسىلا...

نىياز قاراقاش ئۇنىڭ بىر ئېغىز گەپ ئۇچۇن بىر تالاي گەپلەرنى قىلىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولغان بولسىمۇ، شېرىنىنىڭ ئالدىراشچىلىقتا ئۆيدىكى ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا گۈلخاننىڭ دەردتە كۆپ گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كۈلۈپلا قويدى ـ دە، پېشايۋان ئاستىدىكى سۆكىنىڭ گىرۋىكىدىلا ئولتۇردى.

ــ يۇقىرىغىراق چىقسىلا، كۆرپە سالاي.

ــ ئاۋارە بولمىسىلا، شېرىن كەلسىلا ماڭمىسام بولمايدۇ، شۇ تاپتا ھاكىمبېگىم بىزنىڭ يولىمىزغا قاراپ ئولتۇرىدۇ.

ــ بۈگۈن يەنە بىر يەرگە بارىدىغان ئىش بارمىكەن؟

ــ بەلكىم شۇنداقمىكىن؟! نېرى ـ بېرىسىنى مەنمۇ تازا ئۇقۇپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ، مېنى چاقىرىپ: «ئالەم ۋاق بولۇپ كەتتى. شېرىن بۈگۈن ئەجەب كېلىپ بولالمايدا، بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كەل» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى.

ــ مۇھىم ئىشكەن ئەمىسە،ــ دېدى گۈلخان قۇچىدىكى خەلچەمخاننى سۆكىگە قويۇپ، تېلىپ ئۇيۇشۇپ قالاي دېگەن قوللىرىنى سىلكىپ قويغاندىن كېيىن،ــ بولمىسا ئاتايىن سىلنى بۇيرۇمايتتى. ئاچچىقىمدا بايا

سىلىگە ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلغىنىم بىلەن بەزىدە بالىلارنىڭ دادىسىغىمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ دېسىلە. ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس، ھېلى تالا ـ تۈزدە ھاكىمبېگىم ئۇچۇن چېپىۋاتقان، ئۆيگە كەلسە بىر تالاي ئىش... مەنغۇ چامىمنىڭ يېتىشىچە ئىشلارنى تۈگىتىۋاتىمەن. ئەمما، ئايال كىشى دېگەن قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ، كۈچى نېمىگە يېتىدۇ دەيدىلا. مەنغۇ بۇ ئىشلارنى مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن ئەمەسمۇ؟! مەن بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ تالادىكى ئىشلىرىغا بەكلا ئارىلىشىپ كەتمەيمەن. ئەر كىشى دېگەن تالانىڭ ئادىمىكەن. نېمىنى خالىسا شۇنى قىلمىسا، ئايال كىشى ئارىلىشىمەن، توسۇيمەن دەپمۇ ئەمەلدە كۆرسىتىپ بولالمايدىكەن. لېكىن، ھەممە ئىش چېغىدا بولغىنى ياخشى، قارىسىلا. بىر ئائىلە دېگەندە تۆرمۇش غېمى يامان بولىدىكەن. مانا ھازىر ئۈچ بالىلىق بولدۇق. ئۇلارنىڭ گېپى، ئېگىن ـ ئايىغى، بىر ئۆينىڭ باشقا غەلۋىسىنىڭ ھەممىسىگە ئاقچا بولمىسا بولمايدىكەن. شۇڭا «مۇسا بېگىمنىڭ خىزمىتىنىمۇ قىلىسىلا، بىكار قالغان چاغلاردا ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئاز ـ تولا قارىشىپ بەرسىلە...» دېسەم ماقۇل دەيدۇ ـ يۇ، يەنىلا ئۆز ئىشى بىلەن. ئىككى ئاي بولدىمۇ يا ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنمۇ تازا ئېسىمدە يوق، مۇشۇ گەپلەرنى سەيدى ھاجى ئاكامنىڭ ئالدىدا دەپ سالىمەن. ئۇ ماڭا خېلى تەسەللى بەرگەندىن كېيىن: «بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسىدىن خاپا بولماڭ، ئەگەر ئۇنى يەر تېرى دېسىڭىز، ھۆددىسىدىنغۇ چىقىدۇ، ئەمما ھاكىمبېگىمنىڭ ئىشلىرى توختاپ قالىدۇ، ئەگەر بىكار قالغان، قولى ئىشتىن بوشىغان چاغلاردا ئاز ـ تولا تىجارەت قىلاي دېسە ماۋۇ پۇلنى

ئاپىرىپ بىرىڭ. سودا قىلىپ باقسۇن، يا پايدا تاپار، يا زىيان تارتار» دىيۋىدى، خۇشال بولۇپ كەتتىم ـ دە، پۇللارنى ئەكىلىپ ئاكامنىڭ دىگەنلىرىنى بالىلارنىڭ دادىسىغا يەتكۈزدۇم.

ــ ماۋۇ پۇلنى ئالسىلا، ئاۋۋال خالىغان تىجارەتنى قىلىپ باقسىلا، ئەجرىمە ئەزىم دىگەن گەپ بار. بەلكىم ئەجىر قىلسىلا پايدا تېپىپ قالارلا.

ــ مەن بۇ ئىشنى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان، قاملاشتۇرالماسمەنمىكىن، ــ دەيدۇ

ــ سودا قىلىپ باقماي تۇرۇپ قاملاشتۇرالمايدىغانلىقلىرىنى قانداق بىلدىلا. ئالسىلا ماۋۇ پۇلنى، ئىغىزدىن ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن بالىلار بازاردا يۈرۈپ بىر پۇلنى ئىككى قىلالايدىكەن، سىلىنىڭ ئۇلاردىن قەيەرلىرى كەم؟

بالىلارنىڭ دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، مەن بەرگەن داچەن پۇللارنى بىر شوينا يىپقا ئۆتكۈزۈپ بىر ئۇچىنى قولىدا تۇتۇپ، بىر ئۇچىنى يەرگە قويۇپ بېرىپ سۆرىگەن پېتى چىقىپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن ھەيران بولغىنىمدىن ئىغىزىمنى ئېچىپلا قالدىم. ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە كەچتە كەلدى ـ دە، ئەتىگەن ئۆزى شوينىغا بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزگەن پۇللارنى ئالدىمغا تاشلىدى.

ــ مانا، بۇ پۇللىرىڭنى ئال، سىنىڭ گىپىڭگە كىرىپ بىرنى ئىككى قىلاي دەپ، بۇ پۇللارنى بۈگۈن بازارنىڭ كوچىلىرىدا بىر كۈن سۆرەپ يۈرسەممۇ بىرى ئىككى بولماقتا يوق، بىرى يەنىلا بىر پېتى تۇرۇۋاتىدۇ.

قارىغاندا بۇ پۇللار قېچىرغا ئوخشاش تۇغۇشنى بىلمىسە كېرەك.

مەن بۇنى كۆرۈپ يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدىم. قېنى دەپ باقسىلا، ئەر كىشى دېگەن مۇشۇنداقمۇ بولامدۇ دەيمەن...

نىياز قاراقاش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىككى تىزىغا شاپىلاقلىغاچ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— توۋا، شىرىن مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلدىمۇ؟

— نېمە، مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامىلا؟ — دەپ سورىدى گۈلخان.

— ياق... ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا كۈلۈۋاتىمەن.

دەل شۇ چاغدا شىرىن ھويلىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، نىياز قاراقاش بىلەن ئامانلىق سوراشتى. گۈلخان ئۇنىڭ قۇرۇق قول ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەنگەندەك سورىدى.

— قۇرۇق قول يېنىپ كەپتىلىغۇ، چامغۇر قېنى؟

— ۋاھ، بۇگۈن ئاجايىپ بىر بازار بوپتۇ، قاراڭلار. بازارغا خوتۇنى سودىلىققا بۇيرۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خالتىسىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

— سىلىچۇ؟ — دەپ سورىدى بۇ گەپتىن ھەيران بولغان گۈلخان.

— ھەممە ئادەم خالتىسىنى چۈشۈرۈپ قويسا مەن چۈشۈرمەي قالارمەنمۇ؟!...

گۈلخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىرايى تاتاردى ـ يۇ، ئاچچىقىدا زاكونلاشماقچى بولغاندەك لەۋلىرىنى ئۈمەللەپ بولۇپ، نىياز قاراقاشقا كۆزى چۈشۈشى بىلەن

خەلچەمخاننى كۆتۈرۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ نىياز قاراقاش پىخىلداپ كۈلدى.
— هە، كىلىپ قاپتىلىغۇ؟ يەنە هاكىمبېگىم چاقىرتىۋاتامدۇ؟
— هەئە، ئۆزلىرىنى تېزرەك كەلسۇن دەپ مېنى ئەۋەتكەن.
— ماڭامدۇق ئەمسە...
— مەيلى، ئەمما گۈلخانغا ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويۇپ چىقسىلا، ئۇ بەكلا خاپا بولۇپ كەتمىسۇن.
— ئۇ مەندىن تەمبەت خاپا بولمايدۇ، قارىسىلا. ئېغىزىدا شۇنداق گەپلەرنى دېگىنى بىلەن هەممە ئىشنى چۈشىنىدىغان، غەرەز ئۇقمىدىغان خوتۇن بۇ! شۇغىنىسى ماڭا ياتلىق بولۇپ جاپادا قالدى. ئۆينىڭ ئىشلىرىنىڭ هەممىسى زىممىسىدە بولغاندىكىن بەزىدە ئوڭ ـ تەتۈر گەپ قىلىپ قويىدۇ ـ يۇ، لېكىن بىردەمدىن كېيىن هەممىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بەزىدە تارتىۋاتقان جاپاسىغا قاراپ مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىراق، نېمە ئامال؟ ئاۋۋال هاكىمبېگىم بۇيرىغان ئىشلارنى تۈگەتمىسەك بولمايدۇ ئەمەسما؟ قېنى يۈرسىلە، ماڭايلى...
ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ ناهايىتى تېزلا هاكىمبەگلىك مەهكىمىسىگە كەلدى ـ دە، خاس خانىدە خىيالچان ئولتۇرغان مۇسا هاكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئۇدۇللا كىرىپ، ئامان ـ ئېسەنلىك سورىدى. هاكىمبەگ سەلكىن تەرزدە ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، بىر نۇقتىغا قاراپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. بۇنى كۆرۈپ شېرىن سەل هەيران بولدى.
— بۈگۈن تازا مىجەزلىرى يوقمۇ، هاكىمبېگىم؟

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خالار ـ خالىماس ئېغىز ئاچتى:

ــ ياق.

ــ ئەمىسە چىرايلىرى ئۆمسەلگىغۇ؟ بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلدىلىمۇ؟

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، بىراق كۆڭلۈم بۈگۈن بىرقىسىملا تۇرىدىغۇتاڭ. ئېھتىمال كېچىچە كۆرگەن چۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن؟

ــ كېچىدىن قانداق چۈش كۆرگەن ئىدىلە، ھاكىمبېگىم؟

ــ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئېغىزىمغا بىر چاشقان كىرىپ كېتىپ چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەنچە، كۆڭلۈم قاتتىق بىئارامدىن بىرقىسىملا بولۇپ قالدىمغۇ تاڭ.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان مۇسا ھاكىمبەگكە قاراپ قويدى.

ــ بۇنىڭ چارىسى ئاسانكەنغۇ، ھاكىمبېگىم، ئۆزلە دەرھال مۇشۇكتىن بىرنى تىرىك يۇتۇۋەتسىلە، مۇشۇك ھېلىقى چاشقاننى يەۋەتسە، كۆڭۈللىرى ئارام تېپىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟!...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، تېزلا ئورنىدىن تۇردى.

ــ ماڭ، چىقىپ ئاتباقارغا دە، ئاتتىن ئىككىنى توقۇپ تەييارلىسۇن، ئىككىمىز بۈگۈن بىر يەرگە بارىمىز.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىياز قاراقاش بىلەن خاس خانىدىن قايتىپ چىقتى. باياتىن بېرى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېنىدا قول باغلاپ تۇرۇپ، ئىچ ـ

ئىچىدىن كەلگەن كۈلكىنى تەستە بېسىپ تۇرغان نىياز تالاغا چىقىپلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىلىنىڭ دېمەيدىغان گەپلىرى يوق - تە، شېرىن، قارىسىلا، ھاكىمبېگىمنى بىردەمدىلا كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇپ قويدىلا. ئۇ نېمىشقا سىلىگە شۇنچە ئامراقكىن دېسەم، ئەسلىدە سىلىنىڭ گەپلىرى تېۋىپنىڭ دورىسىدىنمۇ تېز تەسىر قىلىدىكەن، ئەمەسمۇ؟ ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ بۇ يەرگە كەلگىچە يولدا ئۇچرىغانلار سالام بەرسىمۇ، كۆزى كور، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھېچكىمنىڭ چىرايىغا قارىماي كەلگەن ئادەم بىردەمدىلا كۈلۈپ كەتتى ئەينا. ئۆتكەن قېتىممۇ شۇنداق قىلدىلا. شۇ چاغدىكى گەپلىرى يادىمغا كېلىپ قالسىمۇ، ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتىمەن. راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۆزلىرى بۇنداق گەپلەرنى قەيەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالدىلىكىن، ھېچ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ بىرى ئۇياندىن گەپ قىلىپ بولغۇچە ئويلىمىغان يەردىن گەپ قىلىپ، ئادەمنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈۋېتىكەنلا!...

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا سەل بىغەمدەك يۈرگىنى بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى بەكلا ئاياپدىغان، مۇسا ھاكىمبەگكە تولىمۇ سادىق بۇ كىشىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— قېنى دېسىلە، شېرىن، ئاشۇ چاغدا ھاكىمبېگىمگە ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىشلىرىدىكى مۇددىئالىرى نېمە ئىدى؟ بۇ گەپنى نەچچە قېتىم سوراي دەپ ئويلىدىم — يۇ، لېكىن سىلىنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. بۈگۈن توختاسى كېلىپ قاپتۇ. قېنى، ماڭا دەپ بەرسىلە...

— باشقا مەقسىتىم يوق ئىدى. ئالدىنقى كۈنىدىكى ئىشلاردا سىلى بار ئىدىلا. ئەتىسى قارىسام مۇسا بېگىمنىڭ كەيپى تازا جايىدا ئەمەس. قاپاقلىرى يەر سۈپۈرۈپ، چىرايى بۇلۇت باسقان ئاسماندەك تۈتۈلۈپ كېتىپتۇ. يېنىدىكى كىشىلەر ئۈنلۈكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغاندەك تۇرىشىدۇ، شۇڭا...

شىرىنىنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە نىياز قاراقاش قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ شىرىنمۇ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئەتىياز كۈنلىرى يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن شىرىن ئاتلىق ھالدا بەشتوغراق[①] تەرەپنى ئايلىنىپ يەتتەباش[②] تەرەپكە مېڭىشقا تەرەددۇتلانغاندا، ئالەم چىڭقىچۇش بولۇپ قالغانىدى. ئەتىگەن يولغا چىققار ۋاقىتتا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى كىيىۋالغان مۇسا ھاكىمبەگ كۈن ئىسسىشى بىلەن جۇۋىسىنى سالدى - دە، ئېگەرنىڭ كەينىگە غانجۇغىلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنى چىگىپ قويىدىغان شوينىدەك بىرنەرسە بولمىغاچقا قانداق قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئەكەلسىلە، بېگىم، جۇۋىلىرىنى مەن ئېلىۋالاي، — دېدى شىرىن.

مۇسا ھاكىمبەگ جۇۋىسىنى شىرىنگە بەردى. شىرىن ئۇنى قاتلاپ ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئارتىپ، پات - پات يەرگە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوڭشاپ قويىدى. ئۇلار يەتتە باشتا ئۇزاق ھايال بولمايلا تاختا كۆۋرۈككە يېنىپ چىقتى.

— مەن ھازىر ئورايىم بەگنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، —

---

①② — يۇرت نامى.

دېدى مۇسا بەگ شېرىن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، — جۇۋىنى ئەتە مەھكىمىگە ئالغاچ بارغىن.
— ماقۇل، خاتىرجەم بولسىلا.

ئەتىسى قوشىۇلغۇن مەھەللىسىدە مېيىت نامىزى بولۇپ قالغاچقا، تۇپراق بېشىغا بېرىپ سەل ۋاقىچىرەك ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە كەلگەن شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ خاس خانىسىدا تۆرگە سېلىنغان تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە ھومىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى، بىرنەچچە بەگلەرنىڭ يەرگە قارىغىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۈگۈن ھاكىمبەگنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم... — دېدى شېرىن ئۆزىنىڭ خاس خانىگە كىرگەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك خېلىلا يۇقىرى ئاۋازدا.

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭغا قاراپ ھومايدى. باشقىلار يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ھاكىمبەگدىن تەپ تارتىۋاتقاندەك، گەپ قىلىشتىن ۋايىم يەۋاتقاندەك يەنە تېزلا يەرگە قارىۋالدى. شېرىن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ خاس خانىدىكى كەيپىياتنى ئوڭشىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە قايسى ئىشقا ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەچكە، گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدى.

— ھە، ئەمدى تاڭ ئاتتىما؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ خېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، شېرىنىنىڭ قول باغلاپ تۇرغانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەندەك.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تەئەددى بىلەن ئېيتقان

سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تېزلا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئۇنىڭ قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ـ پەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. ئەمما، باشقا بەگلەرنىڭمۇ ئۆزىدىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك يەر ئاستىدىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ــ تاڭ ئېتىپ، ئالەم يورىغىلىمۇ خېلى ئۇزاق بولغاندى، ھاكىمبېگىم، لېكىن بىر زۆرۈر ئىش چىقىپ قېلىپ، ئاشۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم. مۇشۇ تاپتا ئالدىلىرىدا تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن. خىجالەتچىلىكتە بۇ ئىشنى دېيىش ـ دېمەسلىكىنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن... ــ شېرىن گېپىنى توختىتىپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۆز گېپىگە قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك قاراپ قويدى. باياتىن بېرى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران بولغاندەك ئەجەبلەندى.

ــ ھە، نېمە گەپ؟ يېڭى تويى بولغان قىزدەك تارتىنىپ ـ تارىنىپ ئولتۇرماي، ھەرقانداق ئىش بولسا دەۋەرگىن.

ــ مۇشۇنداق دېگەنلىرىگە ھەشقاللا، ھاكىمبېگىم، ئۆزلە ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن مەنمۇ تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي ئەمىسە. مەنغۇ ئەتىگەندىلا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە مېڭىشنى نىيەت قىلغانىدىم. بىراق، ئۆيدە ھېچكىم ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى، ھاكىمبېگىم. تۈنۈگۈن ئۆزلە ھېلىقى تۇلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلىرىنى «ئەتە ھاكىمبەگلىك

مەھكىمىسىگە ئالغاچ بار» دەپ پىقىرغا تاپشۇرغان ئىدىلە. مەن جۇۋىلىرىنى ئەكىلىپ ئۆيدىكى ئاسقۇغا ئېسىپ قويسام، بالىلارنىڭ ئانىسى دېگەن بىغەرەز خوتۇن ھاكىمبېگىمنىڭ يۇمشاق جۇۋىسىدىن بىر كېچە بولسىمۇ ھۇزۇر ئالسۇن دەپ بالىلىرىمغا جۇۋىنى يېپىپ قويغانىكەن، ئىچى سورۇپ قالغان بالىلار ئېسىل جۇۋىلىرىنىڭ ياقا ـ پەشلىرىدىن تارتىپ بىرقانچە يېرىگە شاخنا قويۇپ بېرىپتۇ. جۇۋىنى يۇيۇپ ئەكېلەي دېسەم، جۇۋىنىڭ سۆپىتى كېتىدۇ. يۇيماي ئەكېلەي دېسەم، بالىلار شاخنا قويۇپ بەرگەن جۇۋىنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگۈم كەلمىدى. بۇ ئىشنى كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان تەرزدە بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئوبدانىراق بىرەر ئامال تاپالماي، ئاخىرى مۇسا بېگىمدىن سوراپ باقاي، ئۆزى نېمە دېسە شۇ بويىچە قىلارمەن دەپ، ئۇدۇللا ئالدىلىرىغا كېلىشىم، ھاكىمبېگىم. بۇ ئىشتا ئالدىلىرىدا تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن. تولا ئويلاپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. بۇ ئىشقا ئۆزلىرى بىرنېمە دەپ بەرگەن بولسىلا، جۇۋىنى شۇ پېتى ئەكىلەيمۇ يا يۇيۇپمۇ؟...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ـ دە، ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

ــ بالىلىرىڭ شاخنا قويغان جۇۋىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، بولدى، ئۇنى بېشىڭغا تاڭ.

ــ شەپقەتلىرىگە مىڭ مەرتىۋە ھەشقالىلا بېگىم، ئەقلىنى ئىشقا سالغان بالىلىرىمغىمۇ رەھمەت، شۇ باھانىدە پىقىرمۇ تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۇۋىلىق بولۇپ قالدىم.

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ تولىمۇ چاققانلىق بىلەن

ئەگكەن بېشىنى، تولىمۇ رايىشلىق بىلەن قول باغلاپ تۇرغان تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئوينىغان ئويۇنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى. باياتىن بېرى بېشىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن چىققان كۈلكىسىنى قانداق يوشۇرۇشنى بىلەلمەي قالغان بەگلەرمۇ ئەمدى ئۆزىنى قويۇۋەتتى ـ دە، تىزلىرىغا شاپىلاقلىغان پېتى كۈلۈشتى...

ئۇلار ئاتخانىغا كېلىپ ئات باقارغا مۇسا هاكىمبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەتكۈزدى. ئات باقارمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى تېزلىكتە هاكىمبەگنىڭ ئېتىنى توقۇپ تەييارلىدى ـ دە، خاس خانە جايلاشقان تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى. شېرىنمۇ ئېتىنى باغلاقتىن يەشتى ـ دە، ئاتباقارغا ئەگەشتى. شۇنىڭغىچە مۇسا هاكىمبەگمۇ خاس خانىدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ، گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۆزەڭگىگە پۇتىنى سالدى.

— بۇگۈن قانداقراق ۋاقىتتا قايتىپ كېلەلا، بېگىم؟ — دەپ سورىدى نىياز قاراقاش، — مەن مۇشۇ يەردە ساقلايمەنمۇ يا قايتىپ كېتەيمۇ؟

— بۇنىڭغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن، ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغىچە قايتىپ كېلىمەن. سەنمۇ ئۆيگە قايتىۋەر.

— ئوبدان...

شېرىنمۇ ئېتىغا مىنىپ تەييار بولغان بولسىمۇ، مۇسا هاكىمبەگدىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سوراي دەپ

بولغىچە، ھاكىمبەگنىڭ ئىتى بۆرە يورۇشىدە يورغىلاپ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ قوۋۇقى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شىرىنمۇ كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن ئىتنى ئېقىمدىدى. ئۇلار بىر دەمدىلا تاختا كۆۋرۈككە بارىدىغان يولدىن قايرىلىپ، ھال مەھەللىسى تەرەپتىكى توپىلىق يولغا چىقتى. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر دەمدىلا ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر بىلەن قورشالغان دەريا ساھىلىغا يېتىپ كېلىشتى. دەريانىڭ سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان كېڭىكىدىن ئاتتىن چۈشمەيلا ئۆتۈپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدىلا شىرىن بۇ يۇرتقا يېڭى كەلگەندە، ئوۋغا چىقىپ تۇنجى قېتىم چۈشكۈن قىلغان يەرگە يېتىپ كەلدى. ئاتلار قويۇق قومۇشلۇقتىن چىققاندا شىرىن ئالدىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ھەيران بولدى. ئۇلار بۇ يەرگە تۇنجى كەلگەندە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ شورپا ئىچكەن، گۈلخان سېلىپ توشقان، بېلىق كاۋاپلىرىنى پىشۇرغان يەر بىلەن قويچىنىڭ كەپىسى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقلار پاسىل قىلىنىپ، دەريا ئېقىمى تەرەپكە قارىتىلىپ خېلى يوغانلا يول ئېلىنغان، يول بويلىرىغا بىر - بىرىگە قارىتىلىپ ئۆيلەر سېلىنغانىدى. بىر ئۆي بىلەن يەنە بىر ئۆينىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن يەتمىش - سەكسەن قەدەمچە كېلەتتى. ئۆيلەر چاۋال قومۇش① بىلەن يۇلغۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ قۇشاملانغان بولسىمۇ، ئىچى تەرەپ سېغىز لاي بىلەن سۇۋۇلۇپ، تېشى سۇۋالمىغاچقا، سىرت تەرەپتە ساقىپ چۈشكەن لايلار روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بەزى

① چاۋال قومۇش — سۇ كىرمىگەن جايدا ئۆسىدىغان، غولى قاتتىق قومۇش.

ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگىچىلىك ئېگىزلىكتە چىتلانغان بولۇپ، شادلىق ئىشىك بېكىتىلگەنىدى.

— مانا، ئوبدانلا بىر مەھەللىگە ئوخشاپ قاپتۇ دېسە، ئاخىرى دېگەنلىرىنى قىپتىلا، مۇسا بېگىم، قارىغاندا بۇ يەرگە ئون ئون — ئون ئىككى ئەتراپىدا مالچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپىلا، — دېدى شېرىن كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىلەرگە مەستلىكى كەلگەندەك، — ئەمدى بۇ يەر ھەقىقىي مەھەللىگە ئوخشاپتۇ. ئەنە قارىسىلا، يول بويلىرىغا سېلىنغان ماۋۇ قارا تېرەك، جىگدىلەرمۇ ئوبدانلا ئۆچ قويۇپتۇ. يەنە بىرنەچچە يىلدا بۇ يەر قاراڭغۇ باراڭ بولۇپ كېتىدۇ.

— ھەئە، مەنمۇ شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، — ھازىر دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مالچىلارنى ئاساسەن مۇشۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشتۇردۇم. بەزىلەر كەلگىلى ئۇنىمىدى. سەپەر بوۋايمۇ: «مەن ھەسەن ـ ھۇسەنگە كۆنۈپ قاپتىمەن، بېگىم، ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ يەردە قوي بېقىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتىمەن. باشقا ئادەملەر قېرىغاندا ئادەمخۇمار قېرىسا، مەن تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىناس مومىيىمنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ يەردە بولغاچقا، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كېتەلمىگۈدەكمەن. ئۇنداق قىلسام ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن: «ئۆينى بۇ يەرگە سالغان تەقدىردىمۇ ماللىرىنى بۇرۇنقى جايىدا بېقىۋەرسىلە بولىدۇ، بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرسىلا...» دېسەممۇ كۆنمىدى. ھازىرچە ئۆزلىرى ئىختىيار قىلغانلار بۇ

يەرگە ئورۇنلاشتى. ئەنە ئاۋۇ دۆڭنىڭ يان تەرىپىدىن بىر يۈز مودەك مەرگا[1] ئېچىلدى. يەنە ئۈچ ـ تۆت يىلدا تاۋارنىڭ گۈلىدەك چەرئاھا[2]غا ئايلىنىشىدا گەپ يوق. ئەمدىكى گەپ، ئۆزى كېلىشنى خالايدىغانلار بولسا كېلىپ نەچچىلىك يەر ئاچسا ئۆزىنىڭ بولىدۇ. بىرنەچچە يىلغىچە غەللە ـ پاراق ئېلىنمايدۇ دەپ يارلىق چىقىرايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. بۇنداق قىلسام بۇ يەردە بىر يۇرت شەكىللىنىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن يېرى يوق، بالىچاقىلىرى كۆپ، كۈنلۈكچى، ئايلىقچى، يىللىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلارمۇ، باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى تەڭ ئوتاقتا ئېلىپ تېرىپ، كۈننى سىرىقتال ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ يەرگە ئىگە بولىدىكەن.

ــ بارىكاللا، بېگىم، ئەقىللىرىگە كۆز تەگمىسۇن، شۇنداق قىلسىلا نامراتلارنىڭ دۇئاسىغا ئىگە بولىدىلا. ئۇنىڭسىزمۇ بىزدە «سۇ بىلەن يەر كۆكىرەر، دۇئا بىلەن ئەر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟!... بۇ بىر ھېسابتا ئاجىز ـ ئورۇق، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلىغانلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ، بېگىم، ياراتقان ئاللا ئىگەم مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپلا قويدى ـ دە، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. شۇ ئان ئات بوشلا پۇشقۇرۇپ قويۇپ توختىدى. شۇ ئەسنادا ھويلىدا ئالدىراقانداق بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى قارىمۇتۇق كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى

---

① مەرگا ــ ئېچىلمىغان يەر.

② چەرئاھا ــ تېرىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان يەر.

كۆردى ـ دە، يۈگۈرگەندەك بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇسا ھاكىمبەگكە ئىككى قولىنى سوزدى ـ يۇ، لېكىن قانداق تېز سۇنغان بولسا، شۇنداق تېز تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ بويىنىنى ئەگدى.

— ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپلا، ھاكىمبېگىم، ئالتۇن تەنلىرى ئامانمىكىن؟

— ئوبدان... ئوبدان...— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئېتىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا قاراپ قويغاچ،— مەھەللە تىنچلىقمۇ، داۋۇت؟ باشقىلار بىر يەرگە كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— يادا باقىلى ئەتىگەندىلا جاڭگالغا كەتكەن، ھاكىمبېگىم، بەلكىم ھېلىلەتىن كېلىپ قالارمىكىن!

— سەپەر بوۋايغا خەۋەر بېرىۋەتكەنمۇ؟

— ھەئە، ئەتىگەندىلا ئۆزلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ئادەم ماڭدۇرۇۋەتكەن، بەلكىم شۇ تاپتا يولدىمىكىن!

شېرىن داۋۇت قويچىنىڭ بايا، مۇسا ھاكىمبەگكە قولىنى تەڭلەپ بولۇپ قايتۇرۇۋالغانلىقىغا قاراپ ھەيران بولدى. ئەمەلىيەتتە، قومۇلدىكى ۋاڭ ئوردىسىلا ئەمەس، كوچا ـ كويلاردىمۇ مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەملەر تېزدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ قول باغلاپ يەرگە ئېگىشكىنىچە تۇرۇشسا، يەنە بەزىلەر تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرۇشاتتى ـ دە، ئۇ يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشاتتى. شېرىن بۇنداق ئىشلارنى تولا كۆرگەن بولغاچقا كۆنۈكۈپ كەتكەنىدى.

— قىنى، غىرىبانە كەپىمىزگە قەدەم باسقايلا، ھاكىمبېگىم، سەپەر دادام كەلگۈچە بىر پىيالە چاي بولسىمۇ ئىچكەچ تۇرسىلا، «كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا» دەپتىكەن، ئۇنىڭچە...

— بولدى، چاينى ھېلى بىراقلا ئىچەيلى، سەپەر بوۋاي كەلگىچە بىز ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، ئەمىسە مەن تېزدىن پاقلاندىن بىرنى سويۇپ تەييار قىلاي...— داۋۇت سۆزلىگەچ مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن شېرىننىڭ قولىدىن ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى ـ دە، ھويلىسى تەرەپكە يېتىلەپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ شېرىننى باشلاپ، بايا ئۆزى دېگەن يېڭى ئېچىلغان يەرلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن دېدى:

— ھاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، شېرىن، ئاۋۇ تەرەپتىكى توغراقلىقتا بىردەم سەگىدەيلى.

شېرىن گەپ قىلمايلا مۇسا ھاكىمبەگكە ئەگەشتى. ئۇلار ئادەم قۇچىقىغا بىر كېلىدىغان توغراقنىڭ يېنىغا كېلىشتى. مۇسا ھاكىمبەگ يەردىلا ئولتۇرماقچى بولدى ـ يۇ، ئەتراپنى ئەگىپ ئۇچۇۋاتقان چىۋىننى كۆرۈپ غودۇڭشىدى:

— توۋا، ماۋۇ چىۋىن دېگەن نىجاسەت، مۇشۇ يەردىمۇ بار ئىكەن. تېخى مۇشۇ سايىدا بىردەم ئارام ئالارمىز دەپ ئويلاپتىكەنمەن. قارىغاندا بۇ يەردىمۇ ئارام ئالغىلى بولمىغۇدەك، قانداق يەردە چىۋىن يوقتۇ؟

— ئادەم يوق يەردە چىۋىن يوق، بېگىم!— دېدى شېرىن تېزلا.

— ئەمىسە ئاۋۇ يەرگە بارايلى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ يان تەرەپتىكى كىچىكرەك بىر تۈپ توغراقنى كۆرسىتىپ.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلىۋالدى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگكە سوغدىشىپ دېگۈدەك ئۇ كۆرسەتكەن تۇغراق تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. دەل شۇ چاغدا بىر چۈشىن كېلىپلا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قولىغا قوندى.

— ھەي شېرىن، سەن ئادەم يوق يەردە چۈشىن يوق دېيىشىدىڭ، قارىغىنا، بۇ يەردىمۇ چۈشىن بارىكەنغۇ مانا؟

— بىز ئىككىمىز ئادەم ئەمەسمۇ، بېگىم — دېدى شېرىن.

— ھا... ھا... ھا... ھەكىۋاتۇ، «سىلى ئادەم بولمىغان بىلەن مەن ئادەم ئەمەسمۇ؟» دېمىدىڭ ـ ھە، شېرىن!

— ئۇنداق دېيىشكە ھەددىمۇ مېنىڭ!...

— سەنغۇ گەپكە كەلگەندە باشقىلارغا يول قويمايدىغانلاردىن.

— بىزدە «ھەق گەپكە كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما» دېگەن گەپ بارغۇ، بېگىم!

— راست... مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان، بۇ قېتىم ماڭا يول قويغىنىڭغا ھەيرانمەن.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغىنىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرماي كۈلۈپلا قويدى.

— قارىغاندا بۇ يەردە چۈشىننىڭ دەستىدىن ئارام ئالغىلى بولمىغۇدەك، دورغام، تاتلىق گەپلەردىن ئىككى ئۈچ شىڭگىل دە، سەپەر بوۋاي كەلگۈچە ۋاقىت ئۆتكۈزگەچ تۇرايلى.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، — دېدى شېرىن بېشىنى لىڭشىتقاچ، — ئەمىسە مەن ئۆزلەرگە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلاردىن بىرنەچچىنى سۆزلەپ بېرەي، قۇمۇلدىكى

چاغلىرىم ئىدى. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ كۆكبېشى بىر كۈنى ئەتىگەندىلا مېنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. ئۇ كىشى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ ئانچە باردى ـ كەلدىمىز بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز چاقىرتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشىدىغان بىرەر مۇھىم ئىشى بولمىسا، ئاتايىن ئادەم ئەۋەتىپ ئولتۇرمايتتى، بارمىسام كېيىن ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەيدىغانىنىڭ ئورنى قالمىغۇدەك، ئالدىغا بېرىپ دېگەن گەپلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ باقمايمەنمۇ دېگەن مەقسەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا بارسام، ئۇ:

ــ بۈگۈن سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىدىم. قۇرۇق قول باراي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئازراق بولسىمۇ بىر تاغار بۇغداي ئېلىۋالاي دېگەن نىيەتكە كېلىپ، ئۆزۈم ئات بىلەن ماڭسام، ئېشەكنى ھەيدەپ ماڭىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا ساڭا خەۋەر بەرگەن. ئەمىسە ماۋۇ تاغارنى ئېشەككە ئارتىپ ئارقامدىن ماڭ. سالى دورغىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ كېلەيلى،ــ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا كەتمەكچى بولدۇم ـ يۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. «مەنغۇ ئۆزۈمنى بۇ مەھەللىدە تۆتنىڭ كەينى سانىسامۇ، تۆتنىڭ ئالدى ھېسابلاپ يۈرىمەن. بۇ كۆكبېشى بۇنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى ساز قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. مەيلى، بۇ دورەم ئۇنىڭ مېنى مازاق قىلىشىغا يول قوياي...» مەن شۇلارنى ئويلاپ ھېلىقى بىر تاغار بۇغداينى ئېشەككە ئارتىپ تەييارلىدىم.

ــ مەن ساڭا ئاۋۋال دەپ قوياي،ــ دېدى كۆكبېشى ئېتىغا مىنىۋېتىپ،ــ بۇ يۇرتتا مېنىڭ خېلى ئىناۋىتىم

بار، شۇڭا ھېلى ئىشەكنى ھەيدەپ ئارقامدىن ماڭغاندا ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ يۈرمە، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا نەزەر كۆزۈڭنى سالما، ئۇقتۇڭمۇ؟

بۇ گەپ غۇرۇرۇمغا تەگكەن بولسىمۇ، ئەمدى تەگەن تاشلاپ كېتىشىنىڭ ئورنى بولمىغاچقا، بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىشەكنى ھەيدەپ ماڭدىم. بىز مەھەللىدىن چىقىپ بولاي دەپ قالغان ۋاقىتتا قارىسام، بۇغداي قاچىلىغان تاغارنىڭ بىر بۇرجىكى تۆشۈك بولغاچقا، بۇغداي شۇرقىراپ تۆكۈلگىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ تۆشۈكنى ئېتەي دەپ ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن كۆكبېشىنىڭ ھويلىسىدا دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۇۋىمدە ياڭرىغاندەك بولدى ـ دە، بۇ ئىش بىلەن كارىم بولماي، ئىشەكنى ھەيدەپ كېتىۋەردىم. بۇغدايمۇ يول بويى تۆكۈلۈپ، سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە تاغارمۇ ئاساسەن بىكار بولۇپ قالدى.

— ھوي، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى؟ قارىغىنا، يول بويى بۇغداي تۆكۈلۈپ كەلسىمۇ، تۆشۈكنى ئېتىپ ماڭمايسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى كۆكبېشى ئېتىدىن چۈشۈپ قۇرۇق تۇرغان تاغارنى كۆرۈپ ئاچچىقىنى باسالماي.

— بايا ئۆزلە يولغا چىقار ۋاقىتتا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا نەزەر سالما دەپ ئالاھىدە تاپىلىغان ئىدىلە، شۇڭا بۇ ئىشلارغا نەزەر كۆزۈمنى سالمىدىم، — دېدىم.

— ھا... ھا... ھا... ئۇنىڭ مەمەدانلىقىنى تولىمۇ جايىدا بابلاپسەن، قېنى يەنە بىرنى، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە.

— ئۆتكەندە مەھەللىدە بىر توي بولدى. تويغا يىراق ـ

يىراقتىن خېلى كۆپ مېھمان چاقىرىلغانىكەن. مەنمۇ جامائەت بىلەن شۇ تويغا داخىل بولۇپ ئۇزاۋاتسام، ئۆي ئىگىسى قولۇمغا ئىككى نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان پولۇنى كۆتۈرتۈپ قويدى.

— بۇنى ئالغاچ كەتسىلە، شېرىن دورغام، بۇ ئۆيدىكى بالىلارنىڭ نېسىۋىسى.

مەن بۇ زەللىنى ئالغىلى ئۇنىماي خېلى تاقاراشقان بولسامۇ، ئۆي ئىگىسى ئۆز گېپىدىن پەقەتلا يانغىلى ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئاخىرى ئۇنى قايىل قىلالماي، زەللىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. بالىلارنىڭ ئانىسى گۆشى يوق ئاشنى كۆرۈپ قاپاقلىرىنى تۈردى.

— بۇ زەللىنىڭ گۆشى يوق، پولۇسىمۇ ئازراقلا ئىكەن. بۇنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە، ئالمايلا كەلسىلە بولمامدۇ؟ يا ئەكەلگەندىكىن جىقراق ئەكەلسىلىرى...

— مېنىڭ شۇنداق قىلغۇم يوق دەمسەن؟ بولسىغۇ كىچىك بالىنىڭ كالىلىسىدەك بىر پارچە گۆش بىلەن ئىككى ئادەم تويغۇدەك پولۇ بەرگەن بولسا ئوبدان بولاتتى. لېكىنزە، باشقىلاردىن ئېشىپ، ماڭا ئاران مۇشۇ تەگدى، — دېدىم مەن.

— زەللىنى ئېلىشقا باشقىلارغا كۆپ، سىلىگە ئاز بېرىدىكەن؟

— زەللە دېگەننى ئىناۋەتتى بارلارغا كۆپ، ئىناۋەتتى يوقلارغا ئاز بېرىدىكەن، ئەمەسمۇ؟

— سىلىمۇ ھاكىمبېگىمنىڭ خاس دورغىسى تۇرۇقلۇق، بۇ ئىناۋەتلىرى ھېسابتا يوقمىكەن؟

— مەندىكى ئىناۋەتنى سەن ھەر كۈنى «سودا قىلمىدىلا، قولۇمىرىدىن گەپ قىلىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ... بىزمۇ باشقىلاردەك باي بولۇپ گىدىيىپ

يۇرەلمەمدۇقەي» دەپ سوقۇشۇپ يۈرۈپ تۇگەتكەن تۇرساڭ... — دېدىم.

مۇسا هاكىمبەگ بۇ قېتىممۇ يەنە قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، كۆزلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان ياش تامچىلىرىنى دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان يىپەك قول ياغلىقى بىلەن ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئالىقانلىرى بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن، قويۇق ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ شېرىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— باش باهار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بالىلارنىڭ ئانىسى ئۆيدە خېلى كۆپ كەم - كۈسا نەرسىلەرنى ئالدىغانغا پۇل بېرىشىمنى ئېيتتى. قارىسام يانچۇقۇمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن، ئېغىلدىكى تۇلۇمدەك سەمرىگەن پاقلاننى سېتىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ غەلۋىسىنى تۇگەتەي دەپ، پاقلاننى يېتىلەپ بازارغا كېتىۋاتسام، ئۇن نەچچە كۈن ئىلگىرى قوشنىسىنىڭ كالىسىنى ئوغرىلىغان گۇناهى ئۇچۇن مەهكىمە شەرئى تەرىپىدىن يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، سازايى قىلىنغان مەخەت تاز يولدا ئۇچراپ قالدى:

— شېرىن دورغا، سىلىنىڭ مۇشۇ سالاپەتلىرى، يۈز - ئابرۇيلىرى بىلەن كوچىدا قوي يېتىلەپ ماڭسىلا پەقەتلا ياراشمايدىكەن.

— ئۇنداقتا مەنمۇ سىلىدەك يۈزۈمنى قازان قارىسىدا بوياپ، بۇ قويغا تەتۈر مىنىپ ماڭسام ياراشقۇدەك، — دېدىم مەن جاۋابەن.

مۇسا هاكىمبەگ خېلى ئۇزاققىچە كۈلدى - دە، ئاسمانغا قاراپ قويغاچ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى كەپىگە بارايلى، بەلكىم بۇ چاغقا سەپەر بوۋاي كېلىپ بولغان بولسا، بىزنى ساقلاپ قالمىسۇن.

ئۇلار بايا ئاتلىرى قالغان ئۆيگە كەلگەندە داۋۇت قويچى ئاللىقاچان بىر پاقلاننى سويۇپ، شورپىسىنىمۇ پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويغانىدى. سەپەر بوۋايمۇ، ئۇنىڭ نەۋرىسى نەۋرۇزمۇ كېلىپ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ قالغانىدى. ئۇلار قىزغىن سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن قايتىدىن ئامانلىق سوراشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ كەپە تەرەپكە كېلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپلا يولغا چىققانىدىم، هاكىمبېگىم،— دېدى سەپەر بوۋاي ئاۋۋال يۈزىنى، ئاندىن مەيدىسىگە چۈشكەن، ئۇچىدىن ئاقارغان، خېلىلا قېرىلىق يەتكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان بەستىگە ئوبدانلا سىڭىشىپ قالغان ساقاللىرىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن،— داۋۇت ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كەلسەم ئۆزلىرىنى ئەتراپنى ئايلانغىلى كەتتى، دېيۋىدى. يانلىرىغا باراي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، قەيەرگە بارىدىغانلىقلىرىنى بىلمىگەچكە، بۇ يەردە ساقلاپ تۇردۇم.

— ئەسلى ئالدىلىرىغا مەن بارىدىغان يەردە ئىدى، لېكىن ۋاقىتنى تېجەي دەپ، ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىپ مالال قىلىپ قويدۇم،— دېدى مۇسا هاكىمبەگ سەپەر بوۋاينىڭ قېرىلىق يەتكەن جىسمىغا قاراپ كۆيۈنگەندەك ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان، هاكىمبېگىم، ئۆزلىرى دېگەن يۇرت ئاتىسى، نۇرغۇن زېمىن ۋە ئاۋامنىڭ باشپاناھى. پېقىر سىلىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى باقىدىغان ئاددىي مالچىمەن. بۇنداق تۇزۇت قىلمىسىلا،

بولمىسا قورۇنۇپ قالىدىكەنمەن، ــ دېدى سەپەر بوۋاي ئۆزىنىڭ راستىنلا بۇ ھۆرمەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك سەل قىمىرلاپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى ئەگدى.

ــ بولدى، بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولاي، قېنى دېسىلىچۇ؟ مەن ئالدىنقى قېتىم سىلىگە سالغان مەسلىھەت قانداق بولدى؟

سەپەر بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋۋال نەۋرىسى نەۋرۇزغا، كېيىن مۇسا ھاكىمبەگكە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

ــ بۇ ئىشقا ئۆزلىرى ئېغىز ئاچقان ۋاقىتتىلا ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرەي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن ماللارنى قىرقىيدىغان، ئېغىلدىكى قىغلارنى چىقىرىپ تازىلايدىغان ئىشلار بولغاچقا، نەۋرۇز كەتسە ئۆزۈم يالغۇز يېتىشىپ بولالماي قالماي دەپ ئەنسىرەپ، بۇ گەپنى ئېغىزىمدىن چىقىرالمىغانىدىم، ھاكىمبېگىم، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ئىشلار تۈگەپ، غەم ـ ئەندىشىلىرىممۇ يوقالدى. بۈگۈن كەپە تەرەپكە كېلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، «ئۆللالەم، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بولۇپ قالمىسۇن يەنە...» دېگەنلەر خىيالىمدىن كېچىپ، نەۋرۇزنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدىم، ھاكىمبېگىم. بۈگۈندىن ئېتىبارەن بۇ نەۋرەم ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ دۇئالىرىنى ئالسۇن، كۈچى ئۆزلىرىنىڭ، جىسمى مېنىڭ. شۇڭا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، دىتلىرىغا ياقمايدىغان ئىشلارنى قىلسا قانداق تەنبىھ بەرسىلە بولىۋېرىدۇ.

ــ مېنىڭ بىلىشىمچە، نەۋرۇز مەدرىسەدە ئوبدانلا ئوقۇغان، ئەدەپ ـ قائىدىلىك يىگىت. ئاز كۈن ئىچىدىلا

ئۆز ئىشىغا ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىدۇ. بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا...

— دېگەنلىرىدەك بولغاي، ھاكىمبېگىم، بۇ بالا مۇشۇ باھانىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋالىدىغان بولىدى، بۇنىڭدىن مەنمۇ ناھايىتى خۇشال،— دېدى سەپەر بوۋاي.

شۇ ئارىدا داۋۇت قويچى ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، پىشىپ كەتكىنىدىن سۆڭەكلىرىدىن ئاجراپ كەتكەن گۆشنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلگەن پاقلاننىڭ سىمىزلىكىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك، سۈيى پارقىراپ تۇرۇۋاتقان شورپىنى ھەربىر كىشىگە ئايرىم — ئايرىم سۇندى.

— قېنى، گۆشكە باقايلى، قانداقراق پىشتىكىن!

ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر — بىرىنى ئاۋۋال قول سوزۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. مۇسا ھاكىمبەگ سەپەر بوۋاينى خېلى ئۇندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇزۇت قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— ياشتا مەن چوڭ بولسامۇ، ئۆزلىرى يۇرتنىڭ بېشى، ھاكىمبېگىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پېقىر ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرى سايىسىدە مۇشۇنچىلىك كۈن كۆرۈۋاتقان بەندىمەن. ئادەمنى خىجىل قىلماي، ئاۋۋال ئۆزلىرى ئېغىز تەگسىلە...

مۇسا ھاكىمبەگ ئەمدى يەنە تاقارىشىۋېرىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى چۈشەنگەندەك گۆشكە قول سوزدى. بۇنى كۆرۈپ سەپەر بوۋايمۇ، باياتىن بېرى جىملا ئولتۇرغان شېرىنمۇ، نەۋرۇزمۇ تائامغا قول سوزۇشتى. ئۇلار تەكەللۇپ، ھۆرمەت بىلەن غىزالىنىپ، سوۋۇپ تېۋىغا كېلىپ قالغان شورپىنى مەززە قىلىپ ئىچىشكەندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— مەن ئەمدى ماڭسامىكىن، ھاكىمبېگىم، — دېدى سەپەر بوۋاي ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — باياتىن ئۆزلىرىنىڭ كەپىگە كېلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپلا، ماللارنى جاڭگالغا ھەيدىۋېتىپ بۇياققا ماڭغان. بەك كەچ قالسام قويلارنى يىغىپ بولالماي قالماي يەنە...

— مەيلى، كۈنغۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىزمۇ قايتىدىغاننىڭ ئىشىنى قىلىلى، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگمۇ، — كەچ كىرىپ قالسا بىزمۇ ئاۋارە بولۇپ قالىمىز.

— جىندەك تەخىر قىلىپ بېرىشسىلە، تەقسىرلىرىم، — دېدى شېرىن بىردىنلا، — باياتىن بېرى بۇ يەرنى كەپە دەپلا ئاتاشتىلا، بۇ يەرنىڭ باشقا ئىسمى يوقمۇ زادى؟

باشقىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغاندەك شېرىنگە قاراشتى.

— دېمەكچى بولغانلىرى... — دەپ سورىدى سەپەر بوۋاي ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

— دېمەكچى بولغىنىم، مەن بۇ يۇرتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھاكىمبېگىم بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەندە، ئابدۇللا قويچىنىڭ بىر كەپىسى بولىدىغان، بۇ يەر شۇنىڭدىن باشلاپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتامدۇ؟

— ھەئە، بىز خەق ئاشۇنداق ئىسىم قويىدىكەنمىز، قارىسىلا. يېڭى تۇغۇلغان قوزا ئۆلۈپ كەتكەن يەر بولسا «قوزا ئۆلگەن»، گۈلخان يېقىپ قويۇپ ئۇخلاپ قېلىپ، چاپىنىنى كۆيدۈرۈپ قويسا «چاپان كۆيگەن»، شامال كۆپرەك چىقىدىغان يەر بولسا «شامالباغ» دەپلا ئاتاۋېرىدىكەنمىز. كېيىنچە بۇ نام تەكرارلانغانسېرى ھەممە خەق شۇ بويىچە ئاتايدىكەن.

— ھە، ئۇنداقتا بۇ ئەتراپنىڭ ھەممىسى كەپە دەپ ئاتىلامدۇ؟

— يوقسۇ، ئەتىگەن بىز دەريادىن ئاتلىق كېچىپ ئۆتكەن جاينىڭ بۇ تەرىپىنى تۇقچاقلىق دەپ ئاتايمىز.

— بۇ... بۇ... نېمە دېگەن گەپ؟ — شېرىن ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ھا... ھا... ھا... تازىمۇ ھەيران بولدىلا - ھە؟! بىزنىڭ بۇ يۇرتتا دەرەختىكى قۇرتلارنى يەيدىغان بىر قۇش بار، ئاشۇ قۇشنى تۇقچاق دەپ ئاتايمىز.

— ھە... مۇنداق دېسىلە، بىزنىڭ يۇرتتا ئۇ قۇشنى تۆمۈرتۇمشۇق دەپ ئاتايدۇ.

— ھەممە يەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاشۇنداق گەپلىرى بار، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ، — مەن ئىلچى، لوپ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالغان چاغلىرىمدا بەزىدە خەقلەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپمۇ قالىمەن. قانداق قىلىمىز؟ «كۆڭگەن خوي، مىنگەن ئوي» دەپتىكەن. ھەممە يەرنىڭ مۇشۇنداق ئۆزىگە تۇشلۇق خاسلىقى بولىدىكەن. خوش، سەن نېمە دېمەكچى، شېرىن دورغام؟ مەن ھېچ بىلەلمىدىم - يا؟

— بۇرۇن بۇ يەردە داۋۇت قويچىنىڭ كەپىسى بولغىنى راست، ئەمما ھازىر ئۇن نەچچە ئۆيلۈك مەھەللە بولدى. ھاكىمبېگىمنىڭ پىلانى بويىچە بولسا بۇ يەرگە يەنە ئادەم كۆچۈرۈلىدۇ. شۇڭا، يەنە كەپە دەپ ئاتاۋەرسەك بولماسمىكىن دەيمەن. بۇ يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان يۇرتنى يېڭى نام بىلەن ئاتىساق قانداق بولار؟

— نېمە دەپ ئاتايمىز؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ قىزىقىپ.

— قىنى، ھەرقايسىلىرى تېپىپ باقسىلا، — دېدى شېرىن مۆغەمبەرلەرچە كۈلۈپ.

— «يېڭى مەھەللە»... — دېدى سەپەر بوۋاي، — شۇنداقمۇ، شېرىن تەقسىر؟

— «بوز يەر» دەپ ئاتامدۇق؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ.

— يېڭى ئېچىلغان يۇرت بولغاندىكىن «ئاچما» دەمدۇق؟ — دېدى نەۋرۇزمۇ ئالدىراقسانلىق بىلەن.

— ياق، ھەرقايسىلىرى تاپالمىدىلا، — دېدى شېرىن، — ئوبدان ئويلاپ بېقىشسىلا.

— بىزنى چالمىغان داپقا ئۇسسۇل ئويناتماي، نېمىنى ئويلىغان بولسىلا دەۋەرسىلە... — دېدى سەپەر بوۋاي، — ئاۋۋال سىلىنىڭكىنى ئاڭلاپ باقايلى.

— بۇ يۇرتنىڭ يېڭى ئېچىلغىنىمۇ، ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بوز يەرلەرنىڭمۇ بارلىقى راست. ئەمما، مەن بۇ يەرنى «ھاكىمبەگ مەھەللىسى» ياكى «بەگ مەھەللىسى» دەپ ئاتىساق قانداق بولار دەپ ئويلىۋېدىم.

— ھۆششەرە شېرىن، ئۆزلىرىغۇ ئادەم ئويلىمىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم. باياتىن شۇنداق دېسىلە بولمامدۇ؟ مانا ئوبدانلا نامكەنغۇ بۇ! ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. ئېھتىمال ئۆزلىرى شۇنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولسىلا كېرەك، سۆزۈم توغرىدۇ؟ — دېدى سەپەر بوۋاي.

— بەرھەق، توغرا دېدىلە، جاھان دېگەنگە كۆرمىگەن ئادەملەر كېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نامى مەيلى ياخشى، مەيلى يامان تەرەپتىن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يادلانسىمۇ، يەنە كۆپ قىسمىنىڭ

نامى ئۆزى هايات ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ بولىدىكەن. مەن دېمەكچى، بۇ يەر جاھان ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان بار ئىدى. بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بېسىلغاندۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەندۇ؟! لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ خىيالىغا بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، بىنەم ئېچىپ يەر تېرىش كەلمىگەن. كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ قىلىپ، ئاۋامنى ئويلاپ قويمىغان. مەن دېمەكچى، بۇ يۇرتنى ھاكىمبېگىم ئەھيا قىلىپ مانا مۇشۇ ھالغا كەلتۈردى ھەمدە يەرنى كىم ئاچسا، ئۆزى پايدىلانسۇن دەپ جاكارلىدى. بۇ يەردە ئاھالە ھازىرچە كۆپ بولمىغىنى بىلەن كېيىنچە يەرسىز دېھقانلار، باشقا جايدا كۈنىنى كۆن ئېتەلمىگەنلەر بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، يەر ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلسا، ئۇ چاغدا بۇ يەر ئاۋات بولۇپ كەتمەمدۇ؟! شۇڭا بۇ يەرنىڭ نامىنى مەن دېگەندەك ئاتىساق، ھاكىمبېگىمنىڭ بۇ خەيرلىك، ساۋابلىق ئىشىنىڭ نامىشەرىپى ئەۋلادمۇئەۋلاد يادلىنىپ تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ؟

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ بېشىنى ئىرغىتىپ، — مەن تۇگمىدەك ئىش قىلىپ تۆگىدەك كۆرستىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. بۇ يەرنى بۇرۇنقىدەك ئاتىساقمۇ يا باشقىچە بىرەر نام بىلەن ئاتىساقمۇ مەيلى، لېكىن شېرىن دېگەندەك ئاتمايلى.

— بۇنداق دېيىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىكىن، ھاكىمبېگىم؟ — دەپ سورىدى شېرىن تەئەججۇپلىنىپ.

— بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. ئادەم دېگەننىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن. دوستلىرىم،

يېقىن ـ يوۋۇقلارغۇ «مۇسا ھاكىمبەگ بۇ ئىشنى ئوبدان قىپتۇ، ھېچ بولمىسا يېرى يوق، قانداق كۈن كەچۈرۈشنى بىلەلمىگەن بىچارىلەرگە رىزىق ـ نېسىۋە ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، يېڭى مەھەللىسىگە ئۆزىنىڭ نامىنى قويۇپتۇ. كېيىنچە قازايى ـ قەدەر يېتىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتسىمۇ روھى يادلىنىپ تۇرىدىغان بوپتۇ...» دېيىشەر. لېكىن، دوست بار يەردە دۈشمەنمۇ بار. ئۇلار قانداق ئويلاپ قالار؟ قانداق پىتنە ـ پاساتلارنى كۆتۈرۈپ چىقار؟...

— بۇنى بەكلا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىسىلە، ھاكىمبېگىم، ئىچى قوتۇر، دىلى چار ئارغامچىدەك ئەگرى ئادەملەرگە ۋاقتى كەلسە ھەرقانچە ياخشىلىق قىلسىمۇ، خۇددى ئىتقا ئوخشاش قاۋاۋېرىدۇ. شۇنىڭ سىڭرى بەزىدە ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسىلىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىۋالسىلا. ئۇلار ھەسەت، رەشك ئىچىدە دەيدىغىنىنى دەپ ئىچىنى بوشىتىپ، پىغانىنى چىقىرىۋالغىنى بىلەن ئازراقلا نەپ ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كېلىپ قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ، سۆۋۈنۈپ ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۆزلە ئۇنداقلار ئۈچۈن ئەمەس، كۆك نامراتلار ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقاندىكىن، بۇ مەسلىھەتتىن باش تارتمىسىلا، — دېدى شېرىن ئويچان كۆزلىرىنى مۇسا ھاكىمبەگكە تىكىپ، — ئەگەر ئۆزلە ئويلىغاندەك ئىشلارنى قىلىۋەرسىلە ھامان كۆپ ئادەملەرنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىلا، قانداق دېدىم، سەپەر بوۋاي؟!

— دۇرۇس، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلدىلا، دورغام، بۇ ئىش چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ئارتۇقچە ئىككىلىنىشنىڭ «تەگمىگەن تاياققا ۋايجان» دەپ

خاۋاتىرلىنىشىنىڭ قىلچە ئورنى يوق، ھاكىمبېگىم، بۇنىڭدىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمىسىلە...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندەك بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى ـ يۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە «ھاكىمبېگىم ئەمدى نېمە دەيدىكىن؟!...» دېگەندەك تەرزدە تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

— مەيلى، بۇ ئىش شېرىننىڭ دېگىنىدەك بولسۇن، ئەمما بۇ يەرنى «ھاكىمبەگ مەھەللىسى» دەپ ئاتىماي، «بەگ مەھەللىسى» دەپلا ئاتايلى.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ بولدى، شۇنداق قىلايلى،— دېدى شېرىن خۇشال بولۇپ ئارقىسىدىن ئىت قوغلىغان ئادەمدەك ئالدىراپ سۆزلەپ،— ئەمىسە بۇ يەرنىڭ نامىنى «بەگ مەھەللىسى» دەپ ئاتايلى...

سەپەر بوۋايمۇ رازى بولغاندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. داۋۇت قويچى نېمىشقىكىن پەس ئاۋازدا «بەگ مەھەللىسى»[①] دېگەن ئىسىمنى تەكرارلاپ قويدى. ئۇلار بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن مۇسا ھاكىمبەگ بايىقى گېپىنى ئەسكە ئالغاندەك «لىككىدە» ئورنىدىن تۇردى.

— كەچ كىرىۋاتىدۇ، ئەمدى يولغا چىقايلى.

بۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تالاغا چىقىشتى. داۋۇت قويچى تېزلىكتە قورسىقى ئوبدانلا تويۇپ خۇددى ئىگىسىگە ئوخشاشلا ئۆيىگە ئالدىراۋاتقان ئاتنى باغلاقتىن يېشىپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا

① بەگ مەھەللىسى ــ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېڭىباغ يېزىسىدا، بۇ مەھەللە ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالماقتا.

ئېلىپ كەلدى. شېرىنمۇ، نەۋرۇزمۇ ئاتلىرىنى تەييارلاشتى.

— يەنە كۆرۈشكىچە ئامان بولسىلا، ھاكىمبېگىم، — دېدى سەپەر بوۋاي تېخى ھېلىلا دېگەن گەپلىرىنى يەنە تەكرارلاپ، — ۋاقىتلىرى يەتسە ھەسەن - ھۈسەن تەرەپلەرگە كېلىپ ئارام ئېلىپ كېتەرلا.

— خۇدا خالىسا چوقۇم كېلىمەن، ھازىر يانلىرىدىكى قول - قاناتلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزلىرىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن تەنلىرىنى ئاسرىسىلا.

— خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ، ھاكىمبېگىم، كەمىنە پېقىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرى سايىسىدە چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەن.

— دېگەنلىرىدەك بولغاي، ئاقساقال... — مۇسا ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ ئېتىنى دېۋىتتى. ئاتمۇ ئىگىسىنىڭ خىيالىنى بىلگەندەك يېنىك يورغىلاپ مېڭىپ كەتتى.

— مەن تاپىلىغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالما، بالام، — دېدى سەپەر بوۋاي ئۆزىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان نەۋرۇزغا قاراپ، — ھازىر ھاكىمبېگىمگە غوجىدار بولۇشقا كېتىۋاتىسەن، ئوغلۇم، ھاكىمبېگىم بۇيرۇغان ئىشلارنى ئىنچىكە، ئىدىتلىق قىل. ئۇنى رازى قىلىشنى ئويلا، لېكىن كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى كۆرمە، دېمەيدىغان گەپلەرنى تەمبەت ئېغىزىڭدىن چىقارما.

— كۆزۈڭنى لاتا بىلەن تېڭىۋېلىپ، ئېغىزىڭغا كۆشۈك سېلىۋالساڭ بولىدۇ... — دېدى شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەييارلارچە كۈلۈپ.

نەۋروز بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈۋېتىشكە تاسلا قالـدى ـ يۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— دېگەنلىرىنى چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن، بوۋا، خاتىرجەم بولسىلا.
— ئەمىسە يولغا چىق، بالام، ھاكىمبېگىم ئۇزاپ كەتتى.
— ئۆزلىرىمۇ تەنلىرىنى ئاسرىسىلا، بوۋا، ئەمدى ئېغىر ئىشلارغا ئۆزلىرىنى ئۇرمىسىلا...
— بىلىمەن... قېنى ماڭ ئەمىسە...
نەۋروز بىلەن شېرىن ئاتلىرىغا تەڭلا قامچا ئۇردى. ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئاتلار شۇ ئان بۆرە يۈرۈشىدە يورغىلاپ مېڭىپ كەتتى.
ئۇلار كۈن ئولتۇرۇشقا تەرەددۇتلانغاندەك غەرب تەرەپ قىزىرىشقا باشلىغان چاغدىلا تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قورۇسىغا بارىدىغان يولغا قايرىلىشتى. دەل شۇ چاغدا يولنىڭ ياقىسىدا ياتقان ئادەمنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئادەم دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئاتلىقلارغا ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىرپەس تىكىپ تۇرغاندىن كېيىن دېلىغۇل بولۇۋاتقاندەك، بىردە يەردە ھوشسىز ياتقان كىشىگە، بىردە ئاتلىقلارغا قاراپ سەلگىنە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:
— داد بېگىم، ئۇۋال بولدى، پېقىرنىڭ ئەرز ـ دادىنى قوبۇل قىلغايلا.
مۇسا ھاكىمبەگ تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ، يېنىك يورغىلاپ تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتقان

ئېتىنىڭ باشبېغىنى تارتتى. شۇنىڭغىچە هېلىقى كىشى يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغا ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزگە ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ قويسىلا، هاكىمبېگىم، دادام بىچارىگە ئۇۋال بولدى. ئۇ بىكاردىن تۆھمەتكە ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە ئەدەبسىز تاياق يېدى...

مۇسا هاكىمبەگ ئېسەدىگەچ سۆزلەۋاتقان يىگىتكە قارىغاچ كۆزلىرىنى يەردە قىينىلىپ نەپەس ئېلىۋاتقان، قان يۇقى كىيىملىرى ئېتىگە چاپلىشىپ كەتكەن كىشىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن سورىدى:

— قېنى دېگىنە، نېمە ئىش بولدى؟

— دادام ئۆتكەن يىلى مەھەللىدىكى ئابدۇللا بايدىن پۇل قەرز ئالغان. شۇ چاغدا ئابدۇللا باي قەرز هۆججىتىگە قول قويدۇرۇۋاپتۇ. ئالدىنقى هەپتىدە دادام قەرز ئالغان پۇلنى ئاپارسا، باي دادامغا تىلخەتنى كۆرسىتىپ: «سېنىڭ ئەكەلگەن پۇللىرىڭ مەن بەرگەن پۇلنىڭ ئۇنىڭ بىرى، قالغىنىنى ئەكەل، بولمىسا بالاڭنى ماڭا خىزمەتكارلىققا بەر» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دادام: «سىلى بەرگەن پۇل ماۋۇ، بىز دېيىشكەن پۇلنىڭ ئۆسۈمى ماۋۇ...» دەپ چۈشەندۇرسىمۇ، ئابدۇللا باي مەھكىمە شەرئىگە ئەرز قىپتۇ، قازى ئاخۇنۇم دادامدىن ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپ سوراپلا دەررىگە هۆكۈم قىلغانىنىڭ سىرتىدا، مېنى بۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا باينىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بۇيرۇدى. دادام بىچارە ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىدى. تاياقتا بەرداشلىق بېرەلمەي... مانا ئۆزلىرى كۆرۈۋاتىدىلا، هاكىمبېگىم، دادامنىڭ

ئوگشىلىپ كېتمىش - كېتەلمەسلىكى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ناھەق تاياق يېدى. بىزدەك يوقسۇل - ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ خەيرخاھلىق قىلسىلا، ھاكىمبېگىم...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلدى. ئۇ يەردە ياتقان كىشىگە يەنە بىر مەرتەم قاراپ قويغاندىن كېيىن، سەرپۇش تۈمىقىنى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن سەل كۆتۈرۈپ قويدى.

— ئەته مەھكىمىگە داداڭنى ئېلىپ بار، قالغان گەپنى شۇ يەردە دېيىشەيلى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇسا ھاكىمبەگكە ئوبدان بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ يولنىڭ ياقىسىغا چىقتى.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم...

مۇسا ھاكىمبەگ ئېتىنى دېۋىتىپ - دە، نېمە ئۈچۈندۇر بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

ئەتىسى ھېلىقى يىگىت راستىنىلا دادىسىنى ھاپاش قىلغان پېتى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ خاس خانىسىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا مۇسا بەگ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە كەلگىلى خېلى بولغان بولۇپ، شىرىن ئارقىلىق ئاللىقاچان قازى ئاخۇنۇمنى چاقىرتىپ بولغانىدى. ئادەتتە چوڭراق ئىشلار بولمىسا ئۆزىنى ئانچە ئىزدەپ قويمايدىغان قازى ئاخۇنۇم نۇرغۇن تەئەججۇپلۇك خىياللار ئىلكىدە مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىغا سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇملىرىغا، ئۇلۇغ - كىچىك نەپەس ئېلىشلىرىغا، ئېچىنىش، نەپرەت، ئەپسۇسلىنىش

نۇرلىرى روشەن بالقىپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ قول باغلىغىنىچە ئۆرە تۇردى.

— ئولتۇرسىلا...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ پەس، ۋەزمىن ئاھاڭدا دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان قازى ئاخۇنۇم ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇسا ھاكىمبەگكە قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. دەل شۇ چاغدا ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، شېرىنىنىڭ دەۋتى بىلەن قازى ئاخۇنۇمنىڭ قېشىدىلا ئولتۇردى.

— بۇ ئادەمنى تونۇمىلا؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ تۇنۇگۇن تاياق يېگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ.

قازى ئاخۇنۇم شۇنىڭدىلا ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىنى نېمە ۋەجىدىن چاقىرتقانلىقىنى سېزىپ، چىرايى تولۇق قانسىرىغان ئۆپكىدەك ئاقاردى.

— تو... تونۇيمەن.

— بۇ كىشىنىڭ دەۋاسىنى سىلى سورىغانمۇ؟

— ھەئە، ھاكىمبېگىم.

— ئۇنى نېمىشقا دەررىگە ھۆكۈم قىلدىلا؟

— بۇ ئادەم قەرز ئېلىپ تېنىۋاپتۇ، شۇڭا...

— ئۇ ئىشنى ئوبدان تەكشۈردىلىمۇ؟

— تەكشۈردۈم، ھاكىمبېگىم، تىلخەت بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا بايمۇ بۇ ئىشنىڭ راستلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى، شۇڭا...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شېرىنگە قارىدى.

— شېرىن، مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ئابدۇللا باينى ئېلىپ كەلگىن...

— ئوبدان...— شېرىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دادىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغان يىگىتتىن سورىدى:

— ئابدۇللا باينىڭ ئۆيى قەيەردە؟

— ساياتلىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىكى قوش قاناتلىق دەرۋازىلىق ئۆي شۇنىڭ ئۆيى بولىدۇ...

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىراپ تالاغا چىقتى ـ دە، ئىتنى چاپتۇرغىنىچە ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار خاس خانىگە كىرگەندە مۇسا ھاكىمبەگ بايىقىدەكلا سۇرلۇك ئولتۇراتتى. قازى ئاخۇنۇم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتكەندى. ئابدۇللا باي شېرىن ئۆزىنى ئىزدەپ چىققاندا ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىنى نېمە سەۋەبتىن ھۇزۇرىغا چاقىرتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، «ئېھتىمال ھاكىمبېگىم مېنى بىرەر مەنسەپكە تەيىنلەيدىغان ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، خاس خانىدىكى ئاتا ـ بالىنى كۆرۈپلا پۇت ـ قوللىرى سوس تىترىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق قازانلىرىدا قايناپ كەتكەن بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالتۇن تەنلىرى ئامان ـ ئېسەنمىكىن، ھاكىمبېگىم...

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىڭ سالام قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ـ دە، بېشى بىلەن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننى ئىشارە قىلغاچ سورىدى:

— بۇلارنى تونۇملا، ئابدۇللا باي؟

ــ تونۇيمەن، تونۇمامدىغان، بۇلار بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى...

ــ بۇلار بىلەن ئالغۇ ـ بەرگۈلىرى بارمىدى؟

ــ ھەئە، ھاكىمبېگىم، بۇ كىشى ئۆتكەن يىلى مەندىن قەرز ئالغان، لېكىن ھازىرغا كەلگەندە تېنىۋالدى. مانا ماۋۇسى ئۇنىڭ بارمىقى بېسىلغان تىلخەت...ــ ئابدۇللا باي بەقەسەم تونىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق خوتەن قەغىزىنى ئېلىپ شىرىنگە ئۇزاتتى. شىرىن ئۇنى مۇسا ھاكىمبەگكە سۇندى. مۇسا ھاكىمبەگ خەتكە سىنچىلاپ قاراپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشىدىن سورىدى:

ــ سىلى خەت تونۇملا؟

ــ پېقىر كۆزى ئوچۇق قارىغۇمەن، ھاكىمبېگىم، ئىللا ـ بىللا تونۇمايمەن.

ــ ئەمىسە بۇ يەرگە قولىرىنى بېسىپلىغۇ؟

ــ خەتنى ئابدۇللا باي ئۆزى يېزىپ ئوقۇپ بەرگەن، مەن قول باسقان.

ــ بۇ شۇ چاغدا يېزىلغان تىلخەتمۇ؟

ــ بىلمەيمەن.

ــ قېنى دېسىلە، بۇ راست خەتمۇ؟ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ ئابدۇللا باي تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ــ شۇنداق، ھاكىمبېگىم، پېقىر خەقنىڭ رىزقىغا قارا سانايدىغانلاردىن ئەمەس. بۇ كىشى قەرز ئالغاندا ئاۋۋال ئېغىزىمدا پۈتۈم تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خەتنى يېزىپ ئوقۇپ بەردىم. ئاندىن بۇ ئادەم بارمىقىنى باستى. بۇ جەھەتتە قەسەم قىلالايمەن...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قانداق قىلغۇلۇق

ئەمدى دېگەندەك بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئابدۇللا بايدىن سورىدى:

ـــ گەپلىرى يالغان ئەمەستۇ؟

ـــ ئادەم ئۆلگەندە مەھشەر كۈنى هاياتلىقىدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ سورىقى بولارمىش، هاكىمبېگىم، پېقىر هالال ـ هارامنى ئايرىيدىغان مۆمىن مۇسۇلمانمەن. هېلى دېگىنىمدەك بۇ ئىشتا قەسەم قىلالايمەن.

ـــ يالـ... يالغان، بىز دېيىشكەندە بۇ خەتتىكىدەك دېيىشمىگەن، ـــ دېدى هېلىقى ئادەم ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سۆزلەپ، ـــ ئابدۇللا باي يالغان ئېيتىپ ماڭا تۆهمەت قىلىۋاتىدۇ.

ـــ مەن ساڭا تۆهمەت قىلدىمما؟ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتسام، هالا بۇگۈنگە كېلىپ ئۆزۈڭ قىلغان ئىشتىن تېنىۋالماقچىمۇسەن؟ ـــ ئابدۇللا باي بىردىنلا هېلىقى كىشىگە هۇرپەيدى.

ـــ تۆهمەت... بىز ئۇنداق دېيىشمىگەن.

ـــ ئەمىسە قانداق دېيىشكەن؟...

مۇسا هاكىمبەگ هېچنېمىگە قارىماي تالاش ـ تارتىش قىلىپ بىر ـ بىرگە هۇرپىيىشىۋاتقانلارغا قاراپ: «بەس، ئەمدى توختاپ قېلىڭلار» دېگەندەك قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار بىردىنلا جىمىپ قالدى. شۇ ئەسنادا مۇسا هاكىمبەگ قازى ئاخۇنۇمنىڭ يەر تېگىدىن ئۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويغانلىقىنى سېزىپ قالدى. دېمىسىمۇ هازىرنىڭ ئۆزىدە هاكىمبەگمۇ ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىغۇ جازانىڭ ئەڭ قاتتىقى ئۆلۈم، ئۇنىڭدىن قالسا قەسەم ئىدى. شۇڭا، ئابدۇللا بايدەك ئىككى دۇنيالىقنى شېپى كەلتۈرۈپ قىلغان قەسەم مۇسا

ھاكىمبەگنى تەگسىز خىياللارغا سۆرەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ بالا دەۋاگەرلەرنىڭ مىسكىن تۇرقى، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك قىياپىتى، ياشقا يېقىن كۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرماي قالمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قازى ئاخۇنۇمنىڭ ھېلىقىدەك يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشى ئۇنى قانداقلا بولسۇن، بۇ چىگىش مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىش ئىستىكىنى ئاشۇرماقتا ئىدى. «قارىغاندا ‹مەن بىر تەرەپ قىلىپ بولغان دەۋانى سىلى سورىمىسىلىمۇ بولاتتى، بۇ ئىشتا پاكىتمۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئېغىزچە ئىقرارىمۇ بار تۇرسا، مەن مەھكىمە شەرئىنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم چىقارساممۇ ماڭا ئىشەنمىگەندەك بۇ دەۋانى سوراۋاتىدىلا، قېنى مەن قاراپ تۇراي، سىلى قانداق قىلىدىلىكىن› دەپ ئويلاۋاتاملا، قازى ئاخۇنۇم. بەلكىم ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇشۇنداق دېيىشلىرىدە ئاساسلىرى، ھېلى ئابدۇللا بەگ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى باردۇ. بىراق، ماۋۇ ئىككى بىچارىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆرۈپ ئويلاپ باقمىغان ئوخشايلا. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلىنمىغان بولسا، بىكاردىن تامغا ئۇسكەندەك ماڭا داد ئېيتىپ ئولتۇرمايتتى. نېمىلا بولسۇن، بۇ دەۋادا بىر يوچۇق بار. ئابدۇللا باي يالغاندىن قەسەم قىلىۋاتامدۇ ياكى ماۋۇ ئاتا ـ بالا ‹كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال› دېگەندەك قىلىشىپ، قەرزدىن تېنىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، مەن بۇ ئىشنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرىمەن، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە قانداق قىلىشىم كېرەك؟!...» مۇسا ھاكىمبەگ مۇشۇلارنى ئويلاپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە، بارماقلىرىنىڭ ئاراچلىرى بىلەن قويۇق قارا ساقاللىرىنى تاراپ قويدى.

— بۇ ئىشتا راستىنلا ئىككىڭلارغا ئۇۋال بولدىمۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەندىن.

— شۇنداق، ھاكىمبېگىم، باي ئاكامدىن قەرز ئالغىنىمىز، ئۆسۈمىنى قانداق ھېسابلاش، قەرزنى قايسى ۋاقىتتا قايتۇرۇش ھەققىدە ئىككى تەرەپ ئېغىزچە دېيىشىپ، كېيىن جاراستاندا پۈتۈم تۈزۈشكىنىمىز راست. لېكىن باي ئاكام قەغەزگە يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەندە بۇنداق گەپلەر يوق ئىدى. مانا ئەمدى...

— بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئىككى چىشلىق ئىتتەك ھىجىيىپ، ماڭا يالۋۇرۇپ، قىلمىغان قىلىقلىرىڭ قالمىغۇدى، ھاجىتىڭ راۋا بولۇپ، قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىپلا، ئەمدى لەۋزىڭدىن، ماۋۇ قەغەزگە باسقان بارماقلىرىڭدىن يېنىۋالچىما؟ قارىغاندا ئالدىنقى يىلى ماڭا يالۋۇرغانلىرىڭ «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە» ئىكەن ـ دە؟ — دېدى ئابدۇللا باي تەئەددى بىلەن، — ئەسلىي مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، «كاللىمۇ يېمەي، چىشىنىمۇ چاقماسىمىدىم!»

— ئۇنداق دېمىسىلە، باي ئاكا، بىزدە «لەۋز ھالال» دەيدىغان گەپ بار. ئاشۇ چاغدا لەۋز قىلىشقىنىمىز بويىچە ئىش قىلساق، بىزنىڭ باشقا ھېچقانداق دەۋا ـ دەستۇرىمىز يوق.

— ماۋۇ تىلخەتچۇ؟! بىز دېيىشكەنلىرىمىزنى، لەۋزىمىزنى مۇشۇ تىلخەتكە يازغان. شۇ چاغدا داداڭنىڭ چېچىكى چاي بولۇپ قولىنى باسقان ـ يا؟

— دادامنىڭ خەت تونۇمايدىغانلىقى ئۆزلىرىگە ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئېنىق، باي ئاكا، سىلىمۇ قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا.

— ئەمسە مېنىڭ ھەرقايسىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، قەرز بەرگىنىم گۇناھكەن ـ دە؟

— يوقسۇ، ئۆزلىرى بىز قىيىن كۈنلەرگە قالغاندا بېشىمىزنى سىلىغان، بۇنى ھېلىغۇ ھازىركەن، ئالىمادىس باقىيغا سەپەر قىلساقمۇ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز.

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىقىغا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن يېنىك خورسىنىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا شېرىن ھاكىمبەگنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بايقاپ قالدىمۇ يا بۇ ئايىغى چىقماس قۇرۇق پاراڭلاردىن زېرىكتىمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— مېنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، ھاكىمبېگىم، ئىجازەت قىلسىلا!

— قېنى دەۋەرگىن... — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ تېزلا.

— بۇ تولىمۇ ئاددىي دەۋا ئىكەن. ئەسلىدە مۇشۇ تاپتا كىمنىڭ كىمگە تۆھمەت قىلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا بولۇپ قالدى، لېكىن بىزمۇ بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قويايلى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەن ياندىكى ئۆيگە چىقىپ، ئالدىنقى يىلى ئۆزلىرى ئىمامى جاپپىرى سادىق مازىرىدىن ئالغاچ كەلگەن تۇزنى قورۇسامىكىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگ دەسلەپ سەل ھەيران بولغان بولسىمۇ، لېكىن قايسىبىر چاغدىكى مەشرەپتە پاراڭ ئارىلىقىدا بىرەيلەننىڭ قويى يوقاپ كېتىپ ئوغرىنى تاپالمىغانلىقىنى، كېيىن زاراتگاھلىقتىكى يۇلغۇننىڭ شېخىنى يىرسا ئوغرى ئاشكارا بولىدۇ دەپ ئاڭلاپ، شۇنداق قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىغانلىقىنى، كېيىن باشقا يۇرتتىكى بىر چىراغچىنىڭ قازاندا تۇز قورۇسا،

ئوغرىنىڭ قورسىقى يوغىناپ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە داۋراڭ سېلىپ يۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى يوقاپ كەتكەن قوينىڭ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، شېرىنىنىڭ ئاشۇ ئىشنى پۈرىتىۋاتقانلىقىنى دەررۇلا ئېسىگە ئالدى.

— تۈز قورۇساقمۇ بولىدۇ، لېكىن بىر جانغا زامىن بولارسەنمىكىن؟ — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ سۈس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — سەن بىلىسەن، شېرىن. تۈز قازاندا تۇرغاندا ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمىغىنى بىلەن ئاستىدىن ئوت يېقىپ، تۈزنى قىزىتىپ قورۇشقا باشلىغاندا يالغان ئېيتقان، باشقىلارغا بۆھتان چاپلىغان ئادەمنىڭ قورسىقى كۆپۈپ يوغىناشقا باشلايدۇ ـ دە، بىردەمدىن كېيىن... ئاھ خۇدا، ئۇ چاغدا بىر جانغا زامىن بولسام، قىيامەتتىكى سوراقتىن قانداق چىقىپ بولىمەن؟!... — مۇسا ھاكىمبەگ راستتىنلا قاباھەتلىك ئىش يۈز بېرىدىغاندەك قولى بىلەن بېشىنى سىلاپ قويدى.

— بىزگىمۇ ئامال يوق، ھاكىمبېگىم، ئادەم دېگەن راستچىل، ئۆز سۆزلۈك بولسا، باشقا قىسمەتلەرگە دۇچار بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە قىزىل كۆز، بەدنىيەت، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ باشقىلارغا قارا سانىسا، «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزلە بۇ دەۋانى ئادىل، ھەققانىي سورايمەن دېسىلە، مەن ھازىرلا پادىشاھىمدىن ئەكەلگەن تۈزنى قازانغا سېلىپ قىزىتاي، ئۇ چاغدا كىمنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ئاسانلا ئاشكارا بولىدۇ. ئالىمادىس ئۆزلە دېگەندەك ئىش بولسىمۇ، ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم

ھەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرغۇچى بولغاندىكىن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا ھەرقايسىلىرىمۇ رازىمۇ؟

— رازى، بىز ئۇنىڭغا قوشۇلىمىز، شۇنداقمۇ، دادا؟— دېدى يىگىت تېزلا.

— ھەئە، ھەقىقەتەن ئايدىڭلىشىدىغانلا ئىش بولسا، ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى،— دېدى تاياق زەربىسىدىن پات ـ پات ئىنجىقلاپ قويۇۋاتقان، ھازىر ئوغلىنىڭ قۇچىقىدا گەۋدىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان كىشى ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سۆزلەپ.

— سىلىچۇ، ئابدۇللا باي؟

باياتىن بېرى بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن ئابدۇللا باي ۋەھىمە، قورقۇنچقا تولغان كۆزلىرىنى شىرىندىن ئەپقاچقاچ جاۋاب بەردى:

— مە... مەيلى ...

— ئەمىسە مەن ماڭاي... ھېلى بىرەر ئالامەت بولسا ماڭا خەۋەر بېرىۋېتىشسىلە...— شىرىن سۆزلىگەچ تالاغا قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللا باي بىردە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئولتۇرغان مۇسا ھاكىمبەگكە، بىردە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇرغان قازى ئاخۇنۇمغا قاراپ قويدى ـ دە، تېزلىكتە ئېغىز ئاچتى:

— تو... توختىسىلا، دورغام، بۇنداق قىلمىسىلا، مەن... مەن... بۇ ئادەمدىن ئالىدىغان ئېلىشىمدىن كەچتىم. بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ياشاپ كەلگەن ئادەملەر بۇنداق قىلىشىۋەرسەك بولمايدىكەن...

— بۇ گەپلىرى راستما؟— دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ سۈس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ.

— راست، ھاكىمبېگىم، بۇ ئادەمدىن ئالدىغان بارلىق ئېلىشىمدىن كەچتىم. مېنىڭ بىكاردىن بىر جانغا زامىن بولۇپ قىيامەتتە سوراق ـ سوئالغا قالغۇم يوق. سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم بۇ گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسا، تالا ـ تۈزگە چىقىپ كەتمىسە...

— ئەسلىي بۇ گەپلەرنى تۈنۈگۈن دەيدىغان يەردە ئىدى، ئابدۇللا باي، ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا بۇنداق دېسىلە ماۋۇ ياشانغان ئادەمنىڭ يېگەن تايىقى، تارتقان دەرد ـ ئازابىغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ سىلىمۇ يا قازى ئاخۇنۇممۇ؟

بۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككىيلەن ئاۋۋال مۇسا ھاكىمبەگكە، ئاندىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى ـ دە، بىردەم تۇرۇپ قېلىشقاندىن كېيىن ئابدۇللا باي ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئىگە بولاي، ھاكىمبېگىم، ھازىرلا ئاپىرىپ تېۋىپقا كۆرسىتەي، يەنە تارتقان دىل رەنجى ئۈچۈن ئۆزى رازى بولغۇدەك تۆلەم تۆلەي.

— بۇ گەپلىرى راستمۇ؟

— راست، ھاكىمبېگىم، بۇ گېپىمگە ئاۋۋال ياراتقان ئاللا ئىگەم، ئاندىن قالسىلا ھەرقايسىلىرى گۇۋاھ بولسىلا، بۇ ئىشنى دېگىنىمدەك پۈتكۈزەلمەي، ماۋۇ ئاتا ـ بالىنى رازى قىلالمىسام...

— بولدى بەس، ئەمدى توختاپ قالسىلا، قەسەم دېگەننى ئېغىزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمىگۈلۈك، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن بەندە، ھاياتىدا ئازمايمەن، تايمايمەن دېيەلمەيدۇ. گاھىدا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ قالىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولالمايدۇ.

مەن ھېلىقى گەپلىرىگە ئىشەنگەن بولاي، ئەمما ماۋۇلارنى ئۇبدان رازى قىلسىلا، مەن ھازىرچە باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي تۇراي.

— قۇللۇق، ھاكىمبېگىم، مەن دېگىنىمنى چوقۇم ئەمەلدە كۆرسىتىمەن.

— بۇ گەپنى سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلار، ئەگەر ئابدۇللا باي لەۋزىدە تۇرمىسا يەنە مېنى ئىزدىسەڭلار بولىدۇ، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئۆزىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراۋاتقانلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

— رەھمەت، ھاكىمبېگىم، بۇ ياخشىلىقلىرىنى بۇ ئالەمدە ياندۇرالمىساق، ئۇ ئالەمدە بولسىمۇ ياندۇرارمىز، — دېدى يىگىت بىردىنلا كۆزلىرىگە «لۆممىدە» ياش ئېلىپ، — ئۇلۇغ خۇدايىم مەرتىۋىلىرىنى يەنىمۇ ئۈستۈن، دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي!...

— بۇنداق دېمە، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، يەنە باشقا گەپ بولمىسا چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ.

ئاتا ــ بالا يەنە بىردەم رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت شېرىنىنىڭ ياردىمى بىلەن دادىسىنى ھاپاش قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— مەن... مەنمۇ يانسام بولارمىكىن، ھاكىمبېگىم، — دېدى ئابدۇللا باي يەنە بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ ھېس قىلىپ.

— مەيلى، ئەمما ھېلى دېگەن لەۋزىلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتسىلە.

— ماڭا ئىشەنسىلە، ھاكىمبېگىم، مەن چوقۇم ئۇلارنى رازى قىلىمەن، ئەمما مەن ياناي... — ئابدۇللا باي سۆزلىگىنىچە ئارقىچىلاپ مېڭىپ خاس خانىدىن

چىقىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كۆزلىرى ئابدۇللا باي گۇناھىنى ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى دېگەندىن كېيىنلا سۈيى چىقىپ ئېزىلىپ كەتكەن ئويىتوغراق شاپتۇلىدەك شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپلا قالغان قازى ئاخۇنۇمغا تىكىلگەنىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق قاردى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دىنىي دەستۇرلاردىن پاراڭ بولۇپ قالسا ھېچكىمگە گەپ بەرمەي، ئوقۇغان كىتابلىرىدىن، ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىدىن شېپى كەلتۈرۈپ سۆزلەپ كېتىدىغان، باشقا دىنىي ئۆلىمالارنى ئاسانلىقچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ تاپتىكى بىچارە تۇرقىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلگىسى، ئىككى - ئۈچ كەلىمە كىنايىلىك گەپلەرنى دەپ بولسىمۇ زەھرىنى سانجىۋالغۇسى كەلدى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر يۇرتنىڭ قازىسى، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئۆلىما ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بایاتىن بولغان پاراڭلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدىلا، جانابى قازى، بەزى ئىشلاردا قولىلىرىدىكى دەلىل - ئىسپاتقا، جاۋابكار، دەۋاگەرلەرنىڭ قەسەملىرىگە ئىشەنسىلە مانا بۇگۈنكىدەك ئويلىمىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى سورىغاندا كۆپرەك ئەقىللىرىنى ئىشلەتسىلە، ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا، بولمىسا كېيىنچە پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدىلا، ئۇقتىلىمۇ؟

— ئۇقتۇم، ھاكىمبېگىم.

— خوش، سىلىگە باشقا ئارتۇق گېپىم يوق، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار قايتا تەكرارلانمىغاي!

— لەببەي، كەمىنىلىرى بۇ گەپلىرىنى چوقۇم ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىدا بۈگۈنكىدەك ئىشلارنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىگە دىققەت قىلىمەن، — دېدى قازى ئاخۇنۇم ناھايىتىمۇ بوش ئاۋازدا.

— ئەمدى چىقىپ ئىشلىرىنى قىلىسىلا...

— خوش... — قازى ئاخۇنۇم خۇددى يەرنى سۆيگۈدەك بولۇپ، بېشىنى ئېگىپ لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئىنجىقلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى بوشلا بېسىپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

— بايا ماڭا كۆرسەتكەن ئەقىل خىيالىڭغا قانداق كېلىپ قالدى؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ قازىئاخۇنۇم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىردەمدىلا پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىغان شېرىندىن.

— قارىسام ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە يول قويىدىغاندەك ئەمەس، قازى ئاخۇنۇممۇ «قېنى، بۇ دەۋانى قانداق سورايدىغانلىقىلىرىنى كۆرۈپ باقاي» دېگەندەك ئۆزلەگە نەچچە مەرتەم قاراپ قويدى. ھەممىدىن يامىنى ئابدۇللا باي گەپ ـ سۆزدە سەل چاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك بىلىندى. شۇڭا، بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار دەپ ئويلاۋاتسام، تۇيۇقسىز مۇشۇ خىيال كۆڭلۈمدىن كېچىپ قالدى. «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە سىناپ باقساق قانداق بولار؟ ئۇنىمۇ كۆرۈلسە كۆرۈلدى، كۆرۈلمىسە شۇ چاغدا بىر گەپ بولمامدۇ دەپ ئويلاپ

ئېغىزىمدىن چىقاردىم. بۇنىڭغا ئۆزلەمۇ تازا ئوبدان ماسلىشىپ بەردىلە.

— بۇ تەدبىرىڭنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلدى مانا، — دېدى مۇسا هاكىمبەگ كۈلۈمسىرەپ، — ئابدۇللا باي گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى، ئېغىزىدا دېيىشكەن پۇتۇم بىلەن تىلخەتكە يېزىلغانلارنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ هىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈز قورۇشىنىڭ گېپى چىققاندا چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە، مەردلىك قىلغان، ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ئايىغان، ئۆزىنىڭ مەرد، سېخىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بۇ ئىشتىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتتى.

— مەن ئۆزلەنى ئاچچىقىدا ئابدۇللا بايغا قاتتىق - قۇرۇق گەپلەرنى قىلارمىكىن دەپ ئويلىغۇبدىم، لېكىن ئۆزلە ئۇنداق قىلماي، بىر چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدىلا.

— «ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ»، شېرىن، بىزدە «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە «دىل ئازار، خۇدا بىزار» دېگەندەك ئىش قىلماي دەپ ئويلىدىم. ئەگەر ئابدۇللا باينىڭ ئەقلى بولسا بۇنداق ناشۇكۇرلۇك قىلىدىغان ئىشلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاسانلىقچە قىلمايدۇ.

— دېگەنلىرىدەك بولغاي، هاكىمبېگىم، شۇغىنىسى ئۆزلە هازىر ئابدۇللا بايغا نەسىھەت قىلىپ، ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ پىغانىنى چىقىرىپ بەرگەنلىكلىرى بىلەن ھەممە ئادەملەرگە يەنىلا قول - قانات يېيىپ بولالمايدىلا،

دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى يەنىلا قازى ئاخۇنۇم بىر قوللۇق سورايدۇ، ئەمەسمۇ؟!

— سەن نېمە دېمەكچى، شېرىن؟! — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ، — قارىسام گېپىڭنىڭ تېگىدە يەنە گەپ باردەك قىلىدى ـ يا، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن، ھەرقانداق گەپ بولسا دەللىڭ دەۋېرىڭ.

— مەن دېمەكچى، ھاكىمبېگىم، ھېلىقىلاردەك ساۋاتسىز، كۆزى كورلار بۇ يۇرتتا ساماندەك كۆپ. دەۋا ـ دەستۇر، ئۆتنە ـ يېرىم، قەرز ئېلىش، ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھېلىقىدەك تىلخەت يېزىلىدىغان ئىش. ئۇلار خەت تونۇمىغاچقا، پۈتۈكچى يازغانلىرىنى ئۇلار ئوقۇيالمىغاچقا، نېمە دەپ ئوقۇپ بەرسە، «ھەئە، شۇنداقكەن، ماقۇل ئەمىسە» دەپ قولىنى بېسىپ قويۇپ، ئاخىرى «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپ بىكاردىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ھۆكمى بىلەن دەررە يەيدىغان كۈنگە قالىدۇ، ئەمەسمۇ؟

خاس خانە بىردىنلا ئېغىر سۈكۈناتلىققا چۆمدى. مۇسا ھاكىمبەگ شېرىننىڭ ئېغىزىدىن ئۆزىمۇ تا مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئاڭلاپ باقمىغان تولىمۇ قىيىن بىر مەسىلىنى ئاڭلاۋاتقاچقا، خىيال كەپتەرلىرى بىردىنلا قانات قېقىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ راست ئىدى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بۈگۈنكىدەك دەۋا ـ دەستۇرغا ئۇچرىشى تۇنجى قېتىم ئەمەس ئىدى. ئەمما، باشقا دەۋالاردا جاۋابكارمۇ، دەۋاگەرمۇ دەررىنىڭ تەمىنى تېتىپ بولۇپ، ئاسانلىقچە گۇناھىنى ئۈستىگە ئالسا، شۇ بويىچىلا ھۆكۈم چىقىرىلغانىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى. شېرىننىڭ ئەقىل ئىشلىتىشى بىلەن تولىمۇ قىيىن بىر

مەسىلە ئاسانلا ھەل بولۇپ كەتتى. بۇغۇ بىر نۆرى، چوغىنى پاختا ئىچىدە ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك بۇ ئىشلار جاراستانغا چىقىپ كەتسە، شىرىنىنىڭ ئابدۇللا باينى پەم بىلەن قارماقتا ئىلىندۇرگەن چارىسى كېيىنچە ئەسقاتماي قالىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا كىشىلەر يەنە قانداق قىلىدۇ؟... مۇسا ھاكىمبەگ خېلى ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا خورسىنىپ قويدى.

— بۇ ئىشنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دورغام. كىشىلەرگە خەت ئۆگەن، كېيىن ئەسقاتىدۇ دېسەك، بۇ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىن ئاسانلىقچە ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇلارغا ياخشى بولسۇن دېسەك، لېكىن ئۇلار «ئەتىكى دۇمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دېمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئادەم دېگەن ئادەتلەنمىگەن ئىشقا كەلگەندە، پۇتى بىر قېتىم لايغا پېتىپ قالسا، يەنە لايداڭغا كېلىپ ئالدىنقى قېتىمقى ساۋاقلار يادىدىن كېچىپ، ئالدىغا ماڭغىلى ئۇنۇمىغان جاھىل ئىشەكتىن قېلىشمايدۇ.

— دېگەنلىرىڭىز راست، ھاكىمبېگىم، ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقانلار شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ باللار ئۇنداق ئويلىمايدۇ. مەدرىسەلەرنى كۆپەيتسەك، ئوقۇيدىغانلارغا ئاز - تولا ئېتىبار قىلساق، مەدرىسەلەرنىڭ، مۇدەررىسلەرنىڭ چىقىمىنى خاسلا ئۆشرە - زاكاتقا باغلاپ قويماي، ۋەخپە يەرلەرنى كۆپەيتسەك، بۇ ئىشنى ھامان ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۆزلەگە بۇرۇن مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ غوجام ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى يادىلىرىدا بارمىكىن. بىزنىڭ قومۇلدىمۇ دەسلەپتە ئۆزلە ئويلىغاندەك ئىشلار يۈز بەرگەنىكەن. كېيىن مەدرىسەلەر، مەكتەپلەر ئېچىلغاندىن كېيىن ھەممە ئادەم

بالىلىرنى مەدرىسە، مەكتەپلەرگە بېرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئەگەر ئۆزلە بۇ ئىشقا راستىنلا بەل باغلىسىلا، جاھان دېگەندە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش، ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان يوق.

مۇسا ھاكىمبەگ سەرپۇش تۈمىقىنى قولىغا ئالدى ـ دە، يەنە قايتىدىن كىيىپ قوشۇمىلىرىنى تۈردى.

ــ يەنىچۇ شېرىن، سۆزلەۋەرگىن... ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ، ــ خېلى ئوبدانلا پاراڭ قىلىۋاتىسەن...

ــ يەنە ئوقۇتۇشتا ھەقىقىي نەپ ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، ھاكىمبېگىم، ھازىر مۇشۇ يۇرت تەۋەسىدە بىرنەچچە يەردە مەدرىسە بار ئىكەن. ئاڭلىسام مۇدەررىسلەر تالىپلىرىغا خەت ئوقۇشنى ئۆگىتىدىكەنۇ، ئەمما يېزىشنى ئۆگەتمەيدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى خەت يېزىشنى ئۆگىنىش گۇناھمىش. خەت يېزىلغان قەغەزلەر ئالىمادىن تاشلىنىپ قېلىپ ئاياغ ئاستىدا قالسا قىيامەتتە سورىقى بارمىش. مانا قارىسىلا، نېمىدېگەن نادانلىق بۇ! خەتنى كۆرۈپلا يادقا ئېلىۋالغاندەك ئوقۇسىنۇ، ئەمما يېزىشنى بىلمىسۇن؟! بۇنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟! شۇڭا مەدرىسەلەردە ئوقۇش، يېزىشنى، ھېساب ـ كىتاب قىلىشنى، يەنە تېخى ئىلمىي نۇجۇم، تېبابەتچىلىك قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگىتىشكە پەرمان چۈشۈرسىلە. بۇنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ، تەقسىر.

ــ ھۆششەرە دورغام، مانا ماۋۇ ئەقىل جايىدا بولىدى. ئەگەر مۇشۇ بويىچە قىلساق، چوقۇم بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرالىغۇدەكمىز. ئاۋۋال بۇ ئىشنى ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىۋالايلى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىش باشلاشقا تەرەددۇتلانساقمۇ كېچىكمەيمىز. سېنىڭچە، شۇنداق قىلساق، بولارمۇ؟

— دېگەنلىرىڭچە بولسۇن، ھاكىمبېگىم.

— پېشىن بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ئاۋۋال نامازنى پارىغ قىلىۋېتىپ، ئاندىن غىزالانغاچ مەسلىھەتلىشەيلى،— مۇسا ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھاللاڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى،— شۇنداق قىلايلىمۇ؟!

— ئۆزلە نېمە دېسىلە شۇ، ھاكىمبېگىم، ئۆزلە دېگەن يۇرتنىڭ بېشى، پېقىر دورغىلىرى چېكىتى يوق تارازىدەك قەيەرگىلا سۈرۈپ قويسىلا كېلىۋېرىدىغان جىڭنىڭ تېشى. ئۆزلەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىققا ھەددىم ھەلەپ، ئېشىكىم سامان يېمەيدۇ.

— ھا... ھا... ھا... مۇشۇنداق گەپلىرىڭىزە قاچانمۇ تۇگەر، دورغام؟

— باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندا.

مۇسا ھاكىمبەگ كۈلگىنىچە خاس خانىدىن چىقتى ـ دە، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن قاتار ئۆيلەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان، كۆزگە ئاسانلىقچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

# ئون بىرىنچى باب

## داۋان

ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ قوبۇلخانىسى بۇگۇن تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا خەۋەر بىرىۋېتىلگەچكە، ئۇ يېقىن-يىراقتىن، چىرا بىلەن بۇ يېقىن نىيە تەرەپتىن كېلىدىغان بەگ، شائىيۇلارنىڭ ھەممىسى قوبۇلخانىغا سەھەردىلا كېلىپ بولۇشقانىدى. ئەسلى مەسلىھەتتە چەرچەن، چاقىلىق تەرەپكىمۇ خەۋەر بېرىشنى خىيال قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ھاكىمبەگ: «يول يىراق، ئۇلار كېلىپ ـ كەتكۈچە بەكلا جاپادا قالىدۇ، شۇڭا ھازىرچە چەرچەن، چاقىلىقتىكى بەگلەر كەلمەي ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇۋەرسۇن. كېيىنچە بىرەر دورغا چىقىپ ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ كېلەر...» دېگەچكە، باشقىلارمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇشقانىدى. شۇ تاپتا قوبۇلخانىدىكىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇندا ئولتۇرۇشقان بولۇپ، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قوبۇلغا چىقىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. پەرماندا نېمە ھەقتە كېڭەش بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق جىددىي چاقىرتىلىشىنىڭ چوقۇم مۇھىم ئىش سەۋەبلىك

ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن ھېس قىلىشىپ ئۈلگۈرگەچكە، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تېزرەك قوبۇلخانىغا چىقىپ بۇ ئىشنى جاكارلىشىنى كۈتۈپ، تاقىتى تاق بولۇشقانىدى. دەل شۇ چاغدا بىردىنلا ئالدى تەرەپتە ئولتۇرۇشقانلار ئارىسىدا پىچىر - پىچىر ئاۋازلار پەيدا بولدى - دە، ھەممىنىڭ كۆزى تۆر تەرەپكە تىكىلىشتى. شۇ ئان ھەممەيلەن سانغۇنىدىن يارلىق ئالغان لەشكەرلەردەك «گۇررىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، خاس خانىدىن قوبۇلخانىغا كىرگىلى بولىدىغان ئىشىك تەرەپتىن سالماق قەدەم بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگنى كۆرۈپ باشلىرىنى سەل ئېگىپ، قول باغلاپ تۇرۇشتى. مۇسا ھاكىمبەگ تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان تەتىللا كۆرپىگە كەلدى. شۇ ئان زال ئىچىدە بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا بىلىنىدىغان ئاۋاز ياڭرىدى.

— ھاكىمبېگىمىنىڭ تېنى ئامان، دۆلىتى زىيادە بولغاي!

قوبۇلخانا لەرزىگە كەلدى. ياڭراق ئاۋازدىن ۋۇجۇدلار يېنىك تىترىگەندەك بولدى.

— تىلەكلىرىڭلار ئىجاۋەت بولغاي، قېنى، ئولتۇرۇڭلار، بەگلىرىم.

بۇ گەپ بىلەن بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. مۇسا ھاكىمبەگ باشلىرىنى ئېگىشكىنىچە ئولتۇرغانلارغا رازىمەنلىك بىلەن بىرمۇبىر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ چازا قۇرۇپ ئولتۇردى - يۇ، لېكىن نېمىشقىكىن گەپ قىلىشقا ئالدىرىمىدى. زال ئىچىنى بىردىنلا سۈكۈناتلىق قاپلىدى. بەگلەرنىڭ يېنىك نەپەس ئېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇ تاپتا زال ئىچى

چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى. مۇسا ھاكىمبەگ يەنە بىر مەرتەم ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەنلەرنىڭ تولۇق كېلىپ بولغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، بۇنىڭدىن رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە، ئاللىقاچان قەغەزلىرىنى ئالدىدىكى تۆت پۇتلۇق شىرە ئۈستىگە يېيىپ، قومۇش قەلەمنى سىياھقا چىلاپ ئۈلگۈرگەن ھېلىمشاھ مىرزىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاللاتائالانىڭ بەرىكاتىدا يۇرتىمىز ئامان، خەلقىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا باياشات ياشاۋاتىدۇ. مەن ھاكىمبەگلىك ئورنىغا بەرقارار بولغاندىن بېرى ئىزچىل ھالدا ئاۋامنىڭ زىممىسىدىكى ئالۋان - ياساقنى كېمەيتىش، ھاشارنى ئازايتىش ھەققىدە نەچچە قېتىم يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىلاج بار خەلقنى ئاز - تولا ھاللاندۇرۇش ھەققىدە كۆچىدىم. دەرھەقىقەت ھەرقايسى بەگلەرمۇ بۇنى بىجاندىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. تېخى يېقىندىلا ئەل ئىچىگە ئەۋەتكەن تىڭتىڭچىلارنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىدا دەرۋەقە بۇرۇنقىدىن خېلى ياخشىلىنىش بوپتۇ. ئاۋام بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسى بەگلەردىن رازى ئىكەن. بۇنىڭدىن مەن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، — مۇسا ھاكىمبەگ نېمىشقىكىن گېپىنى توختاتتى.

— بۇنىڭ ھەممىسى ئاۋۋىلى خۇدا، كېيىن ئۆزلىرىدەك باشلامچىلىرىمىزنىڭ تۆھپىسى، ھاكىمبېگىم، — دېدى بىرى غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا، — ئاۋام - پۇقرا ئۆزلىرىدىن رازى...

— بەرھەق، بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.
— ئارى، نەق گەپ...
— شۇ ئەمەسمۇ؟ بىز پەقەت ھاكىمبېگىمنىڭ يارلىقىنى ئىجرا قىلدۇق...

قوبۇلخانىدا بىردىنلا پەس ئاۋازدا دېيىلگەن پاراڭلار ئاۋۇشقا باشلىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بەگلەرنىڭ سۆزىگە بىرھازا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا يۆتىلىپ قويدى. شۇئان كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭلار قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك «شىپپىدە» توختىدى. مۇسا ھاكىمبەگ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن گەپ بار. بۇ ئىشتا سىلەر دېگەندەك مېنىڭلا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ تۆھپىسى بار. راست گەپنى قىلسام مەن ھەرقايسىڭلاردىن رازى. سىلەر بولغاچقىلا ھازىر نۇرغۇن ئىشلار بىر ئوبدان يۇرۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن، ھەرقايسىڭلار ئويلاپ باقتىڭلارمىكىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدىن ياخشىلانغىنىنى بىلەن ھېلىمۇ قانچىلىك ئادەم يەرسىزلىكنىڭ دەردىدە باشقىلارغا، يېرى بارلارغا يالىنىپ ئىشلەۋاتىدۇ؟ بىز تېخى ھازىرلا قەيت قىلىنغان مۇشۇنداق مەمۇرچىلىق زاماندا يەنە قانچىلىك كىشىلەر ئاچ - يالىڭاچ ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ؟!...— مۇسا ھاكىمبەگ ھاياجانلانغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، بېشىنى ئېگىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغانلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى،— مانا مۇشۇنداق كۆز ئالدىمىدىكى مەسىلىلەر ھەل بولماي تۇرسا، يەنە ئەل ئامان، جاھان تىنچ، خەلق پاراۋان دەپ ياستۇقنى قىرلاپ ياتالامدۇق، بەگلىرىم؟ ياق، ھەرگىز

ئۇنداق قىلالمايمىز، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ چارىسىنى قىلماق كېرەك، ئەمما بۇنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك چارىسى نېمە؟

قوبۇلخانا ئىچى جىمىپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بۇ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. مۇسا ھاكىمبەگ ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن بەگلەرگە تەكشى تەرزدە نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئاۋۋالقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ جەھەتتە مەن كۆپ ئويلاندىم، بەگلىرىم، جاھاندىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتىنىڭ پۇشتى. ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ، يالىڭاچ كېتىدۇ. ئۆز ھەيۋىسى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياسىغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ جان ئۈزەر ۋاقتىدا: «ناۋادا مەن قازا قىلىپ كەتسەم، ئاخىرەتلىك تونۇمدىن ئىككى قولۇمنى چىقىرىپ قويۇڭلار، كىشىلەر مېنىڭ بۇ دۇنياغا قۇرۇق قول كېلىپ، يەنە قۇرۇق قول كەتكىنىمنى بىلىپ قالسۇن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. بەرھەق، ھايات بىلەن مامات ھەممە كىشىگە تالىقتۇر. ئىنسان تۇغۇلىدىكەن، ھامان ئۆلىدۇ. لېكىن، ئادەملەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كەچمىش، كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر توقلۇقتىن ئالدىدىكى نازۇنېمەتلەرگە تويۇپ كېكىرسە، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن، موھتاجلىقتىن، يوقسۇزلۇقتىن قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قىيلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا بەش ئەزاسى تەندۇرۇس، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتىسىمۇ، لېكىن ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ؟ ئۇلاردا نېمە

كەم؟! ئەلۋەتتە، جاۋاب ناھايىتى ئاددىي. بىرى ئەقىل، يەنە بىرى يەر بىلەن سۇ... ئۇلاردا ھەرقايسىڭلاردىكىدەك ئەقىل، يەر، سۇ بولغان بولسا بايلىقتىن تىنىپ كەتكەن بولاتتى. بۇنىڭدىن نەچچە ھەپتە ئىلگىرى شېرىن دورغا كەمبەغەل دېگەن سۆزگە كەمبەغەل ئەمەس، كەم ئەقىل دەپ تەبىر بەردى. بۇ گەپ ماڭا ياغدەك ياقتى. بىز قانداق قىلساق ئۇلارنى كەم ئەقىللىكلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قورسىقىنى تويغۇدەك نانغا، ئۇچىسىنى ياپقۇدەك ئېگىن - ئاياغقا ئېرىشتۈرۈپ ئەقلىنى ئاچالايمىز؟!... مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم، بەگلىرىم، ئاخىرى مۇنداق قارارغا كەلدىم... — مۇسا ھاكىمبەگ سۆزىنى توختىتىپ ئۆزىنى بېسىۋالماقچى بولغاندەك قوبۇلخانىدىكىلەرگە ئالدىرىماي قاراشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ھەرقايسى بەگلەرمۇ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ مانا ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى. شۇ ئەسنادا قوبۇلخانىدا يەنە ۋەزمىن ئاھاڭدا دېيىلگەن گەپلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمبەگلىك تەۋەسىدە ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى يەر بولسا، پۇقرالار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تېرىمغا كىرگۈزۈپ پايدىلانسا بولىدۇ. بۇنداق يەرلەردىن ئەھۋالغا قاراپ بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە سۇ ھەققىدىن باشقا ھەق ئېلىنمايدۇ. شۇ يەرگە مەڭگۈ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسى تەرىپىدىن پۈتۈم خەت پۈتۈپ بېرىلىدۇ. ئۆزى ئۆستەڭ ئېلىپ، سۇ باشلاپ بىنەم ئاچقان، ئورمان ئەھيا قىلغانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىسپاتى كېسىپ بېرىلىدۇ. شۇ ئۆستەڭ، شۇ ئورمانغا مەڭگۈ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئېچىلغان يەر، ئېلىنغان ئېرىق -

ئۆستەڭ، ئەھيا قىلىنغان ئورمانلار ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدۇرۇلىشمۇ، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىلىشمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئالدى بىلەن ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ ئىسپاتنامىسىگە ئاساسەن مەھكىمە شەرئى گۇۋاھلىق خېتى كېسىپ بېرىشى كېرەك.

قوبۇلخانىدىكىلەر ھەيران بولۇپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك تەسكىنلىك بىلەن بىر خىل تەزردە سۆزلەۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگكە قاراشتى. لېكىن، مۇسا ھاكىمبەگ بايىقىدەكلا ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا چىرا بېگى ئېغىز ئاچتى:

— تولىمۇ ئوبدان گەپ بولدى. غولى شۇنداق قىلساق ئاندىن ئەل – ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولالايمىز.

— قەندەك گەپ بولىدى. بۇنداق يېقىشلىق، ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرغۇدەك پاراڭنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق بوپتىكەن. مانا ئەمدى تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمىنا. بۇ پاراڭلارنى ئەھلىمەھەللە، پۇقرالار ئاڭلىسا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر، — دېدى قويۇۋالغان شاپ بۇرۇتى سېمىز جىسمىغا تولىمۇ ياراشقان يەنە بىر بەگ.

— خۇشال بولماي، بۇنداق ياغدەك گەپ قايسىبىر كىشىنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدۇ.

— ...

قوبۇلخانىنى يەنە پىچىر – پىچىر پاراڭلار ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋىدى، ئۇستىخانلىق كەلگەن، سەل يان تەرەپتىرەك ئولتۇرغان بىر بەگ غاراڭ – غۇرۇڭ ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بەس ئەمدى! توختاپ قېلىڭلار، ھاكىمبېگىمىنىڭ

گېپى تېخى تۈگىمىدى، سەل تەخىر قىلىساڭلار، سۆزلەش نۆۋىتى سىلەرگىمۇ كېلىپ قالار.
بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن جىمىپ قېلىشتى. شۇئان قوبۇلخانا بۇرۇنقى جىمجىتلىقىغا قايتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۆزىگە تىكىلگەن جۈپ ـ جۈپ كۆزلەرنى كۆرۈپ، نېمىشقىكىن بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:
ــ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭىدىن مەدرىسەلەر قۇرۇلىدۇ. كېرىيەنىڭ بازار ئىچىگە مەخسۇس ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە قارايدىغان بىر مەدرىسە قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە لوپ، چىرا، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق تەۋەسىدىكى بەگلىكلەرگە بىۋاسىتە قارايدىغان مەدرىسەلەر بەرپا قىلىنىدۇ. بايلارمۇ بۇ ئىشقا قىزغىن ئىشتىراك قىلىپ، مەھەللىلىرىدە ئۆز نامىدا مەدرىسە قۇرسا بولىدۇ. مەدرىسەلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىنى مەھكىمە شەرئى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ. مۇدەررىسلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۆشرە ـ زاكات ۋە ۋەخپە يەردىن كىرگەن كىرىم ئارقىلىق بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىئانە بېرىشنى خالايدىغانلار بولسا قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. بۇ ئىشقا ھەرقايسى بەگلەر كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدرىسەلەر پۈتكەن ھامانلا ئوقۇش باشلاشقا كاپالەتلىك قىلىشى زۆرۈردۇر. مۇمكىن بولسا باللىرى مەدرىسەدە ئوقۇيدىغانلاردىن ئېلىنىدىغان غەللە ـ پاراق ۋە باشقا ئالۋان ـ ياساقلار كەچۈرۈم قىلىنسا تامامەن بولىدۇ. بۇنىڭغا بەگلەرنىڭ قانداق پىكرى باركىن؟ ــ مۇسا ھاكىمبەگ گېپىنى توختىتىپ ھەممەيلەنگە قارىدى. شۇ ئان قوبۇلخانا ئىچىدە بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا ئاڭلانغان ئاۋاز ياڭرىدى:

— ھاكىمبېگىم دېگەن ئىشلارنى ۋاقتىدا بېجىرىمىز.
— خوش، ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە قارايدىغان مەدرىسە ئورنى بېكىتىلىپ بولدى، پات ئارىدا ئۇل سېلىنىدۇ. بۇ قورۇلۇشنى ئوبدانراق، ھەيۋەتلىكرەك، مەزمۇتراق سېلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ جەھەتتە ھەرقايسىڭلارنىڭ قانداق دانا مەسلىھەتى باركىن!
— بۇ تولىمۇ خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىش بولغۇدەك، ھاكىمبېگىم، — دېدى چىرا بېگى، — مۇمكىن بولسا، بۇ قورۇلۇشقا باشقا جايدىن كۆپنى كۆرگەن، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باققان ئۇستىكارلارنى تەكلىپ قىلساق بولارمىكىن! بۇنىڭدا بىر نەنچىدىن ئۆزلىرى دېگەن تەلەپكە يەتكىلى بولىدۇ؟ يەنە بىر نەنچىدىن كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىدەك قورۇلۇشنى ئەھىياغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
— باشقا جايلاردىكى مەدرىسەلەرنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتسەك قانداق بولار؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.
— قورۇلۇشنى كېسەك قويۇپ ياسامدۇق يا توپا تام بىلەنمۇ؟
— ...
مۇسا ھاكىمبەگ ھەممەيلەننىڭ گېپىنى جىمجىتلا ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.
— بۇ تەرەپلەرنى مەن خېلى ئويلانغان بولسامىمۇ، لېكىن تازا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەنى، يەكەندىكى چوڭ مەدرىسەنى، ئىلچىدىكى مەدرىسەلەرنى كۆرۈپ كېلىشكە، شۇ قورۇلۇشلارنى ياساشقا قاتناشقان ئۇستىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ

دانا پىكىرلىرىنى، شۇ قۇرۇلۇشنى ئەكىلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇشنى ئويلىغان بولسامىمۇ، لېكىن قۇرۇلۇشنىڭ بەك ئارقىغا سوزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن. شۇڭا، بۇ يەردىكى كۆپىنى كۆرگەن بەگلەرنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىگە موھتاجمەن!

— گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى، ھاكىمبېگىم،— دېدى لوپ بېگى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ،— مەن بىر ئۇستا مىمارچىنى تونۇيمەن. ياق، تونۇيمەنلا ئەمەس، ئۇبدانلا ئەسرالىشىپ ئۆتىمەن. ئۇ ئادەم ئەسلىي بىزنىڭ يۇرتنىڭ سامپۇل دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قەشقەر تەرەپكە چىقىپ، جان بېقىش ئۈچۈن بىر تامچى ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. كېيىن نۇرغۇن كاتتا قۇرۇلۇشلارنى ياساشقا قاتنىشىپتۇ. ئۆزلىرى بەلكىم ئىلچىدىكى ئەلىشىر ھاكىمبەگ يېڭىدىن ئەھيا قىلغان ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنى كۆرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. ئاشۇ قۇرۇلۇشنى پۈتۈنلەي مېنىڭ ھېلىقى بۇرادىرىم باش بولۇپ ئىشلىگەن. سېغىز لاي قېلىپتا قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەخسۇس خۇمدان ياسىلىپ، كېسەكلەر پىشۇرۇلۇپ ئاندىن تىزىپ ياسالدى. بۇنداق كېسەكلەر مەزمۇت بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۆمرى لاي تام ياكى توپا تامغا قارىغاندا ئۇزۇن بولىدىكەن. ئەگەر ھاكىمبېگىم خالىسا، پېقىر قايتقاندىن كېيىن ھەپتە — ئون كۈن ئىچىدە ئۇ كىشىنى بۇ يەرگە ئەۋەتىمەن.

— ئوبدان گەپ بولدى، لېكىن بىز كېسەك قۇيۇش، خۇمدان ياساپ خىش پىشۇرۇش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان تۇرساق،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ راست گەپنى قىلىپ.

— ئۆزلىرى بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولسىلا،

ھاكىمبېگىم، مېنىڭ ئۇ بۇرادەرلىرىمنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىشلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئىشلارغا ئۇ مەسئۇل بولسا، ئۆزلىرى كېتەرلىك لازىمەتلىكلەر بىلەن قول سېلىپ ئىشلەيدىغانغا ئادەم ئاجرىتىپ بەرسىلىلا بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، قالغان ئىشلارغا مانا مەن بار. شېرىن دورغا مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ، مەيلى قانداقلا ئىش بولسا بىجىرىشكە تەييار.

— بۇنداق يېرى بولسا مەن قايتىپ بېرىپ ھېلىقى بۇرادىرىمنى تېزلىكتە ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتەي، ھاكىمبېگىم!...

شۇ كۈنى كېچەش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ بەگلىرى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كېچەشتە ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلىرى ھەققىدە ئانچە كۆپ مۇنازىرە قىلمايلا، تېزلىكتە تۇتۇش قىلىپ، بەلگىلەنگەن قەرەلدە مەلۇمات يوللاپ، ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

كۈنلەر تولىمۇ تېزلىكتە ئۆتمەكتە ئىدى. مۇسا ھاكىمبەگ مەدرىسە سالىدىغان ئورۇنىنى بېكىتىپ، يەرلەرنى تۈزەپ، دەسلەپكى راسكارلىقلارنى پۈتكۈزگەن كۈنلەردە لوپ بېگى تەرىپىنى قىلغان ھەسەن ئىسىملىك گىلىمدا مۇشتۇمدەك پوقىقى بار ئۇستا ئوندىن ئارتۇق شاگىرتلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدىلا بىرنەچچە قۇرۇلۇش لاھىيەسى تۈزۈپ چىقىپ مۇسا ھاكىمبەگكە كۆرسەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنى بىرمۇبىر سىلىشتۇرۇپ، تەكرار ـ تەكرار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۆزىگە يارىغىنىنى كۆرسەتتى.

— ماڭا ئىشەنگەنلىرىگە مىلىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ھاكىمبېگىم، — دېدى ھەسەن ئۆزى مودېلنى ياساپ چىققان لاھىيەگە قارىغىنىچە، — پېقىر چوقۇم ئەڭ قىسقا مۆھلەتتە بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملايمەن.
— سىلىچە بۇ مەدرىسە قانچىلىك ۋاقىتتا پۈتەر؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ.
— ئۆزۈمغۇ ئۈچ يىلدا پۈتەرمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. لېكىن تامچى، ياغاچچىلار چەبدەس بولۇپ، ھەگە ھە بولالىسا، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى سوغۇق چۈشۈشتىن ئىلگىرى پۈتكۈزۈپ بولىمەن.
— بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا، مۇشۇ تەۋەلىكتىكى ئاتالغان تامچى - ياغاچچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىمەن.
— ھەشقاللا، ھاكىمبېگىم!
ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مەدرىسەنىڭ قۇرۇلۇشلىرى جىددىي باشلىنىپ كەتتى. شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ ئىشقا باش بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ، گاھىدا باش قاشلاشقىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. ئۇ ھېلى قۇرۇلۇش ئورنىدا بولسا، ھېلى كېسەك قۇيۇۋاتقانلارنىڭ قېشىغا، ھېلى ياغاچ كېسىپ، ھەرە تارتىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا باراتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغاچچىلارغا مەسئۇل بولغان ھاشىم ساقال ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.
— سىلىگە بىر گېپىم بار ئىدى، دورغام، دېسەم بولارمۇ؟
— دەۋەرسىلە... — دېدى شېرىن.
— ئۆتكەندە مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا ھەرقايسى

مەھەللىلەردىكى دەرەخلەرنى كۆرۈپ، ئۆلچەمگە چۈشمىدىغانلارنى كېسىپ يۆتكەپ كېلىش ھەققىدە ھاكىمبېگىم ئۆز ئېغىزى بىلەن يارلىق چۈشۈرگەن يەردە ئۆزلىرىمۇ بار ئىدىلە. بىز نەچچىمىز مەھەللىمۇمەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى مەدرىسە قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان ياغاچلارنىڭ بەردى باينىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ ئەتراپىدا بارلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسەكمۇ، بۇ ياغاچلارنى پەقەتلا بەرمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر ھەقىقەتەن سېتىۋالماقچى بولساق سودىدا چوقۇم كېلىشىشىمىزنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ باھاسىنى سورىساق، ئاسمانغا يېچاق ئاتقاندەك چوڭ گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى بازاردا ئۇ قويغان باھاغا نۇرغۇن ئىشلارنى پۈتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇ گەپنى ھاكىمبېگىمگە دېيىشكە پېتىنالمىدىم، دورغام، ۋاقىتلىرى بولسا بەردى باي بىلەن ئۆزلىرى كۆرۈشۈپ باققان بولسىلا بوپتىكەن!

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم تۇرۇۋالدى ـ دە، سورىدى:

ــ قېنى، ئېنىقراق دېسىلە، ئۇ ياغاچلىرىنىڭ ھەربىر تۈپىگە قانچىلىك باھا قويىدۇ؟

ــ قىممەت، بەكلا قىممەت، دورغام، سىلىگە دېدىمغۇ، بەردى باي ھەربىر تۈپ ياغىچىغا قويغان باھاغا بازاردىن ئۈچ ـ تۆت تۈپ ئاشۇنداق چوڭلۇقتىكى ياغاچلارنى ئالغىلى بولىدۇ.

ــ ماقۇل، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، ئۆزلەمۇ باشقا مەھەللىلەردىكى ياغاچلارغا كۆز سالغاچ

تۇرسىلا، ئەگەر كېلىشەلىسەك سېتىۋالارمىز. كېلىشەلمىسەك مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلارمىز.
— ماقۇل، دورغام!
شېرىن ھاشىم ساقالنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۇدۇللا بەردى باينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ مەنزىلگە ھايالشمايلا يېتىپ، بەردى باينىڭ ئۆيىگە سالام بېرىپ كىرىپ كەلگەندە ئۇ ئەمدىلا داستىخانغا ئولتۇرغان بولۇپ، خىزمەتكار ئايال ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتاتتى. بەردى باي شېرىننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈردى. شېرىن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بىرەر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ مېھماننى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلاتتى ـ دە، ساھىبخانىنىڭ چىرايىدا بىرەر غەيرىي ئالامەتنى بايقىغان ھامان بىرەر باھانە ـ سەۋەبنى كۆرسىتىپ چىقىپ كېتەتتى. لېكىن، بۈگۈنكىسى باشقىچە بولدى. بەردى باي مەيلى ئۆزىنى خالىسۇن، خالىمىسۇن كۆرۈشۈشى، مەدرىسەگە كېرەكلىك ياغاچلارنى ئېلىشى لازىم بولۇپ قالغاچقا چاندۇرمىدى.
— ھە قېنى، يۇقىرىغا چىقسىلا، دورغام، بىللە غىزالىنايلى، راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، قوللىرى قانداقكىن؟!... — دەپ سورىدى بەردى باي بۇ چاقىرىلمىغان مېھماندىن بىزار بولغاندەك ئورنىدىن قوزغالمايلا.
— قولۇمنى ئەتىگەن يۇيغان، — دېدى شېرىن.
— قايسىڭ بار؟... — بەردى باي ئۇنلۇك توۋلىدى، — دورغامنىڭ قولىغا سۇ بېرىڭلار.

شۇ ئەسنادا ئاپتوۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرگەن بىرى كىرىپ شېرىننىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

ــ قىنى ئەمىسە بۇياقتا چىقسىلا...ــ بەردى باي يېنىنى كۆرسەتتى. شېرىن تېزلا ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باياتىدىن بېرى گەپ قىلماي قۇچىقىدىكى مۇشۇكنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان تۈكلىرىنى سىلاپ ئولتۇرغان بەردى باينىڭ ئايالىغا ھەيران بولغاندەك قارىدى. ئۇمۇ ئىشىك ئېچىلغاندىن بۇيان شېرىننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىردە ئۆزىگە، بىردە مۇشۇككە تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدى:

ــ قانداق دورغام، مۇشۇكۇم چىرايلىق، ئوماق، سېمىزمىكەن.

ــ ھەئە، دېگەنلىرىدەكلىكەن،ــ دېدى شېرىن قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەن ئۆتكۈر، دورغام، مانا بىر قاراپلا ھەممىنى بىلىۋاپتىلا، بۇ مۇشۇكۇم بەكمۇ ھوشيار، ئەقىللىك، سىلىگە دېسەم، بۇ مۇشۇك قولۇمغا مۇشتۇمدەك چېغىدىلا چۈشكەن دېسىلە، شۇنىڭدىن بۇيان بۇنىڭ يېگەن تائاملىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزۈم چايناپ بەرگەن.

شېرىن باياتىن ئۇنىڭ داستىخان ئالدىدا ئولتۇرۇپمۇ مۇشۇكنى سىلاۋاتقانلىقىدىن سەل بىزار بولۇپ تۇرغاچقا، تېزلا ئېغىز ئاچتى:

ــ ئۇنداقتا بۇ مۇشۇكنىڭ يېگەن چاشقانلىرىنىمۇ ئۆزلە چايناپ بەرگەنما؟

— هۆ... هۆ... غىزا ۋاقتىدىمۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلامىلا، دورغام؟ مېنىڭ قۇسقۇم كېلىۋاتىدۇ...— بەردى باينىڭ ئايالى قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تېزلا تالاغا چىقىپ كەتتى. بەردى باي ئەمدىلا قوشتىن چىققان ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ قويغاندىن كېيىن خېلىلا سوۋۇغان گۆشنى بىر لوقما، بىر لوقمىدىن پارچىلىغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ھازىر ئىشلىرى بەكلا ئالدىراشمۇ، دورغام؟

— ئۇنى بىر دېمىسىلە. گاھىدا غىزالىنىش تۇگۇل، باش قاشلاشقىمۇ ئارام يوق،— دېدى شېرىن.

— ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، دورغام، بۇ دۇنيادا تىرىك ئادەمنىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ. ئىشى يوق ئادەم گۆردە، شۇڭا مۇسا بېگىمنىڭ خىزمىتىنى دەپ ئۆزلىرىنى بەك ئالدۇرۇۋەتمىسىلە، مەندەك يېقىن بۇرادەرلىرىنىمۇ تاشلىۋەتمىسىلە، سىلىگە ئايان، مېنىڭ كۆڭلۈم سىلىگە يېقىن. ئادەم دېگەن كۆڭلى يېقىن ئادەمدىن ئاسانلا ئاغرىيدىكەن، راست گەپنى دېسەم، ئۇلۇشكۈن قىزىمنىڭ تويىغا چاقىرسام كەلمىدىلە،— بەردى باي سۆزلىگەچ پولۇ ئۈستىدىكى گۆشتىن ئالدىغا تارتتى،— ئالدىنقى يىلى ئات قويدىسىغىمۇ كەلمىدىلە، بۇ يىل ئەتىيازدا بۆلەك قىلىپ، ئۆي ئايرىپ بېرىش چېيىغا باغاق ئەۋەتسەممۇ مېنى ياراتمىغاندەك داخىل بولمىدىلا...

شېرىن ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گەپتىن كېيىن، گۆشنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى ـ دە، بەردى باينىڭ ئالدىغا دۈۋىلىنىپ بولاي دېگەن گۆشلەرگە قولىنى سوزدى.

— جاھان پاتىپاراق، باي غوجام، شۇڭا ۋاقىت چىقىرالمىدىم،— شېرىن گۆشلەرنى چېچىۋەتكەندىن

كېيىن بىر نەچچە تالنى بارماقلىرى ئارىسىغا يىغدى، — بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى چوقۇم ھۇزۇرلىرىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتقىلى كېلىمەن.

بەردى باي ئۇنىڭ سۆزلىگەچ بارماقلىرى ئارىسىغا يىغىلغان گۆشلەرنى تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ئېغىزىغا سالغانلىقىنى كۆرۈپ، يىلان چاققاندەك تولغىنىپ قويدى - يۇ، ئەمما چاندۇرمىدى.

— قېنى، چوڭ - چوڭ باقسىلا، دورغام، ئۆزلىرىنى ئات - تۆگە سويۇپمۇ چىللاپ كەلگىلى بولمايدۇ، — بەردى باي سۆزلىگەچ گۆشلەرنى بىر - بىرلەپ تەردى - دە، سوۋۇپ تېڭىغا كېلىپ قالغان پولۇنى ئالدىغا تارتتى - دە، ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سىقتى. ئادەتتىكى ۋاقىتتا تۆت - بەش كاپام كېلىدىغان ئاش قاتتىق كۈچ تەسىرىدىن بىر لوقما ھالەتكە كەلدى. بەردى باي ئاشنى ئېغىزىغا سالدى - دە، چاينىمايلا يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان شېرىنغا قاراپ قويدى.

— ئالسىلا دورغام، غىزا دېگەننى قىزىق - قىزىق يېمىسە، سوۋۇپلا قالسا ئادەمنىڭ ئېغىزىغا تېتىمايدۇ...— بەردى باي يەنە سوۋۇغان ئاشلارنى ئالدىغا تارتتى - دە، ئېغىزىغا سالدى. شېرىن ئەمدى يەنە تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، غىزالىنىشقا تۇتۇندى. داستىخان يىغىلىپ، دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن دورا - دەرمەكلىرى ئوبدان تەڭشەلگەن چايدىن ئىچىشتى.

— بىرەر ئىش سەۋەبلىك غېرىب خانىمگە قەدەم تەشرىپ قىلدىلىمۇ، دورغام؟ بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ پايى قەدەملىرى بۇ كەپەمگە ئاسانلىقچە يەتمەيتتى، — دېدى بەردى قولىدىكى ھېچىر پىيالىنى قويغاندىن كېيىن.

— ھەئە، ئۆزلەنى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى شېرىنىمۇ يوشۇرمايلا، — ئۆزلەنىڭ ھاكىمبېگىمنىڭ پەرمانى بىلەن مەدرىسە سېلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلىرى باردۇ؟

— بار... بار... — بەردى باي بىردىنلا سەگەكلەشتى، — ئۆزلىرى شۇ ۋەجىدىن چىقتىلىمۇ؟ بەلكىم خەۋەرلىرى يوق ئوخشايدۇ، پېقىر قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئاتىغىنىمنى سېلىم بەگ ئاشىرغا ئاپىرىپ بەرگەنمەن، ئەمدى يەنە...

— يوقسۇ، ئۆزلە مېنىڭ بۇ يەرگە چىقىشىمنى باشقىچە ئويلاپ قالغان ئوخشايلا، مەن بۇ ئىش بىلەن ئەمەس، باشقا بىر ئىش سەۋەبىدىن ھۇزۇرلىرىغا چىقتىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەردى باينىڭ كۆزلىرى بىردىنلا جامدەكلا ئېچىلدى ـ دە، شېرىنگە تىكىلدى.

— خوش، قېنى دەۋەرسىلە، دورغام. قۇلىقىم سىلىدە!

— ئۆزلىرى نەچچە كۈن ئىلگىرى ھاشىم ساقال بىلەن كۆرۈشكەنمۇ؟

— كۆرۈشكەن.

— مەن يەنە شۇ ئىش بىلەن ئۆزلەنى ئىزدەپ كەلدىم. يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، كۆل كولاش، مەدرىسە سېلىش ئىشلىرى ئەزەلدىن ئۆزلە ۋە مەندەك مۆمىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش سانىلىپ كەلگەن. ھازىر ھاكىمبېگىم بۇ ساۋابلىق ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ كىرىمى ئۆزلە ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. كىرگەن كىرىم گاھىدا خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا يەتمەيدىغان ئىشلارمۇ بار، بەلكىم ئۆزلەمۇ كۆرۈۋاتقانلا،

بۇ ساۋابلىق ئىش باشلانغاندىن بۇيان پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. بىكار ۋاقىتلىرى بولسا هازىر كېسەك قۇيۇلۇۋاتقان جايغا بارسىلا كۆرىلا، ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىۋالغان باللار چېغىدا كېسەك يۆتكەشكە ياردەملىشىۋاتىدۇ. بىراق، ئۆزلە ياغاچلارغا بەك ئۆرە باها قويۇۋالسىلا قاملىشارمۇ؟!

بەردى باي ئىككى يېنىغا قىمىرلاپ قويدى ـ يۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى. شېرىنمۇ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈۋاتقاندەك بىردەم ئولتۇردى ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرغان ئوزايىغا قاراپ يەنە ئېغىز ئاچتى.

ــ بۇ ئىشنى تېخى هاكىمبېگىمگە مەلۇم قىلمىدىم، بەردى باي، ئۇ كىشى ئاڭلىسا نېمە دەيدىغانلىقىنى، ئۆزلەگە قانداق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، گەپنىڭ چىرايلىقىنى هازىر دەپ قوياي، ياغاچلىرىنى بازار نەرقىدە سېتىپ بېرىشكە قوشۇلسىلا، ئۇ چاغدا باهادا كېلىشكەندىن كېيىن كېسىپ يۆتكەپ كېتىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ماقۇل بولماي، يەنە ئۆزلە چالغان داپقا ئۇسسۇل ئويناۋېرىدىغان بولسىلا، بۇمۇ ئىختىيارلىرى. كېيىنچە مەندىن، هاكىمبېگىمدىن خاپا بولمىسىلا...

بەردى باينىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئادەم ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل چۈشىنىكسىز، مۇرەككەپ ئىپادە كۆرۈلدى ـ دە، ئالدىراپ سورىدى:

ــ سىلى دېگەندەك ئىشلارمۇ بولارمۇ، دورغام؟

ــ مەن كېيىنچە بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ چىقماسلىقىغا هۆددە قىلالمايمەن، شۇڭا بۇ ئىشتا ئالدى ـ كەينىلىرىنى ئوبدانراق دەڭسەپ كۆرگەنلىرى تۈزۈك.

بەردى باي بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك بېشىنى تاتىلاپ قويغاچ، ئەمدىلا جۇۋازدىن چىققان كالىدەك پۇشۇلداپ قويدى.

— سىلى ئۇ تېرەكلەرنى كۆرمىدىلە، دورغام. يوغان، تۈز، ئوبدانلىقىدىن ئادەمنىڭ بىردەم قاراپ ئولتۇرغۇسى كېلىدىغان تېرەكلەر ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ نەچچە قېتىم ئۆيۈمنى يېڭىلاي دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، لېكىن تېرەكلەرگە قاراپ كېسىشكە قولۇم بارمىدى. شۇڭا، «بەرمەيدىغان قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دېگەندەك ئىش قىلىپ، باھانى ئۆرلىرەك قويسام تېرەكلەر ساقلىنىپ قالامدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، دورغام. مانا ئەمدى ئۆزلىرى... ئەستا، تازا بىر ئىش بولدىغۇ بۇ! تېرەكلەرنى سېتىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ. مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا بەرمىسەم، ھاكىمبېگىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقىمەن. ۋاقتى كېلىپ قالسا ھاكىمبېگىم بىر ئامالىلار بىلەن دەردىنى ئالىدۇ... مەيلى دورغام! قارىغاندا مېنىڭ باشقا تاللاش يولۇم قالمىغاندەك قىلىدۇ. بىكاردىن ھاكىمبېگىمنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىپ قويغۇچە سىلى دېگەندەك ياغاچلارنى ساتسام ساتاي!... بۇ گەپلەرنى ھەرگىز ھاكىمبېگىمگە تىنىپ سالمىسىلا...

شېرىن شۇندىلا كۆلۈمسىرەپ قويىدى ـ دە، ئېغىز ئاچتى:

— مانا ماۋۇ گەپلىرى ئوبدان بولدى، ئەقىللىرىنى ۋاقتىدا تېپىۋالدىلا. ئەگەر پۇرسىتى كەلسە ئۆزلەنىڭ ياخشى گەپلىرىنى ھاكىمبېگىمگە يەتكۈزىمەن.

— ھەشقاللا... ھەشقاللا، دورغام!

— ئەمىسە ياغاچلارنىڭ باھاسىنى ئۆزلە بىلەن بىللە بېكىتىمىزمۇ يا ھاشىم ساقال بىلەن دېيىشىۋالامىلا؟

— بۇنداق ئىشقا ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي، دورغام، ھاشىم ساقال شاگىرتلىرى بىلەن ھەرە، پالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ ياغاچلارنى كېسىشكە كەلسۇن. ئۇلارغا يارىغانلىرىغا بەلگە ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن باھاسىنى كېلىشىۋالىمىز.

— ماقۇل ئەمىسە، لېكىن باھا ئۆرە بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى شېرىن بەردى باينىڭ ئۆزى بىلەن سودىلاشسا زىيان تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تېزلا «زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان» باھانە تاپقانلىقىغا قايىل بولغاندەك، — بولمىسا كېيىن «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشقان»دەك بولۇپ قالىدۇ.

— يوقسۇ، ئۇنداق قىلىشقا ھەددىممۇ مېنىڭ، دورغام! ئۆزلىرى بۇ ئىشنى بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىسىلە...

— ماقۇل، ئەمىسە «لەۋز ھالال» دەيدىغان گەپ بار، لەۋزىلىرىدە تۇرسىلا.

— خاتىرجەم بولسىلا، دورغام! ۋاقتى كەلسە ھاكىمبېگىمگە ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويارلا.

شېرىن ئورنىدىن تۇردى - دە، بەردى باينىڭ يەنە بىردەم ئولتۇرۇش ھەققىدىكى سەمەرقەنت تەكلىپىنى رەت قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ، كېسەك قويۇۋاتقانلار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇ يىلى مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك كېسەكلەر قويۇلۇپ، ياغداغلىقنىڭ لېۋىگە خۇمدان سېلىنىدى - دە، پىششىق خىش پىشۇرۇلۇپ تەييارلاندى. ھالبۇكى سوغۇق چۈشۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئىش توختىتىلىپ، كېيىنكى يىلى باھار ئايلىرى كىرىشى بىلەن تەڭلا يەنە ئىش باشلاندى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ، شېرىنمۇ بۇ

كۆنلەردە كۆندە دېگۈدەك قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئايرىلمىدى. ھەر كۈنى تاملار بىر غىرىچ بىر غىرىچتىن ئېگىزلەپ باردى. ياغاچچىلارمۇ ئەسلىدە بېكىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، ياغاچلارنى چوتلاپ راسكارلىقتا ئىلىش، گۈل ئويۇپ نەقىش چىقىرىش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغان بولغاچقا، خىشلار تىزىلىپ بولۇشى بىلەن تەڭلا ئۈستى يېپىلىشقا باشلىغانىدى.

— يەنە ئون نەچچە كۈندە چالاندۇرۇق ئىشلار تۈگەيدۇ، ھاكىمبېگىم، ئاشۇ چاغدا يۇرتىمىز تەۋەسىدىكى ناغرا - سۇنايچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ يەرنى قىزىتىۋېتىمەن، — دېدى شېرىن مەدرىسەنىڭ ئوقۇتۇش ئۆيى، مۇدەررىسلەرنىڭ خاس خانىسى، ئاشخانا، مۇستەھەپ ئۆيلىرى، تالىپلارنىڭ ياتاقلىرىنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەدرىسە ھويلىسىدىكى كەڭ سەينادىكى پارچە خىشلارنى يۆتكەۋاتقان كىشىلەرگە قاراۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگكە، — ئۇ چاغدا بۇ مەدرىسەنىڭ نامى بىراقلا چىقىدۇ.

— بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقمىكىن، دورغام، بىز بۇ ئىشلارنى باشلىغاندىن باشلاپ يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر كۈندە دېگۈدەك كېلىپ، بۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى يەنە داۋراڭ سېلىۋەرسەك «قۇل ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماس، دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆي قالماس» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن!

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن بولغىنى ياخشى، بۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش بولمىسا - يا، — دېدى شېرىن.

— ياق دورغام، ياق، سەن ئۇنداق ئويلىمىغان بىلەن ئادەم دېگەننىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققىلى بولمىغاندىكىن، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ يېگىنى ئوغا، ئىچكىنى زەھەر بولۇپ، كۇندۇزدىكى غىزادىن، كېچىدىكى ئۇيقۇدىن قالغان ئادەملەر يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئالدىڭدا كۇچۇكلىنىپ، ھىجايغاننىڭ ھەممىسىنى دوست دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر سەن دېگەندەك ناغرا ـ سۇناي چېلىپ تەبرىكلىسەك، «تازىنىڭ نېمىسى بار — تۆمۈر تارغىقى» دېگەندەك، قاراڭلار، مۇسا ھاكىمبەگ بىر مەدرىسە بىنا قىلىۋىدى، باشقىلار بىلمەي قالمىسۇن دەپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى...» دەيدىغانلار چىقمايدۇ دەپ ھۆددە قىلالمايمەن. مەن بۇ ئىشنى ئۆز نامىمنى قالدۇرۇشقا، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى داۋراڭ سېلىپ خەقنىڭ كۆزىنى قىزارتىشقا ئەمەس، بەلكى ساۋابلىق ئىش قىلىشقا، سەن دېگەندەك كىشىلەرنىڭ دىلى ئوچۇق بولسىمۇ، كۆزى كور ھالەتتە ئۆتۈپ كېتمۇەرمەسلىكى ئۇچۇن قىلىۋاتىمەن. شۇڭا، ئارتۇقچە ھەشەم ـ دەرەم قىلىپ باشقىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويمايلى.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ يۇ، بۇ ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە يەنە قايتا ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ ئاستا ـ ئاستا قايىل قىلمىسا، ھازىرقىدەك تەرەپبازلا ئېغىز ئېچىشنىڭ ئوبدان بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ماقۇل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— يۇر، مەھكىمە شەرئىگە بېرىپ، قازى ئاخۇنۇمدىن بۇ مەدرىسەگە تەيىنلەنگەن مۇدەررىسلەرنىڭ، ئوقۇشقا خەتلەنگەن تالىپلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ كۆرەيلى.

— ماقۇل، بېگىم،— شېرىن دورغا تېزلا ئىپادە بىلدۈردى.

مۇسا هاكىمبەگ ئاخىرى دېگىنىنى قىلدى. ئۇ شېرىنىڭمۇ، ئىنىسى ئورايىم بەگلەرنىڭمۇ سەممىي ئۆتۈنۈشلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ، مەدرىسەنىڭ ئوقۇش باشلايدىغان كۈنى ناغرا ـ سۇناي چېلىشقا پەقەتلا ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەگلەر، باۋۇدۇن باي، قاسىم باي قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر كالا، قوي، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇ كۈنى مەدرىسە ھويلىسىدا قان ئېقىتىلىپ، دۇئا ئوقۇلغاندىن كېيىن، داش قازانلاردا شورپا قاينىتىلىپ پولۇ ئېتىلدى. مۇسا ھاكىمبەگ باشقا ھەمراھلىرى، قازى ئاخۇنۇم، مۇدەررىسلەر، تالىپلار ۋە بۈگۈنكى بۇ قۇتلۇق ئىشنى مۇبارەكلىگىلى كەلگەنلەر بىللە غىزالاندى. غىزادىن كېيىن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خەتمىقۇرئان قىلىنىپ، ھەممەيلەن دۇئا قول كۆتۈرۈشتى. مۇسا ھاكىمبەگ شۇنىڭدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان، يەردىن بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان، ئالتە پەشتاق ئارقىلىق پېشايۋانغا چىققىلى بولىدىغان، كۈچلۈك كۈن نۇرىدا خىشلىرى كۆپكۆك كۆرۈنىدىغان مەدرىسەنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارىدى[1]. ئاندىن يەنە بىر قېتىم مۇدەررىسلەرنىڭ خاس ھۇجرىلىرى، تالىپلارنىڭ ياتىقى، ئاشخانا،

---

[1] بۇ مەدرىسە دەسلەپتە «مۇسا بېگىم مەدرىسەسى» دەپ ئاتالغان. ئەمما، شۇ زامانلاردا كېرىيەدە پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولمىغاچقا، ئاۋام بۇ مەدرىسەنى «پىششىق خىش مەدرىسەسى» دەپ ئاتىغان. بۇ مەدرىسە تاكى 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 ـ يىلى تاقىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇزۇل ـ كېسىل بۇزۇپ تاشلانغان.

مۇستەھەپخانا قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھاللاڭ تۇرغان ئىشىك تۈۋىدە توختىدى. شۇئان ئىچكىرى تەرەپتىن مۇدەررىسىنىڭ ياڭراق، ۋەزمىن ئاۋازى ياڭرىدى.

— ئىلىم تۈگىمەس بايلىقتۇر. كىمكى بۇ بايلىققا ئېرىشسە ئۆمرى بەخت ـ سائادەتكە پۈركىنىدۇ. بىلىملىك كىشى مەڭگۈ غالىبتۇر. شۇڭىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «بىلىمى كۆچلۈك مىڭنى يېڭەر، بىلىكى كۆچلۈك بىرنى يېڭەر»، «بىلىملىك كىشى خار بولماس» دەيدىغان گەپلەرمۇ بار. دىنىمىزنىڭ نۇرلۇق قۇياشى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللامىمۇ «بىلىم يىراق چىن (جۇڭگو)دا بولسىمۇ بېرىڭلار» دېگەن. شۇڭا، سىلەر چوقۇم دىلىڭلارنى يورۇتۇپ، كۆزۈڭلارنى روشەنلەشتۈرىدىغان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭلار جايىزدۇر. ئىلىم مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان بۇلاق، ئىلىم بىباھا بايلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ھەربىرىڭلار جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدىغان روھ بىلەن بۇ بەختنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭلار كېرەك!...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قەلب دەرياسى دولقۇنلىغاندەك، ۋۇجۇدى شامال سوققان ياپراقتەك تىترىدى ـ دە، ئاستا كەينىگە يېنىپ، سەل يىراقتا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان شېرىن، ئىبرايىم بەگ، قاسىم باي، ھېلىمشاھ مىرزىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ بەرىكاتىدا،— دېدى ھېلىمشاھ مىرزا مۇسا ھاكىمبەگ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن،— ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، بايلار بىرلىشىپ يۇرت ـ يۇرتلاردا مەدرىسەلەرنى بىنا قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ

بىلىشىمچە، يەنە ئاز كۈن ئىچىدىلا ھېيتگاھتىكى دۆڭ مەدرىسەسى، كۆكيارىدىكى توقسۇن موللام مەدرىسەسى، قاراڭغۇ سايدىكى سەيدى ھاجىم مەدرىسەسى، ھالدىكى ئاخۇنلۇقۇم مەدرىسەسى، ئاستىن ئۆيدىكى مۇھەممەتنىياز ھاجىم مەدرىسەسى، قارلۇق ئۆستەڭ بېشىدىكى ئاخۇن ھاجىم نامىدا ئاتالغان مەدرىسەلەردە ئوقۇش باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئورۇندا مەدرىسە سېلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. قارىغاندا يەنە ئىككى - ئۈچ يىلدا ھاكىمبەگلىك تەۋەسىدىكى باشقا يۇرتلاردىمۇ مەدرىسەلەر ئاپىرىدە بولۇپ، ئوقۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كەيپىيات بەرپا بولغۇدەك.
— خەيرلىك ئىشلارنىڭ باشلانمىقى تەس بولغىنى بىلەن ئاخىرى ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدۇ،— دېدى قاسىم باي ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن،— بەلكىم بايا ھەرقايسىلىرىمۇ ئاڭلىغانلا، خېلى - خېلى بايلار بۇنىڭدىن كېيىن خەير - ساخاۋىتىنى مۇشۇنداق مەدرىسە ئىشلىرىغا ئاتايدىغانلىقىنى دېيىشتى. قارىغاندا ئۇلارمۇ مەدرىسە بىنا قىلىشنىڭ ئىككى ئالەملىك ساۋابى ۋە خەيرلىكلىكىنى ئاز - تولا چۈشىنىشكەن ئوخشايدۇ.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم،— دېدى ئورايىم بەگمۇ،— بۇ ئىش ئاخىرى روياپقا چىقسا، ئاكامنىڭ ئاز - تولا ھاردۇقى چىقتى. بايا قارىسام تالىپلار بىلەن خېلى ئۇزاق مۇڭدىشىپ چىقتى. بىر - ئىككى مۇدەررىسنىڭ تەلەپ - ئىنكاسلىرىنىمۇ ئاڭلىدى. مەنغۇ بالا چاغلىرىمدا مەرھۇم ئاتامنىڭ زورى بىلەن ئاكامغا ئەگىشىپ يۇرۇپ مەدرىسەدە ئالتە - يەتتە يىل ئوقۇغان. لېكىن، ئۇ ۋاقىتتىكى بىلەن ھازىرقىنى سېلىشتۇرغىلى

بولمـايدۇ. هال ـ ئـوقـتى جـايـىدا، قول ئـىـلكـىـدە بـار كىشىلەرغۇ بالىلىرىنىڭ ھەپتىيەك، دەپتەرلىرىنى ھـەل قىلىپ بېرەر، ئـەمما بىـر كۈنلۈك روزىغارىغا ئـاران ـ ئاران چىقىش قـىلىۋاتقـانلارچۇ؟!... بەزى بـالىلار ھازىـر دەماللىققا قىزىقىپ مەدرىسەگە كەلگىنى بىلـەن كـېيىـن تۇرمۇش موھتاجلىقىدىن يېرىم يولدا توختاپ قالىسچۇ؟

— بۇ تەرسپىنى مـەنمۇ ئويلىغان، قـېنى دەڭە، بـەگ ئىنىم، بۇ ئىشلارنى سىزچە قانداق قىلماق تۈزۈك؟

— مـەن تېخـى بـۇ ئىشـلارنـى بەكمـۇ چـوڭقـۇر ئـويـلاپ كېتەلمىدىم، لېكىن مەدرىسەلەرگە ئاجرىتىلىغان ۋەخپە يـەر تالىپلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىلەن مۇدەررىسلەرنىڭ ئىش ھـەقـقـىـنـى تـولـۇق قانـدۇرۇپ كـېـتەلـمـەيـدۇ. بـولـۇپـمـۇ مۇدەررىسلەرنىڭ تۇرمۇشىـنى ياخشـى ئورۇنلاشتـۇرمىغانـدا، تالىپلارنى يارامـلىـق تەربىيـەلـەپ چىقـقىلى بـولمايدۇ. ئـۇلار بىز ئوقۇغان چاغدىكىدەك تـالىپلارنـىڭ پەيشـەمبىلـىكىگـە قاراپ قالسا بولمايدۇ. يەنە تالىپلارنىڭ تامىقىنىمۇ ئوبدانراق ئورۇنـلاشـتۇرۇش زۆرۈر. شۇنـداق قـىلسـاق، دەسلـىپـىـدە تېخىمۇ كۆپرەك بالىلارنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

— ھۆششەرە بېگىم، بۇ مەسلىھەتلىرى تولىمۇ ئوبدان بولدى،— دېدى شېرىن،— يەنە مۇشۇ ئىشلارغا قوشۇپ تالىپلارنىڭ كىتابلىرى بىلەن دەپتەرلىرىنىمۇ ئويلىشىپ قويغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق، بولمىسا ئۇلار ئوقۇيدىغان، يازىدىغان ۋاقتىدا قىيىنلىپ قالىدۇ.

— مـانا بەلەن مـەسلىھـەت ئـەمدى چـىقىۋاتـىدۇ...— مـۇسا ھـاكـىمبـەگ يـارەنلىـرىـدىـن خۇرسـەن بـولـۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى،— ھامـىنى بىـر ئادەمنىڭ ئـەقلى بىـرچە، كۆپ ئادەمـنىڭ ئـەقـلى كۆپچـە بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى كېلەركى ئايدا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ

بەگلىرى كېلىپ قاتنىشىدىغان كېڭەشتە ئوبدانىراق مەسلىھەتلەشسەك بولغۇدەك. لېكىن، بەزى ئىشلارنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ. ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ كېڭىشى ئېچىلغىچە بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە تەرغىبات ئىشلىرىنى ئىشلىگەچ تۇرايلى. قول ئىلكىدە بارلار، روزىغارى كۆندىلىك تۇرمۇشىغا يېتىشىدىغانلار ئۆزى خالاپ مەدرىسەلەرگە پۇل ـ پۇچەك، ئاشلىق، قوي، كالا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىسۇن. بىزمۇ بالىلىرىنى مەدرىسەگە بەرگەنلەرنىڭ زىممىسىدىكى ئالۋان ـ ياساقلارنى كۆتۈرۈۋېتەيلى، ھەممىدىن مۇھىمى تەۋەيىمىزدىن قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە سودا ـ تىجارەت بىلەن چىقىدىغانلار بىلەن ئالاقىلىشايلى. ئۇلار تالىپلارغا كېرەكلىك لازىمەتلەرنى ئالغاچ كەلسۇن، باھاسى قىممەت بولسىمۇ مەيلى. ھەممە خىراجىتىنى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسى چىقارسۇن.

— بارىكاللا ئاكا، مانا ئەمدى پۇتۇنسۇرۇك بىر يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئوخشىدىڭىز. مۇشۇنداق ئىشلاردا ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ پەقەت ئورنى يوق. ئىشلارنى مانا مۇشۇنداق كېسىپ قىلىش كېرەك. بۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىز مەندىن رەنجىپ قالمىسۇن. بۇ يۇرتتىكى ئادەملەر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قاششاقلىقنىڭ، نامراتلىقنىڭ زۇلمىنى ئاز تارتمىدى. ئۇلار كۆپىنچە ئىشلاردا ئىلغارلىقنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ. كۆزى قورقۇپ كەينىگە تىرەجىۋالىدۇ. لېكىن، باشقىلار ئاز ـ تولا پايدىسىنى كۆرۈپ، ھال ـ ئوقىتى ياخشىلانغان ھامانلا ئاشۇ ئىشقا خۇددى كاندەك چاپلىشىۋالىدۇ. مەن دېمەكچى، مەدرىسە قۇرۇش، مەدرىسەلەردە ئوقۇش يۇرتىمىزغا نىسبەتەن يېڭى ئىش بولمىسىمۇ، ئەلمىساقتىن بۇيان ھۆكۈمدارلارنىڭ، بەگلەرنىڭ،

بايلارنىڭ، قول ئىلكىدە بارلارنىڭلا بالىلىرى ئوقۇش پۇرسىتىگە نائىل بولغان. ناگان ـ ناگاندا ئىزىپ ـ تېزىپ بىرەر پۇقرانىڭ بالىسى مەدرىسەگە كىرىپ ئوقۇغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلار بۇ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەن. بۇ قېتىم كىشىلەر بالىلىرىنى مەدرىسەگە بەرگىنى بىلەن كېيىن بىز ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى پەيدا بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدىمىزغا كېلىدىغان ئىشلارنى ئوبدان ئويلاپ بېقىشىمىز زۆرۈردۇر. ھازىرقى گېپىڭىزنى جايىدا بولدى، دېيىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ تالىپلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشىگە كېرەكلىك ماددىي بۇيۇملارنى ئىلاج بار بۇرۇن تەييارلاپ قويالىساق، كېيىن نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇستۇن ئورۇندا تۇرالايمىز.

— ئورايىم بەگ گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى دەۋاتىدۇ، — دېدى شېرىنمۇ، — ئۆزلەنىڭ ھازىرقى گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى. شۇڭا، بىز سۇ كەلگۈچە توغان سېلىۋالساق كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىشلاردىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن تەرەددۇتلاندى. دەل شۇ چاغدا نەۋرۈز ئۇلارنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كەلدى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ قول باغلاپ، بېشىنى سەل ئەگكەندىن كېيىن مەلۇم قىلدى:

— تېخى ھازىرلا يېسيۇلغۇنلۇق[1] ھېلىم ھاجىم بىلەن

---

① يېسيۇلغۇن — يەر نامى، ھازىرقى كېرىيە ناھىيەسى بىلەن نىيە ناھىيەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەنت. ئۆز ۋاقتىدا كارۋانلار قونۇپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ ئىدى.

قارلۇقتىكى تۇرسۇن باي سالامغا كەپتۇ، مۇسا بېگىم، ئۇلارنىڭ مەدرىسەگە ئاتىغان كۆڭلى بار ئىكەن، يەنە تېخى ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سەمىنىلىرىدىن ئۆتكۈزىدىغان خۇسۇسىي ئىشى بار ئوخشايدۇ.

— ئۇلار ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ تېزلا.

— ئەنە، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا... — نەۋرۇز بېشى بىلەن مەدرىسە دەرۋازىسى تەرەپنى ئىشارە قىلدى. ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلسۇنمۇ ياكى...

— بولدى، ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەندىكىن بىز ئالدىغا چىقايلى، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ دەرۋازا تەرەپكە ماڭغاچ، — قېنى يۈرۈڭلار.

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ بوسۇغا تۈۋىدىلا تۇرغان ھېلىم ھاجى بىلەن تۇرسۇن باينىڭ ئالدىدا توختاشتى - دە، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھەكىمۋاتۇ، ئېزىپ قالماي بۇ يەرنى تېپىپ كەپلا، ھاجىم؟ — ئورايىم بەگ ھېلىم ھاجى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ چاقچاق قىلدى.

— مېنىڭ رايىمغا قويۇپ بەرسە بۇ يەرگە كېلىشىم تەس ئىدى، لېكىن ماۋۇ تۇرسۇن ئاخۇن باي ئالدىغا سېلىپ كەلگەچكە، ئېزىپ قالماي ئۇدۇللا كەلدىم، — دېدى ھېلىم بايمۇ جاۋابەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. پەقەت شېرىنلا ئۇلار قايسى ئىشنى ئىما قىلىپ چاقچاقلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالدى. ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشكەندىن كېيىن ھېلىم ھاجى ئېغىز ئاچتى:

— بۇ يەردىكى خەيرلىك، ساۋابلىق ئىشتىن خەۋىرىم

بولسىمۇ، لېكىن يېسىۋلغۇن بىلەن بۇ يەرنىڭ ئاربلىقى يىراق بولغاچقا، بەزى ئۇچۇرلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولغىلى بولمايدىكەن. ھەرنېمە بولسا، تۇرسۇن ئاخۇن باي خىزمەتكارىنى ئەۋەتىپتىكەن. بۇگۈنكى بۇ خەيرلىك ئىشنى ئاڭلاپلا يولغا چىقتىم. كېيىنچە ئويتوغىراقتىمۇ توختىماي ماڭغان بولسامۇ، لېكىن ھەيدەپ ماڭغان مال ـ چارۋىلار بولغاچقا، يول پەقەتلا ئاۋۇماي تاس قاپتىمەن «ھېيتتىن كېيىن ناغرا، توبدىن كېيىن زاغرا» دېگەندەك ئىش قىلغىلى...ـــ دېدى ھېلىم ھاجى كۆلۈپ،ـــ باشقىلاردىن سورىسام ئەتىگەن قان قىلىنىپ، ساراخەتمە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەل ـ يۇرتقا نەزىر بېرىلىپتۇ. لېكىن، مېنىڭ ئاتىغان ماللىرىم مانا ھازىر كەلدى. بۇنى كىمگە تاپشۇرىمەنكىن، ھاكىمبېگىم؟

مۇسا ھاكىمبەگ سەل نېرىدىكى تۆت تۇياق كالا بىلەن ئون نەچچە تۇياق قويغا قاراپ قويدى.

ـــ ماۋۇسى ھېلىم ھاجىمنىڭ ئاتىغىنىكەن، ھاكىمبېگىم،ـــ دېدى تۇرسۇن بايمۇ ئالدىراپ سۆزلەپ،ـــ مېنىڭمۇ يىگىرمە تۇياق ئېرىكىم بار، خىزمەتكارلار ھازىر ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، بەلكىم ھايالشمايلا كېلىپ قالار.

ـــ ھەرقايسىلىرىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت،ـــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ خۇرسەن بولغاندەك،ـــ ئۆتكەن يىلى مەدرىسە قۇرۇلۇشى باشلانغاندا ھەر ئىككىلىرى سېخىي ئالىقانلىرىنى ئاچقان ئىدىلە، مانا ھازىرمۇ قاراپ تۇرمىدىلا.

ـــ بۇنداق دېسىلە بىزنى يات كۆرگەن بولۇپ قالىدىلا، ھاكىمبېگىم...ـــ دېدى ھېلىم ھاجى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ رەنجىگەندەك تەلەپپۇزدا،ـــ باشقا ئادەم

بىلمىسىمۇ، مەن ئوقۇشنىڭ، ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلەشنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۆزلىرىگە سىر ئەمەس، پېقىر مەككە ـ مۇكەررەمگە ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرىمدە نۇرغۇن ئەللەرنى، شەھەرلەرنى كۆرۈپ كۆزۈم ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ يەردىكى تەرەققىياتلارنى، بىز ئەقلىمىزگە سىغدۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغان، بىلىم ئالغان ئادەملەر قىلىدىكەن، ئەمەسمۇ؟! مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئوقۇيالمىغىنىمغا تولىمۇ ئۆكۈنگەن، ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتكەنىدىم. مانا يۇرتىمىزدا مەدرىسە ئېچىلدى، بۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋامنىڭ پەرزەنتلىرى. يەنە ئون بەش ــ يىگىرمە يىللار ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ، بىر ـ ئىككىسى نام چىقىرىپ ئەلگە تونۇلالىسا، سىلى بىلەن باشقىلار شۇنىڭدىن خۇشال بولغان بولاتتۇق. ئەنە ئاشۇ كىشىلەر ئارقىلىق يۇرتىمىزنى تونۇتقىلى، ئاۋۇ ئادەم بىزنىڭ يۇرتتىن چىققان دەپ پەخىرلىنىپ سۆزلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق خەيرلىك ئىشقا مەيلى قانچىلىك ئادەم سېخىي قوللىرىنى سوزسۇن، ياردەم بەرسۇن ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ...

ــ ھا... ھا... ھا... بۇ گەپنى بەكمۇ كۆڭۈللىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە، ھاجىم. مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم، بولدى، سىلىنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەندىم. شۇ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، مەدرىسىگە ئاتاپ ئەكەلگەن كالا بىلەن قوينى قوبۇل قىلدىم. قېنى سەن، شېرىن دورغام، نەۋرۇز بىلەن بىللە ماللارنى ئارقا ھويلىدىكى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويغىن.

— ماقۇل. مانا ھازىرلا...— دېدى شېرىن چارۋىلار تەرەپكە ماڭغاچ،— قېنى نەۋرۇز، سەن ئاۋۇ تەرەپتىن ھەيدىگىن.

ئۇلار قوي - كالىلارنى مەدرىسەنىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىكرەك بىر قوش قاناتلىق ئىشىكتىن ھەيدەپ كىرىپ، مەدرىسەنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئالاھازەل يىگىرمە — ئوتتۇز تۇياقچە كالا، بىرەر يۈز تۇياقچە قويلار بار ئېغىللارغا ئايرىم - ئايرىم سولاپ، ئېغىلنىڭ غارىلىنى مەھكەم ئېتىۋەتكەندىن كېيىن شېرىن ئېغىز ئاچتى:

— ھېلىم ھاجىمنىڭ لەقىمى نېمە؟

— ھە، سىلىمۇ دىققەت قىپلا دە،— دېدى نەۋرۇز كۈلۈپ،— ئۇ ئادەمنىڭ لەقىمى ئېشەك. ئورايىم بەگ بايا ئۇنىڭ لەقىمىنى كەلتۈرۈپ چاقچاق قىلدى.

— توۋا، جاھاندا لەقەم دېگەن شۇنچە تولا تۇرسا، ئېشەك - تېشەك بۇنداق لەقەم قويۇۋالغىنى قىزىق. ھېلىم ھاجىم بۇنىڭغا ئانچە خاپا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. لەقىمىدىن نومۇس قىلىدىغانلار بولۇپ قالسا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن يانمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن سىلى دېگەندەك ھېلىم ھاجىم بۇنداق گەپلەرگە بەكمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئەسلى ئۇنىڭ بوۋىسى كەشمىرلىك سودىگەر ئىكەن. تىجارەت بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىپ يول ئۈستىدە يېسىۋلغۇن ئۆتىڭگە چۈشكۈن قىپتۇ - دە، قورسىقىنى توقلاپ ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن دەڭدىن چىقىپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا يېسىۋلغۇندا ئاران ئون نەچچە ئائىلىلىكلا ئادەم بولۇپ، ھەممىسى دەڭ - سارايچىلىق بىلەن كۈنىنى ئالىدىكەن. ئۇ تالاغا چىقىپ ئازراقلا

مېڭىپتۇ ـ دە، بىر كۆل بويىغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردىكى بىر ئۆيدىن بىر قىز چېلەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كۆلدىن سۇ ئاپتۇ. ئۇ قىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ نېمە مەقسەتتە سەپەر قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن بىر ئاماللار بىلەن ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ يېسىۋلغۇندا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئەسلىي يۇرتى كەشمىر بولغاچقا، لەقىمى تەبىئىي ھالدا «كەشمىر» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. بۇ لەقەم ئۇ كىشىنىڭ نەۋرىسى بولغان ھېلىم ھاجىمغىمۇ قالغانىكەن. لېكىن، ھېلىم ھاجىمنىڭ بوۋىسى، دادىسى ئۆز ۋاقتىدا يېسىۋلغۇنىنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب يۇرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مال ـ چارۋىلىرىنى ئاۋۇندۇرۇپ نۇرغۇن يايلاقلارنى ئىگىلىگەنىكەن. بۇنىڭدىن سەككىز ـ توققۇز يىللار ئىلگىرى تۇيۇقسىز نىيە تەرەپتىكى بىر باينىڭ چارۋىلىرى ھېلىم ھاجىمنىڭ يايلىقىغا كىرىپتۇ. ھېلىم ھاجىم دەسلەپىدە ئۇ باينىڭ چارۋىلىرىنى كەلگەن يولى بىلەن قايتۇرۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئارىدا قانداق گەپلەر بولۇندى، ئىككىسى تۇتۇشۇپ قاپتۇ. ھېلىم ھاجىمنىڭ يايلىقىغا ماللىرىنى ئەكەلگەن ئادەم بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر ئوخشايدۇ. ھېلىم ھاجىم ئۇنىڭغا بىردەمدىلا تەڭ كېلەلمەي قاپتۇ ـ دە، تۇيۇقسىز ھېلىقى باينىڭ قۇلىقىنى چىشلەپلا تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىم كەشمىر دېگەن لەقەم ھېلىم «ئېشەك»كە ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

— ھا... ھا... ھا... تازا بىر ئىش بولغان ئىكەن ئۇ

ئادەم ئويلىسىمۇ كۆلۈپ كېتىدىغان...— شىرىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى،— شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەۋەررۇك لەقەم ھېلىم ھاجىمغا بۇدۇشقاقتەكلا چاپلاشتى دېگىن...

— شۇنداق بولدى، بولمىسىغۇ ھېلىم ھاجىم خېلى - خېلى بايلاردىن قېلىشمايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ يايلىقىدا قانچىلىك مېلى بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ،— ئىككىيلەن پاراڭلاشقاچ مەدرىسە ئالدىدا كەلگەندە، ئۇلار تېخىچە ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئىدى.

— مەيلى قانداقلا ئىش بولسىمۇ ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشايلى،— دېدى مۇسا ھاكىمبەگ كەسكىنلىك بىلەن،— ئاللەمۇ چۈش بولۇپ قاپتۇ، كېچىچە يول يۈرۈپ قورساقلىرىمۇ ئاچقاندۇ؟! غىزالانغاچ ئالدىرىماي پاراڭلىشىمىز.

— ئۆزلىرىنى مالال قىلىپ قويارمىزمىكىن، ھاكىمبېگىم،— دېدى ھېلىم ھاجى ئايانچىلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق تۈزۈت قىلىشنى ئۆگىنىپ قالدىلا، ھاجىم؟ ئەسلىغۇ سىلىدەك ئاسمىنى كەڭرى يەردە ياشاپ، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار نېمىنى ئويلىسا شۇنى دەيدىغان ئوچۇق سۆزلۈك، ھىيلە - مىكىردىن خالىي بولاتتى. بىراق، سىلى ھەج سەپىرى جەريانىدا شەھەر كۆرۈپ، ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلا؟ بىزدە «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىر چۈرۈقۇڭنى قۇرۇتما» دەيدىغان گەپ بار ماخما.

— ھا... ھا... ھا... قارىسىلا دېگەن گەپلىرىنى، ھاكىمبېگىم، پېقىرنى بىلمەيدىغاندەك، مىجەز - خۇلقۇمنى چۈشەنمەيدىغاندەك گەپلەرنى قىلىدىكەنلا. مەن

شۇ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆزلىرىنى مالال قىلماي دەپ ئويلىدىم، باشقا مۇددىئايىم يوق.
— شۇنداق مەقسەتلىرى بولسىمۇ، سىلى دېگەن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلدىلە، بىر ھېسابتا ماڭا مېھمان، شۇڭا ئۆيگە بېرىپ پاتىھە قىلىپ بولسىمۇ يانمىسىلا قانداق بولىدۇ؟
— يامان يېرىدىن تۇتۇۋالدىلا، ھاكىمبېگىم، ئۇنداق يېرى بولسا ئەمىسە بارايلى.
بۇ گەپ بىلەن مۇسا ھاكىمبەگمۇ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، نەۋرۇزغا قاراپ قويدى. نەۋرۇز تېزلىكتە ئۇنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئاتلىرىنى باغلاقتىن يېشىشتى ـ دە، ئاللىقاچان ئېتىغا مىنىپ بولۇپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭغان مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كەينىدىن ئات سېلىشتى. ئۇلار ھايالشمايلا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئايۋاندىكى سۆكىدىكى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان خوتەن گىلىمىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى ـ دە، قىسقىلا دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قايتىدىن ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشتى.
— قېنى، ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.
— قېنى، ئەمدى بۇ يەرگە چىقسىلا، — دېدى ھېلىم ھاجى تۆر تەرەپنى كۆرسىتىپ، — بولمىسا بىز قورۇنۇپ قالىدىكەنمىز.
— ئۆزلىرى دېگەن مېھمان، مەن ساھىبخانا. ساھىبخانىنىڭ مېھمانىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئولتۇرغىنىنى سىلى نەدە كۆرگەن، ھاجىم؟! — دېدى

مۇسا ھاكىمبەگ كۈلۈپ، ــ ئازادە ئولتۇرۇشسىلا، پېقىر ھەرقايسىلىرىنى كۈتىمەن.

ــ ھا.. ھا... ھا... ھەق گەپكە كەلگەندە پەقەتلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىكەنلا، ھاكىمبېگىم، ــ دەپ كۈلدى تۇرسۇن باي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ھېلىم ھاجىغا قاراپ قويۇپ، ــ قارىسىلا، ھاجىمنىڭ ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى...

ــ بۇنىڭغا ئۇنداق قىلىپ كېتىش كەتمەيدۇ، قانداق دېدىم، ھاجىم؟

ــ شۇ... شۇ... توغرا دېدىلە، ھاكىمبېگىم...

شۇ ئەسنادا شېرىن بىلەن نەۋرۇز داستىخان ۋە نازۇنېمەتلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ بىردەمدىلا ھەر خىل مۇراببا، پىشۇرۇقلارنى تىزىۋەتكەندىن كېيىن ھەربىر كىشىگە چاي تۇتتى.

ــ قېنى، مەزەگە باقايلى، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ.

باشقىلار بۇ گەپ بىلەن تەڭلا بىر ـ بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشقاچ غىزالىنىشقا باشلىدى.

ــ خوش، قېنى ئەمدى بايىقى گەپلىرىنى دېسىلە، قۇلىقىم سىلىدە، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ دۇئا قىلىنىپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ھېلىم ھاجىغا قاراپ.

ــ بوۋامدىن باشلاپلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەپتىكەن، ھاكىمبېگىم، مەنمۇ ئەجدادىمنىڭ تەئەللۇقاتىغا ۋارىسلىق قىلىپ مۇشۇ كۇنگىچە ئۇلۇشۇپتىمەن. يايلاقتا نۇرغۇن چارۋىلىرىم بولسىمۇ، تېرىپ پايدىلانغۇدەك ئانچە كۆپ يېرىم يوق ئىكەن. يېسىيۇلغۇنىنىڭ ئەھۋالى ئۆزلىرىگە بەش قولدىكىدەك ئايان. ئۇ يەر سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يۇرت

بولغاچقا، يەر ئېچىپ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق. نەچچە قېتىم بىر ئاماللار بىلەن ئۇ يەرگە سۇ باشلاپ بىنەم ئېچىشنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىكەن. ماڭا مۇشۇ خىيال كىرگەن كۈنلەردە بىر ئادەمگەرچىلىككە بېرىش زۆرۈرىيىتىدىن ئويتوغراققا كېلىپ قالدىم. بۇ يۇرتتا ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان يەر كۆپ بولسىمۇ، ياز كۈنلىرى پىشكە دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ۋاقىتتا سۇ تولىمۇ قىس ئىكەن. كىشىلەر ئىچىدىغان سۇنى خېلى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، قاپاق، سوغىلىرىنى يۈدۈپ ئەكېلىدىكەن. يازدا كەلكۈن كەلمىگەن ۋاقىتلاردا گاھىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ھەربىر تۈپ زىرائەتنىڭ تۈۋىگە نوگاي بىلەن سۇ قۇيۇپ ھەل قىلىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ مۇشۇ يەردىن يەر ئاچسام قانداق بولار؟ سۇنى قانداق ھەل قىلارمەن؟ دېگەن خىيال بىلەن ئەتراپنى ئايلىنىۋېتىپ، ماۋۇ تۇرسۇن ئاخۇن باي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەسلى تۇرسۇن ئاخۇنمۇ ئۆزلىرى چىققارغان پەرمانىنى ئاڭلاپ كۆزىنى مۇشۇ تەرەپلەرگە تىككەنىكەن. ئىككىمىز پاراڭلىشىۋېتىپ مۇددىئالىرىمىزنى ئاشكارىلاشتۇق ـ تە، ئاۋۋال سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى پىلانلاشتۇق. شۇ چاغدا بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ باشلاشنى ئويلىغاندۇق. لېكىن، ئۇ چاغدا سۇنى قانداق يوسۇندا ھەل قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتىمىز تازا دېگەندەك پىشىپ كەتمىگەچكە، «سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالغان»دەك ئىش قىلىپ، ئۆزىمىزمۇ ھازىر تازا دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمىغان ئىشنى ھاكىمبېگىمگە مەلۇم قىلىپ يۈرمەيلى، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىگەندەك

ئىش بولۇپ قالسا، كېيىن خىجالەتچىلىك تارتىپ قالمايلى دېيىشىپ، ئىككىمىز بىرەر ئايدىن ئارتۇقراق ئەتراپىنى ئاتلىق كۆزەتتۇق. ئاخىرى تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۈيتوغراق بوستانلىقىغا باشلاپ كەلسەك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولغۇدەك دېگەن يەكۈنگە كېلىپ، بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ سەممىگە سالايلى دەپ كېلىشىمىز، ھاكىمبېگىم!

مۇسا ھاكىمبەگ ھېلىم ھاجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۈيتوغراق بىلەن تۇمىيا دەرياسىنىڭ ئارىلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقاندەك بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك سورىدى:

— سىلەرچە تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۈيىنى راستىنلا ئۈيتوغراق بوستانلىقىغا باشلاپ كەلگىلى بولارمۇ؟!

— بىز يەر شەكلىنى، مۇساپىنى خېلى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ چىقتۇق، ھاكىمبېگىم، بىزنىڭچە چوقۇم سۇ باشلاپ كەلگىلى بولىدۇ، — دېدى تۇرسۇن باي ئالدىراپ سۆزلەپ.

— شۇنداق قىلغىلى بولسىغۇ ئالەمچە كاتتا ئىش بولاتتى. دېمىسىمۇ ئۈيتوغراقلىقلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك روزىغارىمۇ، دېھقانچىلىقىمۇ كەلكۈن مەزگىلىدە پىشكە دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن قۇدۇق سۈيىگە باغلانغان. «ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويمىغان»دەك تېرىقچىلىق ئىشىنى قۇدۇق سۈيى بىلەن ھەل قىلىش بەسى مۈشكۈل ئىش. ئەگەر سىلەرنىڭ مۇشۇ پىلانىڭلار ئەمەلگە ئېشىپلا قالسا، ئۇ يەردىكىلەر ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىپلا قالماي، نۇرغۇن بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەنىنىڭ سىرتىدا ئورمان ئەھىيا

قىلىپ قوملۇقنى تىزگىنلىگىلى بولاتتى. لېكىنزە، گەپنى ئېغىزدا قىلماققا ئوڭاي بولغىنى بىلەن ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە بۇ ئىش خىلىلا تەسكە توختايدۇ، تەقسىرلەر. بۇنداق دېسەم روھىڭلار چۈشۈپ كەتمىسۇن. ئويتوغراق بىلەن تۇمىيانىڭ ئارىلىقى ئاتلىق ئادەمگە بىر كۈنلۈكتىن ئارتۇقراق يول. شۇ يەردىن سۇ باشلاپ كېلىمىز دېگەن غەيرىتىڭلارغا ئاپىرىن. لېكىن، بۇ ئىشقا ئادەم كۈچى ۋە ئاقچا كۆپ كېتىدۇ. بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلاپ كۆرگەنسىلەر؟ ـ دېدى مۇسا هاكىمبەگ ئالدىرىماي دانە ـ دانە سۆزلەپ.

ئۆيئىچىنى بىردىنلا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان سۈكۈناتلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ھېلىم ھاجى بىلەن تۇرسۇن باي مۇسا هاكىمبەگنىڭ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى ـ دە، بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىشكەندىن كېيىن ھېلىم ھاجى ئېغىز ئاچتى:

ـ بۇ تەرىپىنى بىز ئاللىبۇرۇن پىلانلاپ بولدۇق، هاكىمبېگىم. ئەگەر تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئويتوغراق تەۋەسىگە باشلاپ كېلىدىغانلا بولساق، ھەر ئىككىلىمىز بارلىق روزىغارىمىزنى چىقىرىشنى تايىن تاپتۇق. بىز ئۆستەڭ ئېلىش داۋامىدا ئىشلەتكەن ئىشلەمچىلەر ئىش ھەققىگە پۇل ئالمىز دېسە پۇل بېرىدىغان، ھەق ئالمايمىز، كېيىن سۇ كەلسە بىزمۇ پايدىلىنىمىز دېسە، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنى تەلىپى بويىچە ئوبدان رازى قىلىشنى ئويلاشتۇق.

مۇسا هاكىمبەگنىڭ چىرايىدا بىردىنلا كۈلكە پارلىدى.

ـ مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن. كۆڭلۈڭلارغا

ئالماڭلار ھە! ئەگەر ئىشلار سىلەر دېگەندەك بولىدىغان بولسا، بۇ ئىش چوقۇم رويابقا چىقىدىكەن، مەن ئەقىللىقلارغا قول قويدۇم.

— بىزگە بۇ گەپلىرى بىلەن تەڭ، مۇشۇ ئىشنى قىلىشقا قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقلىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرى كېرەك ئىدى، ھاكىمبېگىم، — دېدى تۇرسۇن باي، — بۇ ئىشقا ئۆزلىرى قوشۇلۇپ رازىلىق بەرسىلىلا بىز ئۇزاققا قالمايلا ئىش باشلايتتۇق.

— بۇ دېگەن ئالەمچە ساۋابلىق ئىش تۇرسا، مەن قوشۇلماي قالاتتىممۇ؟! خاتىرجەم بولۇڭلار، مانا مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە قوشۇلدۇم. ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئىش باشلىساڭلارمۇ باشقا پىكرىم يوق. ئەگەر كېيىنچە مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ھاجىتىڭلار چىقىپ قالسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار، بۇ ئىش ئۈچۈن قولۇم كۆكسۈمدە!

— بىزگە مۇشۇ بىر ئېغىز گەپلىرى يېتەرلىك، ھاكىمبېگىم، — دېدى ھېلىم ھاجى، — مانا ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق. ئىككى - ئۈچ يىلغا قالمايلا تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۈيىنى چوقۇم ئۇيتوغراق بوستانلىقىغا باشلاپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمىز.

— ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم ھەر ئىككىلىرىنى دۇرۇس، توغرا نىيەتلىرىگە يەتكۈزگەي!

ئۇلار مۇشۇ ھەقتە خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ، ئالەمنى گۇگۇم پەردىسى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىغاندىلا ئورنىدىن قوزغىلىشتى. مۇسا ھاكىمبەگ ھېلىم ھاجىنى بۈگۈن ئۆز ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تۇرسۇن باي بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان زۆرۈر ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە ئېيتتى.

كۈنلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. مۇشۇ

كۆنلەردە مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ غولداپ كەتكەن بولۇپ، گاھىدا بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا شېرىننى باشلاپ چىقىپ كەتسە، كەچلىكى ئاران پەيدا بولاتتى. گاھىدا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىكى يىغىلىپ قالغان ئىشلارنى بۇرۇنراق تۈگىتىپ قولى بوشاپ قالسا، پىششىق خىش مەدرىسەنى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى مەدرىسەلەرنى ئايلىنىپ، مۇدەررىسلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، بەزى ئىشلارنى شۇ يەردىلا بىجىرىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. بۈگۈن ئۇ ئەتىگەندىلا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە كەلگەن بولۇپ، كۈن چۈشتىن خېلىلا قىيىلغان مەزگىللەردە ئورنىدىن تۇردى - دە، شېرىننى باشلاپ مەدرىسە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئاتلىق مەدرىسەگە يېقىنلاشقاندا تۇساتتىن بىرىنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— داد ھاكىمبېگىم، مېنىڭ بالام مەدرىسەدە ئوقۇيتتى. بىراق، بۇلار سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىدىڭ، دەپ مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگ تېزلىك بىلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى - دە، بىر كىشىنىڭ دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى، يېنىدا ئىككى كىشىنىڭ دۈۋەيلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل ئاشۇ تەرەپكە ئات سالدى. شۇنىڭغىچە ھېلىقى كىشى ئەرزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوي ئۇچىيىدىن چىرايلىق ئۆرۈلگەن زەي قامچىسى بىلەن تاياق تۇتۇۋالغان ئىككيلەننى ساۋاشقا باشلىدى. ئۇلار دەسلىپىدە جىم تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن

زەي قامچا ئارقا ـ ئارقىدىن تېگىۋەرگەچكە، ئاخىرى دادلاندى.

— مەلۇم بولغاي، ھاكىمبېگىم، بىزگە ئۇۋال بولدى، بۇ ئادەم يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى مەدرىسەدە ئوقۇمايدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنى ساۋاشنى توختاتتى ـ دە، ئۇلارغا قەھرى بىلەن تىكىلدى.

— بۇ ئادەمنىڭ بالىسى مەدرىسەدە ئوقۇيدىكەن. نېمە دەپ مېنىڭ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىپ سىپلىق سالىسەن؟ نېمىشقا ئۇنى ئۇرۇپ قىينايسەن؟

— داد بېگىم، ئۇ راستتىنلا يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، بىزگە ئۇۋال بولدى.

— بۇ كىشى ھېلى بالام مەدرىسەدە ئوقۇيدۇ، دېدى. ئۇنىڭ گېپى شۇنداق نىيەت، ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بالىسىنى ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرمەي، يەنە نېمىشقا ئالدىمدا بىزىرىشىپ تۇرۇشىسەن. تېز بولۇش، بۇ كىشىنى بوشىتىپ مەن دېگەندەك قىلىش...

ھېلىقى ئىككىيلەن ئارغامچا بىلەن ئېسىپ قويۇلغان كىشىنى بوشاتتى ـ دە، ئالدىغا سىپىلىپ ماڭدى.

— توختاش!— مۇسا ھاكىمبەگ بىردىنلا ئېغىز ئاچتى. بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن توختاشتى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگ تەرەپكە بۇرۇلۇشتى، — مەن دەپ قويااي، بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى بالىسى ئوقۇسۇن، ئوقۇمىسۇن، بىراۋنى خالىغانچە ئۇرۇشقا بولمايدۇ. ئاڭلاشتىڭمۇ؟

— ئاڭلىدۇق، ھاكىمبېگىم!— دېدى ئىككىيلەن تەڭلا.

— ئاڭلىغان بولساڭ مېڭىش!

ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن مۇسا ھاكىمبەگ

ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدى ـ دە، ئىتنى دىۋىتمەكچى بولۇپ چۈلۈۋۈرنى بوشلا سىلكىپ قويدى. سەزگۈر ئات ئەمدىلا قەدەم ئالاي دېيىشىگە يىراقتىن بىرى ئىتنى چاپتۇرغىنىچە بوراندەك كەلدى ـ دە، ئۇنى كۆرۈپلا ئىتنىڭ ئىغىزدۇرۇقىنى چىڭگىدە تارتتى.

ــ چا... چاتاق بولدى، ھاكىمبېگىم... لايسۇلۇق غوجىلار بىلەن قارقى ئۆتىكىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن يەر ئىچىشىۋاتقانلار ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ تاپتا لايسۇلۇق غوجىلاردىن بىرنەچچىسى مەھكىمىدە قالدى.

ــ ئەھۋال ئېغىرمىكەن؟ ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ تەئەججۇپلەنگەندەك.

ــ ئۇنى ئۇقمىدىم، لېكىن غوجىلارنىڭ پەيلى ياماندەك تۇرىدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگ گەپ قىلماي‌لا ئىتنىڭ بېشىنى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسى تەرەپكە قايرىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلىمۇ مۇشۇنداق جېدەل ـ ماجرانى بىر ـ ئىككى قېتىم ھەل قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ لايسۇلۇق خوجىلار مۇشۇ كۈندە بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، يەر ئاچقۇچىلار بىلەن قەستەن قارشىلىشىۋاتاتتى. لايسۇ ئەسلىدە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ۋەخپە يېرى بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى خوجىلارنىڭ پۇشتىدىن دەپ قارايتتى. شۇڭىمۇ بۇ يەردىكى ئاۋام ـ پۇقرالار ئۇلارنىڭ قۇللىرى ئورنىدا ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى. سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى يەكەن خوجىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھېسابىغا بۇ

بىر پارچە زېمىنىنى سۆيۈرغال قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا چىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مۆھۈرلەنگەن خېتى بولغاچقا، گاھى چاغلاردا ئۇلار مۇسا ھاكىمبەگنىڭ پەرمانلىرىنى ئانچە ئاڭلاپ كەتمەيتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇسا ھاكىمبەگ «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەپتىكەن، ھازىرچە ئۆزۈمنى بېسىۋالاي، ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالىدىغان، ئۇلاردىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئالىدىغان كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ» دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى - يۇ، لېكىن بۇنداق پۇرسەتنىڭ قانداق ۋاقىتتا نېسىپ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ مەيلى قانداقلا كىشى يەر ئاچسا ئاچقان يەر ئۆزىگە تەۋە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چىقارغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر قاراقىر ئۆتىڭىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دۆڭلۈكلەرنى تۈزلەپ يەر ئېچىشقا تۇتۇنغانىدى. قاراقىر ئۆتىڭى كېرىيە بىلەن چىرا ئوتتۇرىسىدىكى يەر ئىدى. مەيلى كېرىيەدىن چىراغا ماڭغانلار ياكى چىرادىن كېرىيەگە كەلگەنلەر بولسۇن، بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئاندىن سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. بۇ ئۆتەڭنىڭ يان تەرىپىدىن يىل بويى ئۈچ - تۆت تاشلىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ سۇ قىشمۇياز ئۈزۈلۈپ قالماي، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، جاڭگال ۋە دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا يوقاپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار مۇقەددەم قەشقەرنىڭ قاراقىر دەرۋازىسى دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىككىيلەن نىيەنىڭ شىمالىدىكى ئىمامى جاپپىرى سادىق مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كېلىپ، قايتىشىدا بىر ئۆستەڭ بويىدا قونغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە بىر

لەڭگەر سېلىشنى مەسلىھەتلەشكەن. ئۇلار جىددىي ئىش باشلاپ، دەسلىپىدە ئىككى ئېغىز ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇلىچى، كارۋانلارنى قوندۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. كېيىن ئۆيلەرنى كۆپەيتىپ، ئېغىل، ئاشخانا سېلىپ، بۇ يەرنى ئاۋات قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىش مەقسىتىدە، بۇ لەڭگەرگە «قاراقىر ئۆتەڭى» دەم نام بەرگەنىكەن، مۇسا هاكىمبەگمۇ ئاۋامنىڭ مۇشۇ ئۆتەڭنىڭ يان تەرىپىدىن ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان سۇنى كۆزدە تۇتۇپ، بوز يەر ئېچىشقا باشلىغانلىقىدىن خۇشال بولغانىدى. بىراق، كۇتۇلمىگەندە لايسۇلۇق خوجىلار ھە دېگەندىلا بوز يەر ئاچقۇچىلارنى قوغلاپ، ئۇلار بىلەن جېدەل ـ ماجىرا تېرىپ ئۇلارنى يېقىن يولاتمايۋاتاتتى. مانا ئەمدى...

مۇسا هاكىمبەگنىڭ خىياللىرى تۇگىمەيلا ئۇلارنىڭ ئاتلىرى هاكىمبەگلىك مەھكىمىسى قورۇسىغا كىرىپ توختىدى. مۇسا هاكىمبەگ ئالدىغا يۇگۇرۇپ كەلگەن خىزمەتكارغا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن سورىدى:

ــ خوجىلار قەيەردە؟

ــ قوبۇلخانىدا، ــ دېدى خىزمەتكارلار تېزلا.

مۇسا هاكىمبەگ چوڭ ـ چوڭ چامداپ ئۇدۇللا قوبۇلخانىغا كىردى ـ دە، سۆكىدە پۇشۇلداپ ئولتۇرغان غوجا بەگ، يەھيا، ئابدۇرەشىت خوجا بىلەن سوغۇقلا كۆرۇشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى خاس خانىسىغا تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۆزىمۇ تام بويلىتىپ سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۇردى.

ــ ئامىن!

بۇنى كۆرۈپ، ئۇچ خوجىمۇ تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، قىسقىلا دۇئادىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىشىپ قويۇشقاچ، يەنە قايتىدىن تىنچلىق سوراشتى.

— خوش، پېقىرلىرى ھەرقايسىلىرىنىڭ پايى قەدەملىرىنىڭ بۇ يەرگە يەتكەنلىكىنى تېخى ھازىرلا ئاڭلاپ، ئۇدۇللا يېتىپ كېلىشىم، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — ھەرقايسىلىرىغا قانداق خىزمەت قىلسام بولىدىكىن؟!

غوجا بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ گەپنى يورغىلاتمايلا ئۇدۇللا دەۋاتقانلىقىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى - يۇ، ئەمما سەللا بوشاڭلىق قىلسا ئالدىنقى يىللاردىكىدەك «چاشقاننىڭ ئەرزى مۇشۇككە» دېگەندەك ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئېغىز ئاچتى:

— بۇگۈن يەنە بوز يەر ئاچقۇچىلار ھەققىدە يانلىرىغا كەلدۇق، ھاكىمبېگىم. ئالدىنقى يىلى ئۆزلىرى بىزگە تەۋە زېمىنلاردىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ بوز يەر ئاچمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىله. لېكىن، يېقىندىن بۇيان سۇيۇرغاللىق زېمىنىمىز تەۋەسىدىن يەر ئاچىدىغانلارمۇ، پادىلىرىنى ھەيدەپ بېرىپ مال باقىدىغانلارمۇ غولداپ كېتىۋاتىدۇ. ئالدىنقى ھەپتىلەردە بۇنداقلارنىڭ تۆت - بەش يەردە لايسۇ بۇلىقىدىن[1] ئېقىپ چىقىپ قاراقىر ئۆتىڭىنى ئەگىپ تۆۋەن تەرەپكە ئېقىپ،

---

① لايسۇ بۇلىقى — كېرىيەدىكى سۈيى مول بۇلاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇرنى لايسۇ كەنتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە، شۇ مەزگىللەردە قاراقىر ئۆتىڭىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئېقىننىڭ ئەسلىي مەنبەسى.

بىزگە تەۋە يەرلەرنى كۆكەرتىپ تۇرىدىغان سۇلاردىن پايدىلىنىپ لاي ئېقىتىپ يەر ئېچىۋاتقانلار بايقالدى. بىز ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتكەن بولساقمۇ، لېكىن بىز ئۇ يەرلەردىن ئايرىلىشىمىز بىلەن تەڭلا ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەرلەرگە قارايدىغان ئادەملىرىمىز بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئاز - تولا جېدەل چىققان ئوخشايدۇ. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇ جايغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كۆردۇم، ھاكىمبېگىم، ئەھۋال بەكلا يامان، نۇرغۇن يايلاقلار ۋەيران بوپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. مەنمۇ بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ چىدالماي ياش تۆكۈپ سالغىلى تاسلا قالدىم. لېكىن، يالاڭتۆش قەلەندەرلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيۇمنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئاران - ئاران چىداشلىق بەردىم. شۇ ئەسنادا خىزمەتكارلىرىم يەر ئېچىۋاتقانلاردىن بىر كىشىنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سورىسام، «ھاكىمبېگىم قاراقىر ئۆتىڭىنىڭ ئاستى تەرەپتىكى دۆڭلۈكتىن يەر ئاچساڭلار بولىدۇ، دېگەنىدى» دەۋاتىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. شۇڭا، بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئۆز ئېغىزلىرىدىن ئاڭلايلى دەپ بۇ يەرگە كېلىشىمىز.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، جېدەلدە ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى باياتىن بېرى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچ، ۋەسۋەسە بىلەن گەپنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگ ئالدىراپ.

— ياق، سىلى دېگەندەك ئەھۋاللار بولمىدى، لېكىن

جىدەل دىگەندە ئاز ـ تولا پۇت ـ قول سۇنىدىغان، ئۇ يەر ـ بۇ يەر كۆكىرىدىغان ئەھۋاللار بولىدىكەن. خىزمەتكارلار بۇنىڭدىن ساقلىنالمىغان ئوخشايدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قوشۇمىلىرى تۇرۇلۇپ، نەپەس ئېلىشى سەل تېزلەشكەندەك بولدى. ئۇ ھاكىمبەگلىك ئورنىغا بەرقارار بولغاندىن بۇيان لايسۇلۇق خوجىلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى، ئۆز تەۋەسىدىكى كىشىلەرنى خۇددى قۇللاردەك خارلايدىغانلىقىنى، ھەتتا تېخى ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى تەسكىن تاپقۇزىدىغانلىقىنى تولا ئاڭلىغانىدى. ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۇ بىپايان بوستانلىقتا خوجىلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنىڭ بولۇشى بەئەينى ئادەمنىڭ بوينىغا چىقىپ قالغان پوقاقتەكلا بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى، دەردلىرىنى ئاڭلىغان، قوبۇل قىلغان ۋاقىتلاردا بۇ «پوقاق»نى ئۈزۈل ـ كېسىل ئېلىۋېتىپ، بارلىق باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى ـ يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چاسا مۆھۈر بېسىلغان سۇيۇرغاللىق زېمىن ھەققىدىكى خېتى بولغاچقا، ئۇ ئىشنى «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» ھالدا بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تاپالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم دېگۈدەك قەشقەر تەرەپلەرگە بېرىپ مەسلىھەتچى ئامبالغا سالام بېرىپ قايتىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلالمايمۇ قالمايتتى. شۇڭا، ئىلاج بار خوجىلار بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى «سۇنىڭ

ئېقىشىغا، تۆكىنىڭ يېتىشىغا» قاراپ ھەل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن خوجىلار بۇنىڭغا يول قويماي دېمەيۋاتاتتى.

— ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق قىلاي دەۋاتىلا، ھاكىمبېگىم، — دەپ سورىدى ئابدۇرەشىت خوجا چىڭقىلىپ سۆزلەپ، — بۇ جېدەلدە مېنىڭ ئىككى خىزمەتكارىم يارىلىنىپتۇ. يەھيا خوجىنىڭ بىر مالىيىنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ. ئەمدى بىزنىڭ سەۋر قاچىمىزمۇ توشتى. بۇ يالاڭتۆشلەرگە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرالمايمىز. ئەگەر سىلى ئۇلارنى قىسىققا[1] ئېلىپ، ئۆسۈپ كەتكەن خورىكىنى ئېلىپ قويمىسىلا، بۇ ئىشنى ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز.

— قارىغاندا ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتكار، مالايلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى سۇنۇپ، يارىلانغىنىغا قارىغاندا، ئۇ يەرگە بېرىپ يەر ئاچقانلارنىڭمۇ ئەھۋالى يېنىك ئەمەسكەن - دە؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ تەئەددى بىلەن.

— توت - بەشى يارىلانغان ئوخشايدۇ، لېكىن ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلمەپتۇ، — دېدى يەھيا خوجا پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۇلارنىڭ قىلغان ئۆكتەملىكىگە ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان زېمىنغا بېسىپ كىرىپ يەر ئاچسا چىداپ تۇرغىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنى ئاۋۇ شانۇشەۋكەتلىك ئابدۇرەشىتخان، كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خانى جەمەتىمىزگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن - يا!

---

[1] قىسىق — گۇندىخانا، تۈرمە.

مۇسا ھاكىمبەگ ئېغىر تىن ئالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ خوجىلارنىڭ بۇ زېمىندا پەقەت چارۋا مال باققاندىن ئۆزگە دېھقانچىلىق قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. قىشمۇياز ئۇزۇلمەي لۆمۈلدەپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۇ بولسىمۇ، ئۇلار بىنەم ئېچىشنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ قويمىغانىدى. خىيالىغا كەلتۇرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار قولىدىكى تېرىلغۇ زېمىنلارغا يېتىشىپ بولالمايۋاتقان يەردە يېڭىدىن يۇرت بەرپا قىلىش ئۇچۇن تەر ئاققۇزۇپ، جاپا تارتىشنى خالىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇسا ھاكىمبەگ سۇيى مول بۇ زېمىندىن يەر ئېچىشنى تەلەپ قىلغانلارغا ماقۇللۇق بىلدۇرگەنىدى.

— بۇ ئىشقا ئېنىق جاۋاب بەرسىلە، ھاكىمبېگىم، بىز دېگەندەك زېمىنىمىزغا باسقىن قىلىپ كىرگەنلەرنى ئۆزلىرى جازالىملا يا بىز ئەدىپىنى بېرىپ ئىككىنچى ئۇ تەرەپلەرگە قارىماس، قەدەم باسماس قىلىۋېتىمىزمۇ؟

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قوشۇمىلىرى تۇرۇلۇپ، چىشلىرى بىردىنلا كىرىشىپ كەتكەندەك بولۇپ مۇشتۇمى تۈگۈلدى ـ يۇ، لېكىن بۇنداق ۋاقىتتا ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرسە بولمايدىغانلىقىنى تېزلا ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، غوجا بەگكە مىختەك تىكىلدى.

— سىلى ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى سۇندۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىمىز دېمەكچىمۇ؟!

— يوقسۇ، مەن ئۇنداق قىلىمەن دېمىدىم، لېكىن ئۇلار مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان تەدبىرلەرنى قوللىناي دەيمەن.

— بۇنداق قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەرقايسىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ تېرىلغۇ زېمىنلىرى،

يايلاقلىرى بار تۇرۇقلۇق، يېرى يوق، كۈنىنى ئالالمايۋاتقان ئاشۇ بىچارىلەر ئۇ جاڭگالدىن يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، قورسىقىنى باققاچ تىرىكچىلىكىنى قىلسا بولماسمۇ؟ بۇنىڭ سىلەرگە نېمە يامىنى بار ئىدى؟

— ئۇنتۇپ قالمىسىلا، هاكىمبېگىم، بۇ يەر سىلى دېگەندەك جاڭگال بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىزگە تەۋە ۋەخپە زېمىن. بۇنىڭغا مانا ماۋۇ ئىسپات خەت گۇۋاھ بولالايدۇ،— غوجا بەگ يانچۇقىدىن سارغىيىپ كەتكەن، نەچچە يېرى يەملەنگەن، خەتلىرى ئۆچۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، مۆھۈر ئىزىنى روشەن پەرق ئەتكىلى بولىدىغان قەغەزنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ قويدى،— بۇنى سىلى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن، هاكىمبېگىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق يالاڭتۆش قەلەندەرلەرگە بولۇشۇپ بۇنداق دېسىلە قاملاشماس!

— بۇنى ئەسكەرتمىسىلىمۇ بىلىمەن، بۇ خەتتە لايسۇ زېمىنىنىڭ ھەرقايسىلىرىغا ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەنلىكى يېزىلغان. لېكىن هازىر ئېچىلىۋاتقان يەرلەرنىڭمۇ تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ ـ سۆزلەر يوققۇ؟— دېدى مۇسا هاكىمبەگ تەئەددى بىلەن،— ھەرقانداق ئىش ھەللىسىدە بولغىنى ياخشى، خوجىلىرىم. خانىنىڭ خېتىنى كۆرسىتىپ مېنى قورقىتىمەن دېيىشمىسىلە. بىزدە «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرلەردىن يەر ئېچىلسىمۇ، ھەرقايسىلىرىنىڭ قوللىرىدا شۇنچە كۆپ بايلىق، يەر ـ زېمىن، مال ـ چارۋا بولغاندىكىن، ئۇنچىلىك يەرگە بۇرۇتلىرىمۇ تەۋرەپ قويمايدۇ، شۇڭا...

— بۇنداق گەپلەرنى دەپ بىزنى نەم يەرگە دەسسىتىمىز دېمىسىلە، هاكىمبېگىم، دېگەنلىرى

راست، ئۇ يەردىن ئاز بولغاندا بىرەر يۈز مو، كۆپ بولسا بىرەر مىڭ مو يەر ئاچقانغا بۇرۇنتىمىز تەۋرەپ قويمايدۇ. ئۇنچىلىك يەر دېگەن بىرەر تال تۈكىمىزنى يۇلغانچىلىكمۇ ئىش ئەمەس. لېكىن، سىلىمۇ ئۇستۇپ قالمىسىلا، ھېچقاچان «ئارتۇق دۇنيا باشنى يارغان» ئەمەس! سىلىنىڭ دېگەنلىرىچە بۇگۈنى بىز ئۇلارغا يول قويساق، ئەتىسى، ئۆگۈنى ئۇ يەرلەرگە باشقىلارنى بارمايدۇ، يەر ئېچىپ بىزنىڭ نېسىۋىمىزنى ئىگىلىۋالمايدۇ دەپ ھۆددە قىلالامىلا؟ ياق، ھەرگىز ھۆددە قىلالمايلا. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس! سۇلتان ئابدۇرەشىتخان خانزادىسى ئەبۇ سەئىد مىرزىغا بۇ يەرلەرنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەندە: «سېنىڭ يەنە قانداق تەلىپىڭ بار، ئوغلۇم؟» دەپ سورىغانىكەن. خانزادە: «بۇ يەرلەرنى كەمىنە ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، خان ئاتا، بولسا يەنە بىر تەلىپىم بار ئىدى، ئەمما ئۆزلىرىنى مالال قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئېغىز ئاچالمايۋاتىمەن» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ئابدۇرەشىتخان: «قېنى، قانداق تەلەپلىرىڭ بولسا ئېيتسۇەر، ئوغلۇم، مەن تەلەپلىرىڭنى قوبۇل قىلىمەن» دېگەنىكەن، خانزادە: «بولسا ماڭا بىر كالىنىڭ تېرىسىچىلىك يەرنى بەرگەن بولسىلا» دەپتۇ. ئابدۇرەشىتخان بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ بىرپەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، تېخى ھېلىلا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئەبۇ سەئىد مىرزا شۇ يەرگىلا بىر يوغان كالىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ ـ دە، تېزلا سويۇپ تېرىسىنى ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن، تېرىنى چاچتىنمۇ ئىنچىكە قىلىپ، خىزمەتكارلىرىغا تۆت

تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا، تىلىنغان تېرىلەر قەيەردە تۈگىسە شۇ يەردە توختاشقا پەرمان قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنى تۆت تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ ـ دە، تىلىنغان تېرىلەر تۈگىگەن يەردە توختاپتۇ. شۇ چاغدا شەرققە ماڭغانلار ھازىرقى پوندىرىغىچە①، غەربكە ماڭغانلار چىرىنىڭ جايجىگدە② دېگەن يېرىگىچە، شىمالغا ماڭغانلار كۆكچېقىل③ دېگەن يەرگىچە، جەنۇبقا ماڭغانلار قىزىلقۇمغىچە④ بېرىپ توختاپتۇ. ئابدۇرەشىتخان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىكەن. بۇ گەپنى بىزگە تەۋە زېمىندىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە ئادەم بىلىدۇ. قايسىبىر كىشىدىن سورىسىلا مۇشۇنداق جاۋابقا ئېرىشەلەيلا، ھاكىمبېگىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ يەرلەرنى بىزگە تەۋە ئەمەس دېسىلە قاملاشماس؟!

— مەيلى، سىلەرگە تەۋە بولدى دېگەندىمۇ ئۇلارغا ئاز ـ تولا يول قويساڭلار بولمامدۇ؟

— ياق، باشقىلار بىز يەيدىغان ناننى مەنمۇ يەيمەن تالاشسا، سىلى يول قويغان بىلەن بىز يول قويالمايمىز، ھاكىمبېگىم، — دېدى يەھيا خوجا قىزىشىپ، — بىز بۇ يەرگە بۇنداق قۇرۇق ـ قۇرۇق نەسىھەتلەرنى ئاڭلايلى دەپ كەلمىدۇق، ھاكىمبېگىم. سىلى بىز بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتقانلارنى قىستىقتا ئېلىپ جاجىسىنى بېرەملا يا بىز ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىمىزمۇ؟!

— ئۇلار قورسىقىمىز نانغا تويسۇن دەپ يەر ئاچسا، مەن قىستىقتا ئالسام قاملاشماس؟! — دېدى مۇسا

---

① ② ③ ④ — يەر نامى

ھاكىمبەگ چىڭقىلىپ سۆزلەپ، — ئادەم دېگەن ئىنسابلىق، قانائەتچان بولغۇلۇق، خوجىلىرىم. مۇشۇ تاپتا بۇنداق ئورۇنسىز تەلەپ ئېغىزىڭلاردىن قانداقلارچە چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. ئىنساب قىلىڭلار، ئىنساب...

— قارىغاندا بىزنىڭ تەلىپىمىز ئورۇنسىز ئوخشايدۇ، ھاكىمبېگىم، بۇ يەردە سىلى بىلەن دەتالاش قىلىپ ئولتۇرغىنىمىز بىكار ئىكەن. بوپتۇ، ھازىر سىلى گېپىمىزنى ئاڭلىمىسىلا، گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان كىشىگە دەيلى. قوپۇڭلار، كېتەيلى، — خوجا بەگ ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغاندەك ئورنىدىن تېزلا تۇردى-دە، تالاغا قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ پەشلىرىنى قېقىشقىنىچە چىقىپ كەتتى.

مۇسا ھاكىمبەگ ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خوجىلارنىڭ بۇنداق يولسىز تەلەپنى قانداقلارچە قويۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى خېلى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بىكاردىن يەر ئاچقۇچىلارنى قىسىققا ئېلىپ، گۇندىخانىغا تاشلىسا ئوبدان بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلسا تېخى ئەمدىلەتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يەر ئېچىش قىزغىنلىقىنىڭ پەسكويىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭسىزمۇ خوجىلارنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىكى ئۇنىڭ پىغانىنى سەل ئۆرلىتىپ قويغانىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆڭۈل غەلۋىرىدە تاسقاپ چىققان بولسىمۇ، خوجىلارنى بۇنىڭدىن كېيىن يولسىزلىق قىلالمايدىغان، كەمبەغەللەرمۇ خاتىرجەم يەر ئاچالايدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن ئوبدانراق ئامال تاپالمىدى.

— بۇ ئىشلارنى تولا ئويلاۋەرمىسىلە، بېگىم،— دېدى باياتىن بىرى ئىشىك تۈۋىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان، ھەممە گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزى ئېغىز ئاچسا كەيپىياتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لام ـ جىم دېمىگەن شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولغاندەك،— ھەرقانچە ئېگىز ئۇچقان لاچىنمۇ ھامان يەرگە قونىدۇ. بۇ خوجىلار قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە ئىشىنىپ، ھازىر گەپنىڭ يوغىنىنى قىلغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككى پۇتى بىر پاي ئۆتەككە سىغىدىغان كۈنلىرى كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشلارنى بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىسىلە، ھاكىمبېگىم. «مۇسۇلماندارچىلىق ئاستا ـ ئاستا» دېگەندەك ۋاقتى كەلسە بۇ ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگ كۆزلىرىنى شېرىنگە تىكتى ـ دە، «قېنى دېگىنە، بۇ ۋاقىت قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن مەنىدە قارىغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ خوجىلار بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىۋاتىدۇ. مەن دەسلەپىدە ھەممىمىز بىر يۇرتلۇق، يەنە كېلىپ مۇسۇلمان بولغاندىكىن ئاز ـ تولا يول قويار دەپ ئويلىسام، بۇلار مېنى بىزنى قورقۇتۇپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ قالغان چېغى، مانا ئەمدى يولسىز تەلەپلەرنى قويۇشقا باشلىدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەتە قوپۇپ ئۆگۈنلۈككە «ھاكىمبەگلىك ئورۇنلىرىنى بىزگە ئۆتۈنۈپ بەرسىلە» دېيىشتىنمۇ يانمايدىغاندەك قىلىدۇ، بۇ بەدرەكلەر. قېنى ئېيتساڭچۇ؟ بۇ ئىشلارنى زادى قانداق قىلماق كېرەك؟

— مەنمۇ قانداق قىلىشنى تازا بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن، ھاكىمبېگىم، ئۆزلە دېگەندەك ئۇلارغا يول

قويسىلا قورققان بولسىلا. يول قويمىسىلا قولىدا ۋەخپە زېمىنىنىڭ يەر خېتى بولغاچقا، ئۇستىلىرىدىن ئەرز قىلىشى مۇمكىن.

— ئەرز قىلسۇن، ئەرز قىلغۇسى كەلسە يول ئوچۇق، — مۇسا ھاكىمبەگ دەردىنى چىقىرىۋالاي دېگەندەك بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — «يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايتۇ» دېگەندەك ئۇلار ئاستانىگە بېرىپ چىلڭ خانغا مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئەرز قىلالمايدۇ. لېكىن، قەشقەرگە بېرىپ مەسلىھەتچى ئامبالغا دادلىنالايدۇ. ئۇلار تونۇغان مەسلىھەتچى ئامبالنى مەنمۇ تونۇيمەن. ئۇلار ئەرز قىلسا مېنىڭمۇ گەپ قىلىدىغان ئېغىزىم بار.

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇشۇ تاپتا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدى.

— بۇ ئىشلارنى بەكمۇ ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمىسىلە، ھاكىمبېگىم، جاھان دېگەندە ھامان مۇتلەق ئىش بولمايدۇ. ئۇلار ئېغىزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن بەلكىم «قورققان ئوغرى ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ» دېگەندەك ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ؟! «ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ»، شۇڭا ئۆزلە بۇ ئىشتا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا.

— بۇنى بىلىمەن، ئەمما سەۋر دېگەنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. قېنى، تېزدىن نەۋرۇزنى لايسۇ تەرەپكە ئەھۋال ئۇقۇشقا ئەۋەتكىن. بۇ قېتىمقى جېدەلدە يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىپتۇ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ كەلسۇن.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم...

مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئەندىشىسى توغرا چىقتى. ئەتىسى كۈن پېتىشقا باشلىغاندا نەۋرۇز ھارغىن قىياپەتتە پەيدا بولدى ـ دە، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى مەلۇم قىلدى.

— ئۆرۈۋېتىلگەن كەپە ۋە لازىمەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۈچ كىشىنىڭ بېشى يېرىلىپتۇ، تۆت ئادەمنىڭ پۇتى، بىر ئادەمنىڭ قولى سۇنۇپتۇ. مەن ھەممەيلەننى ئەمچىلەرگە كۆرۈنۈشكە بۇيرۇدۇم، ھاكىمبېگىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ، — دېدى نەۋرۇز ئۇھسىنىپ.

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويغاندىن كېيىن ئويچان قىياپەتتە بىر نۇقتىغا تىكىلگەندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— قارىغاندا ئۇ يەردىكى ئىشلار مەن ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر ئىكەن. ئەتە سەن ئۇ يەرگە يەنە بېرىپ، يەر ئاچقۇچىلارغا مېنى دېدى دەپ ئېنىق ئېيت. ئۇلار يەرنى ئېچىۋەرسۇن. خوجىلارنىڭ ئادەملىرى كېلىپ قالسا ئۆزىنى چەتكە ئالسۇن. كەتسە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن. مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇشتۇمزورلۇق قىلىۋېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، ئۇلارنى ھامان مۇشۇ ئىشىغا پۇشايمان قىلدۇرىمەن.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، مەن دېگەنلىرىنى چوقۇم يەتكۈزىمەن.

مۇسا ھاكىمبەگ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن تولىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا بۇ ئىشنى ئوبدانراق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايتتى. نۇرغۇن خىياللارنى قىلىپ ئۆزىچە خىلمۇخىل پىلانلارنى تۈزەيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل

توختىتالمايتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئورايىم بەگمۇ، شىرىنمۇ، باشقا بەگ ۋە يىقىن - يۇۋۇقلىرىمۇ ئۇنىڭ دائىملا بۇلۇت باسقان ئاسماندەك تۇرۇلگەن چىرايىغا، ساڭگىلىغان قاپاقلىرىغا، ئاچچىقتىن سوغۇق نۇر بالقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە، ھارغىنلىقتىن سەل مۇكچەيگەن بەستىگە قاراپ ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز يولى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللىلەرنى بېرەتتى - يۇ، لېكىن قاچان، قانداق يوسۇندا ھەل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئۇ يەردە يەنە ئىككى - ئۈچ قېتىم توقۇنۇش يۈز بەردى. ئەھۋال ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش مۇسا ھاكىمبەگكە بارغانسىرى بىسىم ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. «مەن پۈتۈنسۈرۈك بىر يۇرتنىڭ ھاكىمبېگى تۇرۇقلۇق بۇ ئىشنى نېمىشقا ھەل قىلالمايمەن؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ يالغۇز قېلىپ، خىيال دەرياسىغا قولۋاق سېلىپ پالاق ئۇرغان چاغلىرىدا، — ئۇلارنىڭ قولىدا خاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان خەت بولغاچقىلا قىلىۋاتقان يولسىزلىقىغا قاراپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرامدىمەن؟! ئۇلارغا خەت پۈتۈپ بەرگەن خان ماڭىمۇ بىر ئايماقنىڭ ھاكىمبەگلىكىنى بەرگەن ئىدىغۇ؟! ئۇلار يەنە مۇشۇنداق قىلىۋەرسە كېيىن ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا مەنمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالامدىمەن؟! ياق، ئاشۇ يېرى يوق كەمبەغەللەرنى يەرگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، زاغرا يېسىمۇ كېكىرگۈدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن بولسىمۇ، خوجىلارنىڭ قولىدىكى قاراقىر ئۆتەڭنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بۆك - باراقسان قومۇش، توغراق بىلەن قاپلانغان ئېگىز - پەس

دۆلۈلۈكلەرنى، ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ ياتقان ئاشۇ زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك. بولمىسا كېيىنكى ئىشلاردا بىقۇۋۇل ھالغا چۈشۈپ قالىمەن؟!... بىراق قانداق قىلىمەن؟! كىم بىلەن كۆرۈشىمەن؟ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ زورلۇق كۈچى بىلەن تارتىۋالامدىمەن؟ بۇنداق قىلىش ئەخمەقلىق، بولمىسىغۇ قولۇمدىكى خانلىق تەمىناتىنى يەيدىغان چىرىكلەرنى ئەۋەتسەملا خورىكى ئۆسۈپ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان خوجىلاردىن بىر - ئىككىنى قىسىققا ئېلىپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويسام باشقىلىرى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەكلا بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنۇملۇك چارە ئەمەس، ئۇلار مەسلىھەتچى ئامبال قېشىغا بېرىپ دادلانسا، ئۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا خوجىلارغا يالۋۇرامدىمەن؟! مۇمكىن ئەمەس! بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆچەت پالۋاندىن باشلاپ، ھۇما قۇشى مېنىڭ بېشىمغا قونغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچكىم بىراۋغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ باققان ئەمەس! ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئىلىمگە بولغان كامىللىقى بىلەن رەقىبلىرىنى يەر چىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن ھامان تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىنى نامايان قىلغان. ھالا بۈگۈنكى كۈندە مەن ئۇلارنىڭ نۇرلۇق دىدارىغا قازان قارىسى سۈركەپ، چىرايلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرگەندەك ئىشلارنى قىلسام بولامدۇ؟!... ياق، ھەممە ئىش يولى بىلەن، مەن سەل ئۆزۈمنى تۇتۇۋالسام بولغۇدەك. ھە دېسىلا ئۆتكەن كۈنلەردىكى شانۇشەۋكەتلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالسام بولمىغۇدەك. ئۇ ئىشلارغا بۇ ئىش ئوخشاشمايدۇ. ئاشۇ زېمىننى قايتۇرۇۋېلىپ، نۇرغۇن يوقسۇللارنىڭ چىرايىدا كۈلكە نۇرلىرىنى

پارلاندۇرالىسام ئۇلارغا يالقۇرسامىمۇ مەيلىتى. بىراق، بەزى ئىشلارنى ئىغىزدا دېمەك ئاسان بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەك بەك مۇشكۇلكەن ئەمەسمۇ؟...»

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە يۈز بەرگەن تاسادىپىي ۋەقە مۇسا ھاكىمبەگنىڭ خىياللىرىنى كەچ كۈزدىكى ئىزغىرىن شامالدا توزۇغان توزغاقتەك توزۇتۇپ، جۇدۇننى ئۆرلىتىپ قويدى. ئۇ بۇنداق بولارنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، قەشقەردىن كەلگەن لەشكىرى خەۋەرچى ئېلىپ كەلگەن يارلىقنى كۆرۈپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

— مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم ئۆزلىرىنى مۇشۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان باشقىلارنىڭ بىرىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، جېدەل - ماجىرا تېرىپ باشقىلارنى يارىلاندۇرغان جىنايەتچىلەرنى تېزدىن قىستىققا ئېلىپ، ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن گۇناھىغا يارىشا جازالاپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ماڭا مەلۇم قىلىسۇن دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى.

خەۋەرچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يارلىق تۇتقان قوللىرى سۇس تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق دەستىدىن تۈرۈلگەن قاپاقلىرى ئارىسىدىكى يۇمۇلۇپ قالايلا دېگەن كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت ئوتلىرى چاقنايتتى. يارلىقتا قاراقىر ئۆتىڭىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن يەر ئاچقان ئابدۇرۇسۇل مۇناقى، قۇربان ھاجى، ئاۋۇدۇن قاتارلىقلارنى زىندانغا تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بۇلارنى تونۇيتتى. تونۇيتتىلا ئەمەس، خېلى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئاشۇ يەرگە ئەڭ دەسلەپ بارغان يەر ئاچقۇچىلار ئىدى. مانا ئەمدى...

— مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم ئۇلارنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ قايتىڭلار، دېگەنىدى، ھاكىمبېگىم، شۇڭا بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمىگەيلا!

مۇسا ھاكىمبەگ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك ئالدىدىكى چىلىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئىككى چېرىككە قارىدى ـ دە، يەنە دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى، ئاۋۋال ئۇلارنى قىستىقا ئېلىپ تۇرۇپ كېيىنكى ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا ھەل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، چېرىكلەرنىڭ كەينىدە قول باغلاپ تۇرغانلارغا پەرمان چۈشۈردى.

— ئاۋۇ ئىككىڭلار ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىنىڭ چېرىكلىرىدىن بەش ئادەم بىلەن ئابدۇرۇسۇل مۇناقى، قۇربان ھاجى، ئاۋۇدۇن قاتارلىق گۇناھكارلارنى قەيەردىن بولسۇن باغلاپ ئەكېلىپ زىندانغا تاشلاڭلار، سەن ماۋۇلارنى سارايغا باشلاپ ئوبدان مېھمان قىلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ قويغىن.

— پەرمانبەردارمىز، — دېيىشتى ئىشىك تۈۋىدە قوللىرىدىكى نەيزىلىرىنى تۇتۇپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان ئىككى چېرىك تېزلا.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، مەن بۇلارنى ھازىرلا سارايغا ئورۇنلاشتۇراي، — دېدى مەھكىمىنىڭ مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل بېگى سىدىق تېزلا، — قېنى، بۇياققا مەرھەمەت قىلىشسىلا، بەگلىرىم...

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسا ھاكىمبەگ خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋارقىراپ ئىچىنى ئاز ـ تولا بوشىتىۋالغۇسى،

قوبۇلخانىدىكى لاۋازىمەتلىكلەرنى ئۇرۇپ چەيلەپ پايخان قىلغۇسى كېلىپ كەتتى.

— ئۆزلە بۇ ئىشنى ئىچىلىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە، ھاكىمبېگىم،— دېدى باياتىن بېرى قوبۇلخانىدا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تاتارغان چىرايىغا قاراپ،— قارىغاندا لايسۇلۇق خوجىلار قەشقەردىكى مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ يېنىغا بېرىپ دادلانغان ئوخشايدۇ. دەۋا - دەستۇر دېگەندە كىم بۇرۇن بېرىپ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن نېمە دېسە بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. ئەسلىي سىلىگە يارلىق چۈشۈرگەن ئۇ مەسلىھەتچى ئامبالمۇ ئۆزى كېلەلمىگەن تەقدىردە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق ئىگىلەپ، ئاندىن ھېلىقىدەك يارلىق چۈشۈرگەن بولسىمۇ كېچىكمەيتتى. ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغانىدەك ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۆكۈمدارنىڭ بۇ يارلىقنى قايتۇرغۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بىر مەزگىل خۇۋانە يۈتايلى. ئالدى بىلەن قەشقەردىن كەلگەن چېرىكلەر قايتىپ كەتسۇن، خوجىلارنىڭمۇ كۆڭلى تىنسۇن، ئاندىن باشقىچە ئامال قىلارسىز.

مۇسا ھاكىمبەگ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا گەپ قىلىشقا ھەپسىلى قالمىغانىدى. خوجىلار ئېلىپ كەلگەن بۇ خورلۇق ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى ئۆرتەپ قۇرتتەك غاجىلىماقتا ئىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئالدىدىكى ئادەم شېرىن ئەمەس، خوجىلاردىن بىرەرى بولسا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، گېلىنى بوغۇپلا ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپ قويغۇسى بار ئىدى.

ئەتىسى يارلىقتا ئىسمى ئاتالغان گۇناھكارلار قىسقا

ئېلىنىپ گۈندىخانىغا تاشلاندى. قەشقەردىن كەلگەن چېرىكلەر ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدە ئىككى ـ ئۈچ ئويناپ كۆلۈپ يايرىۋالدى، ئاندىن ئۆدۈللا لايسۇغا كېلىپ، خوجىلارنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا چۈشكۈن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن، خۇرجۇنلىرىغا ئېرىشكەن ئىنئاملىرىنى قاچىلاپ، يەنە يولغا چىقتى. بىراق، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ غېمى چېرىكلەر كېتىپلا تۈگەپ قالمىدى. ئۇ گۈندىخانىدىكى گۇناھكارلارنى ئۆز مەيلىچە قويۇپ بېرەلمەيتتى. ئەگەر شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش لايسۇلۇق خوجىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپلا قالسا، ئۇلار يەنە بىر مەرتەم قەشقەرگە بېرىپ، مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن كۆرۈشۈشتىن، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۈستىدىن يەنە ئەرز قىلىشتىن يانمايتتى. شۇڭا، ئۇ بىئاراملىق ئىچىدە كۈنلىرىنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. گاھىدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپلا قالسا، ئۇنىڭ ئايالىمۇ، باشقا بەگلىرىمۇ، ئەڭ يېقىن ھەمراھى، سىردىشى بولغان شېرىنمۇ ئۈنلۈكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

— بىزمۇ قەشقەرگە بېرىپ مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسەك قانداق بولار، ھاكىمبېگىم، — دېدى شېرىن بىر كۈنى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يېقىنىدىن بۇيان ياداپ، مەغز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالاي دېگەن چىرايىغا قاراپ، — ئۆزلە بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىمەن دەپ غىمزاسىز ئولتۇرغانلىرى بىلەن مەسلىھەتچى ئامبال بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز. سىلىنى بىئاراملىقتا سېلىپ كۈندۈزدىكى

غىزادىن، كېچىدىكى شېرىن ئۇيقۇدىن قويۇۋاتقان يارلىقنى خوجىلارنىڭ گېپى بىلەن چۈشۈرگەن مەسلىھەتچى ئامبال ئۆزلەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسا ھەقىقىي ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، بەلكىم باشقىچە، بىزگە پايدىلىق بولغان يارلىقنى چۈشۈرسە ئەجەب ئەمەس!

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شېرىنگە تىكىلدى ـ دە، تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك سورىدى:

ــ بۇنداق قىلساق راستىنلا ئۇنۇمى بولارمۇ؟

ــ بۇنىڭغا مەنمۇ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن، مەسلىھەتچى ئامبال ئۆزلە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلەرنى ئاڭلاپ نىيىتىدىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلەگىمۇ قەشقەر تەرەپكە بېرىپ، ئۇنىڭغا كۆرۈنۈش قىلمىغىلى ئۈچ يىلنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدى. خوجىلار بولسا يىلدا بېرىپ كۆرۈنۈش قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ دورەم «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك»نى سوقانلىرى ياخشى بولارمىكىن!

ــ ئەمەلىيەتتىمۇ مېنىڭ كۆرۈنۈش قىلغۇم يوق ئەمەس، بىراق ئىشلارنىڭ تولىلىقىدىن پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم،ــ مۇسا ھاكىمبەگ خورسىنىپ قويدى،ــ بۇ گەپلىرىڭ جايىدا بولدى، شۇنداق قىلساق بولغۇدەك، سېنىڭچە قاچانلاردا يولغا چىقساق بولار؟

ــ بۇ سەپەر قانچە تېز ئورۇنلاشتۇرۇلسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ھاكىمبېگىم. كېچە ئۇزۇن بولسا چۈشىمۇ كۆپ بولىدۇ، شۇڭا تەييارلىقلارنى تېز قىلىپ، سوۋغاتلارنىمۇ ئوبدانراق تەييارلاپ قەشقەرگە قاراپ ئاتلانغانلىرى تۈزۈك.

— تەييارلىقلارنىڭمۇ بىر - ئىككى كۈندە پۈتكۈزگىلى بولار؟ بىراق مەسلىھەتچى ئامبالغا قانداق سوۋغاتلارنى تەييارلىساق بولار؟ ئۇ ئالدىنقى قېتىملاردا ئاپارغان سوۋغاتلارنى ئالغىلى ئۇنىماي ئاران تەستە قوبۇل قىلغان. ئەمدى بىراقلا سوۋغاتلارنى كۆپەيتىۋەتسەك، ئۇ ئادەم شۈبھىلىنىپ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي قالارمىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قاچانلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم، ئۆزىنىڭ پاك - ديانەتلىك بىلەن يۇرت سورايدىغانلىقىنى، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىجاندىللىق بىلەن ئورۇندايدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلمەي، ئەلنىڭ دادى - ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، قولۇمدىن كېلىشىچە ھەل قىلىشىمنى تاپىلاپ تۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە باشقا ئويلاردا بولۇپ قالسا...— مۇسا ھاكىمبەگ نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. شېرىن ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىپ ئۈلگۈردى - دە، كۈلۈمسىرىدى.

— ئۆزلە بۇنىڭدىن ئانچە خاۋاتىرلىنىپ كەتمىسىلە، ھاكىمبېگىم، بىزدە «بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەننى ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەيمىزۇ، نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ باقمايمىز؟ بەلكىم دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇقتۇ، مەسلىھەتچى ئامبال ھەقىقەتەن پاك - ديانەتلىك، ھارامغا يېقىن يولىمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئەل - ئاۋامنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان ئادەمدۇ؟! بىراق ئادەم دېگەننى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟!... مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ

ئوردىسىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا، ئاستانىدىكى خاندىن كەلگەن يارلىق ئاۋۋال قومۇلدىكى خان ئامبىلىغا كەلگەندىن كېيىن، خان ئامبىلى چىڭۋاڭ غوجامنىڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇ ئاشۇ خىزمىتى ئۈچۈن چىڭۋاڭ غوجامدىن ئىنئام، سۆيۈنچە ئالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. گاھىدا سۆيۈنچە ئاز بولۇپ قالسا يۈزىنى داپتەك قىلىپ، ئۇنى - بۇنى تارتۇق قىلىشنى ئېيتىپ تۇرۇۋالاتتى. ئايماق بېگىمۇ، باركۆلدىكى خان لەشكەرلىرى قارارگاھىنىڭ قوماندانىمۇ بىر ئاماللار بىلەن چىرىكلەرنىڭ تەمىناتىنى قىسىۋالاتتى. مائاشلىرىغا خىيانەت قىلىپ، ۋاقتىدا تارقاتماي قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويغانىدى. خان ئامبىلى ئاشۇنداق قىلغان يەردە مەسلىھەتچى ئامبال ئالدىغا كەلگەن تەييار غىزانى يېمەي قالارما؟ ياق، ھاكىمبېگىم، ياق، ئەگەر مەسلىھەتچى ئامبال باي بولۇشنى، يانچۇقىنى توملاشنى، قاقتى - سوقتى قىلىپ مال - دۇنيا يىغىشنى ئويلىمىسا، ئاشۇ يىراقتىن قەشقەرگە كېلىپ ئەمەل تۇتارما؟! مەن چىڭۋاڭ غوجامغا ھەمراھ بولۇپ ئاستانە بېيجىڭغا بارغاندا ئۇ شەھەرنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بېيجىڭ بىلەن قەشقەر ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىكەن. ھېلىغۇ مەسلىھەتچى ئامبالكەن، سارالىڭ ئادەم بولسىمۇ بىرەر مەقسەت - مۇددىئاسى بولمىسا شۇنداق چىرايلىق شەھەردىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىدىن ئايرىلىپ، نەچچە ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ بۇ نامرات، مەدەنىيەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان يەرگە كېلىشكە رازى بولاتتىمۇ؟!...ئۇنىڭ بۇنداق گېپىنى

سۈتى چىقمىغان ئانىنىڭ بالىسىنى گوللاش ئۇچۇن قۇرۇق ئەمچەك سالغىنى دەپ بىلسىلە، ھاكىمبېگىم!...
مۇسا ھاكىمبەگنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ــ دە، شېرىنگە تىكىلگەن بولسىمۇ خېلىغىچە گەپ قىلمىدى. شېرىنمۇ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۆز مەسلىھەتىگە تازا دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرغاچقا، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
ــ مەيلى، سۈدىن كېچىپ ئۆتمىگۈچە دەريانىڭ چوڭقۇر ــ تېيىزلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشتا سەن دېگەندەك قىلايلى. لېكىن، مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن كۆرۈشكىلى مەن بارماي. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن بۇ يەردىن بىر مەزگىل يوقاپ كەتسەم خوجىلارنىڭ گۇمانى قوزغىلىپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يەر ئاچقۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلغانلارنى گۇندىخانىغا تاشلىدۇق. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى كۈن ئارىلاپ كېلىپ ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا تولا سۆزلەپ ئېغىزىمنىڭ بىرنەچچە قات تېرىسىنى چۈشۈرۈپ بولاي دېگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلار غەرەز ئۇقمايۋاتىدۇ. ئالىمادىس مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇلار بىلەن خوجىلار ئارىسىدا بىرەر سۈركىلىش بولۇپ قالسا، ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ۋەقەلەر چىقىپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، قەشقەرگە باشقا ئادەم بارسۇن، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ خېلىدىن كېيىن.
ــ ئۆزلەچە ئۇ يەرگە كىم بارسا بولار، ھاكىمبېگىم؟
ــ سەن بارغىن، دورغام، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ، ــ ھازىرغۇ يېشىڭ ئۇلغىيىپ ياشىنىپ قالدىڭ. لېكىن، مەن ئورايىم بەگنى بارسۇن دېسەم، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئالدىراشلا يۈرۈۋاتىدۇ. باشقا ئىشەنچلىك

بەگلەرنى ئەۋەتەي دېسەم، «چاپىقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك» ئىشلارنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، جاپا تارتساڭمۇ بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ ئاتلانغىن. نەۋرۇز ھەمراھ بولسۇن، بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى ئاتلىق بېسىپ بولالمايمەن دەپ ئويلىساڭ، مېنىڭ مەپەمگە ئولتۇرۇپ ماڭساڭ بولىدۇ.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئۆزىنى قەشقەرگە بۇيرۇشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغاچقا، دەسلەپىدە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تېزلا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، مەن ئۆزلە دېگەندەك نەۋرۇز بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، لېكىن مېنىڭ كىچىككىنە ئىلتىماسىم بار ئىدى.

— قېنى دەۋەرگىن، قولىقىم سەندە، ھېلىغۇ بىر ئىلتىماسكەن، مۇشۇ ئىشنى ئاۋامنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر تەرەپ قىلغىلى بولسا، ئون ئىلتىماسىڭ بولسىمۇ قوشۇلىمەن.

— بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئىلاج بار باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىقى كېرەك، ھاكىمبېگىم. شۇ تاپتا خوجىلار نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۆزلەنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىۋاتامدۇ، يوق؟ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدىكى ئىشلارغا نەزەر سېلىۋاتامدۇ؟ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، ئەڭ يامىنى نەپسىگە بېرىلىپ كېتىپ، پايدا بىلەن زىياننى، ئاق

بىلەن قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان، ۋىجدانىنى يوقاتقان، خوجىلارغا سېتىلىپ كەتكەن مۇناپىقلاردىن بىرەر ـ يېرىمى ئەتراپىمىزدا بولۇپ قالسا، بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا خوجىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالىدۇ. ئۆزلە ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى كەينىگە سۆرەش ئۈچۈن يەر ئاچقۇچىلارنى گۇندىخانىغا سولاشقا ئۇنىمىسىلا، ئاتايىن ئۆزلىرى قەشقەرگە بېرىپ يارلىق ئېلىپ كەلگەن خوجىلار بىزنىڭمۇ سولاقتىكىلەرنى قويۇۋېتىش، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەينەن مەلۇم قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئاتلانغىنىمىزنى بىلسە چوقۇم باشقىچە تەدبىر قوللانمايدۇ دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەنمۇ، نەۋرۇزمۇ ئاتلىق يولغا چىقايلى. سوۋغا ـ سالاملارنى قېچىرغا يۈكلەپ ماڭغانىمىزنىڭ سىرتىدا ئىككىلا ئادەم ئېلىۋالايلى.

— بۇ مەسلىھەت ئوبدان بولدى. ئادەم ئاز، يەنە كېلىپ ئاتلىق يولغا چىقساڭ مەيە بىلەن يولغا چىققانغا قارىغاندا تېز بولىدۇ. خوش، بۇ تەلىپىڭگە قوشۇلدۇم. سەن ھەمراھلىققا ئېلىۋالايلى دېگەن ئىككى ئادەم كىم بولىدىكىن؟

— بۇ ئادەملەرمۇ ئىشەنچلىك بولمىسا بولمايدۇ، ھاكىمبېگىم، بۇلارنى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىلىرىدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن تاللىساق ئۇلار بىر مەزگىل يوقاپلا كەتسە، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدۇ. شۇڭا، ئىلاج بولسا ئۆزلەنىڭ ئۆيدە ئىشلەيدىغان خىزمەتكارلار ئارىسىدىن تاللىساق بولامدىكىن!

— ماقۇل، قېنى دەۋەر، كىملەر بارسا بولار؟

— بارات قارا بىلەن ماموت بارسۇنمىكىن!

— مەيلى، ئۇلار راستچىل، بىر ئىشلارنى خېلى دىتلاپ

قىلىدىغان ئادەملەر. مەن ئۇلارغا تاپىلاپ قوياي، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ قويسۇن. راست، مەسلىھەتچى ئامبالغا ئېلىپ بارىدىغان سوۋغىلارنى قانداق قىلىمىز؟

— بىزدە «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟ بۇنى ئۆزلە بىلىسىلە.

— شۇنداق بولسىمۇ، «كېچىكەشلىك ئىش بۇزۇلماس!» دېگەن گەپ بار، شېرىن، مېنىڭچە مۇنداق قىلساق قانداق بولار؟! — مۇسا ھاكىمبەگ ئۆيدە ئىككىيلەندىن باشقا ئادەم يوقلۇقىغا قارىماي شېرىن تەرەپكە سۈرۈلدى ـ دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا باشلىدى...

# ئون ئىككىنچى باب

## ھۆما قۇشى

كۆن ئارغامچا بويى ئۆرلىشى بىلەن تەڭلا بىپايان سايلىق تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن ئەتراپتىن تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق ئېقىم ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قاياققا قارىسىلا تاش، خەشەكتىن ئۆزگە بىرەر ھاياتلىق ئىزناسىنى تاپقىلى بولمايدىغان سايلىقتا كىچىكرەك بىر كارۋان سېپى ئۆز يولىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. ئۇلار مۇساپىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن كېچىدە ئۇكەر يۇلتۇز كۆتۈرۈلگەن چاغدىلا سەپەرگە ئاتلانغانىدى. كارۋاننىڭ ئالدىدا تۆم قارا ئاتقا مىنگەن، قويۇق ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان، سەل مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان شېرىن ئالدى تەرەپكە ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغاچ ئېتىنى دېۋىتىپ قويدى.

— تېزرەك ماڭايلى، ھېلى ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىپ كەتسە بىزگىلا ئەمەس، ماۋۇ تىلسىز جانىۋارلارغىمۇ ئۇۋال بولىدۇ. شۇڭا، ھازىر سەل ئىلدامراق مېڭىپ، ئالدىمىزدا بىرەر مەھەللە ياكى ئورمانلىق ئۇچراپ قالسا بىردەم ئارام ئالايلى.

— قەشقەرگە يەنە نەچچە كۈندە يېتىپ بارارمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ يېنىدىلا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان

نەۋروز ئېتىنى تېقىمداپ قويغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىكى ھەسەن ـ ھۈسەندەك پارلاۋاتقان يالقۇنغا قاراپ قويغاچ،ــ بۇ سايلىقتا مېڭىۋاتقىنىمىزغا بۈگۈن توپتوغرا تۆتىنچى كۈنگە تاڭ ئېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بىرەر توپ دەرەخ، تۈت ـ بەش ئائىلە غۇژمەكلىشىپ ياشىغان بىرەر مەھەللىنى كۆرمىدۇق. ئېلىۋالغان ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز بىلەن سۈيىمىزمۇ ئازلا قالدى. ئات ـ قېچىرلارنىڭمۇ بوغۇزلىرى تۈنۈگۈن كەچتىلا تۈگىگەن، ئەگەر بۈگۈن ئادەم بار يەرگە يېتىپ بارالمىساق...

ــ خاتىرجەم بول، بۇ كارۋانلار سەپەر قىلىدىغان يول، مەنمۇ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، يولدىن ئېزىپ قالغان بولساق قانداق قىلارمىز دەپ ۋايىم يېگەنىدىم. لېكىن، مەن شۈبھىلەنگەندەك، ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن. ئەتىگەندىن بېرى مېڭىۋاتقان يولىمىزغا دىققەت قىلىپلا كېلىۋاتىمەن. بىز يولدىن ئېزىپ قالماپتىمىز. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۈگۈن چۈش ـ پېشىنلەردە، ھېچ بولمىسا كۈن كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن بىرەر چۈشكۈن ياكى لەڭگەرگە يېتىپ بېرىشىمىز ئېنىق.

ــ بۇنى قانداق بىلدىڭ، دورغام؟ــ دەپ سورىدى نەۋروز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل ھەيران بولۇپ.

ــ ھا... ھا... ھا... مېنىڭ گېپىمدىن گۇمانلىنىۋېتىپسەن ـ ھە؟ ئەنە قارا، ئاۋۇ تېزەكلەرگە، ئۇ يەردىن كارۋانلار ماڭمىغان بولسا، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تېزىكى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

نەۋروز شېرىن كۆرسەتكەن، تېخى تازا قۇرۇپ كەتمىگەچكە، قۇرتلار لۆمۈلدەپ يۈرۈشۈۋاتقان

تېزەكلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى.

— دېگەنلىرى توغرىكەن، دورغام، — مەن بۇ ئالامەتلەرگە پەقەتلا دىققەت قىلماپتىمەن...

ئارىنى يەنە سۈكۈناتلىق قاپلىدى. ئەتىگەن يولغا چىققان ۋاقتىدا ئوبدانلا بوغۇز يەپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ ئارام ئېلىۋالغاچقا، تۆيىقى قىزىپ قالغاندەك تىزگىن سىيرىپ مېڭىۋاتقان ئاتلار ئەمدىلىكتە قەدەم ئېلىشتىنمۇ ئېرىنىۋاتقاندەك ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ماڭماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈچ قېچىرغا ئارتىلغان يۈكلەرنىڭ ئارقىسىدىن بارات قارا بىلەن مامۇت ئاتلىق كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆمرىدە قاراقىر ئۆتكىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ باقمىغاچقا، شېرىننىڭ يولدا سەپەرنى ئاۋۇتۇش مەقسىتىدە ئېيتىپ بەرگەن قومۇل، تۇرپان، ئىلى، قەشقەر، يەكەن توغرىسىدىكى پاراڭلىرى ھەيرانلىقىنى ئاشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلار دەسلىپىدە ئانچە ئېرەنشىمىگىنى بىلەن كېيىن شېرىندىن ئۇنى – بۇنى سوراپ ئارامىنى قويمىغانىدى. مانا ئەمدى چېتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ سايلىققا كىرگەندىن كېيىن، بۇ زېرىكىشلىك سەپەر بوگۈن ئاخىرلىشار، ئەتە ئاخىرلىشار دەپ يۈرۈپ، تېخىچە بىرەر يېشىللىق كۆزلىرىگە كۆرۈنمىگەندىن كېيىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

نەۋرۇز ئالىقانلىرىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق – يىراقلارغا قارىدى – دە، نېمىشقىكىن بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇرۇنلا قەشقەر تەرەپكە بارغۇسى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا نەۋرۇز

ئوقۇشتىن، ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن ئۆزگە ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى.

— ئەمدى يەنە ئوقۇيمەن دېمە، بالام، — دېگەندى ئۇنىڭ دادىسى نەۋرۇزنىڭ قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇيمەن دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، — مەنغۇ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا قانداقلا تەلىپىڭ بولسا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بەرگۈم بار ئىدى. لېكىن، بوۋاڭ ياشىنىپ قالدى. ئادەم دېگەننىڭ يېشى چوڭايغانسېرى مىجەز - خۇلقى بەئەينى كىچىك بالىنىڭلا ئوخشاپ قېلىپ، بىر ئېغىز گەپ ئاز، ئىككى ئېغىز گەپ جىقلىق قىلىدىكەن. «ياشىنىپ قالدىلا، ئەمدى ئۆيدە ئارامخۇدا پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلىرى كېلىپ قالدى. يەنە مۇسا بېگىمنىڭ قويلىرىنى باقىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا. ئەگەر مۇسا بېگىمگە مەن ياشىنىپ قالدىم، شۇڭا، مەن بېقىۋاتقان ماللارنى ئۆتكۈزۈپ بەرسەم قانداق بولار؟ دېگەن گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقىرىش تەس كېلىۋاتقان بولسا، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بۇ ماللارغا مەن قاراي» دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دېگەن بولساممۇ، «مېنى ئۆيدە بىكار يېتىپ يەپ، تېزلا كاردىن چىقىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلسۇن دەۋاتامسەن؟ كۆزۈم ئوچۇقلا بولىدىكەن، مۇشۇ ھەسەن - ھۈسەندىن ئايرىلمايمەن، مۇسا بېگىمنىڭ قويلىرىنى باققاچ، كۆڭلۈم خالىغان ئىشلارنى قىلىمەن. ئەگەر مېنى ياشىنىپ قالدى، يىراق - يېقىننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلالمايدۇ دېسەڭ، ئوغلۇڭ نەۋرۇزنى قوشۇپ قوي، ئۇ ماڭا ھەمراھ بولسۇن...» دېگەن گەپتىن باشقا گەپنى دېگىلى ئۇنىمىدى. سەن ئوقۇيمەن دېسەڭ، دادام بېقىۋاتقان

ماللىرىنىڭ مەرىدىن كېچەلەمدۇ ياكى ماڭا ئېنىق دېمىگىنى بىلەن باشقا خىياللىرى بارمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، مېنىڭ تاشىنىمۇ ئېرىتىدىغان تاتلىق گەپلىرىمنى رەت قىلىپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، مەنمۇ ئىككى ئارىدا تەڭقىسلىقتا قالىدىكەنمەن، بالام، بولدى قوي، ھېلىمۇ مەدرىسەدە ئون يىلدىن ئارتۇق ئوقۇدۇڭ، مېنى دەپ بولسىمۇ قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇيمەن دېگەن گەپنى ئەمدى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالما. بىزدە «ئاتاڭ رازى — خۇدا رازى» دېگەن گەپ بار. سېنى دەپ دادامنى خاپا قىلىپ قويغۇم، ئۇنىڭ دىلىنى چىگىپ قويغۇم يوق.

شۇ چاغدا نەۋرۇز ئورنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. كىچىكىدىن باشلاپ نېمە دېسە رايىغا باقىدىغان دادىسىنىڭ بۇ دورەم ئويلىمىغان يەردىن دېگەن گەپلىرى ئۇنى ئويلاندۇرمايمۇ قالمىدى. ئۇ بوۋىسىغا ئامراق ئىدى. سەپەر بوۋايمۇ نەۋرىلىرى ئىچىدە نەۋرۇزنى باشقىلاردىن چوڭ كۆرەتتى. ئۇ نەچچە قېتىم: «سەن باھار ئايلىرىدا تۇغۇلغانسىدىڭ، بالام، شۇ چاغدا يايلاقتىكى چىملار ئەمدى كۆكىرىشكە، شۇيىلار[1] چالما قومۇرۇشقا باشلىغانىدى. سېنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقىنىڭنى ئاڭلاپ، خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەن كىشىگە خۇشاللىقىمدا بىر پاقلاننى سۆيۈنچە ئورنىدا بېرىۋەتكەنىدىم. ئىسمىڭنى قويىدىغان ۋاقىتتا مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بىر كىتابنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، بىر ئالەم ئىسىملارنى بىرمۇبىر دەپ مەنىسىنى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى قۇلىقىمغا ياقمىدى. ‹بۇ

[1] شۇيا — يايلاقتىكى قومۇشلارنىڭ ئەتىيازدىكى كۆكىرىپ چىققان ۋاقتى.

نەۋرەمنىڭ ئىسمى نەۋرۇز بولسۇن› دېسەم، ھەممە ئادەم كىتابتا يوق ئىسىمنى قويساق بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىشقانىدى. مەن: ‹كىتابتا بولمىسا نېمە بوپتۇ، بىر ۋاقىتتا مۇسا بېگىمنىڭ دادىسى نەۋرۇز دېگەن يىل بېشى، يېڭى كۈن، باھارنىڭ باشلىنىدىغان كۈنى دېگەن مەنىدىكى گەپ ئىكەن دېگەنىدى، بۇ بالام دەل باھار ئايلىرىدا تۇغۇلدى، شۇڭا، ئىسمى نەۋرۇز بولسۇن!› دەپ تۇرۇۋالدىم. بۇنى ئاڭلاپ، ئىمامۇ، باشقىلارمۇ: ‹بالا ئۆزلىرىنىڭ، كىتابتا بۇنداق ئىسىملار بولمىسىمۇ، كۆڭۈللىرىگە ياققان، يارىغان بولسا ئىسمى نەۋرۇز بولسا بولۇۋەرسۇن...› دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ ئىسمىگىنى نەۋرۇز دەپ قويدۇق» دېگەنىدى. نەۋرۇزمۇ بوۋىسىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. بىكار بولسىلا بوۋىسىنىڭ قېشىغا باراتتى. ئۇ مۇددەرىسلىك قىلىۋاتقان خەلپىتىم ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ئارام ئېلىشقا قويۇۋەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ كۈنلىرىنى بوۋىسىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزەتتى. بىراق، مەدرىسەدىكى ۋاقىتىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسە ئىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىپ كەلگەن سابىر خەلپىتىم قەشقەردىكى ئىشلارنى، خانلىق مەدرىسەدىكى قايناق ئوقۇش ھاياتىنى، قەرەلىدە بولىدىغان مۇنازىرە - سۆھبەتلەرنى ھاياجان بىلەن ئېيتىپ بەرگەن چاغلىرىدا ئۆزىمۇ خۇددى ئاشۇ يەرگە بارغاندەك، ئاشۇ ئىشلارغا قاتناشقاندەك ھېسسىياتقا كېلەتتى - دە، بىردەمدىن كېيىنلا بۇنىڭ خىيال ئىكەنلىكىنى تېزلا ئېسىگە ئېلىپ، «بۇ يەردىكى ئوقۇشۇمنى تۈگەتكەن ھامان دادامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ قەشقەرگە بارىمەن، خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇپ، ھەممە ئادەم ھۆرمەت ۋە ئىخلاس

قىلىدىغان نەۋرۇز داموللام بولۇپ يېتىشىپ چىقىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. مانا ئەمدى «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دېگەندەك، دادىسىنىڭ سۆزلىرى «قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك» بولۇۋاتاتتى. نەۋرۇز خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. نۇرغۇن ئىشلارنى خىيال قىلدى. بىراق، گەپ يەنىلا «ئاتا رازى ــ خۇدا رازى» دېگەن يەرگە كەلگەندە، بوغۇزىغا، ياق تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

ــ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، دادا، مەن بوۋامغا ياردەملىشەي!

دادا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، باشقا گەپ قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋرۇز سەپەر بوۋاينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ مال باقتى. ئۇ قويلارنى يايلاشقا قويۇۋېتىپ، يانتۇ ياتقىنىچە خىيال سۈرگەن چاغلىرىدا مەدرىسەدە ئوقۇغان چاغدىكى شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىچە روھلىنىپ، ئۆزىنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن كۆزلىرى قويۇق ئۆسكەن قومۇش، يۇلغۇن، يېسىلغاقلار ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن قويلارغا چۈشۈشى بىلەن تەڭلا روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوشىشىپلا قالاتتى. كېيىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، ئۆز قورۇسىنىڭ، ياق، پۈتۈن ئىگىلىكىنىڭ غوجىدارلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ بارلىق كىرىم ـ چىقىملىرى، ھېساباتلىرى، ئالدى ـ كەينى قورۇنىڭ

چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۇ بەزىدە ئەتىگىنى ناشتا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى، چۈشتە قايسى غىزانى يېگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە مۇسا ھاكىمبەگ ئۆز ئېغىزى بىلەن ئۇنىڭ شېرىن دورغىغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئارمان ئوتلىرى ئۇچقۇنلىغاندەك بولۇپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. «باراي، مۇسا بېگىم ماڭا ئىشىنىپ بۇ ئىشقا بۇيرۇغانىكەن. ۋەزىپىنى چوقۇم بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداي. بۇرۇن خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەتتە قەشقەرنى، نامى تىللاردا زىكىر قىلىنىۋاتقان خانلىق مەدرىسەنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېلەرمەن...»

ئاتىنىڭ يېنىك يۈشقۇرۇشى بىلەن نەۋرۇز خىيال دەرياسىدىن ئۈزۈپ چىقتى ـ دە، ئالدى تەرەپكە قارىدى. يەنىلا ساي... بىپايان ساي يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئەتراپقا خېلى ئۇزاق زەن سالدى ـ يۇ، لېكىن بىرەر يېشىللىقنى ئىلغا قىلالمىدى ـ دە، قۇرۇشقا باشلىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويغاندىن كېيىن، ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى غانجۇغىلاپ قويغان قاپاقتا قول سوزدى.

— ئۇسسىغان بولسىلا سۇ ئىچىۋالامدىلا، دورغام؟ — دېدى ئۇ قاپاقنى قولىغا ئېلىپ، يېنىدا ئېتىنىڭ قەدەم ئېلىشىغا ماسلىشىپ ئالدى ـ كەينىگە تەۋرىنىپ ئولتۇرغىنىچە سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شېرىن دورغىغا تەئەززۇ بىلەن سۇنۇپ.

شېرىن گەپ قىلمايلا قاپاقنى ئېلىپ قانچىلىك سۇ

قالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك سىلكىپ قويغاندىن كېيىن، قاپاقنىڭ ئېغىزىغا كەپلەپ قويۇلغان مەدەكىنى كۆچىمەيلا ئالغاندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ يۇتۇملا سۇ ئىچىپ نەۋرۇزغا قايتۇرۇپ بەردى.

— سۇمۇ بىردەمدىلا ئىسسىپ قاپتۇ، — دېدى شېرىن لەۋلىرىنى تامشىپ قويغاچ.

نەۋرۇزمۇ ئۇنىڭ سۇنى كۆپ ئىچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېغىزىدا دېمىگىنى بىلەن كۆڭلىدە سۇنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئولگۇردى. ئۇمۇ قاپاقنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ لېۋىنى نەملىۋالغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئالدىدىكى ئات - قېچىرلارنىڭ قەدەم ئېلىشىنى ساناۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ئۇلاغلارنىڭ پۇتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاتلىرىدىن ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك بىر تەرەپكە قىيسىيىپ ئولتۇرغان بارات قارا بىلەن مامۇتقا قارىدى.

— سۇ ئىچەمسىلەر؟

— ياق، بولدى ئۇسسىمىدۇق، — ئۇلار دېيىشىۋالغاندەك تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

نەۋرۇز قاپاقنى يەنە بايىقىدەك ئېگەرنىڭ يان تەرىپىگە غانجۇغىلىدى - دە، ئالدى تەرەپكە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— يولنى قىسقارتايلى، دورغام، مالال كەلمىسە تونۇگۇنكىدەك قىزىق گەپلەردىن قىلىپ بەرسىلە.

شېرىن ئىپادە بىلدۈرۈپ بولغۇچە، بارات قارا بىلەن مامۇت ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى. يول بويى ھەمراھلىرىنى قىزىقارلىق گەپلىرى بىلەن كۇلدۇرۇپ، سەپەر ئازابىنى ھېس قىلدۇرماي كەلگەن شېرىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ تاپتا تازا زېرىكىۋاتقانلىقىنى سەزدى -

ده، ماقۇللۇق بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— ئۆتكەن يىلىغۇ دەيمەن. مۇسا بېگىمگە ھەمراھ بولۇپ تاغ تەرەپكە چىقتىم. بىز خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپ، ئاخىرى ئۆچكە بۇلۇڭ دېگەن مەھەللىگە باردۇق. ئۇ يەر بەكلا چىرايلىق ئىكەن. بىردەم ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئايلانغاندىن كېيىن، ئاشۇ يەرلىك بىر باينىڭ ئۆيىگە كىردۇق ـ دە، ئوبدانلا غىزالاندۇق. شۇ ئارىدا ھېلىقى باينىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ قالدىمۇ، قانداق، مەھەللىدىكى سازەندىلەردىن بىرنەچچىنى باشلاپ كىردى ـ دە، بىزگە بىر قۇر تونۇشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن بىر تۇلۇمنى چىقىرىپ: «بۇ بوغاز لەڭگەردىكى بىر ئاغىنەم چىقارتقان مەيزاپ ئىدى. خېلىدىن بېرى يالغۇز ئىچىشكە كۆزۈم قىيماي ساقلاپ قويغانىدىم. بۈگۈن ھاكىمبېگىم تاغ ـ تۇراغا چىقىپ ئۆڭكۈردەك كەپەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىۋىدى، خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىۋاتىمەن. شۇڭا، بۇ ئۈزۈم سۈيىنى تەڭ ئىچەيلى» دەپلا قاچىلارغا قۇيۇپ تەڭلىدى. ھاكىمبېگىم پىيالىنى قولىغا ئېلىپ لېۋىگە ئاپىرىپ تامشىپ باققاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەردى.

— بولدى، مەن ئىچمەي، باشقىلارغا تەڭلىسىلە.

— بۇ ئۈزۈمنىڭ سۈيى، ھاكىمبېگىم، شاراب ئەمەس، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۈزۈمنى يەيمىز، لېكىن سۈيىنى ئىچمىسەك قانداق بولىدۇ، قېنى ئىچسىلە.

— ياق، باشقىلار ئىچسە ئىچسۇن، مېنى زورلىمىسىلا...

ھېلىقى باي نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھاكىمبېگىم مەيزاپنى ئىچكىلى ئۇنىمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ماڭا تەڭلىدى. سەندىن يوشۇرمايمەن، نەۋرۇز، قومۇلدىكى چاغلىرىمدا خەنزۇلار، خۇيزۇلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش داۋامىدا شاراب ئىچكەن يەردە ئولتۇرغان بولساممۇ، لېكىن قولۇمغا ئېلىپ باقمىغانىدىم. شۇ كۈنى تاغلىق باينىڭ سالا ـ سۇلھىلىرىگە چىداپ بولالماي ئىككى ـ ئۈچ يۇتۇم ئىچىپ قويدۇم. باي سازەندىلەرگە ئازراقتىن مەيزاپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئۆزى ئارقا ـ ئارقىدىن خېلى كۆپ ئىچتى ـ دە، سازچىلارنى ساز چېلىپ، ناخشا ئوقۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ ھاكىمبېگىمنىڭ يېنىغا بېرىپ دەردلىرىنى ئېيتقىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيگە مېھمان ئىكەنلىكىمنى يادىمغا ئېلىپ لېۋىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم. سازچىلارنىڭ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكۈسى كەلدىمۇ ياكى ئۇلار ئەزەلدىن ئاشۇنداق زوق ـ شوقى بىلەن نەغمە قىلامدۇ، بۇنى بىلمىدىم، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىپ نەغمە قىلدى. بىراق، ھېلىقى باينىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. سازچىلار خېلى ئۇزاق نەغمە قىلغاندىن كېيىن سەل ھاردۇق يەتكەندەك توختىدى. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن باي بىردىنلا ھۆرپەيدى.

ــ نېمىشقا توختاپ قالدىڭلار؟ چېلىڭلار... چېلىڭلار...

ــ خاپا بولمىسىلا، باي،ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىكىگە چىداپ بولالماي،ــ ناخشا ـ ساز دېگەننى ئاڭلايدىغان ئادەمگە چېلىپ بەرگۈلۈك. بۇ ياندا بۇلار ساز چېلىپ ئولتۇرسا، ئۆزلە ئۆز پاراڭلىرى بىلەن

ئولتۇرسىلا قانداق بولىدۇ؟ خاپا بولمىسىلا، بۇ نەغمىچىلەر غەلۋە ـ غۇدۇر پەدىسىنى بىلمەيدىكەن!...

نەۋرۇز بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ـ يۇ، لېكىن شېرىنىنىڭ تەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پاراڭنىڭ يەنە داۋامى بارلىقىنى ھېس قىلىپ كۈلكىسىنى توختىتىشتى.

ــ شۇ كۈنى يەنە بىر دەم نەغمە بولدى. مۇسا بېگىم ئۆزىنىڭ سەل چارچاپ قالغانلىقىنى ئېيتتۇيدى، ھېلىقى باي ياندىكى ئۆيگە جاي سېلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ باشلاپ ماڭدى. شۇ ئارىدا سازەندىلەرنىڭ بىرى مېنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، چوقلا دېگەن دۆڭنىڭ قېشىغا بېرىپ گۈلخان يېقىپ، يەنە بىر دەم نەغمە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ئۈلگۈردى. مەن بېشىمنى لىڭشىتقاچ، مۇسا بېگىم بىلەن كېچىدە ئارام ئالىدىغان ئۆيگە كىردۇق.

ــ ئەتە پۈلۈ تەرەپلەرگە بارىمىز، شېرىن،ــ دېدى مۇسا بېگىم مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلىپ قالغاندەك،ــ بۈگۈنمۇ ئاز يول ماڭمىدۇق. ئەتىكى سەپىرىمىزدىكى مۇساپىمىزمۇ خېلى ئۇزۇن. شۇڭا، ئوبدانراق ئارام ئېلىپ ھاردۇقىڭنى چىقىرىۋال. بولمىسا ئەتە سەپەر جەريانىدا تالجىقىپ قالىسەن.

ــ ماقۇل بېگىم، دېگەنلىرىدەك قىلاي، ئۆزلە ئارام ئېلىۋەرسىلە، مەن ھاجەتكە چىقىپ كىرىپلا ئارام ئالاي،ــ مەن شۇنداق دەپلا ياتىدىغان ئورنۇمنى ئوبدان كۆرۈۋالدىم ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ ساقلاپ تۇرغانلار بىلەن بىللە بىر دۆڭنىڭ باغرىغا كېلىپ، گۈلخان سېلىپ قويغاندىن كېيىن يەنە نەغمىمىزنى باشلىدۇق. ئۆمرۈمدە نۇرغۇن كاتتا سورۇنلارنى كۆرۈپ، ئوردىدىكى

مۇغەننىلەرنىڭ نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرىنى سۇرۇپ باققان بولسامىمۇ، لېكىن تاغ پەدىلىرى ماڭا باشقىچە بىلىنىپ كەيپىمنى كۆتۈرۈپ قويغاچقا، كۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە نەغمە ئاڭلاپ، بامدات نامىزىغا باش ئەزان ئوقۇلۇشقا ئازراقلا ۋاقىت قالغاندا، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، مۇسا بېگىم ياتقان ئۆيگە پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىم ـ دە، ئۇ سېزىپ قالماستا يوتقانغا كىرىۋېلىش غەرىزىدە؛ ئۆتۈكۈمنى تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن سېلىپ يەردە قوياي دېيىشىمگە قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مۇسا بېگىم ئويغاقمۇ يا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىمۇ بۇنى بىلمەيمەن، بىردىنلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شېرىن، نېمە ئاۋاز بۇ؟!

— ئۆتۈكۈم سۆكمىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى، — دېدىم مەن تېزلا.

— ئۆتۈكمۇ شۇنداق ئېغىر بولامدىكەن؟

— ياق، ئۆتۈك ئۈستىدە مەنمۇ بار، ھاكىمبېگىم!...

ئۇچەيلەن يەنە بايىقىدەك قاقاھلاپ كۈلۈشتى. شېرىن ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنىڭ توختىشىنى كۈتمەيلا يەنە گېپىنى باشلىدى.

— بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرسام مۇسا بېگىم نىياز قاراقاش بىللە بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ ئۈستىگە باشلىدىم ـ دە، داستىخان سالىدىغان ۋاقىتتا ئۆيدە نان تۈگەپ قالغانلىقىنى، تېخى تونۇگۈنلا بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ مەھەللىدە بىرەر كىم تونۇر قىزىتسا نان ياقسام بولاتتى دېگەن گەپنى دەۋاتقانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ، خېلى ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىدىم.

— خوتۇن، ھاكىمبېگىمنىڭ ئۆيىمىزگە كەلمىكى

ئاسان ئەمەس، شۇڭا تەمى ئېغىزىدا قالغۇدەك قىلىپ، ئوخشىتىپ تاماق ئېتىڭلار.

— ئۆيدە ئوتياش، گۆش دېگەن نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالدىلىما؟ تۇزمۇ تۈگىگەن، سىلى دېگەن تاماقنى نېمىدە ئېتىمەن؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئات - كالا سويۇپمۇ ئاسانلىقچە چىللاپ ئەكەلگىلى بولمايدىغان ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىدا مېنى چاندۇرۇپ يۈرگىچە، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، ئۆتنە - يېرىم قىلىپ بولسىمۇ غىزاغا تۇتۇش قىلمىغانلىقىغا ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مېھمانلار ئالدىدا چاندۇرمايلا يەنە ئېغىز ئاچتىم:

— ئۇنداق بولسا ھالۋا ئېتىڭلا، ھالۋىغا تۇز كەتمەيدۇ، ئەمەسمۇ؟!...

ئۇلار يەنە قېنىپ كۈلۈشتى. شېرىن سەلگىنە ئارام ئېلىۋالماقچى بولغاندەك بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىنىڭ يەنە ئۆزىگە غىلام - غىلام قاراپ قويغانلىقىنى سەزدى - دە، قۇرۇشقا باشلىغان لەۋلىرىنى تىلى بىلەن نەمدەپ قويغاندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتسام بەردى باي ئۇچراپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا كەلدى - دە، كۆرۈشۈپ بولۇپلا دادلىنىشقا باشلىدى.

— يېقىندىن بېرى ئىككىلا كۆزۈم ئاغرىپ، كۆرۈنمىگەن تېۋىپ، ئىشلەتمىگەن دورىلىرىم قالمىغان بولسىمۇ، كۆزۈمنىڭ ئاغرىقى ھېچ توختاي دېمەيدۇ. بەكلا قىينىلىپ كەتتىم. ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن -

بىلگەنلىرى كۆپ، بىر مەسلىھەت بېرىپ باقسىلا، قانداق قىلسام كۆز ئاغرىقىدىن قۇتۇلىمەن؟

— تېۋىپنىڭ دورىسى كار قىلمىغان بولسا، كۆزلىرىنى ئالدىرۇۋەتسىلە،— دېدىم مەن ئۇنىڭ ئاچ كۆز، باشقىلارنىڭ بايلىقىغا كۆز قىزارتىپلا يۇرىدىغان قىلىقىنى يادىمغا ئېلىپ تەمكىنلىك بىلەن.

— توۋا دېسىلە، مەن تېخى سىلىنى ئوبدانراق مەسلىھەت بېرەر دېسەم، دەۋاتقان گەپلىرىنى قارىسىلا، ئاغرىقنى دەپ كۆزۈمنى ئالدۇرۇۋەتسەم كور بولۇپ قالامدىمەن؟!— دېدى ئۇ بىردىنلا تاتىرىپ،— ئۇ چاغدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىسەم ياشاپ نېمە قىلىمەن؟ ئويناپ سۆزلىسىلىمۇ، ئويلاپ سۆزلىسىلە، تەقسىر.

— ئۆتكەندە مەنمۇ ئاغرىپ توختىمىغان چىشىمنى تارتقۇزۇۋېتىپ ئاندىن ئارام تاپتىم. شۇڭا، سىلىمۇ كۆزلىرىنى تارتقۇزۇۋەتسىلە، بارلىق ئازابتىن بىراقلا قۇتۇلارمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم.

شېرىننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ئۇلار بايىقىدىنمۇ بەكرەك كۈلۈشتى. نەۋرۇز تېلىقىپ كۈلگىنىدىن كۆزلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان ياش تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن ئالدى تەرەپكە قارىدى - دە، خۇددى كىچىك بالىلاردەك ۋارقىرىۋەتتى:

— دورغام، قارىسىلا، ئاۋۇ تەرەپتە ئورمانلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. قارىغاندا بىرەر مەھەللىگە يا لەڭگەرگە كېلىپ قاپتىمىز.

شېرىنمۇ، باشقا ئىككىيلەنمۇ نەۋرۇز قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.

— راست، قاراڭلار، يېشىللىقنىڭ ئاۋۇ ياقتىن ئاۋۇ

تەرەپكىچە سوزۇلغىنىغا قارىغاندا مەھەللە ئوخشايدۇ، — دېدى شېرىنىمۇ خۇشال بولغاندەك، — ئۇ يەرگە بېرىپ ئوبدانلا ئارام ئېلىپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلىنايلى.

— قەشقەرگە يەنە نەچچە كۈندە يېتىپ بارارمىز، دورغام؟ — دەپ سورىدى نەۋرۇز.

شېرىن خېلى يىللار ئىلگىرى بۇ يولنى باسقان چاغدىكى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك سەلگىنە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى.

— يەممىچە ئۆگۈنلۈككە چۈش - پېشىن مەھەلدە مەنزىلىمىزگە يېتەرمىزمىكىن!

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن سەل روھلانغاندەك بولۇشتى - دە، يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن ئورمانلىققا يېتىپ بارسىلا، مۇزدەك سۇ ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغاچ، ھاردۇق چىقىرىدىغانلىقلىرىنى ئويلىشىپ، ئاتلىرىنى كۈچ بىلەن تېقىمداپ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

شېرىنىنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتى - دە، ئاۋۋال ئۇدۇل سارايغا بېرىپ، سارايۋەن بىلەن باھا تالاشمايلا خېلى يوغانلا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ يۈك - تاقىلىرىنى، سوۋغا - سالاملار قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئۆيگە، ئات - قېچىلارنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويدى. ئۇلار سىرتقا چىقىپ غىزالىنىشقىمۇ ئېرىنىپ، سارايۋەن ئارقىلىق يېقىنلا يەردىكى ئاشپۇزۇلدىن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سۇيۇقئاش ئەكىرىپ، خۇرجۇنلىرىدىكى نانلارنى چىلاپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن پېشانىلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېيتىشتى. شۇ تاپتا

ئوخشىتىپ ئېتىلگەن، سۇيىگە ئاشكۆكى سىلىنغان مەززىلىك هاردۇق ئېشى شىرىننى ئوبدانلا ئېزىپ قويدىمۇ ياكى يولدىكى هاردۇقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدىمۇ، ئەيتاۋۇر يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بىردەم سوزۇلۇپ يېتىۋالغۇسى بولسىمۇ، بىراق ماڭار ۋاقىتتا مۇسا هاكىمبەگكە بەرگەن ۋەدىسى يادىدىن كېچىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى.

— يۇر نەۋرۇز، بىز سىرتقا چىقىپ مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى. سىلەر ئىككىڭلار بۇ يەردە قېلىپ ماۋۇ ساندۇقلاردىن خەۋەر ئېلىڭلار، سىلەرگە تاپىلاپ قوياي، ئىلاج بار بۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ تالا - تۈزگە چىقماڭلار، تونۇشمايدىغان ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشماڭلار، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق،— دېيىشتى ئۇلار.

— ئەمسە بىز ماڭايلى،— شىرىن نەۋرۇزنى باشلاپ سارايدىن چىقتى - دە، دەرۋازا تۈۋىدىلا تۇرغان سارايۋەندىن ئوردا ئالدىغا قايسى تەرەپتىن بارىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا سورىۋالغاندىن كېيىن، سارايۋەن كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى.

— غەرەز ئۇقمايدىغان كىچىك بالىغا ئېزىپ ئىچۈرگەندەك ئۇلارغا ئەجەب تاپىلاپ كەتتىلىغۇ؟— دەپ سورىدى نەۋرۇز چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتقان شىرىندىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ،— ئۇلاردىن تازا خاتىرجەم بولالمىدىلىمۇ - يا؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، سەن ئۇ گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالما. قەشقەر ئاجايىپ چىرايلىق، ئادەملىرى سېخىي، قوينى كەڭ يۇرت. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەرلەردە تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆنىنى

ئالالمىغان، جىننى جان ئىتەلمىگەنلەر بۇ يەرگە كەلسە ئاسانلا سىغىپ كىتىدۇ. بىراق، ئادەم دىگەن ئوخشاش بولمايدۇ. زور كۆپچىلىك كىشىلەر ئىتىقاد ــ ئىمانلىق بولسىمۇ، ئەمما تۇرلۇك ناتوغرا يوللار بىلەن جىننى جان ئىتىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار بىزدەك ياقا يۇرتلۇق، كۆپ ئىش كۆرمىگەن ئادەملەرنى كۆرسە، بىر دەمدىلا بىر ئىغىز ىمىزدىن، بىر بۇرنىمىزدىن كىرىپ، هايالشمايلا نەم يەرگە دەسسىتىپ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايدىغان هالغا كەلتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، كىيىن «ۋاي بىلمەسلىكىم، قەشقەرلىك دىگەننىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار ئىكەن، ئەمەسمۇ؟!...» دەپ ۋايساپ، «ئۆزۆم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دىگەندەك ئىش قىلىپ يۇرگەندىن كۆرە ئۆزىمىزگە پۇختىراق بولۇپ، ئۆزىمىزنى مەهكەم تۇتۇپ قوشنىمىزنى ئوغرى تۇتمايلى، دىمەكچىمەن.

— ئۆزلىرىنىڭ نىمىنى ئويلاۋاتقانلىقلىرىنى چۇشەندىم، دورغام،— دەپ كۇلدى نەۋرۇز،— ئىغىزلىرىدىن چىقارمىغانلىقلىرى بىلەن مەسلىهەتچى ئامبالغا ئىلىپ كەلگەن سوۋغاتلاردىن ئەنسىرەۋاتىدىلا. سىلى يولغا چىققاندىن بۇيان بىز چۇشكۇنلەردە ئوخلاپ قالغان چاغلاردىمۇ، ئۆزلىرى ئاساسەن ئوخلىماي ئاشۇ ساندۇقلاردىن خەۋەر ئالدىلا. مەن ئىككى ــ ئۇچ قىتىم هاجەتكە چىقىپ كىرگەن ۋاقىتلىرىمدا ئۆزلىرىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكلىرىنى سەزگەن بولسامۇ، بىلىندۇرمىگەنىدىم.

— ئۇ نەرسىلەر بەئەينى بىر پارچە چوغ، ساڭا دىسەم، ئاشۇ ساندۇقلار مۇسا بىگىمنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى. ئالمادىس بىرەر كۇتۇلمىگەن ئىشلار يۇز بىرىپ قالسا،

ئامانەتكە ئۆزىمىز خىيانەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھاكىمبېگىمنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز؟!
ئۇنىڭدىن كۆرە بىردەملىك راھەتنى، بىرەر كېچىلىك ئۇيقۇنى تەرك ئەتسەكمۇ، ئاشۇ ئامانەتنى ئىگىسىگە تېزرەك تاپشۇرۇۋېتىپ ئىشلارنى تۈگىتىۋالساق، ھاردۇق چىقىرىدىغانغا، پۇتىمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ ئۇخلايدىغانغا ھامان ۋاقىت چىقىدۇ.
نەۋرۇز شىرىن دورغىنىڭ ئىشلارنى بۇنچىلىك ئەستايىدىل ئويلايدىغانلىقىنى مۇشۇ كەمگىچە خىيال قىلىپ باقمىغاچقا، ھەيران بولغاندەك، ئۆز ھۆرمىتىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك تەرزدە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— دېگەنلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق، دورغام. غولى شۇ، ھاكىمبېگىم سىلىگە ئىشىنىپ، ئاشۇنچىۋالا دەپىنە — دۇنيانى بىزگە تاپشۇرغاندىكىن، ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويساق بولمايدۇ. سىلى دېگەندەك بىلمىگەن جاينىڭ ئوي — چوڭقۇرى كۆپ بولىدۇ. ئۆزگە يۇرت دېگەندە ئېھتىيات قىلغانغا يەتمەيدۇ.
ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭدى. شىرىن ئەتراپقىمۇ قارىماي، بايا سارايۋەندىن سورىۋالغىنى بويىچە ماڭغانىدى. لېكىن، نەۋرۇز يولنىڭ ئىككى چېتىگە جايلاشقان ئۆيلەرگە، سودا دۇكانلىرىغا، يۈزلىرىنى پەرەنجە بىلەن ئوراپ ئۇششاق چامدىغىنىچە كېتىۋاتقان روپاش ئايالىلارغا، خۇددى مۇقام ئورۇنداۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر خىل ئاھاڭ، ئۆزگىچە بىر خىل سىر، ھېكمەت بىلەن سوزۇپ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان دوغچى، لەمپۇڭچى، ناۋايلارغا قاراپ گاھىدا شىرىندىن خېلىلا ئارقىدا قالاتتى — دە، كېيىن يەنە يۈگۈرگەندەك تېزلىكتە مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالاتتى. ئۇلار ئەمدى

ھايالشمايلا تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلدى. شىرىن قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمىگەندەك سەل تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى قومۇلدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ، كېرىيەگە بېرىش سەپىرىدە بۇ يۇرتتا ئىككى ئايغا يېقىن تۇرغان، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ رەستە ـ بازارلىرىنىلا ئەمەس، بىر ـ بىرىگە تۇتۇشۇپ كېتىدىغان خالتا كوچىلىرىنىمۇ ئارىلىغان، ئاز كۈن ئىچىدىلا قاياقتا بېرىشنى خالىسا شۇ يەرگە بىمالال بارالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئاردىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكىمۇ، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ رەستە، يوللىرىدا ئۆزگىرىش بولغاچقىمۇ ياكى يولغا چىقار ۋاقتىدىلا بۇ يەردىكى يېقىن ئادىمى بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈپ، ئامانەتنى ۋاقتىدا ئىگىسىگە تاپشۇرۇۋېتىشنى ئويلاپ ئەتراپقا تازا زەن سالماي ماڭغاچقىمۇ، مانا ئەمدىلىكتە يولدىن ئېزىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. شىرىن ئەتراپىغا يەنە بىر مەرتەم ھەيرانلىق، ئۈمىد بىلەن قارىدى ـ دە، ئاخىرى نىشانلىغان يەرنى تاپالمايدىغىنىغا كۆزى يەتكەندەك، ئالدىراش يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەچ ئېغىز ئاچتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم،ــ شىرىن سۆزلىگەچ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى تەئەززۇ بىلەن ئېگىپ قويدى. ھېلىقى كىشى بىرەر ئىشنى ئويلاپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك، يېنىدا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ، ئۆزىدىن بىرەر چامدام يىراقلىقتا سالام بېرىۋاتقان ناتونۇش كىشىنى كۆرۈپ سەل مەڭدەپ قالغاندەك تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېزلا ئۇنىڭ ئوزايىغا، كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ جاۋاب بەردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— ئۆزلىرىنى مالال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، تەقسىر، ئوردا ئالدىغا قايسى تەرەپتىن بارىدىكىن؟

ھېلىقى كىشى ئالدىدىكى شېرىننىڭ ياقا يۇرتتىن كەلگەنلىكىنى جەزم قىلدى ـ دە، ئۇنىڭ تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ تۆگە ئىزدىگەندەك سورىغان سوئالىغا كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئاران تەستە تۇتۇۋالدى.

— ئۆزلىرى مەنزىللىرىگە كېلىپ قاپلا، تەقسىر. مۇشۇ ئەتراپنىڭ ھەممىسى «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتىلىدۇ. سىلى بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىۋېدىلىكىن؟!

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغاندەك، تەئەججۈپلەنگەندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى ـ دە، ئېغىز ئاچتى:

— پېقىر بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگىلى ئۇزاق بولغاچقا كۆزۈمدىن چىقىپ قاپتۇ. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئەتراپ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەچكە پەرقلەندۈرەلمەپتىمەن. بۇ يەرگە مۇشۇ ئەتراپتا چايخانا ئاچىدىغان ھابىل قارىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

— ھە مۇنداق دېسىلە، ھابىل قارىنىڭ چايخانىسى ئاۋۇ يولنىڭ چېتىدىكى قىزىل سايىۋەنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چايخانا شۇ. مەنمۇ شۇ يەرگە ماڭغان، قېنى يۈرسىلە، مەن باشلاپ باراي...

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يېنىكلەپلا قالغاندەك تۇيغۇغا كەلدى ـ دە، نەۋرۇزغا قاراپ «قېنى ماڭايلى» دېگەندەك بېشى بىلەن ئىشارە قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشىگە ئەگەشتى. ئۇلار ھايالشىمايلا قىزىل سايىۋەننىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، تۆت پەلەمپەي بىلەن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن پېشايۋانغا چىققىلى بولىدىغان چايخانىغا

كىرىشتى. ھېلىقى كىشى ئۇدۇللا يوغانغىنا ئۆينىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىككىرەك بىر سۆكىدە بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان، پېشانىسى تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرىدىغان توم، ئۇزۇن بۇرۇتى چىرايىنى ھەيبارلارغىلا ئوخشىتىپ قويغان كىشىگە قاراپ توۋلىدى.

— ھابىل قارى، مېھمان كەلدى.

ھابىل قارى دەۋاتقان گېپىنى توختىتىپ، ئاۋۋال ھېلىقى كىشىگە، ئاندىن يېنىدىكى شېرىن بىلەن نەۋرۇزغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن بىردىنلا يالان چېقىنۋالغان ئادەمدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، سۆكىدىن چۈشۈپ قۇچاقلىرىنى ئاچقان پېتى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، شېرىننى چىڭ قۇچاقلىدى.

— بۇ سىلىمۇ شېرىن؟ مەن چۈش كۆرمەيۋاتقاندىمەن؟ بۇ ئوڭۇمدۇ؟

شېرىنمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن سورالغان سوئاللارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. ھابىل قارى شۇنىڭدىلا ئۇنى قويۇپ بەردى ـ دە، چىرايىغا ئوبدان بىر قارىۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— خېلىلا ياشىنىپ، جۈدەپ قاپلا. بۇ دورەم ئۇ تەرەپتىن كېلىشلىرىمۇ يا بۇ تەرەپتىنمۇ؟

شېرىن ئۇنىڭ باش ئىشارىتىدىن ھەممىنى تېزلا چۈشەندى ـ دە، ھابىل قارىغا ئوخشاش بېشىنى سەل ئېگىپ جاۋاب بەردى.

— بۇ تەرەپتىن.

— ئەمدى كەتمەيدىغان بولۇپ كەلگەنلا؟

— ياق، جىددىي بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم. شۇ ئىشنى تۈگەتسەملا قايتىپ كېتىمەن.
— مەن تېخى... ھەي، باشقىچە خىياللاردا بولۇپ خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن. مەيلى، نىمىلا بولسۇن دىدارلىشىۋالغىنىمىز غەنىيمەت. قېنى، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن. ئاۋۇ ياندىكى ھۇجرىغا كىرىپ چاي ئىچىشكەچ، قالغان گەپلەرنى ئاستا - ئاستا دېيىشەيلى، — دىدى ھابىل قارى ئۇلارنى كىچىكرەك، تام بويلىتىپ كۆرپە سېلىنغان، بىر غېرىچ كەلگۇدەك ئېگىزلىكتە شىرە قويۇلغان ئۆيگە باشلىغاچ، — سىلىمۇ كىرىپ ئولتۇرسىلا، ھامۇدۇن باي!
— بولدى رەھمەت، يىراقتىن مېھمانلىرى كەلسە، قىزىلگۈل تۈۋىدىن ئۈنگەن ئازغاندەك ئارىلىرىغا قىستۇرۇلۇۋالماي، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىم چىللاپ ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە نەچچە قېتىم شەرەتلەپ بولدى. قارىغاندا بىرەر جىددىي مەسلىھەت چىقىپ قالغان چېغى، ئۇلارنىڭ قېشىغا باراي. سىلى بىلەن مەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقاندىكىن باشقا ۋاقىتتا چاي - پاي ئىچىشكەچ گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭلىشىۋالارمىز.
— ئەستا، بۇ مېھمانلارمۇ يىراقتىن كەلگىنى بىلەن يات ئادەملەردىن ئەمەستى، بىللە ئولتۇرساقمۇ بولۇۋېرەتتى. بىراق، سىلىنى باشقىلار چىللاپتىكەن، ئەمەسمۇ؟! مەيلى، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن، كېيىن ئۆزلىرىگە ئايرىم چاي قۇيۇۋالاي ئەمىسە...
— ماقۇل شۇنداق بولسۇن، — شېرىنىنى چايخانىغا باشلاپ كەلگەن كىشى بۇرادەرلىرى چاي ئىچىشكەچ پاراڭلىشىۋاتقان تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن ھابىل

قارىمۇ ئاللىقاچان تۇزۇت قىلمايلا سۆكە ئۇستىگە چىقىپ، يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ بولغان شېرىن بىلەن نەۋرۇزنىڭ يېنىغا كىردى. شۇ ئان شېرىن دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن بايىقىدىنمۇ قىزغىن ئەھۋال سوراشلار بولۇپ ئۆتتى.

— قايىسىڭلار بار، بۇ يەرگە كىرىڭلار...— ھابىل قارى خۇددى خېرىدار چاقىرىۋاتقان ھۆپىگەرلەردەك ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى. شۇ ئان يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى بىر يىگىت ئۆيگە ئالدىراپ كىردى،— ناۋات بىلەن پىننە سېلىپ بىر چەينەك چاي، ئىككى گىردە، ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى كاۋاپخانىغا چىقىپ ئۇستام ئۆزى ئاتايىن بۇيرۇدى دەپ ئون بەش زىخ كاۋاپ...

— كايىمىسىلا، ھابىل قارى،— دېدى شېرىن تېزلىكتە ئېغىز ئېچىپ،— بىز بايا سارايدىلا غىزالىنىۋالغان. يات ئادەملەردىن بولمىغاندىكىن بەكمۇ ھەشەم ـ دەرەم قىلىپ كەتمەيلى. بىز تېخى بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن بار. ئۆزلىرىگە تولا مېھمان بولۇپ، بۇ رۇدۇپايلار قاچانمۇ كېتەر دېگۈزۈۋېتىمىز تېخى...

— ئۇنداق بولامدىغان، سىلى بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرسىلا مەن شۇنىڭغا خۇش. ھېلىمۇ سىلىنى ئويلىمايدىغان، خىيال قىلمايدىغان چاغلىرىم يوق. بەزىدە زېرىككىپ، تېرىكىپ قالغان چاغلىرىمدا ئىككىمىز ئولپەتلىشىپ ئۆتكەن ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتنى ئەسلەپ، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى خىيال قىلسامىلا ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتىمەن... ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن. گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن دېسە... ماڭ جۇگو، ئاۋۋال چاي بىلەن ناننى تېز ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كاۋاپنى ئەكىرىپ بەر.

ــ لەببەي قارىكا، مانا هازىر...ــ خىزمەتكار بالا چىقىپ كەتتى. هابىل قارى شىرىنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىخىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى. شۇنىڭغىچە خىزمەتكار ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى ـ دە، قولىدىكى ناننى شىرە ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن ئاۋۋال مېھمانلارغا، ئاندىن غوجايىنىغا چاي قۇيۇپ تۇتتى.

ــ قېنى، چاي ئىچكەچ مەزەگە باقىلى، كاۋاپمۇ هازىرلا كىرىدۇ،ــ هابىل قارى يۇزىگە سىيادان، كۈنجۈت سېپىلگەن گىردىنى ئۇشتۇپ ئىككىيلەنىنىڭ ئالدىغا قويدى ـ دە، ئىخىز ئاچتى:

ــ سىلىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم دېسىلە، دەسلەپ بۇ شىرىنىمدۇ يا باشقا بىرىمۇ دەپ خېلى زەن سالدىم. كېيىن چىرايلىرىغا، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ تونۇۋالدىم. ئايرىلغىنىمىزغا خېلى ئۇزاق بوپتۇ. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەندەك، ئادەم دېگەن هاياتلا بولسا قايتا دىدارلىشىدىكەن مانا. ئەمدى نەچچە يىلدا ئاران كۆرۈشكەندىكىن قايتىشقا ئالدىرىمىسىلا. ئەسلى ئۇياقتىن كېلىپ بولغۇچە بۇياقتىن سورىمىسام بولاتتى. بىراق، بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆڭلۈمدە سان بولسۇن ئۈچۈن ئىخىز ئېچىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. بۇ ئەزىزانە يۇرتىمىزدا قانچىلىك تۇرارلا؟

ــ بۇنىڭغا مەنمۇ تازا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. ئىلاج بار بۇ يەردىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپلا يانىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلمىسام بولمايدۇ،ــ دېدى شىرىن ئىخىزىدىكى ناننى يۇتۇۋېتىپ، سۈۋۈپ تېۋۈغا كېلىشكە باشلىغان چايدىن بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن ئالدىرىماي جاۋاب بەردى،ــ بۇ يەردىكى ئىشلىرىمىز

ناھايىتى جىددىي، ھابىل قارى. مۇمكىن بولسا، كۆرۈشىدىغان ئادەم بىلەن قانچە تېز كۆرۈشەلىسەڭ ئوبدان بولاتتى. شۇ تۇرقىدا مۇسا ھاكىمبېگىم بىزنىڭ جاۋابىمىزغا تەقەززا بولۇۋاتىدۇ.

— نېمە؟ مۇسا ھاكىمبېگىم دېدىڭىزمۇ؟ ھېلىقى كېرىيە ئايىمىقىنىڭ بېگىما؟ — دەپ سورىدى ھابىل قارى ھەيران بولغاندەك.

— ھەئە، ئاشۇ ئادەم، قارىغاندا ئۇ زاتنى مۇبارەكنى ئۆزلىرىمۇ تونۇيدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— يوقسۇ، مەن ئۇ زاتنى تونۇش تۇگۇل، تېخى دىدارىنىمۇ كۆرۈپ باققان بەندە ئەمەسمەن. لېكىن، چايخانا دېگەنگە نە - نەدىن ئادەم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان يەر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە جاھاننىڭ ھەممە پاراڭلىرى بولۇپ تۇرىدۇ، دېسىلە. قايسى يۇرتقا كىم بەگ بولدى؟ قاچان، قەيەردە قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەردى؟ قايسى بەگ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟... ۋاي - ۋۇي، ئىشقىلىپ بۇ يەردە يەتتە ئىقلىمنىڭ پاراڭلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ چايخانىنى يېڭى ئاچقاندا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ، «توۋا، بۇ خەقلەر بىر يېرىگە پوكلا مۇشتلاپ گەپ تېپىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇنداق پاراڭلارنى نەدىن ئاڭلايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن قارىسام ئۇ يەر - بۇ يەرگە سودا - تىجارەت، سەيلە - ساياھەت، ئۇرۇق - تۇغقان يوقلاشقا بارغانلار ئاڭلىغانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ بۇ يەرگە جەم بولغاندا دېيىشىدىكەن. ھازىر ئۆزۈممۇ كۈندە ئىككى - ئۈچ خىل يېڭى پاراڭ ئاڭلىمىسام ئىچىم پۇشىدىغان بولۇپ قالدى. مۇسا بېگىمنىڭ پارىڭىنى باشقىلار چاي

ئىچىشكەچ دېيىشىۋاتقاندا ئاڭلىغانىدىم. ئۆزلىرى قانداق بولۇپ ئۇ زات بىلەن تونۇشۇپ قالدىلىكىن؟!

شېرىن ئالدىدىكى چاينى بىر كۆتۈپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھابىل قارى بىلەن خوشلىشىپ يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، ئىلچى قاتارلىق جايلارغا بارغانلىقىنى، لېكىن ئۇ يەرلەردە ئۇزاق تۇرمايلا كېرىيەگە سەپەر قىلىپ، تاسادىپىي پۇرسەتتە مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھازىر ئۇنىڭغا دورغىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ـ يۇ، ئەمما نېمە سەۋەبتىن بۇ قېتىم قەشقەرگە سەپەر قىلغانلىقىنى ئېيتمىدى.

ــ ئۆز ۋاقتىدا سىلىگە قايتا ـ قايتىلاپ قەشقەر دېگەن باغرى كەڭ شەھەر، يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن يېتىمچى، مۇساپىرلارنى ئۆز باغرىغا ئالغان بۇ يەردىن ئۆزلىرىگىمۇ پاناھلانغۇدەك جاي، يېگۈدەك نېسىۋە چىقىدۇ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالسىلا، بىر ـ يوقنى تەڭ كۆرىمىز دېسەم ئۇنىماي كەتكەن ئىدىلە. كېيىن بىر ئاماللار بىلەن يوللىرىنى توسۇپ ئېلىپ قالالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپ كۆپ پۇشايمانلارنى قىلغانىدىم. مانا ئەمدى بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ، سىلى ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن. قارىغاندا كۆڭلىرى يامان ئەمەس كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ.

ــ خۇداغا شۈكۈر، ئاۋۋىلى ياراتقان ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ شاپائىتى، ئاندىن مۇسا بېگىمنىڭ دۆلىتىنىڭ سايىسىدە يامان ئەمەس كۈن ئېلىۋاتىمەن.

ــ مۇشۇ گەپلىرى تازا بەلەن بولدى، مەيلى قەيەردە ياشايلى، كۆڭلىمىز خاتىرجەم، روزىغارىمىز تىرىكچىلىكىمىزگە يېتىپ، ئارتۇقچە غەم ـ ئەندىشىدىن

خالىي بولساقلا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە شۈكۈر دېسەك بولىدۇ. مانا ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، تەقسىر...— ھابىل قارى شۇ گەپنى دەپ بولۇپ شىرىننىڭ چىرايىغا غىلام - غىلام قاراپ قويغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي ئىتتاقاندەك تۇرۇپ قالدى - يۇ، لېكىن شىرىننىڭمۇ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىغان ئوخشىمامىلا؟

شىرىن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى «يۇرتلىرى قومۇل تەرەپلەرگە بارمىدىلىمۇ؟» دەپ چۈشەندى - دە، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى.

— ھەئە، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ دەۋىتى بىلەن كېرىيەدە ئولتۇراقلىشىپ، ئۇ زاتقا دورغا بولغاندىن كېيىن شۇ يۇرتلۇق بىر چوكانغا ئۆيلەندىم - دە، تۆت - بەش يىل ئىچىدىلا ئۈچ باللىق بولدۇم. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىمبېگىم نىياز قاراقاش دېگەن بىر بۇرادىرىمنى مېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئۆيۈمگە ئەۋەتىپتۇ. بۇنداق ئىشلار داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا مەنمۇ كۆپ ئويلانمايلا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بېرىپ، مۇسا بېگىم بار خاس خانىگە كىردىم. ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى - يۇ، لېكىن خېلى ئۇزاققىچە لام - جىم دېمىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا نېمىنى ئويلىسا شۇنى دەۋەتمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆز مىجەز - خۇلقىغا يات قىلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ سورىدىم:

— بىرەر زۆرۈر ئىش سەۋەبلىك چاقىرتقانمىدىلا، ھاكىمبېگىم؟

مۇسا بېگىم بۇ گەپ بىلەن يېنىك ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

— بۇ گەپنى ساڭا قانداق دېيىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، شېرىن! ئەسلىي يۇرت ـ يۇرتلارغا تارقىتىلغان يارلىقنى كۆرۈپ بولۇپلا كۆيدۈرۈۋېتەي، بۇنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، شۇنىڭدىلا يېپىق قازان يېپىق پېتى قالىدۇ دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا سېنى بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قېلىشقا دالالەت قىلىغان چېغىمدا «كېيىنكى كۈنلەردە يۇرتۇڭنىڭ تىنچلىقى ئەسلىگە كېلىپ، يەنە قايتا ئاسايىشلىق ئورنىتىلسا، ئۇ ۋاقىتتا كېتىمەن دېسەڭ قويۇپ بېرىمەن» دېگەن گەپلەرنى قىلغانلىقىم يادىمدا بولغاچقا، ئېغىزىمدىن چىققان ۋەدىگە ۋاپا قىلاي دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ قوياي دېگەن نىيەتتە چاقىرتتىم، شېرىن! بىزگە كەلگەن يارلىقتا خان لەشكەرلىرى يۇرتۇڭغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى ئۇرۇش ـ جېدەلنى بېسىقتۇرۇپتۇ. ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى دايۇەنشۇەينىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، يۇرتتا ئەمىنلىك ئورنىتىپتۇ. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ قەتل قىلىنىپ، تۇڭگانلار ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم باشلىغان ۋاقىتتا سەن تولا گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان مېھرىبانۇ يۇچۇڭ ئاغىچا دېگەن ئايال بالىلىرىنى ئېلىپ، ئوردىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندە يۇچۇڭ ئاغىچىنىڭ دېرىكى بولۇپ، بۇ خەۋەر قومۇلدىكى ۋەقەنى تىنچىتىشقا خان يارلىقىغا ئاساسەن ئىچكىرىدىن بۇ تەرەپكە چىققان زو زوڭتاڭ دېگەن كىشىگە يەتكۈزۈلۈپتۇ. زو زوڭتاڭ ئادەم ئەۋەتىپ مېھرىبانۇ يۇچۇڭ ئاغىچىنى ۋاڭ ئوردىسىغا ياندۇرۇپ كەپتۇ ـ دە، بۇ ئىشنى ئاستانىگە — خان ئالىيلىرىغا

مەلۇم قىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خاندىن مېھرىبانۇ پۇجۇڭ ئاغىچىنى قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ ۋاكى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە پەرمان كەپتۇ. ھازىر ئۇ ئايال ۋاڭلىق ئورنىغا بەرقارار بوپتۇ. شۇ سەۋەبتىن زو زۇڭتاڭ ئۆز نامىدىن يۇرت ـ يۇرتلاردىكى ئامبال، ھاكىمبەگ، بەگلەرگە «ئەگەر بىرەر قومۇللۇق يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا، بىرەر تال كۇسەينى گۆرۈگە قويۇپ پۇل تەلەپ قىلسىمۇ بېرىڭلار، ھۆججەت يېزىپ بەرسىمۇ پۇل بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرى بىلەن گۆرۈ قويغان نەرسىلىرىنى ئىسپات قىلساڭلار، مەن سىلەرگە بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىمەن»[1] دېگەن خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ يارلىقنى كۆرۈپ، شېرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قومۇلغا سەپەر قىلسا، بۇ يەردە ئوبدانلا كۆنۈپ قالغان ئادەمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلدىم ـ يۇ، لېكىن تېزلا ئۇ يەردىمۇ قوۋم ـ قېرىنداش، بالىچاقىلىرىڭنىڭ بارلىقى يادىمغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، «شېرىننىڭ بۇ يەردىمۇ بىر ئوبدان بەختلىك ئائىلىسى، ئايالى، يۈرەك پارىلىرى بار. ئۇ ئەقىللىك ئادەم، ئىشلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈرۈپ ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئەگەر كېتىشنى خالىسا بۇمۇ ئۇنىڭ ئىختىيارى. ئۇنى ئوبدان رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قوياي. بۇ يەردىمۇ ئۆيۈم، بالىچاقام بار، ئەمدىلىكتە كەلگەندە بۇلارنى تاشلاپ قويۇپ قەيەرگە بارىمەن، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالاي دېسە، بۇرۇنقىدەكلا ئىززەت ـ

[1] ئايشەم ئەخمەتھاجى قاسىلى «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 372 ـ بەت.

ھۆرمىتىنى قىلىپ خىزمىتىمگە سالاي...» دەپ ئويلاپ، ئۆيۈڭگە نىياز قاراقاشنى ئەۋەتكەن. مانا ئەمدى ھەممە ئەھۋالنى ئۆز قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلىدىڭ، قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ قارار قىلساڭ بولىدۇ. مەن سېنىڭ تاللىشىڭغا ھۆرمەت قىلىمەن.

مۇسا بېگىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا خىياللىرىم كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. قومۇلدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، ئايالىم، باللىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئەگەر قۇشلاردەك قانىتىم بولسا «پۇررىدە» ئۇچۇپ ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغۇم، دىدارىنى كۆرۈپ ھىدلىرىنى پۇرىغۇم كەلدى. بىراق، ئىنسانلاردا ئۇنداق خىسلەت يوق ئىكەن. خىسلەت بولغان تەقدىردىمۇ مەن يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى قىرغىنچىلىقلاردا ئۇلارنىڭ ئامان قالغان - قالمىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئەگەر قومۇلغا قاراپ يولغا چىقسام، ئۇلارنىڭ مېھرى ئىسسىق دىدارىنى كۆرەلىسەمغۇ ھەج تاۋاپ قىلىپ، مەككە - مۇكەررەمنى كۆرگەن كىشىدەك كۆڭلۈم ئالەمچە خۇشاللىققا تولار؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا دەرد، ھەسرەت، پىغان ئىچىدە يەنە كېرىيەگە قايتىپ بۇ يەردىكى ئايالىمنىڭ، پەرزەنتلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايتتى. شۇڭا، مۇسا بېگىمنىڭ «قانداق قىلىسەن؟ نېمىنى ئويلىغان بولساڭ شۇنى دەۋەرگىن» دېگەندەك تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋاتقان بولساممۇ، خېلى ئۇزاقىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاخىرى ھىجران ئازابى تارتساممۇ چىداي، ئەگەر قومۇلغا بارىمەن دېسەم ئايالىمغۇ باشقا گەپ قىلماس، ھېچ بولمىسا ئەر نەدە بولسا خوتۇن شۇ يەردە،

«ئۆزلىرىنىڭ تاللىغانلىرى شۇ بولسا، بالىلارنى ئېلىپ سىلى بىلەن يۇرتلىرىغا باراي» دېيىشىدە گەپ يوق. لېكىن، ئۇنىڭ ئانىسى، ئاكىلىرىچۇ؟! ئۇلار قىزىنىڭ، جانجىگەر قېرىندىشىنىڭ يىراق يۇرتقا مېڭىشىغا، ئۆزلىرىنى ھەسرەتتە قويۇپ، نامىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈپىمۇ باقمىغان يۇرتقا كېتىشىگە قوشۇلامدۇ؟ يەنە مۇسا بېگىمۇ بايا ئېغىزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن مېنىڭ كېتىشىمنى چىن كۆڭلىدىن خالاپ كەتمىسىچۇ؟ ياق، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن گەپ بار. ئىت چېغىدا بېشىنى سىلىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئادەمنىڭ قەدرىگە يېتىپ، مۆرىتى كەلسە ساداقەتمەن بولىدىكەن. لېكىن، مەن ئىت ئەمەس، تەندۇرۇس بىر ئەركەك، ئاق ـ قارىنى، پايدا ـ زىياننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئادەم تۇرۇقلۇق، ئۆز ۋاقتىدا بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ھالىمدىن خەۋەر ئالغان، خەيرخاھلىق قىلغان كىشىلەرنى تاشلاپ، ھازىر بار ـ يوقلۇقى نامەلۇم ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىمنى، بالىچاقىلىرىمنى ئىزدەپ ماڭسام ئوبدان بولمىغۇدەك! بولدى، يۇرتقا بېرىپ ئۇلارنى ئىزدەش، دىدارلىشىش دېگەنلەرنى ھازىرچە قويۇپ تۇراي، كېيىنچە پۇرسەت بولۇپ قالسا بارارمەن... دېگەنلەرنى ئويلاپ، كۆڭلۈمنى توختاتقاندىن كېيىن، تاقەتسىزلىنىپ جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغان مۇسا بېگىمگە قارىدىم.

ـــ ئەمدى بۇ ئىشنى تىلغا ئالمايلى، ھاكىمبېگىم. راستىنى دېسەم يۇرتۇمنى، ئۇ يەردىكى قوۋم ـ قېرىنداش، بالىچاقىلىرىمنى ئويلىمايدىغان بىرەر كۈنۈممۇ يوق. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلمەيمەن. شۇڭا، يۇرتقا قايتىش دېگەن گەپنى ھازىرچە

قويۇپ تۇراي، ھاكىمبېگىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ خەۋەرنى پېقىرغا يەتكۈزۈپ قويغانلىقلىرىغا ھەشقاللا!

— ماڭا ھەشقاللا دېمىسەڭمۇ بولىدۇ، شېرىن، ئاخىرقى گېپىڭ ئەجەب خۇشياقتى. مانا ئەمدى كۆڭلۈممۇ خاتىرجەم بولدى.

شۇ چاغدا مۇسا بېگىم نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردى. قانداقلا قىيىنچىلىقىم بولسا تارتىنماي دېيىشىمنى تاپىلاپ ئۇزىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۆز ئىشىم بىلەن بولۇپ كەتتىم...

شېرىن كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن جىمىپ قالدى. ھابىل قارى ئۇنىڭ قەلب يارىسىنى تاتىلاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ـ يۇ، لېكىن تېزلا ئېغىز ئاچتى:

— ئوبدان ئويلاپلا، مەيلى قەيەردىلا بولايلى، كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىگە، تەننىڭ ساقلىقىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ. «ھەممىدىن نىيەت ئەلا» دېگەن گەپ بار. ئۆزلىرى دېگەندەك ياراتقان ئاللا ئىگەم ئاسانلىقنى بېرىپ، قومۇل تەرەپلەرگە بارىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس!

— دېگەنلىرى كېلەر، تەقسىر!

ئۇلار بىردەم جىمىپ قېلىشتى. ھابىل قارى بوشىغان ھېجىر قاچىلارغا چاي قۇيغاندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— سىلى كەتكەندىن كېيىن شۇ چاغدا ئۆزلىرى بىلەن سۆھبەتلەردە بولغان، بېرىش ـ كېلىش قىلغانلار بىر

يەرگە كېلىپ قالساق، گەپلىرىنى قىلىشىپ، ئاشۇ چاغدا بولغان پاراڭلارنى دېيىشىپ كېتىمىز. بولۇپمۇ توختى مەزىن پات ـ پات ھېلىقى قىزىق گەپلەرنى دەپ كېتىدۇ.

ــ ئۇ ئادەم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ــ دەپ سورىدى شېرىن تېزلا.

ــ يەنە شۇ كونا ھۈنەر، بىر مەسچىتنىڭ مەزىنى.

ــ ئۇ چاغدا قانداق قىزىق پاراڭ بولغانىدى؟ــ چايخانىغا كىرگەندىن بېرى ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشماي ئولتۇرغان نەۋرۇز ئېغىز ئاچتى،ــ دېسەم ـ دېمىسەم ئۇمۇ شېرىن دورغامنىڭ قىزىق گەپلىرى، قېنى، شۇ پاراڭلارنى قىلىپ بەرسىلە!

ــ مەن دېسەممۇ بەرىبىر تولۇق، قاملاشتۇرۇپ دېيەلمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى شېرىن ئۆزى دەپ بەرسۇن، قېنى، توختى مەزىنگە دېگەن گەپلەرنى بېگىمگە دەپ بەرسىلە.

شېرىننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ـ دە، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ سەلگىنە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئاشۇ چاغدا ماۋۇ ھابىل قارى، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان توختى مەزىن، يەنە ئىككى ـ ئۈچەيلەن ھەمداستىخاندا بولۇپ قالدۇق. دەسلىپىدە بىردەم پاراڭلاشقان بولساقمۇ، ھېچقايسىمىزنىڭ ئوي ـ خىيالى ئوخشاش بولمىغاچقا، پاراڭلىرىمىز قوناق ئۈنى خېمىرىدەك ھېچ قولاشمىدى. توختى مەزىن راست بىلمەي سورىدىمۇ يا مېنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن سورىدىمۇ، بۇنى ئۇقمىدىم، تۇيۇقسىزلا سۆز ئېچىپ قالدى:

— مەن كۆرگەن كىتابلاردا مىۋە كۆچىتى تىككەنلەر مىۋىسىنى يېيەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. بىراق، ئۆمرىدە بىرەر تۈپ مىۋە كۆچىتى تىكمىگەنلەر نېمە يەر، شېرىن؟!

— مىۋە كۆچىتى تىكمىگەنلەر زورلاپ ياكى ئوغرىلاپ يەيدۇ. ئەگەر ھەقلىق ئەپتىن قورقسا، كۆچەت سالمىغانلىقىغا پۇشايمان يەيدۇ.

بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان توختى مەزىن يەنە سورىدى:

— قېنى دېسىلىچۇ، شېرىن! سىلىچە تىنچلىق ياخشىمۇ ياكى ئەنسىزلىكمۇ؟

— كەمبەغەلگە ئەنسىزلىك، بايغا تىنچلىق ياخشى،— دېدىم مەن تېزلا.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى توختى مەزىن قايتۇرۇپ.

— ئەنسىزلىك بولسا، بايلار قورقۇپ قاچسا، ھېچ بولمىسا ئاتلىرىنىڭ بىرەر پاي ئۇزەڭگىسى بولسىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا كەمبەغەلگە ئىككى زاغرىغا پايدا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ھابىل قارىمۇ، نەۋرۇزمۇ كۈلۈشتى. ھابىل قارى خېلى ئۇزاقتا كۈلكىسىنى توختاتتى ـ دە، يەنە ئىلتىجا قىلدى.

— يەنە ھېلىقىنىمۇ...

— توختى مەزىن دېگەن بۇرادىرىمىز بامدات نامىزىغا ۋاقتىدا ئەزان توۋلىيالماي قالماي دەپ، كۈن نىسپىدىن كېيىنلا ئويغىنىپ پارچە ـ پۇرات ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئىمام نامازنى باشلىغان چاغلاردا گاھىدا رۇكۇدا ئولتۇرۇپ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار نوقۇپ ئويغىتىپ قوياتتى. بۇنداق ئىش نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندى. بىر

كۆنى نېمە بولدى بىلمەيمەن، بامدات نامىزى ئوقۇۋېتىپ مۆگدەپ قاپتىمەن. دەل شۇ چاغدا يېنىمدا ئولتۇرغان توختى مەزىن بىقىنىمغا خېلى قاتتىق نوقۇپ قويدى ـ دە، نامىزىنى ئوقۇۋەردى. مەنمۇ نامازنى قايتىدىن باشلاپ ئوقۇپ بولۇپ، مەسچىت هويلىسىغا چىقسام، توختى مەزىن ئوندىن ئوشۇقراق جامائەت بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:

— هوي شېرىن، مەسچىتتە ئۇخلاپ قالسا كۆزىگە يىڭناسقۇ چىقىپ قالىدۇ، جۇما!— دېۋىدى، مەنمۇ تېزلا ئىنكاس قايتۇردۇم:

— ئۇيقۇچىلىقتا خاۋالىس بولۇپ ئاززاق كۆزى يۇمۇلۇپ قالسا كۆزىگە يىڭناسقۇ چىقىدىغان ئىش بولسا، خورەك تارتىپ ئۇخلىغانلارنىڭ كۆزىگە جۇۋالدۇرۇزئاسقۇ چىقىپ قالىدىكەن ـ دە، ئەمىسە!

— ها... ها... ها...

— ها... ها... ها...

ئۇلار قېنىپ كۈلۈشۈۋاتقاندا بايىقى خىزمەتكار يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلغان كاۋاپلارنى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، شىرەگە قويغاندىن كېيىن سورىدى:

— يەنە بىر نەرسە لازىممۇ، قارىكا؟

— بولدى، چىقىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر.

— لەببەي قارىكا، ئىش بولسا هايت دەپ چاقىرىۋېرىڭ،— ئۇ سۆزلىگەچ چىقىپ كەتتى. هابىل قارى مەززىلىك پۇرىقى دىماققا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ ئېغىزغا سېرىقسۇ كەلتۈرىدىغان، زىرە، قارىمۇچ سېپىپ پىشۇرۇلغان كاۋاپقا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى.

— قېنى، كاۋاپقا باقايلى، هېلى سوۋۇپ قالسا تەمى

قىچىپ كېتىدۇ. ئالسىلا شىرىن، ھە سىلىمۇ قاراپ ئولتۇرماي ئالسىلا، ئۇكام!

— ئۆزلەمۇ ئىچىز تەگسىلە.

— لەببەي، مانا ھازىر...

ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشتى. شىرىن ئىچىزىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن قانداقتۇر بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك سورىدى:

— سىدىق پاك كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇ ھازىر يانلىرىدا ئىشلىمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ھابىل قارىنىڭ چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۈس ئالدى ـ دە، پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ئۇ رەھمەتلىكنىڭ كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىك ئىكەن، بالدۇرلا كېتىپ قالدى.

— ئامىن! — شىرىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇنى كۆرۈپ ھابىل قارى بىلەن نەۋرۇزمۇ ئەگەشتى. شىرىن مەرھۇمغا ئاتاپ دۇئا ـ تەكبىر قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى:

— ھېچقانداق ئادەمگە يامانلىقى يوق، ئۆز ئىشى بىلەنلا بولىدىغان بەلەن ئادەمتى. رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!

— ئۇ سىلىگە ئامراق ئىدى. ئاشۇ چاغدا ھەرقايسىمىز باش بولۇپ تويىنى قىلىپ قويغىنىمىزغا بەكلا خۇشال بوپتىكەن. سىلى ئىلچى تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشنى نەچچە قېتىم تىلغا ئالغانىدى، — ھابىل قارىنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا ياش ئەگىدى، — ئاشۇ چاغدىكى ئىشلارنى پەقەتلا ئۇنتۇپ قالماپتىكەن ئۇ رەھمەتلىك...

شىرىن گەپ قىلمىدى. ئۆيئىچىنى بىردىنلا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان سۈكۈناتلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشاتتى ـ يۇ، لېكىن گەپ قىلىشنى خالىمايۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى. نەۋرۇز ئۇلارنىڭ ئۆمسە چىرايىنى، پات ـ پات ئۇلۇغ ـ كىچىك تىن ئېلىشلىرىنى كۆرۈپ، «بۇلار ئۆز ۋاقتىدا يېقىن بۇرادەرلەردىن بولسا كېرەك، شۇ تاپتا ھىجران ئازابى تارتىۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن ئاللىقانداق قىزىقىش بىلەن سورىدى:

— سىدىق دېگەن ئۇ بۇرادەرلىرى ئۆزلىرى بىلەن شېرىك تىجارەت قىلامتى؟

— يوقسۇ، دۇكىنىمدا پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇ بىچارە ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغانىكەن. كىشىلەرنىڭ سۈيىنى، ئوتۇنىنى توشۇپ جېنىنى جان ئېتىپ كەپتىكەن. كېيىن بىزنىڭ دۇكانغىلا سۇ توشۇپ بېرىپ يۈردى. شىرىن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيلەنمەي شۇ ياشقىچە سالتاڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «بۇ بىچارە بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ ئايال زاتىنىڭ ھىدىنى پۇرىماي ئۆتۈپ كەتمىسۇن، لايىقىدا بىرەر مەزلۇم بولسا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، تويىنى قىلىپ قويايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىۋېدى، بىرنەچچىمىزگە بۇ گەپ تولىمۇ ئورۇنلۇق بىلىندى ـ دە، تونۇش ـ بىلىشلەر ئارقىلىق بىر ئايالنى تېپىپ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن نىكاھىنى ئوقۇتۇپ قويدۇق. لېكىن، شۇ چاغدا تولىمۇ قىزىق بىر ئىش بولغانىدى... — ھابىل قارى سۆزلىگەچ بىردىنلا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلۈپ كەتتى ـ دە، شىرىنگە ئىلتىجا

قىلدى، ــ شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ماۋۇ ئىنىمىزگە دەپ بەرسىلە، شېرىن!

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كالتە يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ مېنىڭ مەسلىھەتىم بىلەن بۇ تويىنىڭ ۋاقتى بېكىتىلىپ، بىرنەچچىمىز جەم بولدۇق. شۇ چاغدا ھابىل قارى: «سىدىقنىڭ قۇلىقى ئېغىر، ئۇنلۇك ۋارقىرىمىسا ئاڭلىمايدۇ. شۇڭا، سىلى يېنىدا تۇرۇپ ئاخۇنۇم ‹ئالدىڭىزمۇ؟› دەپ سورىغاندا يېنىك نوقۇپ قويسىلا» دېۋىدى، ماقۇل بولدۇم ــ دە، بۇ گەپنى خېلى تەستە سىدىققا ئۇقتۇردۇم. ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇشنى باشلىغاندا نېمە بولدى، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، قولۇم ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇ بىردىنلا «ئالدىم» دەپ توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان، ئاخۇنۇم «ياق، تېخى ۋاقتى ئەمەس، بۇ گەپنى سەل تۇرۇپ دەڭ» دەپلا يەنە قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا نەق مەيداندىكى بىرىنىڭ قىزىقچىلىق قىلغۇسى كەلدىمۇ قانداق، سىدىقنى نوقۇپ قويۇپتۇ. ئۇ شۇ ھامان يەنە «ئالدىم» دەپلا توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاخۇنۇمنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتتى ــ دە، يەنە قايتىدىن نىكاھ ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ دورەم مەنمۇ، باشقىلارمۇ سىدىقتىن سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ قويدۇم. ئاخۇنۇم نىكاھ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ: «ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىسا، سىدىق جىم تۇرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇنى سەل قاتتىقراق نوقۇدۇم. ئۇ شۇ ئان: «مېنى نېمانچە نوقۇۋېرىسەن، ئەمدى ئالدىم دېگەن گەپنى ئۆزۈڭ دېگىن، مەن دەۋېرەمدىمەن؟» دېۋىدى، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭغا بىرھازا چۈشەندۇرۇپ، ئاخىرى ئاران تەستە بۇ نىكاھنى تۈگەتتۇق.

بۇ دورەم ھېچكىم كۆلمىدى. شېرىن سۆزلەپ بولۇپ يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى ـ يۇ، لېكىن بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك ھابىل قارىغا يۈزلەندى.

ــ بايىنىڭياقى پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، مەن بۇ يەرگە ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەچ، بىر ئىشقا ياردەملىشەرمىكىن دەپ كېلىۋىدىم.

ــ بىز بۇگۈنلا تونۇشقان ئادەم بولمىغاندىكىن ھەرقانداق ئىش بولسا تولا تەكەللۇپ قىلماي ئۇدۇللا دەۋەرسىلە،ــ دېدى ھابىل قارى تېزلا،ــ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش بولسىلا ھەرگىز باش تارتمايمەن.

شېرىن بايا ھەر ئېھتىمالغا قارشى مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يەر، سۇ كۆپەيتىش تەدبىرىنى، خوجىلارنىڭ دەسلەپتە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرمانى بىلەن لايسۇ بوستانلىقىنى ئوغلى ئەبۇ سەئىد مىرزىغا ۋەخپە زېمىن قىلىپ ئايرىپ بېرىلگەنلىكى، كېيىنكى ۋاقىتتا سەئىدىيە خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋاقىتلاردا، چىڭ ھۆكۈمىتى خوجىلارنىڭ شىنجاڭنى تىنچىتىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە ئاساسەن بۇ يەرنىڭ دائىرىسىنى ئاز ـ تولا كېڭەيتىپ سۇيۇرغال زېمىن قىلىپ، مۆھۈر بېسىلغان خەت پۈتۈپ بەرگەنلىكىنى، ئۇ يەردە يانچىلىق تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ھايۋاندىن بەتتەر كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى، ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەنە ئاشۇ لايسۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن يەر ئېچىش باشلانغاندىن بۇيان، نىزا ـ خۇسۇمەت، جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ ئۆكسۈمەي كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قولىدا خاننىڭ

مۆھۇرى بېسىلغان خەت بولغاچقىلا، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ خوجىلارنىڭ زوراۋانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، مەسلىھەتچى ئامبال يېنىغا كېلىپ ئەرز قىلىپ، ئۆچ كىشىنى ھەپسىگە ئالدۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ ۋەجىدىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن بۇ ئەزىزانە يۇرتقا كەلگەنلىكىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

— خوجىلار ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھېچ بولمىسا بىر يۇرتنىڭ ھاكىمبېگىنىڭ ئاز ـ تولا يۈزىنى قىلىپ قويسا ئوبدان بولاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا بېيجىڭدىكى خاننىڭ مۆھۇرى بېسىلغان خېتى بولغان تەقدىردىمۇ، ۋاقتى كېلىپ قالسا يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدۇ. كېرىيەدىن ئاستانىگە بېرىپ ـ كېلىشكە بىر ئالەم ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنچىلىك ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپلا ھەل قىلسا بولۇۋېرەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ تېرىمغا كىرمىگەن ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەركەنغۇ؟!... ھەي، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن بەندە ئىكەنمىز. شۇڭا، تولىمىز كۆرۈۋاتقان كۈنىمىزگە، ئاللاتائالا ئاتا قىلغان رىزقىمىزغا شۈكۈر قىلماي نام ـ شۆھرەت، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ، ھەممىمىز ئوخشاشلا مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق يات قوۋمدىكىلەرگە بىر ـ بىرىمىزنى چېقىپ نېمىمۇ قىلارمىز؟

— شۇنى دېسىلە، تەقسىر، ئەسلىي بىر ـ بىرىمىزگە ئورا كولاش، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، پىتنىخورلۇق، چېقىمچىلىق بىزنىڭ خىسلىتىمىزگە، ئادىمىيلىك مىزانىمىزغا يات خۇلقلار ئىدى. بىراق، ھازىر پەيدا

بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنى كەسىپ قىلىۋالغانلار دەماللىققا پايدا كۆرگەندەك، باشقىلارنىڭ ساختا شەپقىتىگە، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەندەك قىلغىنى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىسا ھامان بۇ ئىشلار بىر كۇنى ئەمەس، بىر كۇنى جاراستانغا چىقىپ ئۆزى رەسۋايىئالەم بولىدۇ ـ دە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا لالما ئىتلاردىنمۇ بەتتەررەك كۇنگە قالىدۇ. مۇسا بېگىم چېقىمچىغا تولىمۇ ئۆچ ئادەم، قارىسىلا. بىزنىڭ يۇرتتىكى بىر دورغا مەنسىپىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۇشىنى تاما قىلامدۇ ياكى باشقا غەرىزى بارمۇ، ئىشقىلىپ كۇن ئارىلاپ دېگۇدەك يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، كىملەرنىڭ مۇسا بېگىم ئۇستىدىن پىتنە ـ پاساتلارنى توقۇپ، قايسى يەردە كىملەرگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. مۇسا بېگىم باشقا ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياىدىغان، خەقنىڭ دىلىنى ئاسانلىقچە رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەن ـ دە، ئۇ ئىشلار راستمۇ ـ يالغانمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەيدىكەن. بىر كۇنى مۇسا بېگىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام، ھېلىقى دورغا سالامىنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، تەكەللۇپسىزلا يېنىمىزغا چىقىپ ئولتۇردى. بىزمۇ خېلىغىچە ئۆز پارىڭىمىز بىلەن مەشغۇل بولدۇق.

ـــ مەن ماڭاي، ھاكىمبېگىم، ـــ دېدىم ھېلىقى كىشىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشقا تاقەتسىزلەنگەندەك ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېھتىمال مەلۇم قىلىدىغان بىرەر جىددىي ئىشى بولسا مەن بار يەردە ئېغىز ئاچالماي قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئورنۇمدىن قوزغالماقچى بولۇپ:

— بىگىم، سىلى تاپىلىغان ئىشلارنى بىجىرىشقا كىرىشەي، — دېدىم.

— ئولتۇرغىن، مەسلىھەتلىشىدىغان يەنە بىر ئىش بار، — دېدى مۇسا بىگىم، — بايا ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. نەچچە كۈن ئىلگىرى چەرچەن، چاقىلىق بەگلىرى ئۇ يۇرتلاردا يىلاننىڭ ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، يىلانلار ئادەملەرگە ھازىرچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تاسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ يىلانلارنى يوقىتىشقا بىشى قاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ مەلۇماتنىمۇ كۆرۈپ مېنىڭمۇ بېشىم قاتتى. باشقىلاردىن يىلانلارنى قانداق يوقاتماق كېرەك دەپ سورىسام، ئۇلارمۇ بۇ ھەقتە مېنى قانائەتلەندۈرگۈدەك جاۋاب بېرەلمىدى. مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن. قېنى مەسلىھەت بەرگىن، يىلان دېگەننى قانداق يوقاتسا ئۇنۇمى بولىدۇ؟

— بۇ جەھەتتە مەنمۇ بىرەر ياخشى ئامالنى بىلمەيمەن، ھاكىمبېگىم، — دېدىم مەن تېزلا ھېلىقى كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلى ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان گەپلەرنى تېزلا يادىمغا ئېلىپ، ئۆللەم مۇسا بېگىم بۇ گەپنى مۇشۇ كىشىگە دارتىملاپ دەۋاتىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ، — يىلان دېگەن ھامان يىلان. ھازىرچە بىرەر كىشىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگىنى بىلەن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ بىلگىلى بولمايدۇ. بىزدە «رەھىم بالانى كەلتۈرەر» دەيدىغان تولىمۇ ھېكمەتلىك گەپ بار، ھاكىمبېگىم. شۇڭا، كېيىن بالا ـ قازا كۆرۈلۈپ بولغاندا پۇشايمان قىلغاندىن كۆرە ھازىر

ھەممە ئادەملەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تاياق ـ توقماقلارنى ئالدۇرۇپ، يىلانلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك.

ــ راست، بۇمۇ باشقا لايىقىدا چارە تاپالمىغاندا ئىشلەتسەك بولىدىغان ياخشى ئامالكەن، ــ دېدى مۇسا بېگىم ئالدىمىزدىلا ئۆلتۈرغان كىشىنىڭ ئۆگسۆلە بولۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ــ مېنىڭ بۇ ئىشقا ئەقلىم ھەيران، شېرىن. مەنغۇ يىلان دېگەننى چەرچەن، چاقىلىق تەرەپلەرگە چىققاندا كۆرۈپ باققان. ئەمما، بۇ كېرىيە دىيارىدا كۆرۈپ باقمىدىم. بولمىسىغۇ ھەممىسى ماڭا قارايدىغان، مەن ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغان يۇرتلار، قېنى دېگىنە، نېمىشقا ئۇ يەرلەردە يىلان كۆپ، بۇ يەردە يوق؟

ــ ياراتقان ئاللا ئىگەم جانلىقلارنى ياراتقان ۋاقىتتا ھەممە يەرنىڭ تەكچۈكلۈقىنى ئويلاپ، ئۇلارنى يۇرت ـ يۇرتلارغا تەقسىم قىلغانىكەن، ھاكىمبېگىم. ئۆللالەم ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئىنسابلىق، دىيانەتلىك بولۇپ، چېقىمچىلىق قىلىشنى نومۇس، ئادىمىيلىك ئەخلاقىغا يات دەپ قارىغان بولسا، يىلان ئادەمنى چاقسۇن دەپ كۆپەيتىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ يەردىكىلەر ئازراقلا نەپ، پايدا ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىزنى چېقىشىپ يۈرۈۋاتقاندىكىن، بۇ يەردىكىلەرگە يىلان لازىم ئەمەسكەن دەپ يىلان ئاپىرىدە قىلمىغانمىكىن!

ــ ھا... ھا... ھا... تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭ، مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن... ــ مۇسا بېگىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ــ غولى شۇ، بۇ يەردە چېقىمچىلار كۆپ بولغاچقا يىلان يوق.

بۇ گەپ بىلەن ھېلىقى كىشى ئۆلتۈرالمايلا قالدى ـ

دە، زوّروْر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ، موْسا بېگىمدىن ئىجازەت سوراپ چىقىپ كەتتى. كېيىن پاراڭ ئارىلىقىدا موْسا بېگىم ھېلىقى كىشىنىڭ ئىككىنچىلەپ باشقىلار ئوْستىدىن دادلىنىپ كىرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.
شېرىنىنىڭ گېپى توْگىگەندە ھابىل قارى تىزىغا شاپىلاقلاپ قويدى.
— ئوْ ئادەمنى راستتىنلا ئوبدان جايلاپلا، ئەمەلىيەتتىموْ چېقىمچىلىق دوْروْس ئىش ئەمەس. بوْنداق ئىككى يوْزلىمىچى ئادەملەر بوْ دوْنيادىلا ئەمەس، ئوْ دوْنيادىموْ ياخشى كوْن كوْرمەيدوْ. راست، ئېسىم قوْروْسوْن، بايا مەن ياردەملىشىدىغان ئىش بار دېۋىدىلە، قېنى ئېيتىسىلا شېرىن، ئوْزلىرىگە قانداق ياردىمىم كېرەككىن؟!
— باينىڭياقىدىكى گەپلىرىمدىن موْسا بېگىمنىڭ تاپشوْروْقى بىلەن مەسلىھەتچى ئامبال نا يەنچىڭ بىلەن كوْروْشوْشكە كەلگەنلىكىمنى بىلىپ بولدىلا، ھەرقاچان، ئەگەر شوْ كىشىنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان تونوْش - بىلىش، يېقىن - يوْۋوْقلىرى بولسا ئىلاج بار ئوْنىڭ بىلەن كوْروْشوْشنىڭ يولىنى قىلساق بولاتتى. ئەسلىدە مېنى كېرىيە ئايمىقىنىڭ ھاكىمبېگى ئەۋەتتى دەپلا ئوْدوْل ئوْنىڭ قېشىغا بارسام بولاتتى. بىراق، ھوْكوْمدار دېگەنىنىڭ مىجەز - خوْلقىغا قاراپىراق ئىش قىلمىسا زىيان تارتىدىغان گەپ ئىكەن. ئالىمادىس مىجەزى قوداڭشىپ، بىرەر ئىشلارغا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاندا بېرىپ قالسام ئىشنى بوْزوْپ قويىمەن. شوْڭا، ئوْنىڭ يېنىدىكى بىرەر ئادەم بىلەن كوْروْشوْپ، كەلگەنلىكىمدىن مەسلىھەتچى ئامبالنى خەۋەرلەندوْروْپ، ئاندىن كوْروْشەي دېۋىدىم.

هابىل قارى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەلگىنە ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى:

— بۇ دېگەنلىرىمۇ بەرھەق. بىكاردىن ئىشنى بۇزۇپ قويۇپ، مۇسا بېگىمگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئىش بولۇپ قالسىمۇ ئوبدان بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭ تۇققىسى يۇنۇس دېگەن ئادەمنى تونۇيمەن. ئۇ ئادەم پات - پات بىزنىڭ چايخانىغا كېلىپ دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىننزە، تازا دېگەندەك ئارىلىشىپ كەتمەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنچىلىك ئىشلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. مەن يۇنۇس تۇققىنى چاقىرىپ كېلىشكە بالا بۇيرۇيمۇ يا ئۇدۇللا ئۆيىگىلا بارامدۇق؟

— تۆگىنىڭ يانتاقىقا مەيلى بولسا بوينىنى سوزىدىكەن. بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز چۈشكەندىكىن ئۆيىگە بارساق بولامدىكىن!

— ھا... ھا... ھا... دېمەيدىغان گەپلىرى يوق - تە سىلىنىڭ، شېرىن! قېنى يۈرسىلە ئەمىسە، مەن يول باشلاي!

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چايخانىدىن چىقىشتى - دە، شېرىن بايا يول سورىغان يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ھايالشمايلا بىر خالتا كوچىغا كىردى. بۇ چاغدا گۇگۇم قارا پەردىسىنى ئاللىقاچان ئەتراپقا يېيىپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە بۇ كوچىنىڭ ئۈستى يېپىق بولغاچقا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن چامداپ كوچىغا ئىچكىرىلەپ ماڭماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا شېرىننىڭ پۇتى بىرنەرسىگە تەگكەندەك بولدى - دە، بىردىنلا يىقىلىپ چۈشتى.

— نېمە بولدىلا، شېرىن؟! — ھابىل قارى يەردە

سۇنايلىنىپ ياتقان شېرىننى ئاران ئىلغا قىلىپ قولتۇقىدىن يۆلىدى،ــ قارىغاندا ئەتراپنى تازا پەرق ئېتەلمىگەن ئوخشايلا ـ ھە! قېنى ماڭسىلا، مەن قولىرىدىن تۇتۇۋالاي! بولمىسا يەنە يىقىلىپ چۈشمىسىلە...

ــ توۋا دېسىلە، مۇنچىلىك قاراڭغۇلۇقتا يىقىلىپ چۈشسەم مېنى قارىغۇ دېسە بولىدۇ، ئەقىسىر. بايا ئۆزلە ئالدىمدا ئالدىراپ مېڭىپ كۆرمەي قالدىلا. كەينىلىرىدىن كېتىۋاتسام، مەن يىقىلىپ چۈشكەن يەردە سېمىزغىنىا بىر ئالتۇن بىلىق خۇددى سۇدا ئۈزگەندەك بەھۇزۇر كېتىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ قورسىقىمغا جىن كىردى ـ دە، ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىپلا ھېلىقى بىلىقنى «كاپپىدە» تۇتۇۋېلىپ دۈمبىسىگە بېسىلغان مۆھۈرگە قارىسام، ئىگىسىنىڭ بىر تۇل خوتۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا، ئۇ ئايالغا ئۆزۈال بولمىسۇن دەپ بىلىقنى قويۇپ بېرىپ تۇرۇشۇمغا، قولتۇقۇمدىن ئۆزلە يۆلىدىلە.

ھابىل قارى بىلەن نەۋرۇز شېرىننىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار يەنە سەل ماڭغاندىن كېيىن خالتا كوچا ئاخىرلىشىدىغان يەرگە كەلدى.

ــ يۇنۇس تۇگچىنىڭ ئۆيى مۇشۇ،ــ ھابىل قارى سۆزلىگەچ ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى كۈچ بىلەن شاراقلىتىشقا باشلىدى...

شېرىن بىلەن نەۋرۇز قەشقەردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ دېگۈدەك كېرىيەگە يېتىپ كەلگەندە جامائەت بامدات نامىزىدىن ئەمدىلا يانغانىدى. ئۇلار ئۆيلىرىگىمۇ بارماي، ئۇدۇللا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە باردى. مۇسا ھاكىمبەگ

ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ـ دە، قايتا ـ قايتا ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سۆكىگە چىقىشقا دەۋەت قىلدى.

ــ ئىشلار قانداق بولدى؟ــ دەپ سورىدى ئۇ ئەمدىلا كۆرپە ئۇستىدە ئولتۇرغان شېرىندىن،ــ مەن تاپىلىغان ئىشلاردىن ئۇمىد باردەكمۇ؟ مەسلىھەتچى ئامبال مەن ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىمۇ؟

شېرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىكلا مۇسا ھاكىمبەگكە قارىدى ـ دە، قەشقەردىكى ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ قەشقەردىكى تونۇشۇم ئارقىلىق مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تۆگچىسى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ ئادەم تەلىپىمىزنى ئاڭلاپ ئاۋۋال مەسلىھەتچى ئامبالغا مەلۇم قىلىدىغان، ئۇنىڭ كېيىنگە قاراپ بىزگە ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان بولدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ بىزنى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، شۇ تاپتا قوبۇلخانىدا ساقلاۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر كەلدى. بىز تېزلا سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، ئۇنىڭ تۇرار جايىغا باردۇق ـ دە، مەسلىھەتچى ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋغا ـ سالاملارنىڭ تىزىملىكى بىلەن ئۆزلەنىڭ نامىدا يېزىلغان مەكتۇپنى سۇندۇم. ئۇ سوۋغاتلىق بۇيۇملار تىزىملىكىنى كۆرۈپلا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى. يۇنۇس تۆگچىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇدۇللۇق بىزگە يەتكۈزدى.

ــ مۇسا بەگنى بەكمۇ مالال قىپتىمەن. ئاكا ـ ئۇكىدەك ئۆتىدىغان ئادەملەر بولغاندىكىن بۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى. خەير، بۇمۇ

ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆڭلىكەن. دۇنيادا كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق، شۇڭا ئۇ ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلاي. ئىككىڭلار ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار. پات ئارىدا ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ ـ كېلىش خىيالىدا بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. قالغان گەپلەرنى دىدارلاشقاندا يۈزتۇرا دېيىشىۋالىمىز.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىقتۇق ـ دە، ئاتلارنى ئارام ئالدۇرغاچ قەشقەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا بۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق.

ــ ئۇنىڭ سىلەرنى ئۇزاتقان چاغدىكى كەيپىياتى قانداقراق؟ ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ قانداقتۇر بىر ئىشتىن ۋايىم يەۋاتقاندەك.

ــ بىر ئوبدانلا تۇرىدۇ، باشقا ئىش يوق.

ــ بۇ تەرەپكە سەپەر قىلىدىغان ئېنىق ۋاقتىنى دېمەپتۇ ـ دە؟

ــ ھەئە، لېكىن ھېلىقى يۇنۇس تۆۋچى مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھامان بىزگە ئۇچۇر بېرىۋاتىدىغان بولدى.

ــ ئوبدان بوپتۇ، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ قېشىدا ئاشۇنداق ئىشەنچلىك ئادىمىمىز بولسا، ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرالايمىز.

ــ دېگەنلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق. مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ يۇرتىمىزغا قاچانلاردا كېلىشى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، بۇ تەرەپكە ماڭار ۋاقتىمىزدا يۇنۇس تۆۋچى بىر ئىشنى ئالايىتەن سەممىزگە سېلىپ قويدى، ــ دېدى شېرىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقان قىياپەتتە.

ــ نېمە ئىش ئۇ؟ قېنى دەۋەرگىن.

— يۇنۇس تۇڭچىنىڭ دېيىشىچە، بۇ يىل مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ مۇچەل يىلىكەن. ئۇ كىشى توشقان يىللىق ئىكەن.

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شېرىننىڭ زادى نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەماللىققا قىياس قىلالمىدى ـ دە، سوراشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، دورغام؟

— يۇنۇس تۇڭچى: «بۇ خەقتە مۇچەل يىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، مۇمكىن بولسا تۇرلۇك نەرسىلەردىن مۇچەل يىلىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بۇيۇملارنى ئويدۇرىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئەگەر مۇسا بېگىم ئامال قىلالىسا، بىرەر توشقان تەييار قىلىپ قويسا ئوبدان بولاتتى» دېگەن گەپنى قىلدى.

— مۇنداق دە؟ سېنىڭچە ئۇ توشقاننى قانداق تەييار قىلىمىز؟

شېرىن بۇ ئىشنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان بولغاچقا، نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەندەك بېشىنى قاشلاپ قويدى.

— يۇرتىمىزدا قاشتېشى ئويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر بولسىتى، تاغ تەرەپكە ئادەم چىقارغان بولساق، يوغان قاشتېشىدىن بىرەر پارچە تېپىپ كەلسە، توشقاننى قاشتېشىدىن ئويدۇرغان بولساق تازا بەلەن ئىش بولاتتى. مەن مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ بىلەن ئاستانىگە بارغاندا، ئۇ يەردىكى قاشتېشى دۇكانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇ خەقنىڭ «ئالتۇننىڭ باھاسى بار، ئەمما قاشتېشى باھاسىزدۇر» دەپ قاشتېشىنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى، بالىلىرىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئەمەس، بالا ـ قازادىن ساقلاپ، بەخت سائادەت ئاتا قىلىدۇ دەپ

قاشتېشى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملارنى مىراس قالدۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىراق، يۇرتىمىزدىمۇ، ئىلچى تەرەپلەردىمۇ قاشتېشىنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغان ئادەم تاپماق تەس. باشقا جايلارغا ئادەم بارغان تەقدىردىمۇ ئۇلگۇرۇتەلەمدىمىز، يوق، بىلمەيمەن. بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولىدىكىن!

مۇسا ھاكىمبەگ شېرىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ راستتىنلا قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك جىمىپ قالدى ـ دە، ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئېغىز ئاچتى.

ــ بۇنىڭ چوقۇم ئامالى تېپىلىدۇ. ئاشۇ بىر پارچە زېمىننى خوجىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالالايدىغانلا ئىش بولسا، چوقۇم ئامال تاپىمەن.

شېرىن قەشقەرگە قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ، ئارىدىن ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، مەسلىھەتچى ئامبال كېرىيەگە راستتىنلا كەلدى. يۇنۇس تۇڭچى ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۇ ئىلچى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە چۈشكەن كۈنىلا ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ ئىشەنچلىك خىزمەتكارى ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. مۇسا ھاكىمبەگ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېرىيەگە يېتىپ كېلىدىغان كۈننى مۆلچەرلەپ، قاراقىر ئۆتىڭىگە بېرىپ ئالدىغا چىقتى. خوجىلارمۇ بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولغاچقا، مۇسا بەگدىن بۇرۇنراق يېتىپ كېلىشكەنىدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئارىدىن ئىككى ئاش پىشىمدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ مەپىسى قاراقىر ئۆتىڭىدە توختىدى. مەسلىھەتچى ئامبال مەپىسىدىن

چۇشۇپ ئاۋۋال مۇسا ھاكىمبەگ، ئورايىم بەگ قاتارلىقلار بىلەن، كېيىن لايسۇلۇق خوجىلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى.

— بىزنىڭ يۇرت مانا ماۋۇ تەرەپتە، — دېدى يەھيا خوجا يىراقتىن كۆرۈنگەن قويۇق ئورمانلىق تەرەپنى قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئىشارە قىلىپ، — يولدا مەيدە چايقىلىپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغانلا، «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەن گەپ بار، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم. بۈگۈن غېرىبانە كەپىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن مۇسا بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا بارسىلا قانداق بولار؟

مەسلىھەتچى ئامبال يۇنۇس تۇڭچىنىڭ ئۆرۈپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەيىنىڭ يېنىدىلا ئاتلىق كېلىۋاتقان مۇسا ھاكىمبەگكە قاراپ قويۇپ ماقۇللۇق بىلدۈردى:

— مەيلى، بۈگۈن ئارام ئېلىپ سەپەرنى ئەتە داۋاملاشتۇرايلى.

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەھيا خوجىغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى - يۇ، لېكىن بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا چوڭ ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرتتى:

— مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ خىيالى ئارام ئېلىۋېلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش بولسا، پېقىر بۈگۈنچە قايتىپ ئەتە سەھەردىلا بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئاندىن...

— ھاجىتى يوق، ھاكىمبېگىم! بۇنداق تۈزۈت قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۈگۈنچە قايتىپ بېرىپ، تەييارلىق قىلىدىغان زۆرۈرىيىتىڭىز بولسا، مەيلى

ئىجازەت. سىز قايتىۋېرىڭ. لېكىن، ئەتە بۇ يەرگە ئالدىمغا كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، مېنى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىدە ساقلاڭ! ئەتە ئاشۇ يەردە كۆرۈشەيلى!

ــ ماقۇل...ــ مۇسا ھاكىمبەگ تېزلا جاۋاب بەردى ـ دە، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ مەپىسى لايسۇ تەرەپكە باردىغان چىغىر يول تەرەپكە قايرىلىپ خېلى ئۇزاق مېڭىپ، قويۇق ئۆسكەن قومۇشلار ئارىسىدا قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى.

ــ بۇ ئىشلاردىن بىرەر چېچەك چىقىپ قالماس، ئاكا؟ــ دېدى ئورايىم بەگ ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك،ــ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ كېرىيەگە قەدىمى بېسىلمايلا ئۇدۇل غوجىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا مېڭىشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ئەگەر ئۇلار ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق بۇ ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ قويسا، بىزنىڭ نۇرغۇن ئەجرىمىز بىكار بولىدۇ. ئەسلى ئۇ بۇ يەردە بىر كېچە تۈنەپ ئەتە باراي دېسىمۇ، ئۆزلىرى بىر ئاماللار بىلەن ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە ئېلىپ كەتسىلە بولاتتى!

ــ ئۇنى خوجىلارغا ئىككى قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويغۇم بار دەمسىز، قەدىرلىك ئىنىم! شۇ تاپتا مەن سىزدىن ئۆتەر ئەندىشە قىلىۋاتىمەن! بۇ ئادەم ئۆز ئېغىزى بىلەن شۇنداق دەپ تۇرسا مەندىمۇ ماقۇل دېمەكتىن باشقا نېمە ئامال بار دەيسىز. خەيرىيەت، ھازىرچە «تەگمىگەن تاياققا ۋايجان» دېگەندەك ئارتۇقچە ئىشلاردىن ۋايىم يەپ يۈرمەيلى. «پالتا چۈشكىچە كۆتەككە ئارام» دەپتىكەن. ھازىرچە قايتىپ كېتىپ، ئەتىكى كۈتۈۋېلىشنىڭ

تەييارلىقنى قىلايلى، قېنى يۇرۇڭلار!ــ مۇسا ھاكىمبەگ ئەمدى قارىسىنى كۆرگىلىمۇ بولمايدىغان مەپە كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ ئېتىغا قامچا ئۇردى.

ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلە ـ ئۆرلىمەيلا سۆگەتئېرىق دېگەن يەرگە مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋېلىشقا چىققان مۇسا ھاكىمبەگ چىڭقىچۇش مەزگىلى بولغىچە ساقلىدى. ئۇ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان پېشىن نامىزىغا ئوقۇلغان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ يەردە مېھمانلارنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىش يا نامازنى قازا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتكە بېرىپ نامىزنى ئۆتۈۋېلىشنى بىلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغاندا، بايا سېرىقئۆي يار تەرەپكە كەتكەن نەۋرۇز ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كەلدى.

ــ كەلدى... كەلدى... ئەنە، مەسلىھەتچى ئامبال كېلىۋاتىدۇ.

مۇسا ھاكىمبەگ روھلانغاندەك بولدى ـ دە، نەۋرۇز كۆرسەتكەن كۈنپېتىش تەرەپكە قارىدى. راست دېگەندەك يىراقتىن، خېلى يىراقتىن ئاسمان ـ پەلەك بوغۇناق كۆتۈرۈلۈپ بارغانسېرى سۈرۈلۈپ كەلدى ـ دە، بىرەر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ئارىلىقتا كۈتۈۋېلىشقا چىققانلارنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ قالدى. شۇنىڭغىچە مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ قەشقەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاللىقانداق قىزىقىش، نا يەنچىڭنىڭ قانداقراق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە ئۆزلۈكىدىن يىغىلغان ئاۋام يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە خۇددى ئانىسىنىڭ يولىغا قارىغان قۇشقاچ بالىلىرىدەك بويۇنلىرىنى سوزۇشتى. شۇنىڭغىچە مەپە مۇسا ھاكىمبەگكە يېقىنلىشىپ توختىدى. مەپىنىڭ

ئىككى يېنى ۋە ئارقىسىدا كېلىۋاتقان ئاتلىق چېرىكلەر ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈشكەندەك ئەتراپتىكى ئاۋامغا شۈبھە بىلەن قاراشتى.

— مەسلىھەتچى ئامبال بېگىمنىڭ پايى قەدىمىگە مۇبارەك! — مۇسا ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ ئەمدىلا مەپىنىڭ يىپەك پەردىلىرىنى قايرىپ ئەتراپقا قاراۋاتقان نا يەنچىڭغا يېقىنلاشتى، — ھارمىغايلا!

مەسلىھەتچى ئامبال يۇنۇس تۆگچىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتقاچ، ئورنىدىن قوزغىلىپ مەپىسىدىن چۈشتى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگكە سوغدىشىپلا كەلگەن باشقا يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن خالار ـ خالىماس كۆرۈشۈپ قويدى. شۇ ئەسنادا شېرىن ئۇستىگە قىزىل يىپەك رەخت يېپىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مۇسا ھاكىمبەگ پەتنۇسنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ مەسلىھەتچى ئامبال نا يەنچىڭغا روبىرو بولدى ـ دە، ئۇنى قوش قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەچ، قەددىنى سەل پۈكتى.

— مەسلىھەتچى ئامبال بېگىمنىڭ مۇچەل يىلىغا قۇت بولغاي! ئۆمرى ئۇزۇن، مەرتىۋىسى كۈنسېرى زىيادە بولغاي!...

مەسلىھەتچى ئامبال كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن ھەيران بولغاندەك، سەلگىنە مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قولىدىكى يىپەك يېپىلغان پەتنۇسقا، ئاندىن ئۇنىڭغا «بۇ نېمە مۇسا ھاكىمبەگ، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز؟» دېگەندەك قارىدى. شۇنىڭغىچە ئورايىم بەگ ئاكىسىغا يېقىنلاشتى ـ دە، قىزىل يىپەك رەختنى ئېلىۋەتتى. شۇ ئان پەتنۇس ئۈستىدىكى ئالتۇندىن قۇيۇلغان توشقان ھەيكىلى كۆچلۈك قۇياش

نۇردا «يالت ـ يۇلت» قىلىپ چاقنىدى. مەسلىھەتچى ئامبال بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان چېغى، خۇددى چۈش كۆرۈپ توساتتىنلا ئويغىنىپ كەتكەن كىشىدەك كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ قېتىپلا قالدى.
ــ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلغايلا، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم! مۇچەل يىلللىرىغا قۇتلۇق بولغاي!
مەسلىھەتچى ئامبال نا يەنچىڭ شۇنىڭدىلا ھوشىنى يىغىپ تولىمۇ نەپىس، سىپتا قۇيۇلغان ھەيكەلنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىغاندا، ساڭگىلىغان قاپاقلىرى ئارىسىدىكى مىيىقى تۇگەي دەپ قالغان جىنچىراغدەك نۇرسىز كۆزلىرى بىردىنلا ئويناپ كەتتى ـ دە، تاتىراڭغۇ چىرايىدا قايناق سۇدا ئىرىگەن مايدەك كۇلكە پەيدا بولدى.
ــ كارامەت... كارامەت نەپىس قۇيۇلۇپتۇ، ھەقىقەتەن بىباھا سەنئەت بۇيۇمى بوپتۇ، بۇنى قەيەردە قۇيدۇردۇڭلار؟
ــ يۇرتىمىزدىكى زەرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇچەل يىلللىرىغا ئاتاپ قۇيۇپ چىقتى، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم، قوبۇل قىلغايلا!ــ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ تۇرغان مۇسا ھاكىمبەگ بايىقى گېپىنى يەنە بىر رەت تەكرارلىدى.
ــ بۇ سىزنىڭ، يۇرت ـ خەلقنىڭ كۆڭلى بولغاندىكەن، مەيلى قوبۇل قىلسام قىلاي!ــ نا يەنچىڭ ئالتۇندىن قۇيۇلغان توشقان ھەيكىلىگە تويماي قارىغاچ.
ــ ئالەممۇ بىچاغ بولدى، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم. ئەمدى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بارساق بولارمىكىن!
ــ ماقۇل... ماقۇل... ماڭايلى ئەمىسە...ــ نا يەنچىڭ

ئالتۇن تۇشقاننى قاتتىقراق تۇتۇپ سالسا ئۇۋۇلۇپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىدىغاندەك، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ تۇتقىنىچە مەيگە چىقىپ ئولتۇردى.

— ماڭايلى، — مۇسا ھاكىمبەگمۇ ئېتىغا مىنىپ يول باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا كېتىۋاتقان ئورايىم بەگ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— بايا كۆردىلىمۇ، ئاكا؟ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ چىرايى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدەكلا بولۇپ كەتتى. قارىسام سىلى ئۆز روزىغارلىرىنى تامامەن سەرپ قىلغاننىڭ سىرتىدا، يەنە باشقا بەگ، باي، ۋە زەگەرلەردىن ئۆز ناملىرىدا قەرز ئېلىپ يۇرۇپ قۇيدۇرغان بۇ ئالتۇن توشقان ئۇنىڭغا بەكلا ياراپ كەتكەندەك قىلىدۇ. پاك - دىيانەتلىكنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ بىر - ئىككى ئېغىز تەكەللۇپ سۆزىنى قىلىپ قويمىدى. بىز تېخى بۇ سوۋغىنى مەسلىھەتچى ئامبال قوبۇل قىلارمۇ - قىلماسمۇ دەپ ئويلاپ كېتىپتىمىز. نۇرغۇن پۇلغا يارايدىغان بۇ قىممەتلىك توشقاننى ئالغاندىكىن، ئەمدىغۇ بىزنىڭ دېگىنىمىزگە ماقۇل دەر؟

— بوشراق، ئىنىم، «كۇندۇزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاقتا ياق» دەيدىغان گەپ بار. بۇ گەپلەرنى مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دېيىشسەكمۇ كېچىكمەيمىز.

بۇلار ئۇدۇللا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە كېلىپ توختىدى - دە، ئەينى ۋاقىتتا ھاكىمبەگ ئۇچۇن مەخسۇس كۆتۈرمە قىلىنىپ سېلىنغان تام - تورۇسلىرىغا ھەر خىل گۈل ۋە نەقىشلەر ئويۇلۇپ، شۇ

دەۋر مىمارچىلىقىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان، تولىمۇ ھەشەمەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ھاكىمبەگ نېمىشقىكىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— قېنى، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم، — دېدى ئېتىدىن چۈشۈپ ئاللىقاچان نا يەنچىڭنىڭ مەيىسى يېنىغا كېلىپ بولغان مۇسا ھاكىمبەگ تەئەززۇ بىلەن قەددىنى ئېگىپ، — بۇ ھۇجرىلارنى ئاتايىن ئۆزلىرىنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويغانىدۇق. كىرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ باققان بولسىلا.

نا يەنچىڭ ئالتۇن توشقاننى كۆتۈرگەن پېتى مەپىسىدىن چۈشتى ـ دە، ئالدى سالاسۇن بىلەن تۇسۇلۇپ پېشايۋانلىق قىلىپ ياسالغان ھەشەمەتلىك قەسىرگە قاراپ قويدى ـ دە، مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يول باشلىشى بىلەن پەشتاقلاردىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

مەسلىھەتچى ئامبال نا يەنچىڭ شۇ قېتىمقى سەپىرىدە كېرىيەدە ئون كۈنگە يېقىن تۇردى. مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنى بۇ يۇرتنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىغا ئاپىرىپ، كۆڭلىنى ئاچقاندىن باشقا، يەنە ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئەپيۇن خۇمارى تۇتقان چاغلىرىدىمۇ، يانپاشلاپ يېتىپ خورۇلدىتىپ چىلىم تارتقان چاغلىرىدىمۇ يېنىدىن ئايرىلماي ھەمراھ بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىكىن نا يەنچىڭ ئۆزى ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايدىغان، بىر ئېغىز، پەقەتلا بىر ئېغىز گەپنى قىلمايۋاتاتتى.

— بۇ گەپنى ئۇنىڭ سەمىگە يەنە سالىمىزمۇ ـ يا؟ —

دەيتتى ئورايىم بەگ ئاللىقانداق ئىشلاردىن ۋايىم يېگەندەك، قانداقتۇر بىر ئىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، ــ بەلكىم ئۇنتۇپ قالغان بولسا...

ــ ياق بېگىم، ياق، ئۇ ئادەم ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مەن ئاتايىن مۇسا بېگىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ئۇنىڭغا مەقسەت ـ مۇددىئايىمىزنى ئېنىق ئېيتقان. بۇ دورەممۇ نۇرغۇن ئالتۇن سەرپ قىلىپ، خېلى يوغان بىر توشقان ھەيكىلىنى قۇيدۇرۇپ سوۋغا قىلدۇق. نا يەنچىلىك بېگىم باشقا روزىغارلىرى، دەپىنە ـ دۇنيالىرىدىن كېچىپ، مۇشۇ ئالتۇن توشقاننى ئېلىپ قالسىمۇ، كېيىنكى ئۆمرىنى باي ـ باياشاتلىقتا ئۆتكۈزۈپ، يەنە بالىچاقىلىرىغىمۇ خېلىلا يېتەرلىك مىراس قالدۇرغان بولىدۇ. ئۇ بۇنى بىلىدۇ، لېكىن ئالدىراپ ئېغىز ئاچماسلىقىدا يەنە باشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن!ــ دېدى شېرىن ئويچان قىياپەتتە.

ــ سەن خوجىلارمۇ بوش كەلمىدى، بۇ دورەم مەسلىھەتچى ئامبالغا ئاز بىرنەرسە سۇڭگۇتمىدى، دېمەكچىمۇ؟ــ دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ.

ــ بەلكىم، كۆز بىلەن كۆرمىسە، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بېگىم. بۇ مېنىڭ قىياسىم، قېنى ئۆزلەمۇ ئويلاپ باقسىلا، گۇندىخانىدىكى ئۇچەيلەننى قىستىقتا ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەتچى ئامبالدىن يارلىق ئېلىپ كېلەلىگەن خوجىلارنى ھەرگىز بوش چاغلىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ يەرگە

كەلدىغۇ؟! شۇڭا ئۇ ئايرىم تۇرغان چاغدا بۇ ئىش ھەققىدە ئىنىمىز ئىچىپ باقسىلا قانداق بولار؟

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. مەن يۇنۇس تۇڭچىدىن خېلى كوچىلاپ سوراپ باقتىم. مەسلىھەتچى ئامبال خوجىلار بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشماپتۇ، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ خېلى ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ، — ھەربىر سۆزىدە ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، ئۇلارنىڭ سىياسىتىنى ئاشۇرۇۋېتمەسلىك، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سوۋغا - سالام قوبۇل قىلماسلىق دېگەنلەرنى ئىنىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان مەسلىھەتچى ئامبال بۇ ئىشنىڭ نۇرغۇن يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، بەلكىم خوجىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ رەنجىتمەيدىغان، بىزمۇ ئاغرىنمايدىغان بىرەر ياخشى ئامال تاپالماي قالدىمىكىن!

— مەيلى نېمىلا بولسۇن، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ كۆڭلىدە بىر جىن بار، — دېدى شېرىن، — بىز شۇنى ئالدىن بىلىۋالالايدىغان بولساق ئوبدان بولاتتى، بىراق...

ئۇلار بۇ ھەقتە خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ زادى نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ھەممىدىن بەكرەك مۇسا ھاكىمبەگ بەكرەك تىت - تىت بولاتتى. نا يەنچىڭ ئەپيۇننى بولۇشىغا تارتىپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ خۇشخۇيلىشىپ قالغان ۋاقىتتا بۇ ئىشنى ئۇنىڭ سىمىگە يەنە بىر رەت سالغىنىسى، ئاشۇ بىر پارچە زېمىننى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنگىسى كەلدى - يۇ، لېكىن نەچچە رەت بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

— سىز ئوۋغا قىزىقامسىز؟ — دەپ سورىدى مەسلىھەتچى ئامبال ئەتە يولغا چىقمەن دېگەن كۈنى تۇيۇقسىزلا مۇسا ھاكىمبەگدىن.
— ھەئە، قولۇم ئاز - تولا ئىشتىن بوشىغان ۋاقىتتا ئانچە - مۇنچە ئوۋغا چىقىپ قويىمەن.
— سىزنىڭمۇ قارچىغىڭىز بارمۇ؟
— بار.
— ياخشى... ياخشى، ئەتە لايسۇ تەرەپتە ئوۋ قىلايلى. راست، خوجىلارنىڭ قېشىغىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ. ئۇلارمۇ قارچىغىلىرىنى تەييارلاپ تۇرۇشسۇن.
— ماقۇل، دېگەنلىرى بويىچە قىلاي!
مۇسا ھاكىمبەگ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ قېشىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن، يارەنلىرى بىلەن پاراڭ قىلىشىۋېتىپ بۇ گەپنى دېۋىدى، ھەممەيلەن ھەيران بولۇشتى.
— ئەتە يولغا چىقمەن دېگەن ئادەم ئەجەب ئوۋ قىلىشقا قىزىقىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى ئورايىم بەگ، — بۇنداق نىيىتى بار ئادەم يا بۇرۇن ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس، ئىلچى تەرەپكە سەپەر قىلىدىغان ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرغىنىغا قارىغاندا، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار.
— مەنمۇ ھەيران بولدۇم. بۇ ئوۋغا يەنە خوجىلارمۇ قاتنىشىدىكەن، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئويچان قىياپەتتە، — ئىشقىلىپ مەيلى نېمىلا بولسۇن، ھۆكۈمدارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپ كىرىپچىتىن ئايرىلغان ئوق. شۇڭا، بىزمۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى قارچىغىنىڭ ئەڭ ئوبدىنىنى تەييارلىشىمىز لازىم.
— بەرھەق، تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا، ئېھتىمال يەر ئاستىدا يىلان كۆشىگەننى بىلىپ تۇرىدىغان،

سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۇگۈرۈتۈشكە ئۇستا يەھيا خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا چوقۇم تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، بىزنى يەرگە قارىتىشىنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ كېيىن «ۋاي بىسمىللا...» دېگەندىن كۆرە قارچىغىنىڭ ئەڭ ئوبدىنىنى تەييارلايلى، مەن ھازىرلا بېرىپ ئىزامىدىن باخشى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ گەپنى سەمىگە سېلىپ قوياي. ئۇ ئادەم قارچىغا ئويناشنىڭ پىرى بولغاندىكىن ئوبدان تەييارلىق قىلسۇن،— دېدى شېرىن ئورنىدىن تۇرغاچ.

— شۇنداق قىلغىن، ئىزامىدىن باخشىغا ئوبدانراق جېكىلە. مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تۇيۇقسىز ئوۋ قىلغۇسى كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى نائېنىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىز ھازىرغىچە ئويلاپ يېتەلمەيۋاتقان بىر ئىش بار. شۇڭا، ئەتىكى ئوۋدا سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ قالماسلىقىقا كاپالەتلىك قىلسۇن. بىكاردىن كېيىن مەندىن رەنجىپ قالىدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھاكىمبېگىم، مەن بۇ ھەقتە ئىزامىدىن باخشىغا ئوبدان گەپ قىلىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا يولغا چىققان مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ مەيسى كۆن تىكلىنەي دېگەندە، لايسۇغا يېقىن يەردىكى كۆل بويىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ۋاقىتتا لايسۇلۇق خوجىلاردىن غوجا بەگ، يەھيا خوجا، ئابدۇرەشىت خوجىلاردىن باشقا، يەنە دېدەك ئەمگەك خوجىلاردىن[1] بىرنەچچىسى قىرىق — ئەللىكتەك ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدى.

---

① دېدەك ئەمگەك خوجا — خوجىلارنىڭ توقال، دېدەكلىرىدىن تۇغۇلغان باللىرى بولغاچقا، ئۇلار باشقا خوجىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يەر، سۇ، ھوقۇق — ئىمتىيازلىرىمۇ باشقا خوجىلاردىن ئاز ئىدى.

مەسلىھەتچى ئامبال مەپىسىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا تېزلىك بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى ـ دە، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن يەھيا خوجىغا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى.

— مەن ھازىر ئۇۋ قىلماقچى. راستىنى دېسەم ھەر ئىككىڭلارنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. مەن سىلەر دەۋاتقان يەرنى مەيلى قايسىڭلارغا بۇيرۇپ بېرەي، ھامىنى بىرىڭلار خۇشال بولۇپ، يەنە بىرىڭلارنىڭ كۆڭلى مەندىن رەنجىيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى مۇشۇ تەرىقىدە بىر تەرەپ قىلىشنى لايىق تاپتىم...— نا يەنچىلىك سۆزلىگەچ كۇسا چىراي مەپىكەشكە قول ئىشارىسى قىلىۋىدى، مەپىكەشمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا مەپىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئورۇندۇققا جايلىشىپ كۆل تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئەنە ئاۋۇ كۆلدىكى كۆز يېتىم يەردە ئىككى ئۆردەك بىلەن ئۈچ ھاڭگىت بار ئىكەن. ھەر ئىككىڭلار ئۆز قارچىغاڭلارنى ئاشۇلارغا قارىتىپ قويۇپ بېرىڭلار، قايسىڭلارنىڭ قارچىغىسى ھاڭگىتلاردىن بىرنى ئولجا ئېلىپ قىرغاققا ئاچىقالىسا، سىلەر تالىشىۋاتقان يايلاقنى قارچىغىنىڭ ئىگىسىگە بۇيرۇپ بېرىمەن.

بۇ گەپكە مۇسا ھاكىمبەگمۇ، يەھيا خوجىمۇ ھەيران بولدى. بۇ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دۆڭلۈكلەردە، چارۋا ـ چاتقاللار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوۋغا ئوخشىمايتتى. قارچىغا ئۇنداق يەرلەردە ئوۋنى

پوكىنىغىلا بىسىپلا تۇرالىسا، قالغان ئىشلارنى ئۇۋچى ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. بىراق، سۇدىكى ئۇۋنى... مۇسا هاكىمبەگ «يالت» قىلىپ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر دېگەندەك قاراپ قويدى. ئۇ ئەمدى باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغان نا يەنچىڭغا تىكىلدى.

— دېگەنلىرى بويىچە قىلايلى، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم.

— تەييارلىنىڭلار، مەن بەلگە بېرىشىم بىلەن قارچىغاڭلارنى قويۇپ بېرىڭلار.

— ماقۇل،— يەھيا خوجا بىلەن مۇسا ھاكىمبەگ تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

مۇسا ھاكىمبەگ سەل نېرىسىدا قارچىغىنى تۇتۇپ تۇرغان نىزامىدىن باخشىنى شەرەتلىدى ـ دە، ئۇ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن سورىدى:

— بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىغانسەن؟

— ئاڭلىدىم، ھاكىمبېگىم.

— قارچىغىنىڭ ھاڭگىتلارنى ئولجا ئېلىشىغا ئىشەنچ قىلالامسەن؟

— راستىنى ئېيتسام بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ھاكىمبېگىم، گەپ قارچىغىدا. ئۇ ھېلى ھاڭگىتقا ئېتىلامدۇ يا ئۆردەككىمۇ ئۇقلى بولمايدۇ، شۇڭا سەل جىددىيلىشىۋاتىمەن.

— ئۆزۈڭنى تۇختىتىۋال، ھېلى بەلگە بەرگەندە قارچىغىنى قويۇپ بەر، ھەرگىز ئارىسالدى بولۇپ جىددىيلىشىپ قالما، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

مۇسا ھاكىمبەگ نىزامىدىن باخشىغا ئىغىزىدا شۇنداق

دەپ تەسەللىي بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرگىنى بىلەن، قەلبىنى دىلغۇللۇق، تىلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئاللىقانداق بىر خىل بىئاراملىق چۇلغىۋالغانىدى. نىزامىدىن باخشى كۆلگە قاراپ قويغاندىن كېيىن يەھيا خوجىنىڭ قارچىغىنى ئۆزى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، «لاپ» قىلىپ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— قارچىغىنى تەييارلا!— مۇسا ھاكىمبەگ ئۆنىڭ قارىشىدىن نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، نىزامىدىن باخشىغا بۇيرۇق قىلدى،— ئۆزۈڭنى توختىتىۋېلىپ، ئاندىن قارچىغىنى قويۇپ بەر!

نىزامىدىن باخشى قارچىغىنىڭ بېشىدىكى تېرە بۆكنى ئېلىۋېتىپ، قارچىغا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قارچىغىنى كۆل تەرەپكە قاراتتى. نا يەنچىلىك ئۇلارنىڭ تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى ئالىقىنى بىلەن بوشلا ئۇرۇپ چاۋاك چالدى.

— قويۇپ بېرىڭلار.

بۇ گەپ بىلەن يەھيا خوجا قولىدىكى قارچىغىنى كۆل تەرەپكە قارىتىپ ئاسمانغا ئاتتى. نىزامىدىن باخشى بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكە قوللىرى تىترەپ، سوغۇق تەرلەپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئەگەر قارچىغا ھاڭگىتىنى ئالالمىسا، مۇسا ھاكىمبەگدىن دەشنەم ئاڭلايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئېلىۋالدى ـ دە، قارچىغا تۇتقان قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ توۋلىدى.

— ياپىرىم...

قارچىغا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا يەھيا خوجىنىڭ قارچىغىسى كۆل يۈزىگە يېقىنلاشقان بولۇپ،

كۆلدىكى جانىۋارلارنى نىشانلاپ پەسكە شۇڭغۇغانىدى. دەل شۇ چاغدا كۆلدىكى ياۋا ئۆردەكلەر ئۆزىگە خەۋپ يېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قىلىشقاندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كۆكتىن پەسكە قاراپ ئۇچۇۋاتقان قارچىغا بىلەن ئۆردەكلەر سۇ يۈزىدىن ئون بەش ــ يىگىرمە مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچراشتى ـ دە، قالايمىقان ئۇچۇشقا باشلىدى. يەھيا خوجىنىڭ قارچىغىسى قايسى ئۆردەككە ئېتىلىشىنى بىلەلمەي، ھېلى ئۇ تەرەپكە، ھېلى بۇ تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مۇسا ھاكىمبەگنىڭ قارچىغىسىمۇ كۆل يۈزىگە يېتىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھاڭگىتلار سۇ ئىچىگە شۇڭغۇۋالغانىدى. مۇسا ھاكىمبەگنىڭ تىنىقلىرى بىردىنلا ئىتتىكلەپ، نەپىسى يېتىشمىگەندەكلا بولۇپ قالدى. ياق، مۇسا ھاكىمبەگلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىنىسى ئورايىم بەگ، شاھسېلىم بەگ، توختى غوجا، ھېلىمشاھ مىرزا، باۋۇدۇن باي، قاسىم باي، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ كېرىيەگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتايىن ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى كەلگەن چېرا، نىيە، چەرچەن بەگلىرىمۇ شۇ تاپتا جىددىيلەشكەنلىكىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي كۆل تەرەپكە قاراپ قېتىپلا قېلىشقانىدى. شۇ تاپتا خېلىلا پەسلەپ بولغان قارچىغا باياتىن كۆرگەن ئوۋنىڭ سۇ يۈزىدىن بىردىنلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككى ـ ئۈچ مەرتەم بىر دائىرىنى ئايلىنىپ چۆرگۈلىگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يەھيا خوجىنىڭ قارچىغىسى بىلەن ياۋا ئۆردەكلەر ئاللىقاچان كۆل يۈزىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى. مۇسا ھاكىمبەگ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تەسكىن تاپقۇزماقچى بولغاندەك كۆكسىنى بوشلا بېسىپ قويدى ـ

ده، ئاللىقاچان كۆك قەرىگە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە پەسكە كۈچ بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قارچىغىسىغا قارىدى. دەل شۇ چاغدا سۇغا شۇڭغۇۋالغان ھاڭگىتلارنىڭ بىرىنىڭ بېشى سۇدىن كۆتۈرۈلدى. قارچىغىسمۇ بۇنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى بولغاي ئۆزىنى ھاڭگىتقا ئاتتى ــ ده، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ھاڭگىتنىڭ بېشىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن چىڭ قامالاپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇنى كۆرگەن نىزامىدىن باخشى قولىدىكى بىر پارچە گۆشنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قارچىغا تەرەپكە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغاچ يۈگۈردى.

ــ گاھ ــ گاھ... گاھ ــ گاھ...

بۇ چاغدا مۇسا ھاكىمبەگ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالمىغانىدى. ياق، مۇسا ھاكىمبەگلا ئەمەس، ئورايىم بەگ، شېرىن ۋە باشقا يېقىن ــ يىراقتىن كەلگەن بەگلەرمۇ، بايلارمۇ بۇ خۇشاللىقتىن كۆلكىلىرىنى يوشۇرالماي قېلىشقانىدى.

ــ بۇ ئىش بايا دېگىنىمىزدەك ناھايىتى تېزلا ئايدىڭلاشتى، ــ دېدى مەسلىھەتچى ئامبال نا يەنچىڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ــ سىلەر دەۋاسىنى قىلىۋاتقان ھېلىقى بىر پارچە يايلاق مۇسا ھاكىمبەگكە تەۋە بولدى. بۇنىڭغا رازىمۇسىلەر؟

ــ رازى، ــ مۇسا ھاكىمبەگ تېزلا جاۋاب بەردى.

ــ سىزچۇ، يەھيا خوجا؟

يەھيا خوجا مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ ئۆزىدىن گەپ سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى سۇسلا لىڭشىتتى.

ــ ماقۇل، بۇ ئىش شۇنداق بولدى ئەمىسە، ئۇ يەرنىڭ پاسىلى ئاۋۇ توغراقنىڭ ئاستى تەرىپىدىن باشلاپ

بولسۇن. بۇ ئىش خۇسۇسىدا مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن مەخسۇس خەت پۈتۈپ، مۆھۈر بېسىپ يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— ئاشۇ خانچۇشكەن توغراقنى پاسىل قىلامدۇق؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ يوغان، ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدىغان توغراقنى كۆرسىتىپ.

— ھەئە، ئاشۇ يوغان توغراقنى، سىلەر ئۇنى خانچۇشكەن توغراق دەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى نا يەنچىڭ ھەيران بولۇپ.

— ھەئە، بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يۈز يىل مۇقەددەم بۇ يەرلەر يەكەندىكى سەئىدىيە خانلىقىغا قارىغان زامانلاردا چەرچەن، چاقىلىق تەرەپلەردىن كەلگەن قالماقلار كىرىيەنى بېسىۋاپتۇ. شۇ چاغدا بۇ خانلىقنىڭ سۇلتانلىق تەختىدە ئابدۇللاخان دېگەن ئادەم ھۆكۈمدار ئىكەن. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن خۇدابەردىخان دېگەن ئادەم بۇ زېمىنلارغا ھاكىمبەگ ئىكەن. خۇدابەردى ھاكىمبەگ قالماقلار بىلەن نەچچە قېتىم تۇتۇشقان بولسىمۇ، قالماقلارغا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىرى سۇلتان ئابدۇللاخانغا مەلۇمات يوللاپتۇ. ئابدۇللاخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئوغلى قەشقەردىكى نايىبخان يولۋاسنى، ئىلچىنىڭ نايىب ئەمىرى، نەۋرىسى ئەبەيدۇللا سۇلتانلار بىلەن بۇ يەرگە كەپتۇ - دە، ئاشۇ توغراق تۈۋىدە چۇشكۈن قىلىپ، ياۋ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن كىرىيە تامان يول ئالغانىكەن. شۇڭا، يەرلىك كىشىلەر دەسلەپ بۇ يەرنى «خان چۇشكۈن قىلغان توغراقنىڭ تۈۋى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، كېيىن بارا - بارا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «خان چۇشكەن توغراق» دەپ ئاتايدىغان بولغان...

— ھا... ھا... ھا... بۇمۇ ئوبدانلا ئىسىمكەن. مەيلى،

ئاشۇ خانچۇشكەن توغراقنى پاسىل قىلايلى. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپى سىزگە تەۋە بولسۇن. راست، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئابدۇللاخان نۇسرەت قازىنىپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى مەسلىھەتچى ئامبال.

— شۇنداق، ئابدۇللاخان مۇشۇ يەردىن قوزغالغىنىچە ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگىمۇ چۈشمەي، ئۇدۇللا ياغبۇلاق دېگەن يەرگە بېرىپ بارگاھ قۇرۇپتۇ ـ دە، ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. كېيىن قالماقلار قېچىپ كېتىپتۇ. ئابدۇللاخان لەشكەرلىرى ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، چەرچەننىڭ ئاتچان دېگەن تاغلىق يېرىدىكى بىر دۆڭگە بارغاندا، قالماقلار سۇلھى تەلەپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاشۇ دۆڭنى پاسىل قىلىدىغانغا، ئىككىلا تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىگە قارشى لەشكەر تارتمايدىغانغا كېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى دۆڭگە قوزۇق قېقىپ پاسىل بېكىتىلىپتۇ ـ دە، بۇ يەر «قوزۇق قاقتى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ...

— ھا...ھا...ھا... تازا ئوبدان ئىسىمكەن! — يۇنۇس تۇگچىنىڭ ئۆرۈپ بېرىشى بىلەن بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان مەسلىھەتچى ئامبال قاقاھلاپ كۈلگەچ كۆنگە قاراپ قويدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى، — ئەمدى مەن ماڭاي!

— قاراقىر ئۆتىڭىدە ئۆزلىرىگە غىزا تەييارلىغان، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىم، — دېدى مۇسا ھاكىمبەگ تېزلا، — ئاۋۋال شۇ يەرگە بېرىپ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقسىلا.

— ماقۇل، — مەسلىھەتچى ئامبال سۆزلىگەچ مەيىنگە ياماشتى. مۇسا ھاكىمبەگ سەل يىراقتا ئېتىنى تۇتۇپ تۇرغان نەۋرۇزغا قارىدى. نەۋرۇز تېزلا ئاتنى يېتىلەپ كەلدى ـ دە، چۇلۋۇرىنى تەڭلىدى. مۇسا

ھاكىمبەگ چۈلۋۈرنى قولىغا ئېلىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۆگەي دادىسىدىن دەشنەم يېگەن بالىدەك شۈمشىيىپ تۇرغان چىرايى خام خەسىدەك ئاقارغان يەھيا خوجا بىلەن غوجا بەگكە قاراپ قويدى.

— يۈرۈشىسلە، مەسلىھەتچى ئامبال بېگىمنى قاراقىر ئۆتىگىدىن ئۆزىتىپ قويايلى.

بۇ گەپ بىلەن ئۇلارمۇ روھسىز ھالدا ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، ئاللىقاچان قوزغىلىپ بولغان مەپىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئەتىسى مۇسا ھاكىمبەگ ئەتىگەندىلا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە كەلدى ـ دە، ئىشىكباقارنى كۆرۈپلا پەرمان بەردى.

— ھازىرلا بېرىپ زىندان بېگىگە ئېيت، ھېلىقى ئۈچ مەھبۇسنى قوبۇلخانىغا باشلاپ كەلسۇن.

— ئىلەل① ھاكىمبېگىم، مانا ھازىرلا...

مۇسا ھاكىمبەگ ئۇدۇللا خاس خانىسىگە كىردى ـ دە، ئادەتتە ئولتۇرىدىغان ئورۇندا ئولتۇردى. شۇنىڭغىچە ئورايىم بەگمۇ، شىبىرنىمۇ سالام بېرىشكىنىچە كىرىپ كېلىشتى. ئارقىدىنلا زىندان بېگىمۇ ئابدۇرۇسۇل مۇناقى، قۇربان ھاجى، ئاۋۇدۇن قاتارلىقلارنى باشلاپ كىردى. مۇسا ھاكىمبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۈن نۇرى كۆرمىگەچكىمۇ چىرايى سارغىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان، ئورۇقلاپ مەڭز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان بۇ ئۈچ «مەھبۇس» بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

---

① ئىلەل ـ ماقۇل، خوپ.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى

ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆرە تۇرۇۋەردى. مۇسا هاكىمبەگ هەيران بولۇپ گېپىنى يەنە تەكرارلىۋىدى، قۇربان هاجى جاۋاب بەردى:

— بىز مۇشۇنداق تۇرۇۋېرەيلى، هاكىمبېگىم. قانداق گەپ بولسىلا دەۋەرسىلە.

مۇسا هاكىمبەگ هەيران بولغاندەك ئۇلارغا قاراپ قويغاچ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— تونۇگۇن بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىڭلارمۇ؟

— هەئە، هېلى يولدا كەلگىچە زىندان بېگى سۆزلەپ بەردى.

— هازىردىن باشلاپ سىلەر ئەركىنلىككە چىقتىڭلار. ئەمدى غەم - ئەندىشىسىز خالىغىنىڭلارچە يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق، — ئۇچەيلەن تەڭلا جاۋاب بەردى.

— راست، ئۆتكەندە ئاڭلىسام، سىلەر ئاچقان يەرنى «ئاچما» دەپ ئاتاپتىكەنسىلەر، ئەمدى ئۇ يەرگە رەسمىي نام قويمىساق بولماس، سىلەرچە نېمە دەپ ئاتىساق بولار؟

— سىلى نېمە دېسىلە شۇ، هاكىمبېگىم، — دېدى ئابدۇرۇسۇل مۇناقى پەس ئاۋازدا.

— مېنىڭچە... مېنىڭچە... — مۇسا هاكىمبەگ «قېنى گەپ قىلغىن» دېگەندەك شېرىن دورغىغا قاراپ قويدى - يۇ، لېكىن تېزلا يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ يەرنى ئاچما دېمەي قاراقىر دېسەك قانداق بولار، سىلەر بىلىسىلەر، ئېقىننىڭ بېشىدا قاراقىر ئۆتىڭى بار. سۇ شۇ يەردىن كەلگەندىكىن، سىلەر ئېچىۋاتقان يەرنى ئاشۇ نامنى قوللانساق بولارمىكىن! ئۇنىڭ ئۇستىگە «قاراقىر»

دېگەن گەپتىكى قارا دېگەن سۆز ئۇلۇغ، كەڭ، چوڭ، يوغان، ھەيۋەتلىك دېگەن مەنىدە، قىر دېگەن سۆز يايلاق، دەريا ـ ئۆستەڭ، ئېرىق، تۆپىلىك، دۆڭ دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ قاراقىر دەپ ئاتالسا تازا ئوبدان بولارمىكىن...[1]

ــ بۇ تولىمۇ ئوبدان ئىسىم بولدى، مۇسا بېگىم، ــ دېدى شېرىن تېزلا، ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەرنى قاراقىر دەپ ئاتايلى، سىلەرمۇ قوشۇلامسىلەر؟

ــ قوشۇلىمىز، شۇنداق قىلىلى... ــ دېدى ئاۋۇدۇن پەس ئاۋازدا.

ــ شۇ تاپتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ، ــ ئۇلار سىلەرنىڭ بۇندىن گۇندىخانىدىن چىقىدىغىنىڭلاردىن خەۋەردار. بەلكىم سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قاراپ تاقىتى تاق بولغاندۇ، ئەمدى چىقساڭلار بولىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئابدۇرۇسۇل مۇناقى بىردىنلا يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ـ دە، بىرنەچچە دۇرۇتنى پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئاۋازىنى بارا ـ بارا يۇقىرى كۆتۈردى، ــ ئاللاتائالا ئۆزلىرىگە جەننەتنى رىزىۋانىنى ئاتا قىلار، ھاكىمبېگىم، ئۆمرىلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي. قوللىرىغا تېرىق ئالسىلا ئالتۇن، كۇل ئالسىلا كۇمۇش بولغاي، بۇ ياخشىلىقلىرىنى بۇ ئالەمدە ياندۇرالمىساق، ئۇ ئالەمدە ياندۇرارمىز...

ــ بولدى، ئۇنداق قىلمىسىلا، ــ دېدى مۇسا

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 425 ـ بەت

ھاكىمبەگ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — قېنى ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.

ئابدۇرۇسۇل مۇناقى دۇئاسىنى تۈگىتىپ يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تالاغا قاراپ ماڭدى. باشقىلارمۇ بۇ يەردىكىلەرگە تەئەززۇ بىلەن ئېگىلىپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. مۇسا ھاكىمبەگ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، باشقىلارغا قارىدى. بىراق، ئۇلار جىممىدە بولۇپ قالغان بولۇپ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بۇ ئىش تولىمۇ جايىدا ھەل بولدى، — دېدى ئورايىم بەگ ئۆيئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — تۇنۇگۇن مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قارچىغا ھاڭگىتنى ئالالمىسا قاراقىر بىزگە تەئەللۇق بولمايدىغان بولدى، قاراپ تۇرۇپ نۇرغۇن زىيان تارتىدىغان بولدۇق دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، كېيىن ئىش مەن ئويلىغاندەك بولماي قالدى. كېچىدىن خۇشاللىقىمدا كۆزۈمنى يۇمسام كىمنىڭ دەردى!

— بۇ ئىشتىن ھەممىمىز خۇشال، ئورايىم بېگىم، — دېدى شېرىن كۆلۈمسىرەپ، — مانا ئەمدى نۇرغۇن بىچارىلەر، يەرسىز يوقسۇزلار يەرگە ئىگە بولىدىغان بولدى. ھازىر بەگ مەھەللىسىدىمۇ، ئويتوغراق تەرەپتىمۇ نۇرغۇن يەرلەر ئېچىلدى. ھەممىدىن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى ھېلىم ھاجى، مەتنىياز باي ئاتا ـ بالا بىلەن تۇرسۇن باي ھاكىمبېگىمدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ئۆستەڭ ئېلىنىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ، يول بويى كۆمۈر چېچىپ مېڭىپ، تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئويتوغراققا باشلايدىغان ئۆستەڭنى

ئاخىر پۈتكۈزۈپ بولدى. ئاڭلىسام ئۆستەڭ چېپىش باشلانغاندىن كېيىن پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئەجىر - مېھنىتىدە ئاخىرى ئۆستەڭ پۈتۈپ، تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۈيى ئويتوغراققا يېتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى ھېلىم ھاجى، مەتنىياز باي، تۇرسۇن باي ۋە ئويتوغراقتىكى ئەھلى - ئۆلىمالار بىر تىلخەت پۈتۈپتۇ. تىلخەتتە ھەر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ئۆلچەم قىلىنىپ، سۇ بىر كېچە - كۈندۈز ھېلىم ھاجىغا، بىر كېچە - كۈندۈز تۇرسۇن باي ئاچقان يەرلەرگە، يەنە بىر كېچە - كۈندۈز ئۆستەڭ چاپقاندا ياردەم قولىنى سۇنغان بايلارغا، بىر كېچە - كۈندۈز ئۆستەڭ چېپىشقا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ يەرلىرىگە... ئاقىدىغان بوپتۇ[1]، بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم خۇشال بوپتۇ. مانا ئەمدى قاراقىرنىڭ ئىشىمۇ بىر ياقلىق بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئەل - ئاۋام خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولدى.

— شۇنى دېسىلە، دورغام، — دېدى ئورايىم بەگ، — ھاكىمبەگ ئاكام ئەمدى خۇشال بولسا بولىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ھۇرۇنلۇق قىلمىسىلا، قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي بولىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

مۇسا ھاكىمبەگ گەپ قىلمىدى. دەل شۇ چاغدا شېرىن «پىسىڭگىدە» كۈلدى - يۇ، تېزلا جىم بولۇپ قالدى.

— نېمە بولدى، دورغام؟ بۇگۈن ئەجەبمۇ غەلىتىلا بىر قىلىق قىلدىڭ - يا؟ — دەپ سورىدى مۇسا ھاكىمبەگ ھەيران بولۇپ.

---

[1] بۇ تىلخەت ئەسلىي ھېلىم ھاجىنىڭ ئوغلى مەتنىياز باينىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىسيانچىلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

— توساتتىنلا بىر ئىش يادىمدىن كىچىپ قالدى. ئۈچ - تۆت يىل ئاۋۋال بىر دېھقاننىڭ غەللە - پاراقنى تۆلىمەي، دورغىلار تەرىپىدىن تاياق يەۋېتىپ، ئۆزلەنى كۆرۈپلا: «ۋاي بېگىم، مېنىڭ بالام مەدرىسەدە ئوقۇيتتى» دەپ توۋلىغىنى يادىلىرىدا بارمىكىن!

مۇسا ھاكىمبەگ شۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك سەلگىنە تۈرۈۋالدى - دە، بېشىنى لىڭشىتقاچ سورىدى.

— بار. شۇ چاغدا ئۇنى قويۇۋېتىپ دورغىلارنى ساۋىغاندىم. ئەمدى يەنە نېمە ئىش بوپتۇ؟

— بەلكىم خەۋەرلىرىدە يوقمىكىن، شۇنىڭدىن كېيىن غەللە - پاراق، باج - سېلىق تۆلىيەلمەي، دورغىلارنىڭ، يۈزبېشى، ئاشىر كۆكبېشىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلار تاياقتا چىدىيالماي قالسىلا: «داد، مۇسا بېگىم، مېنىڭ بالام ئوقۇيتتى» دەپ ۋارقىرايدىكەن. بۇنى ئاڭلىغانلار تېزلا ھېلىقى گۇناھكارلارنى قويۇپ بېرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن ئورايىم بەگ قاقاھلاپ كۈلدى.

— بەللى - بەللى، ئەمدى ئۇلار مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمنى قورقۇتۇشنىڭ تازا بەلەن چارىسىنى تېپىۋاپتۇ - دە!

— ھەئە، لېكىن بۇنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ، ھاكىمبېگىم، پۇقرا دېگەن قويدەك ياۋاش، قاياقتا ھەيدىسە شۇ ياقتا ماڭىدۇ. يەنە تېخى شۇنچە قىرقىپ تۇرسىمۇ يەنە كۆكلەپ تۇرىدۇ.

— دېگىنىڭ ئورۇنلۇق، ئىشقىلىپ پۇقرالار نەپ كۆرسە، مەن شۇنىڭغا خۇشال... — مۇسا ھاكىمبەگ

سۆزلىگەچ تامامەن ئاقىرىپ بولاي دېگەن قويۇق ساقاللىرىنى قولىنىڭ ئاراچلىرى بىلەن تاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تونۇگۇن قاراقىر ئۆتىكىدىن قايتىپ چىقىپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم. ئەمدى ئۇ يەردە نۇرغۇن يەرلەر ئېچىلىدۇ. مەنمۇ يەرسىز، يېرى ئاز، نوپۇسى كۆپ، مال - چارۋىلىرى يوق پۇقرالارنى كۆچۈرۈشنى ئويلاۋاتىمەن. شۇڭا، يەر ئاچقۇدەك سايمىنى يوقلارغا سايمان، مال - چارۋىسى يوقلارغا مال - چارۋا، ئۇرۇقلۇق ئاشلىقى يوقلارغا ئۇرۇقلۇق ياردەم بەرسەكمىكىن!

— بۇ گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى، ئاكا، ئەگەر بۇ گەپلىرىنى ئەلگە جاكارلىسىلا، چوقۇم ئۇ يەرگە بېرىپ بوز يەر ئاچىدىغانلار كۆپىيىدۇ...

ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم پاراڭلاشتى. مۇسا ھاكىمبەگ نىمىشقىدۇر ئەسنەپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغالماقچى بولغاندەك مىدىرلاپ قويدى.

— كېچىچە خۇشاللىقىمدىن ئۇخلىيالماي تاڭنى ئاتقۇزغانىدىم. مانا ئەمدى ئۇگىدەك بېسىۋاتىدۇ، بىردەم ئارام ئالايلىمۇ؟!

— جىندەك تەخىر قىلسىلا، ئاكا، سىلىگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، — دېدى ئورايىم بەگ ئالدىراپ سۆزلەپ.

— قېنى دەڭ، قۇلىقىم سىزدە!

— يادىلىرىدا بارمىكىن، ئۆتكەن يىلى كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا چىقىپ كەلگۈم بار دەپ ئۆزلىرىدىن ئىجازەت سورىسام، كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن دەپلا گەپنى ئۇزۇۋەتكەن ئىدىلە. مەنمۇ «بەلكىم ھاكىمبەگ ئاكامنىڭ ئويلىغانلىرى بار ئوخشايدۇ» دەپ

ماقۇل دېگەنىدىم. بىراق، كېچىدىن مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم. ھازىر يۇرتىمىزدا تەرەپ ـ تەرەپتە يەرلەر ئېچىلىۋاتىدۇ. يەر دېگەنگە سۇ بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، بىر نەچچەيلەن بىللە تاغ تەرەپنى ئايلىنىپ كۆرۈپ كەلگەچ، كېرىيە دەرياسىغا كېلىدىغان سۇنىڭ بېشى قەيەردە؟ سۇنى يەنە كۆپەيتكىلى بولامدۇ، يوق دېگەنلەرنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەيمىكىن!

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورايىم بەگنىڭ چىرايىغا قارىدى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۆتكەن يىلى بۇ تەلپىڭىزگە قوشۇلمىغانىدىم. بۇ قېتىم يەنە ئېغىز ئېچىۋاتىسىز. يولىڭىزنى توسۇغىنىم ئەمەس، راست گەپنى دېسەم، تاغ ئارىسىنىڭ يوللىرى خەتەرلىك، ئويلىمىغان ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يۈز بېرىپ بولىدۇ. شۇڭا، سىزدىن ئەنسىرەپ...

— بۇ تەرىپىدىن ئەندىشە قىلمىسىلا، ئاكا، يا مەن ئىش كۆرمىگەن كىچىك بالا بولمىسام...

— يۇرت خەلقى ئۈچۈن تاغ تەرەپلەرگە چىقاي، سۇنى كۆپەيتكىلى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ھېلىم ھاجى بىلەن تۇرسۇن باي تۇمىيا دەرياسىنىڭ سۇيىنى ئويتوغراققا باشلاشنىڭ كويىغا چۈشكەن ۋاقىتلاردىلا مەن بۇ نىيىتىڭىزنى بىلىپ بولغان. قارىغاندا مەن بۇ سەپەردىن سىزنى توسۇيمەن دەپ توسۇپ بولالمىغۇدەكمەن. مەيلى، تاغ تەرەپكە سەپەر قىلسىڭىز قىلىپ بېقىڭ. لېكىن، سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، بۇ تەۋەككۈلچىلىك قىلىدىغان سەپەر ئەمەس. بىخەتەرلىكىڭىزگە چوقۇم دىققەت قىلىڭ. مەن كېيىنكى ئۆمرۈمنى ھەسرەتتە ئۆتكۈزمەي...

— خاتىرجەم بولسىلا، ئاكا... مەن چوقۇم گەپلىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن.

— ئۇ تەرەپلەرگە قاچانراق مېڭىشنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— بەك ئۇزاققا سوزۇۋەتمەيمىكىن! ئىلاج بار تاغ تەرەپتە سوغۇق چۈشۈپ بولغۇچە يېنىپ بولاي.

— ئوبدان ئويلاپسىز، ئەمىسە بۇ ئىش دېگىنىڭىزچە بولسۇن.

مۇشۇ مەسلىھەت بولۇپ ئارىدىن ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئورايىم بەگ ئىزامىدىن باخشى، مامۇت، بارات قارا، نەۋرۇز قاتارلىقلارنى باشلاپ تاغ تەرەپكە سەپەر قىلدى. شېرىنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، مۇسا ھاكىمبەگ ئۇنىمىدى.

— سەن ياشىنىپ قالدىڭ، شېرىن، ئەمدى ئارتۇقچە جاپا كۆتۈرگىچىلىكىڭ يوق. ئەڭ ياخشىسى سەن بارمىغىن.

شېرىن مۇسا ھاكىمبەگنىڭ گېپى بىلەن جىمىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سەپەرچىلەرگە ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى. ئارىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە نەۋرۇز قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇسا ھاكىمبەگنىڭ خاس خانىسىدا بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى:

— بىز ئىككى كۈندىلا پۈلۈ دېگەن يەرگە چىقىپ، تاغ يوللىرىغا پىششىق بەش نەپەر يەرلىك كىشىنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىپ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ، داۋاملىق ئالدىمىزغا مېڭىۋەردۇق. خەتەرلىك داۋانلاردىن، ئادەم قارىسىمۇ كۆڭلى ئاينىپ، قۇسۇپ سالىدىغان چېقىللاردىن مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆتۈپ، سۇ ئېقىنىنى

بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋەردۇق. كېرىيە دەرياسى تاغ تەرەپتە بىرنەچچە ئېقىننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىكەن. ئۇ ئېقىنلار ئاتامسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئاقستاي دەرياسى، كۇراپ دەرياسى، قاشتېشى دەرياسى... دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەمما، بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭراقى، سۈيى مولراقى لۇش دەرياسى بولغانلىقى ئۈچۈن بىز شۇ دەريانى بويلاپ سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بەزى كۈنلىرى بىر داۋاندىنمۇ ئاشالمايدىغان كۈنلىرىمىز بولدى. ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى يولنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئۈستىگە خەتەرلىك چوققىلار كۆپىيىپ، ئەمدى ئالدىمىزغا ماڭماي كەينىمىزگە يانايلى دېگۈچىلەرمۇ چىقتى. ئورايىم بېگىم بۇنى ئاڭلاپ: «داۋاملىق ئالدىمىزغا ماڭماي كەينىمىزگە يانايلى دېگۈچىلەرنى زورلىمايمەن. كەلگەن يولىمىز بىلەن كەينىڭلارغا يېنىپ پۇلۇ كەنتىدە بىزنى ساقلاپ تۇرساڭلارمۇ ياكى كېرىيەگە ئۇدۇللا كەتسەڭلارمۇ مەيلى. ئەگەر يولدىكى خەتەردىن قورقساڭلار مۇشۇ يەردە قېلىپ، بىزنىڭ قايتىپ كېلىشىمىزنى كۈتۈڭلار. بىز كېرىيە دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى كۆرۈپ بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن بىللە قايتىپ كېتىمىز» دېۋىدى، بۇ گەپنى قىلغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، يەنە بىز بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق، بىز خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن يەرلىك كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ يەرگىچە كەلگەنلىكىنى، بۇ تەرەپنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ تىبەت تەرەپكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەمدى يەنە مېڭىۋەرسەك جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ قويۇپ، تەۋەككۇل قىلمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمەلىيەتتىمۇ

بىز قاياققىلا قارىساق ئىگىز چىقىلىلىقلارنىڭ، قارلىرى يىل بويى ئېرىمەيدىغان ئاق باش چوققىلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قالغانىدۇق.

— ماڭايلى، — دېدى ئورايىم بەگ قەتئىي هالدا، — مۇشۇ يەرگە كەلگەن تۇرۇقلۇق قايتىپ كەتسەك، باشقىلار ئاڭلىسىمۇ زاڭلىق قىلىدۇ. كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى زادى قەيەردىن باشلىنىدۇ؟ شۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېتەيلى. ئېهتىيات قىلساقلا، باشقا كۈتۈلمىگەن ئىشلار هەرگىز يۈز بەرمەيدۇ.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلارمۇ كۆڭلىدىكى مەقسەتلىرىنى ئاشكارا قىلالماي، يەنە سەپەرگە ئاتلىنىشتى. شۇنداق قىلىپ، بىز تىبەتنىڭ چېگراسىدىن هالقىپ ئۆتتۇق، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن لۇش دەرياسىنىڭ سۈيى تاغ ئاستىدىن سىرغىپ چىقىدىغان يەرگە دۈچ كەلدۇق. ئەمما، سۇ سىرغىپ چىقىۋاتقان يەرنىڭ ئۈستى تەرىپى تىك قىيا بولغاچقا، ئۇ يەردىن ئۈستى تەرەپكە چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بىز ئامال قىلىپ تاغ ئۈستىگە چىقايلى، — دېدى ئورايىم بەگ، — سۇنىڭ تاغ ئۈستىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقانلىقىغا قارىغاندا، ئۈستى تەرەپتە بىرەر بۇلاق ياكى كۆل بار. شۇ يەرنى تاپالىساقلا، ئاندىن كېرىيە دەرياسىنىڭ قەيەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بىز ئورايىم بېگىمنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە باشلاپ مېڭىشى بىلەن تولىمۇ مۇشەققەتتە تاغ ئۈستىگە يامىشىشقا باشلىدۇق. راستىنى دېسەم، جېنىمىز بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. تەلىيىمىزگە يارىشا قول ـ پۇتلىرىمىز سۈرۈلۈپ قاناپ كەتكەن،

تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمىز زەخمىلەنگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا تاغ ئۈستىگە چىقتۇق. ئۇ يەرنىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرى يىل بويى ئېرىمەيدىغان قارلىق چوققا ۋە مۇز تاغلار بىلەن قاپلانغانىكەن. شىمال تەرىپىدە قىيپاش دۆڭ، جەنۇبىدا ئېگىز بىر چوققا چوقچىيىپ تۇرىدىكەن. ئوتتۇرىدا بىر كۆل بار ئىكەن بىز كۆل[1] نىڭ ئەتراپىنى خېلى ئۇزاق ئايلاندۇق. ئەمما، بەزى يەرلەرگە بېرىشقا مۇمكىن بولمىدى. بۇ كۆلدىكى سۇلار قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان تاغلاردىكى ئېرىندى سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولىدىكەن. كۆل ئۈستىدە غاز، ھاڭگىت، ئاق قۇ، ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ پەي تۈكلىرى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، خۇددى بىلىقچىلارنىڭ قېيىقلىرىدەك سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدىكەن. بەزى پەي - تۈكلەرنىڭ ئۈستىگە ئادەم چىقسىمۇ كۆتۈرىدىكەن.

— بۇ كۆلنىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكى ئېنىق، — دېدى ئورايىم بەگ بىز تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئەتىسى ئەتراپىنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — ئەمما بۇ سۇلار قەيەردىن ئاستى تەرەپكە سىرغىپ چۈشىدۇ. لۇش دەرياسىدىن باشقا

① بۇ كۆلنى 1971 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى بىلەن سابىق كېرىيە ناھىيەلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەكشۈرگەن. كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىكى ئېگىزلىكى 5400 — 5500 مېتىر بولۇپ، ئورنى شىمالىي پاراللېل، شەرقىي مېرىدىيان 18°15′ قا توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بىلەن بولغان ئارىلىقى 250 كىلومېتىر، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ تەخمىنەن 15 — 20 كىلومېتىر ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش كىلومېتىر.

دەريالارنىڭمۇ سۇ مەنبەسىمۇ، ئەمەسمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئىنقىلاپ باقساق بولاتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، خىيالىمىزغا كەلگىنىنى دېيىشىپ، بۇنى ئىنقىلاشنىڭ چارىسى ئۈستىدە خېلى كېڭەش ئېلىپ باردۇق.

— بۇنى ئىنقىلاشنىڭ پەقەتلا بىر ئامالى بار، ئورايىم بېگىم، — دېدى يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىرى، — پەسكە چۈشۈپ، ئىككى - ئۈچ تاغار ياغاچ كۆمۈرى تەييارلاپ، بۇ يەرگە ئاچىققاندىن كېيىن سۇ ئۈستىگە چېچىۋېتىپلا، پەستىكى ئېقىنلارنىڭ باش تەرەپلىرىگە بارساق، ئۇ يەرلەردە ياغاچ كۆمۈرى پەيدا بولسا، بۇ يەرنىڭ ھەممە ئېقىنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ياغاچ كۆمۈرى پەيدا بولمىسا، بۇ ئىشنى باشقىچىرەك ئۇسۇل تېپىپ ئېنىقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— توغرا، بۇ ئىش پەقەتلا ئېسىمگە كەلمەپتۇ، — دېدى ئورايىم بەگ پېشانىسىگە بوشلا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — ئەمىسە دەرھال پەسكە چۈشۈپ ياغاچ كۆمۈرى تەييارلايلى.

شۇنداق قىلىپ، بىز يەنە پەسكە چۈشتۇق. ئېگىز يەرگە چىقماقتىن چۈشمەك تەس ئىكەن، مۇسا بېگىم. ئۇ يەردە تارتقان مۇشەققەتلىرىمىزنى بەلكىم ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلالمايلا، ئىشقىلىپ جېنىمىز تېنىمىزدىن چىقىپ كەتمىدى، قالغان ئىشنىڭ ھەممىسى بولدى. بىز پەسكە چۈشۈپلا شۇ يەردە ئۆسىدىغان دەرەخ ۋە چاتقاللارنى يىغىپ، ئوت قالاپ، يېتەرلىك كۆمۈر تەييارلاپ، تاغ ئۈستىگە بىرنەچچە ئادەمنى چىقارتىپ، ئۇنى سۇغا قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىپ

يەرلىك كىشىلەر بىلەن تاغ ئىچىدىكى ئېقىنلارنىڭ پەيدا بولىدىغان يەرگە بېرىپ، تۆت ـ بەش كۈن ساقلىغان بولساقمۇ، بىرەر تال ياغاچ كۆمۈرنى بايقىمىدۇق.

ــ قارىغاندا بۇ ئۇسۇلىمىز مۇۋاپىق بولمىغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى ئورايىم بەگ ھەممىمىز يىغىلغان چاغدا، ــ ئەسلىي ياغاچ كۆمۈرى ئېقىنلارنىڭ باش تەرىپىدە پەيدا بولسا بولاتتى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. قارىغاندا باشقا ئامال تاپساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر يېمەكلىكلىرىمىزمۇ ئۆكسۈپ قالاي دەپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، نەۋرۇز بىلەن ئىككى ئادەم كېرىيەگە بېرىپ، مۇسا ھاكىمبېگىمنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزغاچ يېمەكلىك ئاچىقسۇن. قالغانلىرىمىز مۇشۇ يەردە قېلىپ ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

باشقىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. مەن ئورايىم بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەرلىك ئىككى كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەرگە كەلدىم، ھاكىمبېگىم!

مۇسا ھاكىمبەگ بىلەن شېرىن نەۋرۇزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خېلىغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ دەريانىڭ سۇ كېلىش مەنبەسىنى تاپقاندىن كېيىن، بىزنى ئەنسىرەتكىچە قايتىپ كەلگەن بولسا ئوبدان بولاتتى، ــ دېدى مۇسا ھاكىمبەگ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەكلا پەس ئاۋازدا، ــ ھەي، تازا بىر ئىش بوپتۇغۇ بۇ! ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟

بۇ گەپكە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. شېرىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك بېشىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ قويغاندىن كېيىن نەۋرۇزدىن سورىدى:

— سىلەر بىلەن بىللە چىققان يەرلىك كىشىلەرمۇ هېلىقى كۆلنى بىلمەمدىكەن؟

— بايا دېدىمغۇ، دورغام، يەرلىك كىشىلەرمۇ ئۇ تەرەپكە چىقىپ باقماپتىكەن.

— ئۇ كۆلنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بولسىمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتى؟

— يوقسۇ، ئۇلار بۇ ھەقتە ئېنىقراق بىرنەرسە دەپ بېرەلمىدى. بىز تاغ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ئورايىم بەگ كۆلنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈپ، بۇ كۆلنى «ئۇلۇغ كۆل» دەپ ئاتىساق بولغۇدەك دېدى. بىزمۇ «ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، بۇ كۆلنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغ كۆل دەپ ئاتايلى» دېيىشتۇق. مەن بۇ ياقتا ماڭار چېغىمدا پۇلۇدىكى يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ئۇقۇشۇپ كۆردۈم. يېشى يەتمىش — سەكسەندىن ئاشقان مويسىپىتلارمۇ ئۆزى بەھرىلىنىپ كېلىۋاتقان دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئاشۇنداق غايەت زور بىر كۆلنىڭ بارلىقىنى بىلىش تۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن.

— مۇنداق دە، بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ كاللامغا باشقىچە بىر خىيال كېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئورايىم بەگكە ئېيت، بۇ كۆلنى «ئۇلۇغ كۆل» دەپ ئاتىماي، «ئورايىم كۆل» دەپ ئاتىسۇن.

نەۋرۇزنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا يوغان ئېچىلدى ـ دە، ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بەللى دورغام، تولىمۇ ئوبدان گەپ قىلدىلا، بۇ كۆلنى ئەڭ دەسلەپ ئورايىم بېگىم بايقىغاندىكىن شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغىنىمىز تۈزۈك. مەن بۇ گەپنى بېگىمنىڭ ئۆزىگە ئېيتاي، يەنە تېخى ئۈچرىغانلا كىشىگە بۇ كۆل ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، دەريانىڭ باش

تەرسپىدە تۆت ئەتراپى قورام تاش، چىقىملار بىلەن ئورالغان، قار - مۇزلىرى يىل بويى ئېرىمەيدىغان «ئورايىم كۆل» دەيدىغان بىر كۆلنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بېرەي!...

— شۇنداق قىل، بۇنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلگىنى ياخشى...

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ پاراڭلارغا ئارىلاشماي ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سەن ئورايىم بەگدىن ئايرىلغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

— بۈگۈن ئونىنچى كۈنى، ھاكىمبېگىم.

— ئەمىسە تەييارلىقىڭنى قىلىپ ئەتىلا يولغا چىق. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئۆكسۈپ قالسا بولمايدۇ. مەن باياتىن بىرى كۆپ ئويلاندىم، لېكىن ياخشىراق بىرەر ئامال تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ كۆلدىكى سۇلارنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بەكلا بىلگىسى بولسا، سەن تاغقا چىققاندىن كېيىن تاغدىكى ئالىمدىن تۆت - بەش تاغارغا قاچىلاپ ئالغاچ چىق. مۇشۇ كۈنلەردە تاغدا ئالما كۆپ، ئەگەر ئالمىلارنى ئۇلۇغ كۆلگە قويۇپ بېرىپ، بىرەر نەتىجە چىقمىسا قايتىپ كېلىڭلار. كېلەر يىلى ئالەم ئىسسىقتا باشلىغاندا ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ، ئۇلۇغ كۆل تەرەپكە قايتا چىقارسىلەر.

— ئەمدى ئۇلۇغ كۆل دەۋەرمەي، ئورايىم كۆل دېسىلە، ھاكىمبېگىم، — دېدى شېرىن كۈلۈپ، — يالغان گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا راستقا ئايلانغاندەك، ئورايىم بېگىم تۇنجى قېتىم بايقىغان بۇ كۆلنىڭ نامىنى مۇشۇنداق ئاتاۋەرسەك ھەممە ئادەم شۇنداق ئاتايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

— ماقۇل، شۇنداق قىلاي، ئەمدى ئۇلۇغ كۆل دېمەي، ئورايىم كۆل دەپ ئاتاي... — مۇسا ھاكىمبەگ سۆزلىگەچ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، نەۋرۇز تەرەپكە بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن ھازىر ئۆيۈڭگە قايتىپ ئارام ئېلىۋال، مەن نىياز قاراقاشقا تاپىلاپ قويالاي، ئۇ سەپەر تەييارلىقىڭنى تەييارلىسۇن. ئەتىلا يولغا چىقىپ بەك ئۇزاققا قالمايلا قايتىپ كېلىڭلار. بولمىسا ھاۋا سوغۇق، قار يېغىپ كەتسە تېخىمۇ قىيىنلىشىپ قالىسىلەر.

— ماقۇل ھاكىمبېگىم، دېگەنلىرى بويىچە قىلاي!...

نەۋرۇز ئەتىسىلا بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى ـ دە، ئارىدىن يىگىرمە ئىككى كۈنلەر ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى. مۇسا ھاكىمبەگ ياداپلا كەتكەن، يۈزلىرىنى تاغنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرى ئېتىلدۇرۇپ باشقىچە قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغان ئىنىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— يولدا بەكلا جاپا تارتتىڭىز، ئىنىم، بۇ خەيرلىك ئىشىڭىزنى ئاۋام مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاكا، بىز ئاخىرى سىلى دېگەندەك ئالىملارنى كۆلگە تۆكۈۋېتىپ، ھەرقايسى ئېقىنلارنىڭ بويىدا تۇرۇپ، سۇدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ كېلىۋاتقان ئالىملارنى كۆردۇق. بىز كۆرگەن ئاشۇ چوڭ كۆل ئەسلىدە كېرىيەدىكى ھەممە ئېقىنلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىكەن! ئاق باش چوققىلاردىن، مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن تامچە ـ تامچە سۇلار ئۇلۇغ كۆلگە يىغىلىپ، ئاندىن ھەرقايسى ئېقىنلارغا سىرغىپ چۈشىدىكەن!... — ئورايىم بەگ ھاياجانلانغانلىقىدىن سۆزلىيەلمەي قالدى، — ئەپسۇس، ئۇ كۆل قورام تاش، تىك قىيالارنىڭ

ئۈستىگە جايلاشقىنى ئۈچۈن سۈنى ھازىرقىدىن كۆپەيتىش مۇمكىن ئەمەسكەن!

— بولدى، ئىنىم، مەن نەۋرۈزدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. ھەممىڭلار بۇ قېتىم جاپانى بولۇشچە تارتىپسىلەر. ئەمما، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەي، سۇنىڭ چۈشۈش ئېغىزىنى بايقاپسىلەر. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ غەلىبە. سۇنىڭ ھازىرقىدەك كېلىشىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. ئاشۇ ئورايىم كۆلدىكى سۇلارنىڭ بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن يىغىلىپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆل ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈپ، تارام ـ تاراملارغا بۆلۈنۈپ ئاقسىمۇ، كېيىن يەنە بىر ئۇلۇغ ئېقىننى ھاسىل قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئېقىپ تۇرۇشىنى مۆجىزە دېمەي بولمايدۇ، قەدىرلىك ئىنىم. ئەگەر بىز كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۇلغايتىمىز دەپ، باشقىچە ئامال قوللانساق، كېيىن ئويلىمىغان بىرەر ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا ئۇ چاغدا ھەرقانچە پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەي، بەلكى خۇشال تۇتۇڭ، قېنى، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ ھاردۇق ئېشى ئىچىڭلار، قالغان گەپنى ئالدىرىماي دېيىشسەكمۇ بولىدۇ.

ئورايىم بەگنىڭ ئاشۇ قېتىملىق سەپىرىدىن كېيىن كىشىلەر كېرىيە دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى كۆلدىن خەۋەردار بولۇشتى ـ دە، قەلبلىرىگە ئورايىم كۆل دېگەن ئىسمىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتتى.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، خۇددى كېرىيە دەرياسىنىڭ شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتقىنىچە ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇلىرىدەك ئۆتۈۋەردى. كېيىنكى يىلى

ئويتوغراق تەرەپكە شېرىن بىلەن بىللە بارغان مۇسا هاكىمبەگ بۇ يەردىكى توغراقلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قايناپلا كەتتى.

ــ مانا قارا، ئاۋۇ تەرەپتە كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق بار. شۇ قۇملۇقلارنى مۇشۇ توغراقلىق توسۇپ تۇرمىغان بولسا، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئاللىقاچان يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە توغراقلارنى قالايمىقان كېسىپ ۋەيران قىلسا بولامدۇ؟ ئالدىنقى يىللاردا توغراق كەسكەن ئادەمدىن ئۈچ ـ تۆتنى ھەپسىگە ئالغىنىمىنىڭمۇ ئۈنۈمى بولماپتۇ. ئەمدى بۇ يەرگە بىرەر ئادەمنى قويۇپ، بۇ توغراقلىقتىن خەۋەر ئېلىشنى تاپشۇرسام بولغۇدەك. قېنى دېگىنە، بۇ يەرگە كىمنى قويساق بولار؟

ــ مېنى... ــ شېرىن تېزلا جاۋاب بەردى.

ــ نېمە دېدىڭ، سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئورمان باقاي دەۋاتامسەن؟ ــ دەپ سورىدى مۇسا هاكىمبەگ ھەيران بولغاندەك.

ــ ھەئە، مۇسا بېگىم، مەن ئۆزلەگە نەچچە قېتىم ياشنىپ قالغانلىقىمنى، پۇت ـ قولۇمدا بۇرۇنقىدەك ماغدۇر بولمىغاچقا، بىر ئىشلارنى ئارمان قىلساممۇ دەرمانىم يەتمەيدىغانلىقىنى، دورغىلىقنى بۇرۇنقىدەك ئىشلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئارامخۇدا ياشاش ئارزۇيۇم بارلىقىنى دېگەنىدىم. ئۆزلە شۇ چاغدا: «كېيىن يېنىمىزگە كېلىپ، جاپاسى يوقراق ئىشلار چىقىپ قالسا، شۇنىڭغا مىرەككەل بولۇپ كۈن ئۆتكۈزەرسەن» دېگەن ئىدىلە، هاكىمبېگىم، بۇ ئىش ئۆزلەنىڭ كۆڭلىدىكىدەك، ماڭا ماس كەلگۈدەك ئىش ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىممۇ چوڭيىپ

ئۆيلەيدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. ئۇلار بىلەن بىللە بۇ توغراقلىقتا قارىغاچ، ئاز ـ تولا يەپ ـ ئىچىپ كېيىنكى روزىغارى ئۈچۈن مىدىرلىمىسام بولماسمىكىن!

مۇسا هاكىمبەگ شېرىنىنىڭ بۇرۇن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقاندا، كەسكىنلا رەت قىلىشۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دورەم ئويلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ باللىرى چوڭىيىپ قالغانىدى. ئۇلارنى ئۆيلەپ، تالالىق قىلىدىغان ئىشلارغا خېلى ۋەج ـ خىراجەت كېتەتتى. شۇ چاغدا مۇسا هاكىمبەگ ئۇنىڭغا ھال مەھەللىدىكى يېرىدىن بۆلۈپ بېرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، شېرىن تولىمۇ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلغانىدى. مانا ئەمدى... مۇسا هاكىمبەگ خېلى ئۇزاق ئويلاندى ـ دە، شېرىنىنىڭ ياشانغان بەستىگە، قېرىلىق يەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئوزايىغا قاراپ ماقۇللۇق بىلدۈرگىنىنى سەزمەيلا قالدى.

ــ ماقۇل، دېگىنىڭچە بولسۇن.

ــ رەھمەت، ھەشقاللا، هاكىمبېگىم!...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن شېرىن ئويتوغراقتىكى بۇ قويۇق توغراقلىقنىڭ قاراۋۇلىغا ئايلاندى. ئۇ باللىرى بىلەن بۇ يەرگە ئۆي سېلىپ، بىنەم ئاچتى. لېكىن، قوشيۇلغۇندىكى ئورايىم بەگ بەرگەن ئۆينى تاشلىۋەتمىدى. ئۇ كېرىيەدىكى ئۆيىگە، قىيىنئانىسىنىڭكىگە، خوتۇنىنىڭ هاجى ئاكىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا مۇسا هاكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىشنى ئۇنتۇمايتتى. مۇسا هاكىمبەگمۇ زېرىكىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپ سورۇنلىرى بولغاندا ئاتايىن ئويتوغراققا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چىللاپ ئەكەلدۈرەتتى ـ دە، شېرىنىنىڭ قىزىق

گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ، يېنىدا بىرنەچچە كۈن ھەمراھ قىلغاندىن كېيىن يولغا سېلىپ قوياتتى.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە ئىدى. مۇسا ھاكىمبەگ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەكلا ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە بېرىپ كېلىشنى نىيەت قىلىپ ھويلىغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا نەۋرۇز ئېگىز، گىرويغىنا كەلگەن بىر كىشىنى باشلاپ كىردى.

— ئۆزلىرىنى شەنبەزارنىڭ قاتىياقتىكى بەكرى باي ئەتە ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپكە چىللىغان ئىدى، ھاكىمبېگىم، — دېدى ئۇ كىشى سالام - سەھەتتىن كېيىن، — ئۇ يەنە ئۆزلىرىنى كەچتە قوناق مېھمان بولۇپ بەرسە دېگەنىدى.

مۇسا ھاكىمبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ماقۇل، بەكرى باينىڭ كۆڭلى تېگىل بولدى، ئۇنىڭغا دەپ قويسىلا، ئەتە كەچتە چوقۇم بارىمەن.

— ئەمىسە ئەتە كەچتە يوللىرىغا قارايلى، ھاكىمبېگىم...

ھېلىقى كىشى خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇسا ھاكىمبەگ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نەۋرۇزدىن سورىدى:

— شېرىننى چاقىرىپ كەلگىلى ئادەم بۇيرۇساق، كەچكىچە كېلىپ بولارمۇ؟ بۇنداق سورۇندا شېرىن ھەم ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى بولمىسا، تۇز قۇيمىغان پولۇنى يېگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىكەنمەن. شۇڭا، بىرەر كىمنى ئاتلىق ئويتوغراققا ماڭدۇرساقمىكىن!

— شېرىن دورغام قىيىنئانىسىنىڭكىدە ئوخشايدۇ، ھاكىمبېگىم، — دېدى نەۋرۇز تېزلا، — باياتىن يولدا

سەيدى ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. پاراڭ ئارىلىقىدا «شىرىن دورغام يېقىندىن بىرى ھېچ كۆرۈنمەيلا كەتتىغۇ؟ بۇ تەرەپلەرگىمۇ ئۆتمىگەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «باللاردىن ئاڭلىسام ئاخشام ئانامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئوخشايدۇ، مەنمۇ تېخى كۆرۈشكىنىدەك بولمىدىم...» دەپ جاۋاب بېرىۋىدى. ئۇنداق بولسا، مەن ئاقيار كۆل تەرەپكە بېرىپ كېلەيمىكىن!

— تېزرەك بول ئەمىسە، مەن سىلەرنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي.

— ماقۇل، بېگىم... — نەۋرۇز سۆزلىگەچ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ئالاھازەل بىر ەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، ھويلىغا يالغۇز كىرىپ كەلدى. مۇسا ھاكىمبەگ نەۋرۇزنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەندەك سورىدى:

— شىرىن قېنى؟ ئۇ قېينىئانىسىنىڭكىگە كەلمەپتۇما؟

— ئۇنداق ئەمەس، ھاكىمبېگىم، شىرىن دورغام ھازىرمۇ قېينىئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سىلىنىڭ ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى، ئىككىلىرىنىڭ قاتىياقتىكى بەكرى باينىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتسام، شىرىن دورغام بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن: «مۇسا بېگىم چاي دەيدۇ، ئەزرائىل جان دەيدۇ. ناۋادا ئەزرائىل جان ئالمىسا، ئەتە ئەتىگەنچە قاتىياققا يېتىپ بارارمەن» دېۋىدى، يېنىپ كەلدىم.

— بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنىدۇ؟! — مۇسا ھاكىمبەگ ھەيران بولغاندەك سورىدى، — غەلىتىلا بىر گەپنى قىپتۇغۇ بۇ شىرىن!

— مەنمۇ دەسلەپ سىلىدەكلا دەرگۇمان بولدۇم، ھاكىمبېگىم، لېكىن دورغامنىڭ ھەرقانداق ئىشقا مۇشۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىدىغانلىقى يادىمغا كېلىپ، چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم.

— بولمىسىغۇ شېرىندە باشقا ئۆزگىرىش يوقتۇ؟

— ياق، مەنمۇ چىرايىغا زەن سالدىم، تېتىكلا تۇرىدۇ. ئۆزىمۇ ھويلىدا قېيىنئانىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، ئىشقىلىپ ئەتە بەكرى باينىڭ ئۆيىدە كۆرۈشەرمىز... — مۇسا ھاكىمبەگ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ جىمىپ قالدى - دە، يۈرىكى ئۆرۈلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى، — بۈگۈنچە مەھكىمىگە بارماي، چۈشتىن كېيىنلا قاتىياققا قاراپ يولغا چىقايلى.

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم، مەن مەپىنى تەييار قىلاي.

— ياق، مەپە بىلەن ئەمەس، ئاتلىق بارايلى.

— ئۆزلىرى دېگەندەكلا قىلاي ئەمىسە...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇسا ھاكىمبەگ نەۋرۇز بىلەن قاتىياققا قاراپ يولغا چىقتى - دە، بەكرى بايغا قوناق مېھمان بولدى. بىراق، ئەتىسى بامدات نامىزىنى تۈگىتىپ ناشتىغا ئولتۇرغاندا، چىرايى مۇردىدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرغان نىياز قاراقاشنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— مەلۇم بولغاي، ھاكىمبېگىم... شېرىن... شېرىن... — نىياز قاراقاش بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— شېرىنگە نېمە بوپتۇ؟ — مۇسا ھاكىمبەگنىڭ يۈرىكى «قارت»لا قىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ سورىدى.

— شېرىن... شېرىن... ئۇ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ...

— ھە!... — مۇسا ھاكىمبەگ ئارقىسىغا «تىرىڭڭىدە» ئۈچۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك، پۇت - قوللىرىنىڭ ماغدۇرى قاچقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، — بۇ... بۇ... راستمۇ؟

— راست، ھاكىمبېگىم، ئۇنىڭ مېيىتى ھازىرمۇ قېيىنئانىسىنىڭكىدە.

مۇسا ھاكىمبەگ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، تالاغا قاراپ قويۇندەك ماڭدى.

— مېڭىڭلار، ئاشۇ ئۆيگە بارايلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتايىن مەشرەپكە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ ئورنىدىن قوزغىلىشتى - دە، ئاللىقاچان ئېتىغا مىنىپ بولغان مۇسا ھاكىمبەگنى كۆرۈپ، ئۆز ئاتلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

مۇسا ھاكىمبەگ ئاقيار كۆلدىكى سەيدى ھاجىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بۇ يەردىكى ھازىدارلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. شۇنىڭغىچە باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، مۇسا بېگىم، قازاغا رىزا بولماي بەندىدە ئامال يوق، شېرىن ئوبدان ئادەم ئىدى، كۆز تەگكەندەكلا...

مۇسا ھاكىمبەگ خېلى ئۇزاقتا يىغىسىنى توختاتتى - دە، يېنىدىلا تۇرغان سەيدى ھاجىدىن سورىدى:

— شېرىن كۆز يۇمغاندا سىلى يېنىدا بارمىدىلە؟

— ھەئە، ھاكىمبېگىم، مەن بار ئىدىم.

— مەرھۇم بىرەر ۋەسىيەت قالدۇرغانمۇ؟

— ئۇ مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مېيىتىمنى بۇغراقۇم مازىرىغا دەپنە قىلىڭلار دېگەن گەپنى ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان.

— مېيىت نامىزىنى قەيەردە چۈشۈرەيلى دېيىشىۋاتىسىلەر؟

— بۇغراقۇم مازىرىغا ئاپىرىپ شۇ يەردە ئوقۇساقمىكىن!

— ياق، شېرىنىنىڭ مېيىت نامىزىنى ئاۋۋال ھېيتگاھ جامەسىدە پېشىن نامىزىغا ئۇلگۇرۇتۇپ چۈشۈرەيلى، ئاندىن ئويتوغراققا يۆتكەيلى.

— دېگەنلىرىچە بولسۇن، ھاكىمبېگىم...— دېدى سەيدى ھاجى تېزلا ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ،— سىلى نېمە دېسىلە شۇ...

— قېنى سەن، نىياز قاراقاش؟...— مۇسا ھاكىمبەگ ئەتراپىغا قاراپ نىياز قاراقاشنى ئىزدىدى.

— مانا مەن، ھاكىمبېگىم...

— سەن تېزدىن شېرىنىنىڭ نەزىر ئېشى ئۈچۈن يىگىرمە چارەك گۈرۈچ، بىر توپاقنى ئويتوغراق تەرەپكە ماڭدۇرۇۋەت. ئەسلىي ئۇنى مۇشۇ يەردىكى مازارلارنىڭ بىرىگە دەپنە قىلساقمۇ بولاتتى. بىراق، مەرھۇمنىڭ ئويلىغىنى، ئارزۇسى شۇ بولغاندىكىن دېگىنىنى بويىچە قىلايلى. مەنمۇ ئويتوغراققا بېرىپ يەتتە نەزىردىن كېيىن قايتىپ كېلەي، ياخشىراق تەييارلىق قىلغىن!

— ماقۇل، ھاكىمبېگىم...

شۇ كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن شېرىن دورغىنىڭ مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلدى. مېيىت جىنازا بىلەنلا مۇسا

ھاكىمبەگنىڭ مەيسىگە ئېلىنىپ ئويتوغراق تەرەپكە ئېلىپ مېڭىلغاندا، نامازغا كەلگەنلەر ئۆيلىرىگە ئەمەس، ئويتوغراق تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاقتى. مۇسا ھاكىمبەگمۇ مەيىسىدىكى جىنازىغا يات ـ يات قاراپ قويغاچ روھسىز ھالدا ماڭماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا نەۋرۇز ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى.

ـــ ئاتقا مىنىۋالسىلا، ھاكىمبېگىم، بولمىسا بىردەمدىلا ھېرىپ قالىلا...

ـــ بولدى، مەن پىيادە ماڭاي، شېرىنگە بىردەم بولسىمۇ ھەمراھ بولاي!...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نەۋرۇزمۇ، باشقا جامائەتلەرمۇ بەگكە قاراپ قويۇشتى ـ دە، گەپ قىلمىدى. مۇسا ھاكىمبەگ بولسا كۆزلىرىدىن دەممۇدەم سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ماڭماقتا ئىدى...

# خاتىمە

شېرىن دورغا ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بېشىدا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان، تاتلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ - ئاڭلاپ قانمايدىغان دىلكەش، ساددا ئاۋامنى، قەدىر - قىممىتىنى قىلىپ قەدىمي يۇرت كېرىيەدە ئېلىپ قالغان مۇسا ھاكىمبەگنى ھەسرەتتە قويۇپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن مېيىتى ئويتوغراقتىكى بۇغراقۇم مازىرىغا دەپنە قىلىندى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قۇربانىياز ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر مەزگىل مۇسا ھاكىمبەگكە دورغا بولدى. ئىككىنچى ئوغلى ئىمىن شېرىن دورغىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دادىسى دەپنە قىلىنغان بۇغراقۇم مازىرىنىڭ شەيخى بولۇپ، بۇ مازارنىڭ ئون نەچچە مودىن كۆپرەك ۋەخپە يېرىگە ئىگىدارچىلىق قىلدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ شەيخ دېگەن نامى شېرىن دورغىنىڭ ئوغۇل تەرەپ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت نامى (فامىلىسى) بولۇپ قالدى ھەم ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. قىزى خەلچەمخاننىڭ ئەۋلادلىرى شېرىن دەپ ئاتىلىپ، بۇ نام شېرىن دورغىنىڭ قىز تەرەپ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت نامىغا ئايلىنىپ، تا ھازىرقى كۈنلەرگە قەدەر شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىمىن شەيخنىڭ مەترېھىم شەيخ، پولات شەيخ،

مەمتىلى شەيخ، مەتقۇربان شەيخ، مۇھەممەت شەيخ، نىياز شەيخ قاتارلىق ئالتە ئوغلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەتقۇربان شەيخ ئازادلىقتىن كېيىن كېرىيە ناھىيەلىك دىنىي بىرلىكسەپ ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ، دەۋا ـ دەستۇر سوراشتىكى ماھىرلىقى، جامائەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتىكى ئادىللىقى بىلەن جامائەتنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. پولات شەيخ بىلەن مەمتىلى شەيخمۇ شۇ دەۋرنىڭ تەڭداشسىز پالۋانلىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى دەريا بويى يېزىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە، قارىخان ئەمگەك ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ھاللىق خوجىلارنىڭ ماللىرىغا ئۆز ماللىرىنى قوشۇپ بېقىۋاتقاندا، ئېتىنى يەۋەتكەن بىر يولۋاسنى بايقاپ قالغان بولۇپ، پولات شەيخنىڭ باتۇرلۇق كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يولۋاسنى پەم ـ پاراسەت بىلەن ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتىكى كېرىيە ئامبىلى① ئۇلارغا بىر مىلتىق مۇكاپات بەرگەن. ھاللىق خوجىلار ئۇلارغا تون ياپقان. بۇ تون ھازىرمۇ شېرىن دورغىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاۋۇت شەيخنىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. يولۋاسنىڭ يۇرىكىنى شۇ ۋاقىتتىكى كېرىيەنىڭ بېگى يۇسۇپ بەگ شاما دېگەن كىشى يەۋالغان. يولۋاسنىڭ تاش بۆرىكى شېرىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ھاشىم پولات دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ساقلانماقتا. شېرىن دورغىنىڭ ھازىر ئويتوغراق بوستانلىقىدىكى ئەۋلادلىرى «شەيخ» ۋە «شېرىن» دېگەن

① 1884 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 8 ـ يىلى) كېرىيەدىكى ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ھاكىملىق تۈزۈم بېكىتىلگەن ھەمدە ئامبال قويۇلغان.

جەمەت نامىدا ئاتىلىپ، بۇ بوستانلىقنىڭ غوللۇق ئاھالىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە.

مەن بۇ يىرىك يازمىنى يېزىشتا ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «قاراقۇرۇم تەبىئىي سۇ ئامبىرى — ئىبراھىم كۆل» («كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 ـ قىسىم، 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى) ۋە «مۇسا ھاكىمبەگدىن قالغان ھېكايىلەر» («كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 ـ قىسىم، 2010 ـ يىلى 1 ـ نەشرى)، ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن «شېرىن دورغا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى نەسەبى ھەققىدە ئىزدىنىش» («يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان) ھەم «كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» (كېرىيە ناھىيەلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تۈزۈپ باستۇرغان، (1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى)، ئايشەم ئەخمەتھاجى قامىلىنىڭ «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» ناملىق رومانى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، 1 ـ نەشرى) قاتارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلاندىم. بولۇپمۇ تونۇلغان مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ خالىس ياردىمىگە كۆپ ئېرىشتىم. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بۇ ئۇستاز تەتقىقاتچىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما، شېرىن دورغا ۋە ئۇنىڭ قىزىق چاقچاق، لەتىپىلىرى دەۋر چاقىنىڭ ئايلىنىۋېرىشى، يازما تارىختا ۋە ئائىلە نەسەبنامىسىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان خەلقىمىزنىڭ ئېغىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، زامان دەرياسىنىڭ لاتقىلىرىغا ئۈن ـ تىنسىز چۆكۈپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە خېلىلا قىينالدىم. شۇڭا، بەزى

نۇقتىلار ۋە ئۇچۇرلاردا سەۋەنلىكلەر كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇستازلارنىڭ ھەم بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەنكى، بۇ قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك يۇرت كېرىيەدە زامان ـ زامانلاردىن بېرى شۇنچە كۆپ ھۆكۈمدارلار، بەگ، ئامبال، ھاكىملار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نامىشەرىپى، ئىش ـ ئەمەللىرى خۇددى قۇمغا سىڭغان رەسىمدەكلا ئۆچۈپ كەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ سىيىق نامى، نەپرەتلىك خاتىرىلىرى قالدى. كۆپ قىسمى ھاياتلىقنىڭ كېلىپ ـ كېتەر مېھمانلىرىدەك نام ـ نىشانسىز ئۇنتۇلدى. ئەمما، مۇسا ھاكىمبەگ ۋە شېرىن دورغىدىن قالغان ھېكايەتلەر زامانلارنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۆچۈپ كەتمەي بىزگىچە يېتىپ كەلدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ يېتىپ بارىدۇ!...

图书在版编目（CIP）数据

丁乡西林传：维吾尔文/麦提图尔荪·奥布力卡斯木著. -乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.3
ISBN 978-7-5515-3114-6

Ⅰ. ①丁… Ⅱ. ①麦… Ⅲ. ①长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2013）第 014077 号

责任编辑：卡丽拜努尔·卡德尔·阿尔斯朗
责任校对：再力帕·吾斯曼
封面设计：阿里甫·夏

丁乡西林传（维吾尔文）
（长篇小说）
麦提图尔荪·奥布力卡斯木　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
乌鲁木齐大路印务有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　21.375印张
2014年6月第1版　2014年6月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN 978-7-5515-3114-6　定价：59.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

# شىرىن دورغا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-3114-6

باھاسى: 59.00 يۈەن